پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئومۇمىي
پەن دەرسلىكى ئالىي مائارىپ نەشر نۇسخىسى

# پسىخولوگىيە



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئومۇمىي پەن
دەرسلىكى ئالىي مائارىپ نەشر نۇسخىسى

# پسىخولوگىيە


مەملىكەتلىك پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئىجتىمائىي پەن
دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش ھەيئىتى گۇرۇپپىسى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەي شياۋيۈ

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچىلەر: جاڭ لىيەن، ۋاڭ چىڭفاڭ
چېن دىڭتاڭ، چېن باۋپىڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار:
ئەركىن مەھەممەت
ئابدۇللا ئەيسا
تىلىۋالدى ئەيسا
مەسەيدى مەتسىدىق
ئوبۇلقاسىم روزى
مەھەممەت ئابدۇللا ھاجى
ئابدۇرېھىم زۇنۇن



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابدۇرېشىت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان مۇھەممەت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئومۇمىي پەن دەرسلىكى
# پسىخولوگىيە

باش تۈزگۈچى: سەي شياۋيۆ
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىن مەھەممەت، ئابدۇللا ئەيسا،
تىلىۋالدى ئەيسا، مەسەيدى مەتسىدىق،
ئوبۇلقاسىم روزى، مەھەممەت ئابدۇللا ھاجى،
ئابدۇرېھىم زۇنۇن

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئۈمىد» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 116×850، 1/32، باسما تاۋىقى: 18.75
2001 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—2060

---

ISBN 7 — 5631 — 1427 — 0/G · 822
باھاسى: 29.80 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاب مەملىكەتلىك پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى پسىخولوگىيە ئومۇمىي پەن دەرسلىكى. بۇ ئەڭ يېڭى كىتاب پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقوتۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق تىل ئارقىلىق پسىخولوگىيىگە ئائىت نەزەرىيە مەسىلىلىرى، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ھەرىكىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان پسىخولوگىيە بىلىملىرى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان. ھەربىر بابنىڭ بېشىغا ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى بېرىلىپ، مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا كۆرسىتىلگەن.

بۇ كىتاب دەرسلىك قىلىنغاندىن باشقا، پسىخولوگلار ۋە پسىخولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغىمۇ باب كېلىدۇ، مائارىپ مىنىستىرلىكى پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپ (مەخسۇس كۇرس) لىرىنىڭ ئومۇمىي پەن دەرسلىكى قىلىپ بېكىتىپ، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلىپ بىر تۇتاش تارقاتقان بۇ كىتابنى خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ماركسىزم ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈملىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، ئىككى ئالىي مەكتەپنىڭ ماركسىزم ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بۆلۈمىدىن: ئەركىن مەھەممەت (دوتسېنت)، ئابدۇللا ئەيسا (لېكتور)، تېلىۋالدى ئەيسا (لېكتور)، مەتسەيدى مەتسىدىق (لېكتور)، ئوبۇلقاسىم روزى (دوتسېنت)، مەھەممەت ئابدۇللا ھاجى (ئاسسىسېنت)، ئابدۇرېھىم زۇنۇن (دوتسېنت) قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار تەرجىمە قىلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئابدىرىشىت تەكشۈرۈپ بېكىتتى. كەسىپداشلار ۋە كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى قارشى ئالىمىز.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ...... 1

**بىرىنچى باب مۇقەددىمە** ...... 1

§1 . پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ...... 2

1 . ئادەم پسىخىكىسى ...... 3

2 . ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ...... 10

§2 . پسىخىكىنىڭ ماھىيىتى ...... 15

1 . پسىخىكا مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى ...... 15

2 . پسىخىكا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ...... 27

§3 . پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ...... 34

1 . پسىخولوگىيىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىن- سىپلىرى ...... 35

2 . پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي ئۆزگىرىشچان مىقدارلار ...... 37

3 . پسىخولوگىيىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي جەريانلىرى ... 41

4 . پسىخولوگىيىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى ... 45

§4 . پسىخولوگىيە ۋە تەلىم-تەربىيە ...... 51

1 . پسىخىكا بىلەن تەلىم-تەربىيىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ...... 51

2 . پسىخولوگىيىنىڭ تەلىم-تەربىيىدىكى رولى ...... 58

3 . پسىخولوگىيىنىڭ تەلىم-تەربىيىدە قوللىنىدىغان تارماقلىرى ...... 63

**ئىككىنچى باب پسىخىك جەريان** ...... 66

§1 . بىلىش جەريانى ...... 67

1 . سەزگۈ ۋە ئىدراك ...... 67

2 . خاتىرە ...... 79

3 . تەپەككۇر ...... 95

4. خىيال ........................ 107
§ 2. كەيپىيات ۋە ھېسسىيات جەريانى ........................ 111
1. كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........................ 111
2. كەيپىيات ۋە ھېسسىيات تۈيغۇسى ........................ 117
3. كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ تۈرلىرى ........................ 118
4. ئوڭۇشسىزلىق ........................ 123
§ 3. ئىرادە جەريانى ........................ 130
1. ئىرادە ھەققىدە بايان ........................ 130
2. ئىرادىنىڭ جەريانى ........................ 133
3. ئىرادە پەزىلىتى ........................ 136
**ئۈچىنچى باب پسىخىك ھالەت** ........................ 139
§ 1. پسىخىك ھالەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........................ 140
1. پسىخىك ھالەت ئۇقۇمى ........................ 140
2. پسىخىك ھالەت ۋە مېڭىنىڭ جانلىنىشى ........................ 142
3. پسىخىك ھالەت ۋە ئۆز-ئۆزىنى ھېس قىلىش ........................ 145
§ 2. دىققەت ........................ 146
1. دىققەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........................ 147
2. دىققەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ........................ 152
3. دىققەتنىڭ پسىخىك مېخانىزمى ........................ 157
4. دىققەت ۋە ئۆگىنىش ........................ 160
**تۆتىنچى باب خاسلىق پسىخىكا** ........................ 164
§ 1. خاسلىق پسىخىكا ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........................ 165
1. خاسلىق ئۇقۇمى ........................ 165
2. خاسلىق ئالاھىدىلىك ........................ 168
3. خاسلىقنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسى ........................ 171
§ 2. خاسلىق مايىللىقى ........................ 174
1. ئېھتىياج ........................ 174
2. مۇددىئا ........................ 180
3. قىزىقىش ........................ 186
4. قىممەت قارىشى ........................ 192
§ 3. خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكى ........................ 197

1. قابىلىيەت ........................ 197

2. مىجەز ........................ 211

3. خاراكتېر ........................ 219

**بەشىنچى باب ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى ...... 234**

§ 1. پسىخىك تەرەققىيات ھەققىدە ئومۇمىي بايان ............ 235

1. پسىخىك تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ......... 235

2. پسىخىك تەرەققىياتنى چەكلەيدىغان ئامىللار............ 241

3. پسىخىك تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ......... 248

§ 2. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ياش ئالاھىدىلىكى ............ 250

1. ياش-ئۆسمۈرلۈك ھەققىدە ئومۇمىي بايان ..................... 250

2. ياش-ئۆسمۈرلەر پسىخىكىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ........................ 255

3. ياش-ئۆسمۈرلەر پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ... 262

§ 3. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ كىشىلىك ئالاقىسى ..................... 288

1. كىشىلىك ئالاقىنىڭ تەدبىرى ........................ 289

2. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ دوستلۇقى ........................ 289

3. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇش ئالاھىدىلىكى ........................ 292

4. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوستلىشىش ئالاھىدىلىكى ........................ 297

5. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى...... 299

**ئالتىنچى باب ئۆگىنىش پسىخىكىسى ........................ 304**

§ 1. ئۆگىنىش پسىخىكىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ............ 305

1. ئۆگىنىش ئۇقۇمى ........................ 305

2. ھازىرقى زامان ئۆگىنىش نەزەرىيىسى ........................ 310

§ 2. ئۆگىنىش مۇددىئاسى ........................ 318

1. ئۆگىنىش مۇددىئاسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە............ 318

2. ئۆگىنىش مۇددىئاسى ھەققىدە تەھلىل........................ 321

3. ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى قوزغىتىش ........................ 327

§ 3. بىلىم ئۆگىنىش، ماھارەت، ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆگىنىش ........................ 331

1. بىلىم ئىگىلەش ...... 331
2. ماھارەت يېتىلدۈرۈش ...... 344
3. ئەخلاقىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈش ...... 352
§4. ئۆگىنىشتىكى كۆچۈش ۋە ئىجادىيەت ...... 359
1. كۆچۈش ھەققىدە ئومۇمىي بايان ...... 359
2. ئۆگىنىشتىكى كۆچۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ...... 363
3. ئىجادچانلىق ۋە ئۇنىڭ پسىخىك تەركىبى ...... 366
4. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى يېتىلدۈرۈش ...... 371
**يەتتىنچى باب ئوقۇتۇش پسىخىكىسى ...... 374**
§1. دەرسخانا ئوقۇتۇش پسىخىكىسى ...... 375
1. دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپى ھەققىدە پسىخىك تەھلىل ...... 375
2. ئوقۇتۇش جەريانىدا دائىم كۆرۈلىدىغان پسىخىك تەسىرلەر ...... 381
§2. دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇش پسىخىكىسى ...... 394
1. دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى پسىخىك تەھلىل ...... 394
2. سىنىپ ئوقۇتۇش ئىنتىزامىنى باشقۇرۇش ...... 400
3. دەرسخانا مەسىلە ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ...... 405
4. ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىلەش خاراكتېرى ھەم ئۇنىڭ تەسىرى ...... 409
§3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكا جەھەتتىكى پەرقلىرى ۋە ئوبيېكتقا قاراپ ئوقۇتۇش ...... 416
1. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش جەھەتتىكى پەرقلىرى ۋە يېتەكچىلىك ...... 416
2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقى ۋە تەلىم-تەربىيە تاكتىكىسى ...... 428
**سەككىزىنچى باب كوللېكتىپ پسىخىكىسى ...... 434**
§1. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ پسىخىكىسى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ...... 435
1. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ئۇقۇمى ...... 435

2. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ تۈرلىرى ........ 437
3. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت يەككىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ........ 440
4. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت يەككىنىڭ پسىخىكىسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ........ 453
§2. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئىچىدىكى كوللېكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەسىلىسى ........ 456
1. كوللېكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ نەزەرىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 456
2. كوللېكتىپنىڭ پسىخىك كەيپىياتى ........ 459
3. كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ........ 463
§3. كوللېكتىپنىڭ پسىخىكىسى ۋە سىنىپ باشقۇرۇش ........ 467
1. كوللېكتىپ نىشانى ۋە يەككىنىڭ ئېھتىياجى ........ 467
2. كوللېكتىپنىڭ ئۆلچىمى ۋە يەككىنىڭ ئەركىنلىكى ........ 469
3. سىنىپ ئىچىدىكى رەسمىي كوللېكتىپ ۋە غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ ........ 475
4. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئىچىدىكى رىقابەت ۋە ھەمكارلىق ........ 482
§4. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى ........ 489
1. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 489
2. سىنىپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ........ 492
3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇش ........ 501
**توققۇزىنچى باب پسىخىك ساغلاملىق** ........ 506
§1. پسىخىك ساغلاملىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 507
1. پسىخىك ساغلاملىق ئۇقۇمى ........ 507
2. پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى ........ 510
3. پسىخىك ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ........ 514
§2. پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەش ........ 519
1. پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەش ئۇقۇمى ........ 519

2. پسخىكا ساغلاملىقنى ئۆلچەشنىڭ تۈرلىرى ............ 521
§3. پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى.............................. 528
1. پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ... 528
2. پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرى ........... 532
3. پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئەندىزىسى ۋە ئايلىنىش مېخانىزمى.............................................. 534
ئونىنچى باب پسخىكىلىق مەسلىھەت.............................. 539
§1. پسخىكىلىق مەسلىھەت ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە......... 540
1. پسخىكا مەسلىھەتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ............. 540
2. پسخىكىلىق مەسلىھەت جەريانىنىڭ ئاساسىي باسقۇچلىرى ............................................. 543
3. پسخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ تۈرلىرى.............................. 545
4. پسخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى ........ 547
5. پسخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ پرىنسىپى ....................... 549
6. پسخىك مەسلىھەت بەرگۈچىلەرنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش شارائىتى ................................................... 554
§2. پسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش تاكتىكىسى ۋە ئۇسۇلى ... 554
1. پسخىكىلىق مەسلىھەتتە دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار ... 554
2. پسخىك مەسلىھەت بېرىشتىكى ئاساسلىق تېخنىكا ......... 556
3. پسخىكىلىق ئارخىپنىڭ تۈرغۇزۇلۇشى ..................... 567
§3. دائىم ئۇچرايدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى پسخىك مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىش ................... 568
1. ئۆگىنىش مەسىلىسى ۋە يېتەكچىلىك ........................ 568
2. جەمئىيەتكە ماسلىشىشچانلىق تەربىيىسى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش ................................................... 575
3. ياشلىق باھارى مەزگىلىدىكى پسخىك مەسىلىلەر ۋە يېتەكلەش ............................................... 581

# خەنزۇچە نەشرىنىڭ كىرىش سۆزى

پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلەر مائارىپىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي پەن مائارىپىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى مائارىپى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئالىي مائارىپ نەشرىياتى ئىككى يىلدىن ئارتۇق تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىلھام بېرىشى ۋە قوللىشى ئاستىدا، 1997-يىلى مەملىكەتلىك پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى. بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ھەيئىتى دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش خىزمەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى ۋە ماسلاشتۇردى. پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش ھەيئىتى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە 20 دىن ئارتۇق پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ۋە پەن مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ھەيئىتى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ مول ئوقۇتۇش ۋە دەرسلىك تۈزۈش تەجرىبىسىگە ئىگە پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە

ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ يۇرۇشلۇق ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

«پسىخولوگىيە» مەملىكەتلىك پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئىجتىمائىي پەن يۈرۈشلۈك دەرسلىك ماتېرىيالىنىڭ بىرىدۇر. بۇ كىتاب مەزكۇر دەرسنىڭ لايىھىسى ۋە ئوقۇتۇش پىلانىغا ئاساسەن، پەنلەر تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىپ، سەككىز پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق كوللېكتىپ ھالدا يېزىپ چىقىلدى. مەزكۇر كىتابنى تۈزۈش پروگراممىسى كوللېكتىپ ھالدا مۇھاكىمە قىلىنىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى تۈزۈشكە قاتناشقۇچىلار دەسلەپكى ئورىگىنالنى يېزىپ چىقتى. قايتىدىن، كوللېكتىپ ھالدا مۇھاكىمە قىلىنىپ ئۆزگەرتىلدى، ئاخىرىدا باش تۈزگۈچى بېكىتتى.

بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا، ھەرقايسى پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ، دەرسلىك مەزمۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە تىرىشتۇق. بۇ كىتابتا يېتەرسىز تەرەپلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي، كەڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىتىش جەريانىدا، پىكىرلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

**مەملىكەتلىك پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش ھەيئىتى**

2000-يىلى 1-ئاي

# بىرىنچى باب مۇقەددىمە

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا

1) مۇھىم نۇقتا: يەككىلىك پسىخىكىسى، پسىخىكا بىلەن ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى، پسىخىكىنىڭ ماھىيىتى، پسىخىكا بىلەن تەلىم-تەربىيىنىڭ مۇناسىۋىتى.

2) قىيىن نۇقتا: پسىخىكا مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي ئۆزگىرىشچان مىقدارلار، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي جەريانلار.

2. ئۆگىنىش تەلىپى

1) خاتىرە: پسىخولوگىيە، ھەرىكەت، غىدىقلىغۇچى، رېفلېكس، قايتا ئىنكاس، ئۆزگىرىشچان مىقدار قاتارلىق ئۇقۇملار ۋە يەككىلىك پسىخىكىسىنىڭ قۇرۇلمىسى.

2) چۈشىنىش: پسىخىكا بىلەن ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى، پسىخىكىنىڭ ماھىيىتى، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىكى ئۈچ تۈرلۈك ئۆزگىرىشچان مىقدار ۋە ئاساسلىق جەريانلار، پسىخولوگىيە بىلەن تەلىم-تەربىيىنىڭ مۇناسىۋىتى.

3) قوللىنىش: ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىش ياكى ھەرىكەت بىلەن پسىخىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى چۈشەندۈرۈش، مىساللار ئارقىلىق پسىخولوگىيىنىڭ تەلىم-تەربىيىدىكى رولىنى چۈشەندۈرۈش.

3. مۇھاكىمە سوئاللىرى

1) پسىخولوگىيە نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرىدۇ، پسىخىكا بىلەن ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇھاكىمە قىلىڭ؟

2) «پسىخىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىنكاس فۇنكسىيىسى بىلەن تاشقى دۇنيادىكى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇننىڭ ئالىي بىرلىكى» نى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

3) نېمە ئۈچۈن تەلىم-تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ پسىخولوگىيە ئۆگىنىشى زۆرۈر؟

مائارىپ — جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچى — مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مەخسۇس خادىملار، ئۇلار تەلىم-تەربىيە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئادەم تەربىيىلەش ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مائارىپ ئىلمىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئىگىلىشى لازىم.

پسىخولوگىيە — مائارىپ ئىلمى بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغان بىلىم سىستېمىلىرىنىڭ بىرى. پسىخولوگىيىنىڭ ئاساسىي قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش ھەمدە ئۇنى تەلىم-تەربىيە ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىش ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي ۋەزىپىسى. «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» بولغان ئوقۇتقۇچى، چوقۇم ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «روھىي» ئىلىم — پسىخولوگىيىنى ئۆگىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

## § 1 . پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

ئىلمىي تەتقىقات ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەپ تېپىش پائالىيىتى بولۇپ، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى: رېئال دۇنيادىكى شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇقىم قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولغاچقا ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە شەيئىلەر ياكى شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندا، ئىلمىي تەتقىقات كۆپىنچە ئايرىم تارماقلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي ساھە ياكى پەن مۇشۇنداق شەكىللەنگەن. ھەربىر ئىلمىي ساھە ياكى پەننىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەتقىقات ئوبيېكتى بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل پەن بولغان

پسخولوگىيە ئىنسانلارنىڭ روھىي پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكلى ۋە مېخانىزمىنى تەتقىق قىلىشقا كۈچ چىقىرىدۇ. پسخولوگىيىنىڭ ئىنگلىزچە نامى «Psychology» بولۇپ، ئەسلى گرېك تىلىدىن كەلگەن، مەنىسى «روھ ھەققىدىكى تەلىمات» تىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەتقىقات ئوبيېكتى ئىنسانلارنىڭ روھى بولغان. پەن تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پسخولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئەسلىدىكى خىيالىي روھتىن ۋاز كېچىپ، ئادەمنىڭ قەلبى (Mind) گە ئۆزگەردى. ئەينى ۋاقىتتىكى كۆڭۈل ياكى قەلب ھەققىدىكى تەتقىقات پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، پسخولوگىيە باشتىن-ئاياغ پەلسەپىگە تەۋە بولۇپ، قەلب پەلسەپىسى (Philosoph of mind) دەپ ئاتىلىپ كەلدى. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندىلا، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشى ۋە بىلىم تەجرىبىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تەجرىبە فىزىئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پسخولوگىيە مۇستەقىل تەرەققىيات يولىغا ماڭدى. 1879-يىلى گېرمانىيە ئالىمى ۋۇنت (W. Wundt) لىسپگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دۇنيادا تۇنجى پسخولوگىيە تەجرىبىخانىسىنى قۇردى. بۇ پسخولوگىيە ئۆزىنىڭ پەلسەپىدىكى بېقىندىلىق ئورنىدىن قۇتۇلۇپ، ئەڭ ئاخىر مۇستەقىل بىر پەنگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ھازىرقى زامان پسخولوگىيىسى — ئادەمنىڭ پسىخىكىسى ۋە ھەرىكىتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىدىغان پەن، «ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.»① . ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئاساسلىقى ئادەمنىڭ پسىخىكىلىق ھادىسىلىرى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئادەمنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش، پسىخىك ھادىسىلەر بىلەن ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت.

## 1. ئادەم پسىخىكىسى

ئادەم يەككىلىك سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە

① يەنشۇ، جىڭ چىجىڭ: «جۇڭگو قامۇسى، پسخولوگىيە»، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 1991-يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1-بەت.

ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن ھەم ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئادەم پسىخىكىسىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز ئادەم پسىخىكىسىنى يەككىلىك پسىخىكىسى ۋە ئىجتىمائىي پسىخىكا دەپ ئىككىگە بۆلىمىز.

## 1. يەككىلىك پسىخىكىسى

يەككىلىك پسىخىكىسى — شەخستە بولغان ياكى شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەن پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. پسىخولوگىيە يەككىلىكنىڭ پسىخىكىسىنى پسىخىكىلىق جەريان، پسىخىكىلىق ھالەت ۋە خاسلىق پسىخىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپكە يىغىنچاقلايدۇ.

1. پسىخىك جەريان

ئادەم پسىخىكىسى بىرخىل ئۆزگىرىشچان ھالەتتىكى جەريان بولۇپ، «ئادەم بىلەن دۇنيانىڭ مەلۇم خىل شەكىلدىكى ئۆزئارا تەسىرى ئاستىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تەرتىپچانلىقى»① نى ئىپادىلەيدۇ. پسىخىك جەريان ھەرىكەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كونكرېتنى بىلىش ھەرىكىتى كەيپىيات ھەرىكىتى ۋە ئىرادە ھەرىكىتى دەپ بۆلۈنىدۇ.

1) بىلىش پائالىيىتى

بىلىش پائالىيىتى — ئادەمنىڭ مۇھىتتىن ئېرىشكەن بىلىمى ۋە بىلىمنى ئىشلىتىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سەزگۈ، ئىدراك، خاتىرە، خىيال ۋە تەپەككۇر قاتارلىق پسىخىك ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىش — سەزگۈ ۋە ئىدراكتىن باشلىنىدۇ. سەزگۈ — ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىچكى-تاشقى مۇھىتتىن قوبۇل قىلىپ ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنىڭ فۇنكسىيىلىك سىستېمىسىدۇر. سەزگۈ ئارقىلىق، بىز شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ بەزى تاشقى ئۇچۇرلىرىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن، شەيئىلەرنىڭ رەڭگى، شەكلى، چوڭ-كىچىكلىكى، پۇرىقى، تەمى، ئېغىرلىقى قاتارلىقلار. ئىدراك سەزگۈ ئاساسىدا ھېس قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ

① [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ]B. H مىياشىفو «ئادەمنىڭ مۇناسىۋەت پسىخولوگىيىسىدىكى ئاساسىي مەسىلە ۋە ھازىرقى پسىخولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك. «سوۋېت ئىتتىپاقى پسىخولوگىيىسى» ، پەن نەشرىياتى 1963-يىلى خەنزۇچە نەشرى 112-بەت.

ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارنى بىر پۈتۈنلۈك دەپ قاراپ ھەممە ئۆزىمىزدە ئەسلىدە بار بىلىم تەجرىبىمىزگە تايىنىپ، شەيئىلەرنى پەرق ئېتىش ۋە چۈشىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، بىر پارچە سىزما رەسىمدىن ھۇزۇرلانغان ۋاقتىمىزدا بىز سەزگەن رەڭ، سىزىقچە، شەكىل، يورۇقلۇق، غۇۋالىق قاتارلىق رەسىم ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە پۈتۈنلەشتۈرگەندىلا ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلەلەيمىز ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز.

ئادەم سەزگەن، ئىدراك قىلغان شەيئىلەرنىڭ ئوبرازىنى مېڭىسىدە ساقلايدۇ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا يېڭىۋاشتىن ئايان بولىدۇ، مانا بۇ خاتىرە. خاتىرە — ئادەمنىڭ مېڭىسىدە تەجرىبىلەرنى توپلاش ۋە ساقلاش جەريانىدىن ئىبارەت. مېڭىمىزدە ساقلانغان تەجرىبىلەر، ئۇچۇرلار ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كونكرېتنى ئوبرازى بولۇشىمۇ ھەم ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇم ۋە ئۇنىڭ مەنىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ بىز ئىگە بولغان شەيئىلەرنىڭ «شەكلى» بىلەن «مەنىسى»دىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن توپلانغان بىلىم تەجرىبىلەر نەتىجىسىدە ھەم ئىلگىرى كۆرگەن تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى ئەسلىيەلەيمىز، ھەم كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ئۇقۇم ۋە فورمۇلىلارنى ئەستە تۇتالايمىز.

سەزگۈ، ئىدراك بىزنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ بەزى ئوبرازلىرىغا ئېرىشتۈرىدۇ. خاتىرە بۇ شەيئىلەر ئوبرازىنى ساقلايدۇ ۋە توپلايدۇ. سەزگۈ، ئىدراك ئاساسىدا، مېڭىمىزدە ساقلانغان شەيئىلەر ئوبرازىنى پىششىقلاش، ئۆزگەرتىش، قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى ئوبراز يارىتىش، مانا بۇ تەسەۋۋۇر بىزنى بىۋاستە ئىدراك قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ شەيئىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، بىز قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ بىز بىۋاستە سەزگەن، ئىدراك قىلمىغان قەدىمي دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مەنزىرىسى ۋە كىشىلەرنىڭ قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. «كۆپكۆك ئاسمان، بىپايان دالا، ئوتلاقتا قوي-كالىلار ئوتلاۋاتقان» دېگەن سۆز-جۈملىلەردىكى تەسۋىرلەر ئارقىلىق، مېڭىمىزدە سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى ئوتلاقلارنىڭ مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى نۇرغۇن شەيئىلەر، ھادىسىلەر ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىشىنى قوزغايدۇ، بۇ خىل شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك

ئالاھىدىلىكى ۋە ئىچكى باغلىنىشلىرىنى ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت پىكىر يۈرگۈزۈش پائالىيىتى تەپەككۇر دېيىلىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر دائىم «قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىشى» دىن ئىبارەت نورمال ھادىسىنى ئىدراك قىلالايدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ تېپىشتا، قۇياشنىڭ ئورنى بىلەن يەر شارىنىڭ ھەرىكەت مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ ھەرخىل قەلەملەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قەلەمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ «يېزىش قورالى» ئىكەنلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ چىقالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەپەككۇر پائالىيىتىگە مەنسۇپ. تەپەككۇر يۇقىرى دەرىجىدىكى بىلىش جەريانى بولۇپ، شەيئىلەرنى ماھىيەتلىك بىلىش ۋە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشتۇر.

2) كەيپىيات ھەرىكىتى

«ئادەم ياغاچ بولمىسا، ئۇنىڭدا ھېسسىيات بولماي مۇمكىنمۇ». كىشىلەردە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىش ۋاقتىدا ھامان بەلگىلىك پوزىتسىيىدە بولۇپ، رازى بولۇش، نارازى بولۇش، خۇشال بولۇش، خاپا بولۇش، ياخشى كۆرۈش ياكى يامان كۆرۈش قاتارلىق ئىچكى تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ كەيپىياتتۇر.

ئادەم يۇقىرى ئىدراكقا ۋە تەرەققىي قىلغان بىلىشكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ھېسسىياتى مول، روھى سۇبيېكت. رېئال تۇرمۇشتا، بەزى ھادىسىلەر ئادەمنى خۇشاللاندۇرىدۇ. بەزى ھادىسىلەر ئادەمنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ، گۈزەل شەيئىلەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. يىرگىنىشلىك ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ بىزارلىق ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ. ئادەمدە خۇشاللىق، غەزەپلىنىش، قايغۇرۇش، قورقۇش ھەمدە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى، گۈزەللىك ھېسسىياتى، ئاقىلانىلىك ھېسسىياتى، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش ھېسسىياتى قاتارلىق كۆپ خىل كەيپىيات ۋە ھېسسىيات بولىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات ۋە ھېسسىيات كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە ۋە ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيە تۇيغۇسى بولۇپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

3) ئىرادە ھەرىكىتى

ئادەمنىڭ ئۆزىدە ھامان سۇبيېكتىپ ئارزۇ بولىدۇ ھەمدە ھامان ئۆز

ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدا، ئادەم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىپلا قالماي، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا كەيپىيات تۇيغۇسىدا بولىدۇ، يەنە دائىم ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىدۇ. پسىخولوگىيىدە ئادەمنىڭ مەقسىتىنى ئاڭلىق بەلگىلەش ۋە ھەرىكەتنى ئاڭلىق تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش ھەمدە سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە توسالغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىن ئىبارەت پسىخىك جەريان ئىرادە دېيىلىدۇ. ئىرادە ئادەم ئېڭىنىڭ پائالىيەتچان تەرىپىدۇر، شۇنداقلا ئادەم سۇبيېكتىپچانلىقىنىڭ پسىخىكىلىق ئىپادىسىدۇر.

### 2. پسىخىك ھالەت

ئوخشىمىغان ۋاقىت ياكى شارائىتتا، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ئوخشىمىغان ھالەتكە ئىگە بولىدۇ. ھالەت دېگىنىمىز، پسىخىكىلىق پائالىيەتتىكى ئالاھىدە ھالەت ۋە نىسپىي مۇقىم خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتى شەخسنىڭ ئۆزىنى بايقاش ھالىتى ئاستىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئېنىق بايقىمىغان ھالىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ئوخشىمىغان فۇنكسىيىلىك سەۋىيىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل فۇنكسىيىلىك سەۋىيە بەلكىم قوزغىلىشچان، تورمۇزلىنىشچان، چارچىغان، دىققەت قىلىنغان قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئوخشىمىغان پسىخىك ھالەت پسىخىك پائالىيەتنىڭ باغلىنىشى ۋە مېڭە فۇنكسىيىسىنىڭ قوزغىلىش سەۋىيىسى ھەمدە بەلگىلەيدىغان مۇناسىپ ھالدىكى پسىخىك ھالەتنىڭ جانلىنىش دەرىجىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئاڭلىق، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان پسىخىك پائالىيىتى دىققەت ھالىتىنى ئاساس قىلغان ھەمدە دىققەت بىلەن بىللە بولىدۇ. دىققەت بىر تۈرلۈك بىرقەدەر جىددىي، ئاكتىپ بولغان پسىخىك ھالەت بولۇپ، ئۇ ئاڭ پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. دىققەت غىدىقلايدىغان، تاللايدىغان، بىرلەشتۈرىدىغان ۋە تەڭشەيدىغان ئۇچۇرلارنى تاللاش، بىرلەشتۈرۈش ۋە تەڭشەش بولغانلىقتىن، شۇڭلاشقا ئۇ پسىخىك جەرياننىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىي شەرتىدۇر.

### 3. خاسلىق پسىخىكا

ئېرسىيەت، تەلىم-تەربىيە، مەشىق قىلىش، كەسپىي پائالىيەت ۋە باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئادەم پسىخىكىسى ھەرخىل ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ، مانا بۇ خاسلىق پسىخىكا. خاسلىق پسىخىكا يەككىلىك پسىخىكىسىدىكى ئايرىملىق بىلەن ئالاھىدىلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئاساسلىقى خاسلىق مايىللىق بىلەن خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) خاسلىق مايىللىق

ئادەم شەيئىلەرنى بىلىش، مەسىلىلەرنى يەكۈنلەش، تەدبىر بەلگىلەش ۋاقىتلىرىدا ھامان مۇئەييەن مايىللىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئوخشىمىغان يەككىلەرنىڭ ئوخشىمىغان مايىللىق ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، شۇڭلاشقا خاسلىق مايىللىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىندىۋىدۇئال مايىللىق يەككىلىكنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئاڭ مايىللىقى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ سىستېمىسى بولغاچقا، ئۇ يەككىلىكنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى، ھەرىكەت ئوبيېكتىنى تاللىشى ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىشى، نېمىنى ئىزدەپ، نېمىنى رەت قىلىشى ھەمدە يەككىلىك پسىخىك پائالىيىتى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ.

خاسلىق مايىللىق ئاساسلىقى ئېھتىياج، مۇددىئا، قىزىقىش، غايە، ئېتىقاد، دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېھتىياج پسىخىك پائالىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپچانلىقىنىڭ مەنبەسى، مۇددىئا — پسىخىك پائالىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، دۇنيا قاراش — يەككىنىڭ ئاڭ مايىللىقى سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئالىي تەڭشىگۈچىسى.

2) خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك

«ئادەم باشقا، نىيەت باشقا» خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك يەككىلىكتە دائىم ئىپادىلىنىدىغان مۇقىم ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ يەككىلىك روھىي پائالىيىتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىنكاس قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ پسىخىكا جەھەتتىكى تىپ پەرقى ۋە ماھىيەتلىك پەرقىدۇر.

خاسلىق ئالاھىدىلىك قابىلىيەت، مىجەز (تېمپېراتۇرا) ۋە خاراكتېرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئادەملەر ئەقىللىق، بەزى ئادەملەر

دۆت، بەزى ئادەملەر يېزىقچىلىقتا ماھىر، بەزى ئادەملەر ماتېماتىكىغا ئۇستا، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئەقىل ۋە قابىلىيەت جەھەتتىكى پەرقلىرى ۋە يەككىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بەزى ئادەملەر قوپال قىزىققان، بەزى ئادەملەر سالماق، مۇلايىم، بەزى ئادەملەر چاققان، سەگەك، بەزى ئادەملەر قاشاڭ جاھىل كېلىدۇ. مانا بۇلار كىشىلەرنىڭ مىجەز جەھەتتىكى پەرقلىرى ۋە ئالاھىدىلىكىدۇر. بەزىلەر كەمتەر، ئېھتىياتچان؛ بەزىلەر ھاكاۋۇر، قانائەتچان؛ بەزىلەر ھۇرۇن؛ بەزىلەر ئىشچان ۋە باشقىلار، بۇلارمۇ خاراكتېر جەھەتتىكى ئوخشىمىغان پەرقلەردۇر. مانا مۇشۇنداق قابىلىيەت، مىجەز، خاراكتېر جەھەتلەردىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك ۋە پەرقلەر، ئوخشىمىغان يەككىلىكنىڭ پسىخىك پائالىيەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش ھەم يەككىلىكنىڭ خىلمۇخىل پسىخىك تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

يەككىلىك پسىخىكىسىنى ئانالىز قىلغان ۋاقىتتا چوقۇم ئادەم پسىخىكىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى كۆرسىتىش لازىم. يەككىلىك پسىخىكىسىنى پسىخىك جەريان، پسىخىك ھالەت ۋە خاسلىق پسىخىكىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپكە ئايرىشتىكى مەقسەت ئىلمىي تەتقىقاتتا ئانالىز ئېلىپ بېرىشنى ئاسانلاشتۇرۇش. ئەمەلىيەتتە يەككىلىك پسىخىكىسىدىكى بۇ ئۈچ تەرەپ ئۆزئارا سىڭىشىدۇ، زىچ باغلانغان بولىدۇ. شەخسلەرنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ئىگىلەش، كۆزىتىش ئېلىپ بارغاندا سىستېما ۋە بىر پۈتۈنلۈك بولۇش كۆزقارىشىنى تىكلىشىمىز لازىم.

## 2. ئىجتىمائىي پسىخىكا

ئادەم ئىجتىمائىيلاشقان ھايۋان بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ياشايدۇ. شۇڭلاشقا، يەككىلىك ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىدۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرى ياكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپ بىلەن ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىدۇ. مەسىلەن، تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى، ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى، سىنىپىي مۇناسىۋەت، مىللىي مۇناسىۋەت، رەھبەرلىك بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلار. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ھەرخىل ئىجتىمائىي پسىخىكىنى

شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر-بىرىنى بىلىشى، بىر-بىرىنى جەلپ قىلىشى، كوللېكتىپقا ئەگىشىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي پسىخىكا، ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، توپنىڭ روھىي كەيپىياتى، توپنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى قاتارلىق توپنىڭ ئىجتىمائىي پسىخىكىسى ھەمدە كەڭ تارقىلىش، جامائەت پىكرى، ئىما-ئىشارەت، قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەت ئىجتىمائىي ئادەت، ئىجتىمائىي جامائەت پسىخىكا.

«ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئىجتىمائىيلىق» دېگەن بۇ خىل قاراشتىن چىققاندا، ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ماھىيىتى يەنىلا ئىجتىمائىي پسىخىكا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بەلگىلىگەن ئادەم پسىخىكىسى بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئادەم پسىخىكىسىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پسىخولوگىيە چوقۇم ئىجتىمائىي پسىخىكىنى تەتقىق قىلغاندا، ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا باشقىلار ياكى كوللېكتىپنىڭ، يەككىنىڭ پسىخىكىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆزىتىش ھەم جەمئىيەتتىكى يەككىلىك پسىخىكىنىڭ توپ پسىخىكىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش لازىم.

ئىجتىمائىي پسىخىكا بىلەن يەككىلىك پسىخىكىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. ئىجتىمائىي پسىخىك ھادىسىلەر يەككىلىك پسىخىك ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنگەندە، ئۇ يەككىلىك پسىخىكىسىدىن ئايرىلمايدۇ. بىراق، يەككىلىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي پسىخىكا يەنە كېلىپ ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي رېئاللىق بولۇپ، ئۇ يەككىلىك پسىخىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەككىلىك پسىخىكىسى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ يەككىنىڭ مېڭىسىدىكى ئىنكاسى، گەرچە يەككىنىڭ سۇبيېكتىپ روھىي پائالىيىتىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مول ئىجتىمائىي پسىخىكىلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. ئادەمنىڭ ھەرىكىتى

پسىخىك ھادىسە بىر خىل روھىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت شەكلى يوق. بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش قىيىن. شۇنداقتىمۇ ئادەم پسىخىكىسى ئادەمنىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ،

ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئادەم پسىخىكىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، پسىخولوگىيە ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىدۇ ھەمدە ھەرىكەتنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئادەم پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

## 1. ھەرىكەت ئۇقۇمى

ھەرىكەت دېگىنىمىز ئورگانىزمنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان ھالەتكە تۇتقان ئىنكاسىدۇر. ئۇ بىرقاتار ھەرىكەت، پائالىيەت ۋە مەشغۇلاتتىن تەركىب تاپقان. ئادەمنىڭ ھەرىكىتى خىلمۇخىل بولىدۇ. بەزىدە ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ. پەقەت ئايرىم ياكى ئاز ساندىكى تەركىبلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، نۇر كۆزگە تەسىر قىلغاندا، كۆزنىڭ يۇمۇلۇشى، قورساق ئاچقاندا ئاشقازاننىڭ لۆمىلدەش ھەرىكىتىنىڭ تېزلىشىشى قاتارلىقلار. بەزىدە ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. بىرقەدەر مۇرەككەپ تەركىبلەرنى ئىنكاس قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، خەت يېزىش، مۇزىكا چېلىش، مېخانىكىلىق مەشغۇلات، ماشىنا ھەيدەش قاتارلىقلار. لېكىن، ھەرىكەت مەيلى ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى بىرقاتار پائالىيەتتىن تەركىب تاپقان ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ھەرخىل ئىنكاس سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك غىدىقلاشنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولىدۇ. غىدىقلاش بىرى، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، نۇر، ئاۋاز، تەم، پۇراق، تېمپېراتۇرا، تېگىش ۋە باشقا ئادەملەرنىڭ ئاۋازى، ھەرىكەتلىرى، ئىپادىسى قاتارلىقلار؛ يەنە بىرى، بىرىكمە ئورگانىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئورگانىزمنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىئوئېلېكتر ئېقىمىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىچكى ئاجراتما بەزلەردىكى خىمىيىلىك تەركىبلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمدە يەككىنىڭ مېڭىسىدىكى ئارزۇسى، ئىدىيىسى، چۈشەنچە قاتارلىقلار. دەل مۇشۇنداق خىلمۇخىل غىدىقلىغۇچىلار ھەرىكەتنى پەيدا قىلىدىغان، قوزغايدىغان ئەسلىي سەۋەب، ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدۇ.

ھەرىكەت غىدىقلاشقا بولغان ئىنكاس بولۇپ، بۇ خىل ئىنكاسنىڭ

ئاساسلىق ئىككى خىل شەكلى بار: بىر خىلى، ئىچكى فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاس بولۇپ، غىدىقلاشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزلەرنىڭ ماددا ئاجرىتىپ چىقىرىشى، ئىچكى ئەزا ئورگانلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىئوئېلېكتر ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاستۇر.

بۇ خىل ئىنكاسنى ئادەمنىڭ ئاددىي كۆزىدە كۆزەتكىلى بولمايدۇ، بىراق مەخسۇس ئەسۋابلار ئارقىلىق كۆزىتىشكە ۋە ئېنىق سۈرەتلەپ بېرىشكە بولىدۇ. يەنە بىر خىلى، بەدەننىڭ سىرتىدىكى ئىنكاس، مەسىلەن، بەدەننىڭ سۆڭەك ۋە مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكىتى، بەدەننىڭ بوشلۇقتا يۈز بېرىدىغان ئورۇن ئۆزگىرىشى ياكى بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىدا يۈز بەرگەن ھالەت ئۆزگىرىشلىرى قاتارلىقلار، قىياپەت، ھېسسىيات ئىپادىسى ۋە تىل قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى بۇ خىل ئىنكاسلارنى كۆز ئارقىلىق بىۋاسىتە كۆزەتكىلى بولىدۇ.

ھەرىكەت غىدىقلىغۇچىدىن قوزغىتىلغان غىدىقلاشقا قارىتىلغان ئىنكاس بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭ ئىچىدە مول پسىخىكىلىق تەركىب، پسىخىكا غىدىقلىغۇچتىن ئىنكاسقىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئورۇندا تۇرىدۇ ھەمدە ئىنكاسقا نىسبەتەن يول قىلىنغۇچى رول ئوينايدۇ. غىدىقلىغۇچ، پسىخىكا، ئىنكاس ھەرىكەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۈچ چوڭ ئاساسلىق ئامىلدۇر. پسىخىكىنىڭ رولى — غىدىقلىغۇچنى تونۇش، ئىنكاسنى بەلگىلەش، ھەرىكەت پائالىيىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى تەڭشەپ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ ھەرىكىتى خىلمۇ خىل بولىدۇ. بىراق ئادەتتە تۆۋەنرەك جەريان بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مۇئەييەن غىدىقلىغۇچى يەككىنىڭ ئېھتىياجىنى پەيدا قىلىدۇ. ئېھتىياج بىلەن جەلپ قىلىش بىرلىشىپ مۇددىئانى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇددىئا ھەرىكەتكە تۈرتكە بولىدۇ. ھەرىكەت مۇئەييەن نىشانغا يۈزلىنىدۇ. نىشانغا يەتكەندىن كېيىن يەككىنىڭ ئېھتىياجى قانائەتلىنىدۇ. لېكىن، مۇشۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى پۈتۈنلەي توختاپ قالمايدۇ. ھەرخىل يېڭى غىدىقلاشنىڭ تەسىرىدە، ئادەمدە يەنە يېڭى ئېھتىياج پەيدا بولۇپ، يېڭىدىن شەكىللەنگەن مۇددىئا ۋە ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنداق تەكرارلىنىش ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ تۇرىدۇ

(1 . 1 ـ رەسىمگە قاراڭ) .




1.1 ـ رەسىم ئادەمنىڭ ھەرىكەت مودېلى

## 2. پسىخىكا بىلەن ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى

پسىخىكا بىلەن ھەرىكەت ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم، بىراق، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى زىچ باغلىنىش بار.

پسىخىكا بىلەن ھەرىكەت ئوخشىمايدۇ، بۇ مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، پسىخىكا سۇبيېكتىپ روھىي (مەنىۋى) پائالىيەتتۇر، ئەمما ھەرىكەت بىر تۈرلۈك ئوبيېكتىپ ماددىي پائالىيەتتۇر. ئىككىنچىدىن، پسىخىكا بىر خىل ئىچكى جەھەتتە كۆرۈنىدىغان يوشۇرۇن قاراشنىڭ شەكىللىنىشى؛ ھەرىكەت تاشقى جەھەتتە كۆرۈنىدىغان بەدەن ھەرىكىتى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشتۇر.

پسىخىكا بىلەن ھەرىكەت ئىنتايىن زىچ باغلىنىشلىقتۇر. بۇ مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، پسىخىكا ھەرىكەتنى تەڭشەيدۇ ۋە تىزگىنلەيدۇ. پسىخىكا غىدىقلىغۇچى بىلەن ئىنكاسنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا ھەمدە ئۇ ئىنكاس بىلدۈرۈش شەكلى ۋە جەريانى، شۇڭا پسىخىكا ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەيدۇ ۋە تىزگىنلەيدۇ. رېئال تۇرمۇشتا، ئادەمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ھەرىكەتلىرى بەلگىلىك ئېھتىياجنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەقسەتلىك ھەرىكەتلەردۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ مۇددىئاسى، بىلىشى، ئىرادىسى، ھېسسىياتى قاتارلىقلار ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك

قىلىدۇ، ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. پسىخىك ئالاھىدىلىكى ھەرىكەت شەكلى ۋە ھەرىكەت ئۇسلۇبىنى بەلگىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ پسىخىك دۇنياسى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئوخشاش بىر غىدىقلاشقا، ئوخشىمىغان شەخس ئىنكاس بىلدۈرگەن ۋاقىتتا، بۇ خىل ئىنكاس پائالىيىتىگە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سىڭدۈرىدۇ، شۇڭا ھەتتا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ھەرىكەت ئىنكاسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ھەرىكەت ئىپادىسى بىلەن پسىخىكىلىق قايتما تەسىر. يەككىلىنىڭ دائىم ئۆزىنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ماتېماتىكا پائالىيىتىدىن ئالاھىدە ھەرىكەت ئىپادىسى بولسا، بۇ مۇشۇ ئادەمنىڭ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ماتېماتىكىلىق قابىلىيىتىگە ياكى ئابستراكتنى تەپەككۇر قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرىكەت پسىخىكىسىنى ئىپادىلىگەندىن سىرت، ئۇ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئۈنۈم تەسىرى ھالىتىدىن پسىخىكىنى قايتما ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. شەخسنى ئىچكى پائالىيىتى ئارقىلىق ھەرىكەتتىكى خاتالىقلارنى ئۈزلۈكسىز تۈزىتىپ، پسىخىك تاشقى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تېخىمۇ توغرا، مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

پسىخىكا بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئۆزئارا زىچ باغلىنىشىغا ئاساسەن، بىز پسىخىكا بىلەن ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ بىر خىل ماس كېلىش مۇناسىۋىتى بولۇپ، ھەرىكەت پائالىيىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدىكى پسىخىك پائالىيەتنىڭ سىرتقى ھەرىكەت ئىپادىسى ياكى ئوبيېكتىپ خاراكتېرلىك تاشقى كۆرسەتكۈچ، پسىخىكىنىڭ ھەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنۇپ، ھەرىكەتنىڭ ئىچكى روھىي ھەرىكىتى ياكى ئىدىيىسىنى تەڭشەيدۇ، ماسلاشتۇرىدۇ دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مەلۇم ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسلىنىپ ئۇنىڭ پسىخىكىسىنى چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە شەخسنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ قانداق ھەرىكەت ئىنكاسىدا بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيمىز.

پسىخىكا بىلەن ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقىدەك ماس كېلىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، پسىخولوگىيە ئادەمنىڭ پسىخىك ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا دائىم ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ

ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ۋە سىناپ، پسىخىك پائالىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ ۋە يەكۈن چىقىرىدۇ. پائالىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ كۆزىتىش ۋە ئىگىلەش ئاساسىدا ئادەم پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ئۇنى ۋە تەڭشەپ كونترول قىلىدۇ.

## §2 . پسىخىكىنىڭ ماھىيىتى

ھادىسىلەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ھادىسىلەر بولغاچقا، كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا بىرقەدەر پىششىق بىلەتتى. شۇنىسى، پسىخىكىنىڭ زادى قانداق خاراكتېردىكى ھادىسە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەممە ئادەمگە ئېنىق ئەمەس. پسىخىكىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەمدە بۇ مەسىلە تارىختىن بېرى ئىدېئالىزم بىلەن ماتېرىيالىزم ئوتتۇرىسىدا تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

ئىدېئالىزمچىلار ئادەمنىڭ پسىخىكىسى، ئېڭى ماددىغا تايانماي مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ، ئالەمدىكى تۈمەنلىگەن ماددىلارنىڭ مەنبەسى، ئۇ بىرلەمچى، ماددىي دۇنيا ئادەم پسىخىكىسى ۋە ئېڭىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئىككىلەمچى دەپ قاراپ كەلگەن. ماتېريالزمچىلار ماددا بىرلەمچى، پسىخىكا، ئاڭ ئىككىلەمچى دېگەن نۇقتىئىنەزەردە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ دۇنيا ماددىي دۇنيا، ئالدى بىلەن ماددا پەيدا بولغان، ئاندىن كېيىن ئادەم پسىخىكىسى، ئېڭى پەيدا بولغان، پسىخىكا، ئاڭ ماددىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ كەلگەن. مانا بۇ ئاساسىي پرىنسىپ بويىچە، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ماددا بىلەن روھنىڭ، مەۋجۇدىيەت بىلەن ئاڭنىڭ، فىزىئولوگىيە بىلەن پسىخىكىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئېنىق شەرھلەپ بەردى. پسىخىكا مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

### 1. پسىخىكا مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ئالدى بىلەن ئادەم پسىخىكىسىنىڭ مېڭىدىن

ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ماددىغا بولغان بېقىندىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان مېڭىدىن ئىبارەت ماددىنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

## 1. مېڭە پسىخىكىسىنىڭ ئەزاسى

پسىخىكا بىلەن مېڭىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش ئۇزۇن تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. ئىراق قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەر پسىخىكىسىنى روھنىڭ تەسىرى، شۇنىسى روھ تاشقى ئالەمدىن كەلگەن نەرسە، ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن روھ كىرىدۇ، ئادەم ئۇيقۇغا چۆمگەندە ياكى ئۆلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ روھى چىقىپ كېتىدۇ، دەپ قارىغانىدى. كېيىن، كىشىلەر پسىخىكىنى روھنىڭ تەسىرى ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا تاشقى ئالەمدىن كەلگەن نەرسە ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئادەمنىڭ بەدىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئادەم بەدىنىدە پەيدا بولىدىغان ھادىسە ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي بىلىپ يەتتى. لېكىن پسىخىكىنىڭ، ئادەمنىڭ قايسى قىسمىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەينى زاماندىكى ئىلىم-پەن سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىلىكىدىن كىشىلەر خاتا ھالدا يۈرەك ھەرىكىتى بىلەن پسىخىك ھادىسىلەر بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، دەپ قارىغان. مەسىلەن، قەدىمكى گرېتسىيىلىك ئارىستوتېل (Aristoteles) يۈرەك تەپەككۇر ئەزاسى، مېڭىنىڭ رولى يۈرەكتىن چىققان ئىسسىق قاننى سوۋۇتۇشتىن ئىبارەت، دەپ قارىغان. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىمۇ يۈرەك پسىخىكا ئورگىنى، دەپ قاراپ كەلگەن. مىڭزى «تەپەككۇر يۈرەكتە بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە خەنزۇچە خەتلەردە پسىخىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى « 心 » قاتارلىق يان بۆلەكلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ئادەمنىڭ روھىي پائالىيىتى پسىخىكىلىق پائالىيەت، روھىي پائالىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن پسىخولوگىيە دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك مېدىتسىنا ئەمەلىيىتى ھەم فىزىئولوگىيە، ئاناتومىيە تەتقىقاتىدا ئېرىشىلگەن كونكرېتنى پاكىتلار ئارقىلىق كىشىلەر پسىخىكىلىق پائالىيەت بىلەن ئادەم مېڭىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدى. ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن تەتقىقات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پسىخىكىنىڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى ئىكەنلىكىنى

دەلىللەپ بەردى ھەم پسىخىك پائالىيەتنىڭ مېڭە مېخانىزمىنى تولۇق ئېچىپ بەردى.

### 1. نېرۋا سىستېمىسى ياكى مېڭە پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ماددىي ئاساسى

پسىخىك ھادىسىلەر بىر خىل روھىي ھادىسىلەر بولۇش بىلەن ئۇ ئېپادىلىنىشىدىن قارىغاندا ھەرقانداق ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ماددىنىڭ، يەنى ئورگانىزم نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ياكى مېڭىنىڭ مەھسۇلى. پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئېيتقاندا، بەلكى ماددىنىڭ بىر خىل ئىنكاس شەكلى بولۇپ، ماددىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان باسقۇچىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئېيتقاندا، ھادىسىلەر نېرۋا سىستېمىسىغا ئىگە ھايۋانلاردىلا بولىدۇ. جانسىز ماددىلاردا، ئۆسۈملۈكلەردە، نېرۋا سىستېمىسى بولمىغان يەككە ھۈجەيرىلىك ھايۋانلاردا پسىخىكىلىق ھادىسىلەر بولمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ توقۇلما ھالىتى بىلەن مۇكەممەللىك دەرىجىسىمۇ ھايۋانلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. بەزى ئاددىي كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار مەسىلەن، ئۈچەي قورساقلىقلاردا گەرچە نېرۋا ھۈجەيرىسى بولسىمۇ، ئەمما نېرۋا سىستېمىسى ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىدە بولۇپ، مەركەزلىشىشى يېتەرسىز بولغاچقا، پسىخىك ھادىسىلەر بىخ ھالىتىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ. ئەڭ ئاددىي پسىخىك ھادىسىلەر بوغۇملۇق ھايۋانلار مەسىلەن، سازاڭ، قۇرت قاتارلىقلاردا پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسى زەنجىرسىمان ھالەتتە بولۇپ، نېرۋا مەركىزى شەكىللەنگەچكە ئۇلاردا بىرقەدەر جانلىق سەزگۇ پەيدا بولىدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلاردا مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى شەكىللەنگەن بولغاچقا ئۇلاردا بىرقەدەر مۇرەككەپ پسىخىكىلىق ھادىسىلەر پەيدا بولغان. مەسىلەن، بېلىق تۈرىدىكى، قوش ماكانلىقلار، ئۆمىلىگۈچىلەر، قۇشلار ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار، ئۇلاردا ھەقىقىي مېڭە شەكىللەنگەن بولۇپلا قالماي، بەلكى مېڭە قۇرۇلمىسىدىمۇ بۆلۈنۈش بارلىققا كەلگەن، بولۇپمۇ چوڭ مېڭە ئىككى يېرىم شارچىسى پوستلىقى شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ پائالىيىتىنى ماددىي ئاساسغا ئىگە قىلىدۇ. ھەتتا بۇ خىل ھايۋانلاردا خىلمۇ خىل مول ھەم مۇرەككەپ پسىخىكىلىق ھادىسىلەر شەكىللەنگەن. ئالىي دەرىجىلىك ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ مېڭىسى تېخىمۇ

يۇكسەك دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، بولۇپمۇ پىرماتلار تۇرىدىكى ھايۋانلار ئادەمسىمان مايمۇن تۇرىدىكىلەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ مېڭىسى ئېغىرلىق، شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتلەردە ئادەم مېڭىسىگە ئىنتايىن يېقىنلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسى تەپەككۇرنىڭ بىخ ھالىتىگە ياكى كونكرېتنى ئوبرازلىق تەپەككۇر باسقۇچىغا يەتكەن. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى: پسىخىك ھادىسىلەر نېرۋا سىستېمىسى ياكى مېڭىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان. نېرۋا سىستېمىسى ياكى مېڭىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مۇكەممەللەشكەن ۋە تەرەققىي قىلغان نېرۋا سىستېمىسى ياكى مېڭە پسىخىكىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ماددىي ئاساسى. پسىخىك ھادىسىلەر نېرۋا سىستېمىسى ياكى مېڭىنىڭ مەھسۇلى.

## 2. چوڭ مېڭە پسىخىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزاسى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك نېرۋا سىستېمىسى ياكى مېڭە — پسىخىكىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ماددىي ئاساسى. نېرۋا سىستېمىسى تەخمىنەن $10^{11}$ — $10^{14}$ نېيۇرون (نېرۋا ھۈجەيرىسى) دىن تەركىب تاپقان ئىنتايىن مۇرەككەپ فۇنكسىيىلىك سىستېمىدىن ئىبارەت. نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە فۇنكسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، نېرۋا سىستېمىسى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ (2.1-رەسىمگە قاراڭ). ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسى نېرۋا تالالىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇ خۇددى بىر تورغا ئوخشاش ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا تارقالغان. ئۇ ئۇچۇرلارنى كىرگۈزۈش ۋە تارقىتىشتا ئالاقىلىشىش رولىنى ئوينايدۇ. مەركىزىي



2.1-رەسىم

نېرۋا سىستېمىسى يۇلۇن ۋە مېڭىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇلۇن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئورنى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ئاددىي رېفلېكس پائالىيەتلىرىنى ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.




3.1-رەسىم. ئادەم مېڭىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى

مېڭە — مېڭە غولى (ئۇزۇنچاق مېڭە، كۆۋرۈك مېڭە، ئارىلىق مېڭە، ئوتتۇرا مېڭە) كىچىك مېڭە ۋە چوڭ مېڭىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (3.1-رەسىمگە قاراڭ). ئۇ ئاساسلىقى ئۇچۇرلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە ساقلاش، ھەرخىل پسىخىك ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاس ۋە ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى تىزگىنلەش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ.

چوڭ مېڭە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قىسمى ھەم مېڭىنىڭ ئەڭ چوڭ قۇرۇلمىسى. چوڭ مېڭە ئوڭ-سول يېرىم شاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار نېرۋا تالالىرىدىن تەركىب تاپقان قاداق تەنچىلەر ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. چوڭ مېڭە سىرتقى قەۋىتى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئورۇن بولۇپ، ئۇ چوڭ مېڭە پوستلىقى دېيىلىدۇ. چوڭ مېڭە پوستلىقى يۈزىنىڭ يايمىسى تەخمىنەن $2200cm^2$ بولۇپ، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىرغا يەتمەيدۇ. تەخمىنەن 1.5 — 4.5mm كېلىدۇ. ئالتە قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ ھەم ئۆخشىمىغان تىپتىكى نېيرونلاردىن تەشكىل تاپقان، ئۇ ئاساسلىقى

ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش ۋە يەتكۈزۈش ھەم غىدىقلاشقا قارىتا ئىنچىكە ئانالىز ئېلىپ بېرىش، سىنتېزلاش قاتارلىق پىششىقلاپ ئىشلەش رولىنى ئوينايدۇ. چوڭ مېڭە يېرىم شارنىڭ يۈزى چوڭقۇر-تېيىزلىكى ئوخشىمىغان نۇرغۇنلىغان ئېرىقچە ۋە يېرىقچىلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ يېرىقچىلار ئاساسلىقى سىرتقى يان بۆلەك يېرىقچىسى، مەركىزىي يېرىقچە، چوققا، گەجگە يېرىقچىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل يېرىقچىلار چوڭ مېڭە يېرىم شارلىرىنى بىرقانچە بۆلەكلەرگە ئايرىپ تۇرىدۇ. يەنە مەركىزىي يېرىقچىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى پېشانە بۆلەك مەركىزىي يېرىقچىنىڭ كېيىنكى قىسمىدىكى چوققا بۆلەك، سىرتقى يان يېرىقچىسىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى چېكە بۆلەك ۋە چوققا گەجگە يېرىقچىسىنىڭ كېيىنكى قىسمىدىكى گەجگە بۆلەك قاتارلىقلار. يېرىقچىلار ئارىسىدىكى تومپىيىپ چىققان بۆلەك بۇدۇرىسى دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: پېشانە بۆلەكنىڭ يۇقىرىقى مەركىزىي قىسىم، كېيىنكى ئايلانما چېكە، بۆلەك يۇقىرىسىدىكى چېكە، بۆلەك يۇقىرىقى ئايلانما، چوققا بۆلەكنىڭ يۇقىرىقى مەركىزى قىسىم كېيىنكى ئايلانما ۋە سەقەنقۇر قىسىم ئايلانمىسى قاتارلىقلار (1. 4-رەسىم).

چوڭ مېڭە بىر خىل مۇرەككەپ بولغان فۇنكسىيىلىك سىستېما بولۇپ، ئادەمنىڭ بارلىق پسىخىكىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت. چوڭ مېڭە پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ئىقتىدارى ئوخشىمايدۇ. چوڭ مېڭە پوستلۇقىدا بىر خىل ھادىسىگە ئىنكاس قايتۇرىدىغان ھەرخىل ئىقتىدارلارنى بەلگىلەش رايونى بولىدۇ (1. 5-رەسىم).

سەزگۈ رايونى: كۆرۈش سەزگۈ رايونى، ئاڭلاش سەزگۈ رايونى ۋە ئورگانىزم سەزگۈ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئورگانىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە تاشقى دۇنيادىن ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ھەم پىششىقلاپ ئىشلەش رايونى بولۇپ، كۆز نۇرىنىڭ غىدىقلىشى، قۇلاقنىڭ ئاۋازنىڭ غىدىقلىشىنى، تېرە ۋە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ھەرخىل غىدىقلىشىنى پەرقلەندۈرۈپ قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا پەيدا بولغان ھەرخىل سەزگۈلەر.

ھەرىكەت رايونى: مەركىزىي ئالدىنقى ئايلانمىغا توپلانغان ۋە مەركىزىي يېرىقچىغا يېقىن تۇرىدىغان ئۇزۇن ھەم تار رايون. بۇ رايوننىڭ ئىقتىدارى ھەرىكەتنى قوزغاشقا بۇيرۇق بېرىش، بەدەننىڭ بوشلۇقتىكى ئورنىنى ۋە

بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشەش ۋە تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. چوڭ مېڭە ئوڭ-سول يېرىم شارلىرىنىڭ، ھەرىكەت رايونى بەدەننىڭ يان تەرەپ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەيدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ ئوڭ يېرىم شارىدا كېسەللىك ئۆزگىرىش ياكى توسالغۇ پەيدا بولسا، بەدەننىڭ سول تەرەپ ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولۇشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا پالەچلىنىدۇ.




4.1-رەسىم. چوڭ مېڭە يېرىم شارىنىڭ قۇرۇلمىسى

تىل رايونى: مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ تىل رايونىنىڭ ئورنى چوڭ مېڭە سول يېرىم شارىدا بولىدۇ. مەركىزىي ئالدىنقى ئايلانمىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ پېشانە تۆۋەنكى ئايلانمىسى سۆز ھەرىكىتى خاراكتېرلىق تىل مەركىزىنى باشقۇرىدۇ. ئۇ زەخىملەنسە ھەرىكەت خاراكتېرلىق تىل

يوقىتىش كېسەللىكىگە ئۇچراپ، ئادەم سۆزلەش ئىقتىداردىن مەھرۇم قالىدۇ. چېكە يۇقىرىقى ئايلانمىنىڭ كېيىنكى تەرەپ ئاڭلاش خاراكتېرلىق تىل مەركىزى بولۇپ، بۇ ئورۇن زەخىملەنسە ئاڭلاش خاراكتېرلىق تىل يوقىتىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، ئادەم يېزىق ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ بىلەلەيدۇ. كىتاب يۈزىدىكى سۆزلەرنى چۈشىنەلەيدۇ، ئەمما ئاڭلاش ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

بىرلەشمە رايون: چوڭ مېڭە پوستلىقىدا بىرلەشمە ئىقتىدارغا ئىگە كەڭ رايون بار بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل پوستلاقنىڭ 4/5 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بىرلەشمە رايون دېگەندە ھەرقايسى سەزگۈ يوللىرى ئارقىلىق مەركەزگە كىرگۈچى ئۇچۇرلارنىڭ بىۋاسىتە قوبۇل قىلىنماي ھەم بەدەن ھەركىتىنىمۇ بىۋاسىتە تىزگىنلىمەي، بەلكى ھەرقايسى ئىقتىدارغا ئىگە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرتىپلىك ماسلىشىپ، ئۆزئارا ئالاقە باغلاپ رول ئوينايدىغان رايوننى كۆرسىتىدۇ. بىرلەشمە رايون پوستلاقتىكى جايلىشىش ئورنى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن سەزگۈ بىرلەشمە رايونى، ھەرىكەت بىرلەشمە رايونى ۋە ئالدىنقى پېشانە بۆلەك رايونى دەپ ئۈچ بىرلەشمە رايونغا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى چېكە بۆلەك بىرلەشمە رايونى دىققەت، تەپەككۇر، ئىجاد قىلىش قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك پسىخىكىلىق ئىقتىدار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، سەزگۈ بىرلەشمە رايونىدىكى چېكە بۆلىكى خاتىرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

نورمال ئەھۋالدا چوڭ مېڭە ئىككى يېرىم شارلىرى ماسلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، ئىككى يېرىم شار قوبۇل قىلغان ئۇچۇرلار مېڭىدىكى قاداق تەنچە ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتىشىپ، تارقىلىپ بىرلىككە كېلىپ، ماسلىشىپ ئىنكاس بىلدۈرىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدىن بۇيانقى چوڭ مېڭە يېرىم شارلىرىنى ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە: چوڭ مېڭە ئىككى يېرىم شارلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى ئوخشىمايدۇ. ھەربىر يېرىم شار ئوخشىمىغان ئالىي دەرىجىلىك پسىخىكىلىق ئىقتىدارغا ئىگە. ئادەمنىڭ تىل ئىقتىدارىنىڭ ئورنى سول يېرىم شاردا بولۇپ، بۇ يېرىم شار ئادەمنىڭ تىل، ئوقۇش، يېزىش، ھېسابلاش ۋە مەنتىقىلىق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئىقتىدارىغا مەسئۇل. ئادەمنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى ئىدراك قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاساسلىق ئورنى ئوڭ يېرىم شاردا بولۇپ بۇ يېرىم شار ئادەمنىڭ شەيئىلەرنىڭ ماكان، زاماندىكى



A(سىرتقى تەرەپ)



B(ئىچكى تەرەپ)

5.1-رەسىم. ئادەم مېڭىسىنىڭ فۇنكسىيىلىك قىسىملىرى

مۇناسىۋىتىنى ئىدراك قىلىش، كەيپىيات، مۇزىكا ۋە گۈزەل-سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىش قاتارلىق ئىقتىدارلىرىغا مەسئۇل (1. 5.-رەسىم) چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ ئىقتىدار ئورنى ۋە چوڭ يېرىم شارىنىڭ ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتى يۈزلىنىشىدىن بىز مېڭە بىلەن پسىخىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ ئالالايمىز.

يۇقىرىقى بايانلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا: پسىخىكا ئالاھىدە شەكىلدە تەشكىللىنىپ بارلىققا كەلگەن ماددا، ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى. مېڭە تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغان بىر خىل فۇنكسىيىلىك سىستېما بولۇپ ئۇ پسىخىكا ئەزاسىدۇر.

## 2. پسىخىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى مېڭىنىڭ رېفلېكسىدۇر

مېڭە پسىخىكىنىڭ ئورگىنى ئىكەن، ئۇنداقتا مېڭە پسىخىكىلىق هادىسىلەرنى قانداق پەيدا قىلىدۇ؟ ئىلمىي تەتقىقاتلار پسىخىكىلىق هادىسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش شەكلىنىڭ مېڭىنىڭ رېفلېكس پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

رېفلېكس مېڭە ياكى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئاساس پائالىيەت شەكلىدىن ئىبارەت.

### 1. رېفلېكس ۋە رېفلېكس جەريانى

رېفلېكس — ئورگانىزمنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ئارقىلىق ئىچكى-تاشقى غىدىقلاشلارغا بىلدۇرگەن قانۇنىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئاغزىمىزغا يېمەكلىك سالساق سۈيۈقلۇقنىڭ ئاجرىلىپ چىقىرىلىشى، قولىمىزغا مەلۇم نەرسە تەگسە دەرهال قولىمىزنى تارتىشىمىز، كۈچلۈك نۇر كۆزگە تەسىر قىلغاندا پەيدا بولغان كۆزنى يۇمۇش هەرىكىتى قاتارلىق مۇشۇنداق ئورگانىزمنىڭ غىدىقلاش تەسىرىگە قايتۇرغان جاۋاب خاراكتېرلىق پائالىيەتلىرىنىڭ هەممىسى رېفلېكستىن ئىبارەت. هەرقانداق رېفلېكس بەلگىلىك نېرۋا قۇرۇلمىسى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. رېفلېكس پائالىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان نېرۋا قۇرۇلمىسى رېفلېكس يايى دېيىلىدۇ.

رېفلېكس يايى رېتسېپتور. مەركەزگە كىرگۈچى نېرۋا، نېرۋا مەركىزى، مەركەزدىن چىققۇچى نېرۋا ۋە ئېففېكتور قاتارلىق بەش قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رېفلېكس پائالىيىتى رېفلېكس يايى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ جەريانى ئۈچ ئاساسىي هالقىغا بۆلۈنىدۇ.

1) باشلىنىش هالقىسى: غىدىقلىغۇچى رېتسېپتورغا تەسىر قىلىپ هەرىكەت نېرۋىسى قوزغىتىلىدۇ. ئاندىن مەركەزگە كىرگۈچى نېرۋا ئارقىلىق ئۇچۇر نېرۋا مەركىزىگە يەتكۈزۈلىدۇ.

2) ئوتتۇرا هالقىسى: مەركىزىي نېرۋىنىڭ قوبۇل قىلىنغان ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىپ، سىنتېزلاپ ۋە پىششىقلاپ ئىشلەپ تەرتىپلىك بىرلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت نېرۋا جەريانىدۇر.

3) ئاخىرقى هالقىسى: ئۇچۇرلارنىڭ نېرۋا مەركىزىدىن هەرىكەت نېرۋىسى ئارقىلىق ئېففېكتورلارغا يەتكۈزۈلۈشى، يەنى ئېففېكتورلاردىكى جاۋاب خاراكتېرلىق پائالىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، بۇ خىل رېفلېكس جەريانىدا پسىخىك هادىسىلەر ئوتتۇرا هالقىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ غىدىقلىغۇچ پەيدا

قىلغان رېفلېكسنىڭ باشلىنىشى بىلەن رېفلېكسنىڭ تاماملىنىشى بولغان ئېففېكتور پائالىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ.

لېكىن رېئال تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ بارلىق رېفلېكسى ئادەتتىكى بىر قېتىملىق ئىنكاس بىلدۈرۈش جەريانى ئەمەس. رېفلېكس پائالىيىتىدە دائىم مەركەزگە كىرگۈچى نېرۋا بىلەن مەركەزدىن چىققۇچى نېرۋا، ھەتتا ئالىي دەرىجىلىك نېرۋا مەركىزى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك نېرۋا مەركىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر يەتكۈزۈشتە بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان كۆپ قاتلاملىق قايتىلىما ئىنكاس جەريانى مەۋجۇت بولىدۇ، يەنى نېرۋا مەركىزىدىكى ئۇچۇر ئېففېكتورىغا يەتكۈزۈلگەن ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزىدە، ئېففېكتورنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى يەنە رېتسېپتورلار ئارقىلىق نېرۋا مەركىزىگە قايتىپ بولغان بولىدۇ. دېمەك ئېففېكتورنىڭ پائالىيىتى بىر رېفلېكس پائالىيىتىنىڭ ھەقىقىي تاماملانغانلىقى ئەمەس. ئېففېكتور پائالىيىتىنىڭ ئۆزى يېڭى غىدىقلاشنى پەيدا قىلىدۇ. يېڭى غىدىقلاش پەيدا قىلغان نېرۋا جەريانى يەنە قايتىپ نېرۋا مەركىزىگە بارىدۇ. مانا بۇ خىل جەريان قايتما ئىنكاس دېيىلىدۇ. قايتما ئىنكاس مەۋجۇت بولغاچقا ئورگانىزمنىڭ رېفلېكس پائالىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ ھەم نېرۋا مەركىزىنىڭ تېخىمۇ ياخشى سېزىپ ئىدراك قىلىشى ۋە ئېففېكتور پائالىيىتىنى تەڭشىشى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى، مۇكەممەللىكى ۋە توغرىلىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. رېفلېكس پائالىيىتىدىكى قايتما تەسىرنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى بار بولۇپ، قايتما تەسىر ئۇچۇرنىڭ نېرۋا مەركىزىي پائالىيەت ئۈنۈمىگە بولغان تەسىرىگە ئاساسەن مۇسبەت قايتما تەسىر ۋە مەنپىي قايتما تەسىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مۇسبەت قايتما تەسىر دېگىنىمىز، قايتما تەسىر ئۇچۇرنىڭ نېرۋا مەركىزىي پائالىيىتىنى كۈچەيتىشى نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەنپىي قايتما تەسىر دېگىنىمىز، قايتما تەسىر ئۇچۇرىنىڭ نېرۋا مەركىزىي پائالىيىتىنى تورمۇزلاش نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. قايتما تەسىر پائالىيىتىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش يولىغا ئاساسەن ئىچكى قايتما تەسىر ۋە سىرتقى قايتما تەسىر دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىچكى قايتما تەسىر دېگىنىمىز: قايتما تەسىر ئۇچۇرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېففېكتورلارنىڭ (ھەرىكەت سەزگۈسى قاتارلىقلار) ئۇچۇر يەتكۈزۈش يولى ئارقىلىق نېرۋا مەركىزىگە يەتكۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ. سىرتقى قايتما تەسىر دېگىنىمىز:

قايتما تەسىر ئۇچۇرىنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى ئېففېكتورلارنىڭ (كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى قاتارلىقلار) ئۇچۇر يەتكۈزۈش يولى ئارقىلىق نېرۋا مەركىزىگە يەتكۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

### 2. رېفلېكسنىڭ تۈرلىرى ۋە سىگنال سىستېمىسى

رېفلېكس پائالىيىتى تۇغما، تەبىئىي ئىگە بولغان ياكى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىگە بولغانلىقىغا ئاساسەن شەرتسىز رېفلېكس ۋە شەرتلىك رېفلېكس دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنۈشكە بولىدۇ.

شەرتسىز رېفلېكس هايۋاناتلاردا تۈرلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، ئىرسىيەت ئارقىلىق ئىرىشىدىغان، هەرقانداق ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش لازىم بولمايلا ئەمەلگە ئاشىدىغان رېفلېكسنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يۆتىلىش، كۆزنى يۇمۇش، قۇسۇش، شوراش، تىزنىڭ سەكرەش رېفلېكسى قاتارلىقلار. نېرۋا قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا شەرتسىز رېفلېكسنىڭ نېرۋا يولى بىر خىل مۇقىم نېرۋا باغلىنىش بولۇپ، ئۇ رېفلېكس يايىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ هەم مۇقىم نېرۋا باغلىنىشنىڭ ياردىمى بىلەن شەرتسىز رېفلېكس مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردىمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ، هايۋاناتلارنىڭ بىر قاتار شەرتسىز رېفلېكسلىرى ئىرسىيەت ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدىغان تەبىئىي ئىقتىدارنى هاسىل قىلىدۇ.

شەرتلىك رېفلېكس يەككە هايۋاننىڭ مۇھىتىدىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن شەرتسىز رېفلېكس ئاساسىدا ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش ئارقىلىق شەكىللىنىپ بارلىققا كەلگەن رېفلېكسنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ نېرۋا قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا شەرتلىك رېفلېكسنىڭ نېرۋا يولى ۋاقىتلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئەھۋالنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ ياكى يوقايدۇ، شۇڭا، بۇنى ۋاقىتلىق نېرۋا باغلىنىشى دەيمىز. شەرتلىك رېفلېكس ئاساسلىقى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئالىي ئورۇنلىرىغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشىدۇ. هازىرقى زامان ماتېرىيالىزمچى فىزىئولوگ پاۋلوۋنىڭ تەجرىبىخانىدا ئېلىپ بارغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئارقىلىق ئىتنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەي ئاققۇزۇشتىن ئىبارەت شەرتلىك رېفلېكس تەجرىبىسى شەرتلىك رېفلېكس نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىپ بەردى هەم مۇشۇ ئاساستا ئالىي نېرۋا پائالىيىتى هەققىدىكى تەلىمات ئىجاد قىلىندى.

ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرتلىك رېفلېكس بىر خىل سىگنال پائالىيىتى ئارقىلىق چوڭ مېڭە پوستلىقىدا شەكىللەنگەن ۋاقىتلىق نېرۋا باغلىنىشىدىن ئىبارەت. يەنى ھەرخىل كونكرېتنى شەيئىلەرنىڭ غىدىقلاش سىگنالى ھەم تىل يېزىقىنىڭ غىدىقلاش سىگنالى، شۇڭا چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ نېرۋا پائالىيىتىدە ئىككى خىل سىگنال سىستېمىسى بولىدۇ. كونكرېتنى شەيئىلەرنى سىگناللىق غىدىقلىغۇچى قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن شەرتلىك رېفلېكس سىستېمىسى بىرىنچى سىگنال سىستېمىسى، تىل ھەم يېزىقنى سىگناللىق غىدىقلىغۇچى قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن شەرتلىك رېفلېكس سىستېمىسى ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، قارا ئۆرۈك يېگەن ئادەم قارا ئۆرۈكنى كۆرسە ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىدۇ، مانا بۇ بىرىنچى سىگنال سىستېمىسىنىڭ پائالىيىتى. قارا ئۆرۈك يېگەن ئادەم كېيىن «قارا ئۆرۈك» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا ئوخشاشلا ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىدۇ، مانا بۇ ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسىنىڭ پائالىيىتى بولىدۇ. ئادەمنىڭ شەرتلىك رېفلېكسى ئىككى خىل سىگنال سىستېمىسىنىڭ ماسلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى بىلەن ھەرىكىتى تېخىمۇ مول، مۇرەككەپ دەرىجىدە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاڭلىقلىقا، پائالىيەتچانلىقا ئىگە بولىدۇ.

## 2. پسىخىكا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى

پسىخىكا مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى دېگەنلىك مېڭە ئۆز ئالدىغا پسىخىكا پەيدا قىلالايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئادەم مېڭىسى تاشقى دۇنيادىكى ماددىلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەزا بولۇپ، ئۇ پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تەبىئىي ئالدىنقى شەرت ۋە ماددىي ئاساس. پەقەت ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەسىرى بولغاندىلا، ئاندىن مېڭە پسىخىك ھادىسىلەرنى پەيدا قىلالايدۇ. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم پسىخىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش فۇنكسىيىسى بىلەن سىرتقى دۇنيادىكى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ بىرلىكى. ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى سۇبيېكتىپ تەسۋىرى ئىكەنلىكىنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ.

## 1. پسخىكا مەزمۇننىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا بولغان بېقىندىلىقى

پسىخىك پائالىيەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنكاس قىلىدىغان ئوبيېكتى بولغاچقا ئۆزىنىڭ پسىخىك مەزمۇنىمۇ بولىدۇ. ئۇنداقتا پسىخىك پائالىيەتنىڭ مەزمۇنى قايەردىن كېلىدۇ؟ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ ياكى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئۇنىڭ تەركىبلىرىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ. ئاددىي پسىخىك ھادىسىلەر سەزگۇ ئىدراكتىن مۇرەككەپ پسىخىك ھادىسىلەر تەپەككۇرغىچە ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئادەم سەزگۇ ئورگانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ رول ئويناش ئارقىلىق، ئادەم مېڭىسىدە ئەكس ئېتىش جەريانىدا پەيدا بولغان پسىخىك پائالىيەتلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا گۈل مەۋجۇت بولغاچقىلا ئاندىن سىزدە گۈلنىڭ رەڭگى، شەكلى ۋە پۇرىقى ھەققىدىكى سەزگۇ پەيدا بولغان. سىزنىڭ قۇياش ئورنىنىڭ ھەر كۈندىكى ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشىڭىز ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا مەۋجۇت بولغان «قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە ئولتۇرۇشى» دەك بىر خىل تەبىئىي ھادىسىنىڭ ئادەم مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشىدىن پەيدا بولغان، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشى بىلەن قۇياش ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك تەپەككۇر پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بەزى ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا ئىجاد قىلىنغان رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمايدىغان ئوبرازلار رېئاللىقتىن ھالقىغان خىيالىي كۆرۈنۈشتەك غەلىتە كۆرۈنسىمۇ، ئەمما مۇشۇنداق رېئال بولمىغان ياكى رېئاللىقتىن ھالقىغان پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ ھەمدە ئادەمنىڭ قارىماققا رېئاللىقتىن ھالقىغان تەسەۋۋۇر ياكى شەيئىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇ بىلەن ئىجادچانلىق مۇددىئاسىنى يارىتىشىمۇ، يەنىلا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى مەيلى ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولسۇن، قانچىلىك خىيالىي، ھەتتا ئاجايىپ-غارايىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم مېڭىسىدە ئەزەلدىن بار نەرسىلەر ياكى سۇبيېكتنىڭ ئۆزى پەيدا قىلغان نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. ئۇلارنىڭ

ھەرقاندىقىنىڭ مەنبەسىنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ. ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى مەنبە قىلمىغان ھەرقانداق بىر پسىخىك مەزمۇن بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر خىل پسىخىك ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئوبيېكتىپ سەۋەبسىز مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا پسىخىك پائالىيەتنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئادەم مېڭىسىگە تەسىر قىلىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان، پسىخىكىنىڭ مەزمۇنى ئوبيېكتىپ رېئاللىققا بېقىنىدۇ دەيمىز.

## 2. پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى

ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى كاللىدا ئوبراز شەكىللەندۈرۈش جەريانىدىن ئىبارەت. پسىخىكا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى دېگىنىمىزدە، گەرچە ئىنكاس بىلەن ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىردەكلىكتە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىلىسى ماھىيەت جەھەتتىن تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ماددىي خاراكتېرلىك نەرسە، ئوبيېكتىپ ھەقىقىي شەيئىلەردۇر. ئەمما پسىخىكا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، شەيئىلەردىن «نۇسخا ئېلىش، سۈرەت ئېلىش، تەسۋىرلەش، ئەينەككە چۈشۈرۈش» قاتارلىق ئىدىيە خاراكتېرلىك نەرسە. ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنى پسىخىكا سۇبيېكتىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ماددىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى. پسىخىك ھادىسىلەر ئىدىيىنىڭ ئادەم مېڭىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدۇر. مەسىلەن، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ئىستاكان ھەقىقىي ماددا، ئۇنىڭدا سۇ ئىچكىلى بولىدۇ، ئەمما ئادەم مېڭىسىدىكى ئىستاكاننىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ ماددا ئەمەس، ئۇنىڭدا سۇ ئىچكىلى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت بىر خىل ئىدىيىۋى ھالەت ياكى روھىي ھادىسە، مانا بۇ پسىخىك ئىدىيىۋىلىكى.

پسىخىكىنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى دېگەندە، بۇ خىل ئىنكاسنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش شەكلى ئوبيېكتىپ ماددا بولىدۇ. ئەمما، ئىنكاس پائالىيىتى ئارقىلىق ئادەم مېڭىسىگە كىرگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىن ئۆزگەرگەن بىر خىل ئىدىيە خاراكتېرلىك تەسۋىر، يەنى پسىخىك ھادىسىدىن ئىبارەت. پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى — كۆرگەن بىر خىل ئوبيېكتىپ

نەرسىنىڭ سۇبيېكتىپ جەريانى. مېڭە پائالىيىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، سىرتقى دۇنيادىكى ماددىلاردىن ئۆزگەرگەن بىر خىل روھىي ھادىسە ياكى ئادەم مېڭىسىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىدىيە شەكلى. پسىخىك ھادىسىلەر بىر خىل ئىدىيە شەكلى ئىكەنلىكىنى ھەم پسىخىكىنىڭ ماددىي بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغانلىقىنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش تولۇق ئىسپاتلاپ بولغان.

## 3. پسىخىك پائالىيەتنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى

پسىخىك ھادىسىلەر ئادەم مېڭىسىدىكى بىر خىل ئىدىيە شەكلى. ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا قارىتا ئېيتقاندا، ئۇ بىر خىل سۇبيېكتىپ نەرسە. ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش پائالىيىتى كونكرېتنى يەككىلىكنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوخشىمىغان يەككىلىكنىڭ ئېرسىيەت ساپاسى، بىلىم تەجرىبىسى، تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى، ئىدىيىۋى ئېڭى، كەسپىي پائالىيىتى، خاسلىقى قاتارلىق تەرەپلەردىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشىمىغاچقا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن چاغدا ئوخشىمىغان سۇبيېكتىپ ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن ئىنكاسنىڭ تاللاشچانلىقى، توغرىلىقى، ئەتراپلىقلىقى، مايىللىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىدا مۇئەييەن پەرقنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا ئوخشاش سىرتقى تەسىر كىشىلەردە ئوخشىمىغان ئىنكاسنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دېمەك، «ھەركىمدە نەرسىلەرگە ئۆزىنىڭ قارىشى بولىدۇ. ھەركىم ئۆزىچە مۇھاكىمە قىلىپ چۈشىنىدۇ» مەسىلەن، ئوخشاش بىر ئورۇندىكى ئاتنىڭ ئىزىنى ئەسكەر كۆرگەندە ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆلتۈرۈش خىيالى پەيدا بولىدۇ. ئەمما، دېھقان كۆرگەندە ئاتنى قوشقا قېتىپ يەر ئاغدۇرۇش خىيالى پەيدا بولىدۇ. ئوخشاش بىر دەرسخانىدىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ دەرس مەزمۇنىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلىۋېلىشىدە بىرقەدەر چوڭ پەرق بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى يەنە يەككىلىكنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئوخشاش بىر ئادەم ئوخشىمىغان ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان ھالەتتە ئوخشاش بىر شەيئىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان ئىنكاستا ياكى ئوخشىمىغان كەچۈرمىشتە بولىدۇ. مەسىلەن: لى بەي قاتار كەتكەن تاغلارغا نەزەر سېلىپ مۇنداق ئىنكاس قايتۇرغان: «تۇمان كەتكەندە كۆل يۈزى خۇددى قاشتېشى

ئەينىكىدەك بولدى. ئۇنىڭ يۈزىدە قاتار كەتكەن تاغلارنىڭ كۆركەم ئەكسى ئايان بولدى». لېكىن، لى بەي بۇ يەردىن كېتەر ۋاقتىدا ھىجرانلىق ھېسسىياتى قوزغىلىپ مۇنداق يازغان: «بۇ تاغدىن كەتمىگىنىمدە گويا دەريا ئېقىنىغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتكەندەك بولدۇم». شۇڭا پىسخىكا مەزمۇنىنىڭ مەنبەسى ئوبيېكتىپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى سۇبيېكتىپ بولىدۇ دەيمىز. شەخسنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئىنكاس قىلىشى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا تايىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئىنكاس قىلىشى شەخسنىڭ بىلىم تەجرىبىسى ۋە ئىندىۋىدۇئال پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى شەرت قىلىدۇ ھەم سۇبيېكتىپنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئادەمنىڭ پىسخىك پائالىيىتى سۇبيېكتىپ روھىي پائالىيەت بولۇپ ئۇ يەككىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

## 4. پىسخىكىلىق ئىنكاسنىڭ پائالىيەتچانلىقى

گەرچە ئادەم پىسخىكىسى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى سۇبيېكتىپ ئىنكاسى بولسىمۇ، ئەمما ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ئەينەكنىڭ نەرسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگىنىدەك ئۆلۈك مېخانىكىلىق ئەمەس ھەم ھايۋاناتلارنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشىغا ئوخشاش پاسسىپ ئەمەس. ئۇ بىر خىل پائالىيەتچان ئىنكاس جەريانىدىن ئىبارەت بولۇپ، پىسخىكىلىق ئىنكاسنىڭ پائالىيەتچانلىقى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن پىسخىكىلىق ئىنكاسنىڭ پائالىيەتچانلىقى پىسخىكىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىۋاسىتە تەشەببۇسكار ھالدا ئادەم پىسخىك مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ ھەم ھەرخىل رېئال مۇھىتمۇ ئادەم پىسخىكىسىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى مېخانىك ھالدا بەلگىلىمەيدۇ. پەقەت ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن ئادەمنىڭ ئېھتىياج مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەندىلا، ئاندىن ئادەم ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئاكتىپلىق بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ پىسخىك پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئادەم ھەمىشە ئەمەلىيەت پائالىيىتى جەريانىدىلا ئاندىن ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمەلىيەت پائالىيىتى جەريانىدا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە تەسىر

كۆرسىتىش ۋە كىشىلەر ئارا ئالاقە ئورنىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەزگۈ ۋە ئىدراكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئەمەلىيەت جەريانى ئارقىلىق، مەسىلە ھەل قىلىش ئارقىلىق تەپەككۇرى تەرەققىي قىلىدۇ. ھەرخىل پائالىيەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق قابىلىيىتى شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ھەرخىل ماددىي مەشغۇلاتلار ئارقىلىق ماھارىتى تەرەققىي قىلىدۇ ھەمدە ئەمەلىيەت پائالىيىتى جەريانىدا ئادەمدە ھەرخىل مۇرەككەپ كەيپىيات كەچۈرمىشى ھەرخىل ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئىرادە پەزىلىتى پەيدا بولۇپ، ئەمەلىي پائالىيەت ئىخچىمۇ ئىجتىمائىيلىشىپ ۋە كۆپ خىللىشىپ، كىشىلەردە ئوخشىمىغان ئىندىۋىدۇئال پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، پسىخىكلىق ئىنكاسنىڭ پائالىيەتچانلىقى يەنە پسىخىكىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بولغان ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ ئادەمنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى تەڭشەپ تىزگىنلەش جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ كونكرېتنى قىلغاندا تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى مەخسەتچانلىق ۋە تاللاشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئادەم ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى، ئېتىقادى، بىلىم تەجرىبىسى ۋە ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى تاللاپ مەقسەتلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەم بەلگىلەنگەن پائالىيەت ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا بەلگىلىك مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەم ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ھادىسىلەرنى بىۋاستە سېزىپ ئىدراك قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئېرىشكەن ھېسسىي ماتېرىياللارنىڭ شاكىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، ساختىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ ھەقىقىيسىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىدىن ئىچىگە كىرىشتەك پىششىقلاپ ئىشلەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى بىلىدۇ.

ئۈچىنچى، مەقسەتلىك پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ. ئادەم پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋۋال كاللىسىدا پائالىيەت نەتىجىسىنى ئۇقۇم شەكلىدە شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ ھەم بۇ خىل ئۇقۇم خاراكتېرىدىكى

پائالىيەت نەتىجىسىگە ئاساسەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. پائالىيەت جەريانىدا پائالىيەتنىڭ كونكرېتنى ئەھۋالىغا قاراپ ئۈزلۈكسىز تۈزىتىدۇ. ھەتتا كاللىسىدىكى ئەسلىدە بار بولغان ئۇقۇم بىلەن پىلانىنىڭ نەتىجىسىنى توغرىلاپ بارىدۇ.

## 5. پسىخىك تەرەققىيات ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى شەرت قىلىدۇ

ئادەم بىر تەبىئىي رېئال ماددىي گەۋدە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كۆپ خىل مۇناسىۋەتتە گەۋدىلىنىدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەتتىن بىرىككەن گەۋدە.

بىرىنچىدىن، ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ ئادەم پسىخىكىسىغا بولغان تەسىرى ۋە چەكلىمىلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. «ياۋايى باللار»غا مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن ئايرىلغاندا پسىخىكىسى بولمايدۇ ھەم پسىخىكىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تارىخىي دەۋردە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئوخشىمىغان سەۋىيە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئادەم پسىخىكىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىدە ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردىكى جەمئىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، مەدەنىيەت قاتارلىقلاردا ئوخشىمىغاچقا ئايرىم پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي تارىخىي دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئىش تەقسىمات ھەم شۇغۇللىنىۋاتقان مەلۇم ئىجتىمائىي كەسپىي پائالىيەت ئادەمنىڭ پسىخىك ھالىتى بىلەن پسىخىك پائالىيىتىنى چەكلەپ، ئادەمدە مەلۇم ئالاھىدە ئىندىۋىدۇئال پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئالاھىدە بىر خىل ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئادەم بىلەن مۇھىت (تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ئۆزئارا تەسىرىنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار مۇھىتىغا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرى كۈندىن-كۈنگە سىڭىپ كىردى. شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى كىشىلەر بىرىنچى ئورۇندىكى مۇھىت ئامىلى بولغان

ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇلار دەل مۇئەييەن مەدەنىيەت بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ماسلىشىپ بىرلىككە كېلىشىگە تايىنىدۇ. بىز ئەتراپىمىزدىكى مۇشۇ خىل دۇنيادىكى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكىدىن ئىبارەت توغرا لىنىيىدىن قارىساق ئىجتىمائىي تۈزۈم، رايون، ئىرق، دىنىي ئېتىقاد شەكلى ئوخشىمىسا، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ياكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئاتمۇسفېراسى ئوخشىمايدۇ ھەم مەدەنىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىجاد قىلىنىپ تەرەققىي قىلىشىدىن، يەنى تۈز لىنىيىسىدىن قارىساق، «تەلەي، ئامەت يۆتكىلىدۇ. ئەدەپ-يوسۇن ئۆزگىرىدۇ» دېگەندەك ئوخشىمىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىياپىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەم جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىدە ھەر ۋاقىت مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا مۇئەييەن مەدەنىيەتنى دورايدۇ ۋە تەقلىد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ۋە ھەرىكەت شەكلى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ چەكلىمىسى ۋە بەلگىلىشىگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئوخشىمىغان مەدەنىيىتى غەرب بىلەن شەرق مىللەتلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقىنى شەكىللەندۇرگەن. ئوخشاشلا ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ پسىخىك تەپەككۇر شەكلى، قىممەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىدىمۇ شۇنىڭغا ماس بولغان ئۆزگىرىشلەرمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پسىخىكىلىق جەھەتتە شۇنىڭغا ئۇيغۇنلىشىدۇ ياكى زىتلىشىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ پسىخىكا مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ پسىخىك ئەھۋالى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى شەرت قىلىدۇ.

## § 3 . پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى

پسىخولوگىيە ئۆگىنىشتە پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەشتىن سىرت يەنە زۆرۈر بولغان تەتقىق قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ، پەننىي چۈشەنچە ۋە پوزىتسىيە ئارقىلىق تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش جەريانىدىكى پسىخولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

# 1. پسخولوگىيىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

پسخولوگىيە تەتقىقاتىنى پەننىڭ تەلىپى بويىچە ئېلىپ بېرىش زۆرۈر. پسخولوگىيە تەتقىقاتىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

## 1. ئوبيېكتىپلىق پرىنسىپى

ئوبيېكتىپلىق پرىنسىپى. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە ئاساسەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە ئادەم پسىخىكىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، ئۆزگىرىشىنى ھەقىقىي بايان قىلىش ۋە ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. پسخولوگىيە تەتقىقاتىدا ئوبيېكتىپلىق بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى، پسىخىك پائالىيەت بىر خىل سۇبيېكتىپ روھىي پائالىيەت بولۇپ، ئىچكى يوشۇرۇنلۇققا ئىگە، شۇڭا پسىخىك پائالىيەت تەتقىقاتىدا ھەر دائىم ھەرىكەتنى تەكشۈرۈش، سىناق قىلىش ئاساسىدا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر. ھەربىر ئادەمدە ئۆزىنىڭ پسىخىك كەچۈرمىش ۋە سۇبيېكتىپ ئىرادە بولغاچقا، تەتقىقاتچى تەتقىقات جەريانىدا ئۆزىنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ياكى سۇبيېكتىپ كەچۈرمىشى بىلەن كۆزىتىشتىن ئېرىشكەن پاكىتلارنى پسىخىك پائالىيىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشى، ھەتتا ئۇنىڭ ئورنىغا بۇنى ئىشلىتىپ قويۇشى نەتىجىسىدە پاكىت بۇرمىلىنىپ كېتىشى، ئادەم سۇبيېكتىۋىزملىق ئەھۋالىغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن، شۇڭا بىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ھەقىقىي ئوبيېكتىپ ھالدا تەكشۈرۈشىمىز زۆرۈر.

## 2. سىستېمىلىق پرىنسىپى

سىستېمىلىق پرىنسىپى. ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ۋە ھەرخىل پسىخىك ھادىسىلەرنى شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى باغلىنىش ۋە پۈتۈنلۈك نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۆزگىرىشى يەككە-يېگانە

ئەمەس، ئۇ كۆپ خىل ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاشۇ كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولىدۇ. پسىخىك پائالىيەت فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەت، مۇھىتتىكى غىدىقلاش، ھەرىكەت ئىنكاسى شەخسنىڭ ئىلگىرىكى پسىخىك ھالىتى ھەم شەخسنىڭ ئىلگىرىكى بىلىم تەجرىبىسى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئادەم پسىخىكىسى پۈتۈنلۈك خاراكتېرىگە ئىگە. ھەرخىل كونكرېتنى پسىخىك ھادىسىلەر زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئۆزئارا سىڭىشىدۇ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەلۇم پسىخىك ھادىسىلەرنى تەكشۈرگەندە، مۇئەييەن سىستېمىلىق نۇقتا نەزەرى بولۇشى، كۆپ خىل ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش ۋە تەسىرىگە دىققەت قىلىشى لازىم.

## 3. تەرەققىيات پرىنسىپى

تەرەققىيات پرىنسىپى. ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىگە تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش نۇقتىئىينەزىرىدىن مۇئامىلە قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ھەرخىل پسىخىك ھادىسىلەرنى تۇرغۇن، مۇقىم دەپ قاراشتىن قاتتىق ساقلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى بىر خىل مۇقىملىقى نىسپىي، ئۆزگىرىشى مۇتلەق بولغان ھەرىكەت ھالىتى جەريانىدىن ئىبارەت شەخس ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئېرىشكەن غىدىقلاش. بىلىم تەجرىبە ئەمەلىيەت پائالىيىتى قاتارلىقلارنىڭ رولى ۋە تەسىرىدە پسىخىكا ھەر دائىم ھەرىكەت ئۆزگىرىشى ئىچىدە تۇرۇپ پسىخىك قۇرۇلمىسىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە قايتا قۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىگە تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش نۇقتىئىنەزىرىدە مۇئامىلە قىلىپ، رېئال ھالەت بىلەن ئىلگىرىكى ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنىڭ يۆزلىنىشى ۋە كەلگۈسى مەنزىرىسىنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم.

## 4. ئەخلاقلىق پرىنسىپى

ئەخلاقلىق پرىنسىپى. پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئېتىكا پرىنسىپلىرى بويىچە رېئايە قىلىپ، ئادەمنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە دەخلى-تەرۇز ۋە زىيانغا ئۇچراشتىن ساقلاش شەرتى ئاستىدا، ئادەمنىڭ ساغلاملىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم تەتقىقات ئېلىپ

بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئېتىكا قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىكى بىر مۇھىم پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ دائىملىق ئوبيېكتى باللار، ئۆسمۈرلەر، ياشلار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تەتقىقات ۋاقتىدىكى مەشغۇلات مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلمىسا، باللار، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇش، زىيانلىق ياكى پاسسىپ تەسىرلەرنى بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، تەجرىبە سەۋەبىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتقى دۇنيادىكى غىدىقلارنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى چەكلىمىگە ئۇچرىسا ياكى مەھرۇم قىلىنسا، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتكە ماسلىششىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پسىخىكىلىق مەسلىھەت سورىغاندا ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەخسىي سىرى قوغداپ قېلىنمىسا، ئۇلارغا مەنىۋى جەھەتتە، نام-ئابرۇي جەھەتتە زىيان سالغان بولۇپ قالىمىز. شۇڭا، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا تېما تاللاش، تەتقىقات لايىھىسىنى پىلانلاش، تەتقىقات پىلانىنىڭ تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش، تەتقىقات نەتىجىسىنى چۈشەندۈرۈش، ماتېرىياللارنى ساقلاش قاتارلىق تەرەپلەردە ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىپ، سىناق قىلىنغۇچىنىڭ جىسمانىي پسىخىك تەرەققىياتى ۋە شەخسىي تۇرمۇشىغا تەتقىقات سەۋەبىدىن زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. بىر مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى ئۆزىنىڭ تەتقىقات پائالىيىتىنىڭ تەلىم-تەربىيە خىزمىتىدىكى ئەھمىيىتىنى تولۇق مۇھاكىمە قىلىپ، تەتقىقات خىزمىتىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان تەلىم-تەربىيە تەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

## 2. پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي ئۆزگەرىشچان مىقدارلار

ئۆزگىرىشچان مىقدارلار — پسىخولوگىيە تەتقىقاتى جەريانىدىكى سىنالغۇچى بىلەن مەشغۇلات ئامىللىرىنىڭ خاراكتېرى ياكى شەرتلىرىنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتىكى دائىملىق ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزگىرىشچان مىقدار بىلەن تۇراقلىق سان قارىمۇقارشى بولۇپ، ئۇ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مىقدارلىق سانلاردىن ئىبارەت. تەكشۈرۈش ۋە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشچان مىقدار

مۇناسىۋىتى ئوخشىمىغاچقا، ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نامىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەمما، ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنىڭ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن غىدىقلىغۇچىلارنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى، يەككىلىكنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى ۋە ئىنكاستىكى ئۆزگىرىشچان مىقدارلاردىن ئىبارەت. ئەڭ ئاساسلىقى ئۈچ خىل ئۆزگىرىشچان مىقدارلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1. غىدىقلىغۇچىلارنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى

غىدىقلىغۇچىلارنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ياكى ھەرىكىتىدە ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدىغان غىدىقلىغۇچى ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ياكى ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدىغان غىدىقلىغۇچىلارنىڭ سان ۋە سۈپىتى ئوخشاش بولمايدۇ. غىدىقلىغۇچى يەككىلىككە تەسىر قىلىپ ئىنكاس پەيدا قىلىدىغان ئىش ياكى كۆرۈنۈش ئامىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، شەكلىمۇ خىلمۇخىل. غىدىقلىغۇچىلارنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسەن سىرتقى غىدىقلىغۇچ ۋە ئىچكى غىدىقلىغۇچ دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. سىرتقى غىدىقلىغۇچ ئورگانىزمنىڭ سىرتىدىكى مۇھىتتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ تەبىئەتتىكى غىدىقلىغۇچ ۋە ئىجتىمائىي غىدىقلىغۇچ دەپ بۆلۈنىدۇ. ئىچكى غىدىقلىغۇچى ئورگانىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرخىل پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ۋە پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلەردىن كەلگەن. غىدىقلىغۇچىنىڭ ماددىي خاراكتېرىگە ئاساسەن تەبىئەت خاراكتېرلىك غىدىقلىغۇچ ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك غىدىقلىغۇچ دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدىنقىسى ئاۋاز، نۇر، ئېلېكتر، تېمپېراتۇرا، پۇراق، تەم، تېگىش، بېسىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكىسى ئىجتىمائىي ھادىسە، ئىجتىمائىي پائالىيەت كەيپىياتى، ھاۋا كېلىماتى، ئادەملەرنىڭ تىلى، مىمكا ۋە چىراي ئىپادىسى ھەم ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان مەنە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك غىدىقلىغۇچىلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك باغلىنىش بار.

پسىخىك پائالىيەت بىلەن ھەرىكەت ئىنكاسىنى غىدىقلىغۇچ پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزگىرىش مىقدارى پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا ئالدى بىلەن تەكشۈرۈلىدىغان ئۆزگىرىشچان مىقدار ھېسابلىنىدۇ.

ئوخشىمىغان غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارىغا ئاساسەن، بىز ئادەمدە قانداق پسىخىكا بىلەن ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلەيمىز ھەم غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزگىرىش مىقدارىنى تەڭشەش ئارقىلىق، يەككىلىكنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ۋە ھەرىكەت ئىنكاسىنى تەڭشەپ تىزگىنلەلەيمىز.

## 2. يەككىلىكتىكى ئۆزگىرىشچان مىقدارلار

يەككىلىكتىكى ئۆزگىرىشچان مىقدار يەنە يەزىلەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشچان مىقدارمۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئاساسلىقى تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان تۇر ھەم دەرىجە قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىك ياكى پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر مەۋجۇت، بۇ پەرقلەر ئاساسلىقى فىزىئولوگىيە، پسىخىكا، بىلىم ۋە تەجرىبە قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى پەرقلەر ئىرسىيەت ساپاسى، جىنسىي ئايرىمىسى ۋە يېتىلىش جەھەتتىكى پەرقلەرنى كۆرسىتىدۇ. پسىخىكا جەھەتتىكى پەرقلەر خاراكتېر، مىجەز، قابىلىيەت، قىممەت قارىشى، قىزىقىش قاتارلىق جەھەتتىكى پەرقلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىلىم جەھەتتىكى پەرقلەر، مەسىلەن، ئوقۇش يىلى، بىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى ۋە كەسىپ دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتتىكى پەرقلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەجرىبە جەھەتتىكى پەرقلەر شەخسنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىش كەچۈرمىشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەككىلىكنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى پەرقلەرنى فىزىئولوگىيە تەتقىقاتىدا پۈتۈنلەي يەككىلىكنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارىدىن تەكشۈرۈشكە بولىدۇ. پسىخىك پائالىيەت بىلەن ھەرىكەت ئىنكاسى شەخسنىڭ تېنىدە پەيدا بولۇپ يەككىلىكنىڭ بەلگىلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا يەككىلىكنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. يەككىلىكنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى يەككىلىكنىڭ غىدىقلاشنى بىلىش بىلەن ھەرىكەت ئىنكاسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ھەتتا ئوخشىمىغان يەككىلىكتە ئوخشاش بىر غىدىقلاشقا قارىتا ئوخشىمىغان پسىخىكا بىلەن ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ ياكى ئوخشىمىغان غىدىقلىغۇچ ئوخشاش بولغان پسىخىكىلىق ئىنكاس بىلەن ھەرىكەت ئىنكاسىنى پەيدا قىلىدۇ.

## 3. ئىنكاستىكى ئۆزگىرىشچان مىقدارلار

ئىنكاستىكى ئۆزگىرىشچان مىقدار — يەككىلىك ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ھەرىكەت ئىنكاسى بىلەن تىل ئىنكاسىدىن ئىبارەت تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەرىكەت ئىنكاسىنىڭ ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى ئاساسلىقى: ئىنكاس سۈرئىتىدىكى پەرقلەردە، مەسىلەن، ئوخشىمىغان يەككىلەر ئوخشاش بىر تۈردىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى ئوخشىمايدۇ ياكى ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندىغان ۋەزىپىلەرنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىنكاسنىڭ توغرىلىقى جەھەتتىكى پەرقلەردە مەسىلەن، ئويغۇنلىشىش خاراكتېرىدىكى ئىنكاس مىقدارى ھېسابلاشنىڭ توغرا-خاتالىق قېتىم سانى، نىشان تاللاشنىڭ توغرىلىق نىسبىتى قاتارلىقلار. ئىنكاسنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى جەھەتتىكى پەرقلەر، مەسىلەن، ئوخشىمىغان يەككىلىكنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەردە يېتىدىغان سەۋىيىسى ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئىنكاسنىڭ قېتىم سانى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى جەھەتلەردىمۇ پەرقلەر بولىدۇ.

ھەرىكەت ئىنكاسى ئادەم پسىخىك پائالىيىتىنىڭ سىرتقى ھەرىكەت ئىپادىسى بولۇپ، ئىنكاستىكى ئۆزگىرىشچان مىقدار كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئىنكاسى تەرەپلەردىكى پەرق ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى بىلىشتە كىشىلەرنىڭ پسىخىكىلىق پەرقلىرى تەمىنلەپ بەرگەن ئوبيېكتىپ كۆرسەتكۈچلەرنى تەكشۈرۈشىمىز لازىم.

پسىخولوگىيە تەتقىق قىلىدىغان مەسىلىلەر گەرچە ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي ئالاقىدار دائىرىنى، مۇھىمى يۇقىرىدا بايان قىلغان ئۈچ خىل ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن تەكشۈرۈش لازىم. مەسىلەن، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرگەندە يەككىلىكنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى بىلەن غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش؛ ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرگەندە، غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارىنىڭ ئىنكاسىنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى

تەتقىق قىلىش؛ مەشىق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرگەندە، غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارىنىڭ يەككىلىكنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرگەندە، يەككىلىكنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارىنىڭ ئىنكاسىنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش لازىم.

## 3. پسىخولوگىيىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي جەريانلىرى

### 1. تېما تاللاش ۋە بېكىتىش

ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى قەدىمى مەسىلىنى بايقاش ھەم تېما تاللاش ۋە بېكىتىش. ئادەم نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى بولۇشى ناتايىن، ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى شەيئىلەر ئارىسىدىكى ياكى ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش بولۇشى كېرەك. ئەگەر تەتقىقاتچى بىرەر ئىلمىي تېمىنى تاللىغان بولسا ھەمدە تەتقىقات نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئاۋۋال، ئەسلىدە ئىگىلىگەن ئىلمىي قائىدىلەر ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىپ بۇ مەسىلىگە قارىتا بىر خىل سىناش ياكى پەرەز خاراكتېرلىك يەكۈن چىقىرىدۇ، يەنى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مانا بۇ تەتقىقات تېمىسىنى بېكىتىش ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تېما تاللاش ۋە بېكىتىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، تەقەززالىق، يەنى تېما پسىخولوگىيىدە قوللىنىدىغان ياكى تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتىدە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر. ئىككىنچى، يولغا قويۇشنىڭ يۈنىلىشچانلىقى، بۇنى ھازىر بار بولغان سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتقا ئاساسەن ئورۇندىيالاش. ئۈچىنچى، يېڭىلىق يارىتىشچانلىقى، يەنى يېڭى ئوي-پىكىرگە تېما بولۇش، ئەمما ئىلگىرى بېكىتىلىپ بولغان تېما بولماسلىقى لازىم. تېما تاللاش ۋە بېكىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە يوللىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، 'رېئال تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا تېما

تاللاش، شۇنىڭدەك نەزەرىيە ئۆگىنىش جەريانىدا تېما بېكىتىش؛ ھۆججەت، ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش جەريانىدىمۇ تېما ئىزدەشكە بولىدۇ، يەنە ئىلگىرىكى بەزى مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئاساسىدا قول سېلىش ۋە كېڭەيتىش ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق.

## 2. تەتقىقات لايىھىسىنى بەلگىلەش

تەتقىقات لايىھىسى تېمىنىڭ خاراكتېرى بىلەن قويۇلغان پەرەزگە ئاساسەن، تەتقىقات لايىھىسى بەلگىلەش ۋە مەشغۇلات پىلانىنى يۈرگۈزۈشتۇر. تەتقىقات لايىھىسى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

بىرىنچى، تەتقىقات ئوبيېكتىنى بەلگىلەش. يەنى: قانداق ئادەمنى سىنالغۇچى قىلىپ تاللاش، سىناق قىلىنغۇچىنىڭ سانى، ئالاھىدىلىكى ھەم تاللاش دائىرىسى، ئورنى قاتارلىقلار ئېنىق بولۇشى لازىم. پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا ھەر دائىم ئاز ساندىكى ئادەملەر سىناق قىلىنىشقا تاللىۋېلىنىپ، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسى ياكى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوخشىشىدىغان بارلىق ئادەملەر ئۈستىدە يەكۈن چىقىرىپ چۈشەندۈرۈش، تاللانغان ئايرىم ئادەملەردىن پايدىلىنىپ (ئومۇمىي گەۋدىنى) چۈشەندۈرۈش.

تاللانغان ئايرىم ئادەملەر ئىشەنچلىكى، تىپىكلىكى ئومۇمىي گەۋدىگە ھەقىقىي ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، تەتقىقات لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئومۇمىي گەۋدە ئىچىدىن ھەقىقىي ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئايرىم ئادەملەرنى قانداق تاللاشنى ئويلىشىش، سىناق قىلىنغۇچىلارنى تاللىۋېلىش ئالاھىدىلىكى ۋە سانى ئۈستىدە تولۇق ئويلىشىش لازىم. تاللىۋېلىش پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ سىناق قىلىنغۇچىنى بەلگىلەشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئۈنۈملۈك بىر خىل شەكلى بولۇپ، تاسادىپىي تاللاش، قاتلامغا ئايرىپ تاللاش ۋە پۈتۈنلۈك بويىچە تاللاش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

ئىككىنچى، ھەرخىل ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنى ئىگىلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش: تەتقىقات لايىھىسىنى بېكىتكەندە پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشچان مىقدارلار بىلەن باشقا ئۆزگىرىشچان مىقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كونكرېت مۇھاكىمە قىلىش، مۇناسىۋەتلىك ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنى قانداق تىزگىنلەش ياكى مۇناسىۋەتسىز ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنى قانداق چىقىرىپ تاشلاشنى مۇھاكىمە قىلىش، بولۇپمۇ ئۆزگىرىشچان مىقدارنىڭ

ئۆزىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزگىرىشچان مىقدارنىڭ فۇنكسىيىلىك باغلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تەتقىقات لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. ئادەتتە تەتقىقات لايىھەسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، غىدىقلىغۇچى ئەركىن ئۆزگىرىشچان مىقدار، ئىنكاس ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان مىقدار بولۇش بىلەن بۇ ئارقىلىق ئورگانىزم ئىنكاسىنىڭ غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ يەنە بىرى، ئورگانىزم ئۆزگىرىشچان مىقدار، ئەركىن ئۆزگىرىشچان مىقدار، ئىنكاس ئۆزگىرىشچان مىقدار، ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان مىقدار بولۇش بىلەن ئورگانىزم ھەرىكىتىنىڭ شەخسنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرخىل ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنى بىر تەرەپ قىلغان ۋە ئىشلىگەن ۋاقىتتا تەتقىقات جەريانىدا تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆزگىرىشچان مىقدار ئىكەنلىكىنى كۆزىتىپ ئۆلچەيدىغان ئۆزگىرىشچان مىقدارنىڭ نىمىلىكى، تىزگىنلىنىدىغان ياكى چىقىرىپ تاشلىنىدىغان ئۆزگىرىشچان مىقدارنىڭ نىمىلىكى، تەتقىق قىلىنىدىغان ئۆزگىرىشچان مىقدار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چوقۇم ئەتراپلىق، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە قورالىنى تاللاش. تەتقىقات لايىھەسىنى بەلگىلەشتە تەتقىقات جەريانىدا قانداق ئۇسۇلنى تاللاشنى مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر. مەسىلەن، كۆزىتىش ئۇسۇلى، تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىقلار. ھەرخىل تەتقىقات ئۇسۇللىرى ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئوخشىمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋاقتىدىكى ئىقتىدارى ۋە رولى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، تەتقىقات تېمىسىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇسۇلنى تاللاپ پايدىلىنىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تەتقىقات جەريانىدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئۈسكۈنە ۋە قوراللارنى مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر. مەسىلەن، كومپيۇتېر، رەسىم تارتىش ئاپپاراتى، سىنئالغۇ، سىناش جەدۋىلى قاتارلىقلار.

### 3. ماتېرىيال توپلاش

تەتقىقات لايىھەسى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، تەتقىقاتنى يولغا قويۇش ۋە لايىھەنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ ھەم بۇ جەرياندا تەتقىقات

ئوبيېكتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىشكە دائىر تەتقىقات ماتېرىياللارنى توپلاش لازىم. ئوخشىمىغان تەتقىقات لايىھىسىدە، ماتېرىيال توپلاشنىڭ ئۇسۇللىرى ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل يولنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بىرى، ئىزدىنىش ۋە تەكشۈرۈپ كۆزدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ياكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش؛ يەنە بىرى، مەسىلىگە بولغان تونۇشنىڭ مەشغۇلاتى، تەتقىقات جەريانىدا ئېرىشكەن ھەرخىل سانلىق مەلۇمات، پاكىت ۋە ھادىسە قاتارلىقلارنى خاتىرىلەش. ئالدىنقىسى، باشقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا ئۆرنەك قىلىش، پايدىلىنىشتۇر. كېيىنكىسى، ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا تېمىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى بىلەن نەتىجىسىنى بىۋاسىتە چۈشەندۈرۈش بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئىنتايىن مۇھىم. ماتېرىيال توپلاشتا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئۆزىنىڭ تەتقىقات پەرىزىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توپلاش كېرەك بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل ماتېرىياللارنى توپلاش ياكى دىققەت قىلىشلا ئەمەس، بەلكى باشقا ۋاستىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ياكى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولىدىغان ماتېرىياللارغىمۇ ئېتىبارسىز قارىماسلىق لازىم.

### 4. ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىش

توپلانغان ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە ئانالىز قىلىش، بۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش لازىم. ماتېرىيالنى رەتكە سېلىش ئادەتتە مېغىزىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاش بىلەن سىستېمىلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېغىزىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش: يەنى توپلانغان ماتېرىيال ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش؛ مۇكەممەل، تولۇق، ھەقىقىي ۋە ئېنىق ماتېرىياللارنى ساقلاپ قېلىش، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاش. يەنى، ماتېرىيالغا قارىتا تاللاش ئېلىپ بېرىش. مۇناسىۋەتسىزلەرنى چىقىرىپ تاشلاش، خاتا ۋە ساختا ماتېرىياللارنى شاللىۋېتىپ تەتقىقات مەقسىتىگە ماسلىشالايدىغان، ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە، تىپىك ماتېرىياللارنى تاللاپ قوبۇل قىلىش، سىستېمىلاشتۇرۇش. يەنە بىرىنچى قول تەركىبلەرنى رەتكە سېلىش، قاتلاملىرىنى سىستېمىغا تۇرغۇزۇشنى كۆرسىتىدۇ. ماتېرىيالنى ئانالىز قىلىش سۈپەت ئانالىزى بىلەن مىقدار ئانالىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقىسى، «ئىسمى بار جىسمى

يوق» ياكى «راست، يالغان» مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق تەتقىقات ئوبيېكتىغا قارىتا «ماھىيەتلىك» ئانالىز ئېلىپ بېرىشنى؛ كېيىنكىسى، مەسىلىنىڭ «ئاز-كۆپ»لىكىنى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ «مىقدار»لىق مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ماتېرىيالنى ئانالىز قىلىشقا نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن ستاتىستىكا زۆرۈر ياردەم بېرىپ، سۈپەت ئانالىزى بىلەن مىقدار ئانالىزىنى ئەڭ ياخشى بىرلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 5. يەكۈن چىقىرىش

ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق تەتقىقات قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ئېخىمۇ تولۇق بايان قىلغىلى، چۈشەندۈرگىلى، باھا بەرگىلى، تەتقىق قىلغان مەسىلىلەر ھەققىدە يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ.

چىقىرىلغان يەكۈن بىلەن ئالدىن تاللانغان پەرەزنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇشنىڭ ئىككى خىل ئىمكانىيىتى بار. بىرى، يەكۈن بىلەن پەرەزنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ پەرەزنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى؛ يەنە بىرى، يەكۈن پەرەزنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلىك ياكى پەرەزنى قىسمەن سىناقتىن ئۆتكۈزۈش. تەكرار سىناقتىن ئۆتكەن پەرەز ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ، بەلكىم مەلۇم خىل نەزەرىيە ياكى قانۇنىيەت بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر پەرەز سىناقتىن ئۆتمىسە، تەتقىقاتچى ئۇنىڭ پەرىزىگە قارىتا زۆرۈر بولغان تۈزىتىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن كېيىن تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى قايتا سىناقتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. تەتقىقات پائالىيىتى ئارقىلىق چىقىرىلغان يەكۈنلەرنى كىتابلاشتۇرۇش، تەتقىق ئەسىرى يېزىش (دىسسېرتاتسىيە، مەخسۇس ئەسەر تەتقىقات دوكلاتى قاتارلىقلار)، ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىنى يازغاندا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ھەقىقىي پاكىتلىرىنى خاتىرىلەش ھەم ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى سىستېمىلىق بايان قىلىش لازىم.

# 4. پسىخولوگىيىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى

## 1. كۆزىتىش ئۇسۇلى

كۆزىتىش ئۇسۇلى — تەتقىقات ئوبيېكتىنى پىلانلىق، سىستېمىلىق

كۆزىتىش ئارقىلىق تەتقىقات ماتېرىيالىغا ئېرىشىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. كۆزىتىش ئۇسۇلى ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدىكى ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ ئاساسلىق، قوللىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان بىر خىل تەتقىقات ئۇسۇلى. كۆزىتىش كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىشىنىڭ ئاساسىي شەكلى، ئەمما ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدىكى كۆزىتىش بىلەن ئادەتتىكى كۆزىتىش ئوخشىمايدۇ. ئادەتتىكى كۆزىتىش تەبىئىي ھالدا بولىدىغان تاسادىپىيلىققا ئىگە، ئىلمىي كۆزىتىش بىر خىل مەقسەتلىك، پىلانلىق، سىستېمىلىق كۆزىتىشتىن ئىبارەت.

كۆزىتىش ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىل شەكىللىرى بار. كۆزىتىش ۋاقتىدا ئۇسكۇنە-ئەسۋابلاردىن پايدىلىنىش-پايدىلانماسلىققا ئاساسەن سەزگۈ ئەزالىرىغا تايىنىپ بىۋاسىتە كۆزىتىش ۋە ئەسۋابلارنى ئىشلىتىپ ۋاسىتىلىك كۆزىتىش دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. كۆزەتكۈچى بىلەن كۆزىتىلگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن قاتنىشىپ تۇرۇپ كۆزىتىش ۋە قاتناشماي تۇرۇپ كۆزىتىش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقىسىدا كۆزەتكۈچى كۆزىتىلگۈچىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ. كېيىنكىسىدە كۆزەتكۈچى كۆزىتىلگۈچىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشماي، يان تەرەپتىن كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ. كۆزىتىش يەنە كۆزىتىش ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىش ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۆزىتىش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقىسى، بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە سىستېمىلىق كۆزىتىشنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكىسى، مەلۇم بىر ئالاھىدە ۋاقىت ئىچىدە كۆزىتىشنى تاماملاشنى كۆرسىتىدۇ.

كۆزىتىش ئۇسۇلىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچىسى، كۆزىتىلگۈچىنىڭ پسىخىكىسى ۋە ھەرىكىتىنى، كۆزىتىلگەن ئورۇننىڭ ئۆزىنىلا خاتىرىلەش. ئىككىنچىسى، بىۋاسىتە كۆزىتىلگۈچى ياكى ئوگۈي دوكلات قىلالمايدىغان ۋە مەلۇم قىلالمايدىغان ماتېرىياللارنى توپلاش. ئۈچىنچى، كۆزىتىلگۈچىنىڭ تەبىئىي مۇھىتتا ئىپادىلەيدىغان ھەقىقىي ئىپادىسىنى ئىگىلەش. تۆتىنچى، كۆزىتىلگۈچىنىڭ مەخسۇس ماسلىشىشىغا ئېھتىياجلىق بولمايدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاسان بولىدۇ. كۆزىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئاساسلىقى ئېرىشىلگەن ماتېرىياللارنى ھەقىقىي، تەبىئىي ئېلىپ بېرىش ئاسان بولىدۇ، ئەمما كۆزىتىش ئۇسۇلىدا كۆپىنچە پەقەت ۋەقەلىكنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنىلا چۈشەنگىلى بولىدۇ. يەنى

«بۇ نېمە» دېگەننى چۈشەندۈرۈپ، «نېمە ئۈچۈن» دېگەنى چۈشەندۈرۈش تەس.

كۆزىتىشتە توغرا بولغان ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىش لازىم.

1. كۆزىتىشتە ئېنىق مەقسەت بولۇش لازىم.

2. كۆزىتىش سىستېمىلىق، مۇكەممەل ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

3. ھەر ۋاقىت ئەينەن خاتىرە قالدۇرۇش لازىم.

4. كۆزىتىشنى كۆزىتىلگۈچى تەبىئىي ھالەتتە تۇرغاندا ئېلىپ بېرىش لازىم.

## 2. تەكشۈرۈش ئۇسۇلى

تەكشۈرۈش ئۇسۇلى سوئال سوراش شەكلىدە، ماتېرىيال توپلاش شەكلىدە ھەرخىل پاكىتلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ياكى مۇناسىۋەتنى ئېنىقلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىكى ئاساسىي مەقسەت — ئۆزگىرىشچان مىقدارلار ئارىسىدىكى باغلىنىش ھەم دەرىجىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئوخشىمىغان يەككىلىك ئوتتۇرىسىدىكى پسىخىكىلىق ياكى ھەرىكەت جەھەتتىكى ئايرىم پەرقلەرنى ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت.

تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئاغزاكى تەكشۈرۈش ۋە يازما تەكشۈرۈش دەپ ئەڭ ئاساسلىق ئىككى خىل شەكلى بار. ئاغزاكى تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق سۆھبەتلىشىپ تەكشۈرۈش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تەكشۈرۈلگۈچى بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ماتېرىيال توپلاش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

يازما تەكشۈرۈش — يازما سوئال سوراش ئارقىلىق تەكشۈرۈش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىق شەكلى ئارقىلىق لايىھەلەنگەن سوئال قەغىزى ياكى جەدۋەللەردىن پايدىلىنىپ تەكشۈرگۈچى ماتېرىيال توپلايدىغان ئۇسۇل، زىيارەت قىلىش سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئاساسلىق: بىرىنچى، جانلىقلىق چوڭ؛ تەكشۈرگۈچى مەسىلىنىڭ سۈرئىتى ۋە تەرتىپىنى ھەرقانداق تەڭشەپ تۇرالايدۇ؛ ئىككىنچى، قوللاش دائىرىسى كەڭ؛ ئۈچىنچى، كونتروللۇقى كۈچلۈك؛ تۆتىنچى، دوكلات بېرىش ئۈنۈمى يۇقىرى. ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى ئاساسلىقى: ئۆزىنى يوشۇرۇشچانلىقى

تۆۋەن، تەكشۈرۈلگۈچى ھەرخىل ئەندىشىلەر سەۋەبىدىن ھەقىقىي جاۋاب بەرمەيدۇ. خاتا چۈشىنىپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەسىلىدە ئاسانلا ئېغىش كېلىپ چىقىدۇ. ئۆلچەملىك بولۇش دەرىجىسى تۆۋەن، ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇش قىيىن. يازما سوئال ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى: بىرىنچى، قوللىنىش دائىرىسى كەڭ؛ ئىككىنچى، ئۈنۈمى يۇقىرى، سەرپىياتى تۆۋەن. بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە زور مىقداردىكى ماتېرىياللارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئىلمىي تاللاش ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىدە ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ.

تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تۆۋەندىكى قەدەم باسقۇچلارغا رىئايە قىلىش لازىم.

1. تېمىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈش ئوبيېكتى، ئورنىنى بېكىتىش، مۇۋاپىق تەكشۈرۈش تۈرى ۋە ئۇسۇلىنى تاللاش لازىم.

2. تەكشۈرۈشنىڭ كونكرېتنى مەزمۇنىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. مەزمۇن تەكشۈرۈش تېزىسى، تەكشۈرۈش جەدۋىلى ھەم سىناق تېمىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

3. تەكشۈرۈشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش. بۇ خادىملارنى تەربىيىلەش، ئەسۋابلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تەشكىلىي تەييارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. تەكشۈرۈشنىڭ تەييارلىق سىنىقىنى ئىشلەپ، مەسىلە بايقالسا تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنىنى تۈزىتىش لازىم.

5. تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش.

6. تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى رەتلەش، ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىش، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ستاتىستىكىلاش لازىم.

### 3. سىناق ئۇسۇلى

سىناق ئۇسۇلى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن جەدۋەللىرى ئارقىلىق سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى ھەم پسىخىكىلىق پەرقلىرىنى تېپىپ چىقىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. سىناق ئۇسۇلىدا تايىنىدىغان سىناق قورالى — پسىخىكىلىق ئۆلچەم جەدۋىلىدىن ئىبارەت. ئۆلچەم جەدۋىلى بىر خىل ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن مەسىلىلەرنى

ئۆلچەش سىستېمىسى ۋە نومۇر قويۇش سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ ئابرۇيلۇق ئورگانلار ياكى مۇتەخەسسىس-ئالىملارنىڭ مەسئۇللۇقىدا تەشكىللىنىپ بېكىتىلگەن. ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ ھەم قېلىپلاشقان ئۆلچەم بار. نىمە بەلگىلەش، سىناق قىلىشتىن ئۇقۇپ نومۇر قويۇشقۇچە بولغان ھەربىر ھالقىدا ئىلمىي بەلگىلىمىگە ۋە تەلەپكە قاتتىق رىئايە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سىناق مەقسىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن سىناقنى ئەقلىي سىناق، قابىلىيەتنىڭ مايىللىقىنى سىناش، خاراكتېرنى سىناش دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. بىر قېتىملا سىنايدىغان ئوبيېكتلارنىڭ سانىغا ئاساسەن يەككە سىناق ۋە كوللېكتىپ سىناق دەپ بۆلۈنىدۇ. سىناق ماتېرىياللىرىنىڭ ماھىيىتىگە ئاساسەن يازما سىناق ۋە غەيرىي يازما سىناق دەپ بۆلۈنىدۇ (رەسىم ۋە ماددىي مەشغۇلاتلاردىن تەركىب تاپقان سىناق).

قانداق خىلدىكى سىناق ئېلىپ بېرىشتىن قەتئىينەزەر ھەممىسىدە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.

1. تەتقىقات مەقسىتىگە ئاساسەن مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆلچەم قورالىنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم.

2. سىناق قىلغۇچىلار سىناققا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆزىدە ھازىرلاپ، ئۇنى سىناق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى بىلەن ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، بەلگىلىمىگە قاتتىق رىئايە قىلغان ئاساستا سىناقنى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىشى لازىم.

3. سىناق قوللانمىسىدا بەلگىلەنگەن خاتىرىلەپ نومۇر قويۇش ئۇسۇلى ۋە نەتىجىلەرنى ستاتىستىكىلاشقا قاتتىق رىئايە قىلىش لازىم.

4. سىناقتا ئېرىشكەن نومۇرلارنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاساسى بولۇش، ئۆز مەيلىچە چۈشەندۈرمەسلىك لازىم.

## 4. تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى

تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى: تەجرىبە قىلغۇچى تىزگىنلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا مەلۇم خىل ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنى سىستېمىلىق باشقۇرۇپ تۇرۇپ، مۇشۇ خىل ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنىڭ ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارغا قارىتا پەيدا بولغان تەسىرىنى تەكشۈرۈپ، پسىخىكىلىق پائالىيەتنىڭ قانۇنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

تەجرىبە تەتقىقاتىدا تەجرىبە قىلغۇچىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۆزگەرگۈچى

مىقدار، تەبىئىي ئۆزگىرىشچان مىقدار يەنە غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى دېيىلىدۇ. تەبىئىي ئۆزگىرىشچان مىقدار پەيدا قىلغان مەلۇم خىل ئالاھىدە ئىنكاس ئۆزگىرىشچان مىقدارنىڭ سىۋەبى، يەنى ئىنكاسنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى دېيىلىدۇ. شەيئىلەرنىڭ سەۋەب-نەتىجىلىك ئۆزگىرىشىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسلانغاندا تەبىئىي ئۆزگىرىشچان مىقدار بىلەن سەۋەبلىك ئۆزگىرىشچان مىقدارنىڭ مۇناسىۋىتىدە: ئالدىنقىسى سەۋەب، كېيىنكىسى نەتىجە بولىدۇ. غىدىقلىغۇچى بىلەن ئىنكاس ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە، ھەقىقىي مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، تەجرىبىدە يەنە تەبىئىي ئۆزگىرىشچان مىقداردىن سىرت تەجرىبە نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق ئامىللار تىزگىنلىنىدۇ ياكى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇ خىل ئامىل تىزگىنلىگۈچى ئۆزگىرىشچان مىقدار دېيىلىدۇ. يەككىلىكنىڭ ئۆزگىرىشچان مىقدارى دائىم تەجرىبىدە تىزگىنلىنىدىغان ئاساسلىق ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. پسىخولوگىيىدە تەجرىبە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشتا ئالدى بىلەن تەجرىبە ئېلىپ بېرىشنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈۋېلىش زۆرۈر.

تەجرىبە لايىھىسى تەجرىبە تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر خىل ئاساسىي تەرتىپ قائىدىلىرى بىلەن مەشغۇلات پىلانى بولۇپ، ئاساسىي نىشانى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل ئۆزگىرىشچان مىقدارلار، يەنى: بىرىنچى، تەبىئىي ئۆزگىرىشچان مىقدارنى باشقۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش؛ ئىككىنچى، مۇناسىۋەتسىز ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنى تىزگىنلەپ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئۈچىنچى، ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنىڭ سەۋەبىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېنىقلاپ چىقىشتىن ئىبارەت.

پسىخىكا تەجرىبىسىنىڭ تەبىئىي تەجرىبە قىلىش، تەجرىبىخانىدا تەجرىبە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار. تەبىئىي تەجرىبە قىلىش، نەق مەيداندا تەجرىبە قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ رېئال تۇرمۇش ھالىتىگە ماس كېلىدىغان مەلۇم تەجرىبە شارائىتىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق تەجرىبە ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى باللار پسىخولوگىيىسى، ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ۋە مائارىپ پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى — تەتقىقات خىزمىتى نورمال تۇرمۇش بىلەن خىزمەت جەريانىدا بىرلىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، تەتقىقات تەبىئىي ئەھۋالدا نورمال ھالەتتە ئېلىپ

بېرىلىدۇ. تەتقىقات نەتىجىسى بىۋاسىتە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، تەتقىقات نەتىجىسى مۇناسىۋەتسىز ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. تەجرىبىخانىدىكى تەجرىبە قىلىش: قاتتىق تىزگىنلىنىدىغان تەجرىبىخانا شارائىتى ئاستىدا مەخسۇس ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ تەجرىبە ئېلىپ بېرىش بولۇپ، بۇ ئۇسۇلنىڭ ھاياۋاناتلار پسىخىكىسى، نېرۋا پسىخىكىسى، بىلىش جەريانى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە. تەجرىبىخانىدا تەجرىبە قىلىشنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى: مۇناسىۋەتسىز غىدىقلاشلارنى قاتتىق تىزگىنلەپ، تەبىئىي ئۆزگىرىشچان مىقدار بىلەن سەۋەبلىك ئۆزگىرىشچان مىقدارنى ئېنىق بەلگىلىگىلى بولىدۇ. نەتىجىسىنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈشمۇ بىرقەدەر ئاسان. يېتەرسىزلىكى ئاساسلىقى — تەجرىبە شارائىتى ئادەمنى ئاساس قىلغاچقا تەجرىبە نەتىجىسى بىلەن نورمال شارائىتتىكى ئىنكاستا مۇئەييەن ئارىلىق ساقلانغان بولىدۇ.

## § 4 . پسىخولوگىيە ۋە تەلىم-تەربىيە

تەلىم-تەربىيە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تارقىتىدىغان، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئۇنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۈنۈمى بىردەك بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار پسىخىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا يېتەرلىك بولغان پسىخولوگىيە بىلىملىرى تەلىم-تەربىيە جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. پسىخىكا بىلەن تەلىم-تەربىيىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم

### 1 . پسىخىكا بىلەن تەلىم-تەربىيىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى

#### 1 . پسىخىكا تەلىم-تەربىيىنىڭ ئاساسى، ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئالدىنقى شەرتى

تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بەردىكى، گەرچە تەلىم-تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى

سۇرۇشتە يېتەكچىلىك رول ئوينىسىمۇ، ئەمما تەلىم-تەربىيىنىڭ ھەرخىل يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىكىلىق تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى شەرت قىلىدۇ. تەلىم-تەربىيىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي پسىخىكىلىق تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ئەھۋالى تەلىم-تەربىيىدە مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر بولغان ئاساسىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئالدىنقى شەرت.

پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا شۇ نەرسە بايقالدىكى، ئوخشىمىغان ياشتىكى يەككىلىكتە مەزكۇر ياش باسقۇچىغا خالىس پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك بولىدۇ. مەسىلەن، تەپەككۇردىن قارىغاندا باللىق دەۋر (6 — 12) ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىدا كونكرېتلىق بىلەن ئوبرازلىق خۇسۇسىيەت بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، ئابستراكتنى تەپەككۇر يەنىلا بىرقەدەر كەم، ئۆسمۈرلۈك دەۋر (12 — 15) ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئابستراكتنى تەپەككۇرى بىرقەدەر چوڭ بولسىمۇ، ئەمما ھەر دائىم كونكرېتنى ھېسسىي تەجرىبىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. ياشلىق دەۋر (15 — 18) ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئابستراكتنى تەپەككۇرى تولۇق تەرەققىي قىلىپ يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشىمىغان ياش باسقۇچىدىكى پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئوخشىمىغان ئوقۇغۇچىلارغا قاراتمىلىق ھالدا ئوخشىمىغان تەلىم-تەربىيە مەزمۇنى، شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىش زۆرۈر. ئۇنداق بولمايدىكەن، تەلىم-تەربىيىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈنۈم قازىنىش قىيىن بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە بەزى پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى ۋە پېداگوگىكىلىق مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسى تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ ھەم ئۇ تەرتىپلىك، ئۈزلۈكسىزلىك، باسقۇچلۇق ۋە يەككە پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن تەلىم-تەربىيىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىياتىدىكى مۇشۇ خىل قانۇنىيىتىگە ئاساسلىنىپ كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا، تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرىغا ئۆتۈش، «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش»، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىياتىدىكى يەككە پەرقلەردىكى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ

كونكرېت ئۆزگىچىلىكلەرگە قاراپ ئوقۇتۇپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

تەلىم-تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەرقانداق ئادەم شۇنى بىلىش كېرەككى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ئەمەلىيىتى بىلەن تەرەققىيات ئەھۋالى تەلىم-تەربىيە ئاساسلىنىدىغان زۆرۈر ئالدىنقى شەرت. بۇ ھەقتە ئويلانمىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى مائارىپنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئادەمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى ۋە قىممىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

## 2. تەلىم-تەربىيە پسىخىكىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ

تەلىم-تەربىيە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتى بىلەن تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئادەمنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىياتى — ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رېئاللىقنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنىڭ نەتىجىسى. گەرچە پسىخىكىلىق تەرەققىيات مەلۇم جەھەتتىكى «تەبىئىي خۇسۇسىيەت»كە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما «تەبىئىي خۇسۇسىيەت» تەرەققىياتتىن دېرەك بەرمەيدۇ ھەم بالىلارنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتىدە ئەسلىدە بار بولغان پسىخىكىلىق پائالىيەت شەكلىنىڭ تەرەققىياتىمۇ سىرتقى تەسىرگە تايانمايدۇ.

پاكىتلاردىن قارىغاندا سىرتقى تەسىر پسىخىكىلىق تەرەققىياتتا مۇھىم، ھەتتا ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، پسىخىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەرخىل سىرتقى شارائىتتا تەلىم-تەربىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق بالىلار ئىگىلىگەن بىلىملەرنىڭ مەزمۇنى رېئاللىقتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ پسىخىكا تەرەققىياتىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ»①. تەلىم-تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ دېيىشىمىزدىكى سەۋەب: بىرىنچى، تەلىم-تەربىيە بىر خىل مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك

---

① [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ]A. A. سىمىرنوف: «سوۋېت ئىتتىپاقى پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، خەلق مائارىپ نەشرىياتى، 1984-يىلى خەنزۇچە نەشرى 476-بەت.

ئاساستا ئادەم تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكا تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ماس كېلىدىغان مەزمۇننى تاللاپ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ماس ھالدىكى تەشكىلىي شەكىلنى ئورنىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا سىستېمىلىق تەربىيىلەش ئېلىپ بارىدۇ. ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىي مەخسۇس تەربىيىگە ئىگە بولغان، ئۇلار تەلىم-تەربىيە ئىدىيىسى، بىلىمى، ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئۈچىنچى، تەلىم-تەربىيە ھەرخىل مۇھىم ئامىللارغا قارىتا ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىپ ياكى ئۈنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ساغلاملىقىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

تەلىم-تەربىيىنىڭ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەممە يەردە ئۈچراتقىلى بولىدۇ. «ياۋايى بالىلار» تەلىم-تەربىيىنىڭ كەمچىللىكىدىن ئۇلارنىڭ پسىخىكا سەۋىيىسى ئىنتايىن كېيىن قالغان، پسىخىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىدەك ئەمەلىيەت بىزنى ئۈنۈملۈك بولغان سەلبىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز يەنە شۇنى بايقىۋالالايمىزكى: بىرقەدەر ئوخشىمىغان تەلىم-تەربىيە شارائىتىدىكى ئادەملەردە پسىخىكا تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە بىرقەدەر چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت، ياخشى بولغان تەلىم-تەربىيە بىلەن ئادەمنىڭ پسىخىكا ساغلاملىقى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ماس قەدەملىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىدۇ. مەخسۇسلاشقان تەلىم-تەربىيە بىلەن مەشىقنىڭ قوللىنىلىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى پسىخىكىلىق ئىقتىدارىنى بىرقەدەر ياخشى، ئەتراپلىق تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: ۋېنېسۇئېلا جۇمھۇرىيىتى مائارىپ مىنىستىرلىقى «تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىش» (Teaching Thin king) مائارىپ پىلانى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، تەخمىنەن 900 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا قارىتا مەخسۇس ئەقلىي ئىقتىدار خاراكتېرىدىكى تەلىم-تەربىيە ۋە مەشىقلەندۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سەككىز ھەپتە مەشىقلەندۈرۈش ئارقىلىق تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ بەش چوڭ تۈرىدىكى ئۆزگىرىشتە (كۆزقاراشلارنى چۈشىنىشنىڭ راۋانلىقى، تىل ئارقىلىق ئۆلچەملىك ئىپادىلەپ بېرىش، ئومۇملاشتۇرۇش، تارقىلىشچانلىق بىلەن مىسال كەلتۈرۈش ئىقتىدارى) سۈپەت ئۆزگىرىشى ناھايىتى روشەن

دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەقلىي بىلىشتە روشەن ئۆزگىرىش بولغان. ئىلىمىز پسىخولوگى ۋۇ تيەنمېي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا «كاللا ئىشلىتىش» مەشىقلەندۇرگەن. نەتىجىدە تولۇقسىز بىرىنچى يىللىق تەجرىبە سىنىپىنىڭ سىناقتا ئېرىشكەن ئەقلىي بۆلۈنمىسى (IQ) بىرىنچى قېتىمغا قارىغاندا ئىككىنچى قېتىم سەككىز نومۇر ئاشقان. «ئەقىل ئىشلىتىش»نى مەشىقلەندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل مەخسۇس خاراكتېردىكى تەلىم-تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 3 پسىخولوگىيە تەتقىقاتى تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ

پسىخولوگىيە ئادەمنىڭ روھىي ھادىسىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ، پسىخىكىنىڭ ئىچكى مېخانىزمى بىلەن ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپ، پسىخىكىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ فىزىئولوگىيە ۋە مۇھىت بىلەن بولغان باغلىنىشى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بىزنىڭ ئادەمنىڭ روھىي تۇرمۇشى، ئادەمنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى قاتارلىقلارنى توغرا چۈشىنىشىمىزنى، پەننىي بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىلمىي مائارىپ قارىشى ۋە مائارىپ ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، مائارىپ پرىنسىپىنى بەلگىلەش، تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىنى تاللاپ قوللىنىش مائارىپنىڭ تەشكىلىي شەكىل قۇرۇلمىسى ئورنىتىش، ئوقۇتۇش كەيپىياتىنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلارنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. پسىخولوگىيىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى تەلىم-تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى ۋە تەلىم-تەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، پسىخولوگىيە كەشىپ قىلىپ بەرگەن ئۆگىنىش جەريانىنى قوللىنىش، بىزنىڭ ئۆگىنىش جەريانىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىمىزگە، ئۆگىنىشنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرخىل ئامىللارنى ئىزدەپ تېپىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. پسىخولوگىيىنى تەلىم-تەربىيىدە قوللىنىش بىزنى بالىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدىكى ئوخشاشلىق بىلەن پەرقىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بىر خىل ئۇسۇل بىلەن

تەمىنلەپ بىزنىڭ ئۇلارنى ئۆگىنىش مۇھىتىغا تېخىمۇ ئىجادىي ماسلاشتۇرۇشىمىزنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىزنى ئۆگەنگۈچى بىلەن ئۆگەتكۈچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن يېتەرسىزلىكلىرىگە باھا بېرەلەيدىغان ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەرقانداق بىر ئادەمگە نىسبەتەن بىر خىل پايدىلىق بولغان بىلىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ①.

بۇنىڭدىن سىرت پسىخولوگىيىنىڭ كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە بىۋاستە قوللىنىشىمۇ تەلىم-تەربىيە سۈپىتى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، «بىلىشى ماسلىشالماسلىق» نەزەرىيىسى 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر خىل پسىخولوگىيىلىك نەزەرىيە بولۇپ، بۇ نەزەرىيىدە: شەخسنىڭ بىلىش قۇرۇلمىسى شەخسكە قارىتا مۇناسىۋەتلىك مۇھىت، ئۆز بىلەن ئۆز ھەرىكىتى قاتارلىق جەھەتتىكى بىلىش پىكرى ياكى ئېتىقادى قاتارلىق بىلىش ئامىللىرىدىن تەركىب تاپقان دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر بىلىم قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ھەرقايسى ئامىللار بىردەك بولمىسا، شەخسنىڭ بىلىش جەھەتتىكى تۇيغۇسى ماسلىشالمايدۇ. پسىخىكىلىق كەچۈرمىشىدە تەڭپۇڭ بولمىغان جىددىيلىك تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، مەلۇم خىل مۇددىئانى ئۇرغۇتۇپ ھەرىكەتنى قوزغاپ، بىلىشنى ماسلاشتۇرۇش يوللىرىنى تېپىپ چىقىپ، پسىخىكىلىق تەڭپۇڭلۇق دەرىجىسىگە يېتىدۇ. بىلىم ئۆگىنىش جەھەتتە بىلىش ماسلىشالماسلىق نەزەرىيىسىنى قوللىنىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسى بىلەن ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا يېڭى دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كونا بىلىمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەردىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشىدە تەڭپۇڭ بولمىغان تۇيغۇنى ھېس قىلدۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى ئاكتىپچانلىق بىلەن ئىزدەش مايىللىقى بىلەن بىلىم ئىزدەش ئارزۇسىنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى مەنپىي ساندىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنى سۆزلەشتىن

---

① [ئەنگلىيە] D. چائار: «پسىخولوگىيە ۋە ئوقۇتقۇچى»، سەي شياۋيۈ قاتارلىقلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان پەن-تېخنىكا ماتېرىياللار نەشرىياتى 1992-يىلى نەشرى 3-بەت.

بۇرۇن ئالدى بىلەن تەييارلىۋالغان تۈنۈگۈنكى تېمپېراتۇرا 4℃ ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇشتۇمتۇت 6℃ تۆۋەنلىگەن بولسا، ئۇنداقتا بۈگۈن تېمپېراتۇرا قانچە گرادۇس بولىدۇ؟ دېگەندەك سوئال سورالسا، ئوقۇغۇچىلار ئەسلىدە بار بولغان بىلىمى (چوڭ ساندىن كىچىك ساننى ئېلىش) بىلەن تۆۋەنكى مەسىلىدىكى (كىچىك ساندىن چوڭ ساننى ئېلىش) ئۆزئارا زىددىيەت بىلىشتىكى ماسلىشالماسلىقنى پەيدا قىلىپ، بىلىشتە ياخشى روھىي كەيپىيات بىلەن ئاكتىپ ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئوقۇتۇشتا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پسىخولوگىيە تەتقىقات نەتىجىلىرى قوللىنىلسا شەك-شۈبھىسىزكى ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

## 4. تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنى بېيىتىدۇ

پسىخولوگىيە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەلىم-تەربىيە جەريانىدا قوللىنىش ئارقىلىق تەلىم-تەربىيىنىڭ ئىلمىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەلىم-تەربىيىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەلىم-تەربىيە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تەلىم-تەربىيە جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەر خىل يېڭى شەيئىلەر بىلەن مەسىلىلەر، يەنە كېلىپ پسىخولوگىيىنى يېڭى تەتقىقات تېمىسى بىلەن تەمىنلەپ، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. تەلىم-تەربىيە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

مەسىلەن، مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھاكىمە پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىكى ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن غەيرىي ئەقلىي قابىلىيىتى ئامىللىرى تەتقىقاتىنى بېيىتىدۇ. ئىلمىي ئەقلىي قابىلىيەت سىنىقى تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتىنىڭ ئېھتىياجىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەردە ئۆگىنىش نەتىجىسى كېيىن قالغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، پسىخلوگ A . بىنېت بىلەن T . سىمون 1904-يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەخسۇس ئەقىل قابىلىيىتىنى سىناش جەدۋىلى «بىنېت-سىمون ئەقلىي

قابىلىيەتنى سىناش جەدۋىلىنى» لايىھىلەپ چىققان. شۇنىڭدىن بېرى ئەقلىي قابىلىيەت سىنىقى جەدۋىلى بىلەن پسىخىكىلىق سىناق جەدۋىلى پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالغان. ئوخشاشلا غەيرىي ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرى تەتقىقاتىمۇ تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى. تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا كىشىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل قابىلىيىتى بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسى ئوتتۇرىسىدا تامامەن ماس بولمىغان سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان، ئەكسىنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىقىشى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىكى ئىچكى تىرىشچانلىقى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىنتىلىشى، قەتئىيلىكى قاتارلىق خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە نىسبەتەن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، ئېلىمىز پسىخولوگىيە ساھەسىدە غەيرىي ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ پسىخىكىلىق ئامىللىرىغا قارىتا تەتقىقات باشلاندى. تەتقىقات نەتىجىسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن غەيرىي ئەقلىي قابىلىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى پسىخىكىلىق ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى، غەيرىي ئەقلىي قابىلىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى پسىخىكىلىق ئامىللار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق ئامىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، نۆۋەتتىكى ساپا مائارىپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ساپاسىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش تەلىپىگە ئاساسەن پسىخىكىلىق ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپلەردە پسىخولوگىيە تەتقىقاتى ۋە پسىخىكىلىق ساغلاملىق تەربىيىسى تەتقىقاتىنى بېيىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## 2. پسىخولوگىيىنىڭ تەلىم-تەربىيىدىكى رولى

### 1. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتى بىلەن تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەش ۋە سۈرەتلەپ بېرىش

ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىيات ھالىتى بىلەن سەۋىيىسى تەلىم-تەربىيىدە تايىنىدىغان زۆرۈر ئالدىنقى شەرت.

ۋەھالەنكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى زادى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كونكرېتنى ئۆلچەش بىلەن سۈرەتلەپ بېرىش پسىخولوگىيىلىك ئۇسۇلنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ.

پسىخىكا ھادىسىلىرىگە قارىتا ئۆلچەش ۋە سۈرەتلەش ئېلىپ بارماي تۇرۇپ ئۇنى چۈشىنىش ۋە تىزگىنلەش ئاسان ئەمەس. ئوقۇغۇچىلاردا تەلىم-تەربىيە جەريانىدا پەيدا بولغان پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن پسىخولوگىيىدە ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسى بىلەن ھالىتىگە قارىتا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. پسىخولوگىيىدە قوللىنىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك پسىخىكىلىق ئۆلچەش قورالى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ۋە ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئۆلچەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا يەنە تەلىم-تەربىيە جەريانىدا ئوقۇغۇچىلاردا ئىپادىلەنگەن بەزى بىر قارىمۇقارشى بولغان پسىخىكىلىق مەسىلەرنى ئادەتتىكى پسىخىكىلىق مەسىلە جەدۋىلى تۈزۈپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتى بىلەن مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىدىكى پسىخىكىلىق ھادىسىلەرگە قارىتا ئانالىز ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. پسىخولوگىيە ئوقۇغۇچىلار پسىخىكىسى بىلەن مەكتەپتىكى پسىخىكىلىق مەسىلەرگە قارىتا ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتى بىلەن تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىگىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. تەلىم-تەربىيە جەريانىدا تەكرار ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھەم دائىم رول ئوينايدىغان پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئىگىلەپ تەلىم-تەربىيە جەريانىدا سۇبيېكتنىڭ پسىخىك پائالىيەت قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتى بىلەن ھەرىكەت ئىنكاسىنى ئۈنۈملۈك ئۆلچەش ئاساسىدا پسىخولوگىيىدە يەنە ھەرخىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، ھەتتا بەزى پسىخىكىلىق ئەمەلىيەتنى ئىلمىي سۈرەتلەپ بېرىشى لازىم. پسىخىكىلىق تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ھالىتىنى ئىلمىي سۈرەتلەپ بېرىشتە بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئەقلىي سەۋىيىسىدە چۈشىنىش دەرىجىسىگە يېتىشىمىز، پسىخىك تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك بىر قەدەر ئەتراپلىق بىلىشكە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. مەسىلەن، ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقات

جەريانىدا بالىلارنىڭ تەرەققىيات پسىخولوگىيىسى بالىلار پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەقلىنىڭ داۋاملىشىش قانۇنىيىتى بىلەن سەۋىيىنى ئىلمىي بايان قىلىش جەھەتتە زور مىقداردا بىلىملەر توپلاندى. بۇ بىلىملەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولماستىن، بەلكى پسىخىكىلىق پائالىيەت پسىخىك ۋەقەلەرنىڭ ھادىسىلىرى تەرەپلەردىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى ئابستراكتلاش، ئومۇملاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ھەم ئوتتۇرىغا چىققان ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بېرىشتە بەزىلىرى، ھەتتا كلاسسىك قائىدە-قانۇنىيەتلەر بولۇپ قالدى. مەسىلەن، شۋېيتسارىيىلىك مەشھۇر پسىخولوگ J. پياگىتنىڭ بالىلارنىڭ بىلىش تەرەققىياتى نەزەرىيىسى، بالىلارنىڭ بىلىش پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ باسقۇچىنى ئىلمىي ئاساستا سۇرەتلەپ بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

## 2. تەلىم-تەربىيە جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان پسىخىكىلىق ھادىسىلەر بىلەن مەسىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاش

ئادەم پسىخىكىسى ئىچكى يوشۇرۇن، ھەرىكەتچان، ئۆزگىرىشچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر خىل روھىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئوخشاشلا قىيىن، لېكىن ئۇنى پسىخولوگىيىدە توغرا چۈشىنىش ۋە ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم.

پسىخىك ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاشتا ئەڭ ئاساسلىقى كۆزىتىش ئارقىلىق پسىخىك ھادىسە ياكى پسىخىك ۋەقەلەرنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش لازىم ھەم ھادىسىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى ئىزدەش جەريانى «بىلىنگەن پاكىتلاردىن تەركىب تېپىپ، شەكىللىنىش بىلەن پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولغان نەزەرىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى ۋەقەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىسپاتلايدىغان پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىش زۆرۈر»①.

مەكتەپلەردە دائىم شۇنى بايقاش مۇمكىنكى: مېيىپلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ تۇرمۇشلىرىدا يەككە-يېگانىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆزىنى كەمسىتىدۇ، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ

---

① [ئامېرىكا] ل . پوئىن قاتارلىقلارنىڭ: «پسىخولوگىيە قائىدىلىرى ۋە قوللىنىش» خەن جىن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، بىلىم نەشرىياتى 1985-يىلى خەنزۇچە نەشرى 15-بەت.

ئىنتايىن ئەقىللىق بولسىمۇ، بىراق ئۆگىنىش نەتىجىسى ناھايىتى ناچار كېلىدۇ، بەزى ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىنى گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ قويۇلغانلىقىدىن بۇرۇلۇش ياسايدۇ.

پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىلارنى مۇشۇنداق ۋەقە ھەم ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاشنى پسىخولوگىيە بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم ئىلمىي نۇقتىدىن مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈپ ۋە شەرھلەپ بېرىدۇ.

دېمەك، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تولۇق تەكشۈرۈپ ۋە ئۆلچەپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مۇناسىۋەتلىك پسىخولوگىيە نەزەرىيىلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ۋە ئىزاھلاپ بېرىش لازىم.

مەسىلەن، ئاتا-ئانىنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئېھتىياج قاتلىمىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەرەققىياتى تەۋەلىك ئېھتىياجى ئېلىپ كەلگەن نۇقسان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش. ئەقلىي بۆلۈنمىسى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىكى سەۋەب ئۇلاردا ئۆگىنىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن، غايىسى ياكى ئىرادە سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولىدۇ. ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغاچقا ھەرىكەت بۇرۇلۇش ياسايدۇ، پۈتۈنلەي رول ئېلىشتىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. تەلىم-تەربىيە جەريانىدا ئىپادىلەنگەن پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنى توغرا ئىزاھلاش ۋە چۈشەندۈرۈشتە پسىخولوگىيە قىممەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، تەلىم-تەربىيە جەريانىدا كۆپلىگەن مەسىلىلەرگە قارىتا پسىخولوگىيە ئۇلارنى چۈشەندۈرۈش، ئانالىز قىلىش، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشىنى ۋە پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ئىزدەپ تېپىش ھەمدە تەربىيىچىلەرنىڭ ھەرخىل پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى تونۇۋېلىشىغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

## 3. تەلىم-تەربىيە سۇبيېكتىنىڭ پسىخىك پائالىيىتى بىلەن ھەرىكەت ئىنكاسىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە تىزگىنلەش

پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقات مەنىسىدىن ئادەم پسىخىكىسىنى توغرا سىناق قىلىش بىلەن ئىلمىي سۈرەتلەپ بېرىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ئېنىق چۈشىنىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى بىلەن ھەرىكەت ئىنكاسىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە

تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىدە تەربىيىچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى بىلەن تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە قارىتا تەسىرىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى ياكى ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەككە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياكى سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، تەربىيىچى ئۆزىنىڭ پسىخىك پائالىيىتى بىلەن ھەرىكىتىنىمۇ تىزگىنلەش، تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىنىڭ تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم، پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقات مەقسىتى ۋە مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ تۇرمۇشىدا ئىپادىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان پسىخىك پائالىيەتلىرىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپ مۇھىتىدىكى ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلەشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. مەكتەپ مۇھىتىدىكى پسىخىكا بىلەن ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى گەرچە مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكا پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت ئىنكاسى بىلەن سۇبيېكتىنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن سىرتقى ھالىتىمۇ سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە، شۇڭلاشقا پسىخولوگىيە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۆزگىرىشىنى ئالدىن توغرا مۆلچەرلەپ بېرەلەيدۇ.

مەسىلەن، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىنى ئۆلچەپ ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، بۇندىن كېيىنكى ئۆگىنىش نەتىجىسىنى، ھەتتا كەلگۈسىدە كەسپىتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. تەتقىقاتنى ئوقۇغۇچى ياكى ئوقۇتقۇچىنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ۋە ھەرىكەت ئىنكاسىنى ئالدىن مۆلچەرلەش جەھەتتىلا توختىتىپ قويماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى تىزگىنلەپ، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسى ھەم ھەرىكىتىنى تەلىم-تەربىيە نىشانى بويىچە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر. «پسىخولوگىيىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش دەل پسىخىكىلىق پائالىيەتنى تىزگىنلەش»، «پسىخولوگىيە مۇھىمى ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتىنى ئىگىلەش، تېخىمۇ مۇھىمى پسىخىكىلىق

پائالىيەتنى تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى ئىگىلەش لازىم»[1]، پسىخولوگىيە تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇشنى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتى بىلەن ھەرىكەت ئىنكاسىنى تەكشۈرۈش، تىزگىنلەش تېخنىكىسى ۋە بىلىملىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن دەرسخانىنى تەشكىللەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ تەدبىرىنى بەلگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ۋە بىلىشنى باشتىن-ئاخىر دەرسخانا ئوقۇتۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. ئايرىم ئوقۇغۇچىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈش ۋە تىزگىنلەش ئۈچۈن، پسىخولوگىيە يەنە كوللېكتىپنىڭ پسىخىكىلىق كەيپىياتىنى تەكشۈرۈپ تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلمىي بولغان ئىجابىي ۋە سەلبىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، يەككە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن ئورتاق بولغان كوللېكتىپ نىشانىغا يۈزلەندۈرۈش لازىم. بۇنىڭدىن سىرت، ئوقۇغۇچىلاردا ئېسىل پسىخىكىلىق پەزىلەتنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن ناچار ھەرىكەت-ئادەتلەرنى تۈزەش جەھەتتە پسىخولوگىيە ھەرخىل ئامىللار بىلەن شەرتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تىزگىنلەش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەلگىلەنگەن تەلىم-تەربىيە نىشانىغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## 3. پسىخولوگىيىنىڭ تەلىم-تەربىيىدە قوللىنىدىغان تارماقلىرى

پسىخولوگىيە قوللىنىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ مائارىپ ساھەسىدە ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك تارماقلىرى بار:

### 1. مائارىپ پسىخولوگىيىسى

مائارىپ پسىخولوگىيىسى — مەكتەپ مۇھىتىدىكى ئۆگىتىش بىلەن

---

① جېن شياۋشەن: «ئومۇمىي پسىخولوگىيە»، خۇنەن خەلق نەشرىياتى 1983-يىلى نەشرى 24-بەت.

ئۆگىنىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرخىل پسىخىكىلىق تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پسىخولوگىيىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى: تەلىم-تەربىيە مۇھىتىدىكى تەلىم-تەربىيە سۇبيېكتى (ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى) نىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى شارائىتىدىكى بىلىم ئىگىلەش، ماھارەت شەكىللەندۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ساغلام خاراكتېر ۋە ئېسىل ئەخلاق شەكىللەندۇرۇشنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيەت قانۇنىيەتلىرىدىن ئىبارەت.

تەلىم-تەربىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان پسىخولوگىيە تارماقلىرى ئىچىدە ئۇ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئاساسىي تارماق ھېسابلىنىدۇ.

## 2. بالىلار تەرەققىيات پسىخولوگىيىسى

بالىلار تەرەققىيات پسىخولوگىيىسىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى — بالىلار پسىخىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ تۇغۇلغاندىن باشلاپ پىشىپ يېتىلگۈچە بولغان دەۋردىكى پسىخىكىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پسىخولوگىيىدىن ئىبارەت. بالىلار پسىخولوگىيىسىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى بالىلارنىڭ بىلىش كەيپىياتى ھەم شەخسىنىڭ ئايرىم پەرقلىرى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پسىخىكىلىق تەرەققىياتنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ ھەم پسىخىكىلىق تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىچكى-تاشقى ئامىللارنى ئانالىز قىلىپ چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. پسىخىكا تەلىم-تەربىيىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە تايىنىدىغان ئاساسى بولغاچقا، پسىخىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يەنىلا تەلىم-تەربىيىنىڭ مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بالىلارنىڭ تەرەققىيات پسىخولوگىيىسىمۇ تەلىم-تەربىيە خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان پسىخولوگىيە تارماقلىرىنىڭ بىرى.

## 3. پەنلەرنى ئوقۇتۇش پسىخولوگىيىسى

پەنلەرنى ئوقۇتۇش پسىخولوگىيىسى: مەكتەپلەر تەلىم-تەربىيىسىدىكى مەلۇم مەخسۇس پەن (مەسىلەن، تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا قاتارلىقلار) نى

ئوقۇتۇش جەريانىدىكى پسىخولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق تەتقىق قىلىدىغان پسىخولوگىيە (مەسىلەن، ماتېماتىكا ئوقۇتۇش پسىخولوگىيىسى، تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پسىخولوگىيىسى قاتارلىقلار). ئۇ مەكتەپلەردە پەنلەرنى ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پەنلەرنى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاشتا بىۋاسىتە رول ئوينايدۇ.

### 4. مەكتەپ پسىخولوگىيىسى

بۇ يېقىنقى 20-30 يىلدىن بېرى تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن پسىخولوگىيىنىڭ بىر يېڭى تارمىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى مەكتەپلەر تەلىم-تەربىيىسى ئاساسىدا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ خىل شەكىلدىكى پسىخولوگىيىلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. مەكتەپ پسىخولوگىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى بىلەن ھەرخىل ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا ياردەم بېرىش، بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى، كەيپىيات تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىيلاشقان ھەرىكىتىگە توغرا باھا بېرىش ۋە چۈشىنىش، ئالاھىدە بالىلارنى پەرقلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىش، مېتودىكاشۇناسلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئايرىملاشقان مائارىپ لايىھىسىنى تۈزۈش، ھەرخىل مەكتەپلەردە شەخسىي مەسىلىگە دىئاگنوز قويۇش ھەم تۈزىتىش لايىھىسى قاتارلىقلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. نۆۋەتتىكى پسىخىكىلىق ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئومۇمىيۈلۈك قانات يايدۇرۇشتا مەكتەپ پسىخولوگىيىسى ئاساسىي بىلىم كاتېگورىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

### 5. مائارىپ ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىسى

بۇ ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە بىلەن مائارىپ پسىخولوگىيىسىنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن بىر يېڭى ئارىلىق پسىخولوگىيە. ئۇ مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىدىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى مەكتەپ كوللېكتىپىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. دەرسخانا مۇھىتىنى تەشكىللەپ باشقۇرۇش، مەكتەپتىكى كىشىلىك ئالاقە قاتارلىقلارنى كونكرېتنى ئانالىز قىلىپ تەتقىق قىلىدۇ.

# ئىككىنچى باب پسىخىك جەريان

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا

1) مۇھىم نۇقتا: ھەرخىل پسىخىك جەريانلارنىڭ ئاساسىي ئۇقۇم ۋە ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش.

2) قىيىن نۇقتا: سىزىمچانلىق ۋە سەزگۈچىدىكى خاتىرە جەريانى، تەپەككۇر ۋە مەسىلە ھەل قىلىش، كەيپىيات بىلەن ھېسسىياتنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى.

2. ئۆگىنىشتىكى تەلەپ

1) سەزگۇ، ئىدراك، خاتىرە، تەپەككۇر، خىيال، ھېسسىيات، ئىرادە قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئەستە قالدۇرۇش.

2) بىلىش جەريانى، ھېسسىيات جەريانى ۋە ئىرادە جەريانىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش.

3) قوللىنىش: بۇ نەزەرىيىلەرنى قوللىنىشنى ئۆگىنىپ تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش.

3. ئويلىنىش سوئاللىرى

1) بىلىش جەريانى دېگەن نېمە؟ مائارىپ ئەمەلىيىتىگە باغلاپ تۇرۇپ ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش پائالىيىتىگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؟ بايان قىلىڭ.

2) كەيپ، قايناق ھېسسىيات، ئالاقىزادىلىك قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ئۇلار رېئال تۇرمۇشقا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

3) بەزى ئوقۇغۇچىلار «مەن ھەر ھەپتىسى ئۆگىنىش پىلانى تۈزىمەن، ئەمما ئەمەلگە ئاشۇرالمايمەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورايدۇ، سىز بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاب بېرىسىز؟

پسىخىك جەريان پسىخىك پائالىيەتنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسىي جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. پسىخولوگىيىدە

پسىخىك جەريان بىلەن پسىخىك پائالىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇقۇم ئوخشاش مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئادەتتە بىلىش پائالىيىتى، ھېسسىيات پائالىيىتى ۋە ئىرادە پائالىيىتى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ پسىخىك جەريان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## §1. بىلىش جەريانى

بىلىش پائالىيىتى بىلىش جەريانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلەش ۋە بىلىمنى ئىشلىتىش جەريانى بولۇپ، سەزگۈ، ئىدراك، خاتىرە، تەپەككۇر، خىيال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1. سەزگۈ ۋە ئىدراك

**1. سەزگۈ، ئىدراك ھەققىدە چۈشەنچە**

1. سەزگۈ، ئىدراك تەبىرى

سەزگۈ ۋە ئىدراك كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى سېزىش ۋە ئىدراك قىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىلىش جەريانىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

سەزگۈ — سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقانداق ئوبيېكتىپ شەيئىدە رەڭ، ئاۋاز، تەم، پۇراق، تېمپېراتۇرا قاتارلىق كۆپ خىل ئايرىم خۇسۇسىيەت بولىدۇ. بۇ ئايرىم خۇسۇسىيەتلەر ئادەمنىڭ كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەندە، چوڭ مېڭىدە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى، پۇراق سەزگۈسى، تەم سەزگۈسى، تېرە سەزگۈسى قاتارلىق سەزگۈلەر پەيدا بولىدۇ. سەزگۈنى ئۇچۇرلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىئىنەزىرى بويىچە چۈشەندۈرگەندە، سەزگۈ — ئۇچۇرلارنىڭ ئادەم مېڭىسىگە يەتكۈزۈلۈشى ياكى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئۇچۇر قوبۇل قىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىدراك — سەزگۇ ئەزالىرىمىزغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى بىر پۈتۈن ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئادەتتە بىر قىزىل بايراقنى كۆرۈشىمىز، بىر مۇزىكىلىق ناخشىنى ئاڭلىشىمىز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىدراك بولىدۇ. ئىدراك جەريانى ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرىنىڭ قاتنىشىشى ئاستىدا ھەرخىل سەزگۇ ئۇچۇرلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ شەيئىلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىدراك، ئۇچۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، ئادەم مېڭىسىنىڭ سەزگۇ ئۇچۇرلىرىنى تەشكىللەش ۋە چۈشەندۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت.

سەزگۇ ۋە ئىدراك گەرچە ئادەم مېڭىسىنىڭ كۆز ئالدىدىكى شەيئىلەرنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۇرۇش جەريانى بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك پەرق بار.

سەزگۇدە ئەكس ئەتكىنى شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتى، ئەمما ئىدراكتا ئەكس ئەتكىنى شەيئىلەرنىڭ بىر پۈتۈن خۇسۇسىيىتى. سەزگۇ بىر خىل ئاددىي بىلىش جەريانى، ئەمما ئىدراك سەزگۇدىن بىر دەرىجە يۇقىرى بولغان بىلىش جەريانى.

سەزگۇ ۋە ئىدراك زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. سەزگۇ ئىدراكنىڭ ئاساسى. ئىدراك سەزگۇ ئاساسىدا ئىلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى سەزگۇ قانچە مول بولسا، شەيئىلەر ھەققىدىكى ئىدراكمۇ شۇنچە مۇكەممەل ۋە شۇنچە توغرا بولىدۇ. ئەمما، رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەردە ئايرىم سەزگۇ ئىنتايىن ئاز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

كۆپىنچە ھاللاردا ئىدراك شەكلىدە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۇرىدۇ. سەزگۇ بىلەن ئىدراك ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغاچقا، ئادەتتە سەزگۇ بىلەن ئىدراك ئومۇملاشتۇرۇپ سەزگۇ ئىدراك دەپ ئاتىلىدۇ.

سەزگۇ ئىدراك پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، سەزگۇ ۋە ئىدراك كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان بارلىق ئالىي

دەرىجىلىك پسىخىك پائالىيەتنىڭ ئاساسى. سەزگۇ ۋە ئىدراك بولمايدىكەن كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلەلمەيدۇ. خاتىرە، تەپەككۇر، خىيال قاتارلىق بىر قاتار مۇرەككەپ بولغان پسىخىك جەريانلار بارلىققا كەلمەيدۇ ھەم ئىندىۋىدۇئاللىقىمۇ شەكىللەنمەيدۇ.

ئىككىنچى، سەزگۇ ۋە ئىدراك پسىخىك پائالىيەتنىڭ نورماللىقىنى ساقلاشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئەگەر سەزگۇ ۋە ئىدراكدىن مەھرۇم قىلىنسا، ئادەمدە نورمالسىز پسىخىك ھالەت پەيدا بولىدۇ. ھېبو (D. O. Hebb) قاتارلىقلار «سەزگۇدىن مەھرۇم قىلىش» تەجرىبىسى ئېلىپ بارغان. تەجرىبىدە سىناق قىلىنغۇچى مەخسۇس لايىھىلەنگەن سىرتقى دۇنيا بىلەن ئايرىۋېتىلگەن ئۆيدە ياتقان. ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەن، قۇلىقى ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغان. قولىدا ھېچقانداق نەرسىنى تۇتمىغان، سىناق قىلىنغۇچىنىڭ كۆرۈش سەزگۇسى، ئاڭلاش سەزگۇسى، تېگىش سەزگۇسى مەھرۇم قىلىنىدىغان بۇ خىل ئەھۋالدا قانداق ھالەتنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى كۆزىتىلگەن. نەتىجىدە سىناق قىلىنغۇچى سەزگۇدىن مەھرۇم قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەمدە چىدىغۇسىز ئازاب پەيدا بولىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. كۆپ ساندىكى سىناق قىلىنغۇچىلار پەقەت ئىككى-ئۈچ كۈنلا بەرداشلىق بېرەلىگەن. بىر ھەپتە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئادەم ئاساسەن بولمىغان. سەزگۇدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن ئادەم پسىخىكىسىدا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان، ئېنىق پىكىر قىلىشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان نورمالسىزلىق پەيدا بولغان. 50% ئادەمدە خىيالىي تۇيغۇ، نېرۋا ماددىسىدا ئۆزگىرىش بولۇش، ھەتتا ۋەھىمىلىك تەسىرات پەيدا بولغان. سىناق قىلىنغۇچى تەجرىبىخانىدىن چىققاندىن كېيىن دىققەت قابىلىيىتى بىلەن تەپەككۇر قابىلىيىتى ئۇچرىغان ئېغىر تەسىر بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئەسلىگە كەلگەن. بۇنىڭدىن سەزگۇ ۋە ئىدراكنىڭ ناھايىتىمۇ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2. سەزگۇ ۋە ئىدراكنىڭ تۈرلىرى

1) سەزگۇنىڭ تۈرلىرى

كىشىلەر ئوخشىمىغان ھەرخىل سەزگۇ ئەزالىرى ئارقىلىق سىرتقى دۇنيا ياكى ئۆز تېنىدىن ھەرخىل ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇچۇرلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، سەزگۇنى تاشقى سەزگۇ ۋە ئىچكى سەزگۇ دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تاشقى سەزگۇ:

سىرتقى غىدىقلاشتىن قوبۇل قىلغان سىرتقى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن سەزگۈنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سەزگۈ كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى، پۇراق سەزگۈسى ۋە تېرە سەزگۈسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆرۈش سەزگۈسى بىزنىڭ تاشقى دۇنيانى بىلىشىمىزدىكى يېتەكچى سەزگۈ ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر سىرتقى دۇنيادىن قوبۇل قىلغان پۈتكۈل ئۇچۇرلارنىڭ 80%دىن كۆپرەكىنى كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىدۇ. ئىچكى سەزگۈ — ئورگانىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غىدىقلاشلاردىن قوبۇل قىلغان ئورگانىزمنىڭ بەدەن ھەرىكىتى ۋە ھالىتىنى ئىنكاس قىلىدىغان سەزگۈنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سەزگۈ ھەرىكەت سەزگۈسى، تەڭپۇڭلۇق سەزگۈسى ۋە ئىچكى ئەزالار سەزگۈسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ھەرىكەت سەزگۈسى ئۈستىخان، مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بەدەن ئورنىنىڭ ھالىتىنى ئىنكاس قىلىدۇ. تەڭپۇڭلۇق سەزگۈسى باش قىسمىنىڭ ھەرىكەت تېزلىكى ۋە يۆنىلىشىنى ئىنكاس قىلىدۇ. ئىچكى ئەزالار سەزگۈسى ئىچكى ئورگانىزمنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

2) ئىدراكنىڭ تۈرلىرى

ئىدراكنىڭ ئوخشىمىغان ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن ئۇنى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىدراك جەريانىدا يېتەكچى رول ئوينايدىغان ئانالىز تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئىدراكنى كۆرۈش ئىدراكى، ئاڭلاش ئىدراكى، پۇراش ئىدراكى، تەم ئىدراكى، تېگىش ئىدراكى قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىدراكتا ئەكس ئەتكەن شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىدراكنى بوشلۇق ئىدراكى، ۋاقىت ئىدراكى ۋە ھەرىكەت ئىدراكى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بوشلۇق ئىدراكى شەيئىلەرنىڭ بوشلۇقتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئىنكاسىنى، ۋاقىت ئىدراكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ داۋاملىنىشچانلىقى ۋە تەرتىپچانلىقىنىڭ ئىنكاسىنى، ھەرىكەت ئىدراكى شەيئىلەرنىڭ بوشلۇقتىكى ئورۇن يۆتكىلىشىنىڭ ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ.

3) كۆزىتىش

كۆزىتىش ئىدراكنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ مەقسەتلىك، پىلانلىق بولغان، بىرقەدەر ئۇزۇنراق داۋاملىشىدىغان ئىدراكتىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ ئىدراكى بەزىدە ئاڭلىق، بەزىدە ئاڭسىز بولىدۇ. كۆزىتىش بولسا ئاڭلىق، مەقسەتلىك بىر خىل ئالىي دەرىجىدىكى

ئىدراك شەكلى بولۇپ، كىشىلەر شۇ ئارقىلىق بىرقەدەر سىستېمىلىق ھېسسىي بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. كۆزىتىش كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىشىدە ئىجادىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئاساسى. ئىلمىي تەجرىبە، ئەدەبىي ئىجادىيەت، مائارىپ ئەمەلىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكتلارنى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، ئېنىق كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈپ، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئېھتىياجلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۆزىتىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىي بىلىمگە ئىگە بولۇش ۋە ھېسسىي تەجرىبىلەرنى توپلاشنىڭ مۇھىم يولى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەك ماھارىتى، رەسىم سىزىش ماھارىتى، خەت يېزىش ماھارىتى، ئوقۇش ماھارىتى ۋە تەجرىبە ئىشلەش ماھارىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى. چەت ئەللەردە بەزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەبىئەت دەرسىدە 80% ۋاقىتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشقا سەرپ قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە دەرسلىرىدە 40% تىن 60% كىچە ۋاقىتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش، تەجرىبە ئىشلىشىگە ئاجرىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بىز كۆزىتىشنىڭ ئوقۇتۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 2. سەزگۇ ۋە ئىدراكنىڭ قانۇنىيىتى

### 1. سەزگۇنىڭ قانۇنىيىتى

#### 1) سېزىمچانلىق ۋە سەزگۇچىكى

سېزىمچانلىق — سەزگۇ ئەزالارنىڭ مۇۋاپىق غىدىقلاشنى سېزىۋېلىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەم سەزگۇنىڭ ئۆتكۈرلۈك دەرىجىسىمۇ دېيىلىدۇ. سېزىمچانلىق سەزگۇچىكىنىڭ دەرىجىسى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

سەزگۇچىكى — سەزگۇ پەيدا قىلالايدىغان، مۇئەييەن ۋاقىت داۋاملىشالايدىغان غىدىقلاش مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ. سېزىمچانلىق مۇتلەق سېزىمچانلىق ۋە نىسپىي سېزىمچانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. پەرقلەندۈرۈپ قوللىنىشتا مۇتلەق سەزگۇچىكى ۋە پەرقلىق سەزگۇچىكى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

مۇتلەق سېزىمچانلىق ۋە مۇتلەق سەزگۈچىكى سەزگۈنى غىدىقلىغۇچ پەيدا قىلىدۇ، ئەمما غىدىقلىغۇچنىڭ ھەممىسىلا ئادەمدە سەزگۈ پەيدا قىلالمايدۇ. غىدىقلىغۇچنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇۋاپىق بولغاندىن سىرت، يەنە غىدىقلىغۇچمۇ مۇۋاپىق چەككە يېتىشى زۆرۈر. مەسىلەن، ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىز تېرە ئۈستىگە قونغان چاڭ-توزاننى سېزەلەيمىز. بىلىكىمىزگە سېلىۋالغان قول سائىتىنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز. سەزگۈ پەيدا بولۇش ئۈچۈن غىدىقلاش بەلگىلىك مىقدارغا يېتىشى زۆرۈر. سەزگۈ پەيدا قىلالايدىغان بۇ خىل ئەڭ كىچىك غىدىقلاش مىقدارى مۇتلەق سەزگۈچىكى دېيىلىدۇ. بۇ خىل ئەڭ كىچىك غىدىقلاش مىقدارىنى سېزىۋېلىش قابىلىيىتى مۇتلەق سېزىمچانلىق دېيىلىدۇ. مۇتلەق سەزگۈچىكى بىلەن مۇتلەق سېزىمچانلىق ئوتتۇرىسىدا تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، مۇتلەق سەزگۈچىكى قانچە كىچىك بولسا، سېزىمچانلىقمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا سېزىمچانلىق شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم باشقا ئادەمگە قارىغاندا يېرىم ئاۋازنى ئاڭلىيالىسا ئۇنداقتا بۇ ئادەمنىڭ ئاڭلاش سەزگۈچىكى باشقا ئادەمگە قارىغاندا يېرىمى كىچىك بولىدۇ. ئاڭلاش سېزىمچانلىقى باشقا ئادەمگە قارىغاندا بىر ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ.

پەرقلىق سېزىمچانلىقى ۋە پەرقلىق سەزگۈچىكى. غىدىقلىغۇچ سەزگۈ پەيدا قىلغاندىن كېيىن، غىدىقلىغۇچنىڭ كۈچلۈكلۈكىدە يەنە ئۆزگىرىش يۈز بەرسىمۇ، ئەمما غىدىقلىغۇچنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى بىز ھېس قىلىپ كېتەلمەيمىز. مەسىلەن، ئەسلىدىكى يۈز گرام ئېغىرلىققا بىر گرام قوشساق ئادەتتە بۇ خىل ئۆزگىرىشنى سېزەلمەيمىز. ئەگەر ئۈچ گرام ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك قوشساق ئىلگىرى-كېيىنكى ئىككى خىل ئېغىرلىقتىكى ئۆزگىرىش پەرقىنى سېزىۋالالايمىز.

بۇ خىل سەزگۈ پەرقى پەيدا قىلالايدىغان غىدىقلىغۇچتىكى ئەڭ كىچىك ئۆزگىرىش مىقدارى پەرق سەزگۈچىكى بۇ خىل ئەڭ كىچىك ئۆزگىرىش مىقدارىنى سېزىۋېلىش قابىلىيىتى پەرق سېزىمچانلىقى دېيىلىدۇ. پەرق سەزگۈچىكى بىلەن پەرق سېزىمچانلىقى ئوتتۇرىسىدىمۇ تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت بولىدۇ. سېزىمچانلىق بىلەن سەزگۈچىكنى تەتقىق قىلىش تەلىم-تەربىيە خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېزىمچانلىقىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىش،

ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش ۋە چۈشىنىش ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى تەشكىللەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ ئوقۇتۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىجادىي رولىغا ئىگە.

2) سەزگۈنىڭ ماسلىشىشى

غىدىقلىغۇچىنىڭ سەزگۈ ئەزالارغا ئۇدا تەسىر قىلىش نەتىجىسىدە سېزىمچانلىق ئۆزگىرىشىدە پەيدا بولغان ھادىسە سەزگۈنىڭ ماسلىشىشى دېيىلىدۇ. ماسلىشىش سېزىمچانلىقىدا يۈكسىلىنىشمۇ پەيدا قىلىدۇ، ھەم پەسىيىشمۇ پەيدا قىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا سەزگۈنىڭ ماسلىشىشى ناھايىتى ئومۇمىي ھادىسە بولۇپ، كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ ماسلىشىشى ئىنتايىن روشەن بولىدۇ. مەسىلەن، كۈندۈزى قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان چوڭ كوچىدىكى قاراڭغۇ كىنوخانىغا كىرسەك، دەسلەپتە ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيمىز، ئاستا-ئاستا ئۆتۈش يولى ۋە ئورۇندۇقلارنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆرۈشكە باشلايمىز. بۇ ئاجىز نۇرغا ماسلىشىش ياكى «قاراڭغۇغا ماسلىشىش» دېيىلىدۇ. ئاجىز نۇرنىڭ ئۇدا تەسىرى سېزىمچانلىق قابىلىيىتىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەكسىنچە قاراڭغۇ كىنوخانىدىن چىقساق كۈچلۈك كۈن نۇرى ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچقۇزمايدۇ. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن كۆز ئىمىر-چىمىر بولمايدۇ. بۇ كۈچلۈك نۇرغا ماسلىشىش بولۇپ «يورۇقلۇققا ماسلىشىش» دېيىلىدۇ. كۈچلۈك نۇرنىڭ ئۇدا تەسىرىدە كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ سېزىمچانلىقىدا تۆۋەنلەش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. ئادەم ئىللىق پۇراق بار جايدا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسا ئۇنىڭ پۇرىقى بىلىنمەيدۇ. بېلىق بازىرىدا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالساق بېلىقنىڭ سېسىق پۇرىقى بىلىنمەيدۇ. » مانا بۇ پۇراق سەزگۈسىدىكى ماسلىشىش ھادىسىسىدۇر. «كۆزەينەك تاقاپ كۆزەينەك ئىزدەش. » تېگىش سەزگۈسىنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسى. ئاشپەز ئۆزى ئەتكەن تائامنىڭ تۇزىنى تېتىۋەرسە ئاخىرى بېرىپ سەي تۇزلۇق بولۇپ قالىدۇ. بۇ تەم سەزگۈسىنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسى. ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ ماسلىشىش ئادەتتە بىرقەدەر قىيىن ئاغرىش سەزگۈسىدە ماسلىشىش بولمايدۇ ياكى ماسلىشىشنىڭ بولۇشى ناھايىتى تەس، چۈنكى ئاغرىش سەزگۈسى يامان خاراكتېرلىك جاراھەتنىڭ غىدىقلاش سىگنالى بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئاسانلا ماسلىشىپ قالسا، ئورگانىزمنىڭ مەۋجۇتلۇقى كىرىزىسكا ئۇچرايدۇ.

ماسلىشىش ئىقتىدارى ئورگانىزمنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەدرىجىي

تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، ئۇ بىزنىڭ تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنى سېزىپ ئىدراك قىلىشىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزنى تەڭشىشىمىزدە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) سەزگۈ سېلىشتۇرمىسى

سەزگۈ سېلىشتۇرمىسى ئوخشاش بىر سېزىم ئوخشىمىغان غىدىقلاشنى قوبۇل قىلغاندا، قوبۇل قىلىش ئاپپاراتى ئۆزگىرىش ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. سەزگۈ سېلىشتۇرمىسى ئوخشاش ۋاقىتتا سېلىشتۇرۇش ۋە ئارقىمۇ ئارقا سېلىشتۇرۇش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئوخشاش ۋاقىتتا سېلىشتۇرۇش — ئوخشاش بىر قوبۇل قىلىش ئاپپاراتى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىرقانچە غىدىقلىغۇچى تەسىر كۆرسەتكەندە سېزىمچانلىقتا پەيدا بولىدىغان ئۆزگىرىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاش بىر كۇل رەڭ تىك تۆت تەرەپلىكنى ئاق رەڭلىك ئارقا كۆرۈنۈشتە قويسا، غۇۋا كۆرۈنىدۇ، قارا رەڭلىك ئاق كۆرۈنۈشتە قويسا ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. ئەگەر قىزىل ۋە يېشىل رەڭلىك ئارقا كۆرۈنۈشكە ئالماشتۇرۇلسا، ئۇنداقتا قىزىل رەڭلىك ئارقا كۆرۈنۈشتە كۆك رەڭ تېخىمۇ يېشىل كۆرۈنىدۇ، يېشىل رەڭلىك ئارقا كۆرۈنۈشتە كۇل رەڭ ئېنىق قىزىل كۆرۈنىدۇ، ئارقىمۇ ئارقا سېلىشتۇرۇش بولسا، بىرقانچە غىدىقلىغۇچىنىڭ ئوخشاش بىر رېتسېپتورغا ئىلگىرى-كېيىن تەسىر كۆرسەتكەن ۋاقىتتا سېزىمچانلىقتا پەيدا بولغان ئۆزگىرىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئالدى بىلەن كەمپۈت يەپ، ئارقىدىن ئالما يېسە، ئالما ئاچچىق تېتىيدۇ، ئالما يەپ بولۇپ، ئارقىدىن كەمپۈت يېسە تېخىمۇ تاتلىق تېتىيدۇ.

سېلىشتۇرما ھادىسىسىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، سانائەتتە ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلىرىنى لايىھىلەش، تۇرۇبىلارنىڭ رەڭگىنى لايىھىلەش ھۈنەر سەنئىتى قاتارلىقلاردا سەزگۈ سېلىشتۇرمىسىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇشتىمۇ سەزگۈ سېلىشتۇرمىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

4) سەزگۈنىڭ ئۆزئارا تەسىرى

مەلۇم بىر خىل غىدىقلىغۇچى پەيدا قىلغان سېزىمچانلىقنىڭ باشقا سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ غىدىقلىغۇچىنى قوبۇل قىلىشىدا پەيدا قىلغان ئۆزگىرىش ھادىسىسى سەزگۈنىڭ ئۆزئارا تەسىرى دېيىلىدۇ. بەلگىلىك شارائىتتا

ھەرخىل ئوخشىمىغان سەزگۈلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش پەيدا بولۇپلا قالماي، بەلكى سىزىمچانلىقىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

مەسىلەن، ئەينەك كەسكەندە چىققان چىرىس-چىرىس قىلغان ئاۋازدىن ئادەمنىڭ تېرىسىدە ئازراقمۇ سوغۇقلۇق سەزگۈ پەيدا بولمايدۇ. ئاجىز نۇردا غىدىقلىغۇچى ئاڭلاش سىزىمچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ، كۈچلۈك نۇردا غىدىقلىغۇچى ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ سىزىمچانلىقىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئوخشىمىغان سەزگۈنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ھادىسىسىمۇ ئوخشاشلا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى بولسا، ئاجىز غىدىقلىغۇچ باشقا سەزگۈ ئەزالارنىڭ سىزىمچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ، كۈچلۈك غىدىقلىغۇچ باشقا سەزگۈ ئەزانىڭ سىزىمچانلىقىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

5) تۇتاش سەزگۈ

تۇتاش سەزگۈ — بىر خىل سەزگۈنىڭ ئىككىنچى بىر خىل سەزگۈ پەيدا قىلغان پسىخىكىلىق ھادىسە بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى رەڭ سەزگۈسى پەيدا قىلىدىغان تېمپېراتۇرا سەزگۈسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، قىزغۇچ، سېرىق رەڭ كىشىلەردە ئاسانلا ئىسسىقلىق (ئىللىقلىق) سەزگۈسىنى پەيدا قىلغاچقا ئىسسىق رەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قېنىق كۆك رەڭ كىشىلەردە ئاسانلا سوغۇقلۇق سەزگۈسى پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ سوغۇق رەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قېنىق قىزغۇچ سېرىق رەڭ يەنە كىشىلەردە ھەمىشەم چىقىشقاقلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغاچقا، ئىلگىرىلەتكۈچى رەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قېنىق كۆك رەڭ كىشىلەردە ھەمىشەم يىراقلىشىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغاچقا، چېكىندۇرگۈچى رەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رەڭنى تەڭشەشنىڭ قويۇق-سۇيۇقلۇقىمۇ ئېغىر، يەڭگىللىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ، قارا، ئاق رەڭلىك چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ئىككى شارچىدىن ئاق رەڭلىك شارچە كىشىلەردە يېنىك سەزگۈنى، قارا رەڭلىك شارچە كىشىلەردە ئېغىرلىق سەزگۈسىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت رەڭلەرنىڭ تەڭشىلىشى ئوخشىمىسىمۇ كىشىلەردە پەيدا بولىدىغان پسىخىكىلىق ئۈنۈم ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، قىزىل رەڭ كىشىلەرنى روھلاندۇرىدۇ، كۆك رەڭ كىشىلەرنى تىنچلاندۇرىدۇ، قارا رەڭ كىشىلەرنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە پايدىلىق، تۇتاش سەزگۈ كۈندىلىك تۇرمۇشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## 2. ئىدراكنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1) ئىدراكنىڭ تاللاشچانلىقى

ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەمگە قارىتا سىرتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل بولغاچقا، مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە ئادەم ھامان ناھايىتى ئاز ساندىكى شەيئىلەرنى ئىدراك ئوبيېكتى قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى ئارقا كۆرۈنۈشتىن پەرقلەندۈرۈپ چىقىپ ئېنىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىدراكنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئىدراكنىڭ تاللاشچانلىقى دېيىلىدۇ.

ئومۇمەن مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە ئېنىق ئىدراك قىلىنىدىغان شەيئى ئاسانلا ئىدراك ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. .شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەقەت بىرقەدەر غۇۋا ئىدراك قىلىنىدىغان شەيئى ئىدراك ئوبيېكتىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگۈچى ئارقا كۆرۈنۈش ھېسابلىنىدۇ. ئوبرازى يارقىن، ئېنىق، خۇددى باشقا شەيئىلەرنىڭ «ئالدى تەرىپىگە» ئۆتۈپ تۇرغاندەك گەۋدىلىنىدىغىنى ئىدراك ئوبيېكتى، خۇددى چېكىنگەنگە ئوخشاش «ئارقا تەرەپتە» ئۆزگىرىپ غۇۋا ئەكس ئېتىدىغىنى ئىدراكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن دەرسنى ئاڭلىغاندا ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇتقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدراك ئوبيېكتى بولغاچقا ناھايىتى ئېنىق ئاڭلايدۇ. باشقا شەيئىلەر (مەسىلەن، دەرسخانا سىرتىدىكى ئاۋازلار، دەرسخانا ئىچىدىكى ساۋاقداشلارنىڭ پىچىرلاشلىرى ئارقا كۆرۈنۈش بولغاچقا ئېنىق ئاڭلانمايدۇ، ئىدراكتا تاللاشچانلىق بولغانلىقتىن كىشىلەر پەقەت ئاز ساندىكى مۇھىم دەپ قارالغان غىدىقلىغۇچىلارغا ياكى غىدىقلىغۇچىنىڭ مۇھىم دەپ قارالغان تەرەپلىرىگىلا مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ.

ھەمدە تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تونۇپ، تاشقى دۇنيادىكى مۇھىتقا ماسلىشالايدۇ. ئەلۋەتتە، ئىدراك ئوبيېكتى بىلەن ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم نەرسە ئەمەس. مەلۇم شارائىت ئاستىدا بۇ ئىككىسى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئايلىنالايدۇ. مەسىلەن، ئىككىسىدە بىر رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك قارا رەڭلىك ئارقا كۆرۈنۈشتە بولسا، ئاق رەڭلىك گۈلدار (لوڭقا) دەپ ئىدراك قىلىنىدۇ. ئەمما، ئاق رەڭلىك كۆرۈنۈشتە بولسا، ئىككى قارا رەڭ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئوبرازى دەپ ئىدراك قىلىنىدۇ. ئىككىنچى رەسىمدە بولسا، بىر تەرەپتىن قارىسا، ياش ئايالنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇپ كۆرۈنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قارىسا، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن قېرى ئايالنىڭ

كۆلەڭگىسى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.



1.2-رەسىم. لوڭقا ۋە باشنىڭ قوش مەنىلىك سۈرىتى



2.2-رەسىم. قىز ۋە موماينىڭ قوش مەنىلىك سۈرىتى

### 2) ئىدراكنىڭ پۈتۈنلۈكى

ئىدراك ئوبيېكتى ئوخشىمىغان قىسىملاردىن تەركىب تاپقاچقا، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەمما، بىز ئۇنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى يەككە-يېگانە هالدا ئىدراك قىلماستىن، بەلكى ئۇنى هامان بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئىدراك قىلىمىز. ئىدراكنىڭ بۇ خىل ئالاهىدىلىكى ئىدراكنىڭ پۈتۈنلۈكى دېيىلىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر غىدىقلىغۇچى سۈپىتىدە ئادەمگە تەسىر كۆرسەتكەندە ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ياكى خۇسۇسىيەتلىرى دائىم ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا ئايرىم-ئايرىم تەسىر كۆرسىتىدۇ ياكى ئىلگىرى-كېيىنلىكى بويىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ، هەتتا بەزىدە پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تەركىبىي قىسىملا ئادەمگە قارىتا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئوبيېكتىپ جەهەتتە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ نەزىرىدە پۈتۈنلۈك (ئومۇمىيۈزلۈك) سۈپىتىدە ئىدراك قىلىنىدۇ. مەسىلەن، 2. 3-رەسىمدە قىسقا سىزىقلار گەرچە تۇتاشتۇرۇلمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئىككى دانە ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئالتە بۇلۇڭى پەقەت كۆرۈنمەيدۇ. بۇ خىل ئوبيېكتىپ جەهەتتىن مۇكەممەل ئەمەس، سۇبيېكتىپ جەهەتتە مۇكەممەل بولغان قارىمۇقارشى بولغان ئەھۋال سۇبيېكتىپ دائىرە دېيىلىدۇ.

### 3) ئىدراكنىڭ چۈشىنىشچانلىقى

نۆۋەتتىكى شەيئىلەرنى ئىدراك قىلغان ۋاقىتتا ئادەم ھامان ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بىلىم تەجرىبىسىگە ئاساسەن چۈشىنىدۇ ھەم سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئىدراكنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئىدراكنىڭ چۈشىنىشچانلىقى دېيىلىدۇ. ئادەم ھامان ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بىلىم تەجرىبىسىگە ئاساسەن كۆز ئالدىدا ئىدراك قىلغان شەيئىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بىر تەرەپ قىلىپ شەيئىلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدۇ ھەم ئۇنى كۆرسىتىپ بېرىشتە



3.2-رەسىم. سۇبيېكتىپ ئەندىزە
(سەزگۇ پۇتۇنلۇكى)

سۆز شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، 1-، 2-، 4-رەسىمدە گەرچە پەقەت بەزى چېكىت ۋە سىزىقچە بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىلىم تەجرىبىسىگە تايىنىش ئاساسىدا بىر قاراپلا رەسىمدىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. ئەگەر دەرھال بىلىۋالالمىغاندا، باشقىلارنىڭ بۇ «كىچىك بالا بىلەن ئىت» دېگىنىگە ئاساسەن ئاسانلا ئېنىق پەرقلەندۈرۈۋالالايدۇ. تىلنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن ئادەمنىڭ ئۆتكەنكى بىلىم تەجرىبىلىرى قوزغىلىپ ئىدراكنىڭ مەزمۇنى تولۇقلىنىدۇ، شەيئىلەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### 4) ئىدراكنىڭ تۇراقلىقى

ئىدراك جەريانىدا ئىدراكنىڭ شەرتلىرىدە بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە ئۆزگىرىش بولغان ۋاقىتتا ئىدراك ئوبيېكتىنىڭ ئوبرازى ئۆزگەرمەستىن نىسپىي مۇقىم ھالدا بۇرۇنقىدەكلا ساقلىنىپ قالىدۇ، ئىدراكنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ئىدراكنىڭ تاللاشچانلىقى دېيىلىدۇ. ئىدراكنىڭ تۇراقلىقلىقى ھەرقايسى سەزگۈلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ھادىسە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆرۈش ئىدراكىدا ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىدۇ، بىز ئوخشاش بىر جىسىمنى كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا كۆزىتىش شەرتلىرى (ئارىلىق، بۇلۇڭ، گرادۇس، روشەنلىك دەرىجىسى قاتارلىقلار) نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئىدراك تامامەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، بەلكى چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ تۇراقلىقى، يورۇقلۇق دەرىجىسىنىڭ تۇراقلىقلىقى، ۋە رەڭنىڭ تۇراقلىقلىقىدا

گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاش بىر ئادەمگە قارىساق ئارىلىقىنىڭ يىراق-يېقىنلىقى ئوخشىمىسا، كۆرۈش تور پەردىسىدە كۆرۈنگەن ئوبرازنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جەھەتتىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بىراق، بىز ھامان ئۇنىڭ ئېگىز-پاكارلىقىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق دەپ قارايمىز. بۇ ئىدراكنىڭ چوڭ-كىچىكلىك جەھەتتىكى تۇراقلىقلىقى ھېسابلىنىدۇ. بىز سىنىپنىڭ قايسى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرمايلى، سىنىپنىڭ ئىشىكى ھامان تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە دەپ بىلىمىز، كۆزنىتىش بۇلۇڭىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ كۆرۈش تور پەردىدىكى ئوبرازى ئوخشىمىسا، ئۇنى رومبا شەكىلدە ياكى پەلەمپەي شەكىلدە دەپ قارايمىز، بۇ شەكىل جەھەتتىكى ئىدراكنىڭ تۇراقلىقلىقى ھېسابلىنىدۇ، چۈش ۋاقتىدىكى كۈچلۈك نۇردا ياكى كەچكى گۇگۇم ۋاقتىدىكى كۆمۈرنى ھامان قارا، بورنى ئاق دەپ بىلىمىز. يورۇقلۇقنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن رەڭ ھەققىدىكى ئىدراكىمىز ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. بۇ رەڭ جەھەتتىكى ئىدراكنىڭ تۇراقلىقلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئىدراكنىڭ تۇراقلىقلىقى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ كىشىلەرنى ئوخشىمىغان ئەھۋال ئاستىدا شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە شەيئىلەرنى تونۇش ھەم كىشىلەرنى ئوبيېكتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ئەگەر ئىدراكنىڭ تۇراقلىقلىقى بولمايدىكەن، كىشىلەرنىڭ تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىرتقى مۇھىتقا ماسلىشالىشى قىيىن بولىدۇ.



4.2-رەسىم. بۇ رەسىمدىكى نېمە؟

## 2. خاتىرە

### 1. خاتىرە

1. خاتىرىنىڭ تەبىرى

خاتىرە باشتىن كەچۈرگەن شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى، ئۆچۈرنى پىششىقلاپ ئىشلەش نەزەرىيىسى بويىچە قارىغاندا، خاتىرە ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىرىشكەن ئۇچۇرلارنى سىفىرلاشتۇرۇش، ساقلاش ۋە ئىپلىش جەريانى بولۇپ، كىشىلەر سېزىپ ئىدراك قىلغان شەيئىلەرنى، ئويلايدىغان مەسىلىلەر، باشتىن كەچۈرگەن كەيپىيات، مەشىق قىلغان ھەرىكەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەم مېڭىسىدە بەزى ئىزلارنى قالدۇرىدۇ ھەم مۇئەييەن شارائىت ئاستىدا يېڭىۋاشتىن روشەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئادەم مېڭىسىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن شەيئىلەرنى ئەستە قالدۇرۇش، ئەستە ساقلاش ۋە قايتا ئايان قىلىش جەريانى خاتىرە دېيىلىدۇ. خاتىرە ئادەمنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەت جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، خاتىرە بولغاندىلا كىشىلەر ئۆتكەنكى ئىنكاس نەتىجىلىرىنى مېڭىسىدە ساقلىيالايدۇ ھەم ئۆتكەنكى ئىنكاس ئاساسىدا نۆۋەتتىكى ئىنكاس پائالىيىتىنى ئېلىپ بارالايدۇ، خاتىرە بولغاندىلا كىشىلەر تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىنكاس قىلالايدۇ. تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى تەپەككۇر ۋە خىيال پائالىيىتىنى ئېلىپ بارالايدۇ، خاتىرە بولغاندىلا ئىنسانلار تەجرىبە توپلاپ، بىلىم ئىگىلەپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ ئىنسانىيەتنىڭ پەن-مەدەنىيىتىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

2. خاتىرىنىڭ تۈرلىرى

خاتىرىنى مەزمۇنىغا ئاساسەن ئوبراز خاتىرىسى، لوگىكىلىق خاتىرە، كەيپىيات خاتىرىسى ۋە ھەرىكەت خاتىرىسى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئوبراز خاتىرىسى — سېزىپ ئىدراك قىلغان شەيئىلەرنىڭ كونكرېتنى ئوبرازىنى مەزمۇن قىلغان خاتىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كونكرېتنى ئوبراز — كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ ئوبرازى، ئاڭلاش سەزگۈسى ئوبرازى، تېگىش سەزگۈسى ئوبرازى ھەم تەم سەزگۈسى ئوبرازى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، لۇشۇن «يۇرتۇم» ھېكايىسىدە رۇن تۇنىڭ ياش ۋاقتىنى ئەسلىشى ئوبراز خاتىرىسىدۇر. لوگىكىلىق خاتىرە، مەنىلىك خاتىرىمۇ دېيىلىدۇ، ئۇ سۆز، ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە، قائىدە، فورمۇلا، تېئورېما قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان خاتىرە بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ بىلىمنى ساقلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەكلى ھەم ئۇ ئىنسانلارغا خاس بولغان خاتىرە ھېسابلىنىدۇ.

كەيپىيات خاتىرىسى: باشتىن كەچۈرگەن مەلۇم خىل كەيپىيات ياكى ھېسسىياتنى مەزمۇن قىلغان خاتىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدا ساقلانغىنى باشتىن كەچۈرگەن كەيپىيات، ھېسسىيات بىلەن ھېسسىيات كەچۈرمىشكە مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن چاغدىكى تەسىرلىك، روھلۇق روھىي ھالىتىنى ئەسلىشى، ئۆزىنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالغان يەرلەرنى ئويلاپ يېتىش، ئازار يېگەندىكى روھىي چۈشكۈنلۈك، غەزەپلىنىش كەيپىياتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كەيپىيات خاتىرىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ، ھەرىكەت خاتىرىسى: يەنى ھەرىكەت خاتىرىسى ئورۇندىغان ھەرىكەت ياكى ھەرىكىتىنى مەزمۇن قىلغان خاتىرىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، خەت يېزىش، مۇز تېيىلىش، گىمناستىكا ئويناش، ۋېلىسىپىت مىنىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى ھەرىكەت خاتىرىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇچۇر پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ساقلاش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا ئاساسەن خاتىرىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرە، قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرە ۋە ئۇزاق ۋاقىتلىق خاتىرە دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ.

ئەڭ قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرە سەزگۇ خاتىرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ غىدىقلىغۇچنىڭ تەسىرى توختىغاندىن كېيىن تەسىراتنىڭ ئادەم مېڭىسىدە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ساقلىنىپ قالىدىغان خاتىرىنى كۆرسىتىدۇ. كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ قالدۇق تەسۋىرى تىپىك بولغان سەزگۇ خاتىرىسى ھېسابلىنىدۇ. سەزگۇ خاتىرىنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى ئەڭ قىسقا بولۇپ تەخمىنەن 0.25 — 2 سېكۇنت، ئۇنىڭ سىفىرلىنىش شەكلى ماتېرىيالنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىۋاسىتە سىفىرلاشتۇرۇش بويىچە بولۇپ روشەن ئوبرازچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭ ئۇستىگە ساقلىنىش مىقدارىمۇ ئىنتايىن چوڭ.

سەزگۇ خاتىرىسىدىكى ئۇچۇرلار ئەگەر دىققەتكە سازاۋەر بولمىسا، ئۇنىڭ تېزلا يوقاپ كېتىشىدىن ساقلانماق تەس، ئەگەر دىققەتكە سازاۋەر بولالىسا قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرىگە ئايلىنىدۇ، قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرە — غىدىقلىغۇچنىڭ تەسىرى توختىغاندىن كېيىن، ئۇچۇرلارنىڭ ئادەم مېڭىسىدە بىر مىنۇت ئەتراپىدا ساقلىنىدىغان خاتىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىر تېلېفون بەرگەندە تېلېفون نومۇرىنى ئەستە تۇتۇۋېلىشىمىز قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرىدۇر، قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرىنىڭ ساقلىنىشى مۇنداق ئىككى

ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ: بىرى، سىغىمچانلىقى چەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا تەخمىنەن $7\pm2$ دانە (chunking) يەنى ئۇچۇر بىرلىكى بولىدۇ. ئۇچۇر بىرلىكى-كىشىلەر تونۇش بولغان نەرسىلەردىن تەشكىل قىلىنغان خاتىرە بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ بىر سان، بىر سۆز ھەم بىر گۇرۇپپا سان، سۆز بىرىكمىسى ياكى بىر جۈملە بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ سىفىرلىنىش شەكلىدە ئاڭلاش سەزگۈسىنى ئاساس ئورۇندا قويىدۇ ھەم كۆرۈش سەزگۈسى بىلەن سۆز مەنىسىنىڭ سىفىرلىرىمۇ بولىدۇ، قىسقا ۋاقىتلىق خاتىرىدە ئەگەر ئۇچۇر قايتا تەكرارلاشقا ئېرىشەلمىسە تېزلا يوقاپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر قايتا تەكرارلىنىشقا ئېرىشەلىسە ئۇزاق ۋاقىتلىق خاتىرىگە ئايلىنىش مۇمكىن.

ئۇزۇن ۋاقىتلىق خاتىرە: ئۇچۇرنىڭ بىر مىنۇتتىن يۇقىرى بىرقانچە كۈن، بىرقانچە ئاي، نەچچە يىل، ھەتتا بىر ئۆمۈر ساقلىنىدىغان خاتىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇزاق ۋاقىتلىق خاتىرە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچى، ئۇچۇرنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ بىر مىنۇتتىن يۇقىرى، نەچچە كۈن، نەچچە ئاي، نەچچە يىل، ھەتتا بىر ئۆمۈر بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇچۇرنىڭ سىغىمچانلىقى چوڭ، مۇنداقچە قىلغاندا ئۇنىڭ چېكى بولمايدۇ، چەكسىز بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سىفىرلىنىش شەكلىدە مەنىلىك سىفىرلىنىش ئاساس ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇچۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش نەزەرىيىسىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى ئۈچ خىل خاتىرە: خاتىرىنىڭ ئۈچ باسقۇچى ياكى خاتىرىنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسى دېيىلىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى 2. 5-رەسىمدىكىدەك چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

### 3. خاتىرە تەسەۋۋۇرى

خاتىرە تەسەۋۋۇرى قىسقىچە تەسەۋۋۇر دېيىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى سېزىپ ئىدراك قىلغان شەيئىلەر كۆز ئالدىمىزدا بولمىغان ئەھۋالدا مېڭىمىزدە يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا چىققان ئوبرازنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن باشقىلار «北京» دېگەن بۇ ئىككى خەتنى تىلغا ئالساق بىزنىڭ مېڭىمىزدە: تيەنئەنمېن، خەلق سارىيى، خان سارىيى قاتارلىقلارنىڭ ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك ئوبرازى پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ خاتىرە تەسەۋۋۇرىدۇر. تەسەۋۋۇر سەزگۈ ۋە ئىدراك ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ. سەزگۈ ۋە ئىدراك بولمايدىكەن تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن،




5.2-رەسىم. خاتىرە سىستېمىسىنىڭ ئەندىزىسى

تۇغما ئەما ئادەمدە رەڭ ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر بولمايدۇ، تۇغما گاس ئادەمدە ئاۋاز ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر بولمايدۇ.

دېمەك، تەسەۋۋۇر خاتىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. خاتىرە تەسەۋۋۇرى بىۋاسىتە كۆزىتىشچانلىق خاراكتېرىگە ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1) بىۋاسىتە كۆزىتىشچانلىق خاراكتېرى، خاتىرە تەسەۋۋۇرى شەيئىلەرنى سېزىپ ئىدراك قىلغاندىن كېيىن قېلىپ قالغان ئوبراز بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي كۆزەتكىلى بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەمما، ئۇ سېزىپ ئىدراك قىلىنىۋاتقان ئوبرازدەك ئۇنداق روشەن، مۇكەممەل ۋە تۇراقلىق بولمايدۇ. ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىدىغىنى پەقەت شەيئىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ۋە بەزى ئاساس ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت.

2) ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرى

خاتىرە تەسەۋۋۇرى ئادەتتە كۆپ قېتىملاپ سېزىپ ئىدراك قىلىشنىڭ ئۇنىۋېرسال نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان ئوبرازىنىڭ ئىنكاسى بولغاچقا كۈچلۈك ئومۇملاشتۇرۇشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ* يېزىق ئۇستىلى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىز ئېنىق بەلگىلەنگەن ئالاھىدە بىر يېزىق ئۇستىلى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئەمەس، بەلكى ئومۇملاشتۇرۇلغان يېزىق ئۇستەللىرىنىڭ ئوبرازى. تەسەۋۋۇر ئادەمنىڭ بىلىش پائالىيىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، كىشىلەر ئىلگىرى بېشىدىن كەچۈرگەن شەيئىلەرنى تونۇش

ياكى يېڭىۋاشتىن نامايان قىلىشنى، ئاساسلىقى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. تەسەۋۋۇر ئومۇملاشتۇرۇشچانلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، تەسەۋۋۇر سەزگۈ ۋە ئىدراكتىن ئابستراكت تەپەككۇرغا ئۆتۈشتىكى بىر مۇھىم بولغان ئوتتۇرا ھالقا ھېسابلىنىدۇ، تەسەۋۋۇرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشى بىلىم ئىگىلىتەلەيدۇ ۋە ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

## 2. خاتىرە جەريانىنى ئانالىز قىلىش

خاتىرە بىر خىل مۇرەككەپ پسىخىك جەريان بولۇپ، ئۇ پەيدا بولۇش ۋاقىت تەرتىپىدىن قارىغاندا ئالدى بىلەن ئەستە تۇتۇش، ئاندىن ئەسكە ئېلىشتىن ئىبارەت. ئەستە تۇتۇش ئەستە قالدۇرۇش بىلەن ئەستە ساقلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسكە ئېلىش قايتا ئايان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭلاشقا پۈتكۈل خاتىرە جەريانى ئەستە قالدۇرۇش، ئەستە ساقلاشنى ۋە قايتا كۆرۈلۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ھالقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈچ ھالقا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان، مۇكەممەل بىرلىككە كەلگەن جەرياننى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەستە قالدۇرۇش بولمىسا، ئەستە ساقلاشمۇ بولمايدۇ. ئەستە ساقلاش بولمىسا، قايتا ئايان بولۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى: ئەستە قالدۇرۇش بىلەن ئەستە ساقلاش قايتا ئايان بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى؛ قايتا ئايان بولۇش، ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئەستە ساقلاشنىڭ نەتىجىسى ۋە ئىپادىسى.

1. ئەستە قالدۇرۇش

ئەستە قالدۇرۇش — شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، ئېسىدە چىڭ تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ، ئۇچۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش نەزەرىيىسى، نۇقتا نەزەرىيىسىدىن قارىغاندا، ئەستە قالدۇرۇش ئۇچۇرنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى سىفىرلاشتۇرۇپ رەتكە تۇرغۇزۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئەستە قالدۇرۇش خاتىرە پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى ھەم خاتىرە پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي ھالقىسى ۋە ئالدىنقى شەرتى.

1) ئەستە قالدۇرۇشنىڭ تۈرلىرى

ئەستا قالدۇرۇش: ئەستە قالدۇرۇش ۋاقتىدىكى مەقسەتچانلىق ۋە ئىرادە، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇش ۋە ئىختىيارىي ئەستە قالدۇرۇش دەپ ئىككى

تۇرگە بۆلىمىز.

ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇش — ئەستە قالدۇرۇشتىن ئاۋۋال ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسىتى بولمىغان ۋە ئىرادە، تىرىشچانلىق تەلەپ قىلمايدىغان ئەستە قالدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىنونى كۆرگەن، مەلۇم بىر قىزىقارلىق رومانىنى ئوقۇغان ۋاقىتىمىزدا، گەرچە ئەستە قالدۇرۇش مەقسىتىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئىشلار ئېسىمىزدە قالىدۇ. مانا بۇ ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇش بولىدۇ.

مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەننىي ئېنىقلىما، ئۇقۇم، فورمۇلا ۋە قائىدىلەرنى ئۆگىنىش مەقسىتىنىڭ ئېنىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، بەلكى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىرادە، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەستە قالدۇرۇشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ ئىختىيارىي ئەستە قالدۇرۇش دېيىلىدۇ.

ئەستە قالدۇرۇش يەنە ئەستە قالدۇرماقچى بولغان ماتېرىيالنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ياكى ئۆگەنگۈچىنىڭ ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش چۈشەنمەسلىكىگە ئاساسەن، مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇش ۋە مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مېخانىك ئەستە قالدۇرۇش — شەيئىلەرنىڭ تاشقى باغلىنىشىغا ئاساسەن ئاددىي ھالدا قايتا-قايتا تەكرارلاش ئاساسىدا ئېلىپ بارىدىغان ئەستە قالدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇش ئىككى ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر خىلى، ئۆزىدە ئىچكى باغلىنىش كەمچىل بولغان ماتېرىياللار. مەسىلەن، تارىخىي يىلنامىلەر، تېلېفون نومۇرى، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلار، يەر-جاي ناملىرى قاتارلىقلار مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر خىلى ماتېرىيالنىڭ ئۆزىدە ئىچكى باغلىنىش بولسىمۇ، بىراق بۇ خىل ماتېرىياللارنى چۈشەنمىگەندە. مەسىلەن، مەلۇم قائىدە فورمۇلا قاتارلىقلارنى پەقەت ئۆلۈك ھالدا يادلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇمۇ مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇش ھېسابلىنىدۇ.

مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش — ماتېرىيالنى چۈشىنىش ئاساسىدا ماتېرىيالنىڭ ئىچكى باغلىنىشىغا ئاساسەن ھەم ئىلگىرىكى بىلىم تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەستە قالدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەستە قالدۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈن ئۇنۇمىدىن قارىغاندا، ئىختىيارىي

ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ئىختىيارسىز ئەستە قالدۇرۇشتىن ياخشى بولىدۇ. مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇشتىن ياخشى بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ ۋە ئۆزئارا قارىمۇقارشى ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا بىر-بىرىگە تايىنىدۇ ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ.

## 2) ئەستە قالدۇرۇش ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

### ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ۋە مەقسىتى

ئەستە قالدۇرۇش مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئېنىق بولۇش-بولماسلىقى ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ئەستە قالدۇرۇشنىڭ مەقسەت ۋەزىپىسى قانچە ئېنىق بولسا، ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. چۈنكى: ئەستە قالدۇرۇشنىڭ مەقسەت ۋەزىپىسى ئېنىق بولغاندىن كېيىن كىشىلەر پۈتۈن دىققىتىنى ئەستە قالدۇرماقچى بولغان ئوبيېكتقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئەستە قالدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ل. پېتېرسۇن (L. Peterson) ئىككى گۇرۇپپا سىناق قىلىنغۇچىلارغا 16 تاق سۆزنى ئۆگىنىش ھەققىدە سىلىشتۇرۇش تەجرىبىسى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مەقسىتى ئېنىق بار بولغان گۇرۇپپىدىكىلەر 14 تاق سۆزنى ئەستە قالدۇرغان، ئىككى كۈندىن كېيىن 9 تاق سۆز ئېسىدە قالغان. ھېچقانداق مەقسىتى بولمىغان گۇرۇپپىدىكىلەر پەقەت 10 تاق سۆزنى ئەستە قالدۇرغان. ئىككى كۈندىن كېيىن بولسا 6 تاق سۆز ئېسىدە قالغان، ئالدىنقىسىنىڭ ئۈنۈمى كېيىنكىسىدىن ياخشى بولغانلىقى مەلۇم بولغان.

ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرى ۋە مىقدارىغا باغلىق بولىدۇ. ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمىسا، ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئەمەلىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، بىۋاستە كۆزىتىشچانلىق ئوبرازىدىكى ماتېرىياللارنى ئەستە قالدۇرۇش، سۆز ماتېرىيالىنى ئەستە قالدۇرۇشقا قارىغاندا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كۆرۈش سەزگۈسى خاراكتېرىدىكى ماتېرىياللارنى ئەستە قالدۇرۇش، ئاڭلاش سەزگۈ خاراكتېرىدىكى ماتېرىياللارنى ئەستە قالدۇرۇشقا قارىغاندا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، مەنىلىك باغلىنىشقا ئىگە ماتېرىياللارنى ئەستە قالدۇرۇش، مەنىسىز باغلىنىشقا ئىگە ماتېرىياللارنى

ئەستە قالدۇرۇشقا قارىغاندا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قاپىيەلىك ماتېرىياللارنى ئەستە قالدۇرۇش، قاپىيەسىز ماتېرىياللارنى ئەستە قالدۇرۇشتىن ئاسان بولىدۇ. ئىلمىي پسىخولوگىيە خىزمەتچىلىرى شېئىر بىلەن نەسىردىن ئىبارەت ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى ئىككى ماتېرىيالنى ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە تەجرىبە ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە نەسىرگە قارىغاندا شېئىرنى ئەستە قالدۇرۇشقا ۋاقىت ئاز كەتكەن ھەم ئەسلەشنىڭ ئېنىقلىقى ۋە مىقدارىمۇ كۆپ بولغانلىقى مەلۇم بولغان.

بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى: شېئىرنىڭ قاپىيە ۋە رىتىمى خەت بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدا، جۈملە بىلەن ئابزاس ئوتتۇرىسىدا باغلىنىشنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ماتېرىيالنىڭ مىقدارىدىن ئېيتقاندا ماتېرىيال كۆپەيگەنسېرى سەرپ قىلىدىغان ۋاقىتمۇ كۆپەيسە ياكى ئۈنۈملۈك ۋاقىتتا ئۆنلۈك ئوقۇش قېتىم سانى قانچە كۆپ بولسا، ئەستە قالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسە قالدۇرۇشتا بىردەك سەۋىيىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى، ئوخشاش ماتېرىيالنى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئەستە قالدۇرغاندا، ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەستە قالدۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە، يەنە ياخشى بولغان ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش لازىم. ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن: كۆرسەتمىلىك ئوبراز ئارقىلىق ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى، ئاڭلىتىپ ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى، ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى، ئاھاڭلاشتۇرۇپ ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى، تۈرلەر بويىچە ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى، رەتلىك جەدۋەللەشتۈرۈپ ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى، مۇھىم نۇقتا بويىچە ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى، پائالىيەت ئارقىلىق ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈنۈم بېرىدىغان ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر نىسبەت ئوخشىمايدىغان ماتېرىياللارنى ئەستە قالدۇرغاندا، شۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇلنى قوللانسا ھەم چۈشىنىش ئاساسىدا مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش ئېلىپ بارسا ئۈنۈم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

2. ئەستە ساقلاش ۋە ئۇنتۇش

1) ئەستە ساقلاش

ئەستە ساقلاش — ئەستە قالدۇرغان مەزمۇنلارنى توپلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە مۇستەھكەملەش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئۇچۇرنى پىششىقلاپ

ئىشلەش نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەستە ساقلاش ئۇچۇرلارنىڭ ئادەم مېڭىسىدە ساقلىنىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەستە ساقلاش بىر خىل ھەرىكەت ھالىتى جەريانى بولۇپ، ئەستە قالدۇرۇلغان ماتېرىياللار مېڭىدە ئۆزگەرمەستىن مۇقىم ساقلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى خىلمۇخىل ئامىللارنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش بىرى، سان جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، بىرى، سۈپەت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. مىقدار جەھەتتە ئەستە ساقلاش مىقدارى ئادەتتە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تۆۋەنلەپ بارىدۇ. سۈپەت جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى، مەزمۇنى ئاددىي ۋە يىغىنچاق، مۇھىم بولمىغان پارچە-پۇرات تەرەپ يۇزلىنىپ يوقاپ كېتىدۇ. ئىككىنچى، مەزمۇنى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ مۇۋاپىق، تېخىمۇ مەنىلىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۈچىنچى، مەزمۇنى تېخىمۇ كونكرېتنى ياكى تېخىمۇ مۇبالىغىلىشىپ ۋە كۆپتۇرۇلۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئەنگلىيە پسىخولوگى بارتلېت (F. C. Bartlett) تۆۋەندىكىدەك تەجرىبە ئېلىپ بارغان.




6.2-رەسىم. خاتىرە جەريانىدىكى رەسىم شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى

بىر پارچە مۇشۇكياپىلاقنىڭ رەسىمىنى بىرىنچى ئادەمگە كۆرسەتكەن. ئۇ ئادەم كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئېسىدە قالغىنى بويىچە كۆچۈرۈپ سىزىپ ئىككىنچى ئادەمگە بەرگەن. ئىككىنچى ئادەم ئۇ رەسىمنى كۆرۈپ بولۇپ

ئېسىدە قالغىنى بويىچە سىزىپ بەرگەن، شۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ 18-ئادەمگە بارغاندا، نەتىجىدە رەسىم بىر مۈشۈكياپىلاقتىن ئۆزگىرىپ مۈشۈك بولۇپ قالغان. دېمەك رەسىم ھەققىدىكى خاتىرە سۈپەت ئۆزگىرىش بولغان (2. 6-رەسىمگە قاراڭ)

### 2) ئۇنتۇش

ئۇنتۇش ئەستە قالدۇرۇلغان ماتېرىياللارنىڭ قايتا ئايان بولماسلىقى ياكى خاتا ئايان بولۇشى بولۇپ، ئۇ ئەستە ساقلاش بىلەن قارىمۇقارشى جەريان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنتۇش ۋاقىتلىق ئۇنتۇش ۋە مەڭگۈلۈك ئۇنتۇش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ۋاقىتلىق ئۇنتۇش ئەستە قالدۇرىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئەستە قالدۇرالمىسمۇ، لېكىن مۇۋاپىق شارائىت ئاستىدا يەنە قايتىدىن ئايان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مەڭگۈلۈك ئۇنتۇش — ئەستە قالدۇرۇلغان مەزمۇنلارنىڭ مەڭگۈ قايتىدىن ئايان بولماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنتۇشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ھەققىدە ئىلگىرى مۇنداق ئىككى كۆز قاراش، يەنە يوقىلىش تەلىماتى بىلەن كاشىلا تەلىماتى بولغان. يوقىلىش تەلىماتىنىڭ قارىشىچە، خاتىرە ئىزىنىڭ كۈچەيتىلمەسلىكىدىن تەدرىجىي ئاجىزلاپ كەينىگە يېنىپ ئەڭ ئاخىر يوقىلىپ كېتىدۇ، ئەگەر خاتىرىدىكى تەجرىبىلەر ئۈزلۈكسىز ئېلىنىپ ئىشلىتىلسە ئۇ ئىزلار كۈچەيتىلگەنلىكتىن تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

كاشىلا تەلىماتىنىڭ قارىشىچە ئۇنتۇش ئالدىنقى ئۆگىنىش بىلەن كېيىنكى ئۆگىنىشنىڭ ئۆزئارا كاشىلا قىلىشىدىن شەكىللەنگەن تورمۇزلىنىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تورمۇزلىنىش ئالدىن كېلىدىغان تورمۇزلىنىش ۋە كېيىن كېلىدىغان تورمۇزلىنىش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىن كېلىدىغان تورمۇزلىنىش: ئىلگىرى ئۆگەنگەن ماتېرىيالنىڭ كېيىن ئۆگەنگەن ماتېرىيالغا بولغان كاشىلىسىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، ئالدى بىلەن خەنزۇ تىلى پىنيىنلىرىنى ئۆگىنىپ، ئارقىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگەنسە خەنزۇ تىلى پىنيىنلىرىنى تەلەپپۇز قىلىش ئىنگلىز تىلى ھەرپلىرىنى تەلەپپۇز قىلىشنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئىنگلىز تىلى ھەرپلىرى ئەستە تۇتۇشقا تەسىر قىلىدۇ، كېيىن كېلىدىغان تورمۇزلىنىش بولسا، كېيىن ئۆگەنگەن ماتېرىيالنىڭ ئىلگىرى ئۆگەنگەن ماتېرىيالغا بولغان كاشىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار ئىلگىرى ئۆگەنگەن فورمۇلانى

ئەسلىگەندە يېقىندا ئۆگەنگەن فورمۇلا ئۇزۇلۇكسىز ئېسىگە كېلىپ، ئىلگىرى ئۆگەنگىنىنى ئەسلىشىگە كاشىلا قىلىدۇ.

ئۇنتۇش قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. ئەڭ بۇرۇن گېرمانىيىلىك پسىخولوگ ئېبىن خائۇس (H. Ebbinghaus) ئۇنتۇش ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ ئۆزىنى سىناق قىلىنغۇچى قىلىپ مەنىسىز بوغۇملارنى ئەستە قالدۇرۇش ماتېرىيالى قىلىپ تاللىۋېلىپ، يادلاپ بېرەلەيدىغان، دەرىجىگە يەتكۈچە ئۆگىنىپ بولۇپ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ يەنە يېڭىۋاشتىن ئۆگەنگەن، يېڭىۋاشتىن ئۆگەنگەندە تېجەپ قالغان ۋاقىتنى ياكى قېتىم سانىنى خاتىرىنىڭ كۆرسەتكۈچى قىلغان، تەجرىبە نەتىجىسى 2.1-جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك بولغان.

### 2.1-جەدۋەل. ئوخشىمىغان ۋاقىت ئارىلىقىدىن كېيىنكى ئەستە ساقلاش نەتىجىسى

| يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشتە تېجەپ قىلىنغان ۋاقىت (پىرسەنت بويىچە) | ۋاقىت ئارىلىقى |
|---|---|
| 58.2 | 20 مىنۇت |
| 44.2 | 1 سائەت |
| 35.8 | 8~9 سائەت |
| 33.7 | 1 كۈن |
| 27.8 | 2 كۈن |
| 25.4 | 6 كۈن |
| 21.1 | 31 كۈن |

2.1-جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسەن سىزىق سىزىپ چىقساق (2.7-رەسىم) دىكىدەك بىر ئەگرى سىزىق ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئېبىن خائۇسنىڭ ئۇنتۇش ئەگرى سىزىقى ياكى ئەستە ساقلاش ئەگرى سىزىقى دېيىلىدۇ. ئۇنتۇش ئەگرى سىزىقى ئۇنتۇش جەريانىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى. ئۇنتۇش جەريانى تەكشى بولمايدۇ. ئەستە قالدۇرغاندىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتتا ئۇنتۇش ناھايىتى تېز بولىدۇ. كېيىن تەدرىجىي ئاستىلاپ بارىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاساسەن ئۇنتۇش بولمايدۇ. يەنە ئۇنتۇش




7.2-رەسىم. ئېبىن خائۇسنىڭ ئۇنتۇش ئەگرى سىزىقى

سۈرئىتى «ئاۋۋال تېز، كېيىن ئاستا بولىدۇ».

3) تەكرارلاش

هازىرقى زامان پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، خاتىرە ئىزىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنتۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى تەكرارلاش، تەكرارلاش نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولۇشى تەكرارلاش قېتىم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە باغلىق بولماستىن، بەلكى ئىلمىي تەكرارلاش ئۇسۇلىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ. خاتىرە ۋە ئۇنتۇش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تەكرارلاشنى ئىلمىي تەشكىللەش لازىم.

بىرىنچى: ئۆز ۋاقتىدا تەكرارلاش لازىم. ئۇنتۇش يۈز بېرىشنىڭ ئاۋۋال تېز، كېيىن ئاستا بولۇش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىنلا «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ» ئۆز ۋاقتىدا تەكرارلاش لازىم. پسىخولوگىيە تەجرىبىلىرى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئۆز ۋاقتىدا تەكرارلاش بىلىمنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىككى گۇرۇپپا سىناق قىلىنغۇچىلارغا بىر قىسقىچە تېكىست بېرىلگەن. A گۇرۇپپا ئۆگىنىپ بولۇپلا بىر قېتىم تەكرارلىتىۋالغان، B گۇرۇپپا تەكرار قىلمىغان، بىر كۈندىن كېيىن A گۇرۇپپا 98% ئېسىدە قالغان، B گۇرۇپپىنىڭ 58% ئېسىدە قالغان. بىر ھەپتىدىن كېيىن A گۇرۇپپا 85% ئېسىدە ساقلىغان، B گۇرۇپپا 33% ئېسىدە ساقلىغان.

ئىككىنچى: تەقسىملەپ تەكرارلاش. تەكرارلاش ۋاقتى ئوخشاش بولۇپ، بۆلۈش شەكلى ئوخشاش بولمىسا، تەكرارلاش نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تەكرارلاش ۋاقتىنىڭ تەقسىملىنىش شەكلى مەركەزلەشتۈرۈپ

تەكرارلاش ۋە بۆلۈپ تەكرارلاش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. كۆپلىگەن تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، بۆلۈپ تەكرارلاشنىڭ ئۈنۈمى مەركەزلەشتۈرۈپ تەكرارلاشنىڭ ئۈنۈمىدىن ياخشى بولىدۇ، چۈنكى ۋاقىتلارغا بۆلۈپ تەكرار قىلغاندا تورمۇزلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بىلىمنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگىمۇ پايدىسى بار. مەركەزلەشتۈرۈپ تەكرارلىغاندا، ماتېرىيال كۆپ، ۋاقىت ئۇزۇن بولۇپ، ئاسانلا ھېرىپ قالىدۇ. ھەتتا قىزىقىشى يوقاپ تورمۇزلىنىشنىڭ تەسىرى چوڭ بولىدۇ.

ئۈچىنچى: تەكرار ئوقۇش بىلەن ئەسلەپ سىناپ كۆرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش لازىم. تەكرارلىغان ۋاقىتتا نوقۇل ھالدا بىر پۈتۈن-بىر پۈتۈندىن تەكرار ئوقۇش ياخشى ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ماتېرىيالنى پۈتۈنلەي ئەستە قالدۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇش بىلەن ئەسلەپ سىناپ كۆرۈشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئەسلىيەلمىگەندە قايتا ئوقۇش لازىم. بۇنداق قىلغاندا ئاسان ئېسىدە قېلىپ ئۇزۇن ۋاقىت ئەستە ساقلىنىدۇ.

تۆتىنچى: تەكرارلاش ئۇسۇلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش. تەكرارلاشتا ئاددىي ھالدا بىر خىل ئۇسۇلدا تەكرارلاشتەك ئىللەتتىن ساقلىنىش. بۇنداق ئۇسۇل ئوقۇغۇچىلارغا قۇرۇق مەنىسىز تەسىرات بېرىدۇ. ئاسانلا زېرىكىش ۋە چارچاشنى پەيدا قىلىدۇ. چوڭ مېڭە پوستلىقىدا تورمۇزلىنىش ھالىتىنى پەيدا قىلىپ تەكرارلاش ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. خىلمۇ خىل بولغان تەكرارلاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا كونا ماتېرىياللارغا ھەر قېتىم زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولغاچقا ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى تەسىرات بېرىدۇ، قىزىقتۇرىدۇ. ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا ياردەم بېرىپ، تەكرارلاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

بەشىنچى: كۆپ خىل سەزگۈ ئەزالارنى تەكرارلاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇش. تەكرارلاشقا كۆپ خىل سەزگۈ ئەزالارنى قاتناشتۇرۇپ تەكرارلاش جەريانىنى ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش، ئويلاش قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىۋېرسال پائالىيىتىگە ئايلاندۇرغاندا ئۇچۇرلار كۆپ خىل سەزگۈ ئەزالارنىڭ نېرۋا يولى ئارقىلىق چوڭ مېڭە پوستلىقىغا يېتىپ بېرىپ، كەڭ دائىرىلىك نېرۋا باغلىنىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ بىلىمنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە پايدىلىق.

3. قايتا ئايان بولۇش

قايتا ئايان بولۇش — مېڭىدە بىلىم تەجرىبىلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىش

جەرياننى كۆرسىتىدۇ. ئۇچۇرلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، قايتا ئايان بولۇش مېڭىدە ئۇچۇلارنى تاللاپ ئېلىش جەريانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار. يەنى، تونۇش ۋە ئەسلەش.

1) قايتا تونۇش

ئىلگىرى سېزىپ ئىدراك قىلغان شەيئىلەرنى قايتا ئۇچراتقاندا، ئۇنى پەرق ئېتىش قايتا تونۇش دېيىلىدۇ. ئىمتىھاندىكى توغرا-خاتاغا ھۆكۈم قىلىش سوئالى بىلەن تاللاش سوئالى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ. تونۇشنىڭ سۈرئىتى بىلەن توغرىلىقى ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى شەرتكە باغلىق بولىدۇ.

بىرىنچى، كونا شەيئىلەرنى ئەستە قالدۇرۇشنىڭ مۇستەھكەملىك دەرىجىسىگە باغلىق. كونا شەيئىلەرنى ئەستە قالدۇرۇش قانچە مۇستەھكەم، قانچە پىششىق بولسا، قايتا تونۇشنىڭ سۈرئىتى شۇنچە تېز، شۇنچە توغرا بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، تونۇشنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇپلا قالماي، ئېنىقلىقمۇ يېتەرسىز بولىدۇ.

ئىككىنچى، نۆۋەتتە كۆز ئالدىمىزدىكى شەيئى بىلەن ئىلگىرى ئەستە قالدۇرغان شەيئىنىڭ ئوخشاشلىق دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر نۆۋەتتە كۆز ئالدىمىزدىكى شەيئى بىلەن ئەسلىدە ئەستە قالدۇرغان شەيئى ئىنتايىن ئوخشاش بولۇپ ئۆزگىرىش چوڭ بولمىسا تونۇش ئاسان بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا قىيىن بولىدۇ.

2) ئەسلەش

ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن شەيئىلەر نۆۋەتتە كۆز ئالدىمىزدا بولمىغان ئەھۋالدا مېڭىمىزدە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئىپادىلىنىشى ئەسلەش دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئەسلەش تونۇشقا قارىغاندا قىيىن ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. تونۇيالىغان نەرسىلەرنى جەزمەن ئەسلىيەلىشىمىز ناتايىن، ئەمما ئەسلىيەلىگەن نەرسىلەرنى جەزمەن تونۇغىلى بولىدۇ. ئەسلەشنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئەسلەشنى مەقسەتنىڭ ئېنىق بولۇش-بولماسلىقى ۋە ئىرادە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ زۆرۈر بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن ئىختىيارسىز ئەسلەش ۋە ئىختىيارىي ئەسلەش دەپ ئىككىگە بۆلىمىز. ئومۇمەن قىلغاندا، ئالدىن بەلگىلەنگەن ئېنىق مەقسەت بولمىغان ئىرادە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلمايدىغان ئەسلەش ئىختىيارسىز ئەسلەش دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «بىر مەنزىرىنى كۆرۈپلا ھېسسىياتى قوزغالماق»، «ھېيت-بايرام كۈنلەردە

تۇغقانلىرىنى قەۋەتلا سېغىنىش» قاتارلىقلار ئىختىيارسىز ئەسلەشكە كىرىدۇ. ئومۇمەن قىلغاندا ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسىتى بولغان ھەم ئىرادە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەسلەش ئىختىيارىي ئەسلەش دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «چوڭقۇر خىيالغا پېتىش»، «قاتتىق باش قاتۇرۇش»، «تەكرارلاش»، ئىمتىھان ۋاقتىدىكى ئەسلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارىي ئەسلەشكە كىرىدۇ. ئاسسوتسىئاتسىيىلىك ۋاستىنىڭ زۆرۈر بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن ئەسلەش بىۋاستە ئەسلەش ۋە ۋاستىلىك ئەسلەش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئاسسوتسىئاتسىيىلىك ۋاستە لازىم بولماستىن، بەلكى كۆز ئالدىمىزدىكى شەيئىنىڭ كونا تەجرىبىلىرىنى بىۋاستە ئېسىمىزگە سېلىش بىۋاستە ئەسلەش دېيىلىدۇ. ئاسسوتسىئاتسىيىلىك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كونا تەجرىبىلەرنى ئەسلىشىمىز ۋاستىلىك ئەسلەش دېيىلىدۇ.

## 3. خاتىرىنىڭ پەزىلىتى

### 1. خاتىرىنىڭ چاققانلىقى

خاتىرىنىڭ چاققانلىقى خاتىرە سۈرئىتىنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش ماتېرىياللارنى بەزى ئادەملەر ناھايىتى تېزلا ئەستە قالدۇرۇۋالىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپمۇ ئەستە قالدۇرالمايدۇ.

خاتىرىنىڭ چاققانلىقى بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئەستە قالدۇرالايدىغان ياكى ئەسلىيەلەيدىغان شەيئىلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنىڭ بەلگىسى. ئەگەر بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئەستە قالدۇرۇش ياكى ئەسلەش مىقدارى كۆپ بولسا، خاتىرىنىڭ چاققانلىقى ياخشى بولىدۇ. ئەكسىنچە بولسا، خاتىرىنىڭ چاققانلىقى ناچار بولىدۇ.

### 2. خاتىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى

خاتىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى ئەستە قالدۇرغان شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدە ساقلىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش ۋاقىتتا ئەستە قالدۇرغان شەيئىلەرنى ئوخشاش ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بەزىلەر يەنە ئەسلىيەلەيدۇ، بەزىلەر ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالىدۇ ياكى بەزىلەرنىڭ ئەسلىشى كۆپ، بەزىلەرنىڭ ئەسلىشى ئاز بولىدۇ. مانا بۇلار خاتىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3. خاتىرىنىڭ توغرىلىقى

خاتىرىنىڭ توغرىلىقى — ئەستە قالدۇرغان ماتېرىياللارنى ئەسلەشنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خاتىرە پەزىلىتىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ خاتىرىسى توغرا بولمىسا، يەنە تېز ئەستە قالدۇرۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ئېسىدە ساقلىيالمىسا ئۇنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

4. خاتىرىنىڭ ھازىرلىقى

خاتىرىنىڭ ھازىرلىقى — زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى خاتىرىمىزدىن دەرھال ئېلىش-ئالالماسلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. خاتىرىنىڭ مەقسىتى ئۇنى ئىشلىتىش، ئەگەر زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى دەرھال ئالالمىساق، مۇقەررەركى، خىزمەتكە، ئۆگىنىش ئۇنۇمىگە تەسىر يېتىدۇ ياكى پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ.

خاتىرىنىڭ بۇ تۆت خىل پەزىلىتى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. بىر ئادەمنىڭ خاتىرە پەزىلىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى ئۆلچەشتە، مەلۇم بىر پەزىلەتنى يەككە-يېگانە ئۆلچەم قىلماستىن، بەلكى بۇ تۆت خىل پەزىلەتنى ئۇنىۋېرسال بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش لازىم.

## 3. تەپەككۇر

### 1. تەپەككۇر ئۇقۇمى

1. تەپەككۇرنىڭ تەبىرى

تەپەككۇر ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە ۋاستىلىك ئەكس ئەتتۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇچۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، تەپەككۇر ئۇچۇرنى چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۆزگەرتىپ ياساش ھەم ئۇچۇرنى يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە قۇرۇپ چىقىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

تەپەككۇر بىلەن سەزگۈ، ئىدراك ئوخشاشلا ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئىنكاسى. ئەمما سەزگۈ، ئىدراك ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنكاس قىلىدىغىنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى ۋە سىرتقى

ھادىسىلىرى بولۇپ، ھېسسىي بىلىشكە مەنسۇپ، تەپەككۇر ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋاستىلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىنكاس قىلىدىغىنى شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى بولۇپ، ئەقلىي بىلىشكە مەنسۇپ. تەپەككۇر بىر خىل ئىزدىنىش ۋە بايقاش خاراكتېرىدىكى بىلىش پائالىيىتى. كىشىلەردە شەيئىلەرنىڭ يېڭى مۇناسىۋىتى ۋە يېڭى ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ئېھتىياجى پەيدا بولغاندا دائىم ئۆز مېڭىسىدىكى بىلىم-تەجرىبىلىرىگە قارىتا يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، بىر خىل تەپەككۇر تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان ئالىي دەرىجىدىكى بىلىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

تەپەككۇر بىلىش جەريانىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك باسقۇچى بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقى، تەپەككۇرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقى تەپەككۇردا زور مىقداردىكى ھېسسىي ماتېرىياللار ئاساسىدا بىر تۈردىكى شەيئىلەردە ئورتاقلىقا ئىگە بولغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتلىك باغلىنىشنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىز ھەرخىل كونكرېتنى قەلەملەرنى (پولات قەلەم، قېرىنداش قەلەم، ماي قەلەم) سېزىش، ئىدراك قىلىش ئاساسىدا بۇ ھەر خىل قەلەملەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى (يېزىش قورالى) تېپىپ چىقىمىز ھەم ئۇنى ئومۇملاشتۇرىمىز. يەنە مەسىلەن، «ئاي قۇتانلىسا شامال چىقىدىغانلىقىنى»، «تاش نەملەشسە يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى» كىشىلەر بىلگەن بولغاچقا «ئاي قۇتانلىسا شامال چىقىدۇ»، «تاش نەملەشسە يامغۇر ياغىدىكەن» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرالايدۇ.

تەپەككۇرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىلەر بىلىشتە كونكرېتنى شەيئىلەرنىڭ چەكلىمىلىكى بىلەن كونكرېتنى شەيئىلەرنىڭ بىۋاستە بېقىندۇرۇشچانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، شەيئىلەرگە قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش ۋە چۈشىنىشكە ئىگە بولالايدۇ.

ۋاستىلىكى: تەپەككۇرنىڭ ۋاستىلىكلىكى، تەپەككۇر بىۋاستە ئەمەس، بەلكى باشقا شەيئىلەرنى ۋاستىچى قىلغان ھالدا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا، پەقەت

ۋاستىلىك ئۇسۇل ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىچكى كېسەللىك دوختۇرلىرى بەزىدە كېسەللىك ئەھۋالىغا بىۋاسىتە دىئاگنوز قويالمايدۇ، بەلكى بىمارنىڭ قېنىنى تەكشۈرۈش، رېنتگېن ئارقىلىق تەكشۈرۈش، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق تەكشۈرۈش، ئېلېكترو كاردىئوگرامما ئارقىلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق ھەرخىل تەكشۈرۈشلەردە ئېرىشكەن سانلىق ئاساسلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىدۇ. تەپەككۇرنىڭ ۋاستىلىكلىكى بولغاچقا، ئادەم بىلىشتە نۆۋەتتە سېزىپ ئىدراك قىلغان نەرسىلەر بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنىمۇ ئالدىن پەرەز قىلالايدۇ. ئادەمنىڭ بىلىش ساھەسى ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇرلىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

## 2. تەپەككۇرنىڭ تۈرلىرى

تەپەككۇرنىڭ ئاساسلىنىدىغان ۋاستىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تەپەككۇرنى ھەرىكەت تەپەككۇرى، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئابستراكتنى تەپەككۇر دەپ ئۈچكە بۆلىمىز.

ھەرىكەت تەپەككۇرى — بىۋاسىتە كۆزىتىشچانلىقتىكى ھەرىكەت تەپەككۇرىمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ ئەمەلىي ھەرىكەتكە تايىنىدىغان ھەم تەرەققىي قىلىدىغان تەپەككۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى تەپەككۇر بىلەن ھەرىكەت ئايرىلالمايدۇ. تەپەككۇر ھەرىكەتتىن ئايرىلسا ئېلىپ بېرىلىشى قىيىن بولىدۇ. ھەرىكەت تەپەككۇرى يەككىلىك تەرەققىياتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىگە بولغان بىر خىل تەپەككۇر شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

ئوبرازلىق تەپەككۇر — مېڭىدە بار بولغان تەسەۋۋۇرلارنى ئىشقا سېلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تەپەككۇر پائالىيىتى بولۇپ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ دەسلەپكى شەكلى كونكرېتنى ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئالىي شەكلى، تىلنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرى ھېسابلىنىدۇ.

ئابستراكتنى تەپەككۇر — ئابستراكتنى لوگىكىلىق تەپەككۇر ياكى لوگىكىلىق تەپەككۇرمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ ئابستراكتنى ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشتىن ئىبارەت تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىنى ئانالىز قىلىش، سىنتېزلاش، سېلىشتۇرۇش، ئابستراكتسىيىلەش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي جەريانى ئارقىلىق، شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيەتلىك باغلىنىشنى ئېچىپ بېرىدىغان تەپەككۇر پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابستراكت تەپەككۇر ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ كلاسسىك شەكلى ۋە يەككىلىك تەپەككۇرى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالىي باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. تەپەككۇر پائالىيىتى ئىزدىنىدىغان نىشان يۆنىلىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مەركەزلىك تەپەككۇر ۋە يېيىلما تەپەككۇر دەپ ئىككىگە بۆلىمىز. مەركەزلىك تەپەككۇر — يىغما تەپەككۇر ياكى ئوخشاشلىقىنى تېپىش تەپەككۇرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە بار بولغان ئۇنىۋېرسال ئۇچۇرلارنى نىشان قىلىپ، بىر توغرا جاۋابنى تېپىپ چىقىشتەك تەپەككۇر شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىمتىھاندا تاق تاللاش سوئاللىرىغا جاۋاب يېزىشتا ئاساسلىقى مەركەزلىك تەپەككۇر قوللىنىلىدۇ.

يېيىلما تەپەككۇر — چېچىلما تەپەككۇر ياكى پەرقنى تېپىش تەپەككۇرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە بار ئۇچۇرغا ئاساسەن ئوخشىمىغان نۇقتا، ئوخشىمىغان يۆنىلىشتىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، ھەرخىل جاۋاب بېرىدىغان بىر خىل تەپەككۇر پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. يېيىلما تەپەككۇر ئۈچ مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەنى تەپەككۇرنىڭ راۋانلىقى (قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرقەدەر كۆپرەك مىقداردىكى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ). يۇرۇشچانلىقى (ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش ۋە بىرى ئارقىلىق ھەممىنى بىلىشتەك ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ) ۋە مۇستەقىللىقلىقى، يەنى (ئىپادىلىنىشتە ئادەتتىكى ئىنكاسقا ئوخشىمايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە).

تەپەككۇردىكى تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادچانلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تەپەككۇرنى ئادەتتىكى تەپەككۇر ۋە ئىجادىي تەپەككۇر دەپ ئىككىگە بۆلىمىز.

ئادەتتىكى تەپەككۇر، كىشىلەرنىڭ ئېرىشكەن بىلىم-تەجرىبىلىرىنى قوللىنىپ، تەييار قائىدە ۋە تەلەپلەرگە ئاساسەن بىۋاستە مەسىلە ھەل قىلىدىغان تەپەككۇر شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر تۇرمۇشتا ئۆگىنىشتە ناھايىتى كۆپ ئۇچرىغاچقا، ئۇنى ئادەت خاراكتېرلىك تەپەككۇر دەپمۇ ئاتايمىز.

ئىجادىي تەپەككۇر ئەسلىدە بار بولغان بىلىم تەجرىبىلەرنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەپ يېڭى لايىھە، يېڭى تەرتىپنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم تەپەككۇر نەتىجىلىرىنى ئىجادىي، يېڭىچە ئوتتۇرىغا قويىدىغان تەپەككۇر شەكلىنى

كۆرسىتىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى ھەم كۆپ خىل تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ ئۇنۇۋېرسال نامايەندىسى.

## 2. تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي جەريانى

تەپەككۇر ئانالىز قىلىش ۋە سىنتېزلاش، سېلىشتۇرۇش، ئابستراكتسىيىلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، كونكرېتلاشتۇرۇش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

1. ئانالىز قىلىش ۋە سىنتېزلاش

ئانالىز قىلىش مېڭىدە ئوبيېكتتىن ئىبارەت پۈتۈنلۈكنى بۆلەكلەرگە ئاجرىتىش ياكى پۈتۈنلۈكنى ئايرىم خۇسۇسىيەت، ساھە جەھەتتىن ئايرىپ چىقىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، بىر پارچە ماقالىنى بىرقانچە ئابزاسقا، ھەربىر ئابزاسنى بىرقانچە جۈملىگە، ھەربىر جۈملىنى بىرقانچە سۆزگە ئاجرىتىش. يەنە مەسىلەن، ئۆسۈملۈكنى يىلتىز، غول، يوپۇرماق، گۈلگە ئاجرىتىش قاتارلىقلار.

سىنتېزلاش، مېڭىدە ئوبيېكتنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرى خۇسۇسىيەت، ساھە، مۇھىم ئامىل جەھەتلەردىن بەلگىلىك مۇناسىۋەت باغلىنىشى بويىچە بىر پۈتۈنلۈكتە تەشكىل قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، بىرقانچە تاق سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ جۈملە تۈزۈش، بىرقانچە جۈملىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئابزاس تۈزۈش، بىرقانچە ئابزاسلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پارچە ماقالىنى پۈتتۈرۈش قاتارلىقلار.

ئانالىز قىلىش بىلەن سىنتېزلاش، تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە تايىنىدۇ. بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. تەپەككۇر جەريانىنىڭ ئاساسىنى ئورتاق ھاسىل قىلىدۇ.

2. سېلىشتۇرۇش

سېلىشتۇرۇش — مېڭىدە شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق بىلەن پەرقىنى ئېنىق بەلگىلەشنىڭ تەپەككۇر جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم بىر شەيئىنى ئىلگىرىلەپ بىلىش ۋە پەرقلەندۈرۈشتە دائىم ئانالىز قىلىش ۋە سىنتېزلاش ئاساسىدا بۇ شەيئىنى يېقىن كېلىدىغان، ھەتتا قارىمۇقارشى بولغان باشقا شەيئىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى

ئوخشاشلىق ۋە پەرقنى تېپىپ چىقىش زۆرۈر بولىدۇ.

3. ئابستراكتسىيىلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش

ئابستراكتسىيىلەش، مېڭىدە ھەرخىل شەيئىلەرنىڭ ئورتاق ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاجرىتىپ چىقىپ، ئۇنىڭ غەيرىي ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى شاللىۋېتىشتەك تەپەككۇر جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، پولات قەلەم، قېرىنداش قەلەم، موي قەلەم. . . لەرنىڭ ئورتاق ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى يېزىش قورالى ئىكەنلىكىنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئۇنىڭ رەڭگى، ئۇزۇن-قىسقىلىقى، يۇمشاق-قاتتىقلىقى قاتارلىق غەيرىي ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدىن ۋاز كېچىش.

ئومۇملاشتۇرۇش، مېڭىدە ئابستراكتسىيىلەپ چىققان شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ چىقىپ ئۇقۇم ياكى نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتەك تەپەككۇر جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئابستراكتسىيىلەش ئاساسىدا ھەر خىل قەلەملەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قەلەم خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال دېگەن يەكۈننى چىقىرىش ئومۇملاشتۇرۇش بولىدۇ. ئابستراكتسىيىلەش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئابستراكتسىيىلەش ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى، ئومۇملاشتۇرۇش ئابستراكتسىيىلەشنىڭ نەتىجىلىرىنى سىنتېزلاپ ئۇقۇم ياكى نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇش ئادەمنىڭ بىلىشىنى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە، ئالاھىدىلىكتىن ئومۇمىيلىققا كۆتۈرىدۇ.

4. كونكرېتلاشتۇرۇش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش

كونكرېتلاشتۇرۇش ئابستراكتسىيىلەپ ئومۇملاشتۇرۇپ چىققان ئۇقۇم، قائىدە، نەزەرىيىلەرنى كونكرېتنى ئوبيېكتقا تەتبىقلاش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتۇش جەريانىدا نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى كونكرېتنى مىساللارنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ دەلىللەيمىز ياكى ئومۇمىي قائىدىلەرنى قوللىنىپ ئالاھىدە مەسىلىلەرنى يېشىمىز. بۇلار كونكرېتلاشتۇرۇشنىڭ ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

سىستېمىلاشتۇرۇش — مېڭىدە شەيئى ياكى بىلىمنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنى ئاجرىتىۋېلىپ ھەربىر تەركىبنى ئىنىق بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن سىستېمىنى ھاسىل قىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن،

بىئولوگىيىدە ھايۋاناتلارنى ئۇمۇرتقىلىق ھايۋانلار ۋە ئۇمۇرتقىسىز ھايۋانلار دەپ بۆلىمىز. ئۇمۇرتقىلىق ھايۋانلارنى يەنە بېلىق تۈرىدىكىلەر، قوش ماكانلىقلار، ئۆمىلىگۈچىلەر، قۇش تۈرىدىكىلەر، قوش ماكانلىقلار ۋە سۈت ئەمگۈچىلەر قاتارلىقلارغا بۆلىمىز. ئۇمۇرتقىسىز ھايۋانلارنى يەنە ئىپتىدائىي ھايۋانلار، ئۈچەي قۇرساقلىقلار، ھالقا بوغۇملۇق ھايۋانلار، بوغۇم ئاياغلىقلارغا بۆلىمىز.

## 3. مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ تەپەككۇر جەريانى

### 1. مەسىلە ۋە مەسىلە ھەل قىلىش دېگەن نېمە؟

مەسىلە، ئەسلىدە بار بولغان بىلىم تەجرىبىلەر ئارقىلىق بىۋاستە مەسىلە ھەل قىلغاندا ياكى خىزمەتنى ھۆددە قىلغاندا كېلىپ چىققان قىيىنچىلىق ياكى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان بىلىش پىسخولوگىيىسىنىڭ قارىشىچە: ئۈچ ئاساسىي تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەرقانداق مەسىلە ئۈچ ئاساسىي تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ھالەت، نىشان ۋە توسالغۇ، بۇنىڭدىن باشقا مەسىلىنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى بولىدۇ، يەنى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كىرىشىشنىڭ دەسلەپكى ھالىتى، نىشانغا يېتىشتە ئۈمىد پەيدا بولۇش ھالىتى ھەم دەسلەپكى ھالەتتىن نىشان ھالىتىگە بۇرۇلۇشتىكى بىر قاتار بىلىش مەشغۇلاتى ئوتتۇرىسىدىكى ھالەت (مەسىلىنىڭ ماكان ھەم زامان ھالىتى). مەسىلە ھەل قىلىش، بىر خىل مەقسەتلىك مۇرەككەپ تەپەككۇر پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ مەسىلىدە بەلگىلىك مەسىلە ھالىتىنى پەيدا قىلىش، نىشان بەلگىلەش، بىر قاتار بىلىش مەشغۇلاتى قاتارلىق باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى زامان بىلىش پىسخولوگىيىسى نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسلانغاندا مەسىلە ھەل قىلىش، نىشان خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش، بىلىش مەشغۇلاتىغا تايىنىش، مەشغۇلاتنىڭ تەرتىپچانلىقىغا ئىگە بولۇشتەك ئۈچ خىل ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. دېمەك، مەسىلە ھەل قىلىش — دەسلەپكى ھالەتنى پەيدا قىلىشتىن بىلىش مەشغۇلاتىغا ئۆتۈش، بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئوتتۇرا ھالەتكە ئۆزگىرىش، ئەڭ ئاخىرىدا نىشان ھالىتىگە يېتىشتەك پىسخىك جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

### 2. مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ تەپەككۇر جەريانى

1) مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش

مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەسىلىنى بايقاش بولۇپ، مەسىلە ھەل

قىلىش مەسىلىنى بايقاشتىن باشلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە خىلمۇ خىل مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەر ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، يەنى شەخسنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۈزلۈكسىز بايقىلىدۇ ھەم ھەل قىلىنىپ بارىدۇ.

مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش-قويالماسلىق ئادەمنىڭ پائالىيىتىگە قارىتا پوزىتسىيىسى، قىزىقىشى ھەم ھازىر بار بولغان بىلىم تەجرىبىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئادەمنىڭ پائالىيەتكە قارىتا پوزىتسىيىسى قانچە ئاكتىپ، قىزىقىشى قانچە يۇقىرى بولسا، مۇناسىۋەتلىك بىلىم تەجرىبىلىرى قانچە مول بولسا، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش شۇنچە ئاسان بولىدۇ. ئەكسىچە، بولغاندا مەسىلىنى بايقاش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇش شۇنچە قىيىن بولىدۇ.

2) مەسىلىنى ئېنىقلاش

مەسىلىنى ئېنىقلاش مەسىلىنى ئانالىز قىلىشمۇ دېيىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بايقالغان مەسىلىلەر دائىم باشتا قالايمىقان، سىستېمىسىز، ئېنىقسىز بولىدۇ. ئادەم بەزىدە پەقەت مەسىلىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، مەسىلىنى بايقاشتا قايەردىن قول سېلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ، شۇڭا مەسىلىنى ئېنىقلاشتا مەسىلىنىڭ نېگىزىنى چىڭ تۇتۇش، ئاچقۇچلۇق ئورنىنى ئىزدەپ تېپىش، تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئېنىق قاراتمىلىققا ۋە يۆزلىنىشچانلىققا ئىگە قىلىش ھەم قايتا ئايان بولۇشنى تاللاشقا ئىگە قىلىپ، ئەسلىدە بار بولغان بىلىم تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىپ كۆز ئالدىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك.

3) پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش

مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئادەتتىكى لايىھىسى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. پەرەز مەسىلە ھەل قىلغۇچىنىڭ مەسىلىگە قارىتا يەكۈن چىقىرىش ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى مۆلچەرلەش، مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ يولىنى قىياس قىلىش ھەم تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش نۇرغۇن شەرتلەرگە تايىنىدۇ، يەنى ئەسلىدە بار بولغان بىلىم تەجرىبە، كۆرسەتمىلىك ھېسسىي ئوبراز، سىناق خاراكتېرىدىكى ئەمەلىي مەشغۇلات، تىل بىلەن ئىپادىلەش ۋە قايتا بايان

قىلىش، ئىجادىي خاراكتېرلىك خىيال يۈرگۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قارىتا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

4) پەرەزنى تەكشۈرۈش

مەسىلە ھەل قىلىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەزنىڭ توغرا-خاتالىقى پەقەت ئەمەلىيەتتە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاندىن ئىسپاتلىنىدۇ. پەرەزنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ئەمەلىي مەشغۇلات، يەنى تەجرىبە قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە قوللىنىش ئۇسۇلى. بۇ پەرەزگە ئاساسەن كونكرېتنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر خىلى، تەپەككۇر ئارقىلىق تەكشۈرۈش. ئەگەر پەرەز خاتا بولسا ماتېرىيالغا قايتىدىن قاراپ چىقىپ يېڭى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

3. مەسىلە ھەل قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار:

1) مۇددىئانىڭ كۈچلۈكلۈكى




8.2-رەسىم. مۇددىئا كۈچلۈكلۈكى ۋە پائالىيەت ئۈنۈمى مۇناسىۋىتى

بىر ئادەم مەسىلىگە يولۇققان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئالاھىدە مۇددىئاسى بىلەن ھالىتى مەسىلە ھەل قىلىشقا نىسبەتەن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەجرىبىلەر كۆرسىتىپ بەردىكى، مەسىلە ھەل قىلىش بىلەن مۇددىئاسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت U شەكىللىك ئەگرى سىزىققا ئوخشايدۇ (8.2-رەسىمگە قاراڭ). رەسىمدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈمى مۇددىئانىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. مۇددىئا ناھايىتى كۈچلۈك ياكى ناھايىتى ئاجىز بولسا، ئوخشاشلا مەسىلە ھەل قىلىشقا پايدىسىز بولىدۇ. كۈچلۈكلۈكى ئوتتۇرا ھال دەرىجىدىكى مۇددىئا مەسىلە ھەل قىلىشقا ئەڭ پايدىلىق بولىدۇ.

2) تەپەككۇرنىڭ قېلىپلىشىپ قېلىشى

تەپەككۇرنىڭ قېلىپلىشىپ قېلىشى كۆڭۈلنىڭ قاراتمىلىقىمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى بەلگىلەنگەن پسىخىك پائالىيەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ

تەييارلىقى، ھالىتى ھەم كېيىنكى ئوخشاش تۈردىكى پسىخىك پائالىيەت خاھىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. شارائىت ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا، تەپەككۇردىكى قېلىپلىشىپ قېلىش ئوخشايدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئەمما، شارائىت ئۆزگەرگەن ئەھۋالدا، مەسىلە ھەل قىلىشتا جانلىق قوللىنىشتا بىئەپ بولغاچقا، قېلىپلىشىپ قېلىش تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقىنى بوغۇپ قويىدۇ. مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولغان يېڭى ئۇسۇللىرىنى بايقىغىلى بولمايدۇ.

### 2.2-جەدۋەل. لوچىنسىنىڭ سىغىمچانلىق تەجرىبىسى

| مەسىلە | بېكىتىلگەن سىغىمچانلىقنى ئۆلچەش ئەسۋابى | | | D ئىز-دىنىش | ئادەتلەنگەن مەسىلە ھەل قىلىش ئۇسۇلى | تېخىمۇ ئاددىي بولغان مەسىلە ھەل قىلىش ئۇسۇلى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | A | B | C | | | |
| 1 | 21 | 127 | 3 | 100 | D=B−A−2C | |
| 2 | 14 | 163 | 25 | 99 | D=B−A−2C | |
| 3 | 18 | 43 | 10 | 5 | D=B−A−2C | |
| 4 | 9 | 42 | 6 | 21 | D=B−A−2C | |
| 5 | 20 | 59 | 4 | 31 | D=B−A−2C | |
| 6 | 23 | 49 | 3 | 20 | D=B−A−2C | D=A−C |
| 7 | 15 | 39 | 3 | 18 | D=B−A−2C | D=A+C |
| 8 | 28 | 76 | 3 | 25 | | D=A−C |
| 9 | 18 | 48 | 4 | 22 | D=B−A−2C | D=A+C |
| 10 | 14 | 36 | 8 | 6 | D=B−A−2C | D=A−C |

پسىخولوگ لۇچىنس ( A. S. Luchins ) تەپەككۇرنىڭ قېلىپلىشىپ قېلىشنىڭ تەسىرىنى «سىغىمچانلىق تەجرىبىسى» ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققان. 2.2-جەدۋەلدە A، B، C دىن ئىبارەت ئۈچ دانە سىخېما ئۆلچىگۈچ ئارقىلىق سۇنىڭ سىغىمچانلىقى ئۆلچەپ چىقىلغان. تەجرىبە گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە بىرىنچى مەسىلىدىن ئونىنچى مەسىلىگىچە، تىزگىنلىگۈچى گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ئالتىنچى مەسىلىدىن ئونىنچى مەسىلىگىچە ئىشلەش تاپشۇرۇلغان. تەجرىبىگە نەچچە مىڭ ئادەم قاتناشقان. نەتىجىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولغانكى، تەجرىبە گۇرۇپپىسىدىكىلەردىن 83% ئادەمنىڭ ھەممىسى D=B−A=2C ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سەككىزىنچى مەسىلىنى ئىشلىگەن. 63% ئادەم ئىككىنچى مەسىلىنى ھەل قىلىشتا يېڭى

ئۇسۇل قوللانمىغاچقا سەككىزىنچى مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمىگەن. ئەمما، تېز گىنىلەنگۈچى گۇرۇپپىسىدىكىلەردىن 99% ئادەمنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئالتىنچىدىن ئونىنچىغىچە بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان. 5% ئادەم يەنىلا سەككىزىنچى مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمىگەن.

3) جاھىللىقنىڭ تەسىرى

جاھىللىقنىڭ تەسىرى: ئادەتتىكى ئىشلارنى پىششىق بىلىشنىڭ يولى تەپەككۇردا، يادرودا تەپەككۇرلۇق ئورنىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ باشقا رولىنى ئويلىنالماسلىقىدىن مەسىلە ھەل قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان پسىخىك ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

پسىخولوگ دۇنكېر (K. Duncker) بىر تەجرىبىدە سىناق قىلغۇچىلارغا ھەرخىل قوراللار بىلەن بەلگىلەنگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇرغان. نەتىجىدە 2.3-جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك بولغان.

### 2.3-جەدۋەل دونكېرنىڭ تەجرىبىسى

| ئىككىنچى خىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى (يېڭىچە ئىشلىتىش ئۇسۇلى) | بىرىنچى خىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى (ئادەتتىكىچە ئىشلىتىش ئۇسۇلى) | قورال |
|---|---|---|
| ئارغامچىنى ئىلىپ قويۇش<br>شىرە بولۇش<br>شىرەنىڭ پاچىقى بولۇش<br>بولقا بولۇش<br>ئىسقۇچ بولۇش | تۆشۈكنى تېشىش<br>نەرسە-كېرەك قويۇش<br>مىخنى تارتىش<br>سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ مىدىرلىشى<br>قەغەزنى قىسىش | بىگىز<br>ساندۇق<br>ھالقا<br>قىسقۇچ |

سىناق قىلىنغۇچىلار قورالنىڭ پەقەت ئۆزىنى پىششىق بىلىدىغان ئىشلىتىش يولىنىلا كۆرگەچكە، بۇ خىل قورالنىڭ باشقا ئىشلىتىش يولىنى بايقىشى ناھايىتى قىيىن بولۇپلا قالماي، بەلكى نەتىجىدە بۇ خىل قورالنى جانلىق ئىشلىتىشكىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. تەجرىبىدىن مەلۇم بولغانكى، كىشىلەر مەزكۇر تەسىرگە قارىتا قانچە پىششىق بولسا، مەزكۇر تەسىرنىڭ جاھىللىق خاراكتېرىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

4) كۆچۈشنىڭ رولى

كۆچۈش — ئېرىشىلگەن بىلىم، ماھارەت، ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىكى ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىنىڭ يېڭى بىلىم، يېڭى ماھارەت، ئۆگىنىش ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتا پەيدا قىلغان بىر خىل تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. كۆچۈش مۇسبەت كۆچۈش ۋە مەنپىي كۆچۈش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ۋېلىسپىت مىنىشنى بىلىدىغان ئادەم موتسىكلىت مىنىشنى

ناھايىتى ئاسانلا ئۆگىنىۋالالايدۇ. ئەمما، ۋېلىسىپىت مىنىشنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ ئۈچ چاقلىق رىكشا (ھارۋا) نى بىردىنلا ھەيدەلىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ. مانا بۇ مۇسبەت ۋە مەنپىي كۆچۈشنىڭ ئىپادىلىنىشى.

5) ئىندىۋىدۇئال پەرق

مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئوخشىمىغان بولۇش-بولماسلىقى شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكى، بولۇپمۇ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. پسىخولوگىيە تەتقىقاتى كۆرسىتىپ بەردىكى مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىختىدار، ئىجاد قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ناھايىتى ياخشى بولغان ئىندىۋىدۇئال پسىخىك پەزىلەت بولۇشى لازىم. ئېھتىياتچان، پۇختا، قەيسەر، ئىگىلمەس، ئالغا ئىنتىلىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى تۇتالايدىغان ئىندىۋىدۇئال پەزىلەتكە ئىگە بىر ئادەمنىڭ قوپال، قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان ئادەمگە قارىغاندا مەسىلە ھەل قىلىشتىكى نەتىجىسى يۇقىرى ھەم كۆپ بولىدۇ.

## 4. تەپەككۇرنىڭ پەزىلەتلىرى

ھەربىر ئادەمنىڭ تەپەككۇرىدا شەخسىي ئالاھىدىلىك بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك تەپەككۇرنىڭ پەزىلىتى دېيىلىدۇ.

1. تەپەككۇرنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى

تەپەككۇرنىڭ كەڭلىكى — بىر ئادەمنىڭ تەپەككۇر جەريانىدا مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزىتىپ، شەيئىلەرنىڭ ھەر خىل باغلىنىش ۋە مۇناسىۋىتىدىن شەيئىلەرنى بىلىشنى كۆرسىتىدۇ. تەپەككۇرنىڭ كەڭلىكى بىر ئادەمنىڭ ئەسلىدە بار بولغان بىلىم تەجرىبىسى، بىلىم تەجرىبىسى ئاساسىدىكى تەپەككۇرنىڭ كەڭلىك دەرىجىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بايقاشقا ماھىر بولۇش، مەسىلىنىڭ تۈپكى سەۋەبىنى ئېچىپ بېرىش، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسىنى ئالدىن كۆرەلىشى كېرەك. تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى — پەيلاسوپ، سىياسىئون، ئالىم قاتارلىقلاردا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلار ئەڭ ئاددىي شەيئىلەردىن ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەرنى بايقىيالايدۇ. شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ.

### 2. تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە تەنقىدىيلىكى

تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىللىقى — مەسىلىلەرنى مۇستەقىل بايقاش، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا تەييار يەكۇنلەرگە تايىنىۋالماسلىق، باشقىلارنىڭ پىكىرىگە قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىك ھەم ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىق ۋە خالىغانچە ئىش قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. تەپەككۇرنىڭ تەنقىدىيلىكى، ئوبيېكتىپ ئۆلچەمنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئاجرىتىپ، ھەممىگە ئادىل باھا بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا ماھىر بولۇش تەپەككۇرنىڭ تەنقىدىيلىكىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىقى

تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىقى — مەسىلە ھەل قىلغان ۋە مۇھاكىمە قىلغاندىكى تەپەككۇر يولىنىڭ ئېنىق، تەرتىپلىك بولۇش، لوگىكا قانۇنىيەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، تۇترۇقسىز بولماسلىق، خۇلاسە چىقىرىشتا ئېھتىياتچان بولۇش، تەرتىپى ئېنىق بولۇش، دەلىل-ئىسپاتى ئىشەنچلىك بولۇش، دەلىللىشى تەرتىپلىك بولۇش، خۇلاسە ئېنىق ھەم توغرا بولۇش، قايىل قىلىش كۈچى يۇقىرى بولۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

### 4. تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى ۋە چاققانلىقى

تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى — شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ كونكرېتنى ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە ماھىر بولۇش، دەل ۋاقتىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان يېڭى پەرەز ۋە لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماسلىق، كونا لايىھىلەرگە يېپىشىۋالماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

تەپەككۇرنىڭ چاققانلىقى — مەسىلىلەرنى تېز ھەم توغرا بايقاش ۋە ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇش؛ ئۇ ئىپادىلەشتە ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ راۋانلىقى، ئۇقۇمنىڭ چۈشىنىشلىكى، ئىپادىلەشتىكى راۋانلىق بىلەن ئاسسوتسىئاتسىيىنىڭ راۋانلىقى قاتارلىق تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

# 4. خىيال

## 1. خىيال ئۇقۇمى

خىيال ئادەم مېڭىسىدە ئەسلىدە بار بولغان تەسەۋۋۇرلارنى پىششىقلاپ

ئىشلەپ ئۆزگەرتىپ، يېڭىۋاشتىن بىرلەشتۈرۈپ يېڭى ئوبراز شەكىللەندۈرۈشتەك پسىخىك جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. خىيالنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى تەپەككۇرغا ئوخشاشلا ئومۇملاشتۇرۇشچانلىققا ۋە ۋاستىلىككە ئىگە بولىدۇ، ئەمما، خىيال بىلەن تەپەككۇر ئوخشىمايدۇ، خىيال ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئوبراز سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، تەپەككۇر بولسا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۇقۇم سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇڭا خىيال بىر خىل ئالاھىدە شەكىلدىكى تەپەككۇر پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

خىيال كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. خىيالنىڭ ياردىمىدە كىشىلەر بىپايان، چەكسىز ئالەمنى تېزلا بىلىپ قالماي، بەلكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كەلگۈسىنىمۇ كۆرەلەيدۇ، دۇنيانى بىلىپلا قالماي، بەلكى دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئالىملارنىڭ ئىختىرا-ئىجاد قىلىشى، سەنئەتكارنىڭ سەنئەت ئىجاد قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خىيالدىن ئايرىلالمايدۇ.

## 2. خىيالنىڭ تۈرلىرى

خىيالدا ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسەتنىڭ بار-يوقلۇقىغا ئاساسەن خىيالنى ئاڭسىز خىيال ۋە ئاڭلىق خىيال دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1. مەقسەتسىز خىيال

مەقسەتسىز خىيال، ئىختىيارسىز خىيالمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ بىر خىل ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسىتى بولمىغان، ئىختىيارسىزلا ئېلىپ بېرىلىدىغان خىيالنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلارنىڭ، يايلاقتىكى قويلار توپىنى، بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ قاتار كەتكەن ئېگىز-پەس تاغلارنى خىيالغا كەلتۈرىدۇ، ھېكايە ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز باش قەھرىماننىڭ ئوبرازى ۋەقەلىك ئەھۋاللىرىنى خىيال قىلىش قاتارلىقلار ئىختىيارسىز خىيالغا كىرىدۇ. چۈش ئاڭسىز خىيالنىڭ ئۇچىغا چىققان شەكلى، چۈش كىشىلەر پېششىق بىلىدىغان ھەم قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل ھادىسە، قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر چۈشنى خىلمۇ خىل قىياس قىلىپ، خىلمۇ خىل چۈشەندۈرۈپ كەلدى. ھازىرقى زامان پەن تەتقىقاتى ئىسپاتلاپ بەردىكى، چۈش ئادەم ئۇخلىغاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان بىر خىل پسىخىك پائالىيەت بولۇپ، ئۇ پسىخىك پائالىيەتتىكى نورمال ھادىسە. چۈش

ئادەمگە زىيانسىز بولۇپلا قالماي بەلكى پايدىلىق. چۈش كۆرۈش چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرى ئىقتىدارىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە، ئادەمنىڭ پسىخىك تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشىشىگە، ھەتتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، چۈش رېئاللىقتىن ھالقىغان نەرسە ئەمەس، چۈشتە كۆرۈنگەن نەرسىلەر قانچىلىك ئاجايىپ، غەلىتە بولسۇن، ھەتتا بىمەنە قاملاشمىغان نەرسىلەر بولسۇن، ئۇ يەنىلا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى.

2. مەقسەتلىك خىيال

ئاڭلىق خىيال — ئىختىيارى خىيالمۇ دېيىلىدۇ. ئۇ ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسىتى بار بولغان ئاڭلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان خىيالنى كۆرسىتىدۇ. ئاڭلىق خىيالدىكى ئىجادچانلىق سەۋىيىسى بىلەن يېڭىلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئاڭلىق خىيالنى تەسەۋۋۇر خىيال، ئىجادىي خىيال ۋە خام خىيالغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) تەسەۋۋۇر خىيال

تەسەۋۋۇر خىيال تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەش ياكى چېرتيوژ ئارقىلىق ئادەم مېڭىسىدە مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ يېڭى ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، رومان كۆرگەندە شەكىللەنگەن ئادەم ۋە ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك خىيال تەسەۋۋۇر خىيالغا كىرىدۇ. تەسەۋۋۇر خىيال ئادەمنىڭ بىلىشى ۋە ئەمەلىيىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۆگىنىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەدەنىيەتتىن ھوزۇرلىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇر خىيالنى ئېنىق شەكىللەندۈرۈشتە مۇنداق ئىككى خىل شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك. بىرىنچى، كۆرسىتىلگەن نەرسىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلىدىغان سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق بولۇش لازىم. تىل ئارقىلىق بايان قىلىش، چېرتيوژ، مودېل ۋە ھەرخىل بەلگىلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولمىسا، ئادەم، جۇغراپىيىلىك شەكىل، ماشىنا قۇرۇلمىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىنى ئېنىق خىيال قىلغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى، تەسەۋۋۇر زاپىسى مول بولۇش لازىم. تەسەۋۋۇر، خىيالنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى بولغاچقا تەسەۋۋۇر زاپىسى قانچە كۆپ بولسا، تەسەۋۋۇر خىيالنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنچە مول بولىدۇ، مۇناسىپ تەسەۋۋۇر كەمچىل

بولىدىكەن تەسەۋۋۇر خىيالنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

2) ئىجادىي خىيال

ئىجادىي خىيال تەييار تەسۋىرگە تايانماستىن، بەلكى مۇستەقىل ئىجادىي ھالدا يېڭى شەيئى ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى مېڭىسىدە ئېلىپ بېرىلغان بەدىئىي پىكىر قۇرۇلمىسى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەريانى، ئالىملارنىڭ مېڭىسىدە يېڭى پەرەزنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، ئارخىتېكتور مېڭىسىدە بىنا قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىي خىيال جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجادىي خىيال ئادەمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئىجادىي خىيالنىڭ پەيدا بولۇشى بىلىم ۋە تەسەۋۋۇر زاپىسىنىڭ مول بولۇشىدىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شەرتكە باغلىق بولىدۇ: بىرىنچى، ئىجاد قىلىش ئارزۇسى ۋە مۇددىئاسى بولۇش لازىم. بۇ ئىجادىي خىيالنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى. ئىككىنچى، ئەسلىي تىپتىن رىغبەتلىنىش، ئالىم ياكى ئەدىب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى بەلگىلىك شەيئىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مۇشۇنداق رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان شەيئىلەر ئەسلىي تىپ دېيىلىدۇ. ئەسلىي تىپنىڭ قانچە كۆپ بولۇشى ئىجادىي خىيالغا شۇنچە پايدىلىق. ئايروپىلاننىڭ ئىجاد قىلىنىشى، پاراخوتنىڭ ياسىلىشى، رادارنىڭ لايىھىلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىي تىپتىن رىغبەتلىنىشنىڭ نەتىجىسى. ئۈچىنچى، ئاكتىپ تەپەككۇر پائالىيىتى، ئىجادىي خىيال بىر خىل ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى بولۇپ، پەقەت ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ قاتنىشىشى ئارقىلىقلا ئەسلىدە بار بولغان تەسەۋۋۇرنى ئانالىز قىلىپ ۋە سىنتېزلاپ پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۆزگەرتىپ ياساپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان يېڭى ئوبرازلارنى ئىجاد قىلىپ چىققىلى بولىدۇ.

3) خام خىيال

خام خىيال ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئارزۇسى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان كەلگۈسىگە قارىتىلغان بىر خىل خىيال بولۇپ، ئۇ ئىجادىي خىيالنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى. مەسىلەن، ئالەم بوشلۇقىدا قاتناش بېكىتى قۇرۇش، دېڭىز ئاستى شەھىرى قۇرۇش قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ خام خىيالى ھېسابلىنىدۇ.

خام خىيال ئاكتىپ ۋە پاسسىپ دەپ بۆلۈنىدۇ. ئومۇمەن، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەم ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان خام خىيال ئاكتىپ خام خىيال، يەنى غايە دېيىلىدۇ. ئومۇمەن، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ۋە ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان خام خىيال پاسسىپ خام خىيال، يەنى قۇرۇق خىيال دېيىلىدۇ.

## 2 § . كەيپىيات ۋە ھېسسىيات جەريانى

ئادەم دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا پەسەنت قىلماسلىق، ھېسسىياتسىز سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇش پوزىتسىيىسىدە بولمايدۇ، بەلكى كۆڭلىدە قانداق بولمىسۇن، مەلۇم خىل پوزىتسىيە بولىدۇ، بۇ خىل پوزىتسىيىنىڭ ئىچكى تۇيغۇسى كەيپىيات ۋە ھېسسىيات بولىدۇ.

### 1. كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ھەققىدە ئومۇمىي بايان

#### 1. كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئۇقۇمى

1. كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ تەدبىرى

كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا ئۇنىڭ ئېھتىياجىنىڭ قېنىش-قانماسلىقى ئارقىسىدا پەيدا بولغان پوزىتسىيە تۇيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتە، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە، باشقىلارغا ۋە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا دائىم ئوخشىمىغان پوزىتسىيە ۋە ئوخشىمىغان تۇيغۇدا بولىدۇ. بەزى ھادىسىلەر كىشىنى خۇشال قىلسا، يەنە بەزى ھادىسىلەر كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ. بەزى ھادىسىلەر كىشىنى غەزەپلەندۈرسە، يەنە بەزى ھادىسىلەر كىشىنى قورقىتىدۇ. خۇشال بولۇش، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش، قورقۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دائىم كۆرۈلىدىغان كەيپىيات ۋە ھېسسىيات تۇيغۇسى ھېسابلىنىدۇ.

بىلىش جەريانىغا ئوخشاشلا كەيپىيات ۋە ھېسسىياتمۇ ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا قارىتا ئىنكاس بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىق

تەرەپتىن پەيدا قىلىنىدۇ، ئەمما كەيپىيات ۋە ھېسسىيات يەنە بىلىش جەريانى بىلەن ئوخشىمايدۇ. بىلىش جەريانى ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ. كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئېھتىياجنى ۋاستە قىلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر بىلەن بولغان ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنكاسى. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ھەرقانداقى ئادەمدە كەيپىيات ۋە ھېسسىيات پەيدا قىلالمايدۇ. پەقەت ئادەم بىلەن ئېھتىياج مۇناسىۋىتى بار شەيئىلەرلا، ئاندىن ئادەمدە كەيپىيات ۋە ھېسسىيات پەيدا قىلالايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان شەيئىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى كەيپىيات ۋە ھېسسىيات تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئومۇمەن قىلغاندا، ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان شەيئىلەر ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى كەيپىيات ۋە ھېسسىيات تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت بىلىش جەريانى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئوبراز ئارقىلىق ياكى ئۇقۇم ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرسە، كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى تۇيغۇ ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئادەمنىڭ رېئاللىققا قارىتا پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاستە تۇيغۇسىدىن كېلىدۇ. «تۇيغۇ» كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. تۇيغۇدىن ئايرىلغان كەيپىيات ۋە ھېسسىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

2. كەيپىيات بىلەن ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتى

كەيپىيات بىلەن ھېسسىيات پەرقلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كەيپىيات بىلەن ھېسسىياتنىڭ پەرقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، كەيپىيات دائىم فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج بىلەن باغلىنىشلىق بولغان تۇيغۇنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قورساق ئاچقاندا، يېمەكلىككە ئېرىشكەندە پەيدا بولىدىغان رازى بولۇش، خۇشال بولۇش تۇيغۇسى، يېمەكلىككە ئېرىشەلمىگەندە پەيدا بولىدىغان ئازابلىنىش، بىئارام بولۇش قاتارلىقلار. ئەمما، ھېسسىيات ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇيغۇنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۆگىنىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا پەيدا بولىدىغان خۇشاللىق، ئۆگىنىشتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا پەيدا بولىدىغان ئۈمىدسىزلىك قاتارلىقلار. ئىككىنچى، كەيپىيات ھالەتچانلىققا، ھاياجانلىققا ۋە ۋاقىتلىق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ دائىم

مەلۇم ئەھۋال تەرىپىدىن قوزغىلىپ بىردىنلا پەيدا بولۇپ، ھاياجانلىنىش خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك، تىزگىنلەش قىيىن ھەم «ئىش ئۆتۈپ ئەھۋال ئۆزگەرگەن» دىن كېيىن كەيپىيات ئۆزلۈكىدىن پەسىيىدۇ ياكى يوقىلىدۇ.

ھېسسىيات كەيپىيات بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۇراقلىق، چوڭقۇر ۋە ئۇزۇنراق داۋام قىلىدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ شەيئىلەرگە قارىتا تۇراقلىق پوزىتسىيە تۇيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇچىنچى، شەخسنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا كەيپىيات بالدۇر پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ ئادەم بىلەن ھايۋانلاردا، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلاردا ئورتاقلىققا ئىگە. ئەمما، ھېسسىياتنىڭ پەيدا بولۇشى كېيىنرەك بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا پەيدا بولىدۇ ھەم ئىجتىمائىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. كەيپىيات بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدا گەرچە پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ بىر-بىرىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن، ھېسسىيات كەيپىياتقا تايىنىدۇ. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ئومۇمەن ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىدىغان ھەرخىل كەيپىياتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، كونكرېتنى كەيپىياتتىن ئايرىلىپ ئادەمنىڭ ھېسسىياتى مەۋجۇت بولمايدۇ ۋە ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر ئۆز ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچراپ، خانىۋەيران بولغانلىقىنى كۆرگەندە پەيدا بولىدىغان چەكسىز غەزەپ-نەپرىتى ۋە تەسىرلىك كەيپىياتى يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كەيپىيات ھېسسىياتقا تايىنىدۇ. كەيپىيات ئۆزگىرىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئادەتتە شەخستە شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «شاڭگەنلىك» دېگەن كىنودا گەرچە سۇ ناھايىتى كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما بىر ئىستاكان سۇ پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ قولىدىن قولغا ئۆتۈپ بىرمۇ ئادەم بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەيدۇ، بۇ يولداشلىق ھېسسىياتى ۋە سەپداشلىق ئالىيجاناب ھېسسىياتنىڭ ئادەمنىڭ كەيپىياتىنى تىزگىنلەشنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن، كەيپىيات بىلەن ھېسسىيات ئۆزئارا بىر-بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. بەزىدە ھەتتا ئۇلار ئۆزئارا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

### 3. كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ رولى

كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئىنسانلارنىڭ پسىخىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1) سىگناللىق فۇنكسىيىسى

كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا تۇيغۇسى بولۇپ، بۇ خىل تۇيغۇ دائىم ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر تارقىتىدۇ ۋە ئىدىيە ئالماشتۇرىدۇ. بۇ كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ سىگناللىق رولى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزئارا تىل ئالاقىسى قىلالمىغان ئەھۋالدا ئىككى تەرەپ ھېسسىيات ئىپادىسىگە تايىنىپ ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئالاقىلىشىش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

2) تەسىرلەندۈرۈش فۇنكسىيىسى

ئادەمنىڭ كەيپىياتى ۋە ھېسسىياتى تەسىرلەندۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشتا كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ ئاسانلا تەسىرلەندۈرۈش رولى بولغانلىقتىن دەل ھېسسىيات ئارقىلىق ھېسسىيات قوزغىلىدۇ، ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىنى تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىقلار ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ھېسسىيات ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەيدۇ. تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ كەيپىياتى ۋە ھېسسىياتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈش ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشكە دىققەت قىلىش لازىم.

3) تەڭشەش فۇنكسىيىسى

كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھالىتى بىلەن پسىخىك ھالىتىنى تەڭشەپ ئادەمنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان مۇھىتقا ماسلىشىشقا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر خېيىمخەتەرگە دۇچ كەلگەندە پەيدا بولىدىغان جىددىيلىك كەيپىياتى ئادەم ئورگانىزمىدا فىزىئولوگىيە جەھەتتە بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، بىرقەدەر كۆپرەك ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىدۇ-دە، نۆۋەتتىكى خېيىمخەتەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ. يەنە مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈپ، ئاسراپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرسا، ئوقۇغۇچىلار مەزكۇر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆتكەن دەرسىنى رازىمەنلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ. ئەكسىچە

ئەگەر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى جىددىي بولۇپ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىگە ئېرىشەلمىسە، ئۇلاردا ئۆتۈلگەن دەرسلەرگە قارىتا زېرىكىش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ. ھەتتا ئۆگىنىشتە مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنى كىشىلەرنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشنى بەلگىلىك دەرىجىدە تەڭشەيدۇ دەيمىز.

## 2. كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ ئورگانىزم ئۆزگىرىشىدىكى ئىپادىسى

كەيپىيات ۋە ھېسسىيات پەيدا بولغاندا دائىم ئورگانىزمدا بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىچكى قىسىمدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ۋە سىرتقى ئىپادىسىدىكى ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

1. ئورگانىزمنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش

1) نەپەسلىنىش سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىش

بەزى كەيپىيات ھالىتىدە نەپەسلىنىشنىڭ چاستوتىسىدا چوڭقۇر-تېيىز، تېز-ئاستا جەھەتلەردە ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇشتۇمتۇت قورقۇپ كەتكەندە نەپەسلىنىش ۋاقتىنچە توختاپ قالىدۇ، چەكسىز خۇشال بولغاندا ياكى قايغۇرغان ۋاقىتتا نەپەس سىقىلىپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

2) ئايلىنىش سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر

كەيپىيات پەيدا بولغاندا ئايلىنىش سىستېمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، يۈرەك رىتىمى تېز-ئاستا بولۇش، قان تومۇرلارنىڭ كېڭىيىش ۋە تارىيىشى، قان بېسىمىنىڭ ئۆرلىشى ۋە چۈشۈپ كېتىشى، قان شېكىرىنىڭ ئارتىپ ياكى كېمىيىپ كېتىشى قاتارلىقلار.

3) ھەزىم قىلىش سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر

مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى كەيپىيات تۇيغۇسى ئادەتتە ئاشقازان سۈيۈقلۇقى، شۆلگەي، ئۆت سۈيۈقلۇقى قاتارلىق ھەزىم قىلىش سۈيۈقلۇقىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى كەيپىيات تۇيغۇسى دائىم ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان بەزلەر پائالىيىتىنى تورمۇزلاپ ئىشتەينى تۇتۇلدۇرۇپ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

4) مېڭە ئېلېكتر دولقۇنلىرىدىكى ئۆزگىرىش

ئوخشىمىغان كەيپىيات ھالىتىدە مېڭە ئېلېكتر دولقۇنلىرىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئادەتتە ئادەم سەگەك، خاتىرجەم ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا مېڭە ئېلېكتر دولقۇنىنىڭ α دولقۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. جىددىيلىشىپ تەشۋىشلەنگەندە يۇقىرى چاستوتا تۆۋەن، ئامپلىتۇدالىق β دولقۇن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

2. ئورگانىزم سىرتىدىكى ئىمكا ئۆزگىرىشى

ئىمكا — كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ ئورگانىزم سىرتىغا ئىپادىلىنىپ چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يۈز ئىمكىسى، بەدەن ئىمكىسى ۋە تىل ئىمكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) يۈز ئىمكىسى: چىراي ئىمكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ كۆز، قاش، ئېغىز قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۈز ئىمكىسى ئىنسانلارنىڭ كەيپىيات ۋە ھېسسىياتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، خۇشال بولغاندا، قاپاقلىرى سوزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ، ئېغىزلىرى ئېچىلىپ چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بۇ «ئاغزى قۇلىقىغا يېتىش» دېيىلىدۇ. ھەيران بولغاندا، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇ «داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىش» دېيىلىدۇ. قايغۇرغاندا، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى نۇرسىزلىنىپ، كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ قالىدۇ، بۇ «دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىش» دېيىلىدۇ.

2) بەدەن ئىمكىسى: بەدەن ئىمكىسى كەيپىيات ۋە ھېسسىيات بەدەن قىياپىتى ۋە ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، خۇشاللىققا چۆمگەندە ئويناقشىپ كېتىش، پۇشايمان قىلغان ۋاقىتتا ئاللا-توۋا قىلماق، قورققان ۋاقىتتا تەمتىرەپ ئىتائەتچانلىق بىلەن سۈكۈت قىلىپ بېشىنى تۆۋەن سالىدۇ.

3) تىل ئىمكىسى: تىل ئىمكىسى كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ تىل ئىنتوناتسىيىسى رىتىمى ۋە تېزلىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. تىل ئىدىيە ئالماشتۇرۇش قورالى بولۇپلا قالماي، بەلكى كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈشنىڭمۇ ۋاسىتىسى. مەسىلەن، ئادەم خۇشال بولغاندا، ئىنتوناتسىيىسى يېنىك بولىدۇ، قايغۇرغاندا، ئاۋازى بوش چىقىدۇ. غەزەپلەنگەندە، ئاۋازى يوغان ھەم قاتتىق چىقىدۇ.

مىمكا گەرچە بىر ئادەمنىڭ كەيپىيات ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەلىسىمۇ، بىراق ئادەم ئۆزىنىڭ پسىخىكىسى ۋە ھەرىكىتىنى تىزگىنلەيدۇ. شۇڭا، بىر ئادەمنىڭ كەيپىيات ۋە ھېسسىياتىنى ھەقىقىي تۇردە چۈشىنىشتە يالغۇز سىرتقى مىمكىغىلا تايىنىش يېتەرلىك بولمايدۇ. چوقۇم ئەتراپلىق چۈشەنگەندە، ئاندىن بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىغا مىمكا ئارقىلىق توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. كەيپىيات ۋە ھېسسىيات تۈيغۇسى

كەيپىيات ۋە ھېسسىيات بىر خىل ئىچكى تۇيغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن ئانالىز قىلىشقا بولىدۇ.

### 1. كەيپىياتنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى

كەيپىيات تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، خۇشاللىق: رازى بولۇش، خوش بولۇش، خۇشاللىنىش، شادلىنىش، قىن-قىنىغا پاتماسلىق قاتارلىق پەرقلەرگە ئايرىلىدۇ. قايغۇ: ئەپسۇسلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش، كۆڭلى يېرىم بولۇش، ھەسرەت چېكىش، ئازابلىنىش، قاتتىق ئازابلىنىش قاتارلىق پەرقلەرگە ئايرىلىدۇ. غەزەپلىنىش — نارازى بولۇش، ئاچچىقلىنىش، كايىش، غەزەپلىنىش، چېچىلىش، دەرغەزەپكە كېلىش، ئەسەبىيلىشىش قاتارلىق پەرقلەرگە ئايرىلىدۇ. كەيپىياتنىڭ كۈچلۈك دەرىجىسى قانچە چوڭ بولسا، كەيپىياتنىڭ ئۆزىمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ.

### 2. كەيپىياتنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسى

كەيپىيات تۇيغۇسى جىددىيلىشىش بىلەن يېنىكلىشىشكە ئايرىلىدۇ. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا دەرىجە پەرقى بار. جىددىيلىك كەيپىيات تۇيغۇسى دائىم ئەڭ جىددىي پەيتتىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋاقىت بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

ئىمتىھان، لېكسىيە سۆزلەش ۋە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە كەيپىيات جەھەتتە جىددىيلىك تۇيغۇسى بولىدۇ. پائالىيەتتە مۇۋاپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇش

ئادەمگە قارىتا شۇنچە مۇھىم بولغاچقا، ئاچقۇچلۇق ۋاقىت يېتىپ كەلگەن چاغدا كەيپىياتى شۇنچە جىددىيلىشىدۇ. ئاچقۇچلۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇيغۇسى يېنىكلەيدۇ ياكى جىددىيلىك تۈگەيدۇ.

### 3. كەيپىياتنىڭ تېز تەسىرلىنىش دەرىجىسى

تېز تەسىرلىنىش دەرىجىسى — كەيپىيات تۇيغۇسىدىكى خۇشال بولۇش ياكى خۇشال بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى كەيپىياتتا خۇشال بولماسلىق، مەسىلەن، قايغۇرۇش، نومۇس قىلىش، ئالاقزادە بولۇش، پۇشايمان قىلىش قاتارلىقلار روشەن بولىدۇ. ئەمما بەزى كەيپىياتتا خۇشاللىق روشەن بولىدۇ. مەسىلەن، شاد-خۇرام بولۇش، تەكەببۇرلۇق قىلىش، رازى بولۇش قاتارلىقلار روشەن خۇشاللىق تەسىراتىغا ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە يەنە بەزى كەيپىيات تېز تەسىرلىنىش دەرىجىسى جەھەتتە بىرقەدەر مۇجمەل بولۇپ روشەن بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىچ ئاغرىتىش، ھەيران قېلىش قاتارلىقلار.

### 4. كەيپىياتنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسى

ھەرخىل كەيپىياتلارنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسى بەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بەزىدە كەيپىياتنىڭ تەركىبلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. بىز ھەتتا ئۇنىڭ زادى قايسى خىلدىكى تۇيغۇ ئىكەنلىكىگە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمىز. ئەمما، بەزى كەيپىيات ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ. ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسىدە خۇشاللىق، قايغۇرۇش، قورقۇش، غەزەپلىنىش قاتارلىق تۆت خىل ئاددىي ياكى دەسلەپكى كەيپىيات بولۇپ، ئۇلار ئاساسىدا خاراكتېرى بىلەن مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل ھېسسىيات بۆلۈنۈپ چىققان دەپ قارايدۇ.

## 3. كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ تۈرلىرى

### 1. كەيپىياتنىڭ تۈرلىرى

1. كەيپ (كۆڭۈل)

كەيپ: بىر خىل ئاجىز ھەم ئۇزاققا سوزۇلىدىغان كەيپىيات ھالىتى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلىدۇ.

بىر كىشى خۇشاللىق كەيپىياتقا چۆمگەن ۋاقىتتا، نېمىلا ئىش قىلمىسۇن خۇشال-خۇرام يۈرۈيدۇ. ئەمما، بىر كىشى ئىچى تىتىلداپ بىئارام بولغان كەيپىيات ھالىتىدە تۇرغان ۋاقىتتا نېمىلا ئىش قىلمىسۇن ئىچى تىت-تىت بولىدۇ، مانا بۇ كەيپىتۇر.

كەيپ يامراشچان خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئىگە: يامراشچان خاراكتېر دېگىنىمىز، كەيپ مەلۇم بىر ئالاھىدە ئوبيېكتقا يۈزلەنگەن كەيپىيات تۇيغۇسى ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە كەيپىيات پەيدا بولغاندىن كېيىن دەرھال يوقاپ كەتمەستىن يەنە بىر مۇددەت ساقلىنىپ قالغان، مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئادەمنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە كەيپىياتى باشقا شەيئىلەرگە چېچىلىپ، بۇ خىل شەيئىلەرگە ئىلگىرىكى كەيپىيات خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ يېيىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

كەيپنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. مەسىلەن، خىزمەتنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ئەلا ياكى ناچار بولۇشى، تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، كىشىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى، ھەتتا پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم خىل كەيپىياتنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، كۆپ چاغلاردا كىشىلەر كەيپنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەرنى ھېس قىلالمايدۇ.

كەيپنىڭ ئادەمنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە سالامەتلىكىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. ئاكتىپ كەيپ خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىدۇ، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئادەمنىڭ پائالىيەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ھەمدە ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق. پاسسىپ كەيپ ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرىدۇ. ئادەمنىڭ پائالىيەت ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆزىنىڭ كەيپىنى تەڭشەش ۋە تىزگىنلەشكە ماھىر بولۇپ، ياخشى كەيپنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئاكتىپ ساقلاش لازىم.

2. قايناق ھېسسىيات

قايناق ھېسسىيات بىر خىل كۈچلۈك پارتلاش شەكلىدە بولغان قىسقا ۋاقىت داۋام قىلىدىغان كەيپىيات ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، دەرغەزەپ بولۇش، ئالاقزادە بولۇش، ئۈمىدسىزلىك، چەكسىز خۇشاللىق

قاتارلىقلار بۇ خىل كەيپىيات تۈيغۇسىغا مەنسۇپ بولىدۇ. قايناق ھېسسىيات ھالىتىدە دائىم سۇبيېكتقا ئەگىشىپ روشەن بولغان فىزىئولوگىيىلىك ۋە سىرتقى مىمكا ئۆزگىرىشى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، يۈرەك سوقۇش تېزلىشىپ كېتىش، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىش، نەپەس ئېلىش جىددىيلىشىش، قاتتىق غەزەپلىنىش، چىچاڭلاپ كېتىش قاتارلىقلار.

قايناق ھېسسىياتنى ئادەتتە شەخسىي ئۈچۈن ناھايىتى بەك ئەھمىيەتلىك بولغان ئىشلار پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش ۋە ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىنىڭ تۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئۈچۈن غايەت زور ئەھمىيەتلىك ئىشلار بولۇپ، قايناق ھېسسىيات ھالىتىنى پەيدا قىلىدىغان كۈچلۈك غىدىقلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. قايناق ھېسسىيات ئاكتىپ ۋە پاسسىپ دەپ ئايرىلىدۇ. ئاكتىپ قايناق ھېسسىيات دائىم ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇپ غايەت زور ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىپ، ئادەمنىڭ ئىنتايىن قىيىن توسالغۇلارنى يېڭىپ توغرا نىشانغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ. پاسسىپ قايناق ھېسسىيات دائىم ئادەمدە «ئاڭنىڭ تارىيىش» ھادىسىسىنى پەيدا قىلىپ دىققەت دائىرىسىنى تارايتىدۇ، ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ھەرىكىتىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا، پۇشايمانىنى ئالدىغانغا قاچا تاپالمايدۇ. بىز ئۇنى تىزگىنلەيدىغان تەدبىرلەرنى ئىگىلىشىمىز لازىم.

3. ئالاقزادىلىك

ئالاقزادىلىك: كۈتۈلمىگەن جىددىي ئەھۋالدا جىددىي ھەم تېز پەيدا بولىدىغان ئالاقزادىلىك كەيپىيات ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئالاقزادىلىك ھالىتىدە پۈتكۈل ئورگانىزمنىڭ جانلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆرلىتىپ ئادەمنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ كىرىشىش كۈچى، قان بېسىمى، ئىچكى ئاجىرتىشى، يۈرەك رىتىمى، نەپەس ئېلىش سىستېمىسى قاتارلىقلاردا روشەن ئۆزگەرتىش پەيدا قىلىدۇ. بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئىقتىدارىدا ئۆزگىرىش بولغاندا شەخستە ئوخشاش بولمىغان پسىخىكا ۋە ھەرىكەت ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، جاۋاب خاراكتېرلىك رېئاكسىيە ھالىتىدىكى ئادەمنىڭ ھەرىكەت ئىنكاسى ئىككى خىل بولىدۇ.

بىر خىلىدا، ھەرىكىتى قالايمىقان ئالدىراپ-تېنەپ خاتا قىلىپ قويىدۇ.

ھەرىكىتىنى شۇ ۋاقىتتىكى مەقسەتكە توغرا ماسلاشتۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاڭنىڭ ئاڭلىقلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولغاچقا، تەپەككۇرىمۇ قالايمىقان، ئانالىز ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز، سېزىش، ئىدراك قىلىش ۋە خاتىرە تۆۋەن، دىققەت كۈچىنى تەقسىملەش ۋە يۆتكىلىشى قىيىن بولۇشتەك ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. يەنە بىر خىلىدا گەرچە جىسمانىي ۋە پسىخىكا جەھەتتە جىددىيلەشسىمۇ، ئەمما كۈچ قۇۋۋىتى تولۇپ تاشقان، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى ئېنىقمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۆتكەنكى تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىش ۋە فىزىئولوگىيىلىك جانلىنىش ھالىتى ئېنىقمۇ ياخشى بولۇپ، جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپ، قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلۇپ، يامانلىقنى ئامانلىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

## 2. ھېسسىياتنىڭ تۈرلىرى

### 1. ئەخلاق ھېسسىياتى

ئەخلاق ھېسسىياتى كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئەخلاقىي ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە باھا بەرگەن ۋاقىتتا پەيدا بولىدىغان ئەخلاقىي تۇيغۇنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ھەرىكىتى ئەخلاقىي ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلسە، مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئەخلاقىي تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، قايىل بولۇش، ياخشى كۆرۈش، ماختاپ تەربىيىلەش، زوقلىنىش قاتارلىقلار. ئۇيغۇن كەلمىسە، ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى ئەخلاقىي تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، نەپرەتلىنىش، نومۇس قىلىش، يىرگىنىش قاتارلىقلار. ئەخلاق ھېسسىياتى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان بىر خىل ئالىي دەرىجىلىك ھېسسىيات ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياكى باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئەسلىدە بار بولغان ئىجتىمائىي ھەرىكەت قىلىپ سېلىشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئوبيېكتىپ شەيئى بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ ئەخلاقىي ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەخلاقىي ئۆلچەم ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەخلاق ھېسسىياتى ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئوخشىمىغان دەۋردە ئوخشىمىغان سىنىپ ۋە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئەخلاق ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولمىغاچقا، ئەخلاق

ھېسسىياتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە كۆپلىگەن، ئەخلاقىي ھېسسىياتلار روشەن ھالدا سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئەخلاق ھېسسىياتى ئادەمنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە قارىتا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ئىدىيىۋى ھەرىكەتلىرىنى ئەخلاقىي ئۆلچەمنىڭ تەلىپى بويىچە توغرا مۆلچەرلەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكىتىنى ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئاڭلىق ماسلاشتۇرۇپ ئەخلاقلىق بىر ئالىيجاناب ئادەم بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

2. ئاقىلانىلىك ھېسسىياتى

ئاقىلانىلىك ھېسسىياتى ئادەمدە بىلىش پائالىيىتى جەريانىدا پەيدا بولىدىغان ھېسسىيات تۈيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئالىملارنىڭ ئىختىرا، ئىجاد قىلىش جەريانىدىكى خۇشاللىق ھېسسىياتى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ھېسسىياتى، كىشىلەرنىڭ بىلىش جەريانىدا مەلۇم بىر ھادىسىنى چۈشەنمىگەن ۋاقىتتا پەيدا بولىدىغان شۈبھىلىنىش ھېسسىياتى قاتارلىقلار.

ئاقىلانىلىك ھېسسىياتى بىلەن كىشىلەرنىڭ بىلىش پائالىيىتى، بىلىم ئىزدەش ئارزۇسى، بىلىش ھەۋىسى ھەمدە قىممەت قارشى زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ بىلىش پائالىيىتى قانچە چوڭقۇر، بىلىم ئىزدەش ئارزۇسى قانچە كۈچلۈك، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقى قانچە قويۇق بولسا، ئادەمنىڭ ئاقىلانىلىك ھېسسىياتىمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ئاقىلانىلىك ھېسسىياتى كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ھېسابلىنىدۇ.

3. گۈزەللىك ھېسسىياتى

گۈزەللىك ھېسسىياتى كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى سېزىپ ئىدراك قىلغان ۋە ھۇزۇرلانغان ۋاقىتتىكى نەپىس ھېسسىيات تۈيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن گۈزەللىكنىڭ بەلگىلىك باھا ئۆلچىمى بويىچە ئېستېتىك جەرياندا پەيدا بولىدىغانھېسسىيات تۈيغۇسى، گۈزەللىك ھېسسىياتى، تەبىئىي گۈزەللىك ھېسسىياتى، ئىجتىمائىي گۈزەللىك ھېسسىياتى ۋە سەنئەت گۈزەللىك ھېسسىياتىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن شەخسنىڭ گۈزەللىك ئېھتىياجىغا

ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ ھەممىسى گۈزەللىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ۋەتەننىڭ نەقەدەر گۈزەل تاغ-دەريالىرىدىن، تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گۈزەللىك ھېسسىياتى بىلەن ئەخلاقىي ھېسسىيات ئوخشاشلا ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچتىكى ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان سىنىپ ۋە ئوخشىمىغان ئۆرپ-ئادەتنىڭ گۈزەللىككە باھا بېرىش ئۆلچىمى ئوخشاش بولمىغاچقا، پەيدا بولىدىغان گۈزەللىك ھېسسىياتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. گۈزەللىك ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى يەنە ئادەمنىڭ ئېستېتىك قابىلىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئېستېتىك قابىلىيەت بەلگىلىك قەدىرلەش قابىلىيىتى (سەنئەت بۇيۇملىرىنى) بىلىم، تەجرىبە ۋە شەخسنىڭ سەنئەت نۇقتىئىنەزىرى قاتارلىقلارغا باغلىق بولىدۇ. ئەخلاق ھېسسىياتى ئاقىلانىلىك ھېسسىياتى ۋە گۈزەللىك ھېسسىياتى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە تەلىم-تەربىيە تەسىرىدە شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ ئۈچى زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن. ئادەتتە ئېيتىلىدىغان ئالىيجاناب ھېسسىيات بولسا، بۇ ئۈچىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ بىرلىشىپ كەتكەن نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

## 4. ئوڭۇشسىزلىق

### 1. ئوڭۇشسىزلىق ئۇقۇمى

ئوڭۇشسىزلىق — بىر ئادەمنىڭ مەقسەتلىك خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشىش ياكى توختاپ قالغان ۋاقىتتىكى تەسىراتىدىن پەيدا بولىدىغان كەيپىيات تۇيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلاردا ئىمتىھاندا مەغلۇپ بولغاندا ئەپسۇسلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش تۇيغۇسى بولىدۇ. مانا بۇ ئوڭۇشسىزلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

ئوڭۇشسىزلىق بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا قارىتا پايدىسىمۇ بار، زىيىنىمۇ بار. ئۇ يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلىشى مەزكۇر ئادەمنىڭ مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشىمۇ مۇمكىن ھەم پسىخىكا جەھەتتىن جاراھەتلەندۈرۈپ

ھەرىكەتكە توسالغۇلۇق پەيدا قىلىشى، ھەتتا ئېخىمۇ زور ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئوڭۇشسىزلىقنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ، يەنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى سەۋەبلەرمۇ بار. مەسىلەن، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى سەۋەبلەر ھەم ئۆزى تەرىپىدىكى سەۋەبلەرمۇ بار. مەسىلەن، شەخسنىڭ ساغلاملىق شەرتلىرىنىڭ چەكلىمىلىكى، ئەقلىي ئىقتىدارى، قابىلىيىتى، خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقلىرى قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن سىرت ئىزدىنىش، نىشاننىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ بەك زور بولۇشى، ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش سەۋىيىسى قاتارلىقلار ئوڭۇشسىزلىقنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم سەۋەبلەر ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئوڭۇشسىزلىقنىڭ كېيىن ئىپادىلىنىدىغان شەكىللىرى

شەخس ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن ھەرىكەت ئىنكاسى ئاساسلىقى ئاكتىپ، پاسسىپ ۋە مۇرەسسەدىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

1. ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىنكى ئاكتىپلىقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى

ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىنكى ئاكتىپلىقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى — ئوڭۇشسىزلىقنىڭ بىلىشكە قارىتا ئاقىلانە ۋە ئاكتىپ مۇئامىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل كونكرېت شەكىللىرى بار.

1) يۈكسەلدۈرۈش

بۇ شەخسنىڭ جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلغان لايىقىدا بولمىغان ھەرىكەت بىلەن پسىخىكىلىق بىتەرەپ قىلىشتا ئۆزگەرتىش، ساپلاشتۇرۇش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەم ئۇلارنى جەمئىيەت ئۆلچىمىگە ماسلاشتۇرۇشتىكى ئالىيجانابلىق ئىزدىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىنكى دۈشمەنلىشىش، ئىچى پۇشۇش قاتارلىق كەيپىياتنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا كۈرەش قىلىشتەك ئاكتىپ كەيپىياتقا بۇرۇلۇش ياساش، يۈكسەلدۈرۈش، ئەسلىدىكى مۇددىئا توقۇنۇشىدىن ئېرىشكەن دەرد-ئەلەمنى چىقىرىپ غەم تۇگىتىش كەيپىياتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى خاتىرجەملىك بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ بىر ئادەمنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىياجىنى قايتىدىن قانائەتلەندۈرەلەيدۇ.

2) تولدۇرۇش

بۇ سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ سەۋەبتىن نىشانغا يېتەلمىگەن ۋاقىتتا باشقا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىپ ئورنىنى تولدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئاتالمىش «توسمىنىڭ سىرتىدىكى زىياننى توسمىنىڭ ئىچى تولۇقلايدۇ» «كوننىڭ يېڭىلىشى بولىدۇ، سەھەرنىڭ كەچلىكى بولىدۇ» دېگەنلەر مۇشۇ خىل ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ. تولدۇرۇش شەخسنىڭ ماس بولمىغان ھېسسىياتى ياكى ئۆزىنى كەمسىتىش ھېسسىياتىنى يوقىتىدۇ. ئوڭۇشسىزلىق پەيدا قىلغان پاسسىپ ئىچكى پوزىتسىيىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ھەتتا ئوڭۇشسىزلىق ھېسسىياتىنى يوقىتىدۇ.

3) تاكتىكىنى ئۆزگەرتىش

بۇ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىكى كېيىنكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ نىشانغا يېتىشنىڭ ئۇسۇلىنى يېڭىۋاشتىن تاللاشنى كۆرسىتىدۇ.

2. ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىنكى پاسسىپلىقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى

ھەق-ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى ئاقىلانىلىككە قارشى ھەرىكەت بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل شەكلى بار.

1) ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى

شەخسىي ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە پەيدا بولىدىغان غەزەپلىنىش، شۇ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان باشقىلارغا ياكى شەيئىلەرگە ھەرخىل زىيانلارنى سېلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ئوڭۇشسىزلىقنى پەيدا قىلىدىغان ئادەم ياكى شەيئىلەرگە قارىتا بىۋاستە زەربە بېرىش، تىغ ئۇچىنى بىۋاستە توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ئورۇندىكى ئوبيېكتقا قارىتىش. مەسىلەن، ئادەم ئۇرۇش، تىللاش، كىنايە قىلىپ دومبالاش قاتارلىقلار، يەنە بىر خىلى، ئامال قىلىپ «باشقىلارنى قۇربان قىلىش» شەكلىدىكى ۋاستىلىك زەربە بېرىش، زەربە بېرىشنىڭ تىغ ئۇچىنى توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ئورۇن بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان باشقا ئوبيېكتلارغا قارىتىش. مەسىلەن، دەردىنى باشقىلاردىن ئېلىش ۋە جەمئىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىش قاتارلىقلار.

2) جاھىل ھەرىكەت

بۇ شەخسىي ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى سوغۇققانلىق بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى ئانالىز قىلىپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ساۋاق ئالماي، بەلكى قايتىدىن ئۇنۇمسىز ھەرىكەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل

جاھىللىق قەتئىيلىك بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئاقىلانىلىككە قارىمۇقارشى بولغان بىر خىل پاسسىپ شەكىل.

3) چېكىنىش ھەرىكىتى

بۇ شەكىل ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل ئۆزىنىڭ يېشى بىلەن سالاھىيىتىگە ئىنتايىن ماس كەلمەيدىغان بالىلارچە قىلىقنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىكاردىن-بىكار جېدەل چىقىرىش، دەرغەزەپ بولۇش، قارىغۇلارچە باشقىلارغا ئەگىشىپ باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش قاتارلىقلار.

4) كۈندۈزدە چۈش كۆرۈش

بۇ شەخس قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىر خىل ئەمەلىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، قۇرۇق خىيال ئىچىدە مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ خىيالىدا ھەم چۈش كۆرگەندەك، ھەم چۈش كۆرمىگەندەك ئەھۋالدا ئېرىشىدىغان رازىمەنلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل خام خىيال گەرچە بىر ئادەم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن بەلگىلىك دەرىجىدە كەيپىياتنى تەڭشەش رولىنى ئوينالىسىمۇ، ئەمما ئادەم بۇ خىل خام خىيالنى يەنە داۋاملاشتۇرىۋەرسە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئادەمنىڭ نورمالنى تۇرمۇشىغا، جىسمانىي ۋە پسىخىك ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، پسىخىك نورمالسىزلىققا ئېلىپ بېرىش مۇمكىن.

5) قارشىلىشىش

بۇ شەخس ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى ئويلىنىپ ئاقىلانىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماي، بەلكى ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ھەرقانداق شەيئىگە قارىغۇلارچە ياكى قەستەن قارشى تۇرۇش، قارشىلىق قىلىش، رەت قىلىش بىلەن چەتكە قېقىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر خىل زىيانلىق بولغان پاسسىپ ئىنكاس شەكلى.

3. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى مۇرەسسەنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى

ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى مۇرەسسەنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى، بىر خىل ئامال بىلەن ئوڭۇشسىزلىقتىن تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ پسىخىكا جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى تۈگىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل كونكرېت شەكلى بار.

1) ئۆزىگە تەسەللى بېرىش

ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن خىلمۇ خىل سەۋەبلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆزىنى ئاقلاپ، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش مەقسىتىگە يېتىش تۇيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنىڭ دائىم كۆرۈلىدىغان مۇنداق ئىككى خىل شەكلى بار: بىر خىلى، «قول يەتمىگەن ئۈزۈمنىڭ ئاچچىقلىقى»، ئۈزۈم ئەسلىدە تاتلىق بولسىمۇ، بىراق ئۆزى يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەن ئۇنى يېيەلمەيمەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاچچىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا يېيىشنى خالىمايمەن دېيىش. يەنە بىر خىلى، «يېۋېتىلگەن ئاچچىق لىمون تاتلىقلىقى»، لىمون ئەسلىدە ئاچچىق. ئۆزى ئۇنى يېيىشنى خالىمايدۇ، ئەمما مەلۇم سەۋەبتىن ئۆزى ئۇنى يەپ تاشلىغانلىقتىن باشقىلارغا ئۆزىنىڭ بۇنى يېيىشتىكى ئاقىلانىلىكىنى بىلدۈرۈش، ئاكيۇ (阿 Q) نىڭ روھى غالىبىيەتچىلىكى دەل مۇشۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

2) ئۆزىنى پەدەزلەش

ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن گەرچە كۆڭلىدە غەم-ئەندىشە، قايغۇ، دەرد-ئەلەم تولۇپ تاشسىمۇ، ئەمما سىرتقى ئىپادىسىدە قىلچىمۇ چاندۇرماستىن ھەقىقىي پسىخىك تەسىراتنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر خىل ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كەيپىياتىنى بېسىپ پسىخىك بېسىمنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىگە يېتىپ ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاشتا ئىشلىتىدىغان ئۇسۇل.

3) دۆڭگەش

ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ خاتالىقى ۋە سەۋەنلىكىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يولى بىلەن تېپىپ چىقماستىن، بەلكى مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇش ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان سەۋەبلەرگە دۆڭگەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئۆكۈنۈش ياكى ئەندىشىنى يەڭگىللىتىپ ئۆز خاتالىقىنى يوشۇرۇپ قىلىشتەك بىر خىل ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ ناچارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، دائىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنىلا تەكىتلەش قاتارلىقلار.

## 3. ئوڭۇشسىزلىقنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تاكتىكىسى

ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەم دائىم ئوڭۇشسىزلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما، ئوخشىمىغان شەخسنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى روشەن پەرقلىنىدۇ. ئوڭۇشسىزلىقنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرىش ھەم ئۆزىنىڭ پسىخىك تەڭپۇڭلۇقى بىلەن قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش بولسا، كۈچلۈك ماسلىشىشچانلىق ۋە پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى يەڭگىللىتىش ھەققىدە پسىخولوگىيە بەزى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

1. دىققەتنى بۇراش

ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ پاسسىپ كەيپىيات ئىنكاسى ئومۇمەن بەلگىلىك مۇھىتتا پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئامال قىلىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچىنى ئايرىۋېتىش ياكى ئوڭۇشسىزلىق كەيپىياتى پەيدا قىلىدىغان شەرتلەرنى ئۆزگەرتىپ ياساش، ئوڭۇشسىزلىقنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر. مەسىلەن، دائىم بىرگە بولىدىغان يېقىن ئادىمى ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغاندا قايغۇسىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن باشقا تەرەپكە يۆتكىلىپ ۋاقتىنچە يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈش ياكى ئۆيىدىكى كونا سەرەمجانلارنى ئۆزگەرتىپ كەيپىياتىنىڭ نورماللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. يەنە مەسىلەن، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن بىر ياش سىرتلارغا چىقىپ ساياھەت قىلىش ئارقىلىق دىققىتىنى باشقا تەرەپلەرگە بۇراپ كۆكسى-قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق ئوڭۇشسىزلىقنىڭ تەسىرىنى يەڭگىللىتىش قاتارلىقلار.

2. كۆڭلىدىكىنى تۆكۈۋېتىش (قورساق كۆپۈكىنى بوشىتىش)

كۆڭلىدىكىنى چىقىرىپ تاشلاپ، باشقىلارغا ھەم جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ئۇسۇل ئارقىلىق كۆڭلىدىكى دەرد-ئەلەمنى تۆكۈۋېتىش ياكى ئىپادىلەپ تاشلاش، ئەمما ئۆزىدىكى بېسىمنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ.

كۆڭلىدىكىنى تۆكۈۋېتىش بىر خىل پسىخىكىلىق داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ غەم-ئەندىشە قىلىش كەيپىياتىدىكى

جىددىيلىكىنى يەڭگىللىتىپ، پسىخىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا، روشەن ئۈنۈمگە ئىگە.

3. ئورۇننى تولدۇرۇش

بۇ باشقا بىر خىل پائالىيەت بىلەن ئورۇننى تولدۇرۇش ئارزۇسىغا يېتىش ئارقىلىق ئوڭۇشسىزلىق تەسىراتىنى يەڭگىللىتىش ئورنىنى تولدۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى ئورنىغا دەسسىتىش خاراكتېرلىك ياكى ئورنىنى تولدۇرۇش خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق پسىخىك تەڭپۇڭلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئوڭۇشسىزلىق تەسىراتىنى ئاستا-ئاستا تۈگىتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ ئىختىساسلىق بولۇش، ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولالمىسىمۇ، بىراق تىرىشىپ تەنتەربىيە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى يېتىلدۈرۈپ بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ ئىپادىسى.

4. پسىخىكىلىق مەسلىھەت

بۇ بىر خىل پسىخىكا دوختۇرى ياكى پسىخىكا مەسلىھەتچىسىنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى چۈشىنىش، ھەل قىلىش ياكى پسىخىك بېسىمنى يەڭگىللىتىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپكە يېڭى كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ماسلىشالماسلىق، ئىمتىھاندا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش، ئەقلىي قابىلىيەت توسالغۇغا ئۇچراش، كەيپىيات نورمالسىز بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە پسىخىكىلىق مەسلىھەت ئارقىلىق ياردەمگە ئېرىشىشنىڭ پايدىسى بار.

5. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ كەڭ قورساقلىق بولۇشى

ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قارىتا كەڭ قورساقلىق بولۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش لازىم. كەڭ قورساقلىق كۆشكۆرتكەنلىك ئەمەس، ھەم ئاجىزلىقمۇ ئەمەس، ھەم قورقۇشمۇ ئەمەس، بەلكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچىغا قارىتا ھېسداشلىق قىلىش ۋە چۈشىنىش. بۇ بىر خىل سەۋەبنىڭ ئىپادىسى. بۇ يەردىكى كەڭ قورساقلىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچىنى زاڭلىق قىلىش، ھەجۋ قىلىش، كۈلكە قىلىش، كۆڭۈل بۆلمەسلىك ئەمەس، بەلكى غەمخورلۇق قىلىش، ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

## § 3 . ئىرادە جەريانى

ئىنسانلار دۇنيانى تونۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ پائالىيىتى جەريانىدا مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ، شۇنداقلا بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلىدۇ.

### 1. ئىرادە ھەققىدە بايان

#### 1. ئىرادە تەبىرى

ئىرادە ئادەمنىڭ مەقسىتىنى ئاڭلىق بەلگىلەپ مەقسەتكە ئاساسەن ھەرىكىتىنى تەڭشەپ ۋە تىزگىنلەپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك پسىخىك جەرياندۇر.

مەسىلەن، ساۋاقداشلار بىر لاياقەتلىك خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش جەريانىدا ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆزىنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش بولسا پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىرادە ئىنسانلارغىلا خاس بولغان پسىخىك ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ئېڭىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشىدۇر. ئىرادە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ قىيىن ۋەزىپىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەقسەتكە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئارزۇ ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە توختىتىدۇ. ئومۇمەن ئىرادە بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى باغلىنىشلىق بولىدۇ ھەم ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەش ۋە تىزگىنلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

#### 2. ئىرادىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

1. ئېنىق مەقسەتچانلىققا ئىگە

ئاڭلىق ئاساستا مەقسەتنى كۆڭۈلگە پۈكۈش، ئادەم ئىرادىسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئادەم ھايۋانغا ئوخشىمايدۇ. ھايۋانلار ھەرىكەت قىلىشمۇ،

ھەتتا ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلسىمۇ، ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى ۋە ئاقىۋىتىنى بىلەلمەيدۇ. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ تۈپكى پەرقى شۇكى، ئادەملەر بىرەر ھەرىكەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەقسەت، مۇئەييەن قاراش ئادەم مېڭىسىدە شەكىللىنىپ بولىدۇ ۋە ئادەملەرنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى تەڭشەيدۇ، ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئاڭلىق مەقسەتتىن ئايرىلغاندا ئىرادە مەۋجۇت بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئالدىنقى شەرتنى يوقىتىدۇ-دە، ئىرادە ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى قانچە ئېنىق بولغانسېرى، قانچە ئالىيجاناب بولغانسېرى، قانچە يىراقنى كۆرەرلىك ھالدا بولغانسېرى ئىرادىنىڭ سەۋىيىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ھەرىكەتتىكى قاراملىق ۋە ئىتتىكلىك شۇنچە ئاز بولىدۇ.

2. قىيىنچىلىقنى يېڭىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ

قىيىنچىلىقنى يېڭىش بولسا، ئىرادىنىڭ يادرولۇق قىممىتىدۇر. مەقسەتنى تۇرغۇزۇش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ھەرخىل قىيىنچىلىقلار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئادەتتە قىيىنچىلىقنى يېڭىش جەريانى ئىرادە جەريانى دەپ ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشى قانچە زور بولسا شۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىنىڭ شۇنچىلىك مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئىرادىنىڭ ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە ھەربىر كىشىنىڭ ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىز ئىكەنلىكى ھەرىكەت داۋامىدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

3. ئىختىيارىي ھەرىكەتنى ئاساس قىلىدۇ

ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى پائالىيەتلەردىن تەشكىل تاپقان. پائالىيەتلەر ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋە ئىختىيارسىز ھەرىكەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئىختىيارسىز ھەرىكەت دېگىنىمىز: مەلۇم ئاڭنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان، ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلمىغان ھەرىكەتتۇر. مەسىلەن، كۆزى چەكچىيىپ كېتىش، بىر نەرسە يىتىش، يۆتىلىش قاتارلىقلار. ئىختىيارىي ھەرىكەت دېگىنىمىز: ئىختىيارسىز ھەرىكەت ئاساسىدا مۇئەييەن مەقسەتلىك مەشىق بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئۇ ئىرادىنىڭ تەڭشەپ كونترول قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. روشەن مەقسەتچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئىختىيارىي ھەرىكەت ئىرادە، ھەرىكىتىنىڭ زۆرۈر شەرتى.

## 3. ئىرادە بىلەن بىلىش، ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىرادە بىلەن بىلىش ۋە ھېسسىيات بولسا بىرلىككە كەلگەن پسىخىك جەريانىنىڭ ئوخشىمىغان تەرىپى. ئاڭنىڭ ئوخشىمىغان ئىپادىلىنىش شەكلى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت مەۋجۇتتۇر.

### 1. ئىرادە بىلەن بىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىلىش ئىرادىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىرادىنىڭ مەقسەتلىك بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكىدۇر. لېكىن، ھەرقانداق مەقسەت قۇرۇقتىن-قۇرۇق مەيدانغا كەلمەيدۇ، بەلكى بىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق نەتىجىسى چىقىدۇ. ئەگەر بىلىش بولمىسا، ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى بولمايدۇ. ئۇ ھالدا ئىرادىمۇ بولمايدۇ. ئادەمنىڭ بىلىشى قانچە مول، قانچە چوڭقۇر بولسا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى شۇنچە تولۇق ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

ئىرادە مەقسىتى قانچە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن تۇرغۇزۇلغانسېرى قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە بولىدىغان كۈچ ئاشىدۇ. تاللانغان ئۇسۇل ۋە چارىلەرمۇ شۇنچە مۇۋاپىقلىشىدۇ. ئۇندىن باشقا ئىرادە بىلىش جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەملەر ھەرخىل بىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغاندا ئومۇمەن بەزى قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. ئۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن ئىرادىنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا بولمايدۇ. ئىرادە ئادەمنىڭ بىلىشى ئۈچۈن قوللاپ قۇۋۋەتلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئىرادە بولمىسا چوڭقۇر، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىلىش پائالىيىتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

### 2. ئىرادە بىلەن ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتى

ھېسسىيات بىلەن ئىرادىنىڭمۇ قويۇق مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ھېسسىيات ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇشى ھەم ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ توسالغۇسى بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەلۇم ھېسسىيات ئادەم ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى، ساقلاپ قالغۇچىسى بولغاندا، ئاندىن بۇ ئاكتىپ ھېسسىيات ئىرادە پائالىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىدۇ. مەلۇم ھېسسىيات ئادەم پائالىيىتىگە توسالغۇ بولغاندا ياكى ئۇ پائالىيەتنى ئاجىزلاشتۇرغاندا، بۇنداق پاسسىپ ھېسسىيات ئىرادە پائالىيىتىنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىرادە ھېسسىياتقا نىسبەتەن تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئاكتىپ ھېسسىيات ئىرادىنىڭ

تۇرتكىسى بىلەن ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىرادىگە تايىنىپ ئۇنى كونترول قىلىشى ۋە يېڭىشى مۇمكىن ھەمدە ئاكتىپ ھېسسىيات تەرپىدىن ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن. ئىرادىسى مۇستەھكەم كىشىلەر ھەرخىل پاسسىپ ھېسسىياتنىڭ توسالغۇسىنى ئېلىپ تاشلىيالايدۇ. ئەقىل-پاراستىنى ئەقلىي زېھنىسىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئىرادىسى ئاجىز ئادەملەر پاسسىپ ھېسسىياتقا تېز پۇكۇشى مۇمكىن.

## 2. ئىرادىنىڭ جەريانى

ئىرادە جەريانى بىر خىل مۇرەككەپ، پسىخىك جەرياندۇر. ئۇ قارار قىلىش ۋە قارارنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

### 1. قارار قىلىش باسقۇچى

قارار قىلىش باسقۇچى ئىرادە جەريانىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىدۇر. ئۇ ئىرادە پائالىيىتىنىڭ باشلامچىسى، ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ نىشانىنى بەلگىلىگۇچىسى. بۇ باسقۇچ مەقسەتلىك كۇرەش قىلىش، مەقسەتلىك بەلگىلەش، پائالىيەت ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تاللاشتىن ئىبارەت.

1. مۇددىئا كۇرىشى

ئادەمنىڭ پائالىيىتى ھامان مۇئەييەن مۇددىئا بىلەن كۆرسىتىلگەن نىشان بويىچە بولىدۇ. لېكىن، ھەرىكىتىنىڭ نىشانىنى بېكىتىدىغان ۋاقىتتا كۆپىنچە ھاللاردا مۇددىئا كۇرىشى بولىدۇ. بىرلا ۋاقىت ئىچىدە يەككە ھالەتنىڭ كۆپ خىل ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھەتتا شۇ ئارىلىقتا بەزى زىددىيەتلەر چىقىشىمۇ مۇمكىن. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇددىئا كۇرىشى پرىنسىپال بولۇشى، ھەتتا غەيرىي پرىنسىپال بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇددىئا كۇرىشى پرىنسىپال كۇرەشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپىنچە ھاللاردا ھوقۇقنىڭ ئىجراسى، تەكشىلىكنىڭ ئاستا-تېزلىكى، مەنپەئەتىنىڭ يوللۇق-يولسىزلىقى، ئىجتىمائىي قىممەتنى بېكىتىش، شۇندىن كېيىن تاللاش بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇددىئا كۇرىشىنىڭ شەكلى ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك تۆرگە بۆلۈنىدۇ.

ئىككىگە ئىنتىلىش كۇرىشى. بىر ئادەم ئوخشاش ۋەزنىدىكى ئىككى مۇددىئا بىلەن ئىككى خىل ئىنتىلىشنى ئوخشاش مەقسەتتە جارى قىلىشى

مۇمكىن، ئەمما ئۇنى بىردەك ۋاقىتتا ئىشقا ئاشۇرالمىغاندا پسىخىكىلىق زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ بولىدۇ. خۇددى باشقىلار ئېيتقاندەك، بېلىق بىلەن ئېيىق بىر-بىرسىنىڭ ئورنىنى باسالمىغاندەك، بۇلار ئەنە شۇنداق كۈرەش تۈركۈمىگە مەنسۇپتۇر. ئىككىدىن داجىش كۈرىشى، بىر ئادەم ئىككى خىل تەھدىدكە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭدىن پىنهان بولۇشقا تىرىشىدۇ. ھەر ئىككى خىل تەھدىدتىن قاچالمىغاندا، پسىخىكىلىق زىددىيەت ئىككىدىن داجىش كۈرۈشىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم ئوقۇغۇچى ئېغىر خاتالىققا مۇپتىلا بولدى. ئوقۇتقۇچىسىغا بېرىپ خاتالىقىنى تونۇماقچى بولغان بولسىمۇ، تەنقىد ئاڭلاپ يۈز كېتىشتىن قورقتى. مەسىلىنى تاپشۇرمىدى، باشقىلار ئۇنى پاش قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئېغىر جازاغا ئۇچرىشىدىن قورقتى.

ئىنتىلىش. داجىش خاراكتېرلىك مۇددىئالار كۈرىشى بىر ئادەم بىر خىل شەيئىگە قارىتا ئىككى خىل ئەكسىچە مەقسەتتە بولغان ۋاقىتىدا (ئۆز مەنپەئىتىنى ئاساس قىلغان ۋاقىتتا ئالدىغا چىقىپ، ئۆز مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولمىغاندا ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ ھەم قورقۇش، ھەم ئەنسىرەش) پسىخىك زىددىيەت كۆپ يۈزلىنىشلىك كۈرىشىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، جىنايەتكارلارغا يولۇققاندا مەردلەرچە كۆكرەكنى كېرىپ ئالدىغا چىقماقچى بولىدۇيۇ، جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىدۇ. قېچىش كېرەكمۇ ياكى كۆكرەك كېرىپ چىقىش كېرەكمۇ؟ ھەرخىل ئادەملەر ئوخشىمىغان يولنى تاللايدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىغا چىقىش بىلەن ئۆزىنى خالىي ئورۇنغا ئېلىپ كېتىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

2. مەقسەتنىڭ بەلگىلىنىشى

مۇددىئا كۈرىشى ئارقىلىق ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى بەلگىلىنىدۇ. ئەمما، ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى كۆپ قاتلامغا ئىگە بولىدۇ. بۈيۈك مەقسەتنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، يېقىنقى مەزگىلدىكى مەقسەتنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى كۆزدە تۇتۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ئادەتتە ھەرىكەت مەقسەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، ئېنىقلىقى قانچە يۇقىرى ۋە روشەن بولغانسېرى ئادەملەرگە بولغان تۈرتكە، ئىلھام شۇنچە چوڭ بولىدۇ. مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قەتئىيلىكى ۋە ئىرادىنىڭ مۇستەھكەملىكى شۇنچە ئاشىدۇ.

3. ھەرىكەت ئۇسۇلىنى تاللاش

ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى بەلگىلەنگەندىن كېيىن ھەرىكىتىنىڭ ئۇسۇلىنى تاللاش توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ ئۇسۇلى بىر خىل بولمايدۇ. بۇ يەردە بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپرەك ئويلىنىش سېلىشتۇرۇش يوللىرى بويىچە ئەڭ ئۇنۇملۇك، ئەڭ ئاددىي ھەم ئەڭ ئىلغار ئۇسۇللارنى تاللاش كېرەك.

## 2. قارارنى ئىجرا قىلىش باسقۇچى

قارارنى ئىجرا قىلىش باسقۇچى — پائالىيەتنىڭ بەلگىلەنگەن مەقسەت ۋە ئالدىن تۇرغۇزۇلغان نىشان بويىچە جارى قىلدۇرۇش جەريانىدۇر. ئۇ ئىرادە پائالىيىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى، ئىرادە تىرىشچانلىقىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر.

1. ئىرادىنىڭ ھەرىكەتكە قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىشى

قارار ئىجرا قىلىنغان ھامان نەتىجىسى بولۇشى كېرەك. قارارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئىرادە ھەرىكىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىكى ئاچقۇچلۇق باسقۇچ. قارارنى ئىجرا قىلغان مەزگىلدە ئىرادە پائالىيىتىنى تەڭشەش مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشكە ئىلھام بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى قوزغايدۇ. ئىككىنچى، مەقسەتكە يېتىشكە زىت بولغان ھەرىكەتلەرنى توسىدۇ ۋە چەكلەيدۇ.

2. ئىچكى-تاشقى قىيىنچىلىقنى يېڭىش

قارارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بولغان ئىرادە ھەرىكىتى داۋامىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇشى مۇمكىن. بۇ قىيىنچىلىقلار ئىچكى جەھەتتىن بولۇشىمۇ، سىرتتىن كېلىشىمۇ مۇمكىن. پۈتۈن ئامىللارنى قوللىنىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بەلگىلەنگەننى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش — كىشىلەر ئىرادە تىرىشچانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى.

3. غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك

كىشىلەرنىڭ مەقسەتلىك پائالىيىتى بەزىدە ۋۇجۇدقا چىقىشى بەزىدە مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئىرادىنى تەڭشەش بىلەن ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كونترول قىلىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ھەتتا مەغلۇپ بولغاندا ئېگىلمەي-سۇنماي ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىككىنچى، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئاچچىق ساۋاقلارنى خۇلاسىلەش كېرەك، ھەرىكىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشى

ئادەملەرنى خۇشال قىلىدۇ ۋە روھلاندۇرىدۇ. لېكىن، ناھايىتى ئاسانلا كىشىلەرنى قانائەتچان قىلىپ قويۇپ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بەلگىلەنگەننى ئىجرا قىلىش داۋامىدا مەغلۇبىيەتنىڭ ساۋىقىغا بەرداشلىق بېرىش ھەم غەلىبىنىڭ ساۋاقلىرىغىمۇ بەرداشلىق بېرىش كېرەك. مۇنداق ئادەملەر ئىرادىسى ھەقىقەتەن مۇستەھكەم ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ئىرادە پەزىلىتى

ئىرادىنىڭ پەزىلىتى بولسا شەخسلەرگە نىسبەتەن مۇقىم بولغان ئىرادە ئالاھىدىلىكتۇر. تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەلىم-تەربىيە كۆرىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، كىشىلەرنىڭ ئىرادە پەزىلىتىدە ئورتاقلىقمۇ ھەم ئورتاقسىزلىقمۇ ساقلىنىدۇ.

### 1. ئاڭلىقلىق

ئاڭلىقلىق بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى، مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن توغرا تونۇشى، ئۆز ھەرىكىتىنى ۋاقتىدا كونترول قىلىپ تۇرالىشى، توغرا مەقسەتلىك ۋە جەمئىيەت تەلىپىگە مۇۋاپىق بولۇشىدىن ئىبارەت ئىرادە پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئاڭلىق ئادەملەرنىڭ مەقسىتى ئېنىق، ھەرىكىتى قەتئىي بولىدۇ. قەتئىي ئىرادە تىكلىيەلەيدۇ. قارارنى قەتئىي نىيەت بىلەن ئىجرا قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىدۇ. ئاڭلىقلىقنىڭ ئەكسىچە بولغىنى قاراملىق ۋە مۇتتەھەملىكتۇر. قاراملىق ئاسانلا تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ. ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىدۇ. پرىنسىپاللىقى كەمچىل بولىدۇ. مۇتتەھەملىك بولسا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى ئېتىبارسىزلىق، باشقىلارنىڭ سەممىي نەسىھىتىنى قوبۇل قىلماسلىق، ئاخىرىدا مۇتتەھەملىك بىلەن قارار چىقىرىش، قاراملارچە ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ.

### 2. كەسكىنلىك

كەسكىنلىك دېگىنىمىز: بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ماھىرلىق بىلەن ماسلىشىپ مۇۋاپىق قارارلارنى چىقىرىپ ئۇنى ئىجرا قىلىشتىكى ئىدىيىۋى

پەزىلەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىدىيىنىڭ كەسكىنلىكى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىش زۆرۈر تېپىلغاندا ئىپادىلىنىدۇ. يەنى، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بىر قارارغا كېلىش، ئىككىلىنىپ تۇرماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. دەرھال ھەرىكەتلىنىش زۆرۈر بولمىغان ياكى ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغان مەزگىلدە، قارارنى ئىجرا قىلىشتىن دەرھال توختىتىدىغان ياكى قىلىنغان قارارنى ئۆزگەرتىدىغان پەزىلەتنى كۆرسىتىدۇ. كەسكىنلىك، ئاڭلىقلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. دادىل ھەم يۈرەكلىك بولۇش بىلەن تەمكىنلىك ھەم ئويلاپ ئىش قىلىشنى شەرت قىلىش كېرەك. كەسكىنلىكنىڭ ئەكسى تەرىپى بولسا، لايغەزەللىك ۋە سۆرەلمىلىكتۇر. بۇنداق ئادەملەر ئىش بېجىرگەندە خۇددى بىتاب بولغان ئادەمدەك قارارنى ئىجرا قىلىشتا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيدۇ. ئالدىدىن كەلگەن بۆرىدىن، كەينىدىن كەلگەن يولۋاستىن قورقۇپ ئارىسالدىلىقتا مەسلىھەتى پىشمايدۇ. سۆرەلمىلىك قىلىش شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن تەھلىل قىلىشنىڭ ۋە تەپەككۇر قىلىشنىڭ كەمچىلىكىدىن بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ھېسسىياتقا يۆلىنىپ قاراملىق بىلەن قارار چىقارغاندا، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولماي يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇمۇ بىر خىل ناچار پەزىلەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىرادىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى.

### 3. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشچانلىق

بۇ ئاساسلىقى ئۆز كەيپىياتى ۋە سۆز-ھەرىكىتىنى مايىللىق بىلەن تەڭشەش، كونترول قىلىشتىن ئىبارەت ئىرادە-پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان ئادەملەر بىر تەرەپتىن، پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان قارارنى ماھىرلىق بىلەن ئىجرا قىلىشنى تېزلىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا خىلاپ بولغان كەيپىيات ۋە ھەرىكەتنى تۇسۇش ھەم كونترول قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ.

ئاقىللار ئەخلاقلىق كېلىدۇ، قارنى توقلار ئاچكۆز بولمايدۇ، ئۆز-ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلمايدۇ، دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان پەزىلەتكە ئىگە ئاشۇنداق ئادەملەرگە ئوقۇلغان مەدھىيىدۇر. ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش، مۇستەھكەم ئىرادىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇ خىل پەزىلەتنىڭ ئەكسى بولسا، قارام ۋە قورقۇنچاق كېلىدۇ. مۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكىتى، كەيپىياتىغا قارىتا تىزگىنلەش ئېلىپ بارمىسا، نېمىنى ئويلىسا شۇنى قىلسا، ئۆزىنى قويۇۋەتسە يامان ئاقىۋەتكە

قالىدۇ ھەم بۇنداق ئادەملەر پائالىيەت داۋامىدا ئالغا باسمايدۇ. بىرەر ئەھۋالغا ئۇچرىسا ئەس-ھوشىنى يوقىتىدۇ. ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ.

### 4. قەتئىيلىكى

پۈتكۈل پائالىيەتتە ئېگىلمەي-سۇنماي قىيىنچىلىقنى يېڭىش، كۆزلەنگەن مەقسەتنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىرادە پەزىلەتنى كۆرسىتىدۇ. چىداملىق ئادەم ئىرادە ھەرىكىتى داۋامىدا ئۆز زېھنىنى، كۈچىنى ۋە غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ، قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۆزىنى پىنھان تۇتمايدۇ. ھەر خىل بېسىملار ئالدىدا تىز پۈكمەيدۇ. شېرىن، تاتلىق سۆزلەر ئالدىدا تەۋرىنىپ قالمايدۇ. قىيما-چىيما بولۇپ كېتىشتىن قورقمايدۇ. باشتىن-ئاخىر بىر خىل بولىدۇ. مەقسەتكە يەتمىگىچە توختاپ قالمايدۇ.

چىداملىق بولۇشنىڭ ئەكسى جاھىللىق بىلەن تۇراقسىزلىقتۇر. جاھىللىق بولسا رېئاللىقنى كۆزدە تۇتمايدۇ. ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالمايدۇ. ئاقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۆز دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ. تەرسالىق قىلىپ، ئاخىرغىچە جاھىل مەيداندا تۇرىدۇ. تۇراقسىزلىق بولسا تولا ئۆزگىرىپ، شاختىن شاخقا ئاتلايدۇ. بېشىدا بار، ئاخىرىدا يوق بولىدۇ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىدۇ، جاھىللىق ۋە تۇراقسىزلىقنىڭ ھەممىسى پاسسىپ ئىرادە پەزىلەتكە مەنسۇپتۇر.

# ئۈچىنچى باب پسىخىك ھالەت

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا

1) مۇھىم نۇقتا: دىققەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش

2) قىيىن نۇقتا: پسىخىك ھالەت ۋە مېڭىنىڭ جانلىنىشى

2. ئۆگىنىش تەلىپى

1) ئەستە قالدۇرۇش: پسىخىك ھالەت، ئۆز-ئۆزىنى ھېس قىلىش، دىققەت قاتارلىق ئاساسىي ئۇقۇملار

2) چۈشىنىش: دىققەت بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى

3) تەتبىقلاش: دىققەتنىڭ تۈرلىرى، دىققەتنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئاساسىي قانۇنىيەتلەر

3. مۇھاكىمە سوئاللىرى

1) پسىخىك ھالەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭلار

2) دىققەتنى قوزغايدىغان ئاساسلىق شەرت-شارائىتلار قايسىلار؟

3) دىققەت قانۇنىيىتىنى ئوقۇتۇشنى تەشكىللەشكە قانداق تەتبىقلاش كېرەك؟

پسىخىك ھالەت يەككىلىك پسىخىك ھادىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش بىلەن، دائىم دېگۈدەك پسىخىك ھەرىكەتنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئوخشىمىغان شەكىلدە پسىخىك ھەرىكەت جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەككىلىك پسىخىك ھەرىكىتى ۋە پائالىيىتى ئىپادىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشنى ئويلىغىنىمىزدا، ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ پسىخىك ھالىتىنى چۈشىنىشىمىز لازىم.

# § 1 . پسىخىك ھالەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان

## 1. پسىخىك ھالەت ئۇقۇمى

### 1. پسىخىك ھالەتنىڭ تەبىرى

پسىخىك ھالەت، يەككىلىك مەلۇم ئەھۋالغا يولۇققاندا ئىپادىلەيدىغان نىسپىي مۇقىم بولغان پسىخىك پائالىيەت ھالىتى ۋە ئالاھىدىلىكىدۇر. مەسىلەن، ئوقۇغۇچى دەرسخانىدا ئىپادىلىگەن ئوي-پىكىرىنى بىر يەرگە يىغىش ياكى پىكىر-خىيالىنى بۆلۈۋېتىش، جانلىقلىق ۋە چۈشكۈنلۈك، تەنھەرىكەتچى مۇسابىقە مەيدانىدا ئىپادىلىگەن جىددىيلىك ۋە تەمكىنلىك، جانلىنىش ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەككىلىك مەلۇم ئەھۋالغا يولۇققاندا ئىپادىلىگەن پسىخىك ھالەت ھېسابلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ئوخشاش بولمىغان پسىخىك ھالەت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پسىخىك جەريان ئەۋج ئالغاندا، ئادەمنىڭ پسىخىكىسى جانلىنىش ياكى ھەسرەت چېكىش، ھالسىراش ياكى دىققەت قىلىش، خاتىرجەم بولۇش ياكى جىددىيلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل ئوخشاش بولمىغان ھالەت ياكى ئالاھىدىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ھالەتلەر پسىخىك پائالىيەتلەر ئەۋجگە چىققان چاغدىكى سۈپىيەت پسىخىكىسىنىڭ جانلىنىش دەرىجىسىنى ۋە مېڭە فۇنكسىيىسىنىڭ غىدىقلىنىش سەۋىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، جانلىنىش ھالىتى ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ئاكتىپ، ئۇنۇملۇك قىلىدۇ، ھالسىراش ھالىتى بولسا ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيەتنىڭ ئۇنۇمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، تىنچ ھالەت ئادەمنى ناھايىتى زېھنىلىك قىلىدۇ، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بولسا ئادەمنى ناھايىتى ئالاقزادىلىك ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ھەش-پەش دېگۈچە مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پسىخىك ھالەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان سەۋىيىلىرى ئادەمنىڭ ئويغاق ھالەتتىكى ئىپادىسى، ئاڭلىق پسىخىك پائالىيەت ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرت-شارائىت ھېسابلىنىدۇ. ئۇخلاۋاتقان شارائىت ئاستىدا، مېڭە فۇنكسىيىسى تورمۇزلىنىش ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ، پسىخىكىنىڭ

جانلىنىش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ، مۇشۇ ئاساستىكى پسىخىك پائالىيەتمۇ بىر خىل ئاڭسىز سەۋىيىدە تۇرغان بولىدۇ.

پسىخىك ھالەت پسىخىك پائالىيەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە تەسىرى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن باشقا، ئۇ يەنە پسىخىك پائالىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىۋاستە شەكىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، بىلىش جەھەتتە ئىپادىلەيدىغان پۈتۈن زېھنىنى يىغىش ياكى بىغەملىك، كەيپىيات جەھەتتە ئىپادىلەنگەن ئالاقزادىلىك، روھىي ھالەت ياكى قايناق ھېسسىيات ھالىتى، ئىرادە جەھەتتە ئىپادىلەنگەن غوۋا ياكى مۇددىئا ھالىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەم پسىخىك پائالىيەت جەريانىدا ئىپادىلىگەن ئوخشاش بولمىغان پسىخىك ھالەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئوخشاش بولمىغان پسىخىك ھالەتلەر يەككە ئادەمنىڭ ئەينى چاغدىكى پسىخىك پائالىيىتىگە بولىدىغان ھالەتنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

## 2. پسىخىك ھالەتنىڭ ئالاھىدىلىكى

1. ھالەتلىكلىكى

پسىخىك ھالەت توختىماي ئۆزگىرىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. پۈتۈنلۈك جەھەتتىن قارىغاندا، پسىخىك ھالەت گەرچە پسىخىك جەرياندەك ئۆزگەرمىسىمۇ، بەلگىلىك زامان جەھەتتە سوزۇلۇشچانلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما پسىخىك ئالاھىدىلىكتەك زامان ۋە ھالەت جەھەتتە ئىزچىللىققا ئىگە بولمايدۇ. ئىچكى-تاشقى رېئاللىقنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، پسىخىك ھالەتنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بىر خىل پسىخىك ھالەت خالىغان چاغدا يەنە بىر خىل پسىخىك ھالەتكە ئورۇن بېرىدۇ، ھالبۇكى مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە پسىخىك ھالەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ.

2. بىۋاستە رېئاللىقى

ئادەمنىڭ پسىخىك تۇرمۇشىدىكى ھەرخىل ھادىسىلەر پسىخىك ھالەت شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزى ياكى باشقىلارنىڭ پسىخىك تۇرمۇشىنى چۈشەنگەندە، بىۋاستە كۆزىتىلىدىغىنى مۇئەييەن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان پسىخىك ھالەت بولغان بولىدۇ. ئۆزى ياكى باشقىلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنىڭ كۆرسەتكۈچىسى بولغان پسىخىك ھالەتنى روشەن بىۋاستە رېئاللىققا ئىگە قىلىدۇ.

3 . ئۇنىۋېرساللىقى

پسىخىك ھالەت مۇئەييەن ھالەتتىكى يەككە ئادەمنىڭ ھەرخىل پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ بىرىكمە ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر پسىخىك ھالەت ھەم ھەر خىل پسىخىك جەريانلارنىڭ تەركىبلىرىگە ئىگە بولىدۇ، ھەم ئىندىۋىدۇئال پەرق تۈسىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ تەركىبلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان پسىخىك ھالەتتىكى ئورنى ۋە رولى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما پسىخىك ھالەت باشتىن-ئاخىر پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم خۇشاللىققا يولۇقسا روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ» دېگەن ماقال-تەمسىلدە تەسۋىرلەنگەن خۇشاللىق، روھى كۆتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت پسىخىك ھالەت دەل يەككە ئادەمنىڭ بىر مەزگىل ئىچىدىكى ئىدراكىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى، تەسەۋۋۇرنىڭ موللۇقى، كەيپىياتنىڭ ئۇچۇقلۇقى قاتارلىق پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىسىدۇر.

## 2 . پسىخىك ھالەت ۋە مېڭىنىڭ جانلىنىشى

فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمدىن ئېيتقاندا، پسىخىك ھالەتنىڭ ھەرخىل ئىپادىلىرى ئوخشاش بولمىغان قاتلام، ئوخشاش بولمىغان قىسىملارنىڭ ماسلاشقان پائالىيىتى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ، پسىخىك ھالەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان سەۋىيىسى سۇبيېكت پسىخىك پائالىيەتنىڭ ئاكتىپ سەۋىيىسىگە ۋە مېڭە فۇنكسىيىسىنىڭ جانلىنىش دەرىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

### 1 . ئۇيقۇ ھالىتى

ئۇيقۇ — ئويغاقلىققا قارىمۇقارشى ھالەتتۇر. ئادەم ئۇخلىغاندا، مېڭە فۇنكسىيىسى تورمۇزلىنىش ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ، پسىخىكىنىڭ جانلىنىش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ، گەرچە بۇ ۋاقىتتا پسىخىك پائالىيەتلەر يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پسىخىك پائالىيەتلەر ئاڭسىزلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ، ئىختىيارسىز پسىخىك پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ.

چۈش — ئۇيقۇ ھالىتىدە پەيدا بولىدىغان پسىخىك پائالىيەت بولۇپ، ئۇ تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، تېز

دولقۇنلۇق ئۆيقۇ ھالىتىدە ئۆيقۇ مەركىزىدىكى مەلۇم ھۈجەيرىلەر جانلىنىپ تۇرۇۋاتقان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلىش يېقىن ئەتراپتىكى باشقۇرغۇچى ئورگانىزمنىڭ باشقا فۇنكسىيىلىك ھۈجەيرىلەرگە يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ ھۈجەيرىلەر ئۇچۇرنى يەنە يۇقىرى مېڭە مەركىزىگە يەتكۈزىدۇ ھەم ئۇنى جانلاندۇرىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، جانلاندۇرۇلغان چوڭ مېڭىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رايونلىرى تۆۋەن مېڭە مەركىزىدىن كەلگەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز، ھەتتا ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىلگىرىكى تەجرىبە ۋە خاتىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈۋېتىدۇ، بىرقەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەندىزىگە سالىدۇ، نەتىجىدە ھەرخىل، ھەر شەكىللەردىكى چۈشلەر كۆرۈلىدۇ.

## 2. ئويغىنىش ھالىتى

غەيرىي ئۇيقۇ ھالىتى ــ ئويغىنىش ھېسابلىنىدۇ، ئويغىنىش چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ قوزغىلىش جەريانى تەرىپىدىن شەكىللەنگەن جىسمانىي ۋە روھىي ھالەتتۇر. ئادەم ئويغاق ھالەتتە تۇرغاندا، غىدىقلاشقا ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرالايدۇ، قەلبىدە مۇۋاپىق ئىنكاس كەچۈرمىشى پەيدا قىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن پسىخىك پائالىيەت پەيدا قىلىدۇ ۋە پسىخىك پائالىيەتكە قارىتا ئۆزىنى كۆزىتىدۇ. دېمەك، ئاڭلىق پائالىيەت ئويغاق ھالەتنى ئاساس قىلىدۇ، ئويغاق ھالەتتىلا ئادەم ئاندىن ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئېنىق ئىنكاس قىلالايدۇ. لېكىن، ئويغاق ھالەتنىڭ قانات يېيىشى دەرىجە جەھەتتە بىرقەدەر يۇقىرى بولغان پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ، بۇ بىزنىڭ مۇھىتىمىزدىكى شەيئىلەرگە بولغان ئوخشاش بولمىغان سەزگۈلۈكىمىزدە ئىپادىلىنىدۇ. بىز مەلۇم شەيئىگە قارىتا ئادەتتىكىچە كۆز يۇگۈرتۈپ چىقىشىمىز مۇمكىن. مەلۇم شەيئىلەرگە قارىتا يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىشىمىزمۇ مۇمكىن، ئۆزىمىزنى سەزگەن ئەھۋال ئاستىدا غىدىقلاشقا ئىنكاس قايتۇرۇشىمىز مۇمكىن، پەرۋاسىزلىق بىلەن مەلۇم ھەرىكەت قوللىنىشىمىزمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا، ئويغاق ھالەتتە ئادەمنىڭ مېڭە فۇنكسىيىسىنىڭ قوزغىلىش سەۋىيىسى ۋە پسىخىكىنىڭ جانلىنىش دەرىجىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ، مانا بۇ خىل پەرق ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش مايىللىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 3. دىققەت ھالىتى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئاڭلىق، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت پسىخىك جەريانى دىققەت ھالىتىنى ئاساس قىلىدۇ ھەمدە دىققەت ھالىتىگە ھەمراھ بولىدۇ. دىققەت — نىسبەتەن جىددىي، ئاكتىپ بولغان بىر خىل پسىخىك ھالەت، ئاڭ پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي ھالىتى بولۇپ، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ياكى ئاڭنىڭ بەلگىلىك شەيئىگە قارىتىلىشى ۋە مەركەزلىشىشىدىن ئىبارەت. دىققەت خۇددى ئاڭنىڭ نۇر يىغقۇچى چىرىغىغا ئوخشاش سەزگۈنى روشەنلەشتۈرىدۇ؛ دىققەت يەنە تاشقى ئۇچۇرنى سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ كلاپانى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، مەركىزىي ئورۇننى ئىدىقلاشقا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇشقا تەييارلىق قىلدۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتساق، دىققەتنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسى شۇكى، ئۇ چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى قوزغىلىشنىڭ تورسىمان قۇرۇلمىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. تاشقى ئۇچۇر تورسىمان قۇرۇلما ئارقىلىق چوڭ مېڭە پوستىلىقىدىكى مۇۋاپىق ئورۇنغا يېتىپ بېرىپ ئەۋزەل قوزغىلىش مەركىزىنى شەكىللەندۈرگەن چاغدا، ئادەم مېڭىسى خۇددى «سۈزگۈچ» كە ئوخشاش مۇناسىۋەتسىز، ئادەتكە ئايلانغان غىدىقلاش سىگناللىنىڭ چوڭ مېڭىگە كىرىشىنى تورمۇزلايدۇ، يېڭى، ئەھمىيەتلىك بولغان غىدىقلىغۇچىغا بولسا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. پسىخولوگلار دىققەت مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، چوڭ مېڭىنىڭ جانلىنىش ھالىتىنى تاللاشچانلىققا ئىگە دىققەتنىڭ زۆرۈر شەرتى دەيدۇ. دىققەتنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارى ئۇچۇرنى تاللاش ۋە ساقلاش، رەتلەش ۋە تەڭشەش بولغاچقا، ئۇ پسىخىك جەرياننى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ توپ شەرتىگە ئايلىنىدۇ.

## 4. ئالاقزادىلىك ھالىتى

ئالاقزادىلىك — تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان يۇكسەك ھوشيارلىقتىن ئىبارەت پسىخىك ھالەتتۇر. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەر سەۋەبىدىن، ئادەمنىڭ پسىخىكىسى تۇيۇقسىز جانلىنىپ يۇكسەك دەرىجىدىكى جىددىيلىك ھالىتىگە بارىدۇ. ئادەتتىكىدەك بولمىغان جىددىيلىك ھالىتىدە، ئادەم بەدىنىدىكى ھەرخىل يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە كېلىپ، جىددىيلىككە تاقابىل تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. بۇ چاغدا پەيدا بولىدىغان مۇرەككەپ بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك

تەسىرلەرنىڭ ھەممىسى ئالاقىزادىلىك ھالىتىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئالاقىزادىلىك ھالىتى تۇرسىمان دۆڭچە مېڭىنىڭ چېچىش سىستېمىسى چوڭ مېڭىنى تەمىنلىگەن چېچىلىشچان قوزغىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك تەسىرى ئومۇمەن مۇنداق بولىدۇ: جىددىي غىدىقلىغۇچىلارنىڭ چوڭ مېڭىگە تەسىر قىلغاندا، تۆۋەندىكى دۆڭچە مېڭە قوزغىلىدۇ، بۆرەك ئۈستى بېزى يىلىكى، بۆرەك ئۈستى بېزى گورمۇنى ۋە ئادرېنالىنىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېڭە، يۈرەك، سۆڭەك مۇسكۇللارنىڭ قان ئايلىنىش مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ، ئورگانىزمنىڭ جىددىي غىدىقلىغۇچىلارغا بولغان ئاگاھلاندۇرۇش ئىقتىدارى ۋە تەسىرلىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئېنېرگىيىنى كۈچەيتىپ، مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ، مۇشۇنداق فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دائىم تەشۋىشلىنىش، تىت-تىت بولۇش، قورقۇش، كەيپىيات جەھەتتە داۋالغۇش، ئاچچىقلىنىش قاتارلىق كەيپىيات كەچۈرمىشىگە ئىگە بولىدۇ. جاۋاب خاراكتېرلىك رېئاكسىيە نوقۇل جىددىيلىك ھالىتى ئەمەس، ئۇ يەنە كۆپ خىل مەنپىي كەيپىيات جىددىيلىك ھالەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ كەيپىياتنى پارتلىتىش شەكلىدە پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن، ئويغىتىش سەۋىيىسىدىكى تۇرمۇزلىنىشتىن ئىبارەت يوشۇرۇن شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇزاق مەزگىللىك جاۋاب خاراكتېرلىك رېئاكسىيە ھالىتى ئادەم بەدىنىنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە خىمىيىلىك مۇھاپىزەت قىلىش مېخانىزمىنى تارمار قىلىپ، مەلۇم كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## 3. پسىخىك ھالەت ۋە ئۆز-ئۆزىنى ھېس قىلىش

ئۆز-ئۆزىنى ئىدراك قىلىش دېگەندە، يەككە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ پسىخىكىسى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى ئېنىق سېزەلەيدىغان-سېزەلمەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتىپ شەيئىنى، ئۆزىنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ھەمدە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مېڭىدە شەكىللەنگەن ئوبرازىنى سەزگىلى بولىدۇ، مانا بۇ — پسىخىك پائالىيەتنىڭ ئاڭلىق ھالىتىدۇر. بىراق، ئاز ساندىكى ئەھۋاللاردا سۇبيېكت ئۆزىنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ئۆزى ئېنىق ئىدراك

قىلالماسلىقىمۇ مۇمكىن. مانا بۇ — ئاڭسىزلىق ھالىتىدۇر. دېمەك، ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى سېزەلەيدىغان-سېزەلمەيدىغانلىقىغا ئاساسەن، پسىخىك پائالىيەتلەرنى ئاڭلىقلىق ۋە ئاڭسىزلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاساسلىق پسىخىك ھالەتكە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئاڭلىقلىق ھالىتى دېگەندە، سۇبيېكت ئېنىق سېزەلەيدىغان پسىخىك پائالىيەت، ئاڭلىق پسىخىك پائالىيەت، ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئاساسىي تەرىپى ۋە ئاساسىي ھالىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەمدە ئاڭ بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى بىلەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ پسىخىكىسىنى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى تەڭشىيەلەيدۇ، تىزگىنلىيەلەيدۇ، ئىدىيە جەھەتتە، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنى، ئۆزى بىلەن باشقىلارنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئاڭلىق ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ، ئۆز پسىخىكىسىنى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى تەڭشىيەلەيدۇ، تىزگىنلىيەلەيدۇ، دىققەتنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئاڭلىق پائالىيەتنى شەكىللەندۈرىدىغان، ئاڭلىق ھالەتنى ساقلايدىغان تۈپ شەرتتۇر، ئاڭلىق ھالەت ئادەمنىڭ ئاڭلىق پسىخىك پائالىيىتىدۇر.

ئاڭسىزلىق ھالىتى دېگەندە، سۇبيېكت ئېنىق سېزەلمەيدىغان پسىخىك پائالىيەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ پسىخىكىنىڭ ئاڭسىز قىسمىدۇر، ئاڭسىز پسىخىك ھالەتمۇ ئادەمنىڭ تاشقى دۇنيانى ۋە ئۆز ئىپادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىدىكى ئالاھىدە بىر خىل شەكىل ھېسابلىنىدۇ. ئادەممۇ ئۇ ئارقىلىق ھەرخىل غىدىقلاشلارغا جاۋاب بېرىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەينى چاغدا بۇ جەرياننى ياكى باسقۇچنى ئۆزى پەقەتلا سېزەلمەيدۇ، ئاڭسىزلىق ھالىتى ئادەم پسىخىكىسىنىڭ مۇھىم بولمىغان تەرىپى ۋە قوشۇمچە ئالاھىدىلىكى، ئادەمنىڭ ئاڭسىز پسىخىك پائالىيىتى. بەلگىلىك شەرت-شارائىتتا، پسىخىك پائالىيەتنىڭ ئاڭلىقلىق ھالىتى بىلەن ئاڭسىزلىق ھالىتى بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ.

## § 2 . دىققەت

دىققەت — بىر خىل پسىخىك ھالەت، بىر خىل جىددىي، ئاكتىپ

پسخىك هالەت بولۇپ، ئۇ ئاڭنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ، ئادەمنىڭ بارلىق ئاڭلىق پسخىك پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى دىققەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە دىققەتتىن ئايرىلالمايدۇ.

## 1. دىققەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 1. دىققەت ئۇقۇمى

دىققەت — ئادەمنىڭ پسخىك پائالىيىتىنىڭ ياكى ئېڭىنىڭ مۇئەييەن ئوبيېكتقا قارىتىلغان تاللاشچانلىقى ۋە مەركەزلىششچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، تاللاشچانلىق دېگەندە، پسخىك پائالىيەتنىڭ ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، پسخىك پائالىيەت ئوبيېكتنى تاللىغاندا، ئادەمنىڭ دىققىتى ئىختىيارىي دىققەت ۋە ئىختىيارسىز دىققەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاش شەكلىگە ئايرىلىدۇ. مەيلى قايسى بىر خىل شەكىلدە بولسۇن، ئادەمنىڭ ئالاھىدە ۋاقىتتا غىدىقلىغۇچىغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى چەكلىك بولىدۇ. ئۇچۇر يولىدىكى غىدىقلىغۇچىلار كۆپەيگەن چاغدا، پسخىك پائالىيەت پەقەت مۇئەييەن ئوبيېكتنىلا تاللاپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، باشقا ئوبيېكتلارغا سەل قارايدۇ. مەركەزلىششچانلىق دېگەندە، پسخىك پائالىيەتنىڭ تاللانغان ئوبيېكتنىڭ تۇراقلىقلىق ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە سەرپ قىلىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا ئىپادىلىنىدۇ: (1) بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەرخىل مۇناسىۋەتلىك پسخىك پائالىيەتلەر مۇئەييەن شەيئىگە مەركەزلىشىدۇ؛ (2) بىر خىل مۇناسىۋەتلىك پسخىك پائالىيەتلەر مۇئەييەن ئوبيېكتقا قارىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ خىل قارىتىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، پسخىك پائالىيەتلەرنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىتىدۇ، بۇ — دىققەتنىڭ سىجىللىق جەھەتتىكى ئىپادىسى. دىققەت تاللاشچانلىق، مەركەزلىششچانلىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئوبيېكت ھەمىشە ئادەمنىڭ ئېڭىدا، باشقا ئوبيېكتلار بولسا دىققەتنىڭ گىرۋىكىدە، دىققەتنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئېنىق ئاڭقىرالمايدۇ.

پسخىك پائالىيەتلەرنىڭ بىر خىل ئاكتىپ ھالىتى بولغان دىققەت بىر خىل مۇستەقىل پسخىك جەريان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزى شەيئىلەرنىڭ

مەزمۇنىنى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرەلمەيدۇ. ئادەتتە دېيىلىدىغان «دىققەت قىلىپ ئاڭلاش»، «دىققەت قىلىپ پىكىر يۈرگۈزۈش» تىكى دىققەت ئادەمنىڭ ئىدراك قىلىش، ئەستە قالدۇرۇش، تەپەككۇر قىلىش قاتارلىق جەريانلاردىكى ئىپادىسى ياكى ئىگە بولغان ھالىتى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ تەشكىللەش خۇسۇسىيىتى ۋە ھازىرلىنىش شەرتى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىدۇ، دىققەت ھەرخىل پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەمراھى سۈپىتىدە پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان بىلىش پسىخولوگىيىسى ئادەمنىڭ دىققىتىنى، ئۇچۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كۆزقارىشى ئارقىلىق كۆزىتىدۇ. ھازىرقى زامان بىلىش پسىخولوگىيىسىنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئۇچۇرنى پىششىقلايدىغان بىر سىستېمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ پىششىقلاش ئىقتىدارى ياكى ئەقىل بۆلىقى مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە چەكلىك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەم بىلىش پائالىيىتى جەريانىدا ئۇچۇرنى تاللىشى ۋە تەشكىللىشى لازىم. دىققەت — ئۇچۇرنىڭ بىر خىل ئىچكى تاللاش مېخانىزمىدۇر. ئادەم ئۇ ئارقىلىق غىدىقلايدىغان ئۇچۇرلارنى تاللايدۇ ۋە تەڭشىيەلەيدۇ، تىزگىنلىيەلەيدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللىيەلەيدۇ.

دىققەت تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك ئىقتىدارغا ئىگە: (1) تاللاش ئىقتىدارى، دىققەت پسىخىك پائالىيەتلەرنى ئەھمىيەتلىك، ئېھتىياجغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، نۆۋەتتىكى پائالىيەت ۋەزىپىسى بىلەن بىردەك بولغان ھەرخىل غىدىقلىغۇچىلارنى تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ئەھمىيەتسىز، قوشۇمچە، مۇناسىۋەتسىز غىدىقلىغۇچىلارنى تورمۇزلايدۇ ۋە چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئەگەر پسىخىك پائالىيەتلەر تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى تەكشۈرگىلى بولمايدۇ-دە، ئاڭ قالايمىقان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. (2) ساقلاش ئىقتىدارى، دىققەت ئوبيېكتنىڭ تەسۋىرى ۋە مەزمۇنىنى ئېڭىمىزدا تاكى پائالىيەت تاماملانغىچە ياكى ۋەزىپە ئورۇندالغىچە ساقلايدۇ. دىققەتنىڭ ساقلاش ئىقتىدارى بولمىسا مېڭىدىكى ئۇچۇرلار ناھايىتى تېزلا ئېڭىمىزدىن غايىب بولىدۇ-دە، ئەقلىي قابىلىيەت مەشغۇلاتىنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. (3) تەڭشەش ۋە نازارەت قىلىش ئىقتىدارى، دىققەت ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ پسىخىك جەريانىنى تەڭشەش ۋە كونترول قىلىش، شۇغۇللىنىۋاتقان پائالىيەتكە نازارەتچىلىك قىلىش

ئىمكانىيىتىگە، ئۇنى مۇئەييەن يۆنىلىش ۋە نىشاننى بويلاپ داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پسىخولوگى گالپىلىن دىققەتنى «ئەقلىي قابىلىيەتكە نازارەتلىك قىلىدىغان ھەرىكەت» دەپ ئاتىدى، ئۇ ئادەمنى دىققەت ئوبيېكتىنى تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە يىغىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۆتكەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، دەپ قارىغان.

## 2. دىققەتنى قوزغايدىغان شەرت-شارائىتلار

دىققەت قوزغالغان ۋە ساقلانغاندا، ئۇنىڭدا مەقسەتنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىرادە تىرىشچانلىق دەرىجىسىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن، دىققەتنى ئىختىيارسىز دىققەت، ئىختىيارىي دىققەت ۋە كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەتكە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. ئىختىيارسىز دىققەتنى قوزغايدىغان شەرت-شارائىتلار

ئىختىيارسىز دىققەت ئالدىن كۆزلىگەن مەقسىتى بولمىغان، ئىرادە تىرىشچانلىقىمۇ ئامىل بولمايدىغان دىققەتتۇر.

ئىختىيارسىز دىققەت ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى ئامىل تەرىپىدىن قوزغىلىدۇ. ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ئامىللار ئاساسلىقى مۇنۇلار: (1) غىدىقلىغۇچىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ نىسپىيلىكى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، غىدىقلىغۇچىنىڭ كۈچى قانچە كۈچلۈك بولسا، دىققەت شۇنچە روشەن بولىدۇ؛ غىدىقلىغۇچىنىڭ كۈچى قانچە ئاجىز بولسا، دىققەت شۇنچە غۇۋا بولىدۇ. دېمەك، غىدىقلىغۇچىنىڭ كۈچلۈكلۈك ئالاھىدىلىكى ئادەتتە دىققەتنى كۈچەيتىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى قىلىنىدۇ. لېكىن، ئىختىيارسىز دىققەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى ھەممىشە غىدىقلىغۇچىنىڭ مۇتلەق كۈچلۈكلۈكى ئەمەس، بەلكى غىدىقلىغۇچىنىڭ نىسپىي كۈچلۈكلۈكى، يەنى غىدىقلىغۇچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئەتراپتىدىكى جىسىملارنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى. (2) غىدىقلىغۇچلار ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما پەرقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى. غىدىقلىغۇچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، قىياپىتى، چوڭ-كىچىكلىكى، رەڭگى، داۋام قىلىش ۋاقتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆرۈنەرلىك پەرقلىرى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان چاغدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئىختىيارسىز دىققىتىنى قوزغايدۇ. (3) غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى. ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋە ئۆزگىرىۋاتقان غىدىقلىغۇچلار جىم تۇرۇۋاتقان غىدىقلىغۇچلارغا قارىغاندا

كىشىلەرنىڭ ئىختىيارسىز دىققىتىنى ئاسانلا قوزغايدۇ. (4) غىدىقلىغۇچىنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكى. بۇ شەخسنىڭ تەجرىبىسىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتمىگەن شەيئىلەر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، يەنى مۇتلەق يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە غىدىقلىغۇچلار ئىختىيارسىز دىققەتنى قوزغايدۇ. لېكىن، تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، غىدىقلىغۇچىنىڭ نىسپىي يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكى، يەنى غىدىقلىغۇچىنىڭ ئاجايىپ ئۆزگىرىشى ياكى ھەرخىل خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىرىكىشى كىشىلەرنىڭ ئىختىيارسىز دىققىتىنى تېخىمۇ ئاسان قوزغايدۇ.

ئىختىيارسىز دىققەتنى قوزغايدىغان سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى ئامىللار ئاساسلىقى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش شەيئىلەر بەزى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى مۇمكىن. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماسلىقى مۇمكىن. ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھالىتى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (1) ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئال مايىللىقى، مەسىلەن، ئېھتىياجى، قىزىقىشى ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىقلار دىققەت ئوبيېكتىنىڭ تاللىنىشىنى بەلگىلەيدۇ. (2) ئادەمنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ قانداق بولۇشى، روھىنىڭ تېتىك بولۇش-بولماسلىقى، تېنىنىڭ چارچىغان-چارچىمىغانلىقى، شەيئىلەرگە قارىتا ئۈمىدىنىڭ بار-يوقلۇقى ھەمدە بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز دىققەتنى قوزغايدىغان مۇھىم شەرت-شارائىتلاردۇر.

2. ئىختىيارىي دىققەتنى ساقلايدىغان شەرت-شارائىتلار

ئىختىيارىي دىققەت — كۆزلىگەن مەقسىتى بولغان، مەلۇم ئىرادە تىرىشچانلىقى لازىم بولىدىغان دىققەتتۇر.

ئىختىيارىي دىققەتنى ساقلايدىغان شەرت-شارائىتلار ۋە ئۇسۇللار: (1) پائالىيەت مەقسىتى، ۋەزىپىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. ئىختىيارىي دىققەت پائالىيەت ۋەزىپىسىگە بويسۇنىدىغان دىققەت بولۇپ، پائالىيەت ۋەزىپىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش قانچە ئېنىق، قانچە چوڭقۇر بولسا، ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئارزۇسى شۇنچە كۈچلۈك، ۋەزىپىنى ئورۇنداش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنچە قويۇق بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئىختىيارىي دىققىتىنىمۇ شۇنچە قوزغايدۇ ۋە ساقلايدۇ. (2) ۋاستىلىك قىزىقىشنى

يېتىلدۇرۇش. ئىختىيارىي دىققەتتە، ئادەمنىڭ پائالىيەت مەقسىتى ۋە دەرىجىسىگە بولغان قىزىقىشى — ۋاسىتىلىك قىزىقىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا پائالىيەتنىڭ ئۆزى گەرچە ئادەمنى بىۋاسىتە قىزىقتۇرالمىسىمۇ، لېكىن تۇراقلىق، ۋاسىتىلىك قىزىقىش ئىختىيارىي دىققەتنىڭ قوزغىلىشى ۋە ساقلىنىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. (3) پائالىيەتنى مۇۋاپىق تەشكىللەش. بەزى ئەقلىي پائالىيەتلەرنى قول بىلەن قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ئەمەلىي مەشغۇلاتنى ماسلاشتۇرۇش كەمچىل بولسا، دىققەتنى مەركەزلىتۇرۇش نىسبەتەن قىيىنغا توختايدۇ. دېمەك، قانچە مۇرەككەپ بىلىش پائالىيىتىگە نىسبەتەن، ئەقلىي پائالىيەت بىلەن ئەمەلىي مەشغۇلاتنى شۇنچە بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئىختىيارىي دىققەت ئوبيېكتىنى تۇراقلىق ھالدا پەرقلەندۈرگىلى، ئىختىيارىي دىققەتنى قوزغاش ۋە ساقلاشقا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پائالىيەت داۋامىدا دائىم ئۆز-ئۆزىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇش، بولۇپمۇ دىققەتنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىنغان جىددىي پەيتتە، ئۆز-ئۆزىنى ئەسكەرتىش ۋە ئۆز-ئۆزىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈش دىققەتنى تەشكىللەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. (4) تاشقى دۇنيانىڭ توسالغۇسىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش. كىشىلەر ئىختىيارىي دىققەت قىلىۋاتقان چاغدا بەزى تاشقى غىدىقلىغۇچىلارنىڭ توسالغۇسىغا ۋە ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ ھالەت توسالغۇسىغا ئۇچرىشى مۇمكىن. بۇنداق توسالغۇلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئىشتىن ئاۋۋال تەدبىر قوللىنىپ، خىزمەتكە ياكى ئۆگىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ياخشى خىزمەت مۇھىتى ياكى ئۆگىنىش مۇھىتىنى يارىتىشتىن باشقا، يەنە قەتئىي ئىرادە بىلەن توسالغۇغا قارشى كۆرەش قىلىش لازىم.

### 3. كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەتنى قوزغايدىغان شەرت-شارائىتلار

كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەت — ئىشتىن ئاۋۋال كۆزلىگەن مەقسىتى بولغان، ئىرادە تىرىشچانلىقسىزمۇ ساقلىنىپ تۇرالايدىغان دىققەتنى كۆرسىتىدۇ.

كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەت، دىققەتنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىختىيارسىز دىققەت بىلەن ئىختىيارىي دىققەتنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ ئىگە بولغان بولىدۇ. ئىختىيارىي دىققەت كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەتكە تەرەققىي قىلىدۇ، ئىختىيارسىز دىققەتمۇ مۇئەييەن شەرت-شارائىت ئاستىدا ئىختىيارىي دىققەت بىلەن ئالمىشىدۇ. كېيىنكى

ئىختىيارىي دىققەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە قوزغايدىغان تۈپ شەرت — مەشىق قىلىش ۋە پىششىپ يېتىلىشتە. كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەت ئادەتتە كىشىلەر پىششىق قابىلىيەت، ماھارەت خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان چاغدا ئىگە بولىدىغان دىققەتتۇر. ئۇ ئالىي تىپتىكى دىققەت ھېسابلىنىدۇ، كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەت يۈكسەك تۇراقلىققا ئىگە بولىدۇ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى زۆرۈر شەرتتۇر.

ئىختىيارسىز دىققەت، ئىختىيارىي دىققەت ۋە كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەتلەر ئادەمنىڭ پائالىيىتىدە ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇلار پائالىيەت داۋامىدا بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ، بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ.

## 2. دىققەتنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1. دىققەتنىڭ كەڭلىكى

دىققەتنىڭ كەڭلىكى دىققەتنىڭ دائىرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ئادەم ئېڭى ئېنىق ئىگىلىيەلەيدىغان ئوبيېكتلار سانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇچۇر نەزەرىيىسى كۆزقارىشىدىن ئېيتقاندا، دىققەت نەزىرىنى يۆتكەپ ئۈلگۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت (0.1 سېكۇنت) ئىچىدە نېرۋا سىستېمىسى قوبۇل قىلالايدىغان ۋە بىرلا ۋاقىتتا كىرگۈزەلەيدىغان ئۇچۇر سانىنى كۆرسىتىدۇ.

دىققەتنىڭ كەڭلىكى پسىخولوگىيىدە ئەڭ بۇرۇن تەجرىبە قىلىنغان ۋە تەتقىق قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. 1830-يىلى خامىلتون (W. Hamilton) ئەڭ ئاۋۋال ئۈلگىلىك تەجرىبە ئىشلىدى: ئۇ بىر سىقىم شېغىلنى يەرگە چېچىۋېتىپ، شۇ ھامان ئۇنىڭ سانىنى پەرق ئېتىش سىنىقى قىلغان، نەتىجىدە شېغىل ئالتىدىن ئاشقاندا بىر قاراپلا ئېنىق كۆرەلمەي قالغان. شېغىلنى ئىككىدىن، ئۈچتىن ياكى بەشتىن بىر دۆۋە قىلىپ قويۇپ سانىغان چاغدىمۇ پەقەت ئالتىدىن تۆۋەن سانىلا ئېنىق سانىيالىغان. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ بىر تال شېغىلنى بىر بىرلىك قىلىپ قارىماي، بىر دۆۋە شېغىلنى بىر بىرلىك قىلىپ قارىغانلىقىدا. كېيىن، پسىخولوگلار تېز كۆرسەتكۈچ ئارقىلىق تەجرىبە قىلىپ، چوڭلارنىڭ 0.1 سېكۇنت ئىچىدە ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئوتتۇرىچە كەڭلىكى

سەككىزدىن توققۇزغىچە قارا رەڭلىك دۇگىلەك، تۆتتىن ئالتىگىچە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولمىغان چەت تىل ھەرپى ياكى ئۇچتىن تۆتكىچە گېئومېترىيىلىك شەكىل بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان (3.1ـ رەسىمگە قارالسۇن).




3.1ـ رەسىم. غىدىقلىغۇچلار سانى بىلەن ھۆكۈم مۇناسىۋىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى

دىققەتنىڭ كەڭلىكى ئىدراك ئوبيېكتى ئالاھىدىلىكىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىدراك ۋەزىپىسى ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر ئىدراك ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىسا، دىققەتنىڭ كەڭلىكىدە مەلۇم ئۆزگىرىش بولىدۇ. تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، رەڭگى ئوخشاش ھەرپلەرگە بولغان دىققەت كەڭلىكى رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ھەرپلەرگە بولغان دىققەت كەڭلىكىدىن كەڭ بولىدۇ؛ تەرتىپلىك تىزىلغان ھەرپلەرگە بولغان دىققەت كەڭلىكى تەرتىپسىز تىزىلغان ھەرپلەرگە بولغان دىققەت كەڭلىكىدىن كەڭ بولىدۇ؛ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ھەرپلەرگە بولغان دىققەت كەڭلىكى چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەرپلەرگە بولغان دىققەت كەڭلىكىدىن كەڭ بولىدۇ. دېمەك، دىققەت ئوبيېكتى قانچە مەركەزلەشسە، رەتكە تىزىلىنىش قانچە قانۇنىيەتلىك بولسا، شۇنچە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىدۇ، دىققەتنىڭ كەڭلىكىمۇ شۇنچە كەڭ بولىدۇ.

دىققەتنىڭ كەڭلىكى يەنە ئىدراك قىلغۇچىنىڭ پائالىيەت ۋەزىپىسى ۋە بىلىم، تەجرىبىسىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دىققەت ئوبيېكتى ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىدراك قىلغۇچىنىڭ پائالىيەت ۋەزىپىسى ۋە بىلىم تەجرىبىسى ئوخشاش بولمىسا، دىققەتنىڭ كەڭلىكىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئىدراك پائالىيىتىنىڭ ۋەزىپىسى كۆپ بولسا، دىققەتنىڭ كەڭلىكى تار بولىدۇ؛ ئىدراك پائالىيىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئاز بولسا، دىققەتنىڭ كەڭلىكى كەڭ بولىدۇ. مەلۇم ساندىكى چەت تىلى ھەرپلىرىنى تېز كۆرسەتكۈچ ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە، ئەگەر سىناقتا ھەرپلەرنىڭ سانىنى پەرقلەندۈرۈپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھەرپلەرنى يېزىش جەھەتتىكى

خاتالىقلارنى كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنسا، بۇ چاغدىكى سىناق دىققەت قىلىدىغان ھەرپلەرنىڭ سانى پەقەت ھەرپلەرنىڭ سانىنى پەرقلەندۈرگەن چاغدىكى دىققەت كەڭلىكىدىن كۆپ تار بولىدۇ. بىلىم ۋە تەجرىبىنىڭ دىققەت كەڭلىكىگە بولغان تەسىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بىر قۇر چەت تىل ھەرپلىرىنى تېز كۆرسەتكۈچ ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە، چەت ئەل تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ دىققەت كەڭلىكى ھەمىشە چەت ئەل تىلىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ دىققەت كەڭلىكىدىن كۆپ كەڭ بولىدۇ.

## 2. دىققەتنىڭ تۇراقلىقلىقى

دىققەتنىڭ تۇراقلىقلىقى دىققەتنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشچانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ دىققەتنىڭ دىققەت ئوبيېكتىدا مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە نىسپىي تۇراقلىق ھالدا ساقلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

دىققەتنىڭ تۇراقلىقلىقى دىققەتنىڭ زامان جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدۇر، ئۇنى مەلۇم ۋاقىتتىكى خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. تەجرىبە ۋە تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، مەلۇم بىر ئوبيېكتقا بولغان دىققەت يېرىم سائەتتىن كېيىنلا روشەن ھالدا پەسىيىپ قالىدۇ. كىشىلەر ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان تەتقىقاتلار ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بايقاپ يەتتىكى، دىققەتنىڭ پەسىيىشى ئادەتتە ئىش باشلانغاندىن كېيىنكى 20 — 35 مىنۇتتا كۆرۈلىدۇ، ئەڭ دەسلەپكى 15 مىنۇتتىدىكى دىققەتنىڭ تۆۋەنلەش دەرىجىسى بولسا ئەڭ ئاخىرقى تۆۋەنلەش سەۋىيىسىنىڭ 50% ئەتراپىدا بولىدۇ. ئادەمنىڭ تەسىرلىنىشچانلىقىنى ئۇزاق ۋاقىت ساقلاپ قالغىلى بولمىغاچقا، ئۇ دائىم قەرەللىك كۈچىيىپ ياكى ئاجىزلاپ تۇرىدۇ. دېمەك، دىققەتمۇ بەزىدە يۇقىرى، بەزىدە تۆۋەن بولىدىغان دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ دىققەتنىڭ بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىش ھادىسىسى دەپ ئاتىلىدۇ. 2.3. 2-رەسىم-



2.3-رەسىم. دىققەتنىڭ كۆتۈرۈلۈش-پەسىيىش ھادىسىسى

نى ئىدراك قىلغان چېغىمىزدا، دىققەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ-پەسىيىپ تۇرۇشىنى روشەن ھالدا سېزىۋالالايمىز. بۇ ئۇچى كېسىۋېتىلگەن پىرامىدانىڭ شەكلىنى دىققەت بىلەن كۆزەتكەندە، بەزىدە چوققىسىدىكى كىچىك چاسا چوقچىيىپ چىقىدۇ، بەزىدە تېگى ئۇچىدىكىدىن چوڭ بولسا چوقچىيىپ چىقىدۇ، ئىككى چاسىنىڭ ئۆزئارا ئورنى سەكرەش شەكلىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

دىققەتنىڭ تۇراقلىقلىقى دىققەت ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەزمۇنى مول ئوبيېكتلار مەزمۇنى ئاددىي ئوبيېكتلارغا قارىغاندا، پائالىيەتچان، ئۆزگىرىشچان ئوبيېكتلار جىم، تۇراقلىق ئوبيېكتلارغا قارىغاندا ئادەمنىڭ تۇراقلىق دىققىتىنى ئاسان ساقلايدۇ. دىققەتنىڭ تۇراقلىقلىقى تېخىمۇ مۇھىمى ئادەمنىڭ سۇبيېكت ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پائالىيەتكە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتسا، يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا، قەتئىي ئىرادىگە ۋە قويۇق قىزىقىشقا ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا ئوبيېكتقا بولغان دىققىتىنى ئاسان ساقلىيالايدۇ.

دىققەتنىڭ تۇراقلىقلىقىغا قارىمۇقارشى بولغان ھالەت دىققەتنىڭ چېچىلىشىدۇر. بۇ پىكىر خىيالنىڭ بۆلۈنۈشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دىققەتنىڭ چېچىلىشى دېگىنىمىز، دىققەتنىڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىدىن ئاڭسىز ھالدا چەتنەپ مۇناسىۋەتسىز غىدىقلىغۇچقا تارتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. دىققەتنىڭ چېچىلىشىدىكى سەۋەب، ئاساسلىقى مۇناسىۋەتسىز غىدىقلىغۇچلارنىڭ كاشىلا قىلىشى، ئاددىي، مېخانىك غىدىقلىغۇچلارنىڭ ئۇزاق مەزگىل تەسىر كۆرسىتىشى ۋە باشقىلار.

### 3. دىققەتنى تەقسىملەش

دىققەتنى تەقسىملەش دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىككى خىل ياكى بىرقانچە خىل پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا، دىققەتنى ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارغا قارىتالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇئەييەن شەرت— شارائىت ئاستىدا، دىققەتنى تەقسىملىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر تەرەپتىن ئۆزى پىششىق بىلىدىغان شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغاچ ئۆزى پىششىق بىلىدىغان شېئىرنى يازغىلى بولىدۇ. ئوقۇتۇش پائالىيىتى داۋامىدا، ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلىگەچ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئاڭلاش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن دەرس

ئائىلىغاچ، بىر تەرەپتىن خاتىرە قالدۇرالايدۇ، بىر تەرەپتىن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلالايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دىققەتنى تەقسىملەش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

لېكىن، دىققەتنى تەقسىملەش يەنە قاتتىق شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىرىنچىدىن، بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرخىل پائالىيەتلەر ئىچىدىكى ھەربىر پائالىيەت تونۇشلۇق ۋە پىششىق بولۇشى، ھەتتا ئاپتوماتلاشقان دەرىجىگە يەتكەن بولۇشى لازىم، مۇشۇنداق بولغاندا بىرلا ۋاقىتتا كىرگەن ئىككى خىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇچۇرلار ئاندىن ئادەم مېڭىسىنىڭ ئۇچۇر پىششىقلاپ ئىشلەش سىغىمچانلىقىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئاندىن دىققەتنى تەقسىملىگىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان بىرقانچە خىل پائالىيەت ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان، تۇراقلىق ئەكس تەسىر سىستېمىسى ھاسىل قىلىنغان چاغدا، ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناھايىتى ئوڭايلا ھەرخىل مەشغۇلات ياكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارالايدۇ، دىققەتنى تەقسىملىيەلەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، دىققەتنى تەقسىملەشتە يەنە يەككىلىك پەرقى ۋە ياش پەرقى بولىدۇ، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تەقسىملەش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايدۇ.

### 4. دىققەتنى بۇراش

دىققەتنى بۇراش يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئادەمنىڭ دىققىتىنى بىر ئوبيېكتتىن يەنە بىر ئوبيېكتقا ئائىلىق ھالدا بۇراشنى كۆرسىتىدۇ.

دىققەتنى بۇراش پىكىر، خىيالنى بۆلۈشكە ئوخشىمايدۇ. دىققەتنى بۇراش — ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە، نۆۋەتتىكى پائالىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئائىلىق ھالدا ئۆزگەرتىشنى كۆرسىتىدۇ؛ پىكىر، خىيالنى بۆلۈش بولسا دىققەتنىڭ نۆۋەتتىكى پائالىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ تەلىپىدىن چەتنىشى، مۇناسىۋەتسىز غىدىقلىغۇچىلارنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراپ، مۇناسىۋەتسىز شەيئىلەرگە تارتىلىشىنى، دىققەت مەركىزىنىڭ دىققەت قىلىنىدىغان ئوبيېكتتىن چەتنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

دىققەتنى بۇراشنىڭ تېز-ئاستا بولۇشىغا ۋە قىيىن-ئاسان بولۇشىغا نۇرغۇن ئامىللار تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى، دىققەتنى بۇراش ئەسلىي دىققەتنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئەسلىي دىققەتنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، دىققەتنى بۇراش شۇنچە قىيىن

ۋە شۇنچە ئاستا بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا، دىققەتنى بۇراش شۇنچە ئاسان ۋە شۇنچە تېز بولىدۇ. ئىككىنچى، دىققەتنى بۇراش يېڭى دىققەت ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باغلىق بولىدۇ. يېڭى دىققەت ئوبيېكتى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە قىزىقىشىغا قانچە لايىقلاشسا، دىققەتنى بۇراش شۇنچە ئاسان، شۇنچە تېز بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا، دىققەتنى بۇراش شۇنچە قىيىن بولىدۇ. ئۈچىنچى، دىققەتنى بۇراش ئادەمنىڭ نېرۋا جەريانىنىڭ جانلىقلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. نېرۋا جەريانىنىڭ جانلىقلىقى يۇقىرى بولغان بىر ئادەمنىڭ دىققىتىنى بۇرىشى نېرۋا جەريانى جانلىق بولمىغان ئادەمنىڭ دىققىتىنى بۇرىشىدىن ئاسانراق ۋە تېزرەك بولىدۇ.

دىققەتنى بۇراش ۋە دىققەتنىڭ تۇراقلىقلىقى، دىققەتنى تەقسىملەش ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ. بىر خىل پائالىيەتتە، ئەگەر دىققەت بۇرالمىسا دىققەتنىڭ تۇراقلىقلىقىنى ساقلاش قىيىنغا توختايدۇ. ھەربىر قېتىملىق دىققەتنى بۇراش دىققەتنى تەقسىملەشتە مۇقەررەر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئەسلىي دىققەت مەركىزىدىكى ئوبيېكت دىققەت مەركىزىگە بۇرالغاندىن باشقا، يېڭى ئوبيېكت دىققەت مەركىزىگە كىرىپ، پۈتۈن دىققەت دائىرىسىدىكى سۈرئەتتە يېڭى ئەھۋال پەيدا قىلىدۇ. ئومۇمەن، دىققەتنىڭ ھەربىر ئالاھىدىلىكى زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈمى دىققەتنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكىگە باغلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى دىققەتنىڭ ھەرخىل ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ پائالىيەت مەزگىلىدە مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ۋە ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشكە باغلىق بولىدۇ.

## 3. دىققەتنىڭ پسىخىك مېخانىزمى

ئۇچۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كۆزقاراش قىلىنغان بىلىش پسىخولوگىيىسى دىققەتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. بىلىش پسىخولوگىيىسى ئىدراك سىستېمىسى، خاتىرە سىستېمىسى، كونترول سىستېمىسى ۋە ئىنكاس سىستېمىسىدىن ئىبارەت تۆت خىل تەركىبتىن تۈزۈلگەن ئەندىزىدە دىققەتنىڭ تاللاشچانلىقىنى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ. ئۇ دىققەتنى بىر خىل ئىچكى مېخانىزم دەپ قارايدۇ، بۇ خىل مېخانىزم ئارقىلىق ئادەمنىڭ غىدىقلىغۇچلارنى تاللاشقا بولغان كونترول قىلىشى ھەم تەڭشەش ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

بىلىش پسىخولوگىيىسى تاللاشچانلىقتىن ئىبارەت بۇ بىر نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، دىققەتنىڭ نەزەرىيىۋى ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بىلىش نەزەرىيىسى ئارقىلىق دىققەت مېخانىزمىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى.

## 1. سۈزگۈچ نەزەرىيىسى

بۇ — ئەنگلىيە پسىخولوگى برودبېنت ( Broadbent ) 1958-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان، دىققەتنىڭ تاللاشچانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان ئەڭ داڭلىق نەزەرىيە ئەندىزىسىدۇر. بۇ خىل نەزەرىيىگە ئاساسلانغاندا، دىققەتنىڭ تاللاشچانلىقىدا، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇچۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش سىغىمچانلىقى چەكلىك بولغاچقا، دىققەت بىر سۈزگۈچكە ئوخشاش كىرگۈزۈلگەن ئۇچۇرلارغا قارىتا تاللاش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنىڭ بىلەن چوڭ مېڭىدىن ئىبارەت بۇ سىغىمچانلىقى چەكلىك سىستېمىنىڭ يۈكى بەك ئېغىر بولۇپ كېتىش مەسىلىسىدىن ساقلىنىدۇ. تاشقى دۇنيادىكى ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان غىدىقلىغۇچلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلغان نېرۋا يولى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، سۈزۈش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ. برودبېنت يەنە مۇنداق قارايدۇ: سۈزگۈچنىڭ ئۇچۇرلارنى ئۆتكۈزۈشى ياكى ئۆتكۈزمەسلىكى غىدىقلىغۇچلارنىڭ ئاددىي فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ نەزەرىيە تاق يوللۇق نەزەرىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل تاق يوللۇق سۈزگۈچ ئەندىزىسى ئىككى قۇلاق بىلەن قوش ئاڭلاش تەجرىبىسىنىڭ ئىسپاتلىشىشىغا ئېرىشتى.

## 2. شاللىغۇچ ئەندىزىسى نەزەرىيىسى

بۇنى ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ترېتسمان (Tretisman) 1960 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەزەرىيىنىڭ قارىشىچە، سۈزگۈچنىڭ سۈزۈش پائالىيىتى تولۇق ۋە يوقلۇق شەكلىدە بولمايدۇ. سۈزگۈچ چوڭ مېڭە رەت قىلغان ئۇچۇرلارنى پۈتۈنلەي توسىۋالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ كۈچىنى پەسەيتىدۇ. سۈزگۈچنىڭ ئانالىز قىلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پەسەيتىلگەن ۋە پەسەيتىلمىگەن ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى چوڭ مېڭىگە كىرىپ، چوڭ مېڭىدىن ئىبارەت بۇ ئالىي دەرىجىلىك سەۋىيىدە ئەڭ ئاخىر ئاڭنىڭ تاللىنىشىنى تاماملايدۇ. پەسەيتىلگەن ئۇچۇرلارنىڭ كۈچلۈكلۈك جەھەتتە جانلىنىشقا ماس كېلىدىغان ئالىي مەركىزى يېتەرسىز بولغاچقا،

ئادەتتە ئاڭلىق پسىخىك پائالىيەتنى قوزغىيالمايدۇ. لېكىن، ئىلگىرىكى بىلىم ۋە تەجرىبىنىڭ رولى سەۋەبىدىن ئادەمگە قارىتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۇچۇرلارنىڭ جانلاندۇرۇش چېكى نىسبەتەن تۆۋەنرەك بولىدۇ. دېمەك، مېڭىگە كىرگەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار پەسەيگەن چاغدىمۇ ئىدراك پەيدا بولالايدۇ. مەسىلەن، ئادەمنىڭ مۇرەككەپ مۇھىت ئىچىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى چاقىرىلغاندا ناھايىتى ئوڭايلا ئاڭلىيالىشى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. شاللىغۇچ ئەندىزىسى تەلىماتى ۋە سۈزگۈچ ئەندىزىسى تەلىماتى — ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى سەزگۈ يولى ۋە ئالىي نېرۋا مەركىزىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىكلىكىنى، تاشقى ئۇچۇرلارنىڭ كىرىشىنى كونترول قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى ئۇچۇرلارغا بولغان ئىدراكنىڭ تاللاشچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتە بۇ ئىككى خىل ئەندىزە بىرلەشتۈرۈلۈپ دىققەتنىڭ سۈزگۈچى ئەندىزىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

### 3. ئىنكاس تاللاش ئەندىزىسى نەزەرىيىسى

بۇ نەزەرىيىنى دېئوس (Deutsch) قاتارلىقلار 1963-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، كېيىن نورمال تەجرىبىنىڭ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن. ئۇلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: كۆپ يوللۇق ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى ئاڭ ساھەسىگە كىرىپ، ئىدراكنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى ۋە پەرقلەندۈرۈشىدىن ئۆتىدۇ. ئادەم كىرگۈزۈلگەن ئۇچۇرلارنى ئەھمىيەتلىك ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، تاشقى ئۇچۇرلارنىڭ مۇھىملىقىغا قاراپ ئىنكاس تاللايدۇ، كىشىلەر ئىنكاس قىلغان شەيئىلەر دىققەت ئوبيېكتى بولىدۇ، دىققەت ئوبيېكتى قىلىنمىغان شەيئىلەر گەرچە ئاڭ ساھەسىگە كىرسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ مۇھىم غىدىقلىغۇچىلار مەۋجۇت بولغانلىقتىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىششىقلاپ ئىشلىنەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا قارىتا ئىنكاسمۇ قايتۇرالمايدۇ. ئەگەر كېيىن كىرگۈزۈلگەن ئۇچۇرلار بۇرۇن كىرگۈزۈلگەن ئۇچۇرلاردىنمۇ مۇھىم بولسا، ئۇ ھالدا ئادەم يېڭى ئىنكاس تاللايدۇ، بۇ ئەندىزە دىققەتنى تەقسىملەش ھادىسىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل نەزەرىيە بىلىش پسىخولوگلارنىڭ دىققەت ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى خېلى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «ماتېرىيال چەكلىك بولۇش تەلىماتى» ۋە

«ئەقىل بۆلىقى چەكلىك بولۇش تەلىماتى» — بۆلارنىڭ ھەممىسى دىققەت نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى بولۇپ، يۇقىرىقى نەزەرىيەلەرنىڭ تولۇقلىمىسى، مۇكەممەللىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. دىققەت ۋە ئۆگىنىش

دىققەت دائىم ئۆگىنىش جەريانى بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتى — ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇچۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئۆگىنىش سەزگۈ، دىققەت، تاللاشچان ئىدراك ۋە خاتىرە قاتارلىق جەريانلاردىن ئۆتىدۇ. دىققەت ئۇچۇرنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، باشقا بارلىق پىششىقلاپ ئىشلەشلەرنىڭ ھەممىسى ئۆگەنگۈچىنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتىدىكى غىدىقلىغۇچىسىغا ياكى ئۇچۇرلارنىڭ دىققەتكە لايىقلىنىش دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئوقۇتۇش پائالىيىتى جەريانىدا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تەشكىللەپ ۋە تەڭشەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشى لازىم.

### 1. كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەت قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك

كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەت غىدىقلىغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئادەمنىڭ ئىچكى ھالىتى تەرىپىدىن پەيدا بولىدۇ. كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەتنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى جەريانىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن: (1) ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى غىدىقلىغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ تەشكىللەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى غىدىقلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دەرسخانا ئىچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە دەرسخانىنىڭ سىرتقى مۇھىتى، ئوقۇتقۇچىنىڭ كىيىنىشى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشى، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس سۆزلىگەن چاغدىكى ئاۋازى ۋە رىتىمى، دەرسخانىدىكى دوسكا خېتى ۋە كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش قوراللىرىدىن پايدىلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەتنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا بىر تەرەپتىن، دەرسخانا ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش،

دەرسخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئاددىي، رەتلىك قىلىش لازىم، دەرسخانىنى يەنە ھاۋا ئالمىشىپ تۇرىدىغان، يورۇقلۇق تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان قىلىش كېرەك ۋە ھاكازالار. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلىگەندە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، ئاۋازى ۋە سۆز سۈرئىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن، تېز-ئاستىلىقى لايىقىدا بولۇشى، دوسكا خېتى ئوبيېكتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ پەرقىنى چوڭايتالىشى، ئوقۇتۇش ۋاستىسى جەھەتتە ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ قاتارلىق زامانىۋى كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش قوراللىرىدىن پايدىلىنىشى لازىم، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانا ئۆگىنىشىدىكى دىققىتىنى كۈچەيتىشىگە ياردىمى تېگىدۇ. (2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن يەنە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى، قىزىقىشى، بىلىم تەجرىبىسى ۋە كەيپىيات ھالىتىنى ئويلاش لازىم. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئۆگىنىش مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىشى ھەم ئۇلارنىڭ تۇراقلىق دىققىتىنى ساقلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى دەرسلىكنى تەشكىللىگەن چاغدا، دەرس مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ۋە ئەمەلىيلىكى، دەرسلىكنىڭ ئاسان-قىيىنلىق دەرىجىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار ساپاسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئاكتىپ ھالەتتە تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

## 2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىي دىققىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئىختىيارىي دىققەت — ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ ئاڭلىقلىقى، مەقسەتلىكلىكى ۋە تەشكىللىكلىكى قاتارلىقلارنى شەرت قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن، قىزىقىشقىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ، يەنە ئىختىيارىي دىققىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. (1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەت ۋەزىپىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچلارنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىگە بولغان ئاڭلىقلىقىنى قوزغاش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىدە ئىپادىلەيدىغان ئىختىيارىي دىققەتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ۋەزىپىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشى قانچە ئېنىق ۋە چوڭقۇر،

ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئارزۇسى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئىختىيارىي دىققىتى شۇنچە قوزغىلىدۇ. (2) ئوقۇتۇشتىكى ھەرخىل كونكرېت ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بەزى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىگە تۈرتكە بولۇش لازىم، مەسىلەن، يېقىندىن كونترول قىلىش، سىگنال بېرىش، سوئال سوراش، ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇش، تەنقىدلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىي دىققىتىنى كۈچەيتىدۇ. (3) ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش چارىسى ئارقىلىق دىققىتىنى تەڭشىيەلەيدىغان قىلىش لازىم، مەسىلەن، ئۆزىنى ئۆزى ئەسكەرتىش، ئۆزىگە ئۆزى بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى دىققەتنى تەشكىللەشتە رول ئوينايدۇ. (4) يەنە ئەقلىي پائالىيەت بىلەن ئەمەلىي مەشغۇلاتنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئەمەلىي مەشغۇلات قانچە مۇرەككەپ بولسا، ئىختىيارىي دىققەتكە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلەرنى پىلانلىق ھالدا كۈچەيتىش لازىم. مەسىلەن، دەرسخانىدا تەجرىبە قىلىش، دەرسخانىدا مەشىق قىلىش، دەرسخانىدا مۇنازىرە قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرە قالدۇرۇشىنى، مۇھىم نۇقتىسىنى خاتىرىلەش، تېزىس تۈزۈۋېلىشىنى تەلەپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىي دىققىتىنى ساقلاشتا تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ.

## 3. ئىككى خىل دىققەتنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق دەرسخانىدىكى دىققەتنى ساقلاش لازىم

كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەت بىلەن ئىختىيارىي دىققەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىدە نۆۋەتلىشىپ پەيدا بولۇپ، دىققەتنى ئۇزاق ۋاقىت ساقلايدۇ ۋە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۆگىنىش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلەي ئىختىيارىي دىققەتكە تايىنىدۇ، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى ئۇزاق ۋاقىت قوزغىلىش ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئوڭايلا چارچاشنى ۋە دىققەتنىڭ چېچىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەت ئىشتىراك ئېتىلمىسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئۆگىنىشىنى داۋاملاشتۇرۇشى قىيىنغا توختايدۇ. لېكىن ئۆگىنىشنى كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەتكىلا تايىنىپ داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ، ھەرقانداق بىر پەن مەزمۇنىنىڭ

ھەممىسىنىڭ قىزىقارلىق بولۇشى ياكى ئادەمنى جەلپ قىلالىشى ناتايىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىيارىي دىققەتنىڭ ماسلاشقان پائالىيىتى ئارقىلىقلا ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دەرس باشلانغاندا، ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنىلا دەرس ئارىلىقىدىكى پائالىيەتكە ياكى باشقا قىزىقارلىق مەسىلىلەردە توختاپ قالغان دىققىتىنى قوزغاشقا، ئۇلارنىڭ دەرس مەزمۇنىغا بولغان ئىختىيارىي دىققىتىنى قوزغاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى تېما، يېڭى مەزمۇنغا بولغان قىزىقىشىنى، كېيىنكى ئىختىيارىي دىققىتىنى قوزغاش لازىم. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتىلارنى دەرسلىككە كىرگۈزگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىي دىققىتىنى كۈچەيتىشنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئويلىنىش ۋە ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، مەسىلەن، كۆرسىتىش، دوسكا خېتى قاتارلىق كۆرسەتمىلىك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، كېيىنكى ئىختىيارىي دىققەتنى ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرۈش لازىم. دەرستىن چۈشۈش ئالدىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتى ئوڭاي چېچىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا يەنە تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇش، تاپشۇرۇقنى تەكرار بايان قىلىش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق ئىختىيارىي دىققەتنى ساقلاش لازىم. ئىككى خىل دىققەتتىن ئالماشتۇرۇپ پايدىلىنىش قانۇنىيەتلىرىنىڭ تۇراقلىق ئەندىزىسى يوق. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىش مەزمۇنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش باسقۇچىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئىككى خىل دىققەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈش قانۇنىيىتىدىن ئىجادىي يوسۇندا پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى باشتىن-ئاخىر دەرسخانا ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قارىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

# تۆتىنچى باب خاسلىق پسىخىكا

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا

1) مۇھىم نۇقتا: ئېھتىياجنىڭ قاتلىمى ۋە تەرەققىياتى، قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت، مىجەزنىڭ تۈرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى.

2) قىيىن نۇقتا: خاسلىق بىلەن خاراكتېرنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى، قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى، خاراكتېر قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى.

2. ئۆگىنىش تەلىپى

1) ئەستە قالدۇرۇش: قابىلىيەت، مىجەز ۋە خاراكتېر توغرىسىدىكى ئۇقۇم، ئېھتىياج، مۇددىئا، قىزىقىش ۋە قىممەت قارىشىنىڭ تۈرلىرى

2) چۈشىنىش: ئۆزىنىڭ سۆزى ئارقىلىق خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلالايدىغان، ئەمەلىي مىساللار بىلەن مۇددىئانىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى چۈشەندۈرەلەيدىغان بولۇش.

3) تەتبىقلاش: ئۆگەنگەن خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ قابىلىيەت ۋە خاراكتېرىنى ئۆلچەپ بېقىش.

3. مۇھاكىمە سوئاللىرى

1) ئېھتىياج بىلەن مۇددىئانىڭ مۇناسىۋىتى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

2) خاراكتېر، قابىلىيەت، مىجەز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايان قىلىڭ؟

بەلگىلىك پسىخىك جەريان ۋە پسىخىك ھالەت مۇئەييەن شەخستە يۈز بېرىدۇ. شۇڭلاشقا يەككىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل يەككىلەرنىڭ پەرقى ئىپادىلىگەن پسىخىك ئالاھىدىلىك دەل خاسلىق پسىخىكىدۇر.

پسىخولوگىيە ھەم ئومۇمىي، ئورتاق بولغان پسىخىك پائالىيەت

قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ، ھەم ئايرىم، كونكرېت پسىخىك پەرقلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرىدۇ.

# § 1. خاسلىق پسىخىكا ھەققىدە ئومۇمىي بايان

خاسلىق دېگەن نېمە؟ خاسلىق ئالاھىدىلىك قايسىلار؟ خاسلىق قايسى قىسملاردىن تۈزۈلگەن؟ بۇلار خاسلىق پسىخىكىنى ئۆگىنىشكە باشلىغاندا ئالدىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر.

## 1. خاسلىق ئۇقۇمى

### 1. خاسلىقنىڭ تەبىرى

خاسلىق — بىر ئادەمنىڭ نىسبەتەن مۇقىم بولغان خاسلىق مايىللىقى ۋە خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس پسىخىك قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

خاسلىق بىر كىشىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئىنكاسى. يەككىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەندۇرگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان ئۆزىگە خاس پسىخىكىسى. بىر كىشى ئوبيېكتىپ رېئاللىققا بولغان ئىنكاس پائالىيىتى جەريانىدا بىلىش جەريانى، ھېسسىيات جەريانى ۋە ئىرادە جەريانى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن بىلىم تەجرىبىلىرىگە ئېرىشىپ ئېھتىياج، مۇددىئا، قىزىقىش، قىممەت قارىشى قاتارلىق خاسلىق مايىللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان قابىلىيەت، مىجەز، خاراكتېر قاتارلىق خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىمۇ شەكىللەندۇرىدۇ. خاسلىق ئۇقۇمىنى چۈشىنىشتە يەنە تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، خاسلىق تۇراقلىق بولىدۇ. يېڭى بوۋاق بىر تەبىئىي سۇبيېكتىپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا روشەن خاسلىق بولمايدۇ. خاسلىقنى يەككىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەندۇرگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان، خاسلىق تۇراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بىز بىر كىشىنىڭ خاسلىقىنى بىلەلەيمىز. بىر كىشى بىلەن يەنە بىر كىشىنىڭ پسىخىك تۇرمۇشىدىكى پەرقىنى پەرقلەندۇرەلەيمىز.

ئىككىنچى، بىر كىشىنىڭ پسىخىك پەزىلىتىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى يىغىندا بىر كىشىنىڭ پسىخىكىسى ئىپادىلىنىش شەكلى، ئاساسىي پەزىلىتى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن پرىنسىپى بويىچە تەشكىللەنگەن ئورگانىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. بەلكى ئۇ ھەرخىل ئامىللارنىڭ مېخانىكىلىق قوشۇلۇشى ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دۇنيادا خاسلىق تامامەن ئوخشاش بولغان ئىككى ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. گەرچە ئادەم بىلەن ئادەم بەزى جەھەتلەردە ئوخشاشسىمۇ، ئەمما بىر پۈتۈن پسىخىك قىياپىتى تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ.

مەكتەپلەر دەرسىدە، مائارىپ خىزمەتچىلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش — مائارىپنى يولغا قويۇش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجادىي ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئوقۇتقۇچى پەقەت خاسلىق تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىكىنى تولۇق ئويلىغاندىلا، ئاندىن تەلىم-تەربىيە قانۇنىيىتى بويىچە كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ كونكرېت ئۆزگىچىلىكلىرىگە قاراپ ئوقۇتۇشتەك تەلىم-تەربىيە پرىنسىپىنى ئەمەلىي ئوقۇتۇش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

## 2. يەككىلىك ۋە خاسلىق

يەككىلىك جانلىقلار يەككىلىكىنىمۇ، ئىنسانلار يەككىلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇ باپتىكى «يەككىلىك» — بىئولوگىيىلىك، ئىجتىمائىيلىقى بولغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بارلىق كونكرېت ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

خاسلىق — يەككىلىكنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى، يەككىلىك بىلەن ئۇ ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزئارا رول ئوينىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. بىر ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئەمدىلا تۇغۇلۇشى بىلەنلا مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتتا تۇرىدۇ، دەۋر ۋە جەمئىيەت ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇنى مەركۇر جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇلى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىتقا نىسبەتەن ھەرخىل ئىنكاس قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، مۇھىتقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۋېلىشقا بولىدۇكى، يەككىلىكنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى، ئەتراپتىكى مۇھىتقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلىغا باغلىق بولىدۇ. يەككىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى يەككىلىكنىڭ خاسلىق جەريانىدۇر.

يەككىلىك بىلەن خاسلىقنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى: ئىنسانلار يەككىلىكى — ئىرقنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىرسىيەتنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى. شۇڭلاشقا يەككىلىك ھەم فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە، ھەم پسىخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەككىلىكنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا يەككىلىكنىڭ ھەممىسى خاسلىققا ئىگە بولمايدۇ. مەسىلەن، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ خاسلىقى بولمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يەككىلىك ئۇقۇمى خاسلىق ئۇقۇمىدىن كەڭرەك بولىدۇ.

يەككىلىك بىلەن خاسلىق گەرچە پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك باغلىنىش مەۋجۇت. ئادەتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەككىلىكى بولمىغان خاسلىق مەۋجۇت ئەمەس، خاسلىق بولمىغان يەككىلىكمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. خاسلىق يەككىلىكنىڭ خاسلىقى بولۇپ، ئۇ يەككىلىكتە مەۋجۇت بولىدۇ.

## 3. خاسلىق ۋە خاراكتېر

پسىخولوگىيىدە قوللىنىلغان «خاسلىق» ۋە «خاراكتېر» دېگەن بۇ ئىككى سۆز، چەت تىلدىن تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمىدىكى سەۋەب ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە ئېلىمىزنىڭ پسىخولوگىيە ساھەسى ئېنگلىز تىلىدىكى personality دېگەن سۆزنى خاراكتېر، رۇس تىلىدىكى ЛИЧНОСТЬ دېگەن سۆزنى خاسلىق دەپ تەرجىمە قىلغان، ئەمەلىيەتتە خاسلىق بىلەن خاراكتېرنىڭ مەزمۇنى بىردەك.

personality دېگەن سۆز لاتىنچە persona دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئارتىسلار سەھنىدە ئويۇن قويغاندا يۈزىگە تاقىۋالىدىغان نىقابنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى زاماندا، بۇ خىل نىقابنى تاقىۋېلىش ئويۇندىكى پېرسوناژ پسىخىكىسىنىڭ مەلۇم خىل تىپىنى ئىپادىلىگەن، ئەگەر ئالغان رولى ئوخشىمىسا، يۈزىگە تاقىۋالغان نىقابمۇ ئوخشاش بولمىغان، پسىخولوگىيە ئۇنىڭ مەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىر كىشىنىڭ كىشىلىك

تۇرمۇش سەھنىسىدە ئالغان رولىنىڭ خىلمۇخىل پسىخىك پائالىيەت خىسلەتلىرىنى خاراكتېر ياكى خاسلىق دەپ قارىدى.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خاراكتېر بىلەن خاسلىق پەقەت پسىخولوگىيە ساھەسىدىلا بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدىغان مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، باشقا ساھەدە بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن: كۈندىلىك تۇرمۇشتا، كىشىلەر دائىم ئېتىكا ئەخلاق نۇقتىسىدىن «خاراكتېر» سۆزىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىگە باھا بېرىدۇ. بەزىلەرنى يۇكسەك ئىنسانىي پەزىلەتلىك ئادەم دېسە، بەزىلەرنى پەزىلەتسىز ئادەم دېيىشىدۇ. بۇ يەردىكى «خاراكتېر» سۆزى ئەخلاق ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن قوللىنىلغان. ئۇندىن باشقا، ئومۇمەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا خاسلىق سۆزى قوللىنىلغاندا، كىشىلەر دائىم بىر كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىلا تەكىتلەيدۇ. بۇ پەقەت پسىخولوگىيىدىكى خاراكتېر ياكى خاسلىقنىڭ قىسمەن مەزمۇنىنىلا ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئىلمىي پسىخولوگىيىدىكى خاسلىقنىڭ تولۇق مەنىسى ئەمەس.

## 2. خاسلىق ئالاھىدىلىك

### 1. خاسلىقنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى

خاسلىق ئالدى بىلەن بىر كونكرېت ئادەمنىڭ پسىخىك قىياپىتىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى ماقال-تەمسىللەردە ئېيتىلغىنىدەك «كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلى بۆلەك، بۆلەك بولغىنىدەك، كۆڭلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ». ھەربىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان خاسلىق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. مەيلى قېرىنداش ئاكا-ئۇكا بولسۇن، قوشكېزەك ھەدە-سىڭىل بولسۇن، ئۇلارنىڭ پسىخىك قىياپىتى پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمنىڭ خاسلىقى ئۆزگىچە بولىدۇ. دۇنيادىكى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، يازغۇچى تىپىك، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ئەدەبىي پېرسوناژلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتالىغان. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسىرى «سۇ بويىدا» دىكى بىر يۈز سەككىز ئەزىمەتنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزگىچە خاسلىقىنىڭ ئاربلاشتۇرۇۋېتىلمىگەنلىكى دەل شى

نەيئەنىنىڭ پېرسوناژ خاسلىقىدىكى ئۆزگىچىلىكىنى چىڭ تۇتقانلىقىدا، خاسلىقنىڭ ئۆزىگە خاسلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پىسخىك جەھەتتىكى ئورتاقلىقنى چەتكە قاقمايدۇ. خاسلىق مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئوخشاش تۇرمۇش مۇھىتىدىكى كىشىلەر، مەسىلەن، بىر كوللېكتىپ، بىر مىللەت، بىر سىنىپ كىشىلىرى پىسخىك جەھەتتە بەزى ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ. تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، جۇڭگولۇقلار ئۇزۇن مۇددەت كۇڭزى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن خاراكتېر جەھەتتە ئەنئەنىلىكى كۈچلۈك، كەمتەر ۋە خۇش پېئىللىق، ئىنائەتمەن، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئېتىبار بېرىشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

خاسلىقنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى بىلەن ئورتاقلىقى بىردەك خاسلىقنىڭ ئورتاقلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاسلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خاسلىقنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى يەنە كېلىپ ئورتاقلىقنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى، كونكرېت شەخستە خاسلىقنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى بىلەن ئورتاقلىقى ئورگانىك بىر گەۋدە.

## 2. خاسلىقنىڭ تۇراقلىقلىقى

خاسلىق نىسپىي تۇراقلىق بولغان پىسخىك پەزىلەتتۇر. دەل مۇشۇنداق تۇراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بىر كىشىنى پىسخىك قىياپەت جەھەتتە يەنە بىر كىشىدىن پەرقلەندۈرگىلى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاسلىقىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. خاسلىقنىڭ تۇراقلىقلىقى ئىككى جەھەتتىكى مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاسلىقنىڭ شەكىللىنىشىدىن قارىغاندا، خاسلىق ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا بار بولمايدۇ. بەلكى ئىرسىيەت ئاساسىدا مۇھىتنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. مەلۇم خىلدىكى خاسلىق شەكىللەنگەندىن كېيىن تۇراقلىق بولىدۇ. خاسلىقنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن قارىغاندا، خاسلىق ھەمىشە ئىزچىل ئىپادىلىنىدىغان، نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان پىسخىك ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ. ۋاقىتلىق، تاسادىپىي ئىپادىلەنگەن پىسخىك ھادىسىلەر خاسلىق ھېسابلانمايدۇ.

خاسلىقنىڭ تۇراقلىقى نىسپىي بولىدۇ. رېئال تۇرمۇش مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرى شەكىللەنگەن خاسلىق پىسخىكا ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. بولۇپمۇ

تەلىم-تەربىيە ۋە يەككىنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش ئارقىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. خۇددى: «شەكىللەنمىگەن خاسلىقنى شەكىللەندۈرۈشكە، شەكىللەنگەنلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولغىنى» دەك، «قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن كۆزقاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ ئەۋرىشىملىك خۇسۇسىيىتىنىڭ دەرىجىسى ھەرقانداق ياشتىكى كىشىلەردە ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ. ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەۋرىشىملىك خۇسۇسىيىتى قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭكىدىن نىسبەتەن چوڭراق بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى ياخشى خاسلىقنى يېتىلدۈرىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق مەزگىل ھېسابلىنىدۇ.

### 3. خاسلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى

خاسلىق نۇرغۇن تەركىب ۋە خۇسۇسىيەتلەردىن تەشكىللەنگەن، ئەمما ئۇلار بىر كىشىدە يەككە-يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماستىن، بەلكى زىچ باغلىنىپ ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ خاسلىقىدا ئىچكى باغلىنىش ۋە بىردەكلىك كەمچىل بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ خاسلىقى مۇكەممەل بولمىغان بولىدۇ. ئىلىشىپ قېلىش كېسەللىكى بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل دائىم ئۇچرايدىغان روھىي كېسەللىكتۇر.

خاسلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى خاسلىقنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرىنىڭ ئىچى بىردەكلىكتە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى خاسلىقنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغاندا ئىگە بولىدىغان كۆپ قاتلاملىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. قىممەت قارىشىنىڭ خاسلىققا نىسبەتەن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى باشقا خاسلىق ئامىللىرىغا نىسبەتەن تەڭشەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى دېمەي تۇرايلى. بىر خىلدىكى خاسلىق ئامىلى، مەسىلەن، ئېھتىياجنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرى تەرەققىي قىلىشىدىمۇ بىرقانچە ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات سەۋىيىسى بولىدۇ. قىسقىسى بىر پۈتۈنلۈك بولۇش سۈپىتى بىلەن خاسلىق بىر كۆپ قاتلاملىققا، كۆپ تەرەپلىككە، كۆپ ئۆلچەملىككە ئىگە، تۆۋەن دەرىجە ۋە يۇقىرى دەرىجە پەرقى، ئاساسلىقى ۋە قوشۇمچە پەرقى، رەھبەرلىك قىلىش ۋە بويسۇنۇش پەرقى بولغان ئىنتايىن مۇرەككەپ سىستېما.

### 4. خاسلىقنىڭ ئىجتىمائىيلىقى

ئادەم جانلىق مەۋجۇدات، شۇنداقلا ئىجتىمائىي مەۋجۇدات. ھەربىر ئادەم دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرگە ئىگە ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشايدۇ. جەمئىيەت ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇنى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان ئەزاغا ئايلاندۇرىدۇ. يەككىلىك مەزكۇر جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتكە ماسلاشقان خاراكتېرىنى شەكىللەندۇرۇش، مەزكۇر جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىدىغان ھەرىكەت ئۇسۇلىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ خاسلىقى مۇقەررەر يوسۇندا ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدۇ. خاسلىقنىڭ ئىجتىمائىيلىقى خاسلىقنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدۇر.

خاسلىقنىڭ ئىجتىمائىيلىقى خاسلىقنىڭ تەبىئىيلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بىز خاسلىقنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى تەكىتلىگەندە، خاسلىق تەرەققىياتىنىڭ جانلىقلاردىكى شەرت قىلىشچانلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. چۈنكى، يەككىلىكنىڭ ئېرسىيەت گېنى ۋە جانلىقلار خۇسۇسىيىتى خاسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى بىئولوگىيىلىك ئاساسىنى ھاسىل قىلىپ، خاسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئېرسىيەت گېنى ۋە جانلىقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى خاسلىق تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى ئالدىن بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، ياۋايى ھايۋاناتلار بېقىپ چوڭ قىلغان ئىنسانلارنىڭ پەرزەنتلىرى گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئېرسىيەت ساپاسىغا، خاسلىق تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي ئاساسىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار كىچىكىدىنلا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا، ئەڭ ئاخىرى ئىجتىمائىيلىققا، ئادەمنىڭ خاسلىقىغا ئىگە بولمايدۇ.

## 3. خاسلىقنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسى

خاسلىقنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا، خاسلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي تەركىب ۋە ھەرقايسى تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى تەتقىق قىلىش، شۇ ئارقىلىق خاسلىق پىسخىكىسىنىڭ

ماھىيىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئىلىمىزنىڭ پسىخولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە خاسلىق: مايىللىق ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمدىن تۈزۈلگەن.

## 1. خاسلىق مايىللىقى

خاسلىق مايىللىقى ئادەمنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. خاسلىق قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ جانلىق ئامىل. ئۇ شەخسنىڭ شەيئىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتىنىڭ يۆزلىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى ئېھتىياج، مۇددىئا، قىزىقىش ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خاسلىق مايىللىقى، ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرگەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى نىسبەتەن مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئادەم ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ پاسسىپ مەھسۇلى ئەمەس، دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا خاسلىق مايىللىقى ئادەمنى ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە ۋە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى ئاكتىپلىقى بىلەن ئۆز ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ، مەقسەتلىك تاللاشچانلىقى بولغان ھالدا ئوبيېكتىپ رېئاللىققا نىسبەتەن ئىنكاس قايتۇرغۇزىدۇ.

خاسلىق مايىللىقى خاسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئادەمنىڭ بارلىق پسىخىك پائالىيەتلىرىگە قارىتا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە كونترول قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ كۈچلۈك بىلىم ئېلىش ئېھتىياجى بولسا، ئۇنداقتا بۇ خىل يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان پسىخىك مايىللىق ئۇنى ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشكە ھەمدە ئۇنىڭ بىر خىل ھاياجانلىق كەيپىيات ھالىتىدە ئۆگىنىشتىكى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى ئۆزلۈكسىز يېڭىپ، ئالدىن كۆزلەنگەن ئۆگىنىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر بىر ئادەم ئۆگىنىشكە قىزىقمىسا، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئارزۇسى بولمىسا ئۇنداقتا، ئۇنىڭدا ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قارىتا قارشىلىشىش كەيپىياتى تۇغۇلىدۇ. ئۆگىنىشتىكى زۆرۈر بولغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەيدۇ.

خاسلىق مايىللىقى خاسلىقنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىدا يەككە-يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ. شەخسنىڭ قىممەت قارىشى، مۇددىئاسى،

قىزىقىشى قاتارلىق خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، خاسلىق پسىخىك مايىللىق پەقەت خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك ئارقىلىقلا ئىپادىلەنمەيدۇ. خاسلىق مايىللىقى بىلەن خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك بىر-بىرى بىلەن باغلانغان، بىر-بىرىنى شەرت قىلغان بولۇپ، خاسلىقنى ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. شەخسنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى روشەن تۈسكە ئىگە قىلىدۇ.

## 2. خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك

خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك، شەخسنىڭ بىرقەدەر تۇراقلىق بولغان پسىخىك ئامىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىقى، قابىلىيەت، مىجەز ۋە خاراكتېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشىمىغان شەخسلەرنىڭ تۇغما ئىرسىيەت ساپاسى ۋە ئۇچرىغان مۇھىت تەسىرى ئامىلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكىدە نىسبەتەن زور پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. پسىخولوگىيىدە پسىخىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى پەرقلەرنى خاسلىق پەرق دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك خاسلىق قۇرۇلمىسىدىكى نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان تەركىب. ئۇ تۇراقلىق بولغان پسىخىك پائالىيەت ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى خاسلىق پەرقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىي ھەرۋاقىت ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەخسمۇ ھەرۋاقىت بۇ تەسىرلەرگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. لېكىن، بۇ قوزغىتىش ۋە ئىنكاسلار ھەمىشە كونكرېت شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت بولغاچقا، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى ئۆزئارا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇشى ناتايىن.

دېمەك، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى يەككىلىك قابىلىيەت، مىجەز ۋە خاراكتېر قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

يەككىلىكنىڭ شەكىللىنىپ بولغان خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكى. نۆۋەتتىكى پسىخىك پائالىيەت جەريانىغا قاتنىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە نۆۋەتتىكى پسىخىك پائالىيەتكە قارىتا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى

ئوينايدۇ.

خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۈچ خىل ئامىلى بولغان قابىلىيەت، مىجەز ۋە خاراكتېر ئۆزئارا بىر-بىرىگە سىڭىشىپ بىر-بىرىنى شەرت قىلىپ بىر پۈتۈنلۈك ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

## 2 § . خاسلىق مايىللىقى

### 1. ئېھتىياج

#### 1. ئېھتىياج توغرىسىدىكى ئۇقۇم

ئېھتىياج — يەككىلىكىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنىڭ ئادەم مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشى. ئېھتىياج دائىم ئىنتىلىش، ئىستەك ۋە مۇددىئا شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. يەككىلىك ئېھتىياج ۋە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق، ئۆزى بىلەن سىرتقى مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى قامدايدۇ.

ئېھتىياج — رېئال تەلەپنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە نەسىل قالدۇرۇش ئۈچۈن، جانلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، خاتىرجەم ياشاش ۋە ئەۋلادلارنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ تەلەپ بولىدۇ. ئورگانىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ تەلەپلەر مېڭىدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ھەمدە سۇبيېكتىپنى تەسىرلەندۈرۈپ، يېمەكلىككە ئېرىشىش، مۇداپىئەلىنىش ۋە جىنسىي جەھەتلەردىكى تەلەپكە ئايلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى تەلەپلەر ئادەم بىلەن ھايۋاندا ئورتاق بولىدۇ. ئادەم ئىجتىمائىي مەۋجۇدات، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئىجتىمائىي مەۋجۇداتقا قارىتا مۇناسىپ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ تەلەپلەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ خىزمەت، ئەمگەك، ئۆگىنىش، ئالاقە قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئىجتىمائىي تەرەپلەردىكى ئېھتىياجى شەكىللىنىدۇ. بۇ تۈردىكى ئېھتىياجلار پەقەت ئادەمگىلا خاس بولىدۇ.

ئېھتىياجدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ:

(1) ئوبيېكتىپلىقى. ئېھتىياج ھەمىشە مۇئەييەن ئىشقا بولغان تەلەپكە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: يېمەكلىك، بىلىم، جورا قاتارلىقلار ھەمدە ئوبيېكتتا قانائەتكە ئېرىشىلىدۇ. (2) جىددىيلىشىش خاراكتېرى. ئادەم قانائەتكە ئېرىشىشكە تىرىشقان. ئەمما، قانائەتكە ئېرىشەلمىگەن جەرياندا دائىم بىر خىل جىددىيلىشىش كەيپىياتى، بىئارام بولۇش كەيپىياتى، قانائەتسىزلىك كەيپىياتى ياكى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقتىن قورقۇشتەك تەشۋىشلىنىش كەيپىياتىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئېھتىياج قانچە كۈچلۈك بولسا جىددىيلىشىش دەرىجىسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئېھتىياج قانائەتلەنگەندىن كېيىن جىددىيلىشىش پەسىيىدۇ، يوقىلىدۇ. (3) قوزغىتىشچانلىقى. ئېھتىياج بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا، ئادەمنىڭ قانائەت تېپىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر خىل كۈچكە ئايلىنىپ، ئادەمنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئېھتىياج شەخسنىڭ پائالىيىتىنى ئاكتىپلاشتۇرىدىغان مەنبە. ئومۇمەن، ئېھتىياجنىڭ سىجىللىقى قانچە چوڭ بولسا، پائالىيەتنىڭ ئاكتىپلىقىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. (4) دەۋرىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئادەمنىڭ بەزى ئېھتىياجلىرى، بولۇپمۇ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى ئۈزلۈكسىز تەۋرىنىپ ياكى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بەزى ئېھتىياجلار ئىزچىل قانائەت تاپالمىسا، ئۇنداقتا بۇ خىل ئېھتىياجلار ياكى ئاستا-ئاستا ئاجىزلىشىدۇ ياكى تېخىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. (5) تەرەققىي قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە. ئادەمنىڭ ئېھتىياجى بىرخىللا، جىمجىت بولمايدۇ. دائىم كونا ئېھتىياج قانائەتلەنگەندىن كېيىن، يەنە يېڭى ئېھتىياج بارلىققا كېلىدۇ ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئېھتىياج ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئېھتىياج شەكىللىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئېھتىياجى چەكسىز بولىدۇ.

## 2. ئېھتىياجنىڭ تۈرلىرى

ئېھتىياجنىڭ مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ ئېھتىياجى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياج دەپ ئايرىلىدۇ.

فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج، يەنى تەبىئىي ئېھتىياج دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئورگانىزمنىڭ شەخسنىڭ ھاياتى، بىخەتەرلىكى ۋە ئىرقىي داۋاملاشتۇرۇشنى قوغداش يۈزىسىدىن بارلىققا كەلتۈرگەن ئېھتىياجنى،

مەسىلەن، يېمەك-ئىچمەك، ئۇخلاش، دەم ئېلىش، سىرتقا چىقىرىش، جىنسىي ئېھتىياج قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ تۈردىكى ئېھتىياجلار ئەڭ تۆۋەن چەكتىمۇ قانائەتلەندۈرۈلمىسە، ئۇنداقتا ئورگانىزم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، نەسلىمۇ تۈگەيدۇ. فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ئادەم ۋە هايۋانلارغا ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى بىلەن هايۋانلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى ماھىيەت جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، روشەن ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «ئاچارچىلىق هامان ئاچارچىلىق، ئەمما ۋىلكا، پىچاق بىلەن پىششىق گۆشنى يەپ قورساق تويغۇزۇش، قول، تىرناق ۋە چىش بىلەن خام گۆشنى يەپ قورساق تويغۇزغانغا ئوخشىمايدۇ.»[1]

ئىجتىمائىي ئېھتىياج — ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئېھتىياج. مەسىلەن، ئەمگەك قىلىش، ئالاقە باغلاش، بىلىم ئېلىش، كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، نام-ئاتاققا ئېرىشىش قاتارلىق ئېھتىياجلاردۇر. ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئىنسانلارغا خاس بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئېھتىياج بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. بۇ تۈردىكى ئېھتىياج ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ساقلاش، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋە ئاڭ فورماتسىيىسى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدا روشەن پەرقلەر بولىدۇ.

ئېھتىياج ئوبيېكتىپ خاراكتېرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن يەنە ماددىي ئېھتىياج ۋە مەنىۋى ئېھتىياج دەپ ئايرىلىدۇ.

ماددىي ئېھتىياج — ماددىي تۇرمۇش شارائىتىغا بولغان ئېھتىياج. مەسىلەن، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماددىي بۇيۇملارغا بولغان ئېھتىياج، ئەمگەك قوراللىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياج قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ماددىي

---

[1] «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، 1995-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2-توم 10-بەت.

ئېھتىياجنىڭ بەزىلىرى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجغا، بەزىلىرى ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا تەۋە بولىدۇ.

ماددىي ئېھتىياج — ئادەمنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى ئاساس خاراكتېرلىك ئېھتىياج بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ.

مەنىۋى ئېھتىياج — ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەنىۋى تۇرمۇشى ھەمدە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى. مەسىلەن، بىلىم ئېلىش ئېھتىياجى، ئېستېتىك ئېھتىياجى، دوستلۇق ئېھتىياجى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەنىۋى ئېھتىياج ئادەمگىلا خاس بولغان ئېھتىياجدۇر.

## 3. ئېھتىياجنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قاتلىمى

ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ئادەمنىڭ باشقا پسىخىكىسىغا ئوخشاش ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە يەككىلىكنىڭ ئېھتىياج تەرەققىياتى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجدىن ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا، تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياجدىن يۇقىرى قاتلامدىكى ئېھتىياجغا تەرەققىي قىلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئېھتىياجنىڭ تەرەققىياتى يەككىلىكنىڭ كېيىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق پسىخىك قاراش، بىر ئادەمنىڭ ئېھتىياجى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدىغان بولۇپ، يەككىلىكنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتكە قاتنىشىشى جەريانىدا، جەمئىيەتنىڭ تەسىرى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەككىلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئىپادىلەپ، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە يېڭى ئېھتىياجىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. يەككىلىك پائالىيەت ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تەسىرى ۋە تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا جەمئىيەت تەلەپ قىلغان ئۇسۇل ۋە شارائىت بىلەن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە تەڭشەشنى ئۆگىنىدۇ. يەككىلىكنىڭ ئېھتىياجىنىڭ تەرەققىي قىلىشى يەككىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا يەككىلىكتە ئېخىمۇ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىچكى سەۋەب.

ئېھتىياجنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىشى تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت جەريان ياكى قاتلامنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ

جەھەتتە، ئامېرىكىلىق داڭلىق پسىخولوگ A. H. ماسلوۋ (A. H. Maslow) نىڭ ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيىسى بىرقەدەر تەسىرىگە ئىگە تەلىماتتۇر.

ماسلوۋنىڭ ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيىسى ئادەمدە نۇرغۇن ئېھتىياج بولىدۇ. بۇ ئېھتىياجلار بىر قاتلاملىق سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياج — فىزئولوگىيىلىك ئېھتىياج. بۇنىڭدىن باشقا بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە مۇھەببەت ئېھتىياجى، ھۆرمەت ئېھتىياجى بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى قاتلامدا تۇرىدىغىنى ئۆز-ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىياجى.




1.4-رەسىم. ماسلوۋنىڭ ئېھتىياج قاتلىمى ئەندىزىسى

ماسلوۋنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئېھتىياجى — فىزئولوگىيىلىك ئېھتىياج يېتەرلىك دەرىجىدە قاندۇرۇلغاندىن كېيىن بىخەتەرلىك ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ. مۇشۇ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە مۇھەببەت ئېھتىياجى بارلىققا كېلىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ قاتلامدىكى ئېھتىياج قاندۇرۇلغاندىلا ھۆرمەت ئېھتىياجىنى ئاندىن تولۇق تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. ئالدىنقى تۆت خىل سەۋىيىدىكى ئېھتىياجىنىڭ ھەممىسى قاندۇرۇلغاندىلا ھۆرمەت ئېھتىياجى ئاندىن تولۇق تەرەققىي قىلالايدۇ. ئالدىنقى تۆت خىل سەۋىيىدىكى ئېھتىياجىنىڭ ھەممىسى قاندۇرۇلغاندا ئۆز-ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىياجى ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىياجى — ماسلوۋنىڭ ئېھتىياج سىستېمىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى قاتلام بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماسلوۋنىڭ قارىشىچە «مۇزىكانت ئىشلىشى، رەسسام رەسىم سىزىشى، شائىر شېئىر يېزىشى كېرەك. بولمىسا ئۇلار ھەرگىز تىنچ تۇرالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئۇ ئېھتىياج ئۆز-ئۆزىنى ئەمەلگە

ئاشۇرىدىغان ئېھتىياج دەپ ئاتىلىدۇ»، «ئۆزىنى ئۆزى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەبىئىي قابىلىيەت، يوشۇرۇن كۈچ قاتارلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دەپ تەسۋىرلەش مۇمكىن. بۇ خىل كىشىلەر ئۆزىنىڭ بارلىق قابىلىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ».① ماسلوۋ ئۆز-ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى — ئادەمنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ۋە ئىجاد قىلىش كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشتا دەپ قارايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى ئۆز غايىسىدىكى ئادەمگە ئايلاندۇرۇش.

ماسلوۋنىڭ ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيىسى يەنە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئېھتىياج ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بىراق ئېھتىياجنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى چوقچىيىپ چىققان، ئۈزۈك ھالەتتىكى پەلەمپەيسىمان نەرسە ئەمەس ھەمدە ھەربىر تۆۋەن دەرىجىدىكى ئېھتىياج تولۇق قاندۇرۇلغاندىن كېيىن بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىدىكى ئېھتىياج ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس، ئۇ كۆپىنچە دولقۇنسىمان تەرەققىي




2.4-رەسىم. ئېھتىياجنىڭ تەدرىجىي ئۆلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

① [ئامېرىكا] ماسلوۋ: «ئۆزىنى ئۆزى ئىشقا ئاشۇرىدىغان كىشىلەر»، شۈجىنىشىنىڭ تەرجىمىسى، سەنلىيەن كىتابخانىسى 1987-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2-بەت.

قىلىش خاراكتېرىدە بولىدۇ. ئوخشىمىغان ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستۇنلۇك بىر دەرىجىدىن يەنە بىر دەرىجىگە نەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ[1] (4.2-رەسىمگە قاراڭ).

## 2. مۇددىئا

### 1. مۇددىئا توغرىسىدىكى ئۇقۇم

مۇددىئا — ئادەمنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولۇپ مۇئەييەن مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى مۇئەييەن مۇددىئا بارلىققا كەلتۈرىدۇ، مۇددىئا — ئادەم پائالىيىتىنىڭ بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ياكى يوقىتىدىغان بىر خىل ئىچكى سەۋەب.

مۇددىئا كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتىدە تۆۋەندىكىدەك ئىقتىدارىغا ئىگە:

1. قوزغىتىش رولى

كىشىلەرنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى مۇئەييەن مۇددىئا قوزغىتىدۇ. مۇددىئا ھەرىكەتكە قارىتا قوزغىتىش رولىنى ئوينايدىغان ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، مۇددىئانىڭ خاراكتېرى ۋە سىجىللىقى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىش رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

2. كۆرسىتىش رولى

مۇددىئا پائالىيەتلەرنى قوزغىتىپلا قالماستىن، بەلكى بىر كىشىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە مۇئەييەن نىشان ۋە ئوبيېكت كۆرسىتىپ بېرىپ ھەرىكەتكە قارىتا يول باشلاش رولىنى ئوينايدۇ.

3. قامداش رولى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشىدىن مەقسەت ھاسىل بولغۇچە ياكى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولغان جەريان كېرەك، بولىدۇ. مۇددىئا شەخسنىڭ

---

① «ئامېرىكا» كرېچ قاتارلىقلار تۈزگەن «پسىخولوگىيە تىزىسى»، جوۋ شيەنگېڭ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، مەدەنىيەت مائارىپ نەشرىياتى 1981-يىلى خەنزۇچە نەشرى 2-قىسىم 385-بەت.

ھەرىكىتىنىڭ بىر مەزگىل داۋاملىشىشىغا، سىجىل ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مۇددىئا — ئىش-ھەرىكەتنىڭ سىجىل ئېلىپ بېرىلىشىنى ساقلايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

4. تەڭشەش رولى

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇددىئا ئىش-ھەرىكەتلەرگە بولغان قوزغىتىش، كۆرسىتىش ۋە قامداش قاتارلىق ئىقتىدارى. دەل ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارىتا تەڭشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بۇ يەردە دېيىلگىنى تار مەنىدىكى مۇددىئانىڭ تەڭشەش ئىقتىدارى بولۇپ، ئۇ مۇددىئانىڭ يەككىلىك ھەرىكىتىنىڭ سېخىيلىق، ۋاقىت ۋە يۆنىلىشىگە قارىتا تەڭشىشىنى كۆرسىتىدۇ. مۇددىئا يەككىلىكنىڭ پائالىيىتىگە قارىتا ئۈزلۈكسىز تەڭشەش ئېلىپ بارغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتى كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيدۇ.

ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ھەمىشە مۇئەييەن مۇددىئانىڭ قوماندانلىقىدا ۋە تەڭشىشىدە بولىدۇ. مۇددىئا — ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئىچكى سەۋەب، ئىش-ھەرىكەت مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تاشقى پائالىيەت، كىشىلەردىكى مۇددىئانىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى تۈپەيلىدىن، كىشىلەرنىڭ مۇددىئاسى بىلەن ئىش-ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، مۇددىئا بىلەن ئىش-ھەرىكەت بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ. بەزىدە بىر خىل ئىش-ھەرىكەت كۆپ خىل مۇددىئانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن، مۇددىئا بىلەن ئىش-ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپلىك يەنە مۇددىئا بىلەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمىگە پۈتۈنلەي بىردەك بولماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، مۇددىئا بىلەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى بىردەك بولىدۇ. بۇنداق بىردەك بولماسلىق ئەھۋالىنىڭ كۆرۈلۈشىدىكى سەۋەب، سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئالدىن كۆزلىگەن ئۈنۈمدىن ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئۆتۈشتە بىر جەريان بولىدۇ. بۇ جەرياندا مۇددىئانىڭ ئۆزىگە بولغان تونۇشى، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلىغا بولغان تونۇشى، ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە شەخسنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مېڭىسىدە شەكىللەنگەن پائالىيەت مۇددىئاسى بىلەن ئەمەلىي رول ئوينىغان مۇددىئا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارلىققا كېلىپ، مۇددىئا بىلەن

ئۈنۈمىنىڭ بىردەك بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خۇددى «ياخشى نىيەت بىلەن يامان ئىش قىلىپ قويغاندەك».

مۇددىئا — بىر خىل ئىچكى ئامىل بولغاچقا، بىۋاسىتە كۆزىتىشكە مۇمكىن بولمايدۇ. ئەمما، بۇ كىشىلەرنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگىلى بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مۇددىئا ھەمىشە ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭلاشقا ئىش-ھەرىكەتنىڭ سىجىللىقى ۋە سوزۇلۇشچانلىقىغا ئاساسەن مۇددىئانىڭ سىجىللىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. قىسقىسى، بىر كىشىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئۇزۇن مۇددەت كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا شۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

## 2. مۇددىئانىڭ پەيدا بولۇش جەريانى

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇددىئا — ئېھتىياج ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ، ئەمما كونكرېت ئەھۋالدا، يەككىلىك ئىگە بولغان ھەرخىل ئېھتىياجلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە ماس ھالدىكى مۇددىئانى بارلىققا كەلتۈرەلىشى ناتايىن.

بىرىنچى، پەقەت ئېھتىياجنىڭ سىجىللىقى بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن مۇددىئاغا ئايلىنالايدۇ. بىخ ھالىتىدىكى ئېھتىياج ئورگانىزمدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل يېتىشمەسلىك ياكى تەڭپۇڭسىزلىق سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن بىر خىل ئەنسىزلىك ھېسسىياتى، ئۇنىڭ سىجىللىقى نىسبەتەن ئاجىز بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئېنىق ھېس قىلالمايدۇ. غۇۋا ھېس قىلىدىغان، پارچىلانمىغان ئېھتىياج ئىنتىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. يەككىلىك مەلۇم خىل ئىنتىلىشكە ئىگە بولغاندا، مۇئەييەن ئىش-پائالىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن، بىراق ئىش-پائالىيەت ئاساسلانغان كونكرېت ئېھتىياجنى ئايدىڭلاشتۇرالىشى ناتايىن. شۇنىڭ بىلەن ئىش-ھەرىكەتكە قارىتا توغرا بولغان تەڭشەش-تىزگىنلەش كەمچىل بولىدۇ. ئېنىق ھېس قىلىنغان ھەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلىغان ئېھتىياج — ئارزۇ دەپ ئاتىلىدۇ. پەقەت مېڭىدىلا ساقلىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتە كۆرسىتىلمىگەن بۇ خىل ئارزۇ يەككىلىكنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇددىئاغا ئايلىنالمايدۇ. ئېھتىياجدىن مۇددىئاغا ئۆتۈشتە ھامان بىر جەريان كېرەك بولىدۇ.

ئىككىنچى، يەككىلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرى مۇددىئا ۋە ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش-كەلتۈرەلمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن ئىچكى قوزغاتقۇچ كۈچ بەلگىلەپلا قالماستىن، يەنە ئېھتىياجى بىلەن ماسلاشقان تاشقى پەيدا قىلغۇچى سەۋەب بولۇشى كېرەك. پەيدا قىلغۇچى سەۋەب دېگىنىمىز — يەككىلىكنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان قوزغاتقۇچى ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ. پسىخىكا تەجرىبىسىنىڭ ئىپادىلىشىچە، ئىچكى قوزغاتقۇچى كۈچ ئورگانىزمنىڭ مۇددىئا ھەرىكىتىگە بىۋاسىتە تۈرتكە بولالمايدۇ. پەقەت ئۆزگىرىش ۋە تەييارلىق ئىنكاس ھالىتىدە تۇرۇشىغىلا سەۋەب بولالايدۇ، پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلا ئورگانىزمدا مۇددىئانى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىش-ھەرىكەتكە تۈرتكە بولالايدۇ. پەيدا قىلغۇچى سەۋەب بولغاندىلا، ئارزۇ كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇددىئاغا ئايلىنالايدۇ. مەسىلەن، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى كومپيۇتېر مەشغۇلاتى ئۆگىنىشنى ناھايىتى ئۈمىد قىلىسمۇ، لېكىن كومپيۇتېرغا يېقىنلىشىشقا پۇرسەت بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىنى ئۆگىنىش ئارزۇسى بار دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىدە كومپيۇتېر بولسا ياكى مەكتەپتە كومپيۇتېر تەربىيىلەش سىنىپىنى ئاچقان بولسا، ئۇنداقتا، ئوقۇغۇچىنىڭ كومپيۇتېر ئۆگىنىش ئارزۇسى كومپيۇتېر ئۆگىنىش مۇددىئاسىغا ئايلىنىدۇ. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە، پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىغا بولغان رولىغا ئېتىبار بېرىش مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوقۇتۇشتىكى ئاساسىي ۋاستە ئوقۇغۇچىلارنى زۆرۈر بولغان پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ تۇغۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈش.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇددىئانىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ئىنتايىن بىر مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، يەككىلىك پەقەت تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەن ئىچكى ئېھتىياج ۋە تاشقى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنىڭ ئۇنىۋېرسال رول ئويىنىشى ئارقىلىقلا ھەرىكەت مۇددىئاسىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. مۇددىئا — ئىچكى قوزغاتقۇچ كۈچ بىلەن پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنىڭ ئورتاق رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئىچكى قوزغاتقۇچ كۈچ — ئېھتىياج ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. جەلپ قىلىش ئاملى ئېھتىياجىنى

قاندۇرىدىغان تاشقى قوزغاتقۇچ ماددىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت مۇددىئاسىنى ئىچكى سەۋەب بىلەن تاشقى سەۋەب، ئىچكى سۇبيېكتىپ ئېھتىياج بىلەن تاشقى ئوبيېكتىپ ئىشلار بىرلىكتە چەكلەيدۇ ۋە بەلگىلەيدۇ.

## 3. مۇددىئانىڭ تۈرلىرى

ئىنسانلارنىڭ مۇددىئاسى مۇرەككەپ ھەم كۆپ خىل بولىدۇ. ئوخشىمىغان تەرەپلىرىدىن مۇددىئانى ھەرخىل ئوخشىمىغان تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1. بىئولوگىيىلىك مۇددىئا ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرىدىكى مۇددىئا

بۇ مۇددىئا ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ئېھتىياجنىڭ مەنبەسىگە ئاساسەن ئايرىلغان. بىئولوگىيىلىك مۇددىئا فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج بىلەن ئۆزئارا باغلانغان، فىزىئولوگىيىلىك ئېھىياجنى ئاساس قىلغان مۇددىئانى كۆرسىتىدۇ. ئورگانىزمنىڭ يېمەكلىك، سۇ، تەركىب، ھاۋا ۋە خېيىمخەتەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش قاتارلىقلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيەت مۇددىئاسىنىڭ ھەممىسى جانلىقلار خاراكتېرىدىكى مۇددىئانى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي خاراكتېرىدىكى مۇددىئا — كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، كېيىن شەكىللەنگەن، نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇددىئانى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي مۇددىئانىڭ ئاساسلىقى ئالاقە مۇددىئاسى ۋە مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار. ئالاقە مۇددىئاسى — بىر كىشىنىڭ باشقىلار بىلەن يېقىنلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمدە دوستلۇقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى. ئۇ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ھېسسىياتنى قويۇقلاشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت بىلەن يەككىلىكنىڭ پىسخىكىسىنى ساغلام يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسى — بىر خىل نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي خاراكتېرىدىكى مۇددىئا بولۇپ، يەككىلىكنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزى مۇھىم ياكى قىممىتى بار دەپ قارىغان مەلۇم خىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھەمدە كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىشىغا ئىنتىلىدىغان ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

### 2 . ئىچكى سەۋەب خاراكتېرىدىكى مۇددىئا ۋە تاشقى سەۋەب خاراكتېرىدىكى مۇددىئا

بۇ — مۇددىئانىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىدا، ئېھتىياج ۋە جەلپ قىلىش ئامىلىنىڭ قايسىسىنىڭ يېتەكچى رول ئوينايدىغانلىقىغا ئاساسەن ئايرىلغان. ئىچكى سەۋەب خاراكتېرىدىكى مۇددىئا يەنە ئىچكى مۇددىئا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ يەككىلىكنىڭ ئىچكى پسىخىك ئامىلىدىن ئۆزگەرگەن مۇددىئادۇر. قىزىقىش، ھەۋەس قىلىش، باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشنى ياخشى كۆرۈش، شان-شەرەپ تۇيغۇسى، ئۆز-ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاستىدا، كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىش قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىچكى سەۋەب خاراكتېرىدىكى مۇددىئاغا ئايلىنىدۇ. ئىچكى سەۋەب خاراكتېرلىك مۇددىئانىڭ كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە قارىتا تۈرتكىلىك بولۇش كۈچى نىسبەتەن زور، داۋاملىشىدىغان ۋاقتىمۇ نىسبەتەن ئۇزۇن بولىدۇ. ئىچكى سەۋەب خاراكتېرلىك مۇددىئا قوزغاتقان پائالىيەت سۇبيېكتىپنىڭ مەلۇم خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، پائالىيەتنىڭ مۇەپپەقىيەت قازىنىش — يەككىلىككە نىسبەتەن ئەڭ زور مۇكاپاتتۇر، تاشقى سەۋەب خاراكتېرلىك مۇددىئا — تاشقى ئامىل پەيدا قىلغان مۇددىئانى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىش مۇددىئاسى ئادەتتىكى ئەھۋالدا، تاشقى ئامىل خاراكتېرلىك مۇددىئانىڭ تۈرتكە بولۇش كۈچى نىسبەتەن كىچىك، داۋاملىشىدىغان ۋاقتىمۇ نىسبەتەن قىسقا بولىدۇ. پەيدا قىلغۇچى سەۋەب يوقالسىلا، تاشقى شارائىت قوزغاتقان تاشقى سەۋەب خاراكتېرلىك مۇددىئامۇ ناھايىتى تېزلا رولىنى يوقىتىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىچكى سەۋەب خاراكتېرلىك مۇددىئا بىلەن تاشقى سەۋەب خاراكتېرلىك مۇددىئا كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلسە ئىش-ھەرىكەتكە قارىتا ئەڭ ياخشى تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

### 3 . قىسقا مۇددەتلىك مۇددىئا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك مۇددىئا

بۇ مۇددىئانىڭ ئىش-ھەرىكەتنى بىلەن نىشاننىڭ مۇساپىسى ھەمدە مۇددىئانىڭ سىجىل رول ئويناش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا ئاساسەن ئايرىلغان. قىسقا مۇددەتلىك مۇددىئا — يېقىن مەزگىللىك نىشان بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان بىرخىل مۇددىئانى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن،

بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەكشۈرۈشى، سوئال سورىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا دەرسلەرنى تەكرارلىشى قىسقا مۇددەتلىك مۇددىئاغا تەۋە بولىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك مۇددىئا بىرقەدەر كونكرېت، تەسىر كۆرسىتىش كۈچىمۇ بىرقەدەر كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىش-پائالىيىتىگە تۈرتكە بولىدىغان ئۈنۈملۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك مۇددىئا — مۇددىئانىڭ ئىش-ھەرىكىتى بىلەن ئۇزاق نىشان ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان بىرخىل مۇددىئانى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆگىنىش مۇددىئاسى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇددىئاغا تەۋە بولىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك مۇددىئانىڭ گەرچە ئىش-ھەرىكەتكە تۈرتكە بولۇش ئۇسۇلى بىرقەدەر ۋاسىتىلىك تەسىر كۈچى نىسبەتەن كىچىكرەك بولىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ، سىجىل رول ئويناش ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزاق بولىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك مۇددىئا بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك مۇددىئا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن غايەت زور تۈرتكە بولۇش كۈچىنى شەكىللەندۈرىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك مۇددىئا ئەگەر ئۇزاق مۇددەتلىك مۇددىئانىڭ قوللىشىغا ئېرىشسە، پائالىيەت تېخىمۇ ئاڭلىقلىشىدۇ، پائالىيەتنىڭ ئاكتىپلىقى ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك مۇددىئا ئەگەر قىسقا مۇددەتلىك مۇددىئا ئارقىلىق تولۇقلانسا، پائالىيەت تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇددىئانىڭ پائالىيەتتىكى ئورنى ۋە ئوينىغان رولىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن، مۇددىئانى يېتەكچى رول ئوينايدىغان مۇددىئا ۋە قوشۇمچە رول ئوينايدىغان مۇددىئا دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. مۇددىئانىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە ئاساسەن ئۇنى توغرا مۇددىئا ۋە ناتوغرا مۇددىئا دەپ ئايرىشقا بولىدۇ ۋەھاكازالار.

## 3. قىزىقىش

### 1. قىزىقىش توغرىسىدىكى ئۇقۇم

قىزىقىش — كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىل شەيئىنى بىلىشكە ئىنتىلىشى، مەلۇم خىل شەيئىنى تەكشۈرۈشى ياكى مەلۇم خىل پائالىيەت بىلەن

شۇغۇللىنىشىدىكى پسىخىك مايىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. قىزىقىش ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ قىزىققان شەيئىگە قارىتا ئالدىن دىققەت قىلىشىدا، ئۇندىن قالسا، قىزىقىش كىشىلەرنىڭ قىزىققان شەيئىگە قارىتا ئىنتىلىش كەيپىياتى ۋە خۇشاللىق كەيپىياتىدا بولۇش كەچۈرمىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر كىشىدە مەلۇم خىل شەيئىگە قارىتا قىزىقىش پەيدا بولسا، ئۇ شۇ شەيئىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. كۆزىتىش تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، تەپەككۇرى ۋە خىيالى جانلىنىپلا قالماستىن، بەلكى كەيپىياتىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ، قىيىنچىلىق يېڭىش ئىرادىسىمۇ كۈچىيىدۇ.

قىزىقىش — ئېھتىياج ئاساسىدا، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن، قىزىقىشنىڭ بارلىققا كېلىشى سۇبيېكتىپنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، سۇبيېكتنىڭ مەلۇم خىل ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ ئەتراپ مۇھىتتىكى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان شەيئىگە قارىتا قىزىقىشى بارلىققا كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ھەرخىل بولغاچقا ئۇلارنىڭ قىزىقىشىمۇ كۆپ خىل، بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ. ئېھتىياج ئۆزگەرسە، قىزىقىشمۇ ئۆزگىرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەت پائالىيىتى — قىزىقىشنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى، كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق قىزىقىشى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيەت دائىرىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، قىزىقىشنىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قىزىقىشنىڭ يەككىلىك پەرقى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەسىپىي پەرقىمۇ مەۋجۇت.

قىزىقىش كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئۆگىنىشى قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچى، قىزىقىش كىشىلەرنىڭ پسىخىك تۇرمۇش مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ. بىر كىشى تۇرمۇشقا قىزىققاندا، ئۇ تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقىنى، روھىي ھالىتىنىڭ خۇشاللىقى، قىزغىن كەيپىياتقا تولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر بىر كىشى ھېچنېمىگە قىزىقمىسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى مەززىسى يوق بولۇپ قالىدۇ، ئىچى پۇشۇپ ۋە زېرىكىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئىككىنچى، قىزىقىش بىلىمنى كۆپەيتىش كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئېچىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قىزىقىش بىر خىل ئالاھىدە بىلىش مايىللىقى، ئۇ كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى قوزغىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش

ۋە ئىزدىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ ھەمدە بىلىم ئېلىش بىلەن بىرۋاقىتتا ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۈچىنچى، قىزىقىش كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە قارىتا زور تۈرتكە بولۇش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، پائالىيەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ھەتتا پائالىيەت ۋەزىپىسىنى ئىجادىي يوسۇندا تاماملىشىغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، فىزىكا ئالىمى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر دىڭ جاۋجوڭ ئۆزىنىڭ پەن تەتقىقات كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر تەسىرلىك قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھەرقانداق پەن تەتقىقاتتا، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتكە قىزىقىش-قىزىقماسلىققا قاراش كېرەك ... مەسىلەن، مەن فىزىكا تەجرىبىسىگە قىزىقىمەن، شۇڭلاشقا مەن ئىككى كېچە-كۈندۈز، ھەتتا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇدا تەجرىبىخانىدا ئەسۋابلار بىلەن بىرگە بولالايمەن. ئۆزۈم ئىزدىنىۋاتقان نەرسىنىڭ بايقىلىشىنى تەشنالىق بىلەن ئۈمىد قىلىمەن» .

## 2. قىزىقىشنىڭ تۈرلىرى

كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى خىلمۇخىل بولغاچقا، ئوخشىمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن نۇرغۇن تۈرگە ئايرىلىدۇ.

1. ماددىي قىزىقىش ۋە مەنىۋى قىزىقىش

بۇ قىزىقىشنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئايرىلغان. ماددىي قىزىقىش — كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغان قىزىقىش، ماددىي قىزىقىش كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىل شەيئىگە ئارتۇقچە قىزىقىشى ۋە تەشنا بولۇشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ بۇ نەرسىلەرنىڭ كويىدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. مەنىۋى قىزىقىش — كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغان قىزىقىش بولۇپ، ئاساسلىقى بىلىش جەھەتتىكى قىزىقىشتا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھەۋەس قىلىش، بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىش، پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت، سەنئەتنى ياخشى كۆرۈش ۋەھاكازالار.

2. بىۋاستە قىزىقىش ۋە ۋاستىلىك قىزىقىش

بۇ قىزىقىشنىڭ سەۋەبىگە ئاساسەن ئايرىلغان. بىۋاستە قىزىقىش شەيئى ياكى پائالىيەتنىڭ ئۆزىدىكى ئېھتىياجغا قارىتا بارلىققا كەلگەن قىزىقىشنى كۆرسىتىدۇ. شەيئى ياكى پائالىيەتنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىك

كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان، ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشى يەنە كېلىپ كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە قىزىقىشىنى كۈچەيتىدىغان بولغاچقا بىۋاسىتە قىزىقىش تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىۋاسىتە قىزىقىشقا ئىگە بولغان پائالىيەتلەردە، ئىرادە جەھەتتىكى تىرىشچانلىققا ئېھتىياجلىق بولمايدۇ ياكى ناھايىتى ئاز ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ۋاسىتىلىك قىزىقىش — شەيئى ياكى پائالىيەتنىڭ كۆزلىگەن نەتىجىسىدىكى ئېھتىياجىغا قارىتا بارلىققا كەلگەن قىزىقىشنى كۆرسىتىدۇ. ۋاسىتىلىك قىزىقىشنى بىۋاسىتە قىزىقىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك مەقسەتچانلىقى بولىدۇ. ئىرادە جەھەتتىكى تىرىشچانلىق دەرىجىسىمۇ بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. بىۋاسىتە قىزىقىش بىلەن ۋاسىتىلىك قىزىقىش بىر-بىرىگە ئۆزگىرىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئورگانىك بىرلەشتۇرۇلۇشى يەككىنىڭ ئاكتىپ، ئۇنۇملۇك ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدا ئىنتايىن مۇھىم.

### 3. قىزىقىشقا ئىنتىلىش، لەززەتلىنىش ۋە ئىنتىلىش

قىزىقىشنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭ دائىرىلىكى ۋە تۇراقلىقلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئايرىلغان. قىزىقىشقا ئىنتىلىش — دەسلەپكى تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى قىزىقىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل قىزىقىش تۇراقسىز بولىدۇ، دائىم قىزىقىشنى پەيدا قىلىدىغان ئەمەلىيەتنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ دەرھاللا سوۋۇپ قالىدۇ. قىزىقىشنىڭ دائىرىسىمۇ ئېنىق بولمايدۇ. ئومۇملاشقان ئىپادىسى، ھەممىنى يېڭىلىق ھېس قىلىش، ئەمما ئالاھىدە ياخشى كۆرمەسلىك. لەززەتلىنىش — ئوتتۇرا ھال تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى قىزىقىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل قىزىقىش گەرچە ئايرىم شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىلا توختاپ قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما قانۇنىيەتنى تولۇق ئېچىپ بېرىش چوڭقۇرلۇقىغا يەتمىگەن بولىدۇ. ئومۇملاشقان ئىپادىسى ھۇزۇرلىنىپ قانمىسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغىلا مەپتۇن بولۇپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولىدۇ. قىزىقىش ئىنتىلىشى — يۇقىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى قىزىقىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل قىزىقىش — شەيئىلەر بىلەن ھادىسىلەرنىڭ سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بىلەن ئاساسىي قائىدىلەرگە بولغان قىزىقىشتۇر. ئارزۇ قىزىقىش تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ قىممەت

قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇندىن باشقا، قىزىقىشنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىگە ئاساسەن ئالىيجاناب قىزىقىش ۋە چاكىنا قىزىقىش دەپ ئاتىلىدۇ. قىزىقىشنىڭ داۋام قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا ئاساسەن مۇقىم قىزىقىش ۋە قىسقا مۇددەتلىك قىزىقىش دەپ ئايرىلىدۇ، قاتارلىقلار.

## 3. قىزىقىشنىڭ سۈپەتلىرى

قىزىقىشنىڭ سۈپەتلىرى جەھەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا بىرقەدەر چوڭ پەرق مەۋجۇت. قىزىقىشنىڭ سۈپەتلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تۆت خىل بولىدۇ.

1. قىزىقىشنىڭ مايىللىقى

قىزىقىشنىڭ مايىللىقى — قىزىقىشنىڭ ئوبيېكتىپلىقى جەھەتتىكى سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى ھەمىشە مۇئەييەن ئوبيېكتىپ ۋە ھادىسىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى كۆرسەتكەن نىشان ۋە مەزمۇن جەھەتتە زور پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: بەزىلەر گۇمانىتار پەنلەرگە قىزىقسا، بەزىلەر تەبىئىي پەنلەرگە قىزىقىدۇ. بەزىلەر ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قىزىقسا، بەزىلەر تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قىزىقىدۇ. بەزىلەر ئىلمىيلىككە چوقۇنسا، بەزىلەر ئاممىباپلىقنى قوغلىشىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قىزىقىشنىڭ مايىللىقى كىشىلەر قىزىقىشنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپلا قالماستىن، كىشىلەر قىزىقىشنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىك، ياخشى ۋە يامانلىقىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. قىزىقىشنىڭ مايىللىقى جەھەتتىكى سۈپەتلىرى، قىزىقىشنىڭ باشقا سۈپەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

2. قىزىقىشنىڭ كەڭ دائىرىلىكى

قىزىقىشنىڭ كەڭ دائىرىلىكى — قىزىقىش كۆرسەتكەن دائىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جەھەتتىكى سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ، نۇرغۇن شەيئىلەر ئۇستىدە ئىزدىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. نۇرغۇن پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. كەڭ دائىرىلىك قىزىقىش بىر كىشىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە، تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا، ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىلىق.

ئەكسىچە، قىزىقىشى تار دائىرىلىك بولسا بىلىمى كەمچىل، تۇرمۇشى مەنىسىز بولىدۇ. ئىندىۋىدۇئاللىقى ساغلام تەرەققىي قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى خىزمەتتىمۇ قانداقتۇر ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس. قىزىقىشنىڭ كەڭ دائىرىلىكى قىزىقىشنىڭ مەركىزى بولمايدۇ، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. كەڭ دائىرىلىك قىزىقىش ئاساسىدا، يەككىنىڭ ئاسانلىقچە مەلۇم بىر جەھەتتىكى ياكى بىر قانچە جەھەتتىكى شەيئى ياكى پائالىيەتلەرگە ئالاھىدە قىزىقىپ مەركىزىي قىزىقىشنى شەكىللەندۈرىدۇ. كەڭ دائىرىلىك قىزىقىش بىلەن مەركىزىي قىزىقىش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قىزىقىشنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىدارى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

### 3. قىزىقىشنىڭ تۇراقلىقلىقى

قىزىقىشنىڭ تۇراقلىقلىقى — قىزىقىشنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى جەھەتتىكى سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ. داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغان قىزىقىش تۇراقلىق قىزىقىش، ئەكسىچە بولغىنى تۇراقسىز قىزىقىش بولىدۇ. تۇراقلىق قىزىقىش پائالىيەتنىڭ ئۇدا ئېلىپ بېرىشىغا، ياخشى پائالىيەت ئۈنۈمىگە ئېرىشىشكە پايدىلىق. ۋاقىتلىق تۇراقسىز قىزىقىشقا ئىگە كىشىلەر قىيىنچىلىققا يولۇقسا يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ. خىزمەت ياكى ئۆگىنىشنى بىر ئامال قىلىپ ئورۇندىسىمۇ، ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى بىرقەدەر تۇراقلىق بولىدۇ. ئۆسمۈرلەرنىڭ قىزىقىشى ئاسانلىقچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆسمۈرلەرنىڭ قىزىقىشىمۇ پەيدىنپەي تۇراقلىشىدۇ.

### 4. قىزىقىشنىڭ ئۈنۈمچانلىقى

قىزىقىشنىڭ ئۈنۈمچانلىقى — قىزىقىشنىڭ كىشىلەر پائالىيىتىدە جارى قىلدۇرغان رولىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جەھەتتىكى سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ. قىزىقىشنىڭ ئۈنۈم سەۋىيىسىگە قاراپ ئۇنى ئاكتىپ قىزىقىش ۋە پاسسىپ قىزىقىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. كىشىلەرنى ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ھەمدە ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان قىزىقىش ئاكتىپ قىزىقىش ياكى ئۈنۈمگە ئىگە بولغان قىزىقىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئارزۇ ھالىتىدە توختاپ قالغان، پاسسىپ

قىزىقىش ياكى پائالىيەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈرتكە بولسىمۇ، ئەمما پائالىيەت ئۈنۈمىنى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرەلمەيدىغان قىزىقىش ئۈنۈمچانلىقى ئىگە بولمايدۇ. بۇ پاسسىپ قىزىقىشقا تەۋە.

## 4. قىممەت قارىشى

### 1. قىممەت قارىشى توغرىسىدىكى ئۇقۇم

قىممەت قارىشى — كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە باھا بېرىشى ھەمدە ئۆز ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىدىكى پسىخىك قىممەت مايىللىق سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. قىممەت قارىشى بىر كىشىنىڭ ئىدىيە، ئاڭ يادروسى، ئۇ-يەككىلىك دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈلگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. بىلىش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇھىت تەربىيىسىنىڭ تەسىرى قىممەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل. ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى قىممەت قارىشى شەكىللىنىدىغان مۇھىم مەزگىل بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قىممەت قارىشى تېز تەرەققىي قىلىپ پەيدىنپەي كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا، تاشقى ماھىيەتكە ئېتىبار بېرىشتىن ئىچكى قىممەتكە ئېتىبار بېرىشكە ئۆزگىرىدۇ.

قىممەت قارىشى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە: (1) قىممەت قارىشى تۇراقلىق ۋە بىردەكلىككە ئىگە. ھەرجايدا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆز كۆڭلىدىكى ئۆلچەمگە ئاساسەن ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىدۇ. دېمەك: گەرچە ئۇنىڭ قىممەت نىشانى خىلمۇخىل بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرقى قىممەت يۆنىلىشى ھامان بىردەك بولىدۇ. (2) قىممەت قارىشى — سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتنىڭ بىرلىكى. قىممەت — شەيئىلەردە ئەزەلدىن بار بولغان خاسلىق بولۇپ، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى، بىلىم تەجرىبىسى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، ئوخشاش بىر كىشىنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئەھمىيىتىگە باھا بېرىشى ۋە ئۇنى بىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ خىل شەيئىگە بولغان ئېھتىياج ئەھۋالى ياكى دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، قىممەت قارىشى ھەم سۇبيېكتىپلىققىمۇ ئىگە بولغان، سۇبيېكتىپ بىردەكلىكنىڭ

مەھسۇلى. (3) قىممەت قارىشىدا بەلگىلىك ئوبيېكتىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ چېتىلىشى كەڭ دائىرىلىككە، كۆپ خىلللىققا، ۋە كونكرېتلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىگە چوڭقۇرلاپ كىرىدۇ. ھەرخىل تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. (4) قىممەت قارىشىنىڭ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئىلگىرىلەش رولى بار. قىممەت قارىشى كىشىلەرنىڭ بىلىش، ھېسسىيات، ئىرادىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل پسىخىك پائالىيەت جەريانى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ مۇئەييەن ئوبيېكتىپ تۇرمۇش شارائىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەندە، تۇرمۇش پائالىيىتىنى چەكلەيدىغان، يېتەكلەيدىغان ۋە تەڭشەپ تىزگىنلەيدىغان ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچكە ئايلىنىدۇ. (5) قىممەت قارىشى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە ھەرىكەت ئۇسۇلىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. قىزىقىش، ئېتىقاد غايە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قىممەت قارىشىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلى. كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىر كىشىنىڭ قانداق قىممەت قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

قىممەت قارىشى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ھەرىكىتىگە قارىتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، قىممەت قارىشى كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاكتىپ قىممەت قارىشى كىشىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. پاسسىپ قىممەت قارىشى كىشىلەرنى تويۇق يولغا باشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ئىنكار قىلىنىشىغا ئۇچرايدۇ. ئىككىنچى، قىممەت قارىشى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى، ئۇ كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە، قىممىتى بار يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئېينىشتېين ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ قىممەت قارىشىدىن كېلىدىغانلىقىغا قارىتا مېغىزلىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «بىر كىشىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئېرىشكىنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقىدا».

## 2. قىممەت قارىشىنىڭ تىپلىرى

قىممەت قارىشىنى كىشىلەر مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىتتا

شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئىنتايىن مول بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولغان قىممەت قارىشىنىڭمۇ كۆپ خىل تىپلىرى بولىدۇ.

گېرمانىيىلىك پسىخولوگ سپرانگېر (E. Spranger) ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئاساسەن كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىنى ئالتە خىل تىپقا بۆلگەن: (1) ئىقتىساد تىپى. بۇ تىپتىكى كىشىلەر ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تۇرمۇشتا ئۈنۈم ۋە بايلىق قوغلىشىدۇ. (2) نەزەرىيە تىپى. بۇ تىپتىكى كىشىلەر بىرقەدەر كۈچلۈك قىزغىن كەيپىياتقا ئىگە بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەشكە ئىنتىلىدۇ، قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئىلمىي ئىزدىنىشكە ئېتىبار بېرىدۇ. (3) گۈزەللىك تىپى. بۇ تىپتىكى كىشىلەر گۈزەللىكنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممىتى دەپ قاراپ، گۈزەللىك تۇيغۇسى قوغلىشىدۇ، سەنئەت پائالىيىتىگە ئېتىبار بېرىدۇ. (4) دىنىي تىپ. بۇ تىپتىكى كىشىلەر دىنىي ئېتىقاد، روھنى قۇتقۇزۇشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممىتى دەپ قارايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىنىڭ ئالاھىدە مولluقىنى بىلىدۇ، كىشىلەرگە كۆيۈنىدۇ، بارلىق شەيئىلەرگە ھېسداشلىق قىلىدۇ. (5) ھوقۇق تىپى. بۇ تىپتىكى كىشىلەر نوپۇزنى ھۆرمەتلەيدۇ. كۈچلۈك باشقۇرۇش ئارزۇسىغا ئىگە بولۇپ، ھوقۇققا ئىگە بولۇش ۋە ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممىتى دەپ قارايدۇ. (6) ئىجتىمائىي تىپ. بۇ تىپتىكى كىشىلەر ئاۋام ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاپ باشقىلارغا ياردەم بېرىش، كۆيۈنۈشنى، كۆپچىلىكنىڭ پاراۋانلىقىنى ياخشىلاشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممىتى دەپ قارايدۇ.

ئامېرىكىلىق پسىخولوگ روكېچ (M. Roceach) ۋاسىتە نىشان ئۆلچىمىگە ئاساسەن قىممەت قارىشىنى ۋاسىتىلىك قىممەت قارىشى بىلەن ئاخىرقى قىممەت قارىشى دەپ ئىككى تىپقا بۆلگەن. ئالدىنقىسى، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ھەرىكەت ئەندىزىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، باتۇرلۇق، ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەپ تىزگىنلەش قاتارلىقلار. كېيىنكىسى، كىشىلەر يەتمەكچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى نىشانىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تىنچ دۇنيا، ئازادە-كۆڭۈللۈك تۇرمۇش قاتارلىقلار.

روكېچ بۇ ئىككى خىل قىممەت قارىشىنىڭ ھەربىرىدىن 18 تۈرنى

تىزىپ چىقىپ «قىممەت قارىشىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى» نــــى تۈزدى. تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ تۈرلەر مۇھىملىق تىزىلىش تەرتىپىــگە ئاساسلانغاندا، قايسى خىل تۈرلەرنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن مۇھىم قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى باھالاپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئېلىمىز پسىخولوگى خۋاڭ شىتىــڭنىــــڭ تەكشۈرۈپ بايقىشىچە، ئېلىمىزدىكى ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىممەت قارىشى، ۋاستىلىك قىممەت قارىشى جەھەتتە ئارزۇ-تىلەك، قابىلىيەت، قارنى-كۆكسى كەڭ بولۇشنى مۇھىم قىممەت قارىشى دەپ قارىغان. ئەمما، پاكىز ۋە رەتلىك، ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش، ئىتائەت قىلىش (بوي سۇنۇش) نى ئانچە مۇھىم بولمىغان قىممەت قارىشى قاتارىغا قويغان. ئاخىرقى قىممەت قارىشى جەھەتتە بىرەر ئىش قىلىش، ھەقىقىي دوستلۇق، ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى تۆت مۇھىم قىممەت قارىشى قاتارىغا قويغان. ئەمما كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى، ئازادە تۇرمۇش، روھنى قۇتقۇزۇشنى ئەڭ مۇھىم بولمىغان قىممەت قارىشى قاتارىغا قويغان.

قىممەت قارىشىنىڭ تىپىنى يەنە باشقا نۇقتىلاردىن ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن قىممەت قارىشىنى، ئۆزىگە يۈزلەنگەن قىممەت قارىشى ۋە باشقىلارغا يۈزلەنگەن قىممەت قارىشى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. مەۋجۇت بولۇش شەكلىگە ئاساسەن قىممەت قارىشىنى ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىــك تۇرمۇش قىممەت قارىشى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

## 3. قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت

1. قىممەت قارىشىنىڭ ھەرىكەتكە قارىتا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ رولى

قىممەت قارىشى ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان ھۆكۈم، باھا ۋە كۆزقاراش بولۇپلا قالماستىن، ھەرىكەتنى قوزغىــتىــش ۋە ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش، ئۇ قىممىتى بار ياكى تېخىمۇ قىممىتى بار نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ خاراكتېرىگىمۇ ئىگە. قىممەت نىشانى قانچە يۇقىرى بولسا، مۇددىئا كۈچىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ئاتكىنسون (R. Atkinson) مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا قىممەت بىلەن ئۈمىد قىلىش قاتارلىق پسىخىك ئامىللار ئۆزئارا تەسىر قىلىپ ھەرىكەتنى بىرلىكتە بەلگىلەيدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئۈمىد قىلىش قىممەت نەزەرىيىسىنى فورمىلا

ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. M=EXV فورمۇلادىكى M مۇددىئا، E ئۈمىد قىلىش، بۇ — بىر كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكەت نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قارىتا مۆلچەرىنى كۆرسىتىدۇ. V قىممەت قارىشى، قىممەت قارىشى، بۇ — شەخسنىڭ ئۆزى شۇغۇللانغان خىزمەت ياكى يەتمەكچى بولغان نىشانغا قارىتا مۆلچەرىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. قىممەت قارىشىنىڭ ھەرىكەتكە قارىتا يۆنىلىشىنى بەلگىلەش رولى

قىممەت قارىشى بىر خىل يۇقىرى قاتلامدىكى ئاڭ. پۈتكۈل مۇددىئا پائالىيىتى جەريانىدا، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ھېس قىلىش، ئۆزىگە ئۆزى باھا بېرىش، ئۆزىنى ئۆزى بىلىش، ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدۇ. بىر كىشىدە مەلۇم خىل ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ھەرىكەت مۇددىئاسى بارلىققا كەلگەندە، ھەمىشە ئارزۇ، قىزىقىش، ھەۋەس بىلىم تەجرىبىسى، كەيپىيات، ھېسسىيات، بىلىش قاتارلىق ئامىللار ئارقىلىق شۇغۇللانماقچى بولغان پائالىيەتنىڭ قىممىتى بارمۇ-يوق، قوغلىشىشقا تېگىشلىك قىممەت نىشانىمۇ-ئەمەسمۇ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىش كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ دېگەنلەرگە باھا بېرىدۇ. بېشىدىن كەچۈرىدۇ، ئۆلچەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى تۇرمۇش پائالىيىتىدىكى ئاڭغا ئايلىنىدۇ. ئۇ مۇئەييەن ئوبيېكتىپ تۇرمۇش شارائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنى مۇئەييەن نىشان بويىچە تاللاشچانلىقى بولغان ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا، يەنى قىممەت يۈزلىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى تىپلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى يەنە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت خاراكتېرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئېلىمىز پسىخولوگى سۈن جيەنمىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئالپورت ( V. Allport ) نىڭ قىممەت قارىشى تىپلىرى ئۆلچەم جەدۋىلىنى ئاساس قىلىپ، قىممەت قارىشىنىڭ تىپلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدەندى. نەتىجە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىجتىمائىي تىپ قىممەت قارىشىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ياخشى كۆرمەيدىكەن؛ ئېستېتىك تىپ ۋە سىياسىي تىپتىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ياخشى كۆرۈشى نىسبەتەن سۈس ئىكەن؛ نەزەرىيە تىپ ۋە دىنىي تىپتىكىلەر كۆپىنچە ئىجتىمائىي

ھەرىكەتنى ياخشى كۆرۈشكە سەۋەب بولىدىكەن. باشقا تەتقىقاتلارنىڭ ئىپادىلىشىچە شەخسنىڭ ھازىر بار بولغان قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىش ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى ياخشى كۆرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن. مەسىلەن: تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش خاھىشى تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەرەققىي قىلىشتەك روشەن ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانداق خاراكتېردىكى قىممەت قارىشى بولسا شۇنداق خاراكتېردىكى ھەرىكەت بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشتە، ئۇلارغا قىممەت قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كەم بولسا بولمايدۇ.

## § 3 . خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكى

### 1. قابىلىيەت

#### 1. قابىلىيەت توغرىسىدىكى ئۇقۇم

ھەرقانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا چوقۇم مۇناسىپ قابىلىيەتنى ھازىرلاش كېرەك. مەلۇم قابىلىيەتنىڭ بار-يوقلۇقى ياكى مەلۇم قابىلىيەت سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى، مەزكۇر پائالىيەتنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ياكى ئورۇندىيالماسلىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. قابىلىيەت دېگىنىمىز: پائالىيەت ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەمدە پائالىيەتنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداشتا زۆرۈر بولغان پسىخىك ئالاھىدىلىك.

بىرىنچى، قابىلىيەت بىلەن پائالىيەت زىچ مۇناسىۋەتلىك، بىر تەرەپتىن، مۇئەييەن قابىلىيەت ھامان مۇئەييەن پائالىيەتكە شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. مەيلى قانداق قابىلىيەت بولسۇن، ئۇ كونكرېت پائالىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەلۇم پائالىيەت يەنە مۇناسىپ قابىلىيەتنى شەرت ۋە كاپالەت قىلىدۇ. قابىلىيەت سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى، پائالىيەت سەۋىيىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قابىلىيەت يەنە پائالىيەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئىككىنچى، قابىلىيەت مەلۇم پائالىيەتنى تاماملاشتىكى بارلىق پىسخىك شەرت ئەمەس. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىدە دىققەت قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە خىيال قابىلىيىتى قاتارلىقلار رول ئوينىپلا قالماستىن، مۇددىئا كەيپىيات، ئىرادە، خارەكتېر قاتارلىقلارمۇ رول ئوينايدۇ. ئالدىنقىسى، ئۆگىنىش جەريانى ۋە ئۇنۇمىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇ ئۆگىنىش پائالىيىتىدە ھازىرلاش زۆرۈر بولغان پىسخىك شەرت. كېيىنكىسى، ئۆگىنىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋاستىلىك، ياردەمچى پىسخىك شەرت.

ئۈچىنچى، مەلۇم پائالىيەتنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش جەريانىدا، ھەمىشە بىر خىللا قابىلىيەت رول ئوينىمايدۇ. بەلكى كۆپ خىل قابىلىيەت ئورتاق قاتناشتۇرۇلۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئۆگىنىش قىلىشتا ھەم دىققەت قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى بولۇشى، ھەم تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە خىيال قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك. ھەم كىتابىي بىلىملەرنى تەھلىل قىلىش چۈشىنىش قابىلىيىتى بولۇشى، ھەم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى مەشغۇلات قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك، قاتارلىقلار. مەلۇم پائالىيەتنى تاماملىغاندا، ھەرخىل قابىلىيەتلەرنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشى ئىقتىدار دەپ ئاتىلىدۇ. ئىقتىدار تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىقتىدار-تالانت دەپ ئاتىلىدۇ. تالانت كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن تۇغما ئىرسىيەت ساپاسى ئاساسىدا كېيىنكى مۇھىت ۋە تەلىم تەربىيىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن، بولۇپمۇ سۇبيېكتىپ ئەمەلىيەت پائالىيىتى جەريانىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرغان ئالاھىدە ئەقلىي پاراسەت پەزىلىتى.

## 2. قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى

قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا قابىلىيەتنىڭ قايسى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، بۇ ئامىللارنىڭ قانداق تەشكىللەنگەنلىكىنى تەكشۈرۈش كېرەك. بۇ قابىلىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەش، ئىلمىي ھالدا قابىلىيەتنى ئۆلچەش، قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش تەدبىرى تۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم.

قابىلىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە پىسخولوگلار دىققەت قىلغان مەركىزىي نۇقتىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، قابىلىيەت قۇرۇلمىسى توغرىسىدا

نۇرغۇن نەزەرىيىلەر بارلىققا كەلدى.

## 1. سپېرماننىڭ ئىككى ئامىل نەزەرىيىسى

ئەنگلىيىلىك پسىخولوگ سپېرمان ( C. E. Spearman ) قابىلىيەت ئادەتتىكى ئامىل (G) ۋە ئالاھىدە ئامىل (S) دىن تەركىب تاپىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، ئۇ «ئىككى ئامىل تەلىماتى» دەپ ئاتالدى. (G) ئامىل كىشىلەرنىڭ بارلىق بىلىش پائالىيىتى ئورتاق ئىگە بولىدىغان قابىلىيەت، S ئامىل ئالاھىدە پائالىيەت قابىلىيىتى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئالگېبرالىق مەشغۇلاتنى تاماملاش $G+S_a$ قا ئېھتىياجلىق بولسا، تىل-يېزىق مەشغۇلاتىنى تاماملاش $G+S_a$ قا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇ ئىككى يۈرۈش مەشغۇلات نەتىجىسىدە مۇسبەت چېتىشلىق كېلىپ چىقسا، بۇنى ئۇلار ئورتاق ئىگە بولغان G ئامىل كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ. ئۇلار يەنە تامامەن چېتىشلىق بولۇپ چىقمىسا، بۇنى ھەربىر مەشغۇلات ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوخشىمىغان S ئامىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ (3.4-رەسىمگە قاراڭ).




3.4-رەسىم. سپېرماننىڭ ئەقلىي قابىلىيەت ئىككى ئامىل نەزەرىيىسىنىڭ سخېمىسى

رەسىمدىكى چوڭ چەمبەر G ئامىل، $S_a$، $S_b$ . . . S ئامىل، a، b قاتارلىقلار ھەرخىل مەشغۇلات تۈرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## 2. سورىستوننىڭ كۆپ ئامىل نەزەرىيىسى

ئامېرىكىلىق پسىخولوگ سورىستون ( L. L. Thurstone ) سپېرماندىن كېيىن «كۆپ ئامىل نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ قابىلىيەت كۆپ خىل ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىپتىدائىي قابىلىيەت ۋە ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ ئوخشاش بولمىغان سىناق جەريانىدىن يەتتە خىل ئاساسلىق ئامىلنى يىغىنچاقلاپ چىقتى: ھېسابلاش، سۆزنىڭ راۋانلىقى، خاتىرە، سۆزنى چۈشىنىش، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش، بوشلۇق ئىدراكى ۋە ئىدراك سۈرئىتى، ئۇ ھەربىر ئامىل ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بارغان بولۇپ، سىناق نەتىجىسى ئۇنىڭ قىياسى بىلەن

قارىمۇقارشى بولۇپ چىققان، يەنى ھەربىر قابىلىيەت بىلەن باشقا قابىلىيەتلەر مۇسبەت چىتىشلىق بولغان، بۇ ھەرخىل قابىلىيەت ئامىللىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سورىستوننىڭ تۆھپىسى شۇ بولدىكى، ئۇ سىناق ستاتىستىكا ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەقلىي قابىلىيەتتىكى ئاساسلىق ئامىلنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ئامىللار بىلەن ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ناھايىتى زور باغلىنىشى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى قابىلىيەت قۇرۇلمىسى تەتقىقات ئادەتتىكى ئامىل بىلەن ئالاھىدە ئامىلنىڭ رولىنى تونۇپ يەتكەن. ئىككى ئامىل تەلىماتى بىلەن كۆپ ئامىل تەلىماتىنىڭ ھەرئىككىلىسى قابىلىيەتنىڭ ماھىيىتىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تېگىش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئادەتتىكى ئامىل بىلەن ئالاھىدە ئامىلنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇپ، ئىككىسىنىڭ ئورتاقلىق بىلەن ئايرىمىلىقىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن.

### 3. ۋېرنوننىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قاتلاملىق قۇرۇلما تەلىماتى

ئەنگلىيىلىك پسىخولوگ ۋېرنون (P. E. Vernon) 1960-يىلى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ قاتلاملار بويىچە تىزىلىشتىن ئىبارەت قۇرۇلما نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى (4.4-رەسىمگە قاراڭ). ئۇ سپېرماننىڭ ئادەتتىكى ئامىل Gنى ئەڭ يۇقىرى قاتلام قىلدى. ئىككىنچى قاتلامنى ئىككى چوڭ ئامىللار تۈپىگە بۆلدى.




4.4-رەسىم. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ قاتلاملىق قۇرۇلما سخېمىسى

يەنى تىل ۋە تەربىيىلىنىش جەھەتتىكى ئامىللار تۈپى بىلەن مەشغۇلات ۋە

ماشىنا جەھەتتىكى ئامىللار توپى، ئۈچىنچى قاتلام — ئىككىنچى قاتلامدىكى ئىككى چوڭ ئامىللار توپىدىن بۆلۈنگەن بىرقانچە كىچىك ئامىللار توپى، تۆتىنچى قاتلام ھەرخىل ئالاھىدە ئامىللار.

قابىلىيەتنىڭ قاتلاملىق قۇرۇلما نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتتە سپىرماننىڭ ئىككى ئامىل نەزەرىيىسىنىڭ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قاتلام نەزەرىيىسى ھەرخىل ئامىللارنىڭ قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەھلىل قىلدى. ئادەتتىكى قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەمدە ئالاھىدە قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئېچىپ بېرىپ، ئادەتتىكى ئامىل بىلەن ئالاھىدە ئامىلنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان ۋەزىيەتنى روشەن دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.

4. گۈيلفورد ئوتتۇرىغا قويغان ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئۈچ ئۆلچەملىك قۇرۇلما تەلىماتى




5.4 ـ رەسىم. گۈيلفوردنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسى نەزەرىيىسىنىڭ ئەندىزىسى

ئامېرىكىلىق پسىخولوگ گۈيلفورد (J. P. Guilford) ئامىللارنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇ ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۈچ ئۆلچەمگە ئايرىدى. ئۇلار بىرلىكتە بىر ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقنى ھاسىل قىلدى (4.5-رەسىمگە قاراڭ).

رەسىمدىكى، بىرىنچى ئۆلچەم — مەزمۇن، ئەركىن ئۆزگىرىشچان مىقدارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى، بەلگە، تىل مەنىسى ۋە ھەرىكەت قاتارلىقلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت پائالىيىتىدە پەيدا قىلغان ھەرخىل تەسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى ئۆلچەم — مەشغۇلات، ۋاستىلىك ئۆزگىرىشچان مىقدار بولۇپ، ئەقلىي قابىلىيەت پائالىيىتىنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ باھا، توپلانغان تەپەككۇر، تارقاق تەپەككۇر، خاتىرە ۋە بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى ئۆلچەم — مەھسۇلات، سەۋەب ئۆزگىرىشچان مىقدارغا، يەنى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ بۆلەك، تۈر، مۇناسىۋەت، سىستېما، ئالماشتۇرۇش ۋە يوشۇرۇن مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گۈيلفورد «كىشىلەر ئەقلىي مەشغۇلاتنىڭ مەلۇم بىر ئامىلىنى ئاساس قىلىپ ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ مەلۇم مەزمۇنغا قارىتا ئەقلىي قابىلىيەت پائالىيىتىدە بولغاندا، ئەڭ ئاخىر مەلۇم ئەقلىي قابىلىيەت نەتىجىسىگە ئېرىشىدۇ» دەپ قارىغان. مەسىلەن، سىناق قىلىنغۇچىلارغا بەزى تۆت ھەرپنىڭ بىرىكمىسى DSEL، FHKY، PIAS قاتارلىقلارنى بېرىپ، سىناق قىلىنغۇچىلاردىن ئۇلارنى قايتىدىن بىرىكتۈرۈپ سۆز ياساشنى تەلەپ قىلىش، ئالايلۇق DESK، PLAY، FISH قاتارلىقلار. بۇ ئەقلىي قابىلىيەت پائالىيىتىدە، ئەقلىي مەشغۇلات بىلىش بولغان، ئەقلىي قابىلىيەت مەزمۇنى بەلگىلەر بولغان، ئەقلىي قابىلىيەت نەتىجىسى بۆلەكلەر بولغان. بۇ ئۈچ ئۆلچەمنى بىرلەشتۈرگەندە $5\times5\times6=150$ خىل ئوخشاش بولمىغان ئەقلىي قابىلىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

گۈيلفورد ئوتتۇرىغا قويغان ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئۈچ ئۆلچەملىك قۇرۇلما نەزەرىيىسى — يېڭى كۆزقاراش بويىچە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر يېڭى ئىزدىنىش بولۇپ، ئېلھاملاندۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە. بىراق بۇ نەزەرىيىسىمۇ يۇقىرىدىكى بىرقانچە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە ئوخشاشلا، سىناق نەتىجىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك كوئېففىتسېنت تەھلىل

ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئادەتتىكى قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەت كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىلمىگەن، شۇڭلاشقا بۇ تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن چەكلىمىگە ئىگە.

5. ئېلىمىز پسىخولوگىيە ساھەسىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى

قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى مەسىلىسىدە، ئېلىمىزنىڭ پسىخولوگىيە ساھەسىدە نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن كۆزقاراشتا قابىلىيەت ئادەتتىكى قابىلىيەت ۋە ئالاھىدە قابىلىيەتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئادەتتىكى قابىلىيەت — كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان پائالىيەتلىرىدە ئورتاق ئىگە بولغان بەزى ئاساسىي قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئالاھىدە قابىلىيەت — كىشىلەرنىڭ كەسپىي پائالىيەتلىرىدە زۆرۈر بولغان قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىكى قابىلىيەت، يەنى ئەقلىي قابىلىيەت، خاتىرە قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە خىيال قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەپەككۇر قابىلىيىتى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتىكى قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەت زىچ ئورگانىك ھالدا باغلانغان بولىدۇ. ئادەتتىكى قابىلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئادەتتىكى قابىلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تايىنىدۇ. ئالاھىدە قابىلىيەتنى ئادەتتىكى قابىلىيەتتىكى مەلۇم بىر قابىلىيەت ئاملى ياكى بىرقانچە قابىلىيەت ئامىلىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ياكى ئۆزگىچە بىرىكىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، مۇزىكا ئاڭلاش سەزگۈسى، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى ئادەتتىكى قابىلىيەتتىكى خاتىرە قابىلىيىتى بىلەن خىيال قابىلىيىتىنىڭ مۇزىكا پائالىيىتىدە ئالاھىدە تەرەققىي قىلىشىدۇر.

ئېلىمىزنىڭ پسىخولوگىيە ساھەسى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە تونۇشتا ھەم چەت ئەللەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىگە دىققەت قىلىپ ئۇنى ئەينەك قىلدى، ھەم دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەھلىل ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي ھالدا بېرىش ئۈچۈن ئۆزگە خاس ئەندىزە بىلەن تەمىنلىدى.

## 3. قابىلىيەتنى ئۆلچەش

قابىلىيەتنى ئۆلچەش (ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆلچەش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پسىخىكىلىق ئۆلچەشتىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى، قابىلىيەتنى ئۆلچەش مەلۇم ئۆلچەش جەدۋىلى ئارقىلىق بىر كىشىنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆلچەش ھەمدە ئۇنى مىقدارلاشقان ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. قابىلىيەتنى ئۆلچەش ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆلچەش ۋە ئالاھىدە قابىلىيەتنى ئۆلچەش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

### 1. ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆلچەش

دۇنيادا ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆلچەشنى ئەڭ دەسلەپ ئىلىمىزنىڭ ئەمىنىيە-يېغىلىق دەۋرلىرىدىن باشلاشقا بولىدۇ. كۇڭزى ئۆزىنىڭ كۆزىتىش تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يۇقىرى، ئوتتۇرھال ۋە تۆۋەن دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىغان ھەمدە «ئەقىللىق بولۇش بىلەن دۆتلۈك ئۆزگەرمەيدۇ» دېگەنىدى. مېڭ زىمۇ روھ بىلەن ماددا ئوخشاشلا ئۆلچەشچانلىققا ئىگە دەپ قارىغان، ئۇ «ھوقۇق بولسا ھەق-ناھەقنى ئايرىغىلى بولىدۇ، ئۆلچەم بولسا ئۇزۇن-قىسقىلىقنى ئۆلچەشكە بولىدۇ، ماددىي نەرسىلەرنى ئۆلچەش ئاسان، روھىي نەرسىلەرنى ئۆلچەش ناھايىتى قىيىن» دېگەنىدى. ئىلىمىزدە ئۇزۇندىن بۇيان تارقىلىپ كېلىۋاتقان تېپىشماق تېپىشىپ، ئۆزئارا كىرىشتۇرۇلگەن توققۇز ھالقىنى يېشىش، شېئىر يېزىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئەقىل ئويۇندىكى ئويۇنچۇق دەپ قاراشقىمۇ ياكى ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆلچەش قورالى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۆلچەش يېقىنقى زامان غەرب ئەللىرىدە باشلانغان. تۆۋەندە ئىككى خىل ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەقلىي قابىلىيەتلىك سىناق ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

1) ستانفورد-بىنېت ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆلچەش جەدۋىلى

1904-يىلى فرانسىيىلىك پسىخولوگ بىنېت (A. Binet) بىلەن دوختۇر سىمون (T. Simon) فرانسىيە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ نورمال بالىلار بىلەن ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن بالىلارنى پەرقلەندۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن، ئالدىن تۈزۈپ قويغان بىر يۈرۈش سوئاللارنى ئەقلىي قابىلىيەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى قىلدى ھەمدە 1905-يىلى ئۇنى ئەقلىي قابىلىيەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ قېلىپلاشتۇردى. بۇ بىنېت-سىمون ئۆلچەم جەدۋىلى دەپ ئاتالدى. 1916-يىلى ئامېرىكىنىڭ ستانفورد

ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پسىخولوگىيە پروفسورى تېرمان (L. M. Terman) بىنېت-سىمون ئۆلچەم جەدۋىلىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئۆلچەم جەدۋىلى ستانفورد-بىنېت ئۆلچەم جەدۋىلى دەپ ئاتالدى. بۇ ئۆلچەم جەدۋىلى 1937-يىلى، 1960-يىلى ۋە 1972-يىلى بىرقانچە قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتتە خەلقئارادا بىرقەدەر كەڭ قوللىنىلىۋاتقان ئۆلچەملىك سىناقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ستانفورد-بىنېت ئۆلچەم جەدۋىلى ئەقلىي قابىلىيەت بۆلۈنمىسى (قىسقارتىلىپ ئەقىل بۆلۈنمىسى دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن بۇ ئۇقۇمنى قوللىنىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ ھېسابلاش فورمۇلىسى:

(IQ) ئەقىل بۆلۈنمىسى = پسىخىك يېشى (MA) / فىزىئولوگىيىلىك يېشى (CA) × 100

ئەقىل بۆلۈنمىسى پسىخىك يېشى بىلەن ئەمەلىي ياشنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى بولۇپ، ئۇ نىسبەت قىممىتى ئەقىل بۆلۈنمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

فورمۇلاغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا، ئەگەر فىزىئولوگىيىلىك يېشى 10 ياش بولغان بىر بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆلچەشتە ئېرىشكەن نومۇرى بىر سەككىز ياشلىق بالىنىڭ نومۇرىغا تەڭ بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەقلى بۆلۈنمىسى $\frac{8}{10}\times100=80$ بولىدۇ. ئەگەر بۇ بالىنىڭ ئەقلى قابىلىيىتىنى ئۆلچەشتە ئېرىشكەن نومۇرى 12 ياشلىق بالىنىڭ نومۇرىغا تەڭ بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەقىل بۆلۈنمىسى $\frac{12}{10}\times100=120$ بولىدۇ. ئەگەر بۇ بالىنىڭ پسىخىك يېشى بىلەن فىزىئولوگىيىلىك يېشى تەڭ بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەقىل بۆلۈنمىسى 100 بولىدۇ.

نىسبەت قىممىتى ئەقىل بۆلۈنمىسى پسىخىك يېشى بىلەن ئەمەلىي ياشنى ماس ھالدا ئۆسىدۇ دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئەمما، ئەمەلىي ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن، مۇئەييەن سەۋىيىدە تۇراقلىشىپ، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆسۈپ بارمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىسبەتەن قىممىتى ئەقىل بۆلۈنمىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئىپادىلىگەندە، يەككىلىك مۇئەييەن ياش (15) قا يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەقىل بۆلۈنمىسى تۆۋەنلەپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە

بولىدۇكى، ستانفورد-بىنېت ئۆلچەم جەدۋىلى ناھايىتى زور چەكلىمىلىككە ئىگە.

2) ۋېچلېر ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆلچەش جەدۋىلى

ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر تېببىي پسىخولوگى ۋېچلېر (D. Wechsler) 16 — 75 ياشقىچە بولغان چوڭلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋېچلېر چوڭلار ئەقلىي قابىلىيەت ئۆلچەم جەدۋىلى (WAIS)، 6 — 16 ياشقىچە بولغان بالىلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋېچلېر بالىلار ئەقلىي قابىلىيەت ئۆلچەم جەدۋىلى (WISC)، 4 — 6 ياشقىچە بولغان كىچىك بالىلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋېچلېر ئوقۇش يېشىنىڭ دەسلەپپىدىكى بالىلار ئەقلىي قابىلىيەت ئۆلچەم جەدۋىلى (WPPSI) قاتارلىق يېڭى ئەقلىي قابىلىيەت ئۆلچەم جەدۋەللىرىنى تۈزۈپ چىققى.

ۋېچلېر ئەقلىي قابىلىيەت ئۆلچەم جەدۋىلى تىل ۋە مەشغۇلاتتىن ئىبارەت ئىككى تارماق ئۆلچەم جەدۋىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىل ئۆلچەم جەدۋىلى 6 تارماق ئۆلچەمنى، مەشغۇلات ئۆلچەم جەدۋىلى 5 تارماق ئۆلچەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (4 . 1-جەدۋەلگە قاراڭ).

### 4 . 1-جەدۋەل ۋېچلېرنىڭ تىل ئۆلچەم جەدۋىلى ۋە مەشغۇلات ئۆلچەم جەدۋىلىنىڭ مەزمۇنلىرى

| ئۆلچەش نامى | ئۆلچەش مەزمۇنى |
|---|---|
| تىل ئۆلچەم جەدۋىلى | |
| ساۋات | بىلىمنىڭ كەڭلىكى |
| چۈشىنىش | ئەمەلىي بىلىم ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى |
| كۆكۆلدە ھېسابلاش | ئارىفمېتىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە قابىلىيىتى |
| ئىككى نەرسىنىڭ ئوخشاشلىقى | ئابستراكت ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى |
| رەقەملىك ئەستە قالدۇرۇش | دىققەت قابىلىيىتى ۋە مېخانىك خاتىرە قابىلىيىتى |
| لېكسىكا | سۆز بىلىمى |
| مەشغۇلات ئۆلچەم جەدۋىلى | |
| شىفىرنى يېشىش | ئۆگىنىش ۋە يېزىش سۈرئىتى |
| رەسىم سىزىش | كۆرۈش سەزگۈسى خاتىرىسى ۋە كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى |
| كۇبىك نەقىش | كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ چۈشىنىش، ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى |
| سۈرەت تىزىش | ئىجتىمائىي ئەھۋالنى چۈشىنىش قابىلىيىتى |
| رەسىملەرنى بىرلەشتۈرۈش | قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتى |

ۋېچلېر ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆلچەش جەدۋىلىدىكى ھەربىر تارماق

ئۆلچەش ئامىللىرىغا قارىتا ئايرىم نومۇر خاتىرىلەشكە بولىدۇ. بۇ ئۆلچەم جەدۋىلى ئارقىلىق سىنالغۇچىنىڭ ئومۇمىي ئەقلىي بۆلۈنمىنى ھېسابلاشقا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىنالغۇچىنىڭ تىل ئەقىل بۆلۈنمىسى ۋە مەشغۇلات ئەقىل بۆلۈنمىسىنىمۇ ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ. دېمەك، ئۆلچەشنىڭ ئومۇمىي نومۇرى ئارقىلىق يەككىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەقلىي قابىلىيەت پەرقىنى پەرقلەندۈرۈشكە، ھەرقايسى تارماق ئۆلچەشنىڭ ئېرىشكەن نومۇرى ئارقىلىق يەككىلىكنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدىكى ئىچكى پەرقلەرنى باھالاپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

ۋېچلېر ئەقىل ئۆلچەم جەدۋىلىدە ئەقىل بۆلۈنمىسى ئۇقۇمى يېڭىلا ساقلاپ قېلىندى، ئەمما بۇ ئەقىل بۆلۈنمىسى نىسبەتەن قىممىتى ئەقىل بۆلۈنمىسى بولماستىن، بەلكى ئوخشاش ياشتىكى سىنالغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئورتاق نومۇرىنى ئۆلچەم قىلىپ ستاتىستىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئەقىل بۆلۈنمىسى، يەنى پەرقلىق ئەقىل بۆلۈنمىسىدىن ئىبارەت. پەرقلىق ئەقىل بۆلۈنمىسى بىر كىشىنىڭ ئوخشاش ياشلىقلار گۇرۇپپىسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئارا ئەقلىي قابىلىيەت ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىكى نىسپىي ئورنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ فورمۇلىسى تۆۋەندىكىدەك:

$$IQ=100+15\times\frac{X-X}{S}\quad X$$

شەخسنىڭ دەسلەپكى ئۆلچەش كەسىر سانى، x ئوخشاش ياشلىقلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كەسىر سانى، S كوللېكتىپ كەسىر سانىنىڭ ئۆلچەملىك پەرقىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. 100 تۇراقلىق سان، 15 ئەقىل بۆلۈنمىسى جايلىشىشنىڭ ئۆلچەملىك پەرقى. دېمەك، بىز پەقەت بىر كىشىنىڭ ئۆلچەش كەسىر سانى، ئۇ تەۋە بولغان كوللېكتىپنىڭ كەسىر سانىنىڭ ئۆلچەملىك پەرقىنى بىلەلىسەكلا، ئۇنىڭ پەرقلىق ئەقىل بۆلۈنمىسىنى ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم شەخسنىڭ ئۆلچەش كەسىر سانى 85 نومۇر، شەخس تەۋە بولغان ئوخشاش ياشلىقلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كەسىر سانى 80 نومۇر، ئۆلچەم پەرقى 5 بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەقىل بۆلۈنمىسى: $IQ = 100 + 15 \times \frac{85-80}{5} = 115$ بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ نورمال تارقىلىش پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كىشىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئوخشاش ياشتىكى 84% كىشىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ (4. 6-رەسىمگە قاراڭ).




6.4-رەسىم. بىر چوڭ ئەۋرىشكىدىكى كۆزلەنگەن ئەقىل بۆلۈنمىسى كەسىر سانىنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالى

2. ئالاھىدە قابىلىيەتنى ئۆلچەش

ئالاھىدە قابىلىيەتنى ئۆلچەش — كىشىلەرنىڭ مەلۇم كەسپىي پائالىيەت قابىلىيىتىنى ئۆلچەپ بېكىتىشكە تەتبىقلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇزىكا قابىلىيىتى، رەسىم سىزىش قابىلىيىتى، ئايروپىلان ھەيدەش قابىلىيىتى، ئوقۇتۇش قابىلىيىتى قاتارلىقلار ئۆلچىنىدۇ.

ئالاھىدە قابىلىيەت ئالاھىدە پائالىيەتلەردە مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئالاھىدە قابىلىيەتكە قارىتا ئۆلچەش ئېلىپ بارغاندا ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە قارىتا تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، شۇ پائالىيەتلەر تەلەپ قىلغان قابىلىيەت قۇرۇلمىنى تېپىپ چىقىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلچەش تۈرلىرىنى قاتارغا تىزىپ، ئۆلچەش ئۆلچەم جەدۋىلىنى تۈزۈپ، قايتا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش لازىم. مەسىلەن، مۇزىكا قابىلىيىتىنى ئۆلچەشتە، ئاھاڭ سەزگۈسى، رىتىم سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە كەيپىيات خاتىرە قابىلىيىتى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆچەش كېرەك. ئوقۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆلچەشتە، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا قارىتا تېزلىكتە ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى، سوئاللارنى يەشكەندە تېزلىك بىلەن «يىغىنچاقلاش» ياكى ئەقلىي خۇلاسە جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە مۇناسىۋەتلىك ھېسابلاش قابىلىيىتى، توغرىسىدىن چىقىپ ھېسابلاشتىن جانلىق ھالدا تەتۈرسىدىن چىقىپ ھېسابلاشقا ئۆتۈش قابىلىيىتى قاتارلىق

تۈرلەرنى ئۆلچەش كېرەك. ناھايىتى ئېنىقكى، ئالاھىدە قابىلىيەتنى ئۆچەشتىكى ئاچقۇچ ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى تونۇشتا، يەنى قانداق ئالاھىدە پائالىيەت بولسا، شۇنداق ئالاھىدە قابىلىيەت بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. قانداق ئالاھىدە قابىلىيەت قۇرۇلمىسى بولسا، شۇنداق ئۆلچەش تۈرلىرى بولۇشى كېرەك.

## 4.2-جەدۋەل ئادەتتىكى كەسىپلەرگە ماس كېلىشچانلىقنى ئۆلچەش ۋە ئۇنىڭ ئامىللىرى

| ماس كېلىشچانلىق | ئەھمىيىتى |
|---|---|
| ئەقلىي قابىلىيەت (G) | ئادەتتىكى ئۆگىنىش قابىلىيىتى، ھەرخىل قائىدىلەرگە بولغان چۈشىنىش قابىلىيىتى، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش، ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى، يېڭى مۇھىتقا تېزلىكتە ماسلىشىش قابىلىيىتى |
| تىل قابىلىيىتى (V) | مەنە ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئىدىيىلەرنى چۈشىنىش ۋە قوللىنىش قابىلىيىتى، سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان مەنىسىنى چۈشىنىش قابىلىيىتى |
| ھېسابلاش قابىلىيىتى (N) | ھېسابنى توغرا ۋە تېز ھېسابلاش قابىلىيىتى |
| يېزىش ئىدراكى (Q) | تىل ۋە ئۆردېر قاتارلىق تەپسىلاتلارنى پەرقلەندۈرۈش، خاتا خەتلەرنى بايقاش، تىل ۋە سانلىق رەقەملەرنى توغرا توغرىلاش قابىلىيىتى |
| بوشلۇقنى ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى (S) | سترولۇق شەكىللەرنى چۈشىنىش قابىلىيىتى، كۆز بىلەن كۆرگەن 1-دەرىجىلىك ياكى 2-دەرىجىلىك فورماتسىيىلەرنى خىيال قىلىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش قابىلىيىتى |
| فورماتسىيىنى ئىدراك قىلىش (P) | جىسىم ياكى سىخېما بىلەن چۈشەندۈرۈشنىڭ تەپسىلاتىغا قارىتا توغرا ئىدراك قىلىش قابىلىيىتى |
| ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش (A) | كۆز بىلەن قولنىڭ ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش سۈرئىتىنى تەكشەش قابىلىيىتى |
| ھەرىكەت سۈرئىتى (T) | ھەرىكەتنى تېز ھەم توغرا بەلگىلەش قابىلىيىتى |
| قول بارماقلىرىنىڭ ئەپچىللىك دەرىجىسى (F) | قول بارماقلىرىنىڭ ئەپچىل ھەم تېز ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى |
| قولنىڭ ئەپچىللىك دەرىجىسى (M) | قولنىڭ ئەپچىل ھەم تېز ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى |

ئالاھىدە قابىلىيەتنى ئۆلچەش ئاساسلىقى كەسىپكە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىش. كەسىپتىكى خادىملارنى ئۆستۈرۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ھەمدە بالىلارنىڭ ئالاھىدە قابىلىيەتكە دەسلەپكى دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈشكە تەتبىقلىنىدۇ. 4 . 2-جەدۋەل ياپونىيە ئەمگەك ۋازارىتى تۈزگەن ئادەتتىكى كەسىپلەردىكى ئالاھىدە قابىلىيەتنى ئۆلچەش جەدۋىلى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايرىم ئۆلچەش ئامىللىرىنىڭ بىرىكىشىگە ئاساسەن، بىر كىشىنىڭ قايسى خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، مەسىلەن، 4 . 3-جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك.

## 4 . 3-جەدۋەل كەسىپكە ماس كېلىشچانلىق ۋە كەسىپلەر (تاللانما)

| № | ماس كېلىشچانلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى | كەسىپلەر (مىسال) | ھەربىيۈز ئادەم |
|---|---|---|---|
| 1 | V 125 G 125 | بازغۇچى، تەرجىمان، مۇھەررىر، خەۋەرلەر مۇخبىرى | 5. 0 |
| 2 | N 125 G 125 | بوغالتىرلىق، ستاتىستىكا قاتارلىق خىزمەتلەر | 1. 4 |
| 3 | P 110 S 125 N 125 G 125 | قۇرۇلۇش بىناكارلىقى، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتر تېخنىكىسى قاتارلىق خىزمەتلەر | 0. 5 |
| 4 | M 75 S 90 N 90 G 90 | ئادەتتىكى مېتال ماشىنا، ماشىنا رېمونت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر | 47. 7 |
| 5 | Q 100 N 110 G 100 | سان خاتىرىلەش، ئادەتتىكى خاتىرە قالدۇرۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلار (ئادەتتىكى لاۋازىمەتچى) | 15. 3 |
| 6 | P 10 N 110 G 110 | نۇسخا، گۈزەل-سەنئەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلار (لايىھىلىگۈچى) | 11. 9 |
| 7 | F 90 P 90 S 90 G 75 | توك سىمى، رادىئو قوبۇللىغۇچنى رېمونت قىلىش قاتارلىق مەشغۇلاتلار | 46. 2 |
| 8 | F 75 T 75 Q 90 V 100 | خەت بېسىش، تېز خاتىرىلەش، خەت تېزىش قاتارلىق مەشغۇلاتلار | 55. 0 |
| 9 | M 75 P 75 S 90 N 90 | ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش مەشغۇلاتى | 54. 3 |
| 10 | A 90 P 100 S 110 N 110 | قۇرۇلۇش، ماشىنا، ئېلېكتر ماشىنىلىرىنىڭ چېرتيوژىنى سىزىش مەشغۇلاتى | 9. 5 |
| 11 | Q 90 N 75 | تەييارلاپ قويغان بۇيۇملارنى باشقۇرۇش، ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش، ئاددىي خاتىرىلەش مەشغۇلاتى | 63. 7 |

## 2. مىجەز

### 1. مىجەز توغرىسىدىكى ئۇقۇم

مىجەز دېگەن سۆزنى قوللىنىش دائىرىسى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئوخشىمىغان ساھەدە ئوخشىمىغان مەنتىقىلەرگە ئىگە. پسىخولوگىيىدىكى مىجەز ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى بىرقەدەر تار، كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىپ كېلىۋاتقان «خۇلق»، «خاراكتېر» قاتارلىقلارنىڭ مەنىسى بىلەن يېقىن كېلىدۇ.

مىجەز — كىشىلەرنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈگۈچ كۈچ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، يەنى پسىخىك پائالىيەت يۈز بېرىشىنىڭ تېزلىكى، كۈچلۈكلۈكى، تۇراقلىقلىقى، جانلىقلىق ۋە كۆرسىتىشچانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بەلگىلىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، سەزگۈ-ئىدراك بىلەن تەپەككۇرنىڭ تېز-ئاستىلىقى، كەيپىيات بىلەن ئىرادىسىنىڭ كۈلچۈك-ئاجىزلىقى، دىققەتنىڭ داۋام قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئاسان-قىيىنلىقى، پسىخىك پائالىيەتنىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىشكە مايىللىقى ياكى كۆڭلىدە بىلىشكە مايىللىقى قاتارلىقلار. ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ مىجەزى بولىدۇ. مىجەز ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال پسىخىك ئالاھىدىلىكى، رېئال تۇرمۇش ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بىز شۇنى ناھايىتى ئاسان كۆزىتەلەيمىزكى، بەزىلەر مىجەزى ئىتتىك، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. بەزىلەر شوخ، ئۇچۇق، قىزغىن كېلىدۇ. بەزىلەر تەمكىن، سوغۇققان، ئېغىر بېسىق كېلىدۇ. بەزىلەر دەردمەن بولىدۇ. ئورۇنسىز ئەندىشە قىلىدۇ. نازۇك دىل كېلىدۇ قاتارلىقلار. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرى زور تۇركۇمدىكى تىپىك مىجەز تىپىگە ئىگە شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياراتقان. مەسىلەن، لۇجىشىن، لىن چۇڭ، جياباۋيۇ، لىن دەييۇ... ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى، ھەربىر كىشىنىڭ پسىخىك تۇرمۇشىنى ئۆزگىچە تۈسكە كىرگۈزدى.

مىجەز بىلەن ئىرسىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، تۇغما خاراكتېرگە ئىگە. كىشىلەرنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىنى ئومۇمەن تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن، بەزى بوۋاقلار يىغلاڭغۇ، مىدىرلىغاق كېلىدۇ. بەزى بوۋاقلار جىمىغۇر كېلىدۇ. ناھايىتى ئاز يىغلايدۇ. بىرلا ۋاقىتتا يىغلىغان تەقدىردىمۇ ئاۋازىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، تېز-ئاستىلىقى ۋە داۋام قىلىغان ۋاقتى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ پەرقلىنىدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىجەزىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنچە ئېنىق بولىدۇ. باللارنىڭ ئېرسىيەت ساپاسى قانچە ئوخشىشىپ كەتسە، مىجەزىنىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ شۇنچە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مىجەز كۆپىنچە تۇغما ساپاغا تايىنىدىغان بولغاچقا، مىجەز خاسلىقتا بىرقەدەر زور تۇراقلىقا ئىگە بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئادەتتە «سۆت بىلەن كىرگەن مىجەز جان بىلەن چىقىدۇ» دېگىنى مىجەزنىڭ تۇراقلىقلىقى بىلەن ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مىجەزنىڭ بۇ خىل تۇراقلىقلىقى، بىر تەرەپتىن، مىجەز شەخسنىڭ تۇغما بەلگىلەنگەن ئالىي نېرۋا پائالىيىتى تىپىنىڭ چەكلىمىسىگە كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مىجەزنىڭ ئالاھىدىلىكى پائالىيەت مەزمۇنى ، مەقسىتى ۋە مۇددىئاسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن نىسبەتەن ئاز ئۆزگىرىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئوخشىمىغان پائالىيەتلەردە ئوخشاش بىر شەخس ئوخشاش خاراكتېردىكى مىجەز ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

مىجەز گەرچە نىسبەتەن كۈچلۈك تۇراقلىقا ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئەۋرىشىملىككىمۇ ئىگە. مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە تەلىم-تەربىيە نەتىجىسىدە، بولۇپمۇ ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مىجەزىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن، تۇرمۇشتىكى ئەگرى-توقايلىق ياكى كەسىپتىكى ئوڭۇشسىزلىق جانلىق-پائالىيەتچان بىر ياشنى كەم سۆز، تارتىنچاق كىشىگە ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقرات ياش ۋاقتىدا قوپال، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، ناھايىتى ئېغۋاگەر ئىكەن. بىر قېتىم، بىر كىشى ئۇنىڭغا «سىنىڭ بۇ خىل مىجەزىڭ سىنى جىنايەت يولىغا باشلىشى مۇمكىن» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئۆزىنىڭ مىجەزىنى ئۈنۈملۈك تۈردە ئۆزگەرتكەن. ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئۇ كىشىلەرگە تا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن «سەن ئۆزۈڭنى چۈشەن» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كىشىلەرنىڭ مىجەزى مۇھىت، تەلىم-تەربىيە، كەسىپ، سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئومۇمەن

قىلىپ ئېيتقاندا، بالىلىق مەزگىلىدە قوزغىلىشچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك، تورمۇزلىنىشچانلىقى بىرقەدەر ئاجىز بولىدۇ. ئاساسەن ھەرىكەتنى ياخشى كۆرۈش، چەبدەس، قىزغىن، ئاكتىپ بولۇش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئوتتۇرا ياش مەزگىلىدە قوزغىلىش بىلەن تورمۇزلىنىش تەڭپۇڭ بولىدۇ. ئاساسلىقى قەتئىي، تەمكىن بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. قېرىلىق مەزگىلىدە قوزغىلىشچانلىق ئاجىز، تورمۇزلىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئاساسەن تەمكىن سوغۇققان، ھەرىكىتى ئاستا، جانسىز بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

## 2. مىجەزنىڭ تىپلىرى

پسىخولوگىيىلىك ئادەت بويىچە مىجەزنى سەپرا مىجەز، كۆپ قان مىجەز، بەلغەم مىجەز، سەۋدا مىجەز دەپ تۆت خىل تىپقا ئايرىيدۇ. بۇ تۆت خىل مىجەز تىپىنىڭ ئايرىلىشىنى ئەڭ بۇرۇن قەدىمكى يۇنان دوختۇرى ھېپپوكرات ئوتتۇرىغا قويغان.

تۆت خىل مىجەز تىپلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى:

1. سەپرا مىجەز

بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ سېزىمچانلىقى بىرقەدەر تۆۋەن، چىداملىق، چەبدەسلىكى، ئەۋرىشىملىكى ئومۇمەن كۈچلۈك بولىدۇ. قوزغىلىش تورمۇزلىنىشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. سىرتقا مايىل كېلىدۇ. بۇ تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتتىكى ئىپادىسى مۇنداق: تۈز كۆڭۈل، قىزغىن، زېھنىي كۈچ-قۇۋۋىتى تولۇق بولۇپ، كەيپىياتتا ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىش كۈچلۈك، سىرتقا مايىللىقتا ئىگە بولىدۇ. قوزغىلىش بىلەن قىزغىنلىق ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى.

2. كۆپ قان مىجەز

بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ سېزىمچانلىقى بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ. ناھايىتى كۈچلۈك چىداملىقتا، قوزغىلىشچانلىقتا، چەبدەسلىكتە، ئەۋرىشىملىكتە ئىگە بولۇپ، سىرتقا مايىل كېلىدۇ. بۇ تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتتىكى ئىپادىسى مۇنداق: شوخ ۋە تېتىك، قەتئىي، ئىنكاسى تېز بولىدۇ. قىزغىن، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىزىقىشى ئاسان ئۆزگىرىدۇ. سىرتقا مايىللىقتا ئىگە بولىدۇ. قەتئىيلىك بىلەن تېتىكلىك ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى.

3. بەلغەم مىجەز

بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ سېزىمچانلىقى تۆۋەن، جەبدەسلىكى، ئەۋرىشىملىكى، قوزغىلىشچانلىقىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. پەقەت چىدامىلىقلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئىچكى مايىل كېلىدۇ. بۇ تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتتىكى ئىپادىسى مۇنداق: تىنچ، سالماق، ئىنكاسى ئاستا، كەم سۆز، كەيپىياتى چىرايىدا ئاسان بىلىنمەيدۇ. دىققىتى تۇراقلىق، لېكىن ئۆزگىرىشى تەس. سەۋرچانلىقى يۇقىرى ئىچكى مايىللىققا ئىگە. سۈكۈت قىلىش بىلەن ئېغىر بېسىقلىق ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى.

4. سەۋدا مىجەز

بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ سېزىمچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. چىدامىلىقى، جەبدەسلىكى، ئەۋرىشىملىكى ۋە قوزغىلىشچانلىقى ئومۇمەن تۆۋەن بولىدۇ. ئىچكى مايىل كېلىدۇ. بۇ تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتتىكى ئىپادىسى مۇنداق: يېگانە بولۇپ ھەرىكىتى ئاستا كېلىدۇ. كەيپىيات تۇيغۇسى چوڭقۇر، تەپسىلاتىنى كۆزىتىشكە ماھىر كېلىدۇ. شەيئىلەرگە بولغان ئىنكاسى بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىدە سەزگۈر كېلىدۇ. تاشقى ئىپادىسى مۇلايىم بولۇپ، چىرايىدىن ھەمىشە قايغۇلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. ئىچكى مايىللىققا ئىگە. جانسىزلىق بىلەن تارتىنچاقلىق ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مىجەزنىڭ تۆت خىل تىپى-ئۆلگە بولۇپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بۇنداق مۇتلەق مىجەز كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم خىل مىجەزنى ئاساس قىلغان ئارىلاشما تىپىغا تەۋە بولىدۇ. بىز مەلۇم كىشىنى مەلۇم مىجەزگە ئىگە دېگەنلىكىمىز، پەقەت بۇ خىل مىجەزنىڭ ئۇنىڭ مىجەز تەركىبىدە ئاساسىي ئېقىم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭ مىجەز قۇرۇلمىسىدا يېتەكچى رول ئوينايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

## 3. مىجەز توغرىسىدىكى تەلىماتلار

مىجەزنىڭ يۈز بېرىش ئاساسى ياكى فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمى توغرىسىدا نۇرغۇن ئوخشىمىغان تەلىماتلار بار. مەسىلەن، «مۇئەننەس، مۇزەككەر بەش ئانا سۇر تەلىماتى» بەدەن تىپى تەلىماتى، قان تىپى تەلىماتى، گورمون تەلىماتى قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغىنى خىلىت توغرىسىدىكى تەلىمات، بىرقەدەر ئىلمىي بولغىنى ئالىي نېرۋا

پائالىيەت تىپى توغرىسىدىكى تەلىماتدۇر.

1. خىلىت توغرىسىدىكى تەلىمات

قەدىمكى يۇنانلىق دوختۇر ھىپپواكرات كىشىلەرنىڭ مىجەزى ئادەم بەدىنىدىكى ئوخشىمىغان خىلىت (سۇيۇقلۇق) تەركىبلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ئادەم بەدىنىدە بەلغەم، سېرىق ئۆت، قارا ئۆت ۋە قاندىن ئىبارەت تۆت خىلىت بولىدۇ. خىلىتلاردا، قان غالىب كەلگەن كىشىلەر كۆپ قانلىق مىجەز، بەلغەم غالىب كەلگەن كىشىلەر بەلغەم مىجەز، سېرىق ئۆت غالىب كەلگەن كىشىلەر سەپرا مىجەز، قارا ئۆت غالىب كەلگەن كىشىلەر سەۋدا مىجەز بولىدۇ. ئېنىقكى، خىلىت تەلىماتىنىڭ ئىلمىي ئاساسى كەمچىل، بىراق خىلىت تەلىماتىنىڭ مىجەز تىپلىرىنى ئايرىش كىشىلەرنىڭ مىجەز جەھەتتىكى پەرقىنى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەچكە، ھىپپوكراتنىڭ خىلىتنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان تۆت خىل مىجەز ئۇقۇمى ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

2. ئالىي نېرۋا پائالىيەت تىپى توغرىسىدىكى تەلىمات

پاۋلوۋنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيەت تىپى توغرىسىدىكى تەلىماتى مۇنداق دەپ قارايدۇ. نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي جەريانى قوزغىلىش ۋە تورمۇزلىنىشتىن ئىبارەت بولۇپ، قوزغىلىش بىلەن تورمۇزلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئاساسلىق نېرۋا جەريانى ئۈچ خىل ئاساسىي خۇسۇسىيەتكە، يەنى قوزغىلىش ۋە تورمۇزلىنىشنىڭ كۈچلۈكلۈكى، قوزغىلىش ۋە تورمۇزلىنىشنىڭ تەڭپۇڭلۇقى، قوزغىلىش ۋە تورمۇزلىنىشنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈشىدەك جانلىقلىقىغا ئىگە بولىدۇ. پاۋلوۋ بۇ ئۈچ خىل خۇسۇسىيەتنىڭ ئالاھىدە بىرىكىشى تۆت خىل ئاساسلىق ئالىي نېرۋا پائالىيەت تىپىنى ھاسىل قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

1) كۈچلۈك، تەڭپۇڭسىز تىپ — ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان تىپ

بۇ خىل تىپتىكى نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: قوزغىلىش جەريانى تورمۇزلىنىش جەريانىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ بىر خىل ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، ئۆزىنى توختىتالمايدىغان تىپ، شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلىشچان تىپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2) كۈچلۈك، تەڭپۇڭ، جانلىق تىپ — شوخ تىپ

بۇ خىل تىپتىكى ھەرئىككىلىسى بىرقەدەر زور ۋە باراۋەر دەرىجىدە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۆزئارا ئۆتۈشۈشى جانلىق بولىدۇ. بۇ خىل تىپنىڭ ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى: ئىنكاسقا تېز. تاشقى ئىپادىسى شوخ، تېزلىكتە

ئۆزگىرىۋاتقان سىرتقى مۇھىتقا تېز ماسلىشالايدۇ.

3) كۆچلۈك، تەڭپۇڭ، جانسىز تىپ — خاتىرجەم تىپ

بۇ خىل تىپتىكى نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى — قوزغىلىش بىلەن تورمۇزلىنىشنىڭ ھەرىكەتچانلىقى كۆچلۈك ھەم باراۋەر بولىدۇ. بىراق، ئۆزئارا ئۆتۈشۈشى جانلىق بولمايدۇ. ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى: يېڭى شەرتلىك رېفلېكسنى ئاسان شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن، ئاسان ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

4) قوزغىلىش بىلەن تورمۇزلىنىشنىڭ ھەرىكەتچانلىقى بىر قەدەر ئاجىز بولغان تىپ — ئاجىز تىپ

بۇ خىل تىپتىكى نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: قوزغىلىش بىلەن تورمۇزلىنىشنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ. ئاجىز بولغان تورمۇزلىنىش جەريانى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تىپنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى: مەيلى قايسى خىل شەكىلدىكىدە بولسۇن شەرتلىك رېفلېكسلەرنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. نېرۋا جەريانىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا ئۇچۇن تورمۇزلىنىشچان تىپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

پاۋلوۋنىڭ تۆت خىل نېرۋا پائالىيەت تىپى بىلەن تۆت خىل مىجەز تىپى زىچ باغلىنىشلىق، ئالىي نېرۋا پائالىيەت تىپى مىجەز تىپىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى، مىجەز ئالىي نېرۋا پائالىيەت تىپىنىڭ پسىخىك ئىپادىسى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك.

**4.4-جەدۋەل ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ تىپلىرى بىلەن مىجەز تىپلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى**

| مىجەز تىپلىرى | ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ تىپلىرى | نېرۋا جەريانىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | جانلىقلىقى | تەڭپۇڭلۇقى | كۆچلۈكلۈكى |
| سەپرا مىجەز | قوزغىلىشچان تىپ (ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان تىپ) | | تەڭپۇڭسىز | كۆچلۈك |
| كۆپ قان مىجەز | شوخ تىپ (جانلىق تىپ) | جانلىق | تەڭپۇڭ | كۆچلۈك |
| بەلغەم مىجەز | خاتىرجەم تىپ (جانسىز تىپ) | جانسىز | تەڭپۇڭ | كۆچلۈك |
| سەۋدا مىجەز | ئاجىز تىپ (تورمۇزلىنىشچان تىپ) | | | ئاجىز |

## 4. مىجەز ۋە تەلىم-تەربىيە پائالىيىتى

ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى — تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىنىڭ سۇبيېكتى. تەلىم-تەربىيە پائالىيىتى جەريانىدا، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەزى ئوقۇتۇش بىلەن ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار جەھەتتە، مىجەز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش ئىستىلىنى شەكىللەندۈرىدىغان پسىخىك ئاساس، ئوخشىمىغان مىجەز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى، تېز-ئاستىلىقى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان ئىستىلىدىمۇ زور پەرقلەر بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلا ياخشى تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش ئىستىلى شەكىللەندۈرۈپ كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشنىڭ ياخشى ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىنى تونۇش، ئۇنىڭدىن ياخشى ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ، پاسسىپ ئامىللارنى يېڭىش زۆرۈر. ئوقۇغۇچىلار جەھەتتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ قاراپ ئادەم تەربىيىلەشتىكى ئاساسلىرىنىڭ بىرى، ئوقۇتقۇچىلار تەلىم-تەربىيە جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلىشى، ئۇلاردا ئىلگىرى ئىگە بولغان مىجەز تىپى ئاساسىدا ياخشى خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر كونكرېت تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەز تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش

مىجەز شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى بەلگىلەپ بېرەلمىسىمۇ، بىراق ئوخشاش بولمىغان مىجەزلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە ھەرىكەت ئىپادىسى جەھەتلەردە ئايرىم پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن، كۆپ قانلىق مىجەز تىپىتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە ئاساسانلىقچە چارچاپ قالمايدۇ. يېڭى، قىيىنچىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ماتېرىياللارنى ئۆگىنىشكە قىزىقىدۇ. تەپەككۇرى جانلىق، مەسىلىلەرگە تېز جاۋاب بېرەلەيدۇ. بىراق، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكرار قىلمايدۇ. تاپشۇرۇق ئىشلەشتە بىپەرۋالىق قىلىپ ئاسانلا خاتالىق يۈز بېرىدۇ. سەۋدا مىجەز تىپىتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە ئاسانلا چارچاپ قالىدۇ. قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان يېڭى ماتېرىياللارنى

ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىق ھېس قىلىدۇ. ئىنكاسى ئاستا، بىراق دەرستىن كېيىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەكرار قىلىدۇ. ئەستايىدىل تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ. چوڭقۇر پىكىر قىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل مىجەز تىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بار. ھەرئىككىلىسى ئۆگىنىشتە ئەلا نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ھالقىلىق يېرى ئوقۇتقۇچى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم. ئاندىن ئوقۇتۇش ۋە تەلىم-تەربىيە خىزمىتىدە ئالدىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

### 2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەز تىپلىرىنى چۈشىنىش ئاساسىداكونكرېتنى ئوبيېكتقا قاراپ تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويۇش

ئوخشاش بىر خىل تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغان مىجەز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئوينايدىغان رولى زادى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۆتكۈر تەنقىد قىلىش ئەگەر كۆپ قانلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرسە، ئۇنداقتا ئوخشاش تەنقىد سەۋدا مىجەزلىك ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق ئازابلىشى مۇمكىن. مىجەز ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراتمىلاپ كونكرېت ئوبيېكتىگە قاراپ تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ياكى ئۇنىڭ چىقىش نۇقتىسى ھەربىر تۈرلۈك مىجەزنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئارتۇقچىلىقىنى جاراي قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈگىتىپ، ئوخشاش بولمىغان مىجەز تىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان تەدبىر ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم. ئوقۇتقۇچى تەلىم-تەربىيە جەريانىدا سەۋدا ۋە سەپرا مىجەزلىك ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سەپرا مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى كۈچلۈك، ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلىشىدىغان ۋە چارچايدىغان بولغاچقا، ئاسانلا نېرۋا ئاجىزلىق كېلىپ چىقىدۇ ياكى ۋاقىتلىق غەم-قايغۇلار تۈپەيلىدىن غەم ئەندىشە خاراكتېرلىك نېرۋا كېسىلى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەپرا مىجەزلىك ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى تورمۇزلاش، ئۇلارغا قەتئىي بولۇش ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ھالدا خىزمەت ۋە ئۆگىنىش قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. سەۋدا تىپتىكى كىشىلەردە دائىم جاپالىق، قىيىن ۋەزىپىلەرگە نىسبەتەن كەسكىن رىقابەت ياكى توقۇنۇش قاتارلىقلار پەيدا بولۇپ، سەۋر قىلىشقا ئىلاجسىز قېلىپ ئاسانلا

كەيپىيات خاراكتېرلىك ئەسەبىيلىشىش پەيدا بولىدۇ ياكى .روھىي جەھەتتە ئىلىشىپ قېلىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەۋدا مىجەزلىك ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئۇلارنى كوللېكتىپ ئىچىدە دوستلۇق ۋە تۇرمۇشنىڭ شادلىقىغا ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىش غەيرەت-جاسارىتىگە ئىلھام بېرىش ۋە قەيسەر ئىرادە كۈچىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىش

مىجەز جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش ئوقۇغۇچىلاردا ياخشى پەزىلەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم يوللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ مىجەزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە توغرا باھا بېرىشكە ماھىر بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دائىم ئاگاھلىق ھالدا ئۆزىنىڭ مىجەزىدىكى سەلبىي پەزىلەتلىرىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىتىپ، ئىجابىي پەزىلەتلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز مىجەزىنىڭ خوجايىنى بولۇشقا يېتەكلەش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشىنى يولغا قويۇشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئوقۇتقۇچىلار يېتەكچىلىك قىلىش، باھا بېرىش، ۋاقتىدا قايتىلىما ئىنكاس قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

## 3. خاراكتېر

### 1. خاراكتېر ئۇقۇمى

خاراكتېر كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيە ۋە مۇئەييەن ئادەتكە ئايلانغان ھەرىكەت ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىدىغان تىپىك، تۇراقلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك، خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىق قۇرۇلمىسى ئىچىدە يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەمدىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم پسىخىك تۇرمۇش بەلگىسىدۇر.

ھەربىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۈزلۈكسىز ھالدا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە بۇ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تەسىرلەرگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئىجتىمائىي غىدىقلىغۇچىلار ۋە تەسىرلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدا، بەزى

ئىنكاسلار كۈچەيتىلىدۇ، بەزى ئىنكاسلار ئەڭ ئاخىرى چېكىنىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەر مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەك، نېمە قىلماسلىق كېرەك ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلىش كېرەك، قانداق قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. بۇ خىل ئىنكاس شەكلىنىڭ قېلىپلىشىشى بۇ ئادەمدە مۇئەييەن پوزىتسىيە سىستېمىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ۋە ئۆزىگە خاس بولغان ئادەتلەنگەن ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىر ئادەمنى سۈرەتلەشتە ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش كېرەك»[1] «نېمە قىلىش» كېرەكلىكى كىشىلەرنىڭ پائالىيەت مۇددىئاسى ۋە رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. «قانداق قىلىش» كېرەكلىكى كىشىلەرنىڭ پائالىيەت شەكلىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى خاراكتېرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇقىم ۋە تۇراقلىق بولىدۇ. ئەشۇ بىر قېتىم تۇراقلىق بولمىغان، تاسادىپىي بولغان پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىنى خاراكتېر ياكى خاراكتېرنىڭ ئىپادىسى دېگىلى بولمايدۇ.

خاراكتېر مەلۇم پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىر ئادەمدىكى ئورگانىك بىرىكىشى بولۇپ، شەخسنىڭ مۇستەقىللىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئادەمنىڭ خاس ئايرىم پەرقلىرىنىڭ بەلگىسىنى نامايان قىلىدۇ. خاراكتېر بىر ئادەمنىڭ خاسلىق قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ گەۋدىلىك بولغان، پسىخىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ خاسلىق ئىچىدە يادرولۇق رول ئويناپ، ئادەم خاسلىقىنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئادەمنىڭ قابىلىيىتى تۇغما بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ نېمە قىلىشى ۋە قانداق قىلىشى، دائىم كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ ھەمدە بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. خاراكتېر بەلگىلىگەن ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى جەمئىيەتكە پايدىلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇنداقلا جەمئىيەتكە زىيانلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خاراكتېر ياخشى-يامان دەپ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن، ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇش،

---

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1995-يىلى نەشرى، 4-توم 558-بەت.

باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە ماھىر بولۇش، تىرىشچانلىق، سەممىيلىك قاتارلىقلار ياخشى. خاراكتېر خۇسۇسىيىتى ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشىدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدۇر. شەخسىيەتچىلىك، توڭ-رەھىمسىزلىك، ھورۇنلۇق، ھاكاۋۇرلۇق قاتارلىقلار يامان خاراكتېر خۇسۇسىيىتى ياكى ئىنكار قىلىنىدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدۇر. بەزى خاراكتېر ئامىللىرى، مەسىلەن، مەردلىك، تارتىنچاقلىق، ئەستايىدىللىق، بىپەرۋالىق قاتارلىقلار ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى دائىم ئاشۇ يادرولۇق ئەھمىيەتكە ئىگە پوزىتسىيە، تۇيغۇ ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىغا باغلىق بولىدۇ. گەرچە ئۇلار بېقىندىلىق ئورنىدا تۇرسىمۇ بىراق، جەمئىيەتنىڭ باھا بېرىشىگە ئۇچرايدۇ.

## 2. خاراكتېر ۋە قابىلىيەت، مىجەز

خاراكتېر، قابىلىيەت، مىجەز ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇلار ئارىسىدا تۈپ ماھىيەتلىك پەرق بار. بىراق، ھەرقانداق پسىخىك ھادىسىلەرگە ئوخشاشلا خاراكتېر، قابىلىيەت، مىجەز ئارىسىدىمۇ يەنە ھەم باغلىنىش بار.

1. خاراكتېر بىلەن قابىلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى

1) خاراكتېر قابىلىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ

جاھاندىكى ھەرقانداق خاراكتېرگە ئىگە ئادەم جەمئىيەتكە پايدىلىق پائالىيەت ئېلىپ بارسىلا ئۇ خاسىيەتلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە قابىلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتلەردىكى قابىلىيىتى ئالاھىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئادەمنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ئەلا بولىدۇ. شۇنداقلا، تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

2) قابىلىيەت كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ

قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئادەم ۋە شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىش پائالىيىتى داۋامىدا كەمتەر-ئېھتىياتچان بولۇپ «بىلىملىك كىشى ئۆزىنى كەمتەر تۇتىدۇ» دېگەندەك بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا، تەكەببۇرلۇق قىلىپ،

«ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق» مۇ مۇمكىن.

2. خاراكتېر بىلەن مىجەزنىڭ مۇناسىۋىتى

1) خاراكتېر مىجەزگە قارىتا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى مەلۇم دەرىجىدە مىجەزنى ئۆزگەرتىپ ياكى يوشۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنى ئەمەلىي پائالىيەت تەلىپىگە بويسۇندۇرىدۇ.

2) مىجەز خاراكتېرنىڭ ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىپ، خاراكتېر ئىپادىسىنى بەلگىلىك مىجەز تۈسكە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاشلا ئەمگەكچان پەزىلەتكە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپ قان مىجەز كىشىلەر ھەممىشە خىزمەتنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدۇ. بەلغەم مىجەز كىشىلەر بولسا خىزمەتنى ھۇدۇقماي، تەمكىن ئىشلەيدۇ.

3) مىجەز يەنە خاراكتېرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سەپرا مىجەز ۋە كۆپ قان مىجەز كىشىلەردە نېرۋىنىڭ قوزغىلىش جەريانى تورمۇزلىنىش جەريانىدىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار بەلغەم مىجەز كىشىلەرگە قارىغاندا كەسكىنلىك ۋە قەيسەرلىك خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئاسان شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

## 3. خاراكتېرنىڭ قۇرۇلمىسى

خاراكتېر نۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر بەلگىلىرىدىن ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. خاراكتېرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىشنىڭ مەقسىتى ئۇنىڭ ئاساسىي تەركىبى ياكى ئاساسىي بەلگىلىرىنى تۇرگە ئايرىپ چىقىش ھەمدە ئۇلار ئارىسىدىكى بىرىكىش خۇسۇسىيىتى ياكى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىپ، خاراكتېر ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق، چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.

1. خاراكتېرنىڭ بەلگىلىرى

خاراكتېر نۇرغۇنلىغان ئايرىم بەلگىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. خاراكتېرنىڭ ماھىيىتىگە ئاساسەن خاراكتېرنىڭ بۇ بەلگىلىرىنى خاراكتېرنىڭ پوزىتسىيە جەھەتتىكى بەلگىلىرى ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى

بەلگىلىرى دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) خاراكتېرنىڭ پوزىتسىيە جەھەتتىكى بەلگىلىرى

كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيە جەھەتتىكى بەلگىلىرى ئاساسلىق مۇنۇلار:

A. جەمئىيەتكە، كوللېكتىپقا ۋە باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيە بەلگىلىرى. مەسىلەن، ۋەتەننى سۆيۈش، كوللېكتىپنى سۆيۈش، ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، مول خەيرخاھلىق ھېسسىياتى، سەممىيلىك، ئەدەپلىك بولۇش قاتارلىقلار. بولارنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرى دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، شەخسىيەتچىلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش، ھاكاۋۇرلۇق، توڭ-قوپال بولۇش قاتارلىقلار.

B. خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە ئەمگەككە تۇتقان پوزىتسىيە بەلگىلىرى. مەسىلەن، تىرىشچانلىق، ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك بولۇش، ئىقتىسادچىللىق قاتارلىقلار. بۇنىڭ بىلەن قارىمۇقارشى بولغانلىرى ھۇرۇنلۇق، بىپەرۋالىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك، كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋېلىش، ھەشەمەتچىلىك قىلىش قاتارلىقلار.

C. ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيە جەھەتتىكى خاراكتېر بەلگىلىرى. مەسىلەن، كەمتەر، ئېھتىياتچانلىق، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىدىن ئېھتىيات قىلىش قاتارلىقلار. بۇلار بىلەن ئەكسىچە بولغانلىرى ھاكاۋۇرلۇق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، مەنمەنلىك، ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، ئۆزىنى كەمسىتىش قاتارلىقلار.

2) خاراكتېرنىڭ ھەرىكەت جەھەتتىكى بەلگىلىرى

خاراكتېرنىڭ ھەرىكەت جەھەتتىكى بەلگىلىرى ئاساسلىقى خاراكتېرنىڭ بىلىش جەھەتتىكى بەلگىلىرى، خاراكتېرنىڭ كەيپىيات جەھەتتىكى بەلگىلىرى ۋە خاراكتېرنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى بەلگىلىرى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئىپادىلىنىدۇ.

A. خاراكتېرنىڭ بىلىش جەھەتتىكى بەلگىلىرى بۇ ئاساسلىقى شەخسنىڭ ئىدراك، خاتىرە، تەپەككۇر ۋە خىيال قاتارلىق بىلىش پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. سەزگۈ-ئىدراك جەھەتتە، مەسىلەن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىدراك قىلىش تىپى ياكى پاسسىپ ئىدراك قىلىش

تىپى. تېز ئىدراك قىلىش تىپى ياكى توغرا ئىدراك قىلىش تىپى قاتارلىقلار. خاتىرە جەھەتتە، مەسىلەن، تەشەببۇسكار خاتىرە تىپى ياكى پاسسىپ خاتىرە تىپى، بىۋاستە كۆرسەتمىلىك خاتىرە تىپى ياكى ئابستراكت خاتىرە تىپى قاتارلىقلار؛ تەپەككۇر جەھەتتە، مەسىلەن، مۇستەقىل پىكىر قىلىش تىپى ياكى دارىتمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تىپى، ئوخشاشلىقىنى تېپىش تەپەككۇر تىپى ياكى پەرقىنى تېپىش تەپەككۇر تىپى قاتارلىقلار. خىيال جەھەتتە، مەسىلەن، غايە تىپى ياكى قۇرۇق خىيال تىپى، خىيالى مول تىپى، خىيالى نامرات تىپى قاتارلىقلار.

B. خاراكتېرنىڭ كەيپىيات جەھەتتىكى بەلگىلىرى، بۇ ئاساسلىقى شەخسىي كەيپىيات پائالىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تۇراقلىقلىقى، ئۇزاق مۇددەتلىكى ۋە يېتەكچى كەيپ قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. كۈچلۈكلۈك بەلگىسى دېگەندە مەسىلەن، كەيپىياتنىڭ ئاسان قوزغىلىشى، بەلكى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇشى، تىزگىنلەش قىيىن بولۇش ياكى كەيپىيات ئاسان پەيدا بولماسلىق، تۇيغۇسى بىرقەدەر ئاجىز بولۇش، ئاسان كونترول قىلىش قاتارلىقلار. تۇراقلىق بەلگىسى دېگەندە مەسىلەن، ئاسان تەۋرەنمەسلىك ياكى كەيپىياتى بىرقەدەر ئاسان ئۆزگىرىش، بىرلا قوزغالسا يەنە ئۆزىنى تىزگىنلەش ناھايىتى قىيىن بولۇش قاتارلىقلار: ئۇزاق مۇددەتلىك بەلگىسى دېگەندە، مەسىلەن، مەلۇم كەيپىيات پەيدا بولغاندىن كېيىن داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇش، ئاسان ئۆزگەرمەسلىك ياكى مەلۇم كەيپىيات پەيدا بولغاندىن كېيىن ناھايىتى ئاسانلا يوقىلىپ كېتىش، ھەتتا كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە غايىب بولۇش قاتارلىقلار. يېتەكچى كەيپ جەھەتتىكى بەلگىلىرى دېگەندە، مەسىلەن، شاد-خۇراملىققا تولغان ياكى دەرد-ئەلەم قاپلىغان، ھاياجانلانغان، ئوچۇق-يورۇق ياكى ئۈمىدسىز چۈشكۈنلەشكەن قاتارلىقلار.

C. خاراكتېرنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى بەلگىلىرى، بۇ ئاساسلىقى شەخس ھەرىكىتىنىڭ مەقسەتچانلىقى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، كەسكىنلىكى ۋە قەتئىيلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەقسەتچانلىق ئالاھىدىلىكى دېگەندە مەسىلەن، ئاڭلىقلىق تىپى ياكى قارىغۇلۇق تىپى، مۇستەقىللىق تىپى ياكى ئىنتائەتچان تىپى قاتارلىقلار. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئالاھىدىلىكى دېگەندە مەسىلەن، ئۆزىنى تىزگىنلەش تىپى ياكى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش تىپى، مۇقىملىقىنى ساقلاش تىپى ياكى شاختىن شاخقا قونۇش تىپى

قاتارلىقلار. كەسكىنلىك تىپى دىگەندە مەسىلەن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دەرھال بىر قارارغا كېلىش تىپى ياكى لىڭشاسىما تىپى، باتۇر، قەيسەر تىپ ياكى قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك تىپ قاتارلىقلار. قەتئىيلىك بەلگىسى دىگەندە، مەسىلەن، ئىرادىسىدىن قايتماس تىپ ياكى گۇلدۈرى بار، يامغۇرى يوق تىپ، قەتئىيلىك تىپى ياكى تەرسا تىپ قاتارلىقلار.

2. خاراكتېر قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى

خاراكتېر قۇرۇلمىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلەر يەككە-يېگانە، تۇرغۇن ھالدا مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان رول ۋە تەسىرات ئاستىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە بىرىكىپ، خاراكتېر قۇرۇلمىنى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدۇ.

1) خاراكتېر قۇرۇلمىسىنىڭ پۈتۈنلۈكى

· تۈرلۈك خاراكتېر بەلگىلىرى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنى چەكلەپ بىر بىرلىككە كەلگەن پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىدىغان ئادەمنىڭ بىلىش ئالاھىدىلىكى ئاكتىپ تەشەببۇسكار بولىدۇ. يېتەكچى كەسىپ جانلىق، تېتىك بولىدۇ. ئىرادىسى قەيسەر بولىدۇ قاتارلىقلار. دەل تۈرلۈك خاراكتېر بەلگىلىرى ئارىسىدا بۇنداق ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت بولغانلىقتىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاندىن بىر ئادەمنىڭ مەلۇم خاراكتېر بەلگىلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭ يەنە باشقا بەزى مۇناسىۋەتلىك خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

2) خاراكتېر قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى

خاراكتېر بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىپادىسى ھەم پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ كەتمەيدۇ. ئوخشاش بىر خاراكتېر ئوخشاش بولمىغان سورۇندا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، مەسىلەن، بەزى ئوقۇغۇچىلار ئائىلىدە بىرقەدەر ھورۇن بولۇپ، مەكتەپتە ئىپادىسى بىرقەدەر تىرىشچان بولىدۇ. بۇ ئاساسلىقى جەمئىيەتتىكى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەرنىڭ شەخسكە قارىتا تەلىپىنىڭ بىردەك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن شەخسنىڭ ھەرىكىتى بىلەن پوزىتسىيە ئارىسىدىكى بىردەك بولماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇندىن باشقا بۇ شەخسنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل بولماسلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئادەمنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىشتە كۆپ خىل سورۇنلاردىكى بىر ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە

ھەرىكەت شەكلىنى ئەتراپلىق ۋە قايتا-قايتا ھالدا كۆزىتىپ ئاساسلىقلىرى بىلەن قوشۇمچىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، راست-يالغانلىنى پەرقلەندۇرۇش لازىم.

3) خاراكتېر قۇرۇلمىسىنىڭ تۇراقلىقى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى

تۇراقلىق خاراكتېرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ئەگەر بىر مەلۇم ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ھەقىقەتەن چۈشەنمىسەك، ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭ مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا قانداق پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەتلەردە بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيمىز. خاراكتېرنىڭ تۇراقلىقلىقى ھەم يەنە خاراكتېر شەكىللىنىش بىلەنلا قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، تەنقىداتلارنىڭ ئىسپاتلىنىشىچە، مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۆز-ئۆزىنى تەڭشەش، بىلىم-تەجرىبىسىنىڭ ئارتىشى ۋە ياشنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدۇ. خاراكتېرنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ياخشى خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈش ۋە يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

## 4. خاراكتېرنىڭ تىپى ۋە سىنىقى

1. خاراكتېرنىڭ تىپى

بىر تۈردىكى ئادەملەردە ئورتاق بار بولغان مەلۇم خاراكتېر بەلگىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر كىشى خاراكتېر تىپى دەپ ئاتىلىدۇ. خاراكتېر ئۆزىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغان كۆزقارىشى تۈرگە ئايرىش نۇقتىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن پسىخولوگىيىنىڭ خاراكتېرىنى تىپقا ئايرىش توغرىسىدا نۇرغۇن تەلىماتلار شەكىللەندى. تۆۋەندە بىرقەدەر تەسىرگە ئىگە بولغان بىرنەچچە خىل خاراكتېر تىپى تەلىماتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1) فۇنكسىيە تىپى تەلىماتى

بۇ خىل خاراكتېرنى تىپقا ئايرىشتا شەخسنىڭ ئەقىل، كەيپىيات، ئىرادىسىنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئەقىل تىپى، كەيپىيات تىپى ۋە ئىرادە تىپى دەپ بۆلۈنىدۇ. ئەقىل تىپىغا تەۋە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەقىل ئارقىلىق ئۆلچەشكە ۋە تەڭشەشكە ماھىر كېلىدۇ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش قىلمايدۇ. كەيپىيات تىپلىق ئادەمنىڭ

كەيپىيات تۈيغۇسى چوڭقۇر بولۇپ، يۈرۈش-تۇرۇش، سۆز-ھەرىكىتى ئاسانلا كەيپىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدۇ. ئىرادە تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ھەرىكەت نىشانى ئېنىق بولىدۇ. ئاڭلىق، تەشەببۇسكار كېلىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك تىپىك بولغان خاراكتېر تىپىدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئارىلىق تىپتىكىلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، كەيپىيات-ئىرادە تىپى، ئەقىل-ئىرادە تىپى قاتارلىقلار.

2) ئىچكى-تاشقى مايىللىق تىپى

بۇ خىل خاراكتېرنى تىپقا ئايرىش نەزەرىيىسى شەخس پسىخىك پائالىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنياغا مايىللىقى ياكى ئىچكى دۇنياغا مايىل ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، خاراكتېرنى تىپقا ئايرىغان سىرتقى مايىللىق خاراكتېردىكى كىشىلەر دائىم تاشقى شەيئىلەرگە قارىتا قىزىقىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئىپادىلەيدۇ. تېتىك، ئوچۇق-يورۇق، مەردانە، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا كۆز قىرىنى سالمايدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر كېلىدۇ. ئىچكى مايىل خاراكتېردىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئەتراپلىق، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئېھتىياتچان، تارتىنچاق، ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر ئەمەس. يەككە-يېگانە يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇتلەق ئىچكى مايىل ياكى مۇتلەق تاشقى مايىل ئادەملەر بىرقەدەر ئاز، كۆپلىگەن كىشىلەر ئارىلىق تىپقا مەنسۇپ بولىدۇ.

3) مۇستەقىل-ئىتائەتچانلىق تەلىماتى

خاراكتېرنى بۇنداق تىپقا ئايرىش شەخسنىڭ پسىخىك مۇستەقىللىق دەرىجىسىنى ئاساس قىلىپ، ئادەمنى ئىتائەتچان تىپ ۋە مۇستەقىل تىپ دېگەن ئىككى خىل تىپقا بۆلىدۇ. مۇستەقىل تىپىدىكى كىشىلەر تاشقى شەيئىلەرنىڭ كاشىلىسىغا ئاسانلىقچە ئۇچرىمايدۇ. مەسىلىلەرنى مۇستەقىل بايقاش ۋە ھەل قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ، قەتئىي ئىشەنچىگە ئىگە، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئاسان جارى قىلدۇرالايدۇ. ئىتائەتچان كىشىلەر تاشقى پايدىلىنىدىغان شەيئىلەرنى، سىگناللارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىشقا مايىل كېلىدۇ. ئۇلار دائىم ئاسانلا باشقىلارنىڭ پىكىرىنى تەھلىل قىلماي، قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. توسالغۇلارغا قارشى تۇرۇش قابىلىيىتى تۆۋەن. جىددىيلىككە تاقابىل تۇرۇش قابىلىيىتى ئاجىز.

4) ئالاھىدىلىكنى تەھلىل قىلىش تەلىماتى

خاراكتېرنى بۇنداق تىپقا ئايرىش خاراكتېرنىڭ كۆپ خىل

ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى بىرلىشىشىگە ئاساسەن، ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر تىپىغا ئايرىغان. بۇنداق تىپقا ئايرىشنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان شەخسلىرىدىن ئاساسلىقى كاتتېل (R. B. Cattell).

كاتتېل ئامىللارنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى «يۈزەكى ئالاھىدىلىك» ۋە «تۈپ مەنبەلىك ئالاھىدىلىك» دېگەن چوڭ تۈرگە بۆلگەن. يۈزەكى ئالاھىدىلىك دائىم يۈز بېرىدىغان تاشقىرىدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ كۆزىتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەنبەلىك ئالاھىدىلىك يۈزەكى ئالاھىدىلىكنى تىزگىنلەيدىغان يوشۇرۇن ئاساسنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «مول بىلىم قابىلىيىتى بار» «پىكىر قىلىشقا ماھىر» «ئۆگىنىش قابىلىيىتى يۇقىرى»، «تەپەككۇرى ئۆتكۈر» قاتارلىق يۈزەكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەقلىي قابىلىيەتتىكى «زېرەكلىكى» دىن ئىبارەت. بۇ تۈپ مەنبەلىك ئالاھىدىلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەنبەلىك ئالاھىدىلىكنى بىۋاسىتە كۆزەتكىلى بولمايدۇ. پەقەت يۈزەكى ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. كاتتېل كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت ۋە تەتقىقات ئارقىلىق زور مىقداردىكى ئادەمنىڭ ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىگە ئائىت ماتېرىيالنى توپلاپ، ئامىللارنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپلىگەن ھەرىكەتنىڭ سىرتقى ئالاھىدىلىكلەردىن خاراكتېرنىڭ 16خىل تۈپ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن (4.5-جەدۋەلگە قاراڭ).

**4.5-جەدۋەل خاراكتېرنىڭ 16خىل تۈپ ئالاھىدىلىكى**

| ئالاھىدىلىكى | يۇقىرى نومۇرلۇقنىڭ بەلگىلىرى | تۆۋەن نومۇرلۇقنىڭ بەلگىلىرى |
|---|---|---|
| Aخۇشخۇيلۇق | خۇشخۇي، قىزغىن، ئاق كۆڭۈل | جىمغۇر، تەنھا، سىرلىق |
| Bئەقلى | ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، مەلۇماتلىق، سەزگۈر | قاشاڭ، مەلۇماتى تۆۋەن |
| Cتۇراقلىق | تۇراقلىق، سەۋرچان، كەمتەر، بېتىلگەن | گۆدەك، خاتىرجەمسىز، سەۋرچانلىق كەمچىل |
| Eقەيسەرلىك | ماسلىشىشچان، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، كۆرەڭ جاھان | ئىتائەتمەن، كەمتەر، قورقۇنچاق، كىچىك پېئىل |
| Fھاياجان | ئۆزىنى ئەركىن تۇتىدۇ، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، شاد-خۇرام، سۆزمەن | جىددىي، ئېھتىياتچان، جىمغۇر، كەمسۆز |
| Gئىغىربېسىق | مەسئۇلىيەتچان، سەمىمىي، سادىق | ئەستايىدىل ئەمەس، قولنىڭ ئۇچىدا ئىشلەش، ئەپلەپ سەپلەيدۇ |
| Hجۈرئەتلىك | تەۋەككۇلچى، باتۇر، دادىل | قورقۇنچاق، يۈرەكسىز، ئېھتىياتچان |

| | | |
|---|---|---|
| I سەزگۈرلۈك | سەزگۈر، ھېسسىياتى بويىچە ئىش كۆرىدۇ | ئاقىل، ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىدۇ |
| L گۇمانخورلۇق | ئىشەنمەسلىك، گۇمانخور، ئېھتىياتچان | ئاسانلا ئىشىنىدۇ، ئىشەنچكە يارايدۇ، بىپەرۋا |
| M خام خىيال | خام خىيال قىلىش، رېئاللىقتىن چەتنەش، ئۆزىنى مەركەز قىلىش | رېئاللىققا، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ئىش قىلىش، بيۇروكرات (مۇتەئەسسىپ) |
| N ياخشىچاقلىق | زېرەك، قابىل، ياخشىچاق | راستچىل، تۈز، گۆدەك |
| O تەشۋىش | تەشۋىشلىنىش، جىلە بولۇش، مەيۈسلىنىش، يۈرەكسىز | شاد-خۇرام، تەمكىن، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، ئۆزىدىن قانائەتلىنىدۇ |
| $Q_1$ كەسكىنلىك | ئەركىن، كەسكىن، تەنقىدىي، رېئاللىق بىلەن چەكلەنمەيدۇ | بىكىنىم، ئەنئەنىۋى قائىدىلەر ۋە كۆزقاراشلارغا ئېتىبار بېرىدۇ |
| $Q_2$ مۇستەقىللىق | مۇستەقىللىقى كۈچلۈك، ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلەنمەيدۇ | يۆلىنىۋېلىشچان، باشقىلارغا ئەگىشىپ مېڭىش |
| $Q_3$ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش | ئۆزىنى قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئۆزگىنىمۇ بىلىش | روھىي زىددىيەتلىك بولۇش، ئېھتىياتچان ئەمەس، غەيرىيلىككە ئىنتىلىدۇ |
| $Q_4$ جىددىيلىك | جىددىيلىشىش، بىئارام بولۇش | كەيپىياتى مۇقىم، خاتىرجەم |

كاتتېلنىڭ قارىشىچە، بۇ 16خىل تۈپ ئالاھىدىلىكنىڭ ھەرقايسىسى مۇستەقىل بولۇپ، ئۇلار تۇرلۇك ياش ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى كىشىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولىدىكەن، ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېر بەلگىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بۇ 16خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ ھەرخىل ئادەملەردىكى ھەربىر كىشى ئوخشاش بولماسلىقىدىن بەلگىلەنگەن. كاتتېل بۇنىڭغا ئاساسەن «كاتتېلنىڭ 16خىل تۈپ ئالاھىدىلىك سوئال جەدۋىلى» نى لايىھىلەپ چىققان. نۆۋەتتە كاتتېلنىڭ 16خىل تۈپ مەنبە ئالاھىدىلىكى سىنىقى پسىخولوگىيە ساھەسى ۋە كادىرلارنى باشقۇرۇش ساھەسىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، بىرقەدەر كەڭ قوللىنىلغان.

يۇقىرىقى خاراكتېر تەلىماتى ھەرقايسى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن خاراكتېرنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئېچىپ بەرگەن. بۇ كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش ۋە خاراكتېرىنى يارىتىشقا پايدىلىق. ئادەمنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، ھەربىر خىل تىپقا ئايرىشنىڭ مۇئەييەن چەكلىمىلىكى بار. قانداق قىلغاندا مۇكەممەل، ئەتراپلىق، توغرا بولغان خاراكتېرنى تىپقا ئايرىش نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە، پسىخولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ.

2. خاراكتېرنى ئۆلچەش

شەخسنىڭ خاراكتېرىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، كۆزىتىش ئۇسۇلى، تەبىئىي تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى، سۆھبەت ئۇسۇلى، ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە سىناق ئۇسۇلى قاتارلىقلار. پسىخولوگىيىدە شەخسنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتكەندە، ئاساسلىقى ئۆلچەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئۆلچەش ئۇسۇلى ئاساسلىقى، يازما سوئال سوراش ئۇسۇلى بىلەن تەسىر ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى دېگەن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1) يازما سوئال ئۇسۇلى

يازما سوئال ئىستىلىستىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن سىناق جەدۋىلى بولۇپ، سىناق جەدۋىلى سوئال جەدۋىلى ياكى ئۆلچەم جەدۋىلى دەپ ئاتىلىدۇ. سىناق جەدۋىلىدە دائىم بىرقاتار بايان جۈملىلەر ياكى مەسىلىلەر رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، ھەربىر جۈملە ياكى مەسىلە بىر خىل ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. سىنالغۇچىدىن ھەربىر مەسىلىگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان جاۋابنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى ئۆزى بايان قىلىدۇ.

سوئال جەدۋىلى ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي پەرىزى پەقەت سىنالغۇچى ئۆزىنى ئۆزى ئەڭ چۈشىنىشى كېرەك. ئۆزىنى بايان قىلغاندىن كېيىن سىنالغۇچىنىڭ جاۋابىغا ئاساسەن جاۋاب تەركىب تاپقان سانلارنى ھېسابلاپ باھالاپ بېكىتىشكە بولىدۇ. جاۋاب ئادەتتە ئىككى تاللاش شەكلى ۋە دەرىجە بويىچە رەتكە تىزىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

خاراكتېرنىڭ مىقدارلىق سىناق جەدۋىلى خەلقئارادا بىر قەدەر ئومۇملاشقانلىرىدىن مەھسۇلاتنىڭ خاراكتېر سىنىقى جەدۋىلى (MMPI)، كاتتېلنىڭ 16خىل خاراكتېر ئامىلى سىنىقى (16PF)، كالفورنىيىنىڭ پسىخىك تەكشۈرۈش جەدۋىلى (CPI)، ئېدۋۇردسىنىڭ شەخسىنى يان تەرەپتىن ئۆلچەملىك جەدۋىلى (EPPS) قاتارلىقلار بار.

MMPI بىر خىل ئادەمنىڭ كېسەللىك ئەھۋال مايىللىقىنى سىنايدىغان سىناق قورالى بولۇپ، روھىي كېسەللىكلەر ۋە پسىخىك توسالغۇغا ئۇچرىغانلارغا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. 16PF بولسا 16 خىل مەنبە ئالاھىدىلىككە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى سىنايدىغان سىناق بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى (تولۇقسىزنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالىدۇ) ئادەملەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

يۇرۇشلەشكەن ئوقۇش يېشىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى باللارنىڭ خاراكتېرىنى سىناق (PSPQ) 4 — 6 ياشلاردىكى باللارغا قوللىنىلىدۇ. ئوقۇش يېشىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى باللارنىڭ خاراكتېرىنى سىناق جەدۋىلى (ESPQ) 6 — 8 ياشلاردىكى باللارغا قوللىنىلىدۇ. باللار خاراكتېر سىنىقى جەدۋىلى (CPQ) 8 — 12 ياشلاردىكى باللارغا قوللىنىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ پسىخولوگىيە خىزمەتچىلىرى 80-يىللاردا CPQ غا قارىتا تۈزىتىش ئېلىپ بېرىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى سىناقلارغا قوللانغان. WPPS نىڭ ئاساسىي ئىقتىدارى ئورگانىزمىنىڭ بىرقىسىم ئاساسىي ئىنتىلىش مايىللىق دەرىجىسى پەرقلەندۈرۈلۈپ، يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا بۇ ئۆلچەم جەدۋىلى ئوخشاش بولمىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلارنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ ھەم ئۇنىڭ كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ئالدىن پەرەز قىلالايدۇ.

2) تەسىر ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى

تەسىر ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى سىناق قىلغۇچى سىنالغۇچىغا قارىتا بىر قىسىم ئىچكى مەنىسى بەلگىلەنمىگەن غىدىقلىغۇچىلار بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، سىنالغۇچىنى ئۆزى سەزمىگەن ئەركىن ھالدا ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، پوزىتسىيىسى ۋە ئارزۇسىنى ئاشكارىلىغۇزۇپ نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىنالغۇچىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئۆلچەپ بېرىدۇ. تەسىر ئۆتكۈزۈش سىناش ئۇسۇلىنىڭ ئىككى خىل ئاساسىي شەكلى بار. يەنى باش تېما ئىدراك قىلىش سىنىقى ۋە روچاچ سىنىقىدىن ئىبارەت. باش تېما ئىدراك قىلىش سىنىقى (TAT) ئامېرىكا پسىخولوگى مورراي (H. A. Murray) ۋە مورگىن (C. D. Morgan) لار تەرىپىدىن ئورتاق ئىجاد قىلىنغان. TAT بىر يۈرۈش رەسىمدىكى ئوبرازلار ۋە كۆلەڭگىلىك جىسىم رەسىمى بولۇپ، بۇ رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى سىرلىق، مۇجمەل، ئىككى بىسلىق، يەنە بەزىلىرى ناھايىتى ئابستراكتنى، ھەرخىل ئوخشىمىغان چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. سىناق قىلغاندا سىنالغۇچىدىن رەسىم بويىچە ھېكايە توقۇپ، ھېكايە سۆزلەش شەكلى ئارقىلىق رەسىمدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشنى بايان قىلىش، رەسىمدىكى شەخسلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە كەيپىياتىنى سۆزلەپ بېرىش، بۇنداق ھالەت يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبىنى ھەم قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ (4 . 7-رەسىمگە قاراڭ).

TATنىڭ ئاساسىي مەقسىتى سىنالغۇچىنىڭ خام خىيالىنى قوزغاش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئىشلارغا بولغان ۋاستىلىك ئەسلىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇلاردىن كۆز ئالدىدىكى كۆرۈنۈشنىڭ نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغان ۋەقەلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئىككى بىسلىق ھالەتلەرنى ئەستايىدىل چۈشەنگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ مۇداپىئە پىسخىكىسى تېخىمۇ ئاجىزلاپ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئارزۇ، پوزىتسىيە قاتارلىقلار ناھايىتى ئوڭايلا ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ پەزىلەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.



7.4-رەسىم. TAT ئۆلچەش رەسىمى

روچاچ سىياھ ئىزى ئارقىلىق ئۆلچەشنى شۋېتسىيىلىك روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى روچاچ (G. Rorschach) ئىجاد قىلغان. بۇ ئۆلچەشتە جەمئىي ئون پارچە سىزما رەسىم بولۇپ، سىناق قىلىنغۇچىلاردىن ئىختىيارىي ھالدا ھەربىر پارچە رەسىمدىن نېمىنى كۆرگەنلىكىنى ھەمدە نېمىنى ئويلىغانلىقىنى دەپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلار جاۋاب بەرگەن ۋاقىتتا، يەنە قوشۇمچە قىلىپ قايسى ئورۇن ياكى قانداق نەرسە ئۇلارنىڭ ئىدراكىنى بەلگىلىگەنلىكىنى دەپ بېرىشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق سىناق قىلغۇچىلار ھەربىر سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ جاۋاب بېرىش ئاساسىنى توغرا چۈشىنىدۇ (4 . 8-رەسىمگە قاراڭ).

كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ ئۆلچەشنىڭ ھەم ئارتۇقچىلىقى، ھەم كەمچىلىكى بار. ئارتۇقچىلىقى بولسا، سىناق قىلىنغۇچىنى بىر قەدەر ئازادە تەجرىبە كۆرسىتىش بىلەن تەمىنلەپ، سىناق قىلىنغۇچىنىڭ جىددىيلىشىش كەيپىياتىنى ئازايتقىلى، سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ سىناق مۇددىئاسىغا بولغان پەرىز قىلىشىدىن ساقلانغىلى، سىناق نەتىجىسىنىڭ نىسبەتەن ھەقىقىي ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ

يوشۇرۇن ئېڭىدىكى روھىي ھالەتلىرىنى ئاشكارىلاپ، سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا ۋە پسىخىك داۋالاش ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق. يېتەرسىز تەرەپلىرى بولسا سىناق نەتىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش قىيىن، نومۇر ھېسابلاشتا سۇبيېكتىپ تۇس قويۇق، سوئالنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، سىناق ئېلىپ بارغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىپ ھۆكۈم ۋە تەھلىل قىلىشى ناھايىتى قىيىن بولۇپ، ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن خادىملارنىڭ سىناق ئېلىپ بېرىشىغا ماس كېلىدۇ. قوللىنىش دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ.



8.4-رەسىم. رو چاچ سىياھ ئىزى ئارقىلىق ئۆلچەش رەسىمى

# بەشىنچى باب ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا

1) مۇھىم نۇقتا: ياش -ئۆسمۈرلەر پسىخىكىسى ۋە ياش ئالاھىدىلىكى.

2) قىيىن نۇقتا: پسىخىك تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

2. ئۆگىنىش تەلپى

1) ئەستە قالدۇرۇش: پسىخىك تەرەققىيات، پسىخىك ياش ئالاھىدىلىكى، ئۆزلۈك ئېڭى، چوڭ بولۇپ قالغانلىق تۇيغۇسى، ئۆزىگە بولغان باھاسى، ئۆزى ئۆزىنى تەربىيىلىشى، غۇرۇرى قاتارلىق ئۇقۇملار.

2) چۈشىنىش: ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ياش ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللار، ياش-ئۆسمۈرلەر ئۆزى توغرىسىدىكى ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىسى، ياش-ئۆسمۈرلەر دوستلۇقىنىڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئەھمىيتى، ياش-ئۆسمۈرلەر ئالاقە ئالاھىدىلىكى.

3) تەتبىقلاش: ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭ تەلىم-تەربىيە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئەھمىيتى.

3. مۇھاكىمە سوئالى

1) ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ياش ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار قايسى؟

2) ياش-ئۆسمۈرلەر ئىدراك جەريانىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ئوقۇتۇشنى قانداق تەشكىللەش كېرەك؟

3) ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىپادىسىچۇ؟

4) ياش-ئۆسمۈرلەر ئۆزئارا ئالاقىنىڭ ئۇلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا بولغان ئەھمىيىتى قايسى؟

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى دېگىنىمىز — 12 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان ياش باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىم-تەربىيە باسقۇچى ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىم-تەربىيە باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر شەخسنىڭ بالىلىقتىن چوڭ بولغانغا قەدەر بولغان ئۆزگىرىش مەزگىلى بولۇپ، فىزىئولوگىيە جەھەتتە تېز يېتىلىدىغان مەزگىل، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن پىشىپ يېتىلمەسلىكتىن پىشىپ يېتىلىشكە ئۆتۈش مەزگىلى، بىلىم قابىلىيىتىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەزگىل. خاسلىق ۋە دۇنيا قارىشى شەكىللىنىدىغان مەزگىل. بۇ بابتا تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىمىز: پسىخىك تەرەققىيات دېگەن نېمە؟ ياش-ئۆسمۈرلەر پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ياش ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللار ھەمدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى كونكرېتنى بايان قىلىڭ؟

## §1 . پسىخىك تەرەققىيات ھەققىدە ئومۇمىي بايان

ئادەم تۇغۇلغاندىن باشلاپ پسىخىك جەھەتتە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. شەخسنىڭ ھايات مۇساپىسى داۋامىدا ئىپادىلەنگەن بۇ خىل پسىخىك ئۆزگىرىشلەرنى شەخسنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى دەپ ئاتايمىز.

## 1. پسىخىك تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى

### 1. پسىخىك تەرەققىيات ئۇقۇمى

پسىخىك تەرەققىيات ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى پسىخىك جەھەتتە بارلىققا كەلگەن پسىخىك ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. تەرەققىيات

پسخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا «تەرەققىيات» دېگىنىمىز — يالغۇز پىشىپ يېتىلمەسلىكتىن پىشىپ يېتىلىشكىچە بولغان جەرياننى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە قېرىش، چېكىنىش، يوقىلىش جەريانىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بىراق مائارىپ ساھەسىدە تەتقىق قىلىنىدىغان «پسىخىك تەرەققىيات» شەخسنىڭ پىشىپ-يېتىلمەسلىكتىن پىشىپ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدىكى پسىخىك ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان پسىخىك تەرەققىيات ئاساسلىقى ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئاكتىپ، سىستېمىلىق، تەرتىپلىك تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى، شۇنداقلا ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز، قانۇنىيەتلىك ئۆگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سان ئۆزگىرىشى بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىم بولغىنى سۈپەت ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت. بىراق كېسەللىك، ھېرىپ-چارچاش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ۋاقىتلىق، تاسادىپىي بولغان چېكىنىش ئىپادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ئادەمنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى مىسالغا ئالىدىغان بولسا، ئادەمنىڭ بوۋاقلىق مەزگىلىدە ئۆزىنى تىزگىنلەش قابىلىيىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. ھەتتا مەلۇم ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ قىلالىشىمۇ ناھايىتى تەس. ئەڭ تىپىك بولغان ئىپادىسى شۇكى «مۆكۈشمەك» ئويۇنى ئوينىغاندا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ تېپىشىغا قارىماي ھاياجىنىنى باسالماي ئۆزى سەكرەپ چىقىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن توغرا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا 50-40 مىنۇت دەرس ۋاقتىدا تىنچ تۇرالايدۇ، بىراق بۇ ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتسە دىققەت قابىلىيىتىنى ئەڭ ياخشى مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى كونترول قىلالايدۇ. ھېرىپ-چارچاشنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز بىرقانچە سائەت ئۆگىنىش قىلالايدۇ. ئۆزىنى تىزگىنلەش قابىلىيىتى چوڭ كىشىلەرگە يېقىنلاشقان بولىدۇ. بۇ جەريان دەل ئۆزىنى كونترول قىلىش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدۇر. بىراق، بۇ جەرياندا مەلۇم ئادەم كېسەللىك ياكى زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە ئاسانلا قوپال، دىققىتى چېچىلىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتسە بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ھەرگىز پسىخىك تەرەققىيات دېگىلى بولمايدۇ.

## 2. پسخىك تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى

پسخىك تەرەققىيات ئۈزلۈكسىز باسقۇچلۇققا، تۇراقلىققا، ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولۇشتەك بىرقانچە ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1. پسخىك تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى ۋە باسقۇچلۇقلۇقى

يەككىلىكنىڭ پسخىك تەرەققىياتى بىر ئۈزلۈكسىز جەريان بولۇپ، ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدا قويۇق باغلىنىش بولىدۇ. ئالدىنقى تەرەققىيات كېيىنكى تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ. ئالدىنقى تەرەققىيات كېيىنكى تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ دەل پسخىك تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شەخسنىڭ پسخىك تەرەققىياتى يەنە بىر زىددىيەت ھەرىكىتى جەريانى بولۇپ، سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان بىر جەريان. مۇئەييەن يېڭى سۈپەت ئامىلىنىڭ مىقدارى توپلىنىپ بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەندە كونا سۈپەت ئامىلىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋاقىتتا، سان ئۆزگىرىش جەريانى سۈپەت جەھەتتىكى «سەكرەش» نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پسخىك تەرەققىياتنىڭ باسقۇچلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يەككىلىكنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىنى مىسالغا ئالساق، ئۈچ ياشلىق گۆدەكلەرنىڭ تەپەككۇرى بىۋاستە ھېسسىي ھەرىكەت تەپەككۇرى بولۇپ، ئۇلار رەسىم سىزغاندا ئاۋۋال پىكىر يۈرگۈزەلمەيدۇ، نېمىنى سىزغۇسى كەلسە، شۇنى سىزىدۇ. بىۋاستە ھېسسىي ھەرىكەت تەپەككۇرى ئاساسىدا، بىلىم تەجرىبىسىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ باللار ھەرىكەت مەشغۇلاتىدىن ئايرىلىپ خاتىرىسىدە ساقلانغان ئوبرازلارغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەپەككۇر تەرەققىياتىدا سۈپەت ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر بارلىققا كېلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا تىلنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، باللار تەدرىجىي ھالدا ئاساسلىق ئوبرازغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلىشتىن، ئاساسلىقى تىلغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلىشقا ئۆتىدۇ. تەپەككۇر تەرەققىياتىدا يەنە بىر يېڭى سۈپەت ئۆزگىرىش، يەنى ئابستراكت تەپەككۇر بارلىققا كېلىدۇ.

ئادەتتە، بىز باللار ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسخىك تەرەققىياتىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە باسقۇچقا بۆلىمىز. بۇ بابتا ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى ۋە ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك ئالاھىدىلىكىنى

نۇقتىلىق سۆزلەيمىز.

1) بوۋاقلىق مەزگىلى (1 ياشتىن بۇرۇن)

2) گۆدەكلىك مەزگىلى (2-6 ياشلارغىچە) بالىلار يەسلىسى ۋە بالىلار باغچىسى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ.

3) بالىلىق مەزگىلى (6 ياشتىن 12 ياشقىچە)، باشلانغۇچ مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ.

4) ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى (12 ياشتىن 15 ياشقىچە)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ.

5) ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى (15 ياشتىن 18 ياشقىچە)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ.

پسىخىك تەرەققىيات ئۈزلۈكسىزلىك بىلەن باسقۇچلۇقنىڭ بىرلىكىدۇر. پسىخىك تەرەققىيات بىر ئۈزلۈكسىزلىك زىددىيەت ھەرىكىتى جەريانى بولغاچقا، سۈپەت ئۆزگىرىشى سان ئۆزگىرىشى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى مۇتلەق ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. پسىخىك تەرەققىيات باسقۇچلۇققا ھەم ئۈزلۈكسىزلىككە ئىگە بولۇپ، ھەربىر باسقۇچ باشلىنىشى بىلەنلا دائىم ئالدىنقى بىر باسقۇچ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىزى قالىدۇ. ھەربىر باسقۇچنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كېيىنكى بىر باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاللىقاچان بىخ سۈرۈشكە باشلىغان بولىدۇ.

2. پسىخىك تەرەققىياتنىڭ تۇراقلىقلىقى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يەككىلىكنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى بەلگىلىك تۇراقلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مېڭىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە فۇنكسىيە تەرەققىياتى بىر مۇقىم بولغان سۈرئەت ۋە تەرتىپكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى بىلىش جەريانى تۆۋەن سەۋىيىدىن يۇقىرى سەۋىيىگە، ئاددىيدىن مۇرەككەپكە، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتىدىغان بىر جەرياندىن ئىبارەت. شۇڭا، بەلگىلىك جەمئىيەت تەلىم-تەربىيىسى شارائىتىدا، زور كۆپ ساندىكى ئوخشاش ياشلىق بالىلار دائىم ئوخشاش تەرەققىيات سەۋىيىسىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئوخشاش پسىخىك ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە پسىخىك تەرەققىياتنىڭ تەرتىپىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پسىخىك ياش ئالاھىدىلىكى مۇئەييەن تۇراقلىققا ئىگە.

يەككىلىك پسىخىك تەرەققىياتى شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بەلگىلىك ئۆزگىرىشچانلىققىمۇ ئىگە بولىدۇ. جەمئىيەت ۋە تەلىم-تەربىيە شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەربىر شەخس تەرەققىيات سۈرئىتى، ئەڭ ئاخىرقى سەۋىيىسى ئەۋزەللىك ساھەسى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەممىشە خىلمۇخىل پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ. بىز ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ھازىرقى بالىلار ئىلگىرىكى بالىلاردىن كۆپ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەلىم-تەربىيە ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى. بۇ بالىلار پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش سەۋىيىسى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسى قاتارلىق ئامىللار بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىدا روشەن ئايرىم پەرقلەرنى ئىپادىلىدى. مەسىلەن، بەزى بالىلارنىڭ ئەقلى بالدۇر تەرەققىي قىلدى. بەزى بالىلار كېچىكىپ يېتىلدى. بەزى بالىلار مۇزىكىغا كۈچلۈك ھەۋەس قىلىدۇ. بەزى بالىلارنىڭ رەسىم سىزىش تالانتى بولىدۇ، بەزى بالىلارنىڭ تەلىم-تەربىيە شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن، ھەتتا پسىخىك تەرەققىياتى كېچىكىپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ تەلىم-تەربىيە شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن پسىخىك تەرەققىياتىدىكى ئايرىم پەرقلەردۇر.

پسىخىك تەرەققىيات تۇراقلىق بىلەن ئۆزگىرىشچانلىقنىڭ بىرلىكى. بۇ بىر نۇقتىنى تونۇپ يېتىش تەلىم-تەربىيە خىزمىتىدە ناھايىتى زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، پسىخىك تەرەققىياتنىڭ تۇراقلىقلىقىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىگەندە، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنىڭ بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىدىكى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا سەل قاراش كېلىپ چىقىدۇ. پسىخىك تەرەققىياتنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىگەندە، ئاسانلا تەلىم-تەربىيىنىڭ رولىنى مۇبالىغە قىلىش ۋە بالىلار پسىخىك تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش كېلىپ چىقىدۇ. ھازىر بەزى ئائىلە باشلىقلىرى بالىلار پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە بالىلارنىڭ ئۆز شەرت-شارائىتىغا قارىماي، ئۆز خاھىشى بويىچە «بالدۇر تەربىيە»، «ئەقىللىق بالىلار تەربىيىسى» دېگەنلەرنى يولغا قويىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى پەقەت مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

## 3. پسخىك ياش ئالاھىدىلىكى

ئادەمنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرى باشقا باسقۇچلار بىلەن ماھىيەت جەھەتتە پەرقلىنىدىغان بەزى پسخىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. يەنى شەخسنىڭ پسخىكىسى مەلۇم ياش باسقۇچىدا ئومۇمىي، ماھىيەتلىك، تىپىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بولۇپ، بۇ پسخىكىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.[1] كۆزىتىش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئوقۇش يېشىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى بالىلارنىڭ كۆزىتىش سەۋىيىسى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، ئاڭلىقلىقى ناھايىتى تۆۋەن، كەيپىياتچانلىقى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. كۆزىتىش جەريانىدا ئېنىق، ئۆزگىچە، يېڭى شەيئىلەرنىڭ جەلپ قىلىشىغا بېرىلىپ كېتىپ ئاسانلا كۆزىتىش مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. كۆزىتىش ۋاقتىدا تەرتىپسىز، سىستېمىسىز بولىدۇ. بۇ گۆدەك بالىلارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، شەيئىلەر ئارىسىدىكى تاشقى باغلىنىشلارنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ. بىراق، يەنىلا شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى بىلەلمەيدۇ. بۇ بالىلىق مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار كۆزىتىش قابىلىيىتىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت. ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش پائالىيىتى مەقسەتلىك، سىستېمىلىق بولىدۇ. بىراق توغرىلىقى يېتەرلىك بولمايدۇ. ئاسانلا ئالدىراپ بالدۇر ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار كۆزىتىش قابىلىيىتىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىدۇر.

پسخىك تەرەققىياتىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى نۇرغۇن شەخس پسخىك تەرەققىياتىنىڭ پاكىتلىرى ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ چىقىرىلغان. ئۇ زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ شۇ بىر ياش باسقۇچىدىكى تىپىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىراق، بىز مەلۇم بىر باسقۇچنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى ھەربىر بالا ھازىرلاش زۆرۈر بولغان ئالاھىدىلىك دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك، شۇنداقلا مەلۇم بالىدا تاسادىپىي

---

[1] شۈي جىڭيۈەن قاتارلىقلار تۈزگەن: «بالىلار تەرەققىيات پسخولوگىيىسى»، جىلىن مائارىپ نەشرىياتى 1987-يىلى نەشرى، 66-بەت.

ئىپادىلىگەن ئالاھىدىلىكلەرنى ياش ئالاھىدىلىكى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ياش ئالاھىدىلىكى مەسىلىسىدە ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىق، تىپىكلىك بىلەن كۆپ خىللىق، تۇراقلىق بىلەن ئۆزگىرىشچانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

## 2. پسىخىك تەرەققىياتنى چەكلەيدىغان ئامىللار

پسىخىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ ئورتاقلىقىنىڭ بىر تەرىپى ھەم ئايرىملىقىنىڭمۇ بىر تەرىپى. توپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، توپ ئوخشاش تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئوخشاش ياش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى تېزمۇ بولىدۇ، ئاستىمۇ بولىدۇ. تەرەققىيات سەۋىيىسى يۇقىرىمۇ بولىدۇ، تۆۋەنمۇ بولىدۇ. تەرەققىيات جەريانىدىكى بۇ خىل ئورتاقلىق بىلەن ئايرىم پەرقلەر زادى قايسى خىل ئامىللارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ؟ قايسى خىل شەرتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى چوڭ جەھەتتىن مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى، بىئولوگىيىلىك ئامىل، يەنە بىرى، مۇھىت ئامىلىدىن ئىبارەت. بىئولوگىيىلىك ئامىل — ئىرسىيەت ۋە فىزىئولوگىيىلىك پىشىپ يېتىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جانلىق ئورگانىزمنىڭ ئىچكى ئامىلىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھىت ئامىلى — يەنە ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، بالىلار ھايات كەچۈرىدىغان تەبىئىي مۇھىتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوزۇقلۇق، ھاۋا قاتارلىقلار. يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى. يەنى بالىلار تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان تەلىم-تەربىيە شارائىتى بولۇپ، ئۇ ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپ قاتارلىق كۆپ خىل تەرەپلەرنىڭ تەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. ئىرسىيەتنىڭ رولى

ئىرسىيەت بىر خىل بىئولوگىيىلىك ھادىسە. ئىرسىيەت جانلىق ئورگانىزمنىڭ تۆرەلمە شەكلى ئارقىلىق ئالدىنقى ئەجدادلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىئولوگىيىلىك تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا

يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىرسىيەتنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئاساسلىقى ئورگانىزمنىڭ بۇ خىل تۇغما بولغان تۈزۈلۈشى، ھالىتى، سەزگۈ ئەزالار ۋە نېرۋا سىستېمىسى جەھەتلەردىكى فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئاناتومىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پسىخىك تەرەققىياتقا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە فۇنكسىيە ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت. ئىرسىيەتنىڭ بۇ خىل بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئىرسىيەت ساپاسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىرسىيەت ساپاسىنىڭ پسىخىك تەرەققىياتتىكى رولىنى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

1) ئىرسىيەت ساپاسى پسىخىك تەرەققىياتنىڭ زۆرۈر ماددىي ئالدىنقى شەرتى.

ئىرسىيەت ساپاسى بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەبىئىي ماددىي ئالدىنقى شەرتى. بالىلار پسىخىكىسى بۇ خىل ئەڭ دەسلەپكى ماددىي ئاساس ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىرسىيىتى نورمال بولمىسا، پسىخىكىسىمۇ نورمال بولمايدۇ. ئىرسىيەت جەھەتتىكى كەمتۈكلۈك تۈپەيلىدىن مېڭە تەرەققىياتى مۇكەممەل بولمىغان بالىلاردا دائىم ئېغىر دەرىجىدىكى ئەقلىي توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. ئورانگوتان ۋە دېڭىز دېلفىنى قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلار مەيلى قانداق تەربىيىلەنسىمۇ ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار سەۋىيىسى جەھەتتە يەنىلا ئىنسانلاردىن خېلىلا يىراق تۇرىدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، نورمالنى ئىرسىي ساپا بالىلار پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

2) ئىرسىي ساپادىكى ئايرىم پەرقلەر بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىدىكى ئايرىم پەرقلەرنى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بالىلار ھاياتلىقىنىڭ دەسلەپكى ئىچكى ھالىتى ئىرسىي ساپادىن ئىبارەت بولۇپ، تاشقى دۇنيادىكى غىدىقلىغۇچىلار ئاساسلىقى بۇ خىل ئەڭ دەسلەپكى ئىرسىيەت ساپاسى ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. بالىلار ئىرسىي ساپاسىدا ئايرىم پەرقلەر بولىدۇ. دۇنيادىكى ئوخشاش ئوزۇقلۇق قوشكېزەكلەردىن باشقا ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس ئىرسىيەت ئەندىزىسى بولىدۇ. ئىرسىيەت ئەندىزىسىنىڭ ئايرىملىقلىقى پسىخىكا فۇنكسىيىسىنىڭ ئايرىم پەرقلىرىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق ئالىي نېرۋا

پائالىيىتىنىڭ تىپى جەھەتتە ئايرىم پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ. بەزىلىرى تىنچ، خاتىرجەم كېلىدۇ. بەزىلىرى جانلىق، ھەرىكەتچان، بولىدۇ. بۇ خىل ئېرسىي پەرقلەر بالىلارنىڭ تاشقى دۇنيادىكى غىدىقلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئىنكاس قايتۇرۇشنى تېزگىنلەپ، پسىخىك تەرەققىياتتىكى ئايرىم پەرقلەرنى ئەڭ دەسلەپكى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا، بالىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق تەرەققىياتىغا ھۇل سېلىپ، مەلۇم يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يۇزلەندۇرىدۇ. مەسىلەن، كۆپ قانلىق مىجەز تىپىدىكى بالىلاردا تەپەككۇرنىڭ چاققانلىقى، پەزىلىتى ۋە شاد-خۇراملىق خاراكتېر ئاسانلا شەكىللىنىدۇ. سەۋدا مىجەزلىك بالىلاردا چوڭقۇرلۇقتىن ئىبارەت تەپپەككۇر پەزىلىتى ۋە ئىچكى مايىل خاراكتېر ئاسانلا شەكىللىنىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئېرسىيەت پسىخىك تەرەققىياتنى ئەڭ دەسلەپكى ماددىي ئالدىنقى شەرت ۋە ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەلۇم مۇھىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا بۇ خىل ئەڭ دەسلەپكى ئىمكانىيەت ئەڭ ئاخىرى تەرەققىياتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بالىلارنىڭ ھەربىر تەرەققىيات قەدىمى ئېرسىيەت بىلەن كېيىنكى مۇھىت ئامىلىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت.

2. فىزىئولوگىيىلىك يېتىلىشنىڭ رولى

ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن، بەدەننىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى ۋە تۈرلۈك سەزگۈ ئورگانلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە فۇنكسىيىسى يەنە خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئۆسۈپ- يېتىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى ئارقىلىق، ئاندىن قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەللىشىدۇ ۋە ئىقتىدار جەھەتتە پىشىپ يېتىلىدۇ. بۇ خىل فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىيات جەريانى پىشىپ يېتىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. پىشىپ يېتىلىش پسىخىك تەرەققىيات ئاساسلىنىدىغان ئىچكى فىزىئولوگىيىلىك شەرت بولۇپ، ئۇ بىر خىل تەبىئىي خۇسۇسىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان، نىسپىي مۇستەقىل بولغان مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئورگانىزمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە بەدەننىڭ تەرەققىي قىلىش تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ.

فىزىئولوگىيىلىك يېتىلىش پسىخىك تەرەققىياتنىڭ تەرتىپى ۋە قانۇنىيىتىنى چەكلەيدۇ ۋە پسىخىك تەرەققىيات جەريانى بىلەن فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىيات، بولۇپمۇ مېڭىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، چوڭ مېڭىنىڭ چېكە ۋە چوققا قىسىملىرىنىڭ

نېرپىلار ئىلىكىنىڭ غىلاپلىنىشى 7 ياش ئەتراپىدا ئاندىن مۇكەممەللىشىدۇ. بۇ خىل فىزىئولوگىيىلىك پىشىپ يېتىلىشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرتكە ئىگە بولغاندا، بالىلار ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشقا باشلاپ، تىل ئارقىلىق تورمۇزلاش، تورمۇزلىنىش خاراكتېرلىك شەرتلىك رېفلېكسنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر ئورگانىزم پىشىپ يېتىلمىگەن بولسا، مەلۇم خىلدىكى مەشىق ئىشلەنگەن بولسىمۇ مۇناسىپ ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئامېرىكا پسىخولوگىيىسى گېسىل (A. Cesell) نىڭ قوشكېزەكلەرنىڭ پەللەمپەيگە يامىشىش تەجرىبىسى، فىزىئولوگىيىلىك پىشىپ يېتىلىشنىڭ قابىلىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى ئۈنۈملۈك ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تەجرىبىدە T ۋە C دىن ئىبارەت بىر جۈپ قوشكېزەكلەر تۇغۇلۇپ 48 ھەپتىدىن كېيىن T پەللەمپەيگە يامىشىش مەشىقىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ھەر كۈنى 10مىنۇت مەشىق قىلدۇرۇلغان. ئۇدا 6 ھەپتە داۋاملاشتۇرۇلغان. C تۇغۇلۇپ 53 ھەپتىدىن كېيىن بۇخىل مەشىقنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. پەقەت 2 ھەپتە مەشىق قىلدۇرغاندىلا تېزلىكتە Tنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، فىزىئولوگىيىلىك پىشىپ يېتىلىش مەلۇم سەۋىيىگە يەتمەستىن ئاۋۋال بالىلارنى مەلۇم بىر قابىلىيەتنى ئىگىلىتىش مەشىقى ئېلىپ بارغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. ئۆگىنىش فىزىئولوگىيىلىك پىشىپ يېتىلىش تەمىنلىگەن تەييارلىق ھالىتىگە بېقىنىدۇ.

گەرچە، فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسى ۋە قانۇنىيىتى مەلۇم دەرىجىدە پسىخىك تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسى ۋە قانۇنىيىتىنى تىزگىنلەيدۇ دەپ ئېيتساقمۇ، بىراق فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىيات ھەرگىزمۇ پسىخىك تەرەققىياتنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. تەلىم-تەربىيە شارائىتى ياخشى بولغان چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسى چەت يىراق تاغلىق رايونلاردىكى بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ھازىرقى بالىلارنىڭ پسىخىك سەۋىيىسى يۈز يىل بۇرۇنقى بالىلار پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن خېلىلا يۇقىرى بولىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىرسىيەت ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئامىلدىن باشقا كېيىنكى مۇھىت شەخسنىڭ پسىخىكا تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە تەلىم-

تەربىيە بىلەن شەخسنىڭ پسخىكا تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ مۇھىم.

### 3. ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە تەلىم-تەربىيە

ئالدى بىلەن، ئىنسانلار ئېرسىيەت ئارقىلىق ئەسلىدە بار بولغان ئورگانىزمنىڭ فۇنكسىيە قۇرۇلمىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماي، يەنە تىل، يېزىق قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى جەريانىدا توپلىغان مەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بالىلار پسخىكىسى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى بىرقانچە يىللىق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاندىن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىگىلەپ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە تەربىيىدىن ئايرىلىپ قالسا، بالىلارنىڭ پسخىكىسى نورمال تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئۇندىن باشقا ئوخشاش بولمىغان بالىلار ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت، ئائىلە، مەكتەپتە ياشىسا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئېرسىي ساپا ئاساسىدا بالىلار پسخىك تەرەققىياتىنىڭ ئايرىم پەرقلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ھەربىر بالىنىڭ قوبۇل قىلغان كونكرېتنى تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تەربىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە تەلىم-تەربىيە بالىلار پسخىك تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى، سۈرئىتى، يۆنىلىشىنى ۋە ئايرىم پەرقلىرىنى بەلگىلەيدۇ.

دەسلەپكى مەزگىللەردە ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قالغانلار توغرىسىدا ئۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بالىلارنىڭ دەسلەپكى تەربىيىسىدىكى ئىجتىمائىي ئامىللار بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ھېسسىيات تەرەققىياتىدا مۇھىم رولغا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە بوۋاقلارغا نىسبەتەن دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئانا مېھرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىسى تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. يېتىم بالىلارنى تەربىيىلەش ئورنى تەرىپىدىن يىغىۋېلىپ تەربىيىلەنگەن بىرقىسىم يېتىم بالىلارنى ئالساق، گەرچە ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ئادەتتىكى ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىدىن ناچار بولمىسىمۇ، بىراق زۆرۈر بولغان مېھرى-مۇھەببەت، ئىجتىمائىي ئالاقە كەمچىل بولغاچقا، پسخىكا ۋە كەيپىيات ئىپادىسى نورمال ئەمەس. بەزىلەرنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقە ئىپادىسى سوغۇق، ئالاقە مۇددىئاسى ۋە قابىلىيىتى كەمچىل، ئىجتىمائىي ئالاقە قابىلىيىتىمۇ ناھايىتى تۆۋەن. بەزىلىرىنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە.

ھېسسىياتتا بىر خىل «ئېچىقاش» ھالىتىنى ئىپادىلەپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە كۆيۈنۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە بۇ يېتىم بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى كېيىن قالىدۇ. تىل ۋە ئابستراكتسىيىلەش، ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قالغان يېتىم بالىلارنى ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلىش شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېتىملارنى تەربىيىلەش ئورنىدىكى يېتىم بالىلارنى ئائىلىگە ئەكىلىپ باققاندىن كېيىن، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تەرەققىياتى يېتىم بالىلارنى تەربىيىلەش ئورنىدا قالغان يېتىم بالىلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن، گەرچە ئەكىلىپ باققان، تەربىيىلىگەن ئائىلىنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى پەرقلەنسىمۇ، بىراق ئائىلىگە ئەكىلىپ باققان يېتىم بالىلار تېخىمۇ كۆپ ئانا مېھرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىغە ئېرىشكەن بولغاچقا، ئالاقە قابىلىيىتى ۋە ئەقلىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ياخشى بولغان. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار، ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

يەككىلىك پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىرسىيەت بىلەن مۇھىتنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنىڭ مەسئۇلى. ئىرسىيە بىلەن مۇھىت ئۆزئارا بىرى-بىرىنى تىزگىنلەيدۇ، ئۆزئارا بىر-بىرىگە تايىنىدۇ. مۇھىت مەلۇم خۇسۇسىيەت ياكى ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى زور روللارنى ئويناپ، دائىم بۇ خىل ئالاھىدىلىك ياكى ھەرىكەتنىڭ ئىرسىيەت ئاساسىغا تايىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىرسىيەت رولىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق بولىدۇ. ھازىرقى زامان بىئولوگىيىسىدە گېن تىپى تەرەققىياتىنىڭ ئىپادىلىنىش تىپىغا ئايلىنىش ۋاقتىدىكى ئىنكاسىنىڭ دائىرىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار، تەرەققىيات ئۆزگىرىشىدىكى ئىرسىيەت بىلەن مۇھىتنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە تايىنىش مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. «ئىنكاس دائىرىسى» دېگىنىمىز — مەلۇم گېننىڭ ئوخشاش بولمىغان مۇھىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەخسنىڭ مەلۇم خىلدىكى قابىلىيىتى ياكى خۇسۇسىيىتىنىڭ مۇمكىن بولغان ئۆزگىرىش دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەقلىنىڭ ئىنكاس دائىرىسىنى مىسالغا ئالساق، (1.5- رەسىم) ئۈچ خىل ئوخشىمىغان يوشۇرۇن قابىلىيەتتىكى بالىلارنىڭ گېن تىپىنى A،B،C (A نىڭ ئەقلىي يوشۇرۇن قۇۋۋىتى ئەڭ تۆۋەن، C نىڭ ئەڭ يۇقىرى) دەپ پەرەز قىلساق، ئوخشاش

بولمىغان مۇھىت شارائىتى ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىنكاسىنىڭ دائىرىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. C بىر نىسبەتەن كەڭ بولغان ئىنكاس دائىرىسىگە ئىگە بولۇپ، ئەڭ پايدىلىق بولغان مۇھىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇ مۇئەييەن يۇقىرى چەككە يېتىدۇ. بىراق، ئەڭ پايدىسىز مۇھىت شارائىت ئاستىدا گېن تىپىنىڭ A دائىرىسىگە چۈشۈپمۇ قالىدۇ ھەمدە A (ئەقلىي يوشۇرۇن قۇۋۋىتى ئەڭ تۆۋەن بولغانلار) بولسا پەقەت نىسبەتەن تۆۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى چەكلىك بولغان بىر ئىنكاس دائىرىسىگە ئىگە بولۇپ، ئەڭ پايدىلىق بولغان مۇھىت ئاستىدا ئۇنىڭ تەرەققىياتىمۇ يەنىلا ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ. بۇ تەتقىقات شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئەگەر گېن تىپىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ناھايىتى زور بولسا، مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىش مىقدارىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئەكسىچە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىش مىقدارىنىڭ ئوينايدىغان رولى بىرقەدەر كىچىك بولىدۇ.




1.5-رەسىم. ئۈچ خىل گېن تىپىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مۇھىت شارائىت ئاستىدىكى ئەقلىي سىناق دائىرىسى

ئۇندىن باشقا، ئىرسىيەت بىلەن مۇھىت، يېتىلىش بىلەن ئۆگىنىشنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا بولغان نىسپىي رولىمۇ باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ تەسىرى ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچى. ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئوخشاش بولمىغان پسىخىك فۇنكسىيە قاتارلىق تەرەپلەردە ئوخشاش بولمايدۇ. تەرەققىياتنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك باسقۇچىدا، بىرقىسىم ئاددىي بولغان تۆۋەن سەۋىيىلىك پسىخىكا

فۇنكسىيە بولىدۇ. مەسىلەن، سەزگۈ، ئىدراك، تۆۋەن دەرىجىلىك تىل قاتارلىق جەھەتلەردە فىزىئولوگىيىلىك پىشىپ-يېتىلىشىنىڭ تىزگىنلىشى بىرقەدەر چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن، بوۋاقلىق، گۆدەكلىك مەزگىلىدىكى ھەرىكەت تەرەققىياتى جەھەتتە مەخسۇس مەشىق بولمىسىمۇ ئولتۇرۇش، مېڭىش، تۇتۇش قاتارلىق ھەرىكەتلىرى تەبىئىي پىشىپ يېتىلىدۇ. بەلكى مۇرەككەپ بولغان ئالىي دەرىجىلىك پسىخىكا فۇنكسىيىدە مەسىلەن، ئابستراكت تەپەككۇر قابىلىيىتى، ئالىي دەرىجىلىك ھېسسىيات، ئىندىۋىدۇئاللىق پەزىلىتى قاتارلىقلار تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە تەلىم-تەربىيىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىرسىيەت ۋە مۇھىت ئامىلىنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا بولغان تەسىر كۆرسىتىش رولى بولسا، تەرەققىياتنىڭ مۇمكىنچىلىكى بىلەن تەرەققىياتنىڭ رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتى بولۇپ، شەخسنىڭ بىئولوگىيىلىك ئىرسىيەت ئاملى پسىخىك تەرەققىياتنىڭ يوشۇرۇن مۇمكىنچىلىكى ۋە دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ. شەخسنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تەلىم-تەربىيە شارائىتى بولسا ئۇنىڭ بۇ دائىرە ئىچىدىكى رېئاللىقى سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ.

## 3. پسىخىك تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى

بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىل نېمە؟ ياش-ئۆسمۈرلەر پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نېمە؟ دېگەن مەسىلىلەردە پسىخولوگىيە مۇنداق دەپ قارايدۇ. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىكلىكى بىلەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا جەمئىيەت بىلەن تەلىم-تەربىيىنىڭ ئۇلارغا قويغان تەلىپى پەيدا قىلغان يېڭى ئېھتىياج بىلەن ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەسلىدە بار بولغان پسىخىكا سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىدۇ.[1] بۇ بىر زىددىيەت

---

① لىن زۇڭدې: «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پسىخولوگىيىسى»، بېيجىڭ نەشرىياتى 1983-يىلى نەشرى، 26-بەت.

ھەرىكىتى جەريانىدا، جەمئىيەت ۋە تەلىم-تەربىيە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە قارىتا ئۇزلۇكسىز يېڭى تەلەپلەرنى قويۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىتا ئۇزلۇكسىز يېڭى ئېھتىياجلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ياش-ئۆسمۈرلەر پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ زىددىيەت ھەرىكىتى داۋامىدا ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ جانلىق ئامىلدۇر. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەسلىدە بار بولغان پسىخىكا ھالىتى، مەسىلەن، ئەسلىدىكى پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئىندىۋىدۇئال پسىخىكا مايىللىقى بىلەن ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار. بۇ بىر زىددىيەت داۋامىدىكى كونا، تۇراقلىق بولغان بىر تەرەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياش-ئۆسمۈرلەردە پائالىيەت داۋامىدا ئۇزلۇكسىز يېڭى تەلەپلەر بارلىققا كېلىپ، يېڭى زىددىيەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇلار يەنە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ يېڭى پائالىيەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىم قابىلىيەت ۋە پسىخىك سەۋىيىسىنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مەسىلەن، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تولۇقسىز ئوتتۇرىغا كىرگەندىن كېيىن، يېڭى ئۆگىنىش مەزمۇنى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۇلارغا يېڭى تەلەپلەرنى قويىدۇ. مەسىلەن، مۇستەقىل پىكىر قىلىش، تېكىستنى ئالدىن كۆرۈش قاتارلىقلار. بۇ يېڭى تەلەپلەر ئۇلاردا يېڭى ئېھتىياجلارنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوقۇتۇشنىڭ يېڭى تەلىپى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلىدىكى پسىخىك سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت شەكىللىنىدۇ. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىختىيارىي ئەستە قالدۇرۇش، ئابستراكت خاتىرە قالدۇرۇش، ئابستراكتنى تەپەككۇر قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئەسلىدىكى پسىخىك سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى تەلەپ ۋە ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ بىر يېڭى تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىدۇ.

ئىچكى زىددىيەت ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكا تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، مۇھىت ۋە تەلىم-تەربىيە تەرەققىياتىنىڭ شەرتى. بالىلار پسىخىك تەرەققىيات جەريانىدا تەلىم-تەربىيە ئەڭ مۇھىم شەرت.

بىراق، ئۇنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىگىلىمۇ، شۇنداقلا بەك تۆۋەن مۆلچەرلىگىلىمۇ بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلىدىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلىتىش لازىم. يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلىدىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ رايىغا يول قويۇپ، تەرەققىي قىلماي بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، ئەسلىدە بار بولغان تەرەققىيات سەۋىيىسى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى، ئوقۇغۇچىلار تىرىشىش ئارقىلىق ئورۇندىيالايدىغان يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ زىددىيەت ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يېڭى سەۋىيىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## § 2 . ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ياش ئالاھىدىلىكى

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىنى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى ۋە ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى 12ياشتىن 15ياشقىچە بولغان ياش باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ. ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى 15 ياشتىن 18ياشقىچە بولغان ياش باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ.

### 1. ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

#### 1. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال

ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى بالىلىق مەزگىلىدىن ياشلىق مەزگىلىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشتىكى ئۆتكۈنچى دەۋر بولۇپ، شەخسنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەن بالىلىقتىن، پىشىپ-يېتىلىش ھاياتىغا قاراپ بۇرۇلۇش مەزگىلى، بەزى ئالىملار بۇ باسقۇچنى كىشىلىك ھاياتنىڭ «ھالقىلىق مەزگىلى» ، «خەتەرلىك مەزگىل» ، «بوران-چاپقۇنلۇق مەزگىل» ، «ئۆتكۈنچى مەزگىل» ، «مۇشەققەتلىك مەزگىل» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن ئۆسمۈرلۈك مەزگىل

ئىنتايىن مۇھىم مەزگىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى، يېرىم بالىلىق، يېرىم پىشىپ-يېتىلگەن مەزگىل بولۇپ، مۇستەقىللىقى، ئاڭلىقلىقى بىلەن گۆدەكلىكلىكى ئارىسىدىكى چىگىش زىددىيەتلىك مەزگىلدىن ئىبارەت. بۇ مەزگىلدە ئۇلار زور بىر قاتار فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ۋە تۇرمۇش مۇھىتى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ئېڭىغا، كەيپىياتىغا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىگە قارىتا مۇناسىپ تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىگە خاس پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا، ئائىلە باشلىقلىرى ئۆز بالىلىرىنى پىششىق بىلمىگەنلىكىنى تاسادىپىي ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق چۈشىنىكسىز تۇيۇلىدۇ. ئۆسمۈرلەر چوڭلارغا ئىشەنگىلى بولمايدىغاندەك، ئۆزىنىڭ دوستى بولۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ھېسسىياتقا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بىر پارچە خېتى بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:①

«ئوغلۇم كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن گويا قانداقتۇر ھاياتنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىغا ئېرىشكەندەك بويى بىراقلا ئۆسۈپ 175 سانتىمېتىردىن ئېشىپ، قامەتلىك ھەم جاسارەتلىك بىر يىگىت بولۇپ قالدى. بۇ مەندەك بىر بويى ئارانلا 160 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان، ھازىرقى زامان ئاياللىرىنىڭ نەزىرىدە «ئۆلچەمگە توشمىغان مەھسۇلات» بولغان ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆڭلۈمنىڭ خۇشاللىقى ۋە شادلىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايتتى. بىراق ناھايىتى تېزلا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلار ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەردى. مەن دائىم ئوغلۇمنىڭ ئوقۇغان مەكتىپىگە چاپاتتىم. سىنىپ مۇدىرىدىن تېلېفون كەلسىلا يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالاتتى. ئالدى بىلەن كىچىك تۇرۇپلا قىز دوست تۇتۇشنى تىلغا ئالساق، جۈپ-جۈپ بولۇپ كىرىپ چىقىشاتتى. بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەلۋەتتە كۆزىگە سىغمايتتى. ئۇلارنىڭ زېھنىي كۈچى چېچىلىپ كېتىپ ئۆگىنىشكە تەسىر يېتىشىدىن

① «يېڭى ئاھالە كەچلىك گېزىتى»، 1996-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى «تاۋجى پىن فاڭ» سەھىپىسىدىن.

ئەندىشە قىلاتتى. مەن سەمىمىي هالدا ئوغلۇمغا: سەن هازىر زېھنىڭنى يىغىپ، ياخشى ئۆگىنىپ، ئىمتىهاندىن ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپكە كىرىشىڭ كېرەك، دوست تۇتۇش ئىشىغا كەلسەك ھەقىقەتەن تېخى بەك بالدۇر، دېدىم. كىم بىلسۇن ئۇنىڭ بۇنداق گەپنى ھەرگىز ئاڭلىماسلىقىنى، دوست تۇتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقىنى، ئۇ تېخى، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ: «قىز-ئوغۇل ساۋاقداشلار ئارىسىدا دوستلۇق بولسا بولمامدىكەن؟ بىللە پاراڭلاشسا بولمايدىغان نېمىسى بار؟» دېدى. يەنە دوست تۇتۇش كېرەك. بۇنداق دەسلەپكى مۇھەببەت ناھايىتى پاك بولىدۇ. كەلگۈسىدە قىممەتلىك بىر سەرگۇزەشتە بولۇپ قالىدۇ، دېدى، سۆزلەپ ئاخىرىدا ئۇ يەنە، مېنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ ئىدىيىسى بەك بيۇروكرات، كۆزقارىشى بەك كونا، قاتمال، «قۇدۇقتىكى پاقا» ۋەھاكازا دېگەنلەرنى دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي يۇز بەرگەن ئىشلار كىشىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرىدۇ. ئوغلۇم پۇتبول مەستانىسى بولغاچقا، بىز ئۇنىڭغا بىر دانە پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈش بېلىتى ئەكىلىپ بەرگەنىدۇق. كىم بىلسۇن مەيداندىن تارقىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ، بۇرۇن-يۇزلىرى ئىششىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى. ئۇنىڭدىن نېمە بولدى؟ ئۇرۇشتۇڭمۇ؟ دەپ سورىسام ئۇ جاۋاب بېرىپ، «توپ مەستانىسى»نىڭ كۆڭلىنى سىلەر چۈشەنمەيسىلەر، «توپ مەستانىلىرى» ئارىسىدا ئۇرۇش-جېدەل دېگەن دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. بىزگە بەك ھەيران قالماڭلار دەيدۇ. ئايالىم ھەم ئىچ ئاغرىتىپ، ھەم غەزەپلىنىپ، بېرىپ ئۇنى ئۇرۇپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، كىم بىلسۇن ئۇ بىراقلا توسۇۋېلىپ ئايالىمنىڭ قولىنى بىر چەتكە قايرىپ ئىتتىرىۋېتىشىنى. ئوغلۇم ئادەتتە مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيتتى. ھېيت-بايرام كۈنلىرى ئاندىن ئۆيگە قايتاتتى. ھەرقېتىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە بىز قايتا-قايتا نەچچە ئون قېتىم تاپىلاپ نەسىھەت قىلاتتۇق. بىراق، ئۇ دائىم بىزگە «مەن دېگەن چوڭ ئادەم بولۇپ قالدىم. سىلەر نېمىشقا مىنى يەنىلا كىچىك بالا قاتارىدا كۆرىسىلەر، ھەممە ئىشىمغا چات كىرىۋالىسىلەر» دەيتتى. ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق يېرى چوڭ ئادەمگە ئوخشىمايتتى. كارتون فىلىملىرىنى كۆرۈشكە شۇنداق قىزىقىدۇ. ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇققا بېرىلىپ كەتكەن ۋاقتىدا كېچىچە ئويناپ چىقىدۇ. گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئاچسىلا ھەمىشە بالىلاردەك قىلىقلارنى قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئوغلۇم راستتىنلا مىنى خۇشالمۇ قىلدى، خاپىمۇ

قىلدى. بىلمەيمەن، ئۇ قاچانمۇ مېنى غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلدۇرار؟»

ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ بىر پارچە خېتى ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىيات تېزلەشكەنسېرى، غەيرىي جىنستىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلايدۇ. كۆزقاراش يېڭىلىنىدۇ. كەيپىياتتا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. ئاتا-ئانىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يىراقلىشىدۇ. مۇستەقىللىقى كۈچىيىدۇ. ئۆزىنى پىشىپ-يېتىلدىم دەپ قارايدۇ. بىراق يەنىلا بالىلىق دەۋرىدىكى ساددىلىقى ساقلانغان بولىدۇ.

## 2. ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شەخسنىڭ جىسمانىي تەرەققىياتى ئاساسىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىدۇ. ئابستراكتنى لوگىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلىدۇ. كەسىپ تاللاش ۋە ئۆز ئىستىقبالى توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلايدۇ. ھاياتقا بولغان مول قىزىقىش ھېسسىياتىغا ئىگە بولىدۇ. غەيرەت-شىجائىتى ئۆرلەيدۇ. ئەقلىي كۈچى تولۇپ تاشىدۇ. خام خىيالغا تولغان بولىدۇ. دۇنيا قارىشى تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. بۇ مەزگىل شەخسنىڭ فىزىئولوگىيە ۋە پسىخىكا جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشكە يېقىنلىشىدىغان مەزگىلدۇر.

بەزىلەر ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىنى «پسىخىك جەھەتتىكى ئەمچەكتىن ئايرىلىش مەزگىلى» ياكى «ئىككىنچى ئەمچەكتىن ئايرىلىش مەزگىلى» دەپ ئاتىغان. بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىكا ۋە ھەرىكەت جەھەتتە كۈچلۈك مۇستەقىللىقىنى ئىپادىلىگەنلىكتىن، دۇنياغا، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارىتا مۇستەقىل تەشەببۇسى بولىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇشنى قەتئىي ئۈمىد قىلىدۇ، بىراق، تۇرمۇشتا يەنىلا ئاتا-ئانىسىغا تايىنىۋالىدۇ. ئۆگىنىشتە يەنە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆگىتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا يەنە بەلگىلىك تايىنىشچانلىقىمۇ ئىگە.

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى پسىخىك تەرەققىياتقا يەنە يېپىق بولۇش ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ مۇستەقىل خانىسى بولۇشنى، ئۆزىنىڭ تارتمىسى بولۇشنى، تارتمىغا بىر قۇلۇپنى ئايرىم سېلىشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدۇ. قانداقتۇر مەخپىي نەرسىلىرىنى

باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى يەنە زىددىيەت توقۇنۇشقىمۇ ئىگە. فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى پىشىپ-يېتىلىش ناھايىتى تېز بولغانلىقتىن پسىخىكا جەھەتتىمۇ تېز تەرەققىي قىلىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زېھنىي كۈچى تولۇپ تاشقان، كۈچ-قۇۋۋىتى تېشىپ تۇرغان، ئىنكاسى جانلىق، ھازىرقىغا قانائەت قىلىپ قالمايدۇ. ئالغا ئىنتىلىش روھىغا باي، بىراق ئاسانلا ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئاسانلا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. باتۇرلۇق بىلەن قاراملىقنى، قەتئىيلىك بىلەن جاھىللىقنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. تاسادىپىي يارىلىنىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدىغان ياش باسقۇچىدۇر.

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى يەنە «گاڭگىراش مەزگىلى»، «قارشىلىشىش مەزگىلى» دىن ئىبارەت. فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىيات پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، بىراق پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىياتى نىسپىي ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئۇلار ئەقىل، ھېسسىيات، ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردە تېخى پىشىپ-يېتىلمىگەن بولۇپ، ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ، ئۆزى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا دائىم گاڭگىراش، بىئارام بولۇش، تەشۋىشلىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلۈپ ئائىلە باشلىقلىرىغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىشىش پسىخىكىسى ئىپادىلىنىدۇ. بۇندىن باشقا فىزىئولوگىيىلىك كەسكىن ئۆزگىرىشلەر «ياشلىق باھارىدىكى ئەنسىزلىك مەزگىلى» نى ئېلىپ كېلىپ، كۈچلۈك كەيپىيات ئىنكاسى ۋە قاتتىق «جىنسىي توسالغۇ» پەيدا قىلىدۇ. پسىخىكىلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى يىلدىن-يىلغا يۇقىرىلايدۇ.

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى يەنە ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىنى تېزلىتىش مەزگىلى بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى، ئاساسلىقى ئائىلە ۋە مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلارغا ناھايىتى قىزىقىدۇ، يېڭى ئىشلارنى ئاڭلاشقا ھەۋەس قىلىدۇ، جەمئىيەتتىكى ئىشلارغا ئوبزور ئېلان قىلىشقا قىزىقىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كۈنسېرى پائال ئىشتىراك قىلىدۇ، بولۇپمۇ كەلگۈسى

تۇرمۇش يولىدىكى تاللاش ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار كەسىپ تاللىغان ۋە ئالىي مەكتەپ ئارزۇسىنى تولدۇرۇشنى ئويلاشقاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بولىدۇ.

## 2. ياش-ئۆسمۈرلەر پسىخىكىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى

### 1. ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىيات

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. بوي ئېگىزلىكى ۋە بەدەن ئېغىرلىقى كۆرۈنەرلىك ئارتىدۇ، بەدەن ھالىتى جىددىي ئۆزگىرىدۇ

ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكى ۋە بەدەن ئېغىرلىقى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئىككى قېتىم يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق يۇقىرى پەللىگە چىقىش 0 ياشتىن 1 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى پەللىگە چىقىش ياشلىق باھارىنىڭ يېتىلىش مەزگىلىدە ئىپادىلىنىدۇ. قىزلار 11-12 ياشلاردا ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش مەزگىلىگە يېتىدۇ. ئوغۇللارنىڭ بۇ بىر جەريانى قىزلارنىڭكىدىن ئىككى يىلغا يېقىن كېيىن بولىدۇ.

ياشلىق باھارىنىڭ يېتىلىش مەزگىلىدىن ئىلگىرى، بوي ئېگىزلىكىنىڭ يىلىغا ئوتتۇرىچە ئۆسۈشى 3 — 5 مىللىمېتىر بولىدۇ. ياشلىق باھارىنىڭ يېتىلىش مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا يىلىغا ئوتتۇرىچە ئۆسۈشى 6 — 8 مىللىمېتىر بولىدۇ. خېلى كۆپ ساندىكىلىرى 10 مىللىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ. ئۆسمۈرلەر بويىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆسۈشى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كىچىك بالا ئەمەس، چوڭ ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى تونۇتىدۇ. ئۇلارغا ئۆزى توغرىسىدىكى يېڭى تەسىرات تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

ياشلىق باھارىنىڭ يېتىلىش مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا، ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ناھايىتى روشەن ئارتىدۇ. ھەر يىلىغا 3 — 6 كىلوگرام

ئەتراپىدا ئارتىدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە ئۇستىخان ۋە مۇسكۇللارنىڭ ئۆسۈشىدىن تېز بولىدۇ. قول-پۇتنىڭ ئۆسۈشى يەنە گەۋدىنىڭ ئۆسۈشىدىن تېز بولىدۇ. شۇڭا، ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن شەكلى خۇددى مۈرىسى تار، كۆكرىكى ياپىلاق، پۇتى ئۇزۇن بولغان «ماش ئۇندۇرمىسى»گە ئوخشاپ قالىدۇ.

بالىلىق مەزگىلىدە، بەدەن شەكلى ھەممىشە بېشى چوڭ، يۇقىرىقى بەدەن ئۇزۇن، تۆۋەنكى بەدەن قىسقا بولىدۇ. ياشلىق باھارىنىڭ يېتىلىش مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا، بوي، مۇسكۇل ۋە ئۇستىخاننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. بەدەن نىسبىتى تەدرىجىي ھالدا چوڭلارغا يېقىنلىشىدۇ. ئوغۇللارنىڭ بەدىنى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ئورۇق، ئېگىز ۋە قاۋۇل بولىدۇ. قىزلارنىڭ بەدىنى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ تولغان ۋە تولۇق يېتىلگەن بولىدۇ.

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا، ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ سۈرئىتى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىن ئاستىراق بولىدۇ. جىنسىي پىشىپ يېتىلىش جەريانى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، بوي ئېگىزلىكى چوڭ ئادەملەرگە يېقىنلىشىدۇ. ئوغۇللارنىڭ ئوتتۇرىچە بەدەن ئېغىرلىقى قىزلارنىڭ ئوتتۇرىچە بەدەن ئېغىرلىقىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ سىغىمچانلىقىمۇ زورىيىدۇ. قىزلارنىڭ داس سۆڭىكى يوغىنايدۇ. ئۇستىخانلىرى ئاللىقاچان قاتقان بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە مۇسكۇللارنىڭ كۈچىنىڭ ئارتىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ. بويىنىڭ ئۆسۈشى توختىغاندىن كېيىنكى بىر يىلدا مۇسكۇللارنىڭ كۈچى ئادەتتىكى چوڭ ئادەملەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش ۋە تەنتەربىيە چېنىقىشقا تايىنىپ بارلىققا كېلىدۇ. نېرۋا سىستېمىسى، بولۇپمۇ چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە فۇنكسىيىسى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ يېتىلگەن بولۇپ، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ قوزغىلىشى ۋە تورمۇزلىنىش جەريانلىرى مۇقىم بولۇشقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. ھەرىكىتى تېخىمۇ ماسلاشقان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇرەككەپ بولغان ئۆگىنىش ۋە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن تەبىئىي ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2. نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا، نېرۋا سىستېمىسى، بولۇپمۇ چوڭ مېڭە پوستلىقىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ تۈزۈلۈشى كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى، نېۋرونلارنىڭ باغلىنىشى مۇرەككەپلىشىدۇ. نېرۋا توقۇلمىلىرىدا ئىلىك غىلاپى شەكىللىنىدۇ، ئېرىقچە-يېرىقچىلار تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭ مېڭىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تورسىمان تالالار زور مىقداردا كۆپىيىدۇ. مېڭە ھۈجەيرىلىرى چوڭ ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى پارچىلىنىشىغا ئىگە بولغان سەۋىيىسىگە يېتىدۇ. نېرۋا سىستېمىسى قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇرەككەپلىشىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ تورمۇزلاش فۇنكسىيىسى مۇناسىپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ، ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى تەدرىجىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ شەكلى، ھالىتى، تۈزۈلۈشى، فۇنكسىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەتنى تەڭشەش فۇنكسىيىسىنىڭ تەرەققىياتى بەدەننىڭ ئۆسۈشىدىن كېيىن قالىدۇ. شۇڭا، ئەسلىدىكى نىسبەتەن ماسلاشقان ھەرىكىتى ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە كەلگەندە ئەكسىچە ماسلاشمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلەر دائىم ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەركىن-ئازادە بولمىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى يەنە «دۆتلۈك مەزگىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال دائىم ياش-ئۆسمۈرلەردە كۆڭۈلسىزلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. جىنسىي گورمونلارنىڭ سۈيۈقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىشى مېڭە ھىپوفىز بېزى ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ئەسلىدىكى نىسبەتەن تەڭپۇڭ بولغان قوزغىلىش بىلەن تورمۇزلىنىش جەريانى تەڭپۇڭسىزلىققا ئۆزگىرىدۇ. چوڭ مېڭە نېرۋا پائالىيىتىنىڭ قوزغىلىش جەريانى تورمۇزلىنىش جەريانىدىن كۆرۈنەرلىك ئارتىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ياش-ئۆسمۈرلەر ھەمىشە ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالىدۇ. ئەگەر ئۇزاق مەزگىل دىققىتىنى مەلۇم ئوبيېكتقا مەركەزلەشتۈرسە، ئاسانلا ئۇلارنىڭ نېرۋا پائالىيىتىدە چارچاش كېلىپ چىقىدۇ.

3. ئىككىلەمچى جىنسىي ئالامەتنىڭ كۆرۈلۈشى (بارلىققا كېلىشى) ۋە جىنسىي يېتىلىش

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك ئىككىلەمچى جىنسىي ئالاھىدىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە جىنسىي پىشىپ يېتىلىشىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت. جىنسىي ئەزا بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان جىنسىي ئايرىما ئالاھىدىلىكى بىرلەمچى جىنسىي ئالاھىدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇندىن باشقا جىنسىي تەرەققىياتتىكى ۋاستىلىك جىنسىي ئالاھىدىلىكلەر، مەسىلەن، ئوغۇللارنىڭ بۇغدىيىكى ۋە ساقال بۇرۇتىنىڭ ئۆسۈشى، قىزلارنىڭ ئەمچىكى قاتارلىقلار ئىككىلەمچى جىنسىي ئالاھىدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ ھەم ئۇ يەنە قوشۇمچە جىنسىي ئالاھىدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ئوغۇللارنىڭ ئىككىلەمچى جىنسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن: بۇغدىيىكىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، ئاۋاز پەردىسىنىڭ كېڭىيىشى، ئاۋاز رىتىمىنىڭ پەس ھەم توم بولۇپ ئۆزگىرىشى، جىنسىي ئەزاسى ۋە قولتۇقلىرىغا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۈك چىقىشى، ساقال-بۇرتىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىقلار بار.

قىزلارنىڭ ئىككىلەمچى جىنسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن: ئەمچەك تۈگمىسى ۋە ئەمچەكنىڭ تەرەققىي قىلىشى، داس سۆڭەكنىڭ چوڭىيىشى، كاسسا قىسمىنىڭ يۇمىلاقلىشىشى، ئاۋاز رىتىمىنىڭ يۇقىرىلىشى، جىنسىي ئەزا ۋە قولتۇققا تۈك چىقىشى قاتارلىقلار بار.

جىنسىي يېتىلىش جەريانى جىنسىي ئەزالار ۋە جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. قىزلاردا ئاي كۆرۈپ، دەسلەپكى ئادەت كېلىدۇ. ئوغۇللاردا مەنىي كېلىش (بىرىنچى قېتىمقى مەنىي) جىنسىي ئىقتىدارنىڭ يېتىلىشكە باشلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنسىي يېتىلىشىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلاردىن بالدۇرراق بولىدۇ. قىزلار 11—13 ياشلاردا، ئوغۇللار 13—15 ياشلاردا جىنسىي يېتىلىش جەريانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولىدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي (بەدەن) تەرەققىياتى پسىخىكا تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسىي. بىراق، ئۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكا تەرەققىيات سەۋىيىسىنى پۈتۈنلەي بەلگىلىيەلمەيدۇ. بىر قىسىم پسىخولوگلار ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنى

پۇتۇنلەي «جىنسىي يېتىلىش»گە يېغىنچاقلىغان. بۇ خىل سادda بىئولوگىيىلىك كۆزقاراش خاتا. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىياتى ئاساسىدا، مۇئەييەن مۇھىت شارائىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا سۇبيېكتىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.

## 2. فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىياتنىڭ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكىسىغا بولغان تەسىرى

بەدەننىڭ تېز ئۆسۈشى ۋە جىنسىي يېتىلىش ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى: بەدەننىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆسۈشى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كىچىك بالا ئەمەسلىكىنى تونۇتۇپ، «چوڭ بولغانلىق تۇيغۇسى»نى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ئېڭىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەربىر ياش-ئۆسمۈر ئۆز بەدەن ھالىتىنىڭ گۈزەل ياكى ئەمەسلىكىگە، بويىنىڭ ئېگىز-پاكارلىقىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ ھەمدە دائىم تەڭ ياشتىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرىدۇ: بەزى ياش-ئۆسمۈرلەر ئۆز بەدىنىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقىدىن غەم-ئەندىشە قىلىدۇ، بىئارام بولىدۇ؛ بەزى ياش-ئۆسمۈرلەر باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن ئەندىشە قىلىدۇ ھەم كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ھەتتا يەككە-يېگانە خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ. كۆپ قىسىم قىزلاردا تۇنجى قېتىم كەلگەن ئادەتتىن كۈچلۈك ئەنسىرەش ۋە قورقۇش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. بەزى قىزلار ئەمچىكى تەرەققىي قىلغانلىقتىن باشقىلارنىڭ قارىشىدىن ئىزا تارتىپ كۆڭ بويى بېشىنى سېلىپ مېڭىش يۈرىدۇ. بەزى ياش-ئۆسمۈرلەر غەيرىي جىنىستىكىلەرگە ھەۋەس قىلىشقا بېرىلىپ كېتىدۇ. بىراق، يەنە ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىزىققانلىقتىن مەسئۇلىيەتسىنمۇ ھېس قىلىدۇ. ياش-ئۆسمۈرلەر يات جىنىستىكىلەرگە قىزىقسىمۇ، بىراق ھەرىكەت جەھەتتە يەنىلا بەلگىلىك يوشۇرۇنلۇققا ئىگە بولىدۇ. بەزىلىرى تارتىنىدۇ، بەزىلىرى غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ يات جىنىستىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولىدۇ ۋەھاكازالار.

باللار بالدۇر يېتىلىش بىلەن كېيىن يېتىلىش ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكىسىغا قارىتا بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

فىزىئولوگىيىلىك يېتىلىشى بۆرۈن بولغان، قەددى-قامەتلىك ياش-ئۆسمۈرلەر ئاسانلا ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن سىنىپتىكى تايانچىلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئاسانلا تەكتۇشلىرىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشىدۇ. كېيىن، يېتىلگەن ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بويى پاكار بولۇپ، چوڭلار ئۇلارنى ئاسانلا «كىچىك بالا» قاتارىدا كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقى تولۇق تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلاردا تەشۋىشلىنىش ۋە ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق بەزى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، كېيىن يېتىلىشنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرىدىن ئازراق بولىدىكەن. چۈنكى قىز ئوقۇغۇچىلار ئەتراپتىكىلەرنىڭ «قىزچاق» دەپ باھا بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. كېيىن يېتىلىش ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا چوڭ تەھدىت سالالمايدۇ.

## 3. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر

ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ.

1. ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆگىنىشىگە قەدەم قويۇشى بۇ بىر ياش باسقۇچىدىكى پسىخىك ئۆزگىرىشنىڭ مۇھىم شەرتى. تولۇقسىزنىڭ 1-يىللىقىدىكى يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇچ كېلىدىغىنى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى بىلەن ئوخشىمايدىغان ئۆگىنىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرسنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىدۇ. پەنني مەزمۇنلار چوڭقۇرلىشىدۇ. ئوقۇتۇش شەكلىنى باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلى زور ئۆزگەرگەن بولىدۇ. ئۆگىنىش تەلىپى يۇقىرىلايدۇ. ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دەرسلىرىدە نۇرغۇنلىغان ئابستراكت پەنني ئۇقۇملارنى، فورمۇلا، قائىدە-قانۇنىيەت قاتارلىق ئاساسي بىلىملەرنى ئىگىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆگىنىش مەزمۇنىدىكى ئۆزگىرىشتىن باشقا، ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىدۇ. ھەرقايسى پەن ئوقۇتقۇچىلىرى كۆپىيىدۇ. ئوخشىمىغان ئوقۇتقۇچىلار ئوخشىمىغان تەلەپلەرنى قويىدۇ. سىنىپ مۇدىرىنىڭ يېتەكچىلىكىمۇ باشلانغۇچتىكىدەك ئۇنداق كونكرېت، ئىنچىكە بولۇپ

كەتمەيدۇ. بۇلار ئوقۇغۇچىلاردىن ئوخشىمىغان پەن، ئوخشىمىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشىنىڭ لازىملىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىنى، ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دەرسخانىدا، ئوقۇغۇچىلار ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ۋاقتىدا چۈشىنىپ ھەزىم قىلىشى، ياخشى خاتىرە قالدۇرۇشى، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن تەكرار قىلىشى، تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئورۇندىشى لازىم. ئۆگىنىش مەزمۇنى كېڭەيگەن ۋە چوڭقۇرلاشقان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشى، ئاڭلىق ئانالىز قىلىشى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، جانلىق ئۆگىنىش، پۇختا خاتىرە قالدۇرۇش، جانلىق ئىشلىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆگىنىشتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالايدۇ.

## 2. كوللېكتىپ تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەر

باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا، سىنىپنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى سىنىپ مۇدىرى كونكرېت، ئىنچىكە تەشكىللەيدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ياش-ئۆسمۈرلۈك باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا، سىنىپ مۇدىرى باشلانغۇچ مەكتەپتىكىدەك ئۇنداق يەنە كونكرېت ۋە ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. سىنىپقا دەرسكە كىرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا ئوقۇغۇچىلار ئوخشىمىغان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى زۆرۈر ھەم ئۆزىنىڭ ھەربىر ئوقۇتقۇچى توغرىسىدىكى باھاسىنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم. سىنىپ مۇدىرى سىنىپتىكى ئاكتىپلار ۋە سىنىپ كادىرلىرىغا تايىنىش ئارقىلىق خىزمەت ئىشلەيدۇ. ساۋاقداشلار سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. بىر قىسىم ساۋاقداشلار سىنىپ كادىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تەدرىجىي مۇستەقىل ھالدا ساۋاقداشلار خىزمەتنى قانات يايدۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلاردىن تېخىمۇ ئاڭلىقلىق ۋە مۇستەقىللىقنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 3. ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئورنىدىكى ئۆزگىرىشلەر

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى ئۆسىدۇ. بالىلىق مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىلالايدىغان

ئىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئائىلە باشلىقلىرى ئۇلارغا بەزى ئائىلە ئىشلىرى ئەمگىكىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئۇرۇنلاشتۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىدە يۈز بەرگەن ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئائىلىدىكى زور سىياسەت-تەدبىرلەرگە قارىتا ئۇلارنى پىكىر بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. باشقىلار ئالدىدا ئەيىبلەپ بالا باشقۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ غورۇرىنى قوغدايدۇ. ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ «چوڭ بولۇپ قالغانلىق تۇيغۇسى» كۈچىيىدۇ. ئاكتىپ تەشەببۇسكار هالدا تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدۇ ھەمدە كۈندىن-كۈنگە ئائىلە تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ سىنىپتىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلى تەدرىجىي هالدا پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلىنىڭ تەلىم-تەربىيىسى ئاستىدا، ياش-ئۆسمۈرلەر مۇرەككەپ ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا باشلايدۇ. ياخشى ئىندىۋىدۇئال پەزىلەتلەر (مەسىلەن، يولداشلارچە دوستلۇق ھېسسىياتى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىق) مۇ يېتىلىدۇ ۋە تاۋلىنىدۇ.

## 3. ياش-ئۆسمۈرلەر پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1. دىققەت تەرەققىياتى

باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا، بالىلارنىڭ ئىختىيارسىز دىققىتى بىرقەدەر زور رول ئوينايدۇ. دىققىتى ئاسانلا تاشقى دۇنيادىكى يېڭى، ئۆزلۈكسىز ۋە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ياكى ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان شەيئىلەر تەرىپىدىن قوزغىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇشنى تەشكىللەشتە سەللا بوشىشىپ قالسا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىققىتى ئاسانلا چېچىلىپ كېتىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىغا چىققاندا، بالىلارنىڭ ئىختىيارىي دىققىتى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلسىمۇ، بىراق يەنىلا سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋاقتىدا سەمىگە سېلىپ تۇرۇشى ۋە نازارەتچىلىك قىلىپ تۇرۇشىغا موھتاج بولىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە تەسىس قىلىنغان دەرسلەر، بولۇپمۇ فىزىكا، ماتېماتىكا دەرسلەر ئوقۇغۇچىلاردىن دەرس ئاڭلىغاندا زور دەرىجىدىكى ئەقلىي پائالىيەت ئاكتىپچانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن دىققەتنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىختىيارىي دىققىتى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. دىققەتنىڭ تۇراقلىقلىقى، تولۇقلىشى ۋە دىققەتنى يۆتكەش قابىلىيىتى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇناسىپ تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىدۇ. ياخشى ئوقۇتۇش شارائىتى ئاستىدا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تۇراقلىق دىققىتىنى ئادەتتە 40مىنۇت ئەتراپىدا ساقلاپ تۇرالايدۇ. دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇستىن دەرسكە كىرگەندە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا تېزلىكتە ئۆزىنىڭ ئىختىيارىي دىققىتىنى دەرسخانىغا بۇراپ ئەكىلەلەيدۇ. بۇندىن باشقا، دەرسخانىدا ھەم لېكسىيە ئاڭلاپ، ھەم بىرلا ۋاقىتتا خاتىرە قالدۇرالايدۇ. دىققەتنىڭ دائىرىسى ۋە دىققەتنى تەقسىملەش قابىلىيىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا كېڭىيىدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىققەت تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك دىققەتنىڭ تاشقى ئىپادىسى روشەن بولمايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىققىتىنىڭ مەركەزلەشكەن-مەركەزلەشمىگەنلىكىنى دىققەتنىڭ تاشقى ئىپادىسىدىن ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش قابىلىيىتى تەرەققىي قىلغانلىقتىن، دىققىتىنىڭ تاشقى ئىپادىسىنى كونترول قىلالايدۇ. بەزىدە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەندەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە «ئوي-پىكرى چېچىلىپ كېتىدۇ». ئەگەر ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈۋاتقاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلىنىۋاتقان مەزمۇنلارغا بولغان ئىنكاسىنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلمىساق، ناھايىتى ئاسانلا، دىققەت قىلىپ دەرس ئاڭلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئالدىنىپ قالىدۇ.

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت

قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئادەتتە چوڭ كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىدۇ. دىققەتنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە تۇراقلىقلىقى ئەڭ ياخشى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، دىققەتنىڭ دائىرىسى مۇناسىپ كېڭىيىدۇ. مۇرەككەپ پائالىيەتلەر داۋامىدا ئۆز دىققىتىنىڭ داۋامىدا ئۆز دىققىتىنى ئۇنۇملۇك ھالدا تەقسىملىيەلەيدۇ ۋە بۇرىيالايدۇ. بىر قىسىم مۇھىم، ئەمما قىزىقارلىق بولمىغان ماتېرىياللارغا ئۆز دىققىتىنى مەقسەتلىك ھالدا مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، دىققەت قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا يەنە كۆرۈنەرلىك ئايرىم پەرقلەرمۇ بولىدۇ.

## 2. بىلىشنىڭ تەرەققىياتى

### 1. سەزگۈ-ئىدراك تەرەققىياتى

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆزىتىش پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: توغرىلىقى نىسبەتەن تۆۋەن، ئادەتتە پەقەت شەيئىلەرنىڭ قىسمەن خۇسۇسىيەتلىرىنىلا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. كۆزىتىشنىڭ ئىختىيارىيلىقى نىسبەتەن كەمچىل، توسالغۇلارنى يېڭىش قابىلىيىتى تۆۋەن، كۆزىتىش خاتالىقى كۆپ. كۆزىتىشنىڭ سىستېمىلىقىمۇ يېتەرلىك ئەمەس، بىرقەدەر پارچە-پۇرات، ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىمۇ ناچار. مۇھىم بولغانلىرى بىلەن مۇھىم بولمىغانلىرىنى، يۈزەكى ھادىسە بىلەن ئىچكى باغلىنىشنى ئاجرىتالمايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بولغاندىلا، ئاندىن ماھىيەتتىن، سەۋەب-نەتىجىلىك باغلىنىشتىن چىقىپ شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتەلەيدۇ، ئومۇمەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتى ئادەتتە يۈزەكى بولۇش، بىپەرۋالىق، توغرا بولماسلىق، قىسقا مۇددەتلىك، سىستېمىسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ.

ئاڭلىقلىقنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆگىنىشنىڭ ئىجتىمائىي مۇددىئاسى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىدۇ. ئۆگىنىشنىڭ مەقسەتچانلىقىمۇ تەدرىجىي ئايدىڭلىشىدۇ. ئۆسمۈرلەر ئوقۇتۇش ۋە ئەمەلىي ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا بىلمەكچى بولغان شەيئىلەرنى كۆزىتەلەيدۇ. بۇ ئىدراكنىڭ ئاڭلىقلىقى ۋە مەقسەتچانلىقىنىڭ كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ھەمدە ئۆسمۈرلەر تەدرىجىي ھالدا شەيئىلەرنىڭ سىرتقى

ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى تۇتۇپ، تېخىمۇ ئومۇمىيۇزلۇك ھالدا شەيئىلەرنى بىلەلەيدۇ. ئىدراكنىڭ توغرىلىقى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقى كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ.

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى ۋە تەجرىبىلىك ئوقۇتۇش مەشىقلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقتىن ئۇلارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى تەرەققىي قىلىدۇ. ئىدراك قىلىش ۋە كۆزىتىش سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆسىدۇ. ماھىيەت بىلەن غەيرىي ماھىيەت، مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. بىراق يەنىلا ئالدىراپ، بالدۇر خۇلاسە چىقىرىشقا ئامراق بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلەرگىمۇ ئىگە.

2. خاتىرە تەرەققىياتى

باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى تېخى ئەستە قالدۇرۇش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر ئەمەس، قايسى ئەستە قالدۇرۇشقا تېگىشلىك، قايسى قىسقارتىشقا بولىدۇ، ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرالمايدۇ. پەقەت ئوقۇتقۇچى ئۇلارغا ئەستە قالدۇرۇش ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىلا، ئاندىن شۇ بويىچە قىلىدۇ. خاتىرىنىڭ مەقسەتچانلىقى يەنىلا ناھايىتى كەمچىل بولۇپ، ئادەتتە قايسىلىرى ئۆزى قىزىقىدىغان ئەستە قالدۇرۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار، قايسىلىرى قىزىقمايدىغان، بىراق ئەستە قالدۇرۇش زۆرۈر بولغان مەزمۇنلار بۇ جەھەتتە خاتىرە مەقسىتى ئېنىق بولمايدۇ. چۈشىنىش قابىلىيىتى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۇلار مېخانىك ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ كۆپ قوللىنىدۇ. گەرچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا سۆز خاتىرىسى، ئابستراكت خاتىرە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئابستراكت مەزمۇنلارنى خاتىرىدە قالدۇرۇشتا يەنىلا شەيئىلەرنىڭ ئوبرازىغا تايىنىپ ئەستە قالدۇرىدۇ ۋە ئەستە ساقلايدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى — ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى خاتىرە قابىلىيىتى ئەڭ ياخشى بولغان مەزگىل[1]. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى بالىلىق مەزگىلىدىكى ئاساس

---

① «پسىخولوگىيە قامۇسى»، جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى، 748-بەت.

ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ياخشى ئوقۇتۇش شارائىتى ئاستىدا ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ خاتىرىسى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ. خاتىرە مىقدارىنىڭ ئارتىشىدىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەر كۆرۈلىدۇ.

1) مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش تەدرىجىي ھالدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ

ئوقۇتقۇچى دائىم ئوقۇغۇچىلارغا ئەستە قالدۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرغاچقا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەدرىجىي ھالدا ئۇخشاش بولمىغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئەستە قالدۇرۇش مەسقەت ۋەزىپىسىنى ئاڭلىق بەلگىلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەستە قالدۇرۇش جەريانىنى تەڭشەيدۇ. ئەستە قالدۇرۇش ئۈنۈمىنى تەكشۈرىدۇ. ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئىختىيارىيلىقى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

2) مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىدۇ

باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا، بالىلار ئۆگىنىشتە ماتېرىيالنى چۈشەنمەي تېرىشچانلىقىغا تايىنىپ تەكرارلاپ ئەستە قالدۇرۇش خاھىشى ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان بولىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرىغا قەدەم قويغاندا، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېخانىك ئەستە قالدۇرۇشى يەنىلا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇشى ئۆسمۈرلەرنىڭ مېخانىك ئەستە قالدۇرۇشغا بىر قەدەر يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېرىيالنى ئەستە قالدۇرۇشغا نىسبەتەن لوگىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدو. ئۇلارنىڭ تېكىستنى مەنىلىك بۆلەككە ئايرىپ بۆلەكلەر بويىچە ھەربىر بۆلەككە كىچىك سانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە يۇقىرىقى بايان قىلىنغان ئاساستا قايتا نامايان قىلىدۇ. بۇ خىلمۇخىل پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلاردىن چۈشىنىش ھەم تىلىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ماتېرىيالنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ تېز (ئۇچقاندەك) تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ، مېخانىك ئەستە قالدۇرۇشنى قوللىنىشى بارغانسېرى ئازلاپ، مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى

بارغانسېرى تەرەققىي قىلىدۇ.

ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماسلىقىدىن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى چۈشەنمىگەن ياكى چۈشىنىشىدىن ئۆتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يەنىلا ئاساسلىقى مېخانىك ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى يەنە ئاڭلىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا كۆپ خىل، ئۈنۈملۈك، ياخشى ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىشى لازىم.

3) ئابستراكت خاتىرە قابىلىيىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوبرازلىق ئەستە قالدۇرۇش نەتىجىسى تولۇقسىز 1-يىللىقتىن باشلاپ تولۇقسىز 3-يىللىققا قەدەر ئۆسىدۇ. تولۇقسىز 3-يىللىقتىن كېيىن تۆۋەن دەرىجىگە چۈشىدۇ. بىراق سۆز ئابستراكت خاتىرە نەتىجىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سۆز ئابستراكت خاتىرە قابىلىيىتى تېخى يېتىلمىگەن بولۇپ، پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆسۈش سۈرئىتى تېزرەك بولىدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كونكرېت ماتېرىياللارنى ئەستە قالدۇرۇش نەتىجىسى يەنىلا سۆزنى ئەستە قالدۇرۇش نەتىجىسىدىن يۇقىرى بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا يەنىلا ئوقۇتۇشنىڭ كۆرسەتمىلىك پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم.

ياخشى ئوقۇتۇش شارائىتى ئاستىدا ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى پىشىپ-يېتىلىش سەۋىيىسىگە يەتكەن بولىدۇ. ئۇلار بەلگىلىك ئۆگىنىش مەقسىتىگە ئاساسەن ناھايىتى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆزىنىڭ خاتىرە پائالىيىتىنى تەڭشىيەلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئاساسلىقى مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئەستە قالدۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار دائىم ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى چۈشىنىشكە كۈچ چىقىرىپ، ئاساسىي تېمىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆگىنىش مەزمۇنىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئىگىلەيدۇ. بەزى مېخانىك ئەستە قالدۇرۇش زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارنى (مەسىلەن، تارىخىي يىللار، ئېنگلىز تىلىدىكى خام سۆزلەر قاتارلىق) ئەستە قالدۇرۇشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مەنىلىك

ئەستە قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى تاپىدۇ. ئابستراكت لوگىكىلىق خاتىرە مۇشۇ ۋاقىتتا ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خاتىرە ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

3. تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتى

باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ تەپەككۇرى ناھايىتى زور كونكرېتلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئىگىلىگەن ئۇقۇملار يەنىلا ئاددىي، مۇكەممەل بولمىغان بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ پەقەت بىر قىسىم دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىلمىي تەدبىرلەردىن ئىبارەت.

باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى تەپەككۇرىنىڭ ئاڭلىقلىقى بىر قەدەر تۆۋەن، ئۇلار ئۆزىنىڭ تەپەككۇر جەريانىنى ئانچە تونۇپ يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر سوئال سورىغاندا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ئۇ، «مەن كۆرگەن» ياكى «مەن بىلمەيمەن» دەپ بېرەلىگەن. باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ تەپەككۇرىدا يەنە تەنقىدىيلىكى كەمچىل بولۇپ، ھەمىشە ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دېگىنىنى شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ توغرا-خاتالىق ئۆلچىمى قىلىۋالىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار دائىم «بۇنى مۇئەللىم شۇنداق دېگەن» دەيدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ تەپەككۇرىدا يەنە جانلىقلىق كەمچىل بولۇپ، دائىم ئۆلۈك ھالدا فورمۇلاغا سالىدۇ. تېمىنى بىرقانچە ئېغىز يۈزەكى گەپ بىلەنلا مەنىسىنى پەرەز قىلىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن كېيىن ئۆگىنىش ۋەزىپىسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇلارغا يېڭى تەلەپلەرنى قويىدۇ. مەسىلەن، ئۇلاردىن ھەرقايسى پەنلەر بىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئۇقۇملىرىنى شەكىللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە بۇ خىل ئۇقۇملاردىن پايدىلىنىپ مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولغان ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە، ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىشنى، شۇنداقلا شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈشنى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىشى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەلىم-تەربىيىگە ئەگىشىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ تەپەككۇر سەۋىيىسى بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر كۈندىن-كۈنگە يېتەكچى ئورۇننى

ئىگىلەيدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەپەككۇرىدا ئابستراكت لوگىكىلىق تەركىب مەلۇم دەرىجىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ بالىلار تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى بىر سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇپ، ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. بىراق بۇ ۋاقىتتىكى ئابستراكت تەپەككۇر ناھايىتى زور دەرىجىدە يەنىلا «تەجرىبە تىپى»غا تەۋە بولىدۇ. يەنى تەپەككۇر پائالىيىتى نۇرغۇنلىغان ئەھۋاللار ئاستىدا يەنىلا كونكرېتنى بىۋاسىتە كۆزدىن كەچۈرگەن ھېسسىي تەجرىبىلەرنىڭ بىۋاسىتە ياردىمىگە موھتاج.

2) تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە تەنقىدىيلىكى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ

تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شەيئىلەرنىڭ بەزى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزى توغرىسىدىكى ئېڭى تەرەققىي قىلغانلىقتىن تەپەككۇرىدا بەلگىلىك مۇستەقىللىق ۋە تەنقىدىيلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار دائىم ئوقۇتقۇچىنىڭ ياكى كىتابتىكى شەيئى-ھادىسىلەر توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلەردىن قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. بەلكى ئېگى-تەكتىنى ئېنىقلايدۇ. گۇمانلىنىشقا، تالاش-تارتىش قىلىشقا، مۇھاكىمە قىلىشقا قىزىقىدۇ. ئاسانلىقچە باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار دائىم بىر يەرگە جەم بولسىلا، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى، ئەدەبىي ئاخبارات، پەن-تېخنىكا ئەھۋالى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ خىل مۇستەقىل پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان ناھايىتى قىممەتلىك پسىخىك شەرت-شارائىت ۋە پسىخىك پەزىلەت بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقلىرى ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشى، ھەرگىز ئۇلارنىڭ دائىم ھەرخىل ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇشىنى ئۇلار قەستەن «قارشىلىشىۋاتىدۇ» دەپ تونۇپ قېلىپ، ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىشكە ۋە ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. بىراق، بىلىم تەجرىبىنىڭ قانداقلا بولمىسۇن چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەپەككۇرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە تەنقىدىيلىكى يەنىلا ئانچە پىشىپ

يېتىلمىگەن بولىدۇ. ئاساسلىق يېتەرسىزلىكى ئاسانلا بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق يۈز بېرىدۇ. بەزىدە تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىش، «يولسىزلىق قىلىپ قائىدىنى چۈشەنگىلى ئۇنىماسلىق، قىلچە ئاساسسىز هالدا تالاش-تارتىش قىلىش جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە يەككە-يېگانە، ئاساسسىز، ئاشۇرۇۋەتكەن هالدا مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىش، ئۆز پىكرىدە جاهىللارچە چىڭ تۇرۇۋېلىش، يەڭگىللىك بىلەن قارار چىقىرىش جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە هالدا ئالدىن يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

3) تەپەككۇرنىڭ ئاڭلىقلىقى روشەن كۆچىيىدۇ

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بارغانسېرى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر جەريانىنى تونۇپ يېتىدۇ هەمدە تەپەككۇر جەريانىنى تەڭشىيەلەيدۇ. تەپەككۇر جەريانى ئەسلىدە تەدرىجىي هالدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىققەت، ئاڭلىق قىلىش، باهالاش ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇرى كۆرۈنەرلىك هالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دىئالېكتىك تەپەككۇر ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىدۇ. تولۇقسىزنىڭ 2-يىللىقىدىن باشلاپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇرى تەجرىبە سەۋىيىسىدىن نەزەرىيە سەۋىيىسىگە قاراپ بۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىغا قەدەم قويغاندا، بۇ خىل بۇرۇلۇش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر پىشىپ-يېتىلىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر ئاساسىدا تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەنقىدىيلىكى، مۇستەقىللىقى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىدۇ هەمدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە ئىگە بولغان تەپەككۇرنىڭ يۈزەكىلىكى ۋە ئۆزىنى تۇتالماسلىق هادىسىلىرىنى يېڭەلەيدۇ. بىراق شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى، ئوقۇغۇچىلاردا بەزىدە ئۆز پىكرىدە جاهىللارچە تۇرۇۋېلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئىسپاتلىشىدىن ئۆتمىگەن كۆز قاراشلارنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلماسلىق ئەهۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەربىيە بەرگەندە پاكىت قويۇپ، داۋلى سۆزلەش لازىم. ئاددىي، قوپال ئۇسۇللار بىلەن ئالدىراپ بولدى قىلىشقا بولمايدۇ.

4. كەيپىيات ۋە ھېسسىيات ئالاھىدىلىكى

1) ياش-ئۆسمۈرلەر كەيپىياتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى يېتىلىش جەريانىنىڭ تېز سۈرئەتتە بولۇشى ۋە مۇھىت تەلىپىنىڭ ئۆسۈشى ئارقىدا، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ كەيپىيات پائالىيىتى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، كەيپىياتى قوزغىلىشچانلىقا ئىگە. ئۇلار كىچىككىنە بىر ئىشلاردىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەچكە، كىچىككىنە بىر نەتىجىگە ئېرىشسىلا ھېچ كىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ. كۆرەڭلەپ كېتىدۇ؛ ئوڭۇشسىزلىق ياكى مەغلۇبىيەتكە يولۇقسىلا ئۆزىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قاراپ ئۇششاق-چۈشەك ئىشلاردىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر نەپەر قىز ئوقۇغۇچىسى قىسقا سىناق نەتىجىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ياتاققا مۆكۈنۈپ ئىككى سائەت قاتتىق يىغلىغان.

ئىككىنچى، كەيپىياتى جىددىيلىككە ئىگە. بۇ فىزىئولوگىيىلىك ئامىللار ۋە پسىخىك تەرەققىيات جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بولۇپمۇ قىز ئوقۇغۇچىلاردا كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھېيىزنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە دائىم روھىي چۈشكۈنلىشىپ، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، خاتىرجەمسىزلىنىدۇ ۋە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ھېيىز مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا كەيپىياتى كۆتۈرۈلىدۇ. ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، نۇرغۇن قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا فىزىئولوگىيىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەتتا ئۆگىنىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئاددىي ھالدا «قىز ئوقۇغۇچىلار تولۇقسىزغا قەدەم قويغاندا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا يەتمەيدۇ» دەپ قاراشقا بولمايدۇ. قىز ئوقۇغۇچىلار فىزىئولوگىيىلىك يېتىلىشتە دۇچ كېلىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلار ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا زور بولىدۇ، بۇ خۇددى ئاياللارنىڭ كىلىماكتېرىيە دەۋرىدە بەدەن ئىنكاسىنىڭ ماسلىشالماسلىقى ئەرلەردىن چوڭ بولۇشتەك داۋلى بىلەن ئوخشاش. ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقلىرى قىز ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ كۆپ كۆيۈنۈشى ۋە ئېتىبار بېرىشى لازىم. بولمىسا قىسمەن قىز ئوقۇغۇچىلار ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ تېرىشچانلىقى بوشىشىپ

كېتىدۇ.

ئۈچىنچى، كەيپىياتى ھاياجانلىنىشقا ئىگە. ياش-ئۆسمۈرلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى ھاياجانلىنىشقا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى تىزگىنلەشكە ماھىر ئەمەس. بولۇپمۇ، ئاممىۋى سورۇنلاردا بەزىدە ئۆزىنىڭ غورۇرىنى قوغداش ياكى ياخشى دوستلىرى ئۈچۈن «ياردەم قىلىش» دەپ سۆزلىگەندە ۋە ئىش قىلغاندا ئاقىۋىتى بىلەن كارى بولمايدۇ. ھەتتا ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ ۋە جازاغا ئۇچرايدۇ. شۇ ۋاقىتتا «گەپ تالىشىدۇ» ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا يۈز بەرگەن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇشنىڭ زور كۆپچىلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوپاللىق بىلەن ئۆزىنى ئاقلىغانلىقى ئۈچۈن ئاز ساندىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئىگىلەنگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا تىزگىنلەش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھېسسىياتىدىكى ھاياجانلىنىشى ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ ئۇلار ھېسسىياتىنى يوشۇرۇنچانلىققا ئىگە قىلىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىدەك ئۇنداق ھېسسىياتى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ. بەلكى ئىچكى يوشۇرۇن بولۇش، ئورۇنۇۋېلىش، ئەگرى توقاي بولۇشتىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ. مەسىلەن، مەلۇم ئادەمگە نىسبەتەن بىزارلىق ھېس قىلسىمۇ ھەرىكىتىدە ھەرگىز ئىپادىلەنمەي ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىشى، ھەتتا دوستلىشىشى مۇمكىن، مەلۇم ئادەمگە قىزىقىپ قالسىمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇش ئىپادىسى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھېسسىياتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك قايناق ھېسسىيات ۋە قىزغىنلىق بولۇپ، خۇشاللىنارلىق ئىشلارغا يولۇققاندا خۇشاللىقىدىن تەنتەنە قىلىپ ئويناقلاپ كېتىدۇ. مۇۋاپىق بولمىغان ھادىسىلەرگە يولۇقسا غەزىپى قايناپ تاشىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر قىسمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارىغۇلۇق ياكى ۋاقىتلىق ھاياجانلىنىشلار تۈپەيلىدىن ئاخمىقانە ئىشلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

2) ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ھېسسىيات تەرەققىياتى

ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى ھېسسىيات ئىنتايىن مول ھەم ئىنتايىن مۇرەككەپ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىغان مەزگىل. ئائىلە ۋە مەكتەپنىڭ توغرا تەلىم-تەربىيىسى ئاستىدا ياش-ئۆسمۈرلەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئىجتىمائىي ھېسسىياتى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ.

بىرىنچى، ئەخلاقىي ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىياتى: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەخلاقىي ھېسسىياتى تار دائىرىلىك، مۇجمەل بولۇپ، دائىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باھاسىغا تايىنىپ ئىشلارنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى ئۆلچەيدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە غۇرۇرى قاتارلىقلار ھېسسىيات تۇيغۇلىرى بىرقەدەر بالدۇر ھەم بىرقەدەر ياخشى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ ھەمدە سىياسىي ئەخلاقىي ھېسسىياتى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات تېپىك ھالدا كېيىن تەرەققىي قىلىدۇ ۋە سەۋىيىمۇ بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەخلاقىي ھېسسىياتى خېلى زور دەرىجىدە ئاڭلىققا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇلار ۋەتەننى ۋە كوللېكتىپنى قىزغىن سۆيىدۇ. سىنىپ كوللېكتىپى ۋە مەكتەپنىڭ شان-شەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھېسسىياتى مەزمۇنى تېخىمۇ مول ھەم رەڭدار بولۇپ، بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىدۇ ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ئالىي دەرىجىلىك ئەخلاقىي پەزىلەت شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ئۇزلۇكسىز ئۆسۈۋاتقان ئالىي دەرىجىلىك ئىجتىمائىي ئېھتىياجلار بىلەن بارغانسېرى كۆپ باغلىنىشلىق بولىدۇ. دۇنيا قاراش بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ھېسسىيات تۇيغۇسى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ھېسسىيات دائىم جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى، كەڭ تارقالغان ئىجتىمائىي كۆزقاراشلار، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىگە بولغان چۈشىنىشتىن پەيدا بولىدۇ. تەدرىجىي ھالدا ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەت شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، كوللېكتىۋىزملىق ھېسسىياتى، ھەققانىيەت تۇيغۇسى، ئادالەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك باتۇرانە جاسارىتى قاتارلىقلار.

خۇاڭ شىتىڭ قاتارلىقلار ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىۋىزملىق شەخسىيەتچىلىك قىممەت يۈزلىنىشىنى مۇھاكىمە قىلغان،

تەتقىقات نەتىجىسى تۆۋەندىكى 5.1-جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن.

### 1.5-جەدۋەل. ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇمۇم بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى (%)

| قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىماسلىق | تولۇقسىز ئوتتۇرىدا (143 ئادەم) | تولۇق ئوتتۇرىدا (175 ئادەم) | ئالىي مەكتەپتە (331 ئادەم) |
|---|---|---|---|
| ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش، شەخسىيەتچىسىز بولۇش | 41.3 | 26.9 | 16.3 |
| ئالدى بىلەن ئۇمۇمنى، ئاندىن كېيىن شەخسنى ئويلاش | 28.7 | 24.6 | 25.7 |
| ئۇمۇم بىلەن شەخسنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇش | 28.6 | 45.6 | 51.1 |
| ئالدى بىلەن خۇسۇسنى، ئاندىن كېيىن ئۇمۇمنى ئويلاش | 1.4 | 2.9 | 4.2 |
| شەخسىي مەنپەئەت پەرەسلىك | 0 | 0 | 2.7 |

تەن شىن قاتارلىقلار ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قىممەت قارىشى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قىممەت قارىشى سىستېمىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەننىڭ قۇدرەت تېپىشى، جەمئىيەت ئامانلىقى دېگەنلەرنى ئالدىنقى ئۈچ ئورۇنغا قويۇپ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار چوڭ ۋەزىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ شەخسىيەتچىلىك قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پاك، گۈزەل، سەبىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ يۈزلىنىشى مەكتەپ تەربىيىسى ۋە ئىجتىمائىي نوپۇزنىڭ تەسىرىگە ۋە ئىجتىمائىي ئەنئەنىۋى كۆزقاراشنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە مۇستەقىللىق تەركىبى كەمچىل بولىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «ھەقىقىي دوستلۇق، كەسىپتىكى مۇۋەپپەقىيەت، ئەقلىي پاراسەتنىڭ ئۆتكۈرلۈكى» نى ئالدىنقى ئۈچ ئورۇنغا قويغان. بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئەھمىيەت بېرىشكە

① خۇاڭ شىتىڭ قاتارلىقلار: «ھازىرقى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تەربىيە»، سىچۈەن مائارىپ نەشرىياتى 1994-يىلى نەشرى، 73-بەت.

باشلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئىنتىلىش ۋە غايىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

خۇاڭ شىتىڭ قاتارلىقلارنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تولۇقسىزنىڭ 1-يىللىقىدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپنىڭ 4-يىللىقىغا قەدەر، يىللىقلارنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئوقۇغۇچىلار «ئەركىنلىك» «يېتىلگەن مۇھەببەت» «جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى» قاتارلىق تۈرلەرنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان باھا بېرىشىنى كۆچەيتكەن. «دۇنيا تىنچلىقى»غا باھا بېرىشى ئاجىزلىغان، زور كۆپ ساندىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قىممەت نىشانى پائال ئىلگىرىلىگەن. بىراق ئاز بىر قىسىم ياش-ئۆسمۈرلەر ئالغا ئىنتىلمەيدۇ، ئىرادىسى ئاجىز، شەخسىيەتچىلىك ئېغىر بولغان شۇڭا، مەكتەپ كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ياش-ئۆسمۈرلەرگە توغرا قىممەت قارىشى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى لازىم.

ئىككىنچى: ئاقىلانىلىك ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىياتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاقىلانىلىك ھېسسىياتى ئۆگىنىش پائالىيىتى داۋامىدا بەلگىلىك دەرىجىدىكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئاقىلانىلىك ھېسسىياتى يەنىلا كونكرېتنى شەيئىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاقىلانىلىك ھېسسىياتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. گۇمانلىق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن قىزىققانلىقىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشى، مەسىلە ھەل قىلىشقا ئېنتىلگەن ۋاقىتتىكى سوبيېكتىپ تۇيغۇسى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار تەبئىي، ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش داۋامىدا شاد-خۇراملىق ھېسسىيات تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ. تەدرىجىي ھالدا مۇقىم ھەم چوڭقۇر بولغان بىلىش ھەۋىسى شەكىللىنىدۇ. بىر قىسىم بىلىم ئېلىش ئىستىكى كۈچلۈك بولغان ئوقۇغۇچىلاردا دائىم قىزغىنىپ، ئىزدىنىپ چوڭقۇرلاپ بارىدۇ. ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرگە قارىتا قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇستەقىل ھەل قىلىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئەقلىي پائالىيەتلەر جەريانىدا ئىگە بولغان قانائەتلىنىش تۇيغۇسى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ يۇقىرىلاپ ئوقۇش

بىسمى تۆپەيلىدىن نۇرغۇن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگىنىش داۋامىدا يېرىم يولدا ئۆگىنىشتىن زېرىكىش، غەم ئەندىشە قىلىش، ئىككىلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولماقتا.

ئۈچىنچى، گۈزەللىك ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىياتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گۈزەللىك ھېسسىياتى تۇيغۇسى ناھايىتى كونكرېتنى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى كىنو-تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى ۋە رەسىمدىكى كونكرېتنى شەخسلەر ئوبرازى. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ قىياپىتىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بىراق ئادەم بەدىنى مودېلىغا قارىتا ھۇزۇرلىنىش قابىلىيىتى بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. رەسىم سىزىش، مۇزىكا، دەرسلەرنى ئوقۇتۇش داۋامىدا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى چۈشىنىش ۋە باھالاشتا بارغانسېرى مول گۈزەللىك ھېسسىيات تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ. بىر قىسىم ئۆسمۈرلەردە كۈچلۈك سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇسى بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ياش باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلار باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىگە نىسبەتەن باھا بېرىشىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ ئەقلىي-تۇرقىغا دىققەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا كونكرېتنى گۈزەللىك تۇيغۇسىغىمۇ ئىگە بولىدۇ. گۈزەللىك ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى گۈزەللىك ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گۈزەللىك ھېسسىيات تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان شەيئىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھاياجانلىق كەيپىياتى بىلەن بۇيۇك تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىنىشقا باشلايدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلانغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان مۇھىت ئىچىگە قويۇپ چوڭقۇر ھالدا ھەرخىل نۇقتىلاردىن چىقىپ ھېسسىيات تۇيغۇسى ھېس قىلىدۇ. كۆڭلىدە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ.

### 3. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتى

باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىنىڭ خاراكتېرى شەكىللىنىۋاتقان، تېخى قېلىپلاشمىغان باسقۇچتا تۇرغان بولىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىدا تېخى مۇقىم ئىجتىمائىي كۆزقارىشى بىلەن پوزىتسىيە تېخىمۇ شەكىللەنمىگەن بولىدۇ. يەنىمۇ زور دەرىجىدىكى دوراش، تەقلىد قىلىش ۋە دارىتمىنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئۇلار دائىم قارانغا يولۇقۇپ قارا يۇقتۇرىدۇ، يامانغا يولۇقۇپ يارا يۇقتۇرىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئوقۇغۇچىلاردا تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەتكە، كوللېكتىپقا بولغان پوزىتسىيە شەكىللىنىدۇ ۋە ئەمگەككە، خىزمەتكە، ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيە شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيە ئالاھىدىلىكلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ ھەم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا تەدرىجىي قېلىپلىشىدۇ. تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدى-كەينى خاراكتېر تەرەققىياتىنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىش مەزگىلىدۇر.

تەتقىقاتچىلار كاتېرنىڭ 16خىل خاراكتېر ئامىلىنى مىقدارلىق جەدۋەلىدىن پايدىلىنىپ 2127 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى سىنىغان، نەتىجىدىن مەلۇم بولۇشچە: خاراكتېرنىڭ ئاقىلانىلىك ئالاھىدىلىكى تولۇقسىز 2-يىللىقتىن تولۇق 1-يىللىقچە بولغان مەزگىلدە تېز تەرەققىي قىلىدىكەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار تەپەككۇرىنىڭ جانلىقلىقى ۋە تەپەككۇرىنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى تېز ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2-يىللىقىدىن باشلاپ، ئوقۇغۇچىلار مەسىلە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى جانلىق تاللىيالايدۇ. كۆپ تەرەپلىمە ھالدا تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ 6-يىللىقىنىڭ ئالدى-كەينىدە بىلىم ئېلىش ئارزۇسى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2-يىللىقىدىن كېيىن ئاستا-ئاستا تۆۋەنلەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە قەدەم قويغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ئالاھىدە كۈچىيىدۇ. تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئەڭ قىزىقىدۇ. تولۇقسىز 3-يىللىق ۋە تولۇق 1-يىللىققا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۆرلەپ ئوقۇشنىڭ بېسىمى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ئازراق تۆۋەنلەپ بارىدۇ.

ئىرادىنىڭ مۇستەقىللىق ئالاھىدىلىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالتىنچى يىللىقىدىن باشلاپ تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ ھەمدە ئۆزىنى تىزگىنلەش قابىلىيىتى، چىدامىلىقلىقى، باشلانغۇچ مەكتەپ 6-يىللىقىدا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2-يىللىقىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن يەنە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىدۇ. ئىرادىنىڭ كەسكىنلىك ئالاھىدىلىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى تولۇقسىز 2-يىللىقىغىچە تەرەققىياتى ئانچە تېز بولمايدۇ. تولۇق بىرىنچى يىللىقنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاندىن روشەن تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىدۇ. كەسكىنلىك ئالاھىدىلىكى تەرەققىي قىلغانلىقتىن ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلاردا كەسكىن يۈرەكلىك بىلەن بەلگىلەش ياكى ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مايىللىق بارلىققا كېلىدۇ.

كەيپىياتنىڭ كۈچلۈكلۈكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالتىنچى يىللىقىدا يۇقىرى پەللىگە چىقىش مەزگىلىگە قەدەم قويىدۇ چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ياشلىق باھارىنىڭ يېتىلىش مەزگىلىگە قەدەم قويۇشقا باشلايدۇ. تولۇق ئوتتۇرىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن كەيپىياتى تەدرىجىي مۇقىملىشىدۇ.

## 4. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى

ئۆزلۈك ئېڭى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى تونۇشى بولۇپ، يەنى ئۆزلۈك توغرىسىدىكى بىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھالىتىنى (مەسىلەن، بوي ئېگىزلىكى، بەدەن ئېغىرلىقى، شەكىل ھالىتى قاتارلىقلار)، پسىخىك ئالاھىدىلىكى (مەسىلەن، قىزىقىش ھەۋىسى، قابىلىيىتى، خاراكتېرى، مىجەزى قاتارلىقلار) ۋە ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ مۇناسىۋىتى (مەسىلەن، ئۆزى بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ چىقىشىش ئەھۋالى، ئۆزىنىڭ كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئورنى ۋە رولى قاتارلىقلار) نى بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن ئۆزلۈك ئېڭى ئۆزىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان بارلىق جىسمانىي پسىخىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى بىلىشىدىن ئىبارەت.

كىشى ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆزلۈك ئېڭى بولمايدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ ئۆزىنى بىلىشىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، ئۆزىگە بولغان باھاسى ناھايىتى زور دەرىجىدە چوڭلارنىڭ باھاسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە جىسمانىي قابىلىيىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆسىدۇ. يېڭى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئۆگىنىش

ۋەزىپىسى ئۇلارغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدۇ. بۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنى بىلىشىنىڭ تەرەققىياتىدا سۈپەت ئۆزگىرىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

### 1. ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئۆزىنى بىلىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى

#### 1) «چوڭ بولۇپ قالغانلىقى ھېسسىياتى» نىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدىنى تېز سۈرئەتتە ئۆسكەچكە، جىسمانىي كۈچى ئارتىدۇ، زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، بىلىم قابىلىيىتى كۈچىيىدۇ. ئائىلىدىكى ئورنى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى كىچىك بالا ئەمەستەك ھېس قىلىپ تەدرىجىي ھالدا «مەن دېگەن چوڭ ئادەم بولۇپ قالدىم» دېگەن ئاڭ شەكىللىنىدۇ. ئۇلار چوڭلار بىلەن ئوخشاش ئىجتىمائىي ئورۇندا تۇرۇشنى، باراۋەر ئىجتىمائىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چوڭلار ئارا يېڭى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار چوڭلارنىڭ ئۆزلىرىنى يەنىلا كىچىك بالا قاتارىدا كۆرۈپ باشقۇرۇشى ۋە نازارەتچىلىك قىلىشىدىن ناھايىتى بىزار بولىدۇ. بەزىدە ھەتتا ھەرخىل شەكىللەر بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئۆزىنى بىلىش تۈپەيلىدىن ئۆسمۈرلەرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. ھەرىكەت ئىستىل پەزىلىتىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ.

مەسىلەن، بەزى ئۆسمۈرلەر قىزىل گالىستۇك تاقاشنى خالىمايدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئۆزىنى كىچىك بالا بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. بەزى ئۆسمۈرلەر ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ يامغۇرلۇق ۋە تاماق قاتارلىق نەرسىلىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگىنىنى ساۋاقداشلار كۆرۈپ قېلىپ مازاق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. چوڭلارنىڭ تەنقىدى ۋە تەربىيىسىنى بەزىدە كۆڭلىدە توغرا بىلسىمۇ سەۋەب تېپىپ رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ كەينىدىن گەپ-سۆز قىلىشىپ ئوقۇتقۇچىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلسا ئۇنىڭدىن ھازىر «كىم قورقاتتى» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار چوڭلارنىڭ ھەرىكىتىگە قىزىقىدۇ. چوڭلارنىڭ گەپ-سۆز ۋە ئىستىلىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەقلىد قىلىدۇ. بىراق ئىدىيە ۋە ھەرىكىتى گۆدەكلىك بىلەن تولغان بولىدۇ. شۇڭا، دائىم ئادەمنى سۇنئىيلىك ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ خىل ئامىللىرى دائىم ئائىلە باشلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بىلەن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەگەر ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىسا، ئۇلارنىڭ چوڭ بولغانلىق ھېسسىياتى زىيانغا ئۇچراپ بۇنىڭدىن بىر قاتار مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

بىر قىسىم ئۆسمۈرلەردە ئۆزىنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسى ۋە تەشۋىشلىنىش كەيپىياتى كېلىپ چىقىدۇ. بىر قىسىم ئۆسمۈرلەردە چوڭلارغا قارىتا ھەرخىل شەكىلدىكى تاقابىل تۇرۇش ۋە قارشىلىق پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتا-ئانىلارنىڭ تەلىپىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، قەستەن ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. چوڭلار بىلەن بولغان زىددىيەت توقۇنۇشى كۆپىيىپ ئۇلارنىڭ ئوخشاش ياشتىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى زور دەرىجىدە كۆپىيىدۇ. بۇ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا يەنە بىر ئالاھىدىلىك ئېلىپ كېلىدۇ «تەڭتۇشلار ئارىسىدىكى دوستلۇق» ئۆسمۈرلەرنىڭ ھېسسىيات تۇرمۇشىدىكى مۇھىم تەركىبىي قىسىم بولۇپ قالىدۇ. بىراق ئۆسمۈرلەرنىڭ تەڭتۇشلار ئارىسىدىكى دوستلۇق ئەگەر غەيرىي تەرەققىي قىلسا، ئاسانلا جەمئىيەتتىكى ناچار ئۇنسۇرلارنى پەيدا قىلىدىغان بىر مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

ئۆسمۈرلەرنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىق ھېسسىياتىغا ئائىلە باشلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلار يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چوڭلار شۇنى تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنى كىچىك بالا قاتارىدا كۆرمەسلىكى، ئاممىۋى سورۇنلاردا يۈزىنى قىلىشى لازىم. پرىنسىپسىز مەسىلىلەردە ئائىلە باشلىقىنىڭ ئىرادىسىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىمەسلىك، ئۇلارنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىگە يول قويۇش، قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش پەقەت زور قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار تېخى چوڭ ئادەم ئەمەس، كىشىلىك تۇرمۇشقا، جەمئىيەتكە بولغان بىلىشى تېخىمۇ ناھايىتى يۈزەكى بولۇپ، ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ كەسىپ ئىگىلىشى ۋە دوست تۇتۇشىغا نىسبەتەن باش تارتىپ بولمايدىغان يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى بار. ئۇلارنى سەۋرچانلىق بىلەن سۆزلەپ قايىل قىلىشى، قائىدە سۆزلىشى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئاستا-ئاستا ئىزدىنىشى جەريانىدا، چوڭلارنىڭ سۆزلىگەن قائىدىلىرىنى چۈشىنىشى، چوڭلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان قىلىشى كېرەك.

2) «ئۆز» نىڭ ئوبرازىنى بىلىش

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە، بالىلارنىڭ دىققەت قابىلىيىتى ۋە قىزىقىشى ئاساسلىقى ئۆز بەدىنىنىڭ سىرتقى دۇنياسىغا مەركەزلىشىدۇ.

«ئۆزى» نى چۈشىنىشى ناھايىتى يۈزەكى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ پسىخىك پائالىيەت جەريانىنى، پسىخىك پائالىيەت مەزمۇنىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ئاز بىلىشىنىڭ ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا، ئۇلار نەزەرىنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە قەلب پەزىلىتىگە بۇرايدۇ. ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزىگە بولغان قىزىقىش ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بەدەن قىياپەت ئوبرازىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ تاشقى تەقى-تۇرقىغا تېخىمۇ كۆپ دىققەت قىلىدۇ. ياخشى باھاغا ئېرىشىشنى ياقتۇرىدۇ. تاشقى قىياپەت جەھەتتىكى ناھايىتى كىچىككىنە يېتەرسىزلىكتىنمۇ ئەنسىرەپ كۆڭلى بىئاراملىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بويىنىڭ پاكار بولۇشىدىن بىئارام بولىدۇ. قىز ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ سەمىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. كېيىن يېتىلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆڭلى غەش بولىدۇ. بىراق بۇ خىل ھېسسىيات تۇيغۇسى ئادەتتە سىرتقا ئاشكارلانمايدۇ. بەلكى يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۆز ئوبرازىغا بولغان بىلىشى يەنە تېخىمۇ كۆپ ھاللاردا دىققەت جەھەتتە ساختا قىياپەتكە، ئورۇنىشۇلىش دىققىتىنىڭ تاشقى ئىپادە دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆسمۈرلەر ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە خاسلىق پەزىلىتىنى بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشكە باشلايدۇ ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ پائالىيىتى ۋە ھەرىكىتىنى مۇستەقىل تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچكى تەرتىپ بەرگىلىيەلەيدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ مەزگىلىدە بالىلار پەقەت «مەن بۈگۈن دېرىزە سۈرتۈشتە ئەستايىدىل بولالمىدىم»، «بۈگۈن مەن تاپشۇرۇقنى ئەستايىدىل ئىشلىدىم» دېگەنلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كونكرېتنى ھەرىكىتىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىگە قەدەم قويغاندا ئۆسمۈرلەر «تېرىشچانلىق، بىپەرۋالىق» دېگەن بىر قىسىم ئومۇملاشتۇرۇلغان سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاسلىق پەزىلەتلىرىنى سۈرەتلەشكە باشلايدۇ. ئۇلار بىرىنچى قېتىم ئۆزىنى بايقىغاندىلا ئاندىن ئۆزىنى بىلىشكە باشلايدۇ. ئۇلار «مەن قانداق ئادەم»، «سەن كەلگۈسىدە

نىمە خىزمەت قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىسەن» ، «مەن كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇپ چىقىمەن» ، «باشقىلار مېنى كۆزگە ئىلامدۇ-يوق بىلمەيمەن» دېگەنلەرگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار ھەرقايسى جەھەتلەردە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ھەممە جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئۇلار كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلايدۇ. كۈندىلىك خاتىرىسىدە ئۆزىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۆزىگە بەزى يېڭى تەلەپلەرنى قويىدۇ. ئۆزىگە ئۆزلۈكسىز ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. خاسلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى پسىخولوگلار ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىنى «ئىككىنچى قېتىملىق دۇنياغا كېلىش» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنى بايقىشى — ئۆسمۈرلەرنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم پسىخىكىلىق شەرت.

3) ئۆزىنى باھالاش قابىلىيىتىنىڭ ئۆسۈشى

ئۆز-ئۆزىنى باھالاش دېگىنىمىز، ئۆزىنىڭ ھەرخىل پەزىلەتلىرىگە باھا بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى باھالاش ئۆزى بىلىشنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپ، ئۆزىنى تەڭشەش مېخانىزمىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى. باھالاش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئادەتتە تۆۋەندىكى جەريانى بېسىپ ئۆتىدۇ. باشقىلارنىڭ باھالىشىغا ئىشىنىش ئۆزى مۇستەقىل باھالاشقا ئۆتۈش، تاشقى ئىپادىسىنى باھالاشتىن مۇددىئا بىلەن نەتىجىنىڭ بىرلىكىنى باھالاشقا ئۆتۈش.

باشلانغۇچ مەكتەپ مەزگىلىدە باللار چوڭلار (بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى) نىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىغا ناھايىتى ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى باھالاش ئۆلچىمىنى چوڭلارنىڭ پىكرى بويىچە قوبۇل قىلىدۇ. ئۆزىگە باھا بېرىشنىڭ نەتىجىسى دائىم چوڭلارنىڭ ئۆزىگە بولغان باھاسىنىڭ «كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى» بولىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى باشلىنىشى بىلەنلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان باھاسى ناھايىتى زور دەرىجىدە يەنىلا باشقىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئوقۇتقۇچى (ساۋاقداشلىرى) ئۆزىگە بەرگەن باھاسى تەكرارلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ مەزگىلدە ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆزىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە قارايدۇ. ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار بىلەن چوڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يىراقلىشىدۇ. تەڭتۇشلىرىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن

باھاسىغا بارغانسېرى ئېشىدۇ. ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزگىچە بولغان باھاسى چوڭلارنىڭ ئۆلچىمىنى قوبۇل قىلىشتىن تەڭتۇشلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى قوبۇل قىلىش جەريانىغا ئۆزگىرىدۇ. مەلۇم يۈز ئۆرۈش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىپادىلىنىدۇ. يەنە كېيىن ئاندىن تەدرىجىي ھالدا تەڭتۇش جامائەتنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، ھەقىقىي مۇستەقىل ئۆز-ئۆزىگە بولغان باھاسى شەكىللىنىدۇ.

ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە، ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقىلارغا بولغان باھا بېرىشنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولىدۇ. كۆپ قىسىم ئۆسمۈرلەر باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە باھا بەرگەندە، ئىجتىمائىي ئۆلچەمگە ئاساسلىنالايدۇ. ئاساسلىقلىرى بىلەن قوشۇمچىلىرىنى ئېنىق ئايرىيالايدۇ. بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە ۋاقىت، ئورۇننى جانلىق ھالدا ئويلىشىپ، بىرقەدەر ئوبيېكتىپ باھا بېرەلەيدۇ. باشقىلارغا باھا بېرىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆسمۈرلەر باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە باھا بەرگەندە، ئىجتىمائىي ئۆلچەمگە ئاساسلىنالايدۇ. ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار باشقىلارنى «ئەينەك» قىلىپ ئۆزىگە سېلىشتۇرىدۇ. تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە باھا بېرىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. باشقىلارغا باھا بېرىش ئاساسىدا، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىگە باھا بېرىش قابىلىيىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ.

ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ باھا بېرىش قابىلىيىتى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەنى ئۆزىگە بەرگەن باھاسى ناھايىتى يۇقىرى. باشقىلارغا بەرگەن باھاسى ناھايىتى تۆۋەن، بۇ ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئۆزىنى بىلىشنىڭ سۇبيېكتىپ بىر تەرەپلىمىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى. مۇستەقىللىقى تەرەققىي قىلغانلىقتىن ئۆزىنى مۆلچەرلەش تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار ئويلاشقا ھەم ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىدۇ. ھەرىكىتى تېز، ئاقىۋەت بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئاسانلا قارامىلىق ۋە تەنتەكلىك بىلەن ئىش قىلىپ، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىنىڭ قارىغۇلارچە ھەرىكەتچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا تەربىيە بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئېرىشەلمىسە، بۇ ياش باسقۇچىدا باشقا ياش باسقۇچىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى باھالاشتا كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ. باشقىلارغا نىسبەتەن يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدۇ. بۇ بىر نۇقتا دائىم سىنىپ كوللېكتىپىدە ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى

بولۇپ قالىدۇ.

ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنى باھالىشى يەنە تۇراقسىزلىققا ئىگە. بەزىدە ئۆزىنىڭ كىچىككىنە نەتىجىلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدۇ. بەزىدە يەنە كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈچۈن ئۆزىنى پەس كۆرىدۇ. ئۆزىنى قىلچە كېرىكى يوق ئادەم دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار تېخى ئۇنۇملۇك ھالدا تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرالمايدۇ. ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقلىرى پۈتۈنلەي ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلىشىگە تايىنىۋېلىشقا ھەم چوڭلارنىڭ تەلىم-تەربىيە مەسئۇلىيىتىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

2. ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئالاھىدىلىكى

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا، ئۆزىنى ئۆزى سىرتتىن كۆزەتكۈچى نۇقتىسىدىن قاراپ كۆزىتىشكە تېخىمۇ ماھىر. ئۆز-ئۆزىنى كۆزىتىشكە ئەڭ ماھىر. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ. دائىم ئەينەككە قارايدۇ. كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مىيىپ ياش قىز-ئوغۇللار فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى مەلۇم كەمتۈكلىكلەر تۈپەيلىدىن كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. بىراق بۇ خىل سىرتقى كۆرۈنۈشتىن ئەنسىرەشكە قارىتا يېشىنىڭ چوڭىيىشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا يېتەكچىلىك قىلىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان بولىدۇ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى بىلىشنى خاسلىق پسىخىك پەزىلەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئەقلىي قابىلىيىتى، ئىقتىدارى، خاراكتېرى قاتارلىق تەرەپلەرگە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

1) ئۆزىنىڭ خاسلىق تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىنىڭ خاسلىق تەرەققىياتىغا كۈچلۈك كۆڭۈل بۆلىدۇ. دائىم تەشەببۇسكار ھالدا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە باھاسىدىن ئۆزىنى چۈشىنىدۇ. بىر قىسىم مەشھۇر كىشىلەر ۋە مەشھۇر زاتلارنىڭ تەرجىمىھالىدىن بەزى ھېكمەتلىك كەلىمىلەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقىنىڭ باھا بېرىش ئىپادىسىگە قارىتا ئالاھىدە سەزگۈر بولۇپ بەزىدە ھەتتا تېگى-تەكتىگىچە سۈرۈشتۈرىدۇ. ناھايىتى ئاددىي بىر جۈملە تەنقىدكىمۇ كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن، غەيرىي جىنىستىكىلەرنى

ياقتۇرۇپ قىلىش ھېسسىياتى پەيدا بولغان ۋاقىتتا دائىم ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە ماس كېلەمدۇ-كېلەلمەمدۇ دەڭسەپ كۆرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تۆۋەندىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ماقالىسىدە بۇ بىر نۇقتا ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

مەن ئۆزۈمدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۆزگىرىشنىڭ بارغانسېرى ئۆزۈمنىڭ ئىچكى دۇنياسى جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشكە دىققەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇرۇن مەن تەربىيىلىنىش دېگەن تۇتۇرۇقسىز نەرسە، بولسىمۇ بولىدۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايتتىم. ھازىر بىلىمنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ، يېشىم چوڭايدى. ئەكسىچە تەربىيىلىنىش بىر خىل گۈزەللىك، بىر خىل قەلب گۈزەللىكى دەپ قارايمەن. مەن ھازىر بۇ جەھەتتىكى كىتابلارغا ناھايىتى دىققەت قىلىمەن، كىتابخانىغا كىرسەملا ئىككى كۆزۈم بۇ جەھەتتىكى كىتابلارغا مەركەزلىشىدۇ، كىتابخانىغا كىرسەملا ئىككى كۆزۈم «ياشلارنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن كىتاب جازىسىغا چۈشىدۇ. ياشلارنىڭ تەربىيىلىنىشى نۇرغۇن تەرەپتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بەزى مەزمۇنلار نۇرغۇن تەرەپتىكى بىلىملەرگە چېتىلىدۇ. مېنىڭ بىلىمىم يەنە چەكلىك بولۇپ، ئىگىلەشكە ئامالسىزمەن. گەرچە مېنىڭ ھازىرقى تەربىيىلىنىشىم ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ مەن ھەرگىز ئۆزۈمدىن ئاغرىنمايمەن، مەن ئۆزۈمنى بەزى جەھەتلەردە ئۈستۈن تۇرىمەن دەپ بىلىمەن. بەزىدە ئۆز-ئۆزۈمدىن ھەسرەت چېكىشتىن خالىي بولالمايمەن، كىتابتا دېيىلگىنىنى ئۆزۈمدە كۆرسىتىشكە ئامالسىزمەن، مەن ئۆزۈمگە ئۆلگە تۇرغۇزۇۋالدىم، قايسى ساۋاقداش قانداق جەھەتتە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. مەن ھەرىكىتىمدە دەرھال تەقلىد قىلىمەن، مەن يەنە تەربىيە كۆرگەن ئادەمنىڭ ماڭا بەزى جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشىنى ناھايىتى ئۈمىد قىلىمەن.»

بۇ ماقالىدىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى بىلىشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى چوڭقۇر ھالدا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ روھىي پەزىلىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ.

2) ئۆزىگە باھا بېرىش پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلايدۇ

يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بارغانسېرى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، بارغانسېرى ئۆزىنى بىلىشنىڭ جىددىيلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. بىلىمنىڭ جۇغلىنىشىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەقلىي تەرەققىياتى پىشىپ

يېتىلىدۇ، دۇنيا قارىشى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە باھا بېرىش قابىلىيىتى مەيلى تەشەببۇسكارلىق، ئەتراپلىق جەھەتتە بولسۇن، مەيلى چوڭقۇرلۇق جەھەتتە بولسۇن، ھەممىدە چوڭلارنىڭ سەۋىيىسىگە تەدرىجىي يېقىنلىشىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى مۇنۇلار:

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۈندىن-كۈنگە مۇستەقىل ھالدا ئۆزى باھالاش ئېلىپ بارالايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنيا پەزىلىتىگە باھا بېرەلەيدۇ. ھەرىكەت بىلەن ئۈنۈمىنى بىرلەشتۈرگەن ئەھۋالدا باھا بېرەلەيدۇ. ئىدىيە پەزىلىتى جەھەتتىن چىقىپ ئۆزىنى تەھلىل قىلالايدۇ. ئۆزىنىڭ پۈتكۈل روھىي قىياپىتىگە قارىتا باھالاش ئېلىپ بارالايدۇ. مەسىلەن، «مەن كۈچلۈكمۇ ياكى ئاجىزمۇ؟» «مەن ئەستايىدىلمۇ ياكى بىپەرۋامۇ؟» «مەندە كوللېكتىۋىزملىق روھ بارمۇ-يوق؟» دېگەنلەر بويىچە ئۆزىنى باھالاشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى تەھلىل قىلىشى ۋە باھا بېرىشى دائىم ئويلىغانلىرىنى غايىسىدىكى ئۆزىگە ئايلاندۇرغانلىقتىن ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن پائال ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىرتقى كۈچنىڭ قوزغىتىشىدىن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۆزىنى باھالاش تەشەببۇسكارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. ئۆزىگە باھا بېرىش قابىلىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى بىلىشى ۋە ئۆزىگە باھا بېرىش قابىلىيىتىنىڭ ئۆسۈشى، خاسلىقىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بىلىپ ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئامالىنى تاپالايدۇ. ئۆزىگە باھا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تونۇپ يېتىپ، مۇناسىپ غايە ۋە ئىرادە شەكىللىنىدۇ، بۇ دەل ئۆزىنى تەربىيىلەش جەريانىدۇر. ئۆزىنى تەربىيىلەش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزىگە باھا بېرىشنىڭ توغرىلىقىغا باغلىق بولىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشىنىڭ تەرەققىياتى چوڭلارغا يېقىنلىشىدۇ. بىراق تېخى مۇكەممەل بولمايدۇ. ئادەتتە تېخى ئەتراپلىق ھە

چوڭقۇر سەۋىيىگە يەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئۆزىنى بىلىشنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمايدۇ. ئاز بىر قىسىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش، ئۆزىنى تەربىيىلەش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىدۇ. ئۆزىنىڭ خىزمىتى ۋە ھەرىكىتىگە بىرقەدەر يۇقىرى تەلەپلەرنى قويالايدۇ. ئۆزىنى تەنقىد قىلىش بۇ بىر قىسىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇراقلىق خاسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالىدۇ. بىراق، زور كۆپچىلىك تولۇق ئوتتۇا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى بىلىش تەرەققىياتى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەۋىيىگە تەۋە بولۇپ، ئۆزىنى تەنقىد قىلىش روھى يەنىلا تەرەققىيات داۋامىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى قەتئىي ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولماسلىق ھادىسىلىرى بار. يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى بىلىش تەرەققىياتى ناھايىتى تۆۋەن، ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ناھايىتى ئاز يولغا قويىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى بىلىش تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن تەرەققىيات سەۋىيىسى ئائىلە تەربىيىسى مەكتەپ تەربىيىسى، ئوقۇغان ئەسەرلىرى شەخسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى قاتارلىق ئامىللارغا باغلىق بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقلىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا ئاڭلىق ھالدا ياردەم بېرىشى ئۇلارنىڭ ئاڭلىق تەشەببۇسكارلىق ھالدا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈش ۋە تىزگىنلەشكە يېتەكلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە باھا بېرىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

3) غۇرۇرى تېز تەرەققىي قىلىدۇ

غۇرۇر — شەخسىنىڭ ئۆزىگە بولغان بىر خىل مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسى بولۇپ، ئارقىدا قېلىشنى خالىماسلىق بىلەن بىرگە ئۆزىنى باشقىلاردىن ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس دەپ قارايدىغان بىر خىل ھېسسىيات تۇيغۇسى، شەخسىنىڭ پائال يۇقىرى ئۆرلىشىگە تۈرتكىلىك قىلىدىغان بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتىن ئىبارەت.

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن بۇرۇن غۇرۇر ئالىقاچان رول ئويناشقا باشلايدۇ. بىراق ئۆزىگە باھا بېرىش قابىلىيىتى يۇقىرى بولمىغاچقا، باھا بېرىش سىستېمىسى تېخى پۇختا بولمايدۇ. غۇرۇر ياشلىقنىڭ دەسلەپكى

مەزگىلىدىن ئىلگىرى تۇراقلىق بولمايدۇ. ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا ئۇلاردا ئۆزىنىڭ خاسلىق پەزىلىتىگە قارىتا يېڭى تونۇش بارلىققا كېلىدۇ. ئۆزىگە باھا بېرىش قابىلىيىتى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. ئۆزىنى باھالاش سىستېمىسى تەدرىجىي مۇقىملىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇراقلىق پسىخىك ئالاھىدىلىككە بولغان غۇرۇر بىرقەدەر مۇقىم ھالدا شەكىللىنىدۇ.

غۇرۇرنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەت مۇناسىپ ھالدىكى غۇرۇرنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ياكى تۆۋەنلىتىدۇ. ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى پوزىتسىيىسى ۋە باھاسى، ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى ئورنى ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلار غۇرۇرىنىڭ سەۋىيىسىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ غۇرۇرىنى يېتىلدۈرۈش، قوزغىتىش، ساقلاپ قېلىش، ئۇلارنى تەربىيىلەشكە كەم بولسا بولمايدىغان پسىخىكىلىق شەرت. ياش-ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ئاددىي، قوپال تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، مەسىلەن، ھاقارەتلەش، مەسخىرە قىلىش، چېقىۋېلىش، تەن جازاسى بولۇش قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئۇلار ھېسسىيات جەھەتتە تەربىيىچى بىلەن قارشىلىشىدۇ ياكى بىراقلا «قارشىلىشىپ چاپاننى تەتۈر كىيىدۇ، ھەممىنى ۋەيران قىلىدۇ»، ئۇلارغا تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

## § 3 . ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ كىشىلىك ئالاقىسى

ئادەم توغۇلغاندىن كېيىن بەلگىلىك بىر جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا تۇرىدۇ. دەۋر ۋە جەمئىيەت خىلمۇخىل شەكىللەر بىلەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەخس مۇشۇ بەلگىلىك مۇھىتتا شۇ جەمئىيەت بىلەن شۇ مەدەنىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇ جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ھەرىكەت شەكلى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ جەريان دەل ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك تەرەققىيات جەريانى، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىجتىمائىيلىشىش نەتىجىسى شەخسنى جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئەزاغا ئايلاندۇرىدۇ. كىشىلىك ئالاقە ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ ئاساسلىق روللىرىدىن بىرى.

## 1. كىشىلىك ئالاقىنىڭ تەدبىرى

كىشىلىك ئالاقە دېگىنىمىز — كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە باردى-كەلدىلەر بولۇپ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇئەييەن شەكىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇچرىشىش، شۇنداقلا پسىخىكا ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئالاقىلىشىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى روھىي مۇناسىۋەتلەر كىشىلىك مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ. كىشىلىك ئالاقە ئادەمنىڭ بىر خىل ئېھتىياجى، خاسلىقنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل. ئادەم پەقەت باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىش داۋامىدىلا ئاندىن ياخشى خاسلىق پەزىلەتكە ئىگە ئادەمگە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرى تەرەققىي قىلىدىغان مۇھىم مەزگىل، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرەققىيات پسىخولوگىيىسى ياش-ئۆسمۈرلەر ئالاقىسىنىڭ ماھىيىتى ۋە شەكلىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ياش-ئۆسمۈرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى ئاساسلىقى، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ۋە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ دوستلۇقى

دوستلۇق ھەرقانداق بىر يېتىلىش مەزگىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان بىر ئاساسلىق ئېھتىياج، بىراق دوستلۇق ياش-ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە تېخىمۇ ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولىدۇ. بەزىلەر 500 نەپەر ياش ئۈستىدە «قايسى ۋاقىتتا دوست ئەڭ كۆپ بولىدۇ» دېگەن تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 5-2 جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى،

ئادەملەر ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىدە ئەڭ كۆپ دوست تۇتىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە دوستلۇق ھېسسىياتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دوستلۇقنى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئاتا-ئانىلىق مۇناسىۋەتتىن ھالقىپ كېتىدۇ. دوستلۇقتىن مەھرۇم قىلىش ناھايىتى زور ھېسسىيات جاراھىتى پەيدا قىلىدۇ: نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىدە شۇنداق كۈچلۈك ھېسسىيات ئېھتىياجى بولىدۇ؟

**5.2-جەدۋەل. قايسى ۋاقىتتا دوست تۇتۇش ئەڭ كۆپ بولىدۇ**

| ۋاقىت باسقۇچى | پىرسەنتى |
|---|---|
| باشلانغۇچ مەكتەپ | 36.7 |
| ئوتتۇرا مەكتەپ | 54.4 |
| زىيالى ياشلار نۇقتىسى | 2.2 |
| ئىش كۆتۈپ تۇرغانلار | 1.1 |
| خىزمەتتىن كېيىن | 5.6 |

بىرىنچى، ياش-ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە جىسمانىي ۋە پسىخىكا جەھەتتە تېز تەرەققىي قىلغانلىقتىن ياش-ئۆسمۈرلەردە يېڭى، تېخى بىلمىگەن تۇيغۇلار پەيدا بولىدۇ. ئۆزىنى قەدىرلەش تەلىپى بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، جىنسىي بىلىملەرنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمى پەقەت تەڭتۇشلىرىدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چوڭ بولۇپ قالغانلىق ھېسسىياتى بارلىققا كەلگەنلىكتىن پسىخىكا جەھەتتە ئائىلىسى بىلەن يىراقلاشقاندىن كېيىن ھېسسىيات كۈچىنى تەڭتۇشلىرىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ ھېسسىيات ھاۋالىسىغا ئېرىشىشنى كۈتىدۇ. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ كۈچلۈك ھېسسىيات ئېھتىياجى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنى بىلىش تەرەققىياتى ۋە مۇستەقىللىقىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئىپادىسىدۇر.

چېن مىبي قاتارلىقلار تولۇقسىز 2-يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن «كىم كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلىدۇ» دەپ سورىغاندا، نەتىجىدە 5.3-جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك بولغان.

## 5.3-جەدۋەل. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلىش ئوبيېكتى (%)

| | (دادا) ئاتىسى | ئانىسى | ئوقۇتقۇچى | ئوخشاش جىنستىكى ھەمراھ | غەيرى جىنستىكى ھەمراھ |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاق كۆڭۈللۈك | 20.63 | 34.07 | 20.03 | 36.23 | 7.41 |
| بېكىنمىلىك | 49.81 | 40.22 | 58.21 | 22.46 | 77.16 |

تاڭ لادوڭ قاتارلىقلار 230 نەپەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن (ئىچىڭلار پۇشۇپ قالسا كىمگە ئېيتىسىلەر) دەپ سورىغاندا، نەتىجىسى 5.4-جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 5.4-جەدۋەل. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتىدىغان ئوبيېكتى (%)

| | ئادەم سانى | ئوقۇتقۇچى | ئاتا-ئانا | ئىنى-سىڭىل | كۆڭۈلدىكى دوست | مەسلىھەت بېرىش ئورگىنى | ھېچكىمگە دېمەيمەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تولۇق 1-يىللىق | 101 | 1.0 | 8.9 | 2.0 | 62.4 | 1.0 | 24.7 |
| تولۇق 2-يىللىق | 95 | 0 | 13.7 | 7.4 | 47.4 | 0 | 37.5 |
| تولۇق 3-يىللىق | 34 | 0 | 2.9 | 5.8 | 70.6 | 0 | 20.7 |
| جەمئىي | 230 | 0.4 | 10.0 | 4.8 | 57.4 | 0.4 | 27.0 |

(ئەسكەرتىش: جەدۋەلدىكى رەقەملەر ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ تاللىغان ئادەم سانىنىڭ ھەرقايسى يىللىقتىكى ئادەم ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ).

شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىدە ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ دوستلۇق ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ زىددىيەت-توقۇنۇشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىشتىكى باشنى قاتۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. كۆڭۈلدىكى غەم-ئەندىشىنى تۆگىتىدىغىنى ئاساسلىقى پسىخىكا جەھەتتىكى قوللاش كۈچىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، چۈنكى ئۇلارنىڭ يېشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغاچقا، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باراۋەر بولىدۇ (يېتەكلەش بىلەن

يېتەكلىنىش، قوغداش بىلەن قوغدىنىش ۋە يۇقىرى-تۆۋەنلىك دەرىجە مۇناسىۋەت ئەمەس)، شۇڭا ئۇلار «ئۆز-ئارا سەممىيلىك بىلەن باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان يېقىنچىلىق تۇيغۇسى»نى ھېس قىلالايدۇ. شۇنداق قىلىپ غەم-ئەندىشىنى تۈگىتىپ، كەيپىيات جەھەتتە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ۋە مۇقىملىق تۇيغۇسىغا ئېرىشىدۇ.

ئۈچىنچى، ياش-ئۆسمۈرلەر تەشكىللىگەن كوللېكتىپ ئىچىدە ئىجتىمائىي ئالاقە ماھارىتىنى ئىگىلىشىنى سىناپ بېرىش زۆرۈر. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زور بىلىم، تېخنىكا ۋە پوزىتسىيىلەرنى ئۆگىنىشنى ئۇلارنى ئۆزىگە مەركەز قىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كەيپىيات جەھەتتە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تونۇشىغا ياردەم قىلىشى لازىم.

## 3. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇش ئالاھىدىلىكى

### 1. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇش ئالاھىدىلىكى ياكى ئۆلچىمى

بەزىلەر 4300 نەپەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە 3000 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دوست تۇتۇش ئۆلچىمىنى تەتقىق قىلغان. نەتىجىسى 5.5-جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن. جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوخشاش بولۇپ، بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىگەن دوستلۇق ئۆلچىمى «غەم-قايغۇدا بىردەك بولۇش، خۇشاللىق-شادلىقتا بىردەك بولۇش، ئۆز-ئارا كۆيۈنۈش»، شۇنداقلا ھېسسىيات يېقىنچىلىقىدىن ئىبارەت بولغان. ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلىگەن دوستلۇق ئۆلچىمى «قىزىقىش، ئوي-پىكىر، نەتىجە، ئىدىيە جەھەتتە ئۆزى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان، سۆھبەتلەشكىلى بولىدىغان بولۇش» بولۇپ، پسىخىكا جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە يېقىنلىقتىن ئىبارەت بولغان. بىراق،

## 5.5-جەدۋەل. «سىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ تىزىلىش تەرتىپى (ئۈچ تۈرنى تاللاشقا بولىدۇ)

| | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | | | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | | | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | | | ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوغۇل | قىز | جەمئىي | ئوغۇل | قىز | جەمئىي | ئوغۇل | قىز | جەمئىي | ئوغۇل | قىز | جەمئىي |
| 1. بىر گۇرۇپپا، ياتاقداش قوشنا پارتداش | 2 | 6 | 2 | 5 | 5 | 5 | 4 | 4 | 4 | 5 | 4 | 4 |
| 2. چىراي شەكلى ئوخشاشلا گۈزەل | 8 | 6 | 8 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 6 | 7 | 6 |
| 3. غەم قايغۇ شادلىقتا بىردەك ئۆزئارا كۆيۈنىدۇ. | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 2 | 1 | 2 | 1 | 1 | 1 |
| 4. قىزىقىش ئوي-پىكىردە ئوخشاش سۆھبەتداش | 3 | 4 | 3 | 2 | 2 | 2 | 1 | 2 | 1 | 2 | 2 | 2 |
| 5. خاراكتېرى ۋە ئەدىپىسى ياخشى | 4 | 2 | 4 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 |
| 6. نەتىجىسى ئەلا ئالاھىدىلىكى بار | 5 | 5 | 5 | 4 | 4 | 4 | 5 | 5 | 5 | 8 | 6 | 7 |
| 7. ئۆزىگە ئىشەنچىسى يۇقىرى قابىلىيىتى كۈچلۈك | 6 | 7 | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 | 6 | 4 | 5 | 5 |
| 8. ئاجىز، بىراق سۆيۈملۈك | 7 | 8 | 7 | 8 | 8 | 8 | 8 | 8 | 8 | 7 | 8 | 8 |

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ تۆردىكى پىرسەنتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ناھايىتى تۆۋەن بولغان.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تاللاشتىكى 3-ئورۇندىكى ئۆلچىمى: «خاراكتېرى ۋە ئەدىپىسى ياخشى بولۇش» بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ روھىي پەزىلىتىدىن پەيدا بولىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوخشاشلا دوست تاللاشتىكى جۇغراپىيىلىك ئامىلنى 5-ئورۇندا قويغان. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 4-ئورۇنغا قويغان. بۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرى دوست تۇتۇش ئۆلچىمى جەھەتتە يۈزەكى بوشلۇق (ماكان) ئامىلىدىن ئىچكى روھىي ئامىللارغا بۇرۇلۇش مەزگىلى ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 2. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوستلىشىش ياش چېكىنى تاللاش

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇش يېشىنىڭ جايلىشىشى بىرقەدەر تار بولۇپ، زور كۆپ ساندىكىلىرى تەڭ ياش ياكى ياش پەرقى 1-2 ياش بولغان ھەمراھلىرى، ياش پەرقى ئۈچ ياشتىن يۇقىرى بولغان دوستلىرى ناھايىتى ئاز. بىراق ئاز ساندىكى كىشىلەر دوست تۇتۇش ياش پەرقى بىرقەدەر چوڭ بولغان دوستلارنى چىقىرىۋەتكەن.

### 5.6-جەدۋەل. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇش يېشىنىڭ جايلىشىشى(%)

| | تولۇقسىز 1-يىللىق | تولۇقسىز 2-يىللىق | تولۇقسىز 3-يىللىق |
|---|---|---|---|
| ئوخشاش ياش ياكى ياش پەرقى 1—2 ياش بولغانلار | 86.6 | 92.98 | 92.44 |
| 3 ياشتىن يۇقىرىلار | 11.34 | 6.49 | 1.07 |
| 3 ياشتىن كىچىك بولغانلار | 2.06 | 0.53 | 6.49 |

### 3. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇشتىكى جىنسىي پەرق تاللىشى

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇتقان ياخشى دوستلىرى ئاساسلىقى يەنىلا ئوخشاش جىنسلىق ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا بولىدۇ. بىراق، يېشىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەيرىي جىنسلىق ھەمراھلىرىغا بولغان يېقىنلىشىشى ئەدرىجىي يۇقىرىلايدۇ.

### 5.7-جەدۋەل. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇشتىكى جىنسىي پەرقنى تاللىشى (%)

| | تولۇقسىز 1-يىللىق | تولۇقسىز 2-يىللىق | تولۇقسىز 3-يىللىق |
|---|---|---|---|
| ئوخشاش جىنسلىق ھەمراھلىرى | 55.16 | 43.79 | 42.05 |
| يات جىنسلىق ھەمراھلىرى | 1.55 | 1.60 | 5.12 |
| قىز-ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنى ياخشى كۆرۈش | 27.82 | 47.57 | 50.00 |

(ئەسكەرتىش، تاللانغان دوستلىرى ئارىسىدا چوڭلارمۇ بولغاچقا، پىرسەنت نىسبىتى يۈزگە تەڭ ئەمەس) .

## 4. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇشتىكى ماكان تاللىشى

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇش دائىرىسى سىنىپ ئىچى ۋە مەكتەپ ئىچىدىن ئىبارەت. %80دىن يۇقىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دائىم ياخشى دوستلارغا يېقىن ئەتراپتىن ئېرىشىدۇ. پەقەت %20نى بىرقەدەر يىراقتىن تۇتىدۇ.

**8.5-جەدۋەل. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇشتىكى ماكانىنى تاللىشى (%)**

| | تولۇقسىز 1-يىللىق | تولۇقسىز 2-يىللىق | تولۇقسىز 3-يىللىق |
|---|---|---|---|
| ھەممە دوست ئۆز سىنىپىدا | 29.90 | 36.76 | 25.95 |
| كۆپ ساندىكى دوستى ئۆز سىنىپىدا | 54.64 | 50.81 | 61.09 |
| كۆپ ساندىكى دوستلىرى مەكتەپ سىرتىدا | 15.46 | 12.43 | 12.96 |

## 5. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دوستلۇقىنىڭ مۇقىملىقى

«سەن ھازىرقى ياخشى دوستلىرىڭ بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىڭنى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتەلەمسەن؟» دېگەن بۇ مەسىلىگە قارىتا %10گە يەتمىگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «ئاسانلا ئۆزگەرتەلەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. 1/3 قىسىم ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىلار «ئاسانلىقچە ئۆزگەرتەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. يېرىمىدىن كۆپرەك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوستلۇقى دېگىنىدەك قىسمەن ئۆزگەرگەن. ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى يەنىلا ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. تولۇقسىز 1-يىللىقىدا تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقى ساقلانغان بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي ھالدا يېڭىلىنىدۇ، ئوغۇللارنىڭ دوستلۇقى قىزلارغا قارىغاندا مۇقىمراق بولۇپ،

قىز ساۋاقداشلار دوستلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى بىرقەدەر چوڭراق بولىدۇ.

## 6. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەڭتۇشلارنىڭ كوللېكتىپ ئالاھىدىلىكى

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەڭتۇشلار كوللېكتىپى يادرولۇق شەخسلەر ۋە ئەگەشكۈچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە 3 — 9گىچە ئادەمدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئايرىم شەخسلەر كۆپچىلىك ئىشىنىدىغان مەلۇم پەزىلەتكە ئىگە بولغانلىقتىن مەركىزىي شەخسكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۇزاق مۇددەت مۇستەقىل ھالدا مەلۇم كوللېكتىپقا تەۋە بولماي تۇرىدۇ. ھەمراھلار كوللېكتىپى ئىچىدە ئادەتتە نىسبەتەن بىردەك بولغان قىممەت قارىشى، ھەرىكەت ئۆلچىمى ۋە ھەرىكەت قائىدىسى بولىدۇ. ئەزالار ئۆزئارا يۇكسەك دەرىجىدە سادىق بولىدۇ. كوللېكتىپنىڭ دوستلۇقىنى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئاتا-ئانىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن ھالقىپ كېتىدۇ. تەڭتۇش ھەمراھلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىن كېچىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىدىغان تېمىلار ئۈستىدە سىنىپتىكى ئادەم ۋە ئىشلار توغرىسىدا سۆھبەتلىشىدۇ. ھەتتا مۇناسىۋەتلىك جىنسىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. كىچىك كوللېكتىپ ئىچىدە ھەربىر ئادەم باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شاڭخەي شەھىرىدە ئىككى نەپەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى ھارپىسىدا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئەترەت ئۈچۈن قول باغلاشقان، ھەر ئىككىيلەن بىلەن «X ئەترىتى ئۇتتۇرۇپ قويسا مەن ئۆزۈمنى بىنادىن ئاتىمەن» دېگەن، ئىككىنچى كۈنى سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىرلىكتە ھەممىسى ھېلىقى ئۇتتۇرۇپ قويغان ساۋاقداشقا «بىنادىن سەكرە!» دەپ توۋلىغان، بۇ ساۋاقداش نەتىجىدە راستتىنلا بالكوندىن ئۆرۈلۈپ ساڭگىلاپ رىشاتكىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئۆزىنى بىنادىن ئاتقان كۆرۈنۈشنى كۆرسەتكەن، كېيىن بەختكە قارشى ئىككى قولى ئاجراپ كېتىپ بىنادىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن. بۇ بىر تىپىك بولغان ھەمراھلار كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تالىشىپ «ئابرۇيپەرەسلىك قىلىش» دىن پەيدا بولغان ۋەقە، بۇ ئوقۇغۇچى پەقەت «ئابروي» ئۈچۈنلا جىددىيلىشىپ ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلغانلىقىغا

ئشىنىشكە بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەگەر بىرەيلەن ئاگاھلاندۇرۇپ توسۇۋالغان بولسا، ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

بۇنىڭدىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ھەمراھلار كوللېكتىپى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجابىي رولىغا ئىگە ھەم سەلبىي رولغىمۇ ئىگە. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەمراھلار كوللېكتىپى ئىچىدە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي ئالاقە ماھارىتىنى ئۆگىنىدۇ، بىراق، ئۆز-ئارا ئۇستۇنلۇك تالاشقاچقا، بەزى پاسسىپ ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن. قىسمەن ئوقۇغۇچىلار قارشى ئېلىشقا ئېرىشمەي، بەلكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئۆگۈشسىزلىكتا ئۇچرىغاچقا، بۇ يەكلەشكە ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىلار سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىلەن مۇستەھكەم مۇناسىۋەت ئورنىتالمايدۇ. ئۇلار بىللە ئوينىغاندا كۆڭۈللۈك كىچىك كوللېكتىپ بولۇپ شەكىللىنىشى مۇمكىن. بۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز تەرەققىياتى ۋە مەكتەپ خىزمىتى ئۈچۈن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىچىك كوللېكتىپ ئەگەر جەمئىيەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا ياكى يامان ئادەملەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىسا، جەمئىيەتتىكى جىنايەت شايكىسىغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. بۇ ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقىنىڭ دىققەت ئېتىبارى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى قوزغىشى لازىم.

## 4. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوستلىشىش ئالاھىدىلىكى

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى ئوخشاش جىنىسلىقلار دوستلۇق ئورنىتىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىش مەزگىلى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۈچلۈك دوستلۇق ئېھتىياجىغا ئىگە بولىدۇ.

### 1. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇش ئۆلچىمى

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوستلۇقنى چۈشىنىشى بىرقەدەر ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. 5.9-جەدۋەلدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوستلۇققا بولغان تونۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**5 .9-جەدۋەل. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوستلۇققا بولغان چۈشەنچىسى (كۆپ خىل تاللاش)**

| | تولۇق 1-يىللىق (101ئادەم) | تولۇق 2-يىللىق (95ئادەم) | تولۇق 3-يىللىق (43ئادەم) | ئومۇمى (230ئادەم) |
|---|---|---|---|---|
| دوست ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشتىن قورقمايدىغانلار | 13.9 | 16.8 | 8.8 | 14.3 |
| دوستلۇق ئۈچۈن ئۆلۈشنى باتۇرلۇق دەپ بىلىدىغانلار | 27.7 | 29.9 | 20.6 | 17.4 |
| دوستۇڭ كۆپ بولسا، ئىشىڭ راۋان بولىدۇ | 16.8 | 35.8 | 14.7 | 24.3 |
| ئۆزئارا چۈشىنىش ھەممىدىن قىممەتلىك دەپ بىلىدىغانلار | 94.1 | 90.5 | 88.2 | 91.7 |
| دوستۇڭ كۆپ بولسا، يولۇڭ كۆپ بولىدۇ | 39.6 | 32.6 | 55.9 | 39.1 |
| ئائىلىدە ئاتا-ئانىغا تايىنىدىغان سىرتتا دوستلارغا تايىنىدىغان | 32.7 | 33.7 | 42.2 | 34.3 |

5 .9-جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، مۇتلەق زور كۆپ سانلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزئارا چۈشىنىش ھەممىدىن قىممەتلىك دەپ بىلىشنى ئېتىراپ قىلىدۇ. روھىي جەھەتتىكى تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئالماشتۇرۇش كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى داۋامىدا ئەڭ مۇھىم دەپ قارايدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دوستلىرىنىڭ ئائىلە ئورنى، تاشقى قىياپىتى قاتارلىق ئامىللارنى ناھايىتى ئاز ئويلىشىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇھىم دەپ قارىغان «نەتىجىسى ئەلا، ئارتۇقچىلىقى بار» قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دوستلۇقنىڭ مۇھىم شەرتى دەپ قارىمايدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دوست تۇتۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى ئادەمنىڭ پەزىلىتى دەپ قارايدۇ.

## 2. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوست تۇتۇش دائىرىسى

زور كۆپ سانلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ 3 — 5كىچە مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان دوستى بولىدۇ. 1

— 3كىچە بولغان ئەڭ ياخشى دوستى بولۇشى لازىم. مەيلى مۇناسىۋىتى يوق بولسۇن ياكى ئەڭ ياخشى دوستى بولسۇن، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلاردا قىز ئوقۇغۇچىلاردىن كۆپ بولىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يەنىلا ئوخشاش جىنىسلىقلاردىن دوست تۇتۇشنى ئاساس قىلىدۇ. جىنسىي ئامىلىنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش جىنىسلىقلار بىلەن دوستلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. غەيرىي جىنىسلىق دوسلىرىنىڭ سانىمۇ كۆپىيىدۇ. پەقەت ئوخشاش جىنىسلىق دوسلىرىنىڭ سانى ئازىيىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى غەيرىي جىنىسلار بىلەن دوستلىشىشنى ئويلىسىمۇ، بىراق باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشى ۋە گەپ-سۆز پەيدا قىلىپ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەيرىي جىنىسلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىشى ئومۇمەن كۆپ بولمايدۇ.

### 3. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوستلۇقىنىڭ تۇراقلىقى

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئورناتقان كۆڭۈلدىكىدەك دوستلۇق ھەرگىز يۇقىرى مەكتەپكە چىقىش, خىزمەت يۆتكىلىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا يولدا ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. بۇ دەۋردىكى دوستلۇق دائىم ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلىنىدۇ.

## 5. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى

گەرچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پسىخىكا جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ ھاللاردا ھەمراھلىرى ۋە دوستلىرىغا تايانسىمۇ، بىراق كۈندۈزلۈك ئۆگىنىش داۋامىدا ئاساسلىقى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئاساسلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆگىتىشىگە موھتاج بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ياش-ئۆسمۈرلەر تۇرمۇشىدىكى بىر خىل ناھايىتى مۇھىم بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئايلىنىدۇ.

نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى

تەلىم-تەربىيە ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر مۇھىم ئامىل. ئوقۇغۇچى ئەگەر ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن ۋە ئىشەنگەنلىكىنى تونۇپ يەتسە، بەخت تۇيغۇسى ۋە ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ بارلىق يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەتتا ئۆگىنىش نەتىجىسى جەھەتتە «پىرىگماۋرىنچە ئۈنۈم» كۆرۈلىدۇ. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئىنسان تەبىئىيىتى مائارىپ پسىخولوگلىرى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسلىق يولى دەپ قارىماقتا. گوردۇن (T. Gordon) ئىنسان تەبىئىيىتى پسىخولوگلىرى پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنىڭ بىر مەشىق پىلانىنى لايىھىلەپ، ئۇنىڭ نامىنى «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈنۈملۈك مەشىق پىلانى» (Teacher Effectiveness Tiraining قىسقارتىپ TET دەپ ئاتىغان) بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش تەلىم-تەربىيە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن.

## 1. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى تەلىم-تەربىيە مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلاردىن ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ ئۇلارنىڭ جىسمانىي-پسىخىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. جەمئىيەت ھەربىر ئوقۇتقۇچىدىن شەرتسىز ھالدا بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈش» ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ تۈپ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، «ئوقۇغۇچىنى سۆيۈش» ، «ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەش» نىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارغا بولغان جەلپ قىلىش كۈچىگە تايىنىشى كېرەك. مەسىلەن، ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلىتى، مول بىلىمى، سالاپەتلىك تاشقى قىياپىتى، ئوقۇغۇچىلارنى ھۆرمەتلىشى، چۈشىنىشى قاتارلىقلار.

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. «ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەش» ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر تەرىپى. بىر قىسىم ياش ئوقۇتقۇچىلار «ياخشى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش» ،

«ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى باراۋەرلىكى» دېگەنلەرنى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىش تۈپەيلىدىن ئوقۇغۇچىلار بىلەن پۈتۈنلەي «ئاپاق-چاپاق بولۇپ كېتىدۇ»، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئاغىنىسى» بولىدۇ. تەلىم-تەربىيە ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. ئوقۇغۇچىلاردا ئاسانلا ئارقا تېرىكىگە تايىنىپ ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماسلىق پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئارىلىق ۋە پسىخىك ئارىلىق ساقلىنىش لازىم. بۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئىجتىمائىي رولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدىكى ئىناۋىتىگىمۇ كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## 2. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىن ئىبارەت. دوستلۇق مۇناسىۋىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆزلىرى تاللاشقا ئامالسىز. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرسۇن ياكى ياخشى كۆرمىسۇن. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئىناق بولسۇن ياكى يىرىك بولسۇن، ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ تۇرۇشى زۆرۈر. ياخشى بولمىغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇش. مەيۈسلىنىش، تەشۋىشلىنىش، ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ ھەمدە ۋەقە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ئىنتايىن مۇھىم.

## 3. ئوقۇغۇچىلار قانداق ئوقۇتقۇچىنى ياخشى كۆرىدۇ

باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە بىر قەدەر زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىنى ئەڭ ئۇلۇغ، ھەممىدىن يۇقىرى كۆرىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆز-ھەرىكىتى مۇتلەق توغرا دەپ قارايدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا، تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مۇستەقىللىق ئېڭى كۈچىيىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىغا قارىتا ئۆز تەلىپى بولىدۇ. بىر خىل تەنقىدىي

نەزەرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغا مۇئامىلە قىلىشقا باشلايدۇ.

كۆپ تەرەپلەردىكى تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياش-ئۆسمۈرلەر ئادىل، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، سەمىمىي، دەرسنى قىزىقارلىق سۆزلەيدىغان، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوقۇتۇشتا ئەستايىدىل بولمىغان ئۆزىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئوقۇغۇچىلار چۈشەندىمۇ-چۈشەنمىدىمۇ كارى بولمايدىغان، كىتابتا نېمە بولسا شۇ پېتى سۆزلەيدىغان، دەرستىن چۈشۈپلا كېتىپ قالىدىغان، ئەپقاشتى گەپلەرگە ئىشىنىدىغان، كۈن بويى چىرايىدىن مۇز چىقىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىكى ياخشى ئوقۇتقۇچى ئوبرازى بىردەك بولمايدۇ. بىر تۈردىكى تەتقىقات شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئەڭ مۇھىم دەپ قارايدىغىنى ئوقۇتۇش پوزىتسىيىسى، ئوقۇتۇش قابىلىيىتى، كەسپىي بىلىمى، ئۇندىن قالسا ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان پوزىتسىيىسىنى مۇھىم دەپ قارايدۇ. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ دوستى، سىرداشى، يېتەكچىسى بولۇشىنى، ئاندىن كېيىن بىلىم تارقاتقۇچى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنى بىلىشىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە مۇستەقىللىقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇلار چوڭلار بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان باراۋەر مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.①

## 4. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاقىلىشىش شەكلى

مەكتەپ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئالاقىسى تاق يۆنىلىشلىك ئالاقە ۋە قوش يۆنىلىشلىك ئالاقە دېگەن ئىككى تۈرلۈك ئەندىزىگە ئىگە.

ئوخشاش بولمىغان سورۇندا، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئارىسىدىكى ئالاقە ئوخشاش بولمىغان شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئارىسىدا تاق يۆنىلىشلىك ئالاقە كۆپرەك

① جىڭ خېجۈن قاتارلىقلار: «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پسىخولوگىيىسى»، جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993-يىلى نەشرى 259-بەت.




B: قوش يۆنىلىشلىك ئالاقە　　A: تاق يۆنىلىشلىك ئالاقە

2.5-رەسىم ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئالاقىسىنىڭ ئىككى خىل شەكلى

بولىدۇ. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا قوش يۆنىلىشلىك ئالاقە كۆپرەك بولىدۇ.

بەزى ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانا ئىچى ۋە سىرتىدا تاق يۆنىلىشلىك ئالاقە شەكلىنى قوللىنىپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنىڭ قايتما ئىنكاسىغا دىققەت قىلماي، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى يىراق، سوغۇق بولسا، يەنە ئوقۇغۇچىلاردا خاتا چۈشەنچە كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. قوش يۆنىلىشلىك ئالاقىلىشىش ياخشى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنىڭ مۇقەررەر يولى. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاشقا دىققەت قىلىشى، زورۇر بولغان «ئاڭلاش تېخنىكىسىنى» ئىگىلىشى ھەم مۇۋاپىق جاۋاب قايتۇرۇشى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشى لازىم. پەرۋاسىزلىق قىلىش ئىپادىلىنىپ قالسا بولمايدۇ. ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنى بىر خىل ئالاقىلىشىشتىكى ئۈلگىلىك مىسال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئوقۇتقۇچى بىلەن بولغان تەبىئىي ئالاقە داۋامىدا ئوقۇغۇچىلار ئالاقە تىلىنى ۋە ئالاقە ئۈلچىمىنى ئىگىلەيدۇ. كىشىلىك ئالاقە قابىلىيىتى ۋە ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

# ئالتىنچى باب ئۆگىنىش پسىخىكىسى

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتا

1) مۇھىم نۇقتا: ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى قوزغاش، بىلىم، ماھارەت، ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆگىنىش، ئۆگىنىشتىكى كۆچۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش.

2) قىيىن نۇقتا: ئۆگىنىش مۇددىئاسى توغرىسىدا تەھلىل، ئەقلىي ماھارەت ئۆگىنىش ۋە يېتىلدۈرۈش، ئىجادچانلىق ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش.

2. ئۆگىنىش تەلىپى

1) ئەستە قالدۇرۇش: ئۆگىنىش، ئۆگىنىش مۇددىئاسى، دەسلەپكى بىلىش، ھەرىكەت ماھارىتى، ئەقلىي ماھارەت، كۆچۈش، ئىجادچانلىق قاتارلىق ئۇقۇملار.

2) چۈشىنىش: ئۆگىنىشنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىشى، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار، بىلىم، ماھارەت، ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆگىنىش جەريانى ۋە ئالاھىدىلىكى.

3) تەتبىقلاش: ئۆگىنىش پسىخىكىسى بىلىملىرىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئۈنۈملۈك ھالدا بىلىم، ماھارەت ئىگىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش، ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت شەكىللەندۈرۈش، ئىجادىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈپ.

3. مۇھاكىمە سوئاللىرى

1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسى توغرىسىدىكى تەھلىل ئارقىلىق، قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا قوزغاتقۇسى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆھبەت.

2) بىلىم ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزگىچە بولغان نازارەتچىلىكنى قانداق

ئېلىپ بېرىش كېرەك؟

3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟

ئۆگىنىش ئىنسانلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنسانلارنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشتىكى كۆپ قىسىم ھەرىكەتلىرى زۆرۈر بولغان ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن. بەزى ھەرىكەتلەر، مەسىلەن، ئۆرە تۇرۇپ مېڭىش، ئاغزاكى تىلى، يېمەك-ئىچمەك، ئولتۇراق ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ بىرقىسىم ياشاش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى بىر قەدەر ئاسان ئۆگەنگىلى بولىدۇ. بىراق، بىر قىسىم مەزمۇنلارنى ئۆگىنىش ناھايىتى تەس. مەسىلەن: سىستېمىلىق پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى، جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان ئەخلاقىي پەزىلەتلەر، مەلۇم خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئېھتىياجلىق بولغان قابىلىيەت، ماھارەتلەر ۋە مەلۇم پسىخىك پەزىلەتلەر مەسىلەن، ئىجادىي قابىلىيەت قاتارلىقلار. ئۆگىنىش ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ماسلىشىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل پائالىيىتى بولغاچقا، پسىخولوگلار ئۆگىنىشنىڭ ماھىيىتى، جەريانى، تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ۋە ھەرقايسى ئامىللار ئارىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەت قاتارلىقلار ئۈستىدە زور كۆلەملىك تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى.

# § 1 . ئۆگىنىش پسىخىكىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

## 1. ئۆگىنىش ئۇقۇمى

### 1. كەڭ مەنىدىكى ئۆگىنىش

ئۆگىنىش كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا دائىم قوللىنىدىغان بىر سۆز، بىراق ئوخشاش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ئوخشاش بولمىغان، مەنىلەر ئىگە بولىدۇ.

پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۆگىنىش بۇرۇنقى تەجرىبىلەردىن بارلىققا كەلگەن ھەرىكەت ياكى ھەرىكەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ

نىسبەتەن ئۇزاق مەزگىللىك ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت. بۇ بىر ئېنىقلىمىغا ئاساسلانغاندا ئۆگىنىش ئۆزگىرىشىنى بەلگە، ئالدىنقى تەجرىبىلەرنى پەيدا بولۇش سەۋەبى قىلىدۇ. ئۆگىنىش، ھەرىكەت ئۆزگىرىشى، بۇرۇنقى تەجرىبە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، ۋاستىلىك ئۆزگىرىش، سەۋەبلىك ئۆزگىرىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆزگىرىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ قالىدۇ، بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنى ئاددىي ھالدا تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

تەجرىبە ← ئۆگىنىش ← ھەرىكەت ئۆزگىرىشى

ئۆزلۈكىدىن ئۆزگىرىش ← ۋاستىلىك ئۆزگىرىش ← سەۋەبلىك ئۆزگىرىش

1.6-رەسىم «ئۆگىنىش» ئۇقۇمىنى سخېما ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش

1.6 رەسىمدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالدى بىلەن پەقەت بۇ خىل تەجرىبىدىن پەيدا بولغان ھەرىكەت ئۆزگىرىشى بولغاندىلا، ئاندىن ئۆگىنىش كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولىدۇ. تەجرىبىدىن سىرت، باشقا بىر قىسىم ئامىللارمۇ ھەرىكەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ، بۇ خىل ئامىللار پىشىپ يېتىلىش، كېسەللىك ياكى تېنى زەخىملىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق بۇ خىل ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرىكەت ئۆزگىرىشى ئۆگىنىشكە مەنسۇپ ئەمەس، ئۇندىن باشقا، ئۆگىنىش قۇرۇلمىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ھەرىكەت ئۆزگىرىشى نىسپىي ھالدا ئۇزاق مۇددەتلىككە ئىگە بولىدۇ.

نىسپىي ئۇزاق مۇددەتلىك، قىسقا ۋاقىتلىق، بىر مەزگىللىك بولىدىغان ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھېرىپ-چارچاش، دورا ئارقىلىق پەيدا بولغان ھەرىكەت ئۆزگىرىشى، شۇنداقلا قاتمال، ئۆلۈك، مۇقىم، قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان ھەرىكەت ئۆزگىرىشى ئەمەس. ئېرىشكەن تەجرىبىلەر دەرھال ھەرىكەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ناتايىن. ناھايىتى كۆپ ئەھۋال ئاستىدا، تەجرىبىنىڭ تەسىرى كېيىنكى ھەرىكەت داۋامىدا ئاندىن ئىپادىلىنىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئالىملار،

ئۆگىنىشنىڭ ماھىيىتى «شەخسىي تەجرىبىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ۋە توپلىنىشى ياكى پسىخىك قۇرۇلمىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانى»[1] ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

## 2. ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىشى

ئۆگىنىش ئىنسانلاردا بولۇپلا قالماي، ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ، بىراق ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىشى بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئۆگىنىشى تۈپ ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە. بىرىنچى، ئۆگىنىش ئىنسانلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشى ۋە تەرەققىيات داۋامىدا ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتىكى كۆپ قىسىم بىلىم، ماھارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن.

ئىنسانلارنىڭ شەخسىي ئۆگىنىش سەۋىيىسى ۋە ھالىتى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تايىنىش جەھەتلەرگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش داۋامىدىكى تۇرغان ئورنىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆگىنىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، دائىم شەخسىي تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر دائىرىسى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئىنسانلار ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشنى تەشەببۇسكارلىققا، مەقسەتچانلىققا ۋە ئاكتىپچانلىققا ئىگە قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆگىنىش ئۈچۈن كىشىلەر ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلى، قەدەم باسقۇچلىرىنى ۋە ئۆگىنىش تەرتىپى توغرىسىدا تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىدۇ ھەمدە ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ھەققىدە پائال ئىزدىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئىنسانلار ئىگە بولغان ئۆگىنىشتىكى غايەت زور يوشۇرۇن قابىلىيەتمۇ ھايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە. يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئالىي نېرۋا سىستېمىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى، ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتى، تىلنىڭ قوللىنىشى، كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىنى كونكرېتنى تەجرىبە ۋە ئوبرازنىڭ چەكلىمىدىن قوتۇلدۇردى. ماكان ۋە

① ماجۇڭلياڭ: «قۇرۇلما-ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيەتكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئوقۇتۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992-يىلى نەشرى، 54-بەت.

زامانىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلدۇردى. كىشىلەر باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىسىنىمۇ ئۆگىنەلەيدىغان بولدى. ۋاستىلىك تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىش، ئىنسانلار ئۆگىنىشىنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

ئۈچىنچى، ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتى بىلەن ئۆگىنىش شارائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئىجتىمائىي مۇھىت ئىنسانلار شەخسىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق مۇھىتى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىشى باشتىن-ئاخىر ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە باشقىلار بىلەن ئۆزئارا پائالىيەت قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئۆزئارا ئۇچرىشىش ئارقىلىق، ئادەمدە جەمئىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئېتىقاد، قىممەت قارىشى، ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمى شەكىللىنىپلا قالماي، بەلكى ئىنسانلاردا ئەسلىدە بار بولغان بىلىم، تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەمما، مەلۇم بىر شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئىگىلىگەن جامائەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ بىلىم تەجرىبىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە تەلىم-تەربىيە شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىجتىمائىي مۇھىت ئىنسانلار ئۆگىنىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل.

ئوقۇغۇچىلار ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بىر ئالاھىدە توپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى ئىنسانلار ئۆگىنىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەم ئۇ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشىنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى—ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويغان ئاساسلىق تەلىپى. باشقا ئىجتىمائىي ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرمۇ ئۆگىنىشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بىراق ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەمەس. ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى ئەمەلىي پائالىيەت داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل تەلەپ جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق ئۆگىنىش نەتىجىسىگە باھا بەرگەندە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ئىگىلەش دەرىجىسىنى

تەكتىلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشقا كىشىلەرگە قارىتا ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتتە ئوينايدىغان ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى تەكتىلەشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشىنىڭ ئىككىنچى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى — ۋاستىلىك تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت. ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشىنىڭ مەزمۇنىنى ۋاستىلىك تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. بەلكى شەخسنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىۋاستە تەجرىبىگە ئېرىشمەيدۇ. ۋاستىلىك تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلارغا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىنسانلار يىللاردىن بۇيان ئىزدەنگەن، ئومۇملاشتۇرغان ۋە خۇلاسىلەپ شەكىللەندۈرگەن بىلىم، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئىقتىدار-ماھارەت قاتارلىقلارنى ئىگىلىتىپ، تېزلىكتە مۇرەككەپ ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن مۇستەقىل شۇغۇللىنالايدىغان ئەمەلىيەتچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى ھېسسىي بىلىم، شەخسنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگىمۇ تايىنىدۇ.

بىراق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى مەقسىتى، ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا ۋاستىلىك تەجرىبىلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈندۇر. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى، ئۇ، پىلانلىق، مەقسەتلىك ۋە تەشكىللىك ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە قويغان تەلىپىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مەزمۇنى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا قارىتا تەپسىلىي پىلان تۈزۈش زۆرۈر ھەمدە پىلاننى ئاساس قىلىش، قەتئىي تەشكىللەش، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش، ئۆگىنىش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئۆگىنىش توغرىسىدىكى تونۇش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەلىم-تەربىيە كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى بىر مۇھىم ئاساس، شۇڭا پەقەت ئۆگىنىشنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش، تەلىم-تەربىيە كۆزقارىشى ئاندىن پەننىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

## 2. ھازىرقى زامان ئۆگىنىش نەزەرىيىسى

ئۆگىنىش نەزەرىيىسىنى چۈشىنىش، ئۆگىنىش پسىخىكىسىنى ئىگىلەشتە ناھايىتى مۇھىم رولغا ئىگە. ئۆگىنىش نەزەرىيىسى پسىخولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش ھەم ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئىزاھلاشتىكى پايدىلىنىش رامكىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەمەلىيەتچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش، ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى رەتلەش ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. مائارىپ پسىخولوگىيىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان ئۆگىنىش نەزەرىيىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ يەردە ئاساسلىقى ھازىرقى زامان ئۆگىنىش پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولغان بىرقانچە خىل نەزەرىيىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1. ئۆگىنىشنىڭ شەرتلىك ئىنكاس نەزەرىيىسى

شەرتلىك ئىنكاس مائارىپ پسىخولوگلىرى شەرتلىك رېفلېكستىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىشنى ئىزاھلىغان ۋاقىتتا شەكىللەنگەن نەزەرىيە بولۇپ، پاۋلون ساندىك (E. L. Thordike)، ۋاتسون (J.B. Watson)، سكىننېر (B. F. Skinner) لار بۇ نەزەرىيىنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرى.

بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىلىرى:

1. ئۆگىنىشنىڭ ماھىيىتى

شەرتلىك ئىنكاس نەزەرىيىسى—ئۆگىنىش غىدىقلاش بىلەن ئىنكاس ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان باغلىنىش دەپ قارايدۇ. ئاددىي قىلىپ «S—R» بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. شۇڭا ئۆگىنىشنىڭ S—R تەلىماتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. S غىدىقلىغۇچىنى (Stimulus نىڭ بىرىنچى ھەرىپىنى)، R بولسا ئىنكاسنى (Response نىڭ بىرىنچى ھەرىپىنى) كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆز قاراشنىڭ تۇپ ئاساسى، ئادەم بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ ھەرئىككىلىسىدە شەرتلىك رېفلېكس ھاسىل قىلىش قابىلىيىتى بولىدۇ. شەرتلىك رېفلېكس ئورنىتىلغاندىن كېيىن، شەرتلىك ئىنكاس مۇستەقىل ھالدا شەرتلىك غىدىقلاشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئەگەر باشقا يېڭى غىدىقلىغۇچ بىلەن بۇ بىر غىدىقلىغۇچىنى بىرلەشتۈرسەك بۇ خىل يېڭى غىدىقلىغۇچ شەرتلىك رېفلېكسنى پەيدا قىلالايدۇ، بۇ خىل شەرتلىك رېفلېكس ئالىي دەرىجىلىك

شەرتلىك رېفلېكس دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئالىي دەرىجىلىك شەرتلىك رېفلېكس ئالدىنقىلار ئورناتقان شەرتلىك رېفلېكسنى ئاساس قىلىپ تەدرىجىي ھالدا ئورنىتىلىدۇ. پاۋلوۋ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلىك رېفلېكس كلاسسىك شەرتلىك رېفلېكس دەپ ئاتالدى، كېيىن ئامېرىكا پسىخولوگى سكىننېر يەنە قورال خاراكتېرلىك شەرتلىك (ياكى مەشغۇلات خاراكتېرلىك) رېفلېكس ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق توپ ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا R—S باغلىنىشتىن ئىبارەت.

شەرتلىك ئىنكاس ئۆگىنىش ھايۋانلارنى تەجرىبە قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا، ئۇ ئادەم بىلەن ھايۋانلاردىكى ئەڭ ئاساسلىق ئۆگىنىش شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ نەزەرىيە S—R سخېمىسىنى قوللىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئۆگىنىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلارنىڭ زور مىقداردىكى ھەرىكىتى مەسىلەن، تىل، مۇددىئا، ئادەت، كەيپىيات، ھەتتا خاسلىق، غەيرىي ھەرىكەت قاتارلىقلارغا ئىگە بولۇشىنىڭ ھەممىسى شەرتلىك رېفلېكس رولىنىڭ تەركىبىدۇر.

2. ئۆگىنىشنىڭ قانۇنىيىتى

ساندىك ھايۋانلارنى تەجرىبە قىلىشنى ئاساس قىلىپ، ئۈچ تۈرلۈك ئۆگىنىش قانۇنىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى تەييارلىق قانۇنىيىتى، مەشىق قانۇنىيىتى ۋە ئۈنۈم قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت.

تەييارلىق قانۇنىيىتى — ئۆگەنگۈچىنىڭ ئۆگىنىشنى باشلىغان ۋاقىتتىكى ئالدىن تەييارلىق قىلىپ شارائىتىنى مۇقىملىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆگەنگۈچى ئەگەر تەييارلىق بىلەن مەلۇم بىر ھەرىكەتنى ئىشلىسە، ئۇنداقتا، بۇ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇنى ئىلھاملاندۇرىدۇ ياكى كۈچەيتىدۇ؛ تەييارلىق ھەرىكەت قىلمىسا، بىزارلىق ھېس قىلىدۇ. تەييارلىقسىز پائالىيەتكە زورلىسا ئۇمۇ بىزارلىق ھېس قىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى كۈندىلىك تىل بىلەن ئېيتقاندا ئۆگىنىشنى ياقتۇرغۇچىلار ئۆگىنىدۇ. ئۆگىنىشتىن بىزار بولغۇچىلار ئۆگەنمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈللۈك ئىش، بەلكى ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرگۈچىلەر ئۆگەنمىسە ياكى ئۆگىنىشتىن بىزارلار ئۆگىنىشكە زورلانسا، بولارنىڭ ھەممىسى ئازابلىق ئىش. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، مۇددىئانى قوزغاش، ۋە قىزىقىشنى يېتىلدۈرۈشتىكى

مەقسەت ئۆگىنىشتە ئاكتىپ ئۆگىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

مەشىق قانۇنىيىتى R—S باغلىنىشى ئىپىشكەن مەشىق ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قانچە كۆپ بولسا ھەم ئىلھاملاندۇرۇلسا، ئۆزگىرىش شۇنچە مۇستەھكەم بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر مەشىق ئىشلىتىلمىسە ياكى ئىلھاملاندۇرۇلمىسا، R—S باغلىنىشى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەكرار قىلىش ھەم ئۆگەنگەن بىلىمنى ئىشلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. يەنە ئۆگىنىش نەتىجىسىنى تەكشۈرگەن ھەم قايتما ئىنكاس ئالغاندا ئۆگىنىش مەزمۇنىنى مۇستەھكەملەشكە تېخىمۇ دىققەت قىلىش لازىم.

ئۇنۇم قانۇنىيىتى، بىر خىل ھەرىكەت ئىجابىي نەتىجە پەيدا قىلسا، ئۇنداقتا بۇ خىل ھەرىكەت ئوخشاش تۈردىكى شەرت ئاستىدا قايتا سادىر بولۇش مۇمكىنچىلىكى كۆپىيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە، قايتىلىنىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئازىيىدۇ. مەسىلەن، بىر ئوقۇغۇچى ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر مەسىلىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن ئالىي دەرىجىلىك باھاغا ئېرىشسە ھەم پەخىرلىنىش ھېس قىلسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ كېيىنكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىش نىسبىتى ئارتىدۇ.

## 2. برونېرنىڭ بىلىش قۇرۇلمىسى ئۆگىنىش نەزەرىيىسى

برونېر (Bruner) ئامېرىكىلىق پسىخولوگ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەزەرىيىسى، بىلىش نەزەرىيىسىگە مەنسۇپ. برونېرنىڭ ئۆگىنىش نەزەرىيىسى بىلەن قىلمىشىزىم ۋە گېستالت پسىخولوگىيىسى ئۆگىنىش نەزەرىيىسىنىڭ روشەن بىر ئوخشىماسلىقى شۇكى، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەزەرىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئالاھىدىلىكىنى، بولۇپمۇ دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى:

### 1. بىلىشنىڭ ئۆسۈشى ۋە نىشان نەزەرىيىسى

بىلىشنىڭ ئۆسۈشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيانى بىلىشى، شۇنداقلا ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىلىشنىڭ ئۆسۈشى

ئۆگىنىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بىلىشنىڭ ئۆسۈش جەريانى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش ئەندىزىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى. ئۇ، تەكىتلىگەن «ئەندىزە» بىر خىل ئۇچۇر ساقلايدىغان ئىچكى سىستېما بولۇپ، دائىم قوللىنىدىغان «بىلىش قۇرۇلمىسى» «نومۇر خاتىرىلەش سىستېمىسى» «سخېما شەكلى» قاتارلىقلار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن مەنىداش سۆز، ئۇ تاشقى ئۇچۇرلارنى سۇبيېكتقا كىرگۈزگەندىن كېيىن يېڭى ئۇچۇرلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ ئاساسى بولىدۇ. بىر ئادەم نۆۋەتتە ئېرىشكەن ئۇچۇرلار بىلەن ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان ئەندىزىسىنى سېلىشتۇرۇپ، بۇ خىل ئەندىزىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى، بەلكى ئالدىن نىشان بېرىلگەن يېڭى نەرسىلەرنى بىلىۋالىدۇ. ئادەم ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇچۇرغا ئېرىشىدۇ، بەلگە شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، بىلىش ياكى بىلىشنىڭ ئۆسۈشىنى مۇھاكىمە قىلغاندا بەلگە سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھاكىمە قىلىش لازىم. بەلگە سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

1) ھەرىكەت خاراكتېرلىك نىشان. بۇ باسقۇچتا باللار ئەمەلىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ، كېيىن مۇۋاپىق ھەرىكەت ئىنكاسى ئارقىلىق ئىلگىرىكى ئىشلارنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈپ يادىغا ئالالايدۇ.

2) تەسۋىرىي خاراكتېرلىك نىشان. بۇ باسقۇچتا باللاردا تەسەۋۋۇر شەكىللىنىپ، شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەسۋىر بىلەن شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى سۈرەت بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ.

3) بەلگە خاراكتېرلىك نىشان. بۇ باسقۇچتا باللار بەلگە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قايتا گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ بەلگىلەر بىۋاسىتە شەيئىنىڭ ئۆزى ئەمەس. شۇنداقلا رېئال دۇنيانىڭ قايتا كۆچۈرۈلمىسىمۇ ئەمەس، بەلكى ئابستراكت، ۋاسىتىلىك ۋە ئىختىيارىي بولغان بولىدۇ. بۇ بەلگىلەردىن كىشىلەر ئۇلار ئەزەلدىن بولمىغان ۋاسىتىلىك ئۇچراشقان شەيئىلەرنى پەرەز قىلالايدۇ. تىل بەلگىلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان بىر تۈر. تىل ئارقىلىق كىشىلەر پىلان تۈزىدۇ، باشقىلارنىڭ غەرىزىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىدىيە ئالماشتۇرىدۇ، مەدەنىيەت كۆزقارىشىنى يەتكۈزىدۇ.

2. تۇرگە ئايرىش ۋە سىفىرلاشتۇرۇش

ئەقلىي قۇرۇلما ئىقتىدار جەھەتتىن قارىغاندا بىر سىفىرلاشتۇرۇش

سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ، بىر گورۇپپا ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان، كونكرېتنى بولمىغان تۇردىن تەشكىل تاپقان. سىفىرلاشتۇرۇش سىستېمىسى بىر قاتلاملىق قۇرۇلما سىستېمىسى بولۇپ، بىر قەدەر ئالىي دەرىجىلىك تۇرگە ئايرىش نىسبەتەن ئومۇملاشتۇرۇلغان بولىدۇ. بىر قەدەر تۆۋەن دەرىجىلىك تۇرگە ئايرىش نىسبەتەن كونكرېتنى بولىدۇ.

ئادەمنىڭ سىفىرلاشتۇرۇش سىستېمىسى ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىدۇ ۋە قايتا گورۇپپىلىنىدۇ. ئۆگىنىشنىڭ جەريانى تۇرگە ئايرىش ۋە ئۇنىڭ نومۇر خاتىرىلەش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ ئوخشاش تۇردىكى شەيئىلەرنى باغلاشتۇرۇپ ھەم ئۇنىڭغا مەنە قۇرۇلمىسى بېرىش جەريانىدىن ئىبارەت.

برونېرنىڭ قارىشىچە، بىلىم ئۆگىنىش ئۇچ باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، يېڭى بىلىمگە ئېرىشىش، يېڭى بىلىم ئەسلىدە بار بولغان بىلىم بىلەن زىت بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئەسلىدە بار بولغان بىلىم قۇراشتۇرۇلۇشى، گورۇپپىلىنىشى ياكى ئورنىغا ئالمىشىشىمۇ مۇمكىن.

ئىككىنچى، بىلىمنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان شەكىللەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئەڭ دەسلەپكى بىلىم بەرگەن پاكىتنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ، شۇنداق قىلىپ تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئىگە بولىدۇ.

ئۇچىنچى، باھا بېرىش، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بۇ بىر ۋەزىپىگە ماس كېلەمدۇ-كەلمەمدۇ، ئومۇملاشتۇرۇشقا بولامدۇ-بولمامدۇ دېگەنلەرنى تەكشۇرىدۇ.

ھەرقانداق بىر پەننى ئۆگىنىش دائىم بىر قاتار بۆلەكلەرنى تەشكىل تاپىدۇ، ھەربىر بۆلەك ھەمىشە بىلىمگە ئېرىشىش، ئالماشتۇرۇش، باھا بېرىشتىن ئىبارەت ئۇچ جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىلار پاسسىپ ھالدىكى بىلىم قوبۇل قىلغۇچى بولماستىن، بەلكى ئاكتىپ ھالدىكى ئۇچۇر پىششىقلاپ ئىشلىگۇچى بولىدۇ.

3. ئۆگىنىش ۋە ئوقۇتۇش توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ

برونېرنىڭ قارىشىچە، قايسى پەننى ئوقۇتۇشتىن قەتئىينەزەر ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ئىگىلىشى زۆرۈر. بۇ خىل ئاساسىي قۇرۇلمىنىڭ رولى، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە

جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، شۇ پەننىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلەشكە پايدىلىق. ئىككىنچى، ئۆگىنىش مەمۇنىنى خاتىرىلەشكە پايدىلىق. ئۈچىنچى، ئۆگىنىشنىڭ كۆچىيىشىگە پايدىلىق. تۆتىنچى، ئۆگىنىش مۇددىئاسى ۋە ئۆگىنىش قىزىقىشىنى قوزغاشقا پايدىلىق. بەشىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

بىلىم قۇرۇلمىسى مەلۇم بىر پەن ساھەسى توغرىسىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، ئادەتتىكى ئومۇمىي قائىدىنى ئىگىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، بەلكى يەنە ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. برونېرنىڭ قارىشىچە، بىلىم قۇرۇلمىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. ئۇنىڭ «ھەرقانداق پەننىڭ ئاساسى مەلۇم شەكىلدىن پايدىلىنىپ ھەرقانداق ياشتىكى ھەرقانداق ئادەمگە ئۆگىتىشكە بولىدۇ» غانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈمى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە بىۋاستە تەپەككۇرنىڭ قىممىتى ۋە ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ رولىنى تەكىتلەيدۇ.

4. بايقاپ ئۆگىنىش

برونېر ئوتتۇرىغا قويغان بايقاش ئاساسلىقى ئىنسانلار تېخى بىلمىگەن شەيئىلەرنى بايقاشنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۆز مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزى بىلمىگە ئېرىشىشنىڭ بىر خىل شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئوقۇتقۇچى شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىزدىنىپ، بايقاپ، ھەل قىلىدىغان مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە پەرەز قىلىپ بىلىم ئىگىلەش مەقسىتىگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە بايقاپ ئۆگىنىش ئەقىل-پاراسەت، يوشۇرۇن قابىلىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تاشقى رىغبەتلەندۈرۈشنى ئىچكى مۇددىئاغا ئايلاندۇرۇپ، بايقاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ۋە تاكتىكىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۇچۇرنىڭ ساقلىنىشى ۋە ئىزدەپ تېپىش قاتارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

## 3. ئاۋسۇبېلنىڭ مەنىلىك ئۆگىنىش نەزەرىيىسى

ئاۋسۇبېل (D. P. Ausubel) ئامېرىكا مائارىپ پسىخولوگى، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەزەرىيىسى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئۆگىنىش پسىخولوگىيىسىدە

قوللانغان بىر مۇكەممەل نەزەرىيە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق نۇقتىلىرى:

1. مەنىلىك ئۆگىنىشنىڭ ماھىيىتى

مەنىلىك ئۆگىنىش دېگىنىمىز — بەلگە ۋەكىللىك قىلغان يېڭى بىلىم بىلەن ئۆگەنگۈچىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىدا ئەسلىدە بار بولغان مۇۋاپىق كۆزقارىشى ئوتتۇرىسىدا غەيرىي سۈنئىي بولغان ۋە ماھىيەتلىك بولغان باغلىنىش ئورنىتىش جەريانىدىن ئىبارەت. «غەيرىي سۈنئىي بولۇش» بىلەن «ماھىيەتلىك بولۇش» نىڭ مۇناسىۋىتى ھازىرقى ئۆگىنىش قارىشى بىلەن ئۆگەنگۈچىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك قارىشىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بىلىم قۇرۇلمىسى بىر ئادەمنىڭ قاراشلىرىنىڭ پۈتۈن مەزمۇن بىلەن بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىلىم ساھەسىدىكى قاراشلىرىنىڭ سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مەنىلىك ئۆگىنىش كونا-يېڭى بىلىملەرنىڭ قوشۇلۇش جەريانى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. قوشۇلۇش شۇنى كۆرسىتىدىكى (1) نۆۋەتتىكى بىلىمنى مۇناسىۋەتلىك بىلىم قۇرۇلمىسىغا كىرگۈزىدۇ؛ (2) نۆۋەتتىكى ئۇچۇرلارنى باغلاشتۇرۇپ ئۆزىدە بار بولغان ئۇقۇم سىستېمىسى ئىچىگە كىرگۈزىدۇ؛ (3) ئالدىنقىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىدىن نۆۋەتتىكى ئۆگىنىش قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ھەم يېڭى بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىش.

2. مەنىلىك ئۆگىنىشنىڭ تۈرى

مەنىلىك ئۆگىنىش ئاساسلىقى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: يەنى بەلگە ئارقىلىق ئۆگىنىش ۋە سوئاللىق ئۆگىنىشتىن ئىبارەت، بەلگە ئارقىلىق ئۆگىنىش يەككە بەلگە ياكى بىر گۇرۇپپا بەلگىلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. ئەڭ تىپىك بولغىنى سۆزلۈكلەرنى ئۆگىنىش. سۆزلۈك ئۆگىنىشتە ئۆگەنگۈچى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن بەلگىلەرنىڭ مەنىسىنى ئىگىلەپ، تاۋۇش، شەكىل، مەنە ئارىسىدا باغلىنىش ئورنىتىش لازىم.

ئۇقۇم ئۆگىنىش — ئۇقۇم شەكىللەندۇرۇش ۋە ئۇقۇمنى بىرلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇقۇمنى شەكىللەندۇرۇش ئۆگەنگۈچىنىڭ كۆپلىگەن ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەلىللىرى ئىچىدىن ئۇقۇمنىڭ ھالقىلىق ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ، كۆپ مىقداردىكى (ئادەتتىكى) كۆندىلىك تۇرمۇش ئۇقۇملىرى مۇشۇ خىل شەكىل ئارقىلىق شەكىللەندۇرۇلىدۇ. ئۇقۇملارنىڭ

قوشۇلۇشى — ئوقۇتۇش شارائىتى ئاستىدا ئۇقۇمغا ئېنىقلىما بېرىش شەكلى ئارقىلىق ئۆگەنگۈچىنى ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىۋاستە تەمىنلەپ، ئۆگەنگۈچىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ئىچىدە ئەسلىدە بار بولغان مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملاردىن پايدىلىنىپ يېڭى ئۇقۇمنى ئىگىلەيدۇ. سوئاللىق ئۆگىنىش — بىر نەچچە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ئۇقۇملارنىڭ بىرىككەن مەنىسىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت.

3. يېڭى بىلىم مەنىسى ئىگە بولغان ئاسسىمىلياتسىيە شەكلى

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل تۈردىكى ئۆگىنىش، ئۆگىنىش ماتېرىيالىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ تۈرگە ئايرىلغان. ئۇنداقتا، تۈرلۈك ماتېرىياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆگەنگۈچى ئاسسىمىلياتسىيە ئارقىلىق غەيرىي سۈنئىي بولغان ماھىيەلىك باغلىنىشنى قانداق ئورنىتىدۇ؟ ئاۋسۇبېلنىڭ قارىشىچە، قوشۇۋېلىشنىڭ شەكلى ئۈچ خىل بولىدۇ، يەنى تۈرلەندۈرۈپ قوشۇۋېلىش، ئومۇملاشتۇرۇپ قوشۇۋېلىش ياكى تۈرلەندۈرۈپ ئۆگىنىش بىر تۆۋەن ئورۇنلۇق دەرىجىلىك ئۇقۇمنى ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇقۇمغا كىرگۈزۈش ياكى كونا-يېڭى ئۇقۇم ئارىسىدا باغلىنىش ئورنىتىشنى كۆرسىتىدۇ. تۈرلەندۈرۈپ ئۆگىنىش ئىككى خىل تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، ھاسىلىي تۈرلەندۈرۈش، بۇ يەردىكى يېڭى بىلىم كونا بىلىمنىڭ ھاسىلاتى، ھاسىلىي تۈرلەندۈرۈش يېڭى بىلىمنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇقۇم ئىچىگە كىرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇقۇم تولۇقلىنىدۇ ھەم يېڭى ئۇقۇمنى مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. يەنە بىرى، باغلاشتۇرۇپ تۈرلەندۈرۈش، بۇ يېڭى ئۆگىنىش مەزمۇنى بىلەن ئەسلىدە بار بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇقۇملارنى ئۆزئارا باغلاپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق يېڭى مەزمۇننى ئەسلىدە بار بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك قۇرۇلما ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئەسلىدە بار بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك قۇرۇلمىنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئەمەلىيەتتە يىغىنچاقلاپ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشتىن ئىبارەت، يەنى ئەسلىدە بار بولغان بىرقانچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوقۇغۇچىلار ئاساسىدا يېڭى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇقۇملارنى ئورىيالايدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇقۇملارنى بەرپا قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان، بىراق يەنە پەرقلىق بولغان بىرقانچە ئۇقۇملار ئارىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشنى بەلگىلەشتىن

ئىبارەت.

ئاۋسۇبىل يەنە بايقاپ ئۆگىنىشنىمۇ تىلغا ئالغان، بىراق ئۇ كۆرسەتكەن بايقاپ ئۆگىنىش برونېرنىڭ بايقاپ ئۆگىنىشكە ئوخشىمايدۇ. ئاۋسۇبىلنىڭ قارىشىچە، بايقاپ ئۆگىنىش ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارغا ھۆكۈم شەكلىدە نامايان (گەۋدىلەندۈرۈپ) قىلىپ بېرىش بولماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنى ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى بىلىم قۇرۇلمىسىغا كىرگۈزۈشتىن ئاۋۋال ئالدى بىلەن مەلۇم پىسخىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش، مەسىلەن، ئۆگىنىش مەزمۇنىغا قارىتا يېڭىۋاشتىن رەتكە تىزىش، يېڭىۋاشتىن تەشكىللەش ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بايقاپ ئۆگىنىش يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۈچ خىل قوشۇۋېلىش شەكلى ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ.

## §2 . ئۆگىنىش مۇددىئاسى

### 1 . ئۆگىنىش مۇددىئاسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

#### 1 . ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ تەبىرى

ئومۇمەن ئۆگىنىش مۇددىئاسى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيدىغان ۋە قوزغىتىدىغان ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەپ قارىلىدۇ. ئۆگىنىش پائالىيىتىدە، ئۆگىنىش مۇددىئاسى مەسىلىسى ئەمەلىيەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر مەسىلە. ئوقۇتقۇچى، ئائىلە باشلىقلىرى، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش مۇددىئاسى، ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېتەكلەش ۋە ساقلاش رولىنى تولۇق تونۇپ يەتتى، بىراق ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىگىلەشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى: قايسى خىل ئامىللار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ساقلاش ۋە يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ؟ بۇ ئامىللار ۋە ھەرقايسى ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش شەكلىنى مۇھاكىمە قىلىش دەل ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان يادرولۇق مەسىلە. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى «ئۆگىنىش

پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مېخانىزمى» دەپ تەبىر بېرىش ئەڭ مۇۋاپىق[1] . بۇ تەبىرگە ئاساسلانغاندا، بىز ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلە شۇكى: (1) ئۆگىنىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئامىللىرى قايسىلار؟ (2) تۈرلۈك ئامىللار ئۆگىنىش داۋامىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ نېمە رول ئوينايدۇ؟ قانداق رول ئوينايدۇ؟ (3) ھەرقايسى ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر قانداق بولىدۇ؟ (4) تەلىم-تەربىيىچىلەر بۇ ئامىللارنى تىزگىنلەش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قانداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئۆگىنىشى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسى بولماستىن، بەلكى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەلىپى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت كۆزقارىشى، مەسىلەن: ئېتىقاد، ھەرىكەت ئۆلچىمى، قىممەت، پوزىتسىيە، شەخسنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكى، كەيپىيات، ئىرادە، ئادەت، قىزىقىش، نىشان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىشتە مۇھىم رولغا ئىگە. شۇڭلاشقا، ئۆگىنىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئامىلىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئۇنىڭ كىلىش مەنبەسىنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكىنى ۋە مۇرەككەپلىكلىكىنى ئويلىنىپ كۆرۈش زۆرۈر. بىراق يەنە بىر جەھەتتىن، ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيەت، شەخسىي تەجرىبە، ئەھۋال ياكى فىزىئولوگىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم پەۋقۇلئاددە پسىخىك پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېتەكلەش ۋە ساقلاپ قېلىش زۆرۈر. شۇڭا، پسىخولوگىيە ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى تەتقىق قىلغاندا مۇھىم نۇقتىنى ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ پسىخىك تەركىبلىرىنى ۋە رول ئويناش مېخانىزمىنى چۈشىنىشكە قارىتىش لازىم.

ئەمما، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسى بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەسلىكتىن، شۇڭا ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى قانداق يېتىلدۈرۈش ھەم قوزغىتىشنى مۇھاكىمە قىلغاندا مۇھىم نۇقتىنى يەنە ئوبيېكتىپ ۋە

---

(1) چۇڭ جىلياڭ «قۇرۇلما — ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىش، ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە ئىزدىنىش» بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992-يىلى نەشرى 1-قىسىم 126-بەت.

سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى كەڭ دائىرىلىك كېلىش مەنبىيى تەرەپلەرگە قارىتىش كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چۈشەندۈرۈشلەر ئارقىلىق بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ تەبىرى شۇنداق ئاددىي ھالدىكى ئۇ «نېمە» دېگەننى كۆرسەتمەيدۇ بەلكى بۇ بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئۇ بېسىپ ئۆتىدىغان ئۆزگىرىش مىقدارىنى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى پەرەز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىر پايدىلىنىش رامكىسى بەلگىلىشىمىز لازىم. يۇقىرىقى مۇددىئا ئوقۇمى توغرىسىدىكى تەھلىللەرنى 2.6-جەدۋەلدىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ.




2.6-جەدۋەل. ئۆگىنىش مۇددىئاسى قۇرۇلمىسى سخېمىسى

يۇقىرىقى سخېمىدىن پايدىلىنىپ، بىز ئۆگىنىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئامىللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەرتىپلىك بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ سىستېمىلىق كۆزىتىش ئېلىپ بارالايمىز ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز.

## 2. ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ تۈرى

ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ، ئادەتتىكىدەك ئومۇملاشتۇرۇلغان مۇددىئا ۋە ئالاھىدە كونكرېت مۇددىئا، ئالىيجاناب ۋە پەس مۇددىئا، يىراق كەلگۈسى ۋە قىسقا ۋاقىتلىق مۇددىئا، ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز مۇددىئا، يېتەكچى مۇددىئا ۋە ياردەمچى مۇددىئا قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

مۇددىئانىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىگە ئاساسەن، يەنە مۇددىئانى ئىچكى مۇددىئا ۋە تاشقى مۇددىئا دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىچكى مۇددىئا ئىچكى ئامىلدىن پەيدا بولغان پائالىيەت مۇددىئاسىنى كۆرسىتىدۇ. شەخس ئېنتىلىدىغان مۇكاپات پائالىيەتنىڭ ئىچكى ئامىلدىن كېلىدۇ، يەنى پائالىيەتنىڭ ئۆزىدىكى مۇۋەپپەقىيەت شەخسكە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى مۇكاپات. مەسىلەن، بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىچكى مۇددىئا كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، بىلىشنىڭ ئىچكى قوزغىتىش كۈچى بىر خىل ئىچكى مۇددىئادۇر.

تاشقى مۇددىئا تاشقى ئامىلدىن پەيدا بولغان پائالىيەت مۇددىئاسىنى كۆرسىتىدۇ. شەخس ئېنتىلىدىغان مۇكاپات پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى پائالىيەت ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەت ياكى مۇكاپاتتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىش تاشقى مۇددىئا كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، قوشۇمچە ئىچكى قوزغىتىش كۈچى، ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىچكى قوزغىتىش كۈچى تاشقى مۇدەئاغا تەۋە.

## 2. ئۆگىنىش مۇددىئاسى ھەققىدە تەھلىل

ئۆگىنىش مۇددىئاسى بىر خىل ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك مۇددىئا بولۇپ، «قوزغىتىش» كۈچى ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بەلگىلىگەن شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىدىن كېلىدۇ، «تارتىش» كۈچى ئىجتىمائىي قىممەت سىستېمىسىدىن كېلىدۇ. «قوزغىتىش» كۈچى بىلەن «تارتىش» كۈچى ئۆز ئارا تەسىرنىڭ نەتىجىسىدە شەخستە مەلۇم خىلدىكى پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلۈك رولغا ئىگە بولغان، پىسخىك قۇرۇلما شەكىللىنىدۇ. ئۆگىنىش مۇددىئاسى توغرىسىدىكى تەھلىل ئاساسلىقى

تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن تەشكىل تاپىدۇ.

### 1. ئۆگىنىشنىڭ مەقسەتچانلىقى

مەقسەتچانلىق ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان مۇھىم ئامىل. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە شەخسىي ئەھمىيىتىنى تونۇشقا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئاڭلىق، ئېنىق مەقسەت بولغاندىلا، ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى زور قىزغىنلىق ۋە زېھنى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنەلەيدۇ.

ئۆگىنىش مەقسىتىنىڭ رولىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كونكرېت نىشان بەلگىلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش زۆرۈر. ئوقۇغۇچىلار يىراق كەلگۈسى نىشان بىلەن يېقىن مەزگىللىك نىشاننى ئەڭ ياخشى بىرلەشتۈرگەن ۋاقىتتا، نىشان ئاندىن رول ئوينايدۇ. كىشىلەر دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتقان «چوڭ ئىشنى كۆزدە تۇتۇش، كىچىك ئىشتىن قول سېلىش»، «چوڭ لايىھە بولۇش، قىسقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش» دېگەندە، يىراق-يېقىن نىشاننى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش تەكىتلەنگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شەخسىي نىشان بىر تەرتىپلىك سىستېما بولۇش كېرەك، ئالدىنقى نىشان دائىم كېيىنكى بىر نىشاننىڭ ئاساسى.

### 2. مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسى

مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسى خىزمەتنى ناھايىتى ياخشى ئورۇندىماقچى بولغاندا، خىزمەت داۋامىدا ئەلا نەتىجە يارىتىدىغان ئەنە شۇ خىل مۇددىئادىن ئىبارەت، يەنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، نىشاننى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر خىل مۇددىئادىن ئىبارەت.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىشانى بېكىتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسىنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان تەسىرى:

بىرىنچى، مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسى يۇقىرى ئادەم، مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسى تۆۋەن ئادەمگە قارىغاندا ئۆگىنىشتە تېخىمۇ ئەلا نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئىككىنچى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىشانى بېكىتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا، مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسى يۇقىرى ئادەم ئۆگىنىش ۋەزىپىسىگە قارىتا تېخىمۇ يۇقىرى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى، تېخىمۇ ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتىنى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن جان پىدا قىلىش مايىللىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈچىنچى، مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسى يۇقىرى ئادەم ئۆزىنىڭ نىشان سەۋىيىسىنى ئېنىق بەلگىلەپلا قالماي، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق تاشقى جەلپ قىلىش ئامىللىرىنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر ئاز ئۇچرايدۇ.

تۆتىنچى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇددىئاسى يۇقىرى ئادەم يەتمەكچى بولغان زۆرۈر نىشان ۋە نىشانغا يېتىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ ئەڭ ياخشى چۈشىنەلەيدۇ.

## 3. سەۋەبكە يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى (سەۋەب كۆرسىتىش ئۇسۇلى)

سەۋەبكە يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىلىنى چۈشىنىشكە ئېنتىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆگىنىش پائالىيىتىدە، ئوقۇغۇچىلار دائىم ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتكە قارىتا سەۋەب كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئوخشىمىغان سەۋەبتىن ئوخشاش بولمىغان كەيپىيات ئىنكاسى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇددىئا كۈچىيىدۇ ياكى ئاجىزلايدۇ. سەۋەبكە يىغىنچاقلاش نەزەرىيىسىنىڭ قارىشىچە، قابىلىيەت، تىرىشچانلىق، ۋەزىپىسىنىڭ قىيىنچىلىق دەرىجىسى ۋە ئامەت كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى چۈشەندۈرگەن ۋاقتىدا دائىم قوللىنىدىغان تۆت خىل ئاساسلىق سەۋەبدۇر. بۇ تۆت تۈرلۈك سەۋەبنى كونترول قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىچكى ئامىل ۋە تاشقى ئامىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ؛ تۇراقلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز ئامىل دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ، كونترول قىلىنىشقا ئاساسەن كونترول بولىدىغان ئامىل ۋە بولمايدىغان ئامىل دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، 6.1-جەدۋەلدە كۆرسەتكەندەك بولىدۇ.

## 6.1-جەدۋەل. سەۋەبكە يىغىنچاقلاش سخېمىسى

| | تۇراقلىقى | | كونترول قىلىش نۇقتىسى | | تىزگىنلەشچانلىقى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | تۇراقلىق | تۇراقسىز | ئىچكى | تاشقى | تىزگىنلىنىدىغان | تىزگىنلەنمەيدىغان |
| قابىلىيەت | ✓ | | ✓ | | | ✓ |
| تىرىشچانلىق | | ✓ | ✓ | | ✓ | |
| ۋەزىپىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى | ✓ | | | ✓ | | ✓ |
| ئامەت | | ✓ | | ✓ | | ✓ |

كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئارقىلىق سەۋەبكە يىغىنچاقلاش نەزەرىيىسىنىڭ قارىشىچە: (1) شەخسىي مۇۋەپپەقىيىتىنى قابىلىيەت، تىرىشچانلىق قاتارلىق ئىچكى ئامىللارغا يىغىنچاقلىغاندا، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتكەن، ۋەزىپە ئاسان ياكى ئامەتى كەلگەن ۋاقىتىدا، رازى بولۇش تۇيغۇسى ناھايىتى ئاز پەيدا بولىدۇ. مەغلۇب بولۇشنىڭ سەۋەبى ئىچكى ئامىلغا يىغىنچاقلانغاندا ئاسانلا ئازابلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەگەر تاشقى ئامىلدىن دەپ قارالسا ئۇنداقتا ئىزا تارتىش، نومۇس قىلىش بىرقەدەر ئازراق پەيدا بولىدۇ. مەيلى مەغلۇبىيەت بولسۇن ياكى مۇۋەپپەقىيەت بولسۇن، تىرىشچانلىق ئامىلى تۇپەيلىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك كەيپىيات تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. (2) ئوخشاش تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋاقىتتا، قابىلىيىتى تۆۋەن كىشىلەر تېخىمۇ زور مۇكاپاتقا ئېرىشىشى كېرەك. (3) قابىلىيىتى تۆۋەن، ئەمما تىرىشچان ئادەم ئەڭ يۇقىرى باھاغا ئېرىشەلەيدۇ ياكى ئېرىشىدۇ، قابىلىيىتى يۇقىرى ئەمما، تىرىشمايدىغان ئادەم ئەڭ تۆۋەن باھاغا ئېرىشىدۇ.

## 4. بىلىشنىڭ ئىچكى تۇرتكىلىك كۈچى

بىلىشنىڭ ئىچكى تۇرتكىلىك كۈچى، شەخسنىڭ شەيئىلەرنى بىلىش ۋە ئىگىلەشتىكى بىر خىل تەلىپى ۋە بىلىم ئىگىلەش تەلىپى، شۇنداقلا مەسىلىنى سىستېمىلىق ھالدا بايان قىلىش ھەم مەسىلە ھەل قىلىش ئېھتىياجىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىلىشنىڭ ئىچكى تۇرتكىلىك كۈچى كۆپ ھاللاردا قىزىقىش مايىللىقىدىن، مەسىلەن ئىزدىنىش، مەشغۇلات قىلىش، چۈشىنىش ھەمدە مۇھىتقا ماسلىشىش

قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك پىسخىك ساپاسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئەڭ دەسلەپكى قىزىقىشى قاتارلىق پىسخىك ساپا پەقەت بىر خىل يوشۇرۇن، ئەمما ھەقىقىي بولمىغان مۇددىئادىنلا ئىبارەت، چۈنكى ئۇ تېخى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مەزمۇن ۋە يۆنىلىشكە ئىگە ئەمەس. شەخس ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئارقىلىق ئاندىن ھەقىقىي ئىپادىلىنىدۇ، ئاندىن ئالاھىدە بەلگىلەنگەن نىشانغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەلۇم پەنگە بولغان بىلىشىنىڭ ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچى ياكى قىزىقىشى تۇغما بولمايدۇ، بەلكى ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، ئۇ بەلگىلىك ئۆگىنىش تەجرىبىسىگە باغلىق بولىدۇ. مەنىلىك ئۆگىنىش داۋامىدا بىلىشنىڭ ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچى بىر تۈرلۈك ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تۇراقلىق بولغان مۇددىئادىن ئىبارەت. بۇ خىل مۇددىئا ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل مۇددىئانى قانائەتلەندۈرىدىغان مۇكاپات ئۆگىنىشنىڭ ئۆزىدىن بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىچكى مۇددىئا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## 5. ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى

ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچى شەخسىي ئۆزىنىڭ پىسخىك ئىقتىدارىنى ۋە خىزمەت قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، مۇناسىپ ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىش ئېھتىياجىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئېھتىياج بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن باشلىنىپ كۈندىن-كۈنگە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، تەدرىجىي ھالدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇددىئاسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ تۈرتكىلىك كۈچى بىلىشنىڭ ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچى بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ بىۋاستە ۋەزىپىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلماستىن، بەلكى مۇۋەپپەقىيەتنى ئورۇن ۋە غۇرۇرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋاسىتىسى دەپ قارايدۇ، مۇقەررەركى، بۇ بىر خىل تاشقى مۇددىئادۇر. بۇ خىل مۇددىئا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مەزگىلىدە تىرىشىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئالدىن ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىر تۈرلۈك باسقۇچى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئەسلىي ھاياتى ياكى كەسپىي ھاياتىدا بولۇپ، تۆھپە يارىتىش ۋە ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان

بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. مائارىپ پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل مۇددىئانىڭ ئۆگىنىش داۋامىدىكى رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ناھايىتى ئاز ساندىكى بەزى كىشىلەر سىستېمىلىق ئۆگىنىش داۋامىدا ماتېرىيالنى ئىگىلەشنى ئۆگىنىشنىڭ ئەسلىي نىشانى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مۇددىئاسىنى مۇۋاپىق قوزغىتىش ئىنتايىن زۆرۈر. بىراق، بۇ خىل ئىچكى قوزغىتىش كۈچىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەش مەنپەئەت پەرەسلىك خائىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۆگىنىشنى بىر خىل تېتىقسىز، مەنىسى يوق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇ مۇبادا ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرسىمۇ، بىراق ئۆگىنىشنى قىزىقىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

## 6. ئالاقىدىكى ئىچكى قوزغىتىش كۈچى

ئالاقىدىكى ئىچكى قوزغىتىش كۈچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ماختىشى ياكى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىپادىلىگەن ئۆگىنىشنى ياخشىلاشنىڭ بىر خىل ئېھتىياجىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئىچكى قوزغىتىش كۈچىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ئۈچ شەرتكە ئېھتىياجلىق: بىرىنچىسى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن پېشقەدەملەر ھېسسىيات جەھەتتە بېقىنىشچانلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك، پېشقەدەملەر ئوقۇغۇچىلار ئىنتىلىدىغان ۋە ئۆرنەك قىلغان ئوبيېكتى. ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىلار ئېرىشكەن مۆتىۋەرلەرنىڭ ماختاش ياكى ئېتىراپ قىلىشلىرىدىن بىر خىل ھاسىلىي ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. ھاسىلىي ئورۇن دېگىنىمىز، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مۇۋەپپەقىيەت سەۋەبى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى ئۈزلۈكسىز ھالدا مەلۇم ئادەم ياكى مەلۇم ئادەملەرنى ئۆرنەك قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىشتىن ئىگە بولغان ئۈزلۈكسىز ماختاش ياكى ئېتىراپ قىلىنىشلاردىن كېلىپ چىققان ئورۇن ۋە تەمىناتنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، بۇ خىل ھاسىلىي ئورۇننىڭ ساقلىنىشىدىن بەھرىمەن بولغان ئادەم ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئۈمىدىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، مۆتىۋەرلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ ھەم ئۇنى ساقلاپ قالىدۇ، بۇنداق ماختاش دائىم بىر ئادەمنىڭ ھاسىلىي ئورنىنى بەلگىلەيدۇ ۋە تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ.

ئۇسۇبورىنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، بىلىشنىڭ ئىچكى تۈرتكىلىك

كۈچى، ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىنىڭ ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچى ۋە ئالاقىدىكى ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچى مەكتەپ مۇھىتىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. بۇ ئۈچ مۇددىئا ئادەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى، جىنسىي پەرقى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىنسانىي پەزىلەت قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەندە زور دەرىجىدە ئوخشاش بولمايدۇ. ئالاقىدىكى ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچى بالىلىق مەزگىلدە ئەڭ گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇلار ئاساسلىقى ئاتا-ئانىلارنىڭ ماختىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئارقىلىق ھاسىلىي ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ئورۇننىڭ شادلىقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بالىلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىلى ۋە ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا، ئالاقە ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى جەھەتلەردە ئاجىزلاپلا قالماي، بەلكى ئاتا-ئانىلاردىن تەڭتۇش ھەمراھلىرىغا بۇرۇلۇشقا باشلايدۇ.

## 3. ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى قوزغىتىش

### 1. مەسىلە ھالىتىنى يارىتىش

مەسىلە ھالىتىنى يارىتىش، يېڭى ئۆگىنىش مەزمۇنى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلگىرى بار بولغان تەجرىبىلىرىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ھازىرقى بار تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ نۆۋەتتىكى يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلالمىغانلىقتىن، شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئاكتىپ ئىزدەندۈرۈش ئارقىلىق، پىسخىكا جەھەتتىكى توقۇنۇش ھالىتىنى تۆگىتىشتىن ئىبارەت.

مەسىلە ھالىتىنى يارىتىش، ئوقۇتقۇچىدىن بىر تەرەپتىن، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى پىششىق بىلىش، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىگىلەش، كونا-يېڭى بىلىم ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ھالىتىنى چۈشىنىش، مۇشۇ ئاساستا مۇۋاپىق بولغان قىيىن ھالەتنى يارىتىش زۆرۈر. مەسىلە بەك ئاسان ياكى بەك قىيىن بولسا، ئوخشاشلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى قوزغىتىشقا پايدىسىز. ئومۇمەن، ئوتتۇرا ھال قىيىنلىق دەرىجىدىكى مەسىلە ھالىتى نىسبەتەن

مۇۋاپىق دەپ قارىلىدۇ. مەسىلە ھالىتىنى يارىتىش تاپشۇرۇقنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ تاپشۇرۇقنىڭ يېشىلىشىنى ساقلاپ قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بولۇپمۇ، مەزمۇنىنىڭ يېشىلىشى شەكلىنىڭ يېشىلىشىغا قارىغاندا تېخىمۇ زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

## 2. ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ قايتما تەسىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش

ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ۋاقتىدا بىلدۈرۈپ، مۇناسىپ دەرىجىدىكى قوزغىتىش رولىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. چۈنكى ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلەش دەرىجىسىنى، نەتىجىسىنى ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدىكى بىلىمىنى ئىشلىتىشىنىڭ ئۈنۈمى قاتارلىقلارنى بىلسە، يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش ئارزۇسى قوزغىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قايتما تەسىر ئارقىلىق يەنە ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە خاتالىقىنى ۋاقتىدا كۆرۈپ يېتىپ، ۋاقتىدا ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىدۇ. ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ قايتما تەسىرىدىن پايدىلانغاندا، ئوقۇتقۇچى قايتما تەسىرنىڭ ۋاقتىدا بولۇشىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر، بولمىسا قايتما تەسىر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى ئۇزارغانسېرى مۇددىئانى قوزغىتىش رولىنى ئوينىيالمايدۇ.

## 3. مۇسابىقىنى مۇۋاپىق قانات يايدۇرۇش

ئۆگىنىش مۇسابىقىسى مۇسابىقە داۋامىدا ئىسىم تەرتىپىنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئامال قىلىپ ئۆگەنگۈچى ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى ئىچكى قوزغىتىش كۈچى ۋە ئالاقە قوزغىتىش كۈچىنى قوزغاش ئارقىلىق ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى قوزغىتىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مۇسابىقە مۇئەييەن ئىجابىي رول ئوينايدۇ، بىراق پاسسىپ تەسىرمۇ پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، تەشكىللەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. مۇسابىقە داۋامىدا، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. ئۇندىن باشقا، تۈرلۈك ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەپ ھەربىر ئوقۇغۇچىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش لازىم، بولۇپمۇ بىر قىسىم گەۋدىلىك ئالغا باسقان ئوقۇغۇچىلارنى (مەسىلەن، ئىلگىرى

دائىم لاياقەتسىز بولۇپ، ھازىر دائىم لاياقەتلىك بولغان ئوقۇغۇچىلارنى) رىغبەتلەندۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، مۇسابىقە گەرچە بەلگىلىك رىغبەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق قانداقلا بولمىسۇن بۇ بىر خىل قوشۇمچە ۋاستە. ئۆگىنىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلماي، بەلكى كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىگە تايىنىپ ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلغاندا ئۇنۇم كۆرۈلۈش ناھايىتى قىيىن.

## 4. تەقدىرلەش ۋە تەنقىدلەشتىن توغرا پايدىلىنىش

توغرا بولغان تەقدىرلەش ۋە تەنقىدلەش ئوقۇغۇچىلارنى مۇۋاپىق بولغان ۋە مۇۋاپىق بولمىغان ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنداقلا كۈچلەندۈرۈش رولىغا ئىگە، يەنى مۇستەھكەم توغرا ھەرىكەتلەرنى ساقلاپ قىلىپ، توغرا بولمىغان ھەرىكەتلەرنىڭ رولىنى يوقىتىدۇ. تەسىرى جەھەتتىن قارىغاندا، مۇكاپاتلاش ئوقۇغۇچىلاردا خۇشال-خۇرام كەيپىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەننىي مەزمۇنلارغا تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. بىلىش ئېھتىياجىنىڭ كۈچىيىشى ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. نەتىجىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ كۆپ ماختاشلارغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئالاقە ئېھتىياجى ۋە ئۆزىنى قودرەت تاپقۇزۇش ئېھتىياجى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قانائەتكە ئېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر خىل ياخشى خاراكتېرلىك ئايلىنىش شەكىللىنىپ ئوقۇغۇچىلاردا ھاياتىي كۈچى زور بولغان ئۆگىنىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بارلىققا كېلىدۇ. جازالاشنى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوللىنىش لازىم. جازالىغان ۋاقىتتا مۇۋاپىق بولمىغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىپ قويۇپلا قالماي، يەنە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەرىكەتلەرنىمۇ كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا جازالانغۇچى قانداق قىلىشنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. يەنە جازالاش پاسسىپ كەيپىيات تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىپ، روھىي بېسىم، تەشۋىشلىنىش، چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق ھالەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مۇددىئا ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئادەتتە، جازالاشنىڭ رولى ئوقۇغۇچىلاردا جازادىن قورقۇش پەيدا قىلىشتا بولماستىن، بەلكى تىرىشىش ئارقىلىق جازادىن

ساقلىنىشتا، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنى جارالاشنى ھەققانىيەت ھېس قىلدۇرۇشتا ئەمەس، دەپ قارىلىدۇ.

## 5. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى توغرا يېغىنچاقلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش

مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتكە قارىتا ئوخشاش بولمىغان يەكۈندىن ئوخشاش بولمىغان كەيپىيات ئىنكاسى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆگىنىش مۇددىئاسى كۈچىيىدۇ ياكى ئاجىزلايدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا يەكۈن چىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى قوزغايدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىر. ئومۇمەن، بىر ئادەم مۇۋەپپەقىيىتىنى تۇراقلىق، تىزگىنلىنىدىغان ئىچكى ئامىلغا يىغىنچاقلىغاندا پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. شۇنداقلا مۇددىئانى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتنى تۇراقسىز، تىزگىنلەيدىغان تاشقى ئامىلغا يىغىنچاقلىغاندا تەلەيدىن كۆرۈش روھىي ھالىتى پەيدا بولۇپ، مۇددىئانى تۆۋەنلىتىدۇ، ئەگەر مەغلۇبىيەتنى ئىچكى، تۇراقلىق، تىزگىنلەنمەيدىغان ئامىلغا يىغىنچاقلىغاندا، ئىزا تارتىش، ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتى بارلىققا كېلىدۇ. تاشقى ئامىل، تۇراقسىز ئامىلغا يىغىنچاقلىغاندا غەزەپلىنىش پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇددىئانى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىسىز. مەغلۇبىيەتنى تىزگىنلىنىدىغان ئامىلغا يىغىنچاقلىغاندا، ئۆزلۈكسىز تىرىشىش كېلىپ چىقىدۇ. مەغلۇبىيەتنى تىزگىنلەنمەيدىغان ئامىلغا يىغىنچاقلىغان ۋاقىتتا، ئادەت خاراكتېرلىك ئامالسىزلىق (ئىلاجىسىزلىق) تۇيغۇسى بارلىققا كېلىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان تەۋە قىلىشنىڭ قانداق كەيپىيات ئىنكاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى يەنە شەخسنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۆۋەن مۇۋەپپەقىيەت مۇددىئاسىدىكىلەر مەغلۇبىيەتنى تاشقى ئامىلغا يىغىنچاقلىغاندا، كەيپىيات جەھەتتىكى پاسسىپ ئىنكاسنى ئازايتىدۇ. بەلكى كېيىنكى تاپشۇرۇق نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ھەمدە يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇددىئاسىدىكىلەر مەغلۇپ بولۇشقا قارىتا تاشقى ئامىللارغا يىغىنچاقلاپ ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقىنىڭ جارى بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، غورۇرىنى يۇقىرى

كۆتۈرۈپ ياكى غۇرۇرنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلەپ ھەم يەنە مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئوبيېكتىپ توغرا ھالدا ئىزدەپ تېپىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى قوزغاشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

## § 3 . بىلىم ئۆگىنىش، ماھارەت، ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆگىنىش

ھەرقانداق ئۆگىنىش پائالىيىتى ھەمىشە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مەزمۇنلار بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەكتەپتە، بىلىم، ماھارەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولىدۇ. بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا توپلىغان بىلىم تەجرىبىلەرنى ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە تەجرىبىسىگە ئايلاندۇرىدۇ، ماھارەت ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت ياكى ئەقلىي پائالىيەت شەكلىنى ئىگىلەيدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆز ھەرىكىتىنى زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئۆلچەملەر بويىچە تەكشۈرۈشنى ۋە باھا بېرىشنى ئىگىلەيدۇ. بەلگىلىك سەۋىيىدىكى بىلىم ماھارەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇش شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم، ماھارەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى. بۇ پاراگرافتا بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئۆگىنىشنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى زۆرۈر بولغان پسىخولوگىيىلىك ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

### 1. بىلىم ئىگىلەش

بىلىم ئىگىلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمنى چۈشىنىش (ئۆزلەشتۈرۈش) بىلىمنى مۇستەھكەملەش ۋە بىلىمنى ئىشلىتىشتىن

ئىبارەت ئۈچ ھالقىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۆگەنگۈچى ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرىدۇ.

### 1. بىلىمنى چۈشىنىش

چۈشىنىش، شەخسنىڭ ئىلگىرىكى بىلىم تەجرىبىلىرىنى قوللىنىپ تېخى بىلمىگەن شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، باغلىنىشى ۋە مۇناسىۋىتىنى، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى بىۋاسىتە ئېچىپ بېرىدىغان تەپەككۇر جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. نەتىجىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چۈشىنىش شەخسنىڭ تېخى بىلمىگەن ئوبيېكت ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا يېڭى چۈشەندۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى، باغلىنىشى ۋە ئەھمىيىتىنى ئېنىق چۈشىنىپ، ئېنىق ئىگىلەپ ھەم ئۇنى مۇناسىپ ئۇقۇم ۋە قانۇنىيەتلەر ئىچىگە كىرگۈزۈپ شۇنىڭ بىلەن يېڭى شەيئىلەرنى ئەقلىي بىلىش سەۋىيىسىدە ئىگىلىيەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمنى چۈشىنىشىنى ئۆگىنىش مەزمۇنلىرىنى ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئاساسلىقى تىلنى چۈشىنىش، شەيئىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش، شەيئىلەرنىڭ تۈر-خاراكتېرى (يەنە بىر خىل تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ئورتاقلىقى) نى چۈشىنىش، سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ۋە لوگىكىلىق باغلىنىشنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. مەيلى قايسى خىل بىلىملەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوقۇغۇچىلار چۈشىنىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى دەرىجىلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك سەۋىيىدىكى چۈشىنىش پەقەت بىر خىل ئىدراكى چۈشىنىش بولۇپ، يەنى بارلىق چۈشىنىش ئوبيېكتىغا قارىتا «نېمە؟» دېگەنگە جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ. ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەۋىيىدىكى چۈشىنىش، ئوقۇغۇچىلار شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. ئۇقۇم قائىدىلەرنىڭ ئىچكى مەنىسىنى ئىگىلەيدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك سەۋىيىدىكى چۈشىنىشتە بىلىم، ئۇقۇملار سىستېمىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ. بىلىم قۇرۇلمىسى قايتا قۇرۇلىدۇ ياكى تەڭشىلىدۇ ۋە بىلىمنىڭ كەڭ دائىرىلىك كۆچۈشىنى ئالاھىدىلىك قىلىدۇ.

بىلىمنى چۈشىنىش جەريانىنىڭ ماھىيىتى ياكى پسىخىك مېخانىزمى نېمە؟ ئاۋسۇبېلنىڭ قوشۇلۇش نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، بىلىمنى چۈشىنىشنىڭ ماھىيىتى يېڭى بىلىم بىلەن ئۆگەنگۈچىنىڭ بىلىم

قۇرۇلمىسىدىكى ئىلگىرى بار بولغان ماس ئۇقۇملار ئارىسىدا غەيرىي سۇنئىي ۋە ماھىيەتلىك باغلىنىش ئورنىتىشتىن ئىبارەت. «ماھىيەتلىك باغلىنىش» دېگىنىمىز، يېڭى بىلىم بىلەن ئۆگەنگۈچىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان بىلىم تورىدىكى بەلگە، تەسەۋۋۇر ئۇقۇم، سوئاللار ئارىسىدا ئورنىتىلغان باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

«غەيرىي سۇنئىي باغلىنىش» دېگىنىمىز، يېڭى بىلىم بىلەن ئەسلىدە بار بولغان بىلىم تورى ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەر ئارىسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق ياكى مەنتىقىگە ئۇيغۇن باغلىنىش ئورنىتىشنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى بىلىم بىلەن ئەسلىدە بار بولغان بىلىم تورى ئىچىدىكى ماس چۈشەنچىلەر مۇنداق ئۈچ خىل باغلىنىشنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەلگە ئارقىلىق ئۆگىنىش، ئۇقۇملارنى ئۆگىنىش ۋە سوئاللىق ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىپتىكى ئۆگىنىش شەكىللىنىدۇ.

ئۆگىنىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمنى چۈشىنىشى تەبىئىي ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كەلمەستىن، بەلكى ئالدىنقىلارنىڭ ئۆزى چۈشىنىشنى مۇكەممەل ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ بەرمەيدۇ. بۇ يېڭى ماتېرىياللارنى چۈشەنمەكچى بولغاندا كونا-يېڭى بىلىملەرنى ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈپ ھەم ئەسلىدە بار بولغان بىلىملەر ئىچىدىن نۆۋەتتىكى ماتېرىياللارنى چۈشىنىشكە ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن چۈشىنىپ ئۆگىنىشنىڭ مايىللىقىغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر، يەنى ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق يېڭى بىلىملەرنى ئېنىق، توغرا بىلىشكە ئىنتىلىدىغان پسىخىك تەييارلىققا ئىگە بولۇشى لازىم. ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىش ماتېرىيالى يوشۇرۇن مەنىگە ئىگە بولۇشى، يەنى لوگىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە بولۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىدا بۇ خىل يېڭى بىلىمگە ماس كېلىدىغان چۈشەنچىلەر قوشۇۋېلىشقا ئىگە بولۇش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسىدە بۇ خىل يېڭى ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان قابىلىيەت ھازىرلىنىشى زۆرۈر. ئۈچىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسىدا بىرقەدەر يۇقىرى ئابستراكتسىيەلەش، ئومۇملاشتۇرۇش سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان چۈشەنچىلەر بولۇشى، يېڭى بىلىم ئۆگىنىشنى پايدىلىق بولغان مۇستەھكەملىك نۇقتىسى بىلەن تەمىنلىيەلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەسلىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى ئېنىقلىقىقا ۋە تۇراقلىقىقا ئىگە بولۇشى لازىم.

تۆتىنچىدىن، ئەسلىدىكى بىلىم ئارقا كۆرۈنۈشىنى قوزغىتىش زۆرۈر.

بىلىمنى چۈشىنىش يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل ئامىللارغا قارىتا ئۈنۈملۈك تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشى زۆرۈر. مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا بۇ خىل تىزگىنلەش ئادەتتە تۆۋەندىكى شەكىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىرىنچى، كونا-يېڭى بىلىملەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى بىلىمنى چۈشىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلەش. ئىككىنچى، زۆرۈر بولغان ھېسسىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، ئابستراكت ماتېرىياللارنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۈچىنچى، شەكىلنى ئۆزگەرتىش ۋە سېلىشتۇرۇشتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش لازىم. شەكىلنى ئۆزگەرتىشتىن پايدىلىنىش ئۇقۇملارنى ئىگىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم. ئوقۇتۇش داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇقۇملارنىڭ مەنىسى ۋە دائىرىسىنى توغرا ئىگىلىشى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىكى ئىسپاتلاشلار بىلەن تەمىنلىگەن ۋاقىتتا، ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئالماشتۇرۇپ، ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ غەيرىي ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى پەرقلەندۈرۈپ، ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. شەكىلنى ئۆزگەرتىش بىلەن تەمىنلىگەن ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنى سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ چۈشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم. تۆتىنچى، بىلىمنىڭ سىستېمىلىشىشىنى كۈچەيتىپ، ئوخشاش بولمىغان ئومۇملاشتۇرۇش سەۋىيىسىدىكى ئۇقۇملارنى قاتلاملارغا بۆلۈنگەن بىر مۇكەممەل قۇرۇلمىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

بىلىمنى چۈشىنىش بىلىم ئۆگىنىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، شۇنداقلا بىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى. بىلىمنى چۈشىنىش، بىلىمنى ئەستە ساقلاش، مۇستەھكەملەش، ئىشلىتىش، كۆچۈشنىڭ ئاساسى — بىلىمنى چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى بىلىمنى مۇستەھكەملەشنىڭ قىيىن-ئاسانلىقى بىلەن دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە بىلىمنى ئىشلىتىشنىڭ ھازىرلىقلىقى ۋە قوللىنىش بىلەن كۆچۈشنىڭ جانلىقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇش داۋامىدا ئوقۇغۇچىلار ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى

يېڭى بىلىمنى چۈشەندۈرۈشى لازىم.

## 2. بىلىمنى مۇستەھكەملەش

بىلىمنى مۇستەھكەملەش — ئۆگەنگەن بىلىملەرنى خاتىرىدە ئۇزاققىچە ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. مائارىپ پسىخولوگىيىسىنىڭ بىلىمنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئاساسەن خاتىرە پسىخولوگىيىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تايىنىدۇ. شۇڭا بىلىمنى مۇستەھكەملەشنىڭ ماھىيىتى ۋە بىلىمنى مۇستەھكەملەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى بايانلارنى مۇشۇ كىتابنىڭ 2-بابىدىكى «خاتىرە» دېگەن قىسمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھازىرقى زامان بىلىش پسىخولوگىيىسى بىلىمنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى تەتقىق قىلغاندا، مۇھىم نۇقتىنى بايان خاراكتېرلىك بىلىمنى مۇستەھكەملەش تاكتىكىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەتقىقاتىغا قاراتقان. «بايان خاراكتېرلىك بىلىم» دېگىنىمىز، ھازىرقى زامان بىلىش پسىخولوگىيىسى شەخسنىڭ بىلىمنى تۈرگە ئايرىغاندا ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى تۈرلۈك بىلىم ئىچىدىكى بىر تۈرى. ئۇ شەخسنىڭ ئاڭلىقلىققا ئىگە بولغان يىپ ئۇچىغا تايىنىپ بىلىمنى بىۋاستە بايان قىلالىشىنى، ئاساسلىقى شەيئىلەرگە نېمە دېگەن سوئالدىن پايدىلىنىپ جاۋاب بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تۈردىكى بىلىم بولسا پروگرامما خاراكتېرلىك بىلىم بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ ئاڭلىق بولمىغان يىپ ئۇچىغا تايىنىپ، پەقەت مەلۇم خىلدىكى تاپشۇرۇق شەكلىنىڭ ياردىمىدە ۋاسىتىلىك ھالدا ئۇنىڭ مەۋجۇت بىلىملىرىدىن ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشنى، ئاساسلىقى مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك دېگەندىن پايدىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. پروگرامما خاراكتېرىدىكى بىلىم بىر يۈرۈش ئىش بېجىرىشنىڭ مەشغۇلات قەدەم باسقۇچلىرى بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە ئۇقۇم ۋە قائىدىدىن تۈزۈلىدۇ.

تار مەنىدىكى بىلىم بايان خاراكتېرىدىكى بىلىم بولۇپ، ئۇ ئاددىي ۋە مۇرەككەپ دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاددىي بايان خاراكتېرلىك بىلىم ئاساسلىقى شەرتلىك بەلگە ئۆگىنىشى ۋە غەيرىي ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرلىك سوئال ئۆگىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈردىكى بىلىم ئۆگىنىشنىڭ قىيىن نۇقتىسى قانداق قىلغاندا ئۇنۇملۇك ھالدا ئەستە ساقلىغىلى بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، خاتىرىنىڭ

قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئەستە ساقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاددىي بايان خاراكتېرلىك بىلىمنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆگىتىشتىكى ئاساسلىق مەسىلە. مۇرەككەپ بايان خاراكتېرلىك بىلىم ئاساسلىقى ئۇقۇم ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى سوئال ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل بىلىملەرگە ئېرىشىشنىڭ ھالقىسى چۈشىنىش ھەمدە چۈشىنىشنىڭ ماھىيىتى ئوقۇغۇچىلار يېڭى بىلىمنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى بىلىپ، كونا-يېڭى بىلىملەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئاددىيلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشىنىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرگەندە بىر تۈردىكى بىلىمنى مۇستەھكەملەشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

بايان خاراكتېرلىك بىلىمنى مۇستەھكەملەشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تاكتىكىسى، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش تاكتىكىسى

«ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش» دېگىنىمىز، ئۆگىنىش ماتېرىيالىغا قارىتا ئىنچىكىلىك بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، ئەستە قالدۇرۇلغان ماتېرىياللار ئارىسىدا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى كۆپەيتىش ئارقىلىق يېڭى ماتېرىياللارنى خاتىرىدە قالدۇرۇش ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇلنى ماتېرىيالنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قوللىنىش ئوخشاش بولمايدۇ: مەنىلىك ماتېرىياللارغا نىسبەتەن، ماتېرىيالنى تەپسىلاتى، مىساللار، ھۆكۈملەر بىلەن تولۇقلاشقا ياكى باشقا كۆزقاراشلار بىلەن باغلاپ تۇتاش ئوينى شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ. مەنىسىز ماتېرىياللارغا قارىتا سۈنئىي مەنە قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ. بۇمۇ خاتىرە سەنئىتىنىڭ ماھىيىتىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئېنگىلىس تىلىدىكى «tiger» سۆزى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى «يولۋاس» سۆزى مەنىلىك باغلىنىشقا ئىگە ئەمەس. بىراق بىز «tiger» بىلەن خەنزۇر تىلىدىكى ئۇنىڭغا تەلەپپۇزى ئوخشايدىغان « 泰 »نى باغلىساق ھەمدە « 泰 »نى «تەيشەن تېغىدا يولۋاس بار» « 泰山上有老虎 » بىلەن باغلىساق، ئۇنداقتا «tiger» بىلەن «يولۋاس» ئوتتۇرىسىدا سۈنئىي باغلىنىش ئورنىتىلىدۇ. مەيلى مەنىلىك ماتېرىياللار بولسۇن ياكى مەنىسىز ماتېرىياللار بولسۇن، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش بىلىم قۇرۇلمىسى ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىلىم ئېلىشنى

يېڭى يول بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇللار ئاساسلىقى ئاددىي بايان خاراكتېرلىك بىلىملەرنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. مۇرەككەپ بايان خاراكتېرلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىكى جەۋھەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش تاكتىكىسى مەنىسىنى ئىزاھلاش، تىزىس يېزىش، تور سىيلىشتۇرمىسىنى بەرپا قىلىش، ئۆز تىلىدىن پايدىلىنىپ ئىزاھات بېرىش، يېشىپ بېرىش، ئۆزى سوئال سوراپ، ئۆزى جاۋاب بېرىش قاتارلىق كونكرېت تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خاتىرە يېزىش (note making) پسىخولوگىيىدە بىر قەدەر كۆپ تەتقىق قىلىنىدىغان تېخنىكا.

تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خاتىرە يېزىش يېڭى بىلىم بىلەن كونا بىلىم ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش ئورنىتىشقا پايدىلىق. خاتىرىنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆگەنگۈچىدىن لېكسىيە ئاڭلىغاندىكى ئۇچۇرلارنى خاتىرىلەپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى چۈشىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ خىل ئۇچۇرلار ئۆگەنگۈچىگە نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك، بۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر تۆۋەندىكى ئۈچ رەقەملىك دەرس ئاڭلاش خاتىرىسى يېزىشنى تەشەببۇس قىلغان:

1) خاتىرە دەپتىرىنىڭ ھەر بېتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە 1/4 ياكى 1/3 قىسمىنى بوش قالدۇرۇش لازىم.

2) ئاڭلىغان دەرسنىڭ مەزمۇنىنى خاتىرىلەش.

3) خاتىرىنى رەتلەپ، خاتىرىنىڭ بوش قالدۇرۇلغان قىسمىغا ئىزاھات ۋە باھا سۆزى قاتارلىقلارنى يېزىش.

بۇنىڭ ئىچىدە 3-قەدەم ناھايىتى مۇھىم. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئەسلىشى ئۈچۈن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2. تەشكىللەش تاكتىكىسى

تەشكىللەش تاكتىكىسى تارقاق، يەككە بىلىملەرنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ توپلايدىغان ھەم ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇسۇلدىن ئىبارەت. ئاددىي بايان خاراكتېرلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىش داۋامىدىكى تەشكىللەش تاكتىكىسىدىن ئاساسلىقى مۇنۇلار بار: (1) بايان قىلىش تاكتىكىسى، يەنى يەككە-تاق سۆزلەرنى بايان خاراكتېرلىك جۈملىگە ئايلاندۇرۇش. (2) تۈرگە ئايرىش تاكتىكىسى، يەنى ئاجرىتىلغان

تورلەرنى تور ئايرىمىسى بويىچە بىر قاتار تەرتىپكە ئويۇشتۇرۇپ، خاتىرە تورنىڭ مىقدارىنى ئازايتىشتىن ئىبارەت. (3) تەسەۋۋۇر قىلىش تاكتىكىسى، يەنى تىل شەكلىدىكى ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ، سەزگۈ شەكلىگە ياكى رەسىم شەكلىدىكى ئۇچۇرلارغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇرەككەپ خاراكتېرلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن تەشكىللەش تاكتىكىسى دائىم ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۆگىنىش مەزمۇنىغا قارىتا تىك لىنىيىلىك رەتلەش ۋە توغرا لىنىيىلىك سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

3. قايتا بايان قىلىش تاكتىكىسى

قايتا بايان قىلىش ئۇچۇرلارنى ساقلاش ئۇچۇن ئۇچۇرغا نىسبەتەن كۆپ قېتىم قايتا-قايتا تەكرارلاش ئېلىپ بېرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاددىي خاراكتېردىكى بىلىم ئۆگىنىش داۋامىدا بۇ تاكتىكىدىن پايدىلانغاندا قايتا بايان قىلىشنى تەكىتلەش بىلەن نەتىجىنى تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. مۇرەككەپ بايان خاراكتېردىكى بىلىم ئۆگىنىش داۋامىدا، قايتا بايان قىلىش تاكتىكىسى ئۆگەنگۈچىدىن ئۆگىنىش ماتېرىيالىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، قىيىن نۇقتىسى ۋە زۆرۈر نۇقتىسىغا نىسبەتەن بۆلۈپ خاتىرىلەش، دائىرىلىك خاتىرىلەش، مۇھىم شەرتلىك بەلگىلەرنى قويۇش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

4. تەكرارلاش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش تاكتىكىسى

مۇشۇ كىتاب 2-بابىنىڭ «خاتىرە» قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن كۆرۈۋېلىڭ.

## 3. بىلىمنى ئىشلىتىش

ئىشلىتىش بىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى. شۇنىڭ ئۇچۇن بىلىمنى ئىشلىتىش ئاساسلىقى ئىلگىرى ئۆگىنىپ بولغان بىلىملەردىن پايدىلىنىپ ھەرخىل ئاغزاكى ياكى يازما تاپشۇرۇق تېمىلىرىنى يېشىشنى ۋە ئىلگىرى ئۆگىنىپ بولغان بىلىملەرنى ئىشلىتىپ ھەرقايسى پەنلەردە بەلگىلەنگەن مەشىق تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدىكى بىلىمنى ئىشلىتىشنىڭ ماھىيىتى ئابستراكت بىلىمنى كونكرېتلاشتۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئابستراكت

بىلىمنى ئىگىلەش ئاساسىدا ئۇقۇم، تەدبىر، فورمۇلا، قائىدىلەرگە ئاساسلىنىپ كونكرېتنى مەسىلىنى تەھلىل قىلىشنى، كونكرېتنى مەسىلىنى بەلگىلەش بىلەن ئابستراكت بىلىم ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك باغلىنىش بارمۇ-يوق، كونكرېت مەسىلىنى مەلۇم بىر تۈردىكى مەسىلىگە يىغىنچاقلاشقا بولامدۇ-يوق ھەم مۇناسىۋەتلىك تېئورېما ۋە فورمۇلاغا ئاساسەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى مەسىلە ھەل قىلىشتا ئوڭۇشلۇق ھالدا قوللىنىش-قوللىنالماسلىق تۆۋەندىكى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ:

1. مەسىلىنىڭ خاراكتېرى

ئابستراكت شەكىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنى كونكرېت ھالەتتىكى تۈرى ئوخشاش بولغان تېمىغا قارىغاندا ئاسان قوللانغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يۈرۈشلەشكەن فورمۇلالىق مەسىلە بىلەن ئەسلىدە بار بولغان ئابستراكت بىلىم بىر قەدەر زور ئوڭۇشلۇققا ئىگە بولغانلىقتىن، شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا مەسىلىنى تۈرلەندۈرۈپ، ئەسلىدە بار بولغان بىلىمى ئىچىگە كىرگۈزەلەيدۇ. نىسبەتەن كونكرېتنى بولغان مەسىلە ئانالىز قىلىش، سىنتېزلاش، مۇناسىۋەتسىز تەركىبلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىنى چىقىرىپ تاشلاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن مەسىلىنى تۈرلەندۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نىسبەتەن قىيىن بولىدۇ.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمنى چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاش سەۋىيىسى

ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمنى چۈشىنىشى ناھايىتى يۈزە، ئۇقۇملارنىڭ مەنىسى ناھايىتى مۇجمەل، بىلىملەر ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر ئايرىلىشىپ كېتىپ ئېنىق ئايرىۋالغىلى بولمىسا، ئۇنداقتا بىلىمنى ئىشلىتىپ مەنىسىنى ھەل قىلغاندا دائىم خاتالىق يۈز بېرىدۇ. بەزىدە سىستېمىلاشقان پىششىقلاپ ئىشلەش كەمچىل بولغانلىقتىن ئۆگەنگەن بىلىملەرنى سىڭدۈرۈپ بىرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. قوللانغاندا ئۆلۈك، جانسىز بولۇپ قالىدۇ. مەسىلە ھەل قىلىشمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئىگىلەپ بولغان بىلىملەرنى ئەگەر تەكرارلاش كەمچىل بولسا توغرا خاتىرىلىگىلى، تېز ئەسلىگىلى، مەسىلە بىلىمنى ئىشلىتىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىمۇ يەنە قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ.

3. ئۇچۇرغا ئېرىشىش تاكتىكىسى

ئوقۇغۇچىلار خاتىرە زاپىسىدىن ئەسلىدە بار بولغان مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى يادقا ئالالمىغان ۋاقتىدا بىلىمنى ئىشلىتىشتە قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئۇنۇملۇك هالدا ئۇچۇرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاتلام ۋە تۈرلەرگە ئايرىپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش تاكتىكىسى بىر خىل دائىم قوللىنىدىغان تاكتىكا بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل تاكتىكا ئوقۇغۇچىلاردىن ئالدى بىلەن ئېھتىياجلىق بولغان بىلىملەرنىڭ تىپىنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن تۈرگە ئايرىلغان يىپ ئۇچىغا ئاساسەن قاتلاملارغا بۆلۈپ تەكشۈرۈپ مۇناسىۋەتلىك بىلىمگە ئېرىشىدۇ. يادقا كەلتۈرۈشمۇ بىر خىل دائىم قوللىنىلىدىغان تاكتىكا، ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن هۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى يادقا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە مەسىلىلەرنى هەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

4. مەسىلە هەل قىلىش تاكتىكىسى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمدىن پايدىلىنىپ مەسىلە هەل قىلىشتا ئۆگىنىپ بولغان بىلىمنى ئىشلىتىشكە تايىنىپلا قالماي، ئۇنىڭ تەپەككۇر جەريانىنى تىزگىنلەش ماهارىتىگىمۇ تايىنىدۇ. بۇ بىلىش تاكتىكىسىدۇر. مەسىلەن، مەسىلىنىڭ ئالاهىدىلىكىنى ئىزدەش ئۇسۇلى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنى ئېسىدە تۇتۇش ئۇسۇلى، تۈرلۈك پەرەزلەرنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى دەڭسەپ كۆرۈش ئۇسۇلى قاتارلىقلار. ئوقۇغۇچىلارغا مەسىلە هەل قىلىش تاكتىكىسىنى ئىگىلەشنى مەشىق قىلدۇرۇشنىڭ تەدبىرى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارقاق تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پىسخىك قېلىپلىشىپ قېلىشىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئوخشاش بىر مەسىلىگە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن قاراش؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەن هۆكۈمنى بىكار قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشنى مەشىق قىلدۇرۇپ، مەسىلىنىڭ ماهىيىتىنى تونۇشقا ماهىر بولۇش، مەسىلىنى چوڭقۇر مۇهاكىمە قىلىش، هەربىر ھەرىكەت تەرتىپىنى تۈرگە ئايرىپ، هەرىكەت تەرتىپىنى قالايمىقان تاللاشقا قارشى تۇرۇش، چوڭ نىشانىنى كىچىك نىشانغا پارچىلاپ، مەسىلە هەل قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئازايتىش، مەسىلىنىڭ شەكلىنى ئالماشتۇرۇش. مەسىلەن، يېزىق ئارقىلىق بايان قىلىشنى جەدۋەل شەكلىگە ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئادەتتىكى تاكتىكىلاردىن باشقا، مەسىلە هەل قىلىشنىڭ تاكتىكىسى يەنە بىر قىسىم ئالاهىدە بەلگىلەنگەن پەنلەر بىلەن

ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان تاكتىكىلارمۇ بار. بىلىش پسىخولوگىيىسىنىڭ تەتقىقاتلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىش جەريانى: مەسىلىنىڭ ھالىتى، مەسىلە ھەل قىلىش پىلانىنى لايىھىلەش، مەسىلە ھەل قىلىش پىلانىنى ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزىقچىلىقنىڭ پىسخىك جەريانى: ئاساسلىقى، پىكىر قىلىش، ئىپادىلەش، ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېڭىدىن مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىغا تۇتۇش قىلغان سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ئارقىلىق، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مەخسۇس ساھەدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى بايان قىلىش خاراكتېرىدىكى بىلىم ۋە قوللىنىش شارائىتىدىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى بايقالدى. يېڭى بىلىم قۇرۇلمىسىدا ئاساسىي تەشكىللەش قائىدىلىرى كەمچىل بولسا، ھەمىشە ئادەتتىكى تاكتىكىغا تايىنىپ مەسىلە ھەل قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوقۇتۇش داۋامىدىكى مەسىلە ھەل قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئادەتتىكى تاكتىكا مەشىقىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە ئالاھىدە ئىلىم-پەن بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان مەشىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 4. بىلىم ئۆگىنىشتىكى ئۆزىنى كونترول قىلىش

مەقسەتلىك ئۆگىنىش ئاڭنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىشىلەر ئۆگىنىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۇسۇل، قەدەم باسقۇچى، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى، رىتىملەرنى قوللىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئۆگىنىش نەتىجىسى بىلەن ئالدىن كۆزلىگەن نىشان ئۆزئارا ماس كېلىدىغان دەرىجىدە بولۇشى ۋە قانداق قىلىپ قېيىنچىلىقنى يېڭىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بىرقەدەر ئېنىق بىلىش ۋە پەرەز بولىدۇ. بىلىش پسىخولوگىيىسى ئادەمنىڭ بىلىش پائالىيىتىدىكى بۇ خىل ئۆزى بىلىش ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىشنى «دەسلەپكى بىلىش» دەپ ئاتىغان.

1. دەسلەپكى بىلىشنىڭ قۇرۇلمىسى

پىلايۋېل (Flavell) نىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى بىلىش، بىلىش توغرىسىدىكى بىلىشتۇر. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، شەخسنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىش جەريانى توغرىسىدىكى بىلىم، ئاڭ ۋە

ئۆزىنى تەڭشەش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت. دەسلەپكى بىلىشنىڭ ماھىيىتى شەخسنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى بىلىشنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدىكى ئۆزى توغرىسىدىكى ئىدراكى، ئۆزىگە باھا بېرىشى ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىشىدىن ئىبارەت.

دەسلەپكى بىلىش ئۆزئارا مۇستەقىل بولغان، بىراق ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ئىككى تەركىبىي قىسىمغا ئىگە.

1) بىلىش جەريانى توغرىسىدىكى بىلىم ۋە چۈشەنچىلەر. بۇ دەسلەپكى بىلىش بىلىملىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئادەمنىڭ بىلىش پائالىيىتىنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسىگە قايسى ئامىللار تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، بۇ ئامىللارنىڭ قانداق رول ئوينايدىغانلىقى، ئۇلار ئارىسىدا يەنە قانداق ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش بارلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ شەخسنىڭ ئۆگەنگۈچى بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىش، ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىش، ئۆگىنىش تاكتىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ.

2) دەسلەپكى بىلىشنى نازارەت قىلىش تىزگىنلەش. بۇ بىلىش ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇش بولۇپ، سۇبيېكتىپ بىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىلىش پائالىيىتىنى بىلىشنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ ئۇنىڭغا قارىتا ئاكتىپ ئاڭلىقلىق بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا نازارەت قىلىش، تىزگىنلەش ۋە تەڭشەشنى يولغا قويىدۇ. دەسلەپكى بىلىشنى تىزگىنلەش چۈشىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش، مەلۇم سىناپ كۆرۈشنىڭ ئۈنۈملۈكلۈكىگە باھا بېرىش، كېيىنكى قەدەملىك ھەرىكەت پىلانىنى تۈزەش تاكتىكىسىنى تەكشۈرۈش، مۇۋاپىق پەيت ۋە تىرىشچانلىقىنى بەلگىلەش، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ ياكى ئالماشتۇرۇپ، يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش قاتارلىق ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە پىلان، نازارەتچىلىك، تەڭشەشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئومۇملاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

2. دەسلەپكى بىلىش تاكتىكىسى

دەسلەپكى بىلىش تاكتىكىسى ئۆگەنگۈچىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىدا ئۆز چۈشەنچىسىگە بەرگەن باھاسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئالدىن

پىلانلاپ، ئۇنۇملۇك پىلاننى تاللاش ئارقىلىق ئۆگىنىپ ياكى مەسىلىنى ھەل قىلىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىگە قارىتا ئالدىن مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى ياكى لايىھىسىنى كۆرسىتىدۇ. دەسلەپكى بىلىش تاكتىكىسى ئومۇمەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) پىلانلاش تاكتىكىسى: ئۆگىنىش نىشانىنى تۇرغۇزۇش، ماتېرىيالنى كۆز يۈگۈرتۈپ ئوقۇش، جاۋاب بېرىدىغان مەسىلىنى پەيدا قىلىش ۋە ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى قانداق ئورۇنداشنى تەھلىل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) نازارەت قىلىش تاكتىكىسى: ئوقۇغان ۋاقىتتىكى دىققەتنى ئىزىغا سېلىش. ماتېرىيالغا قارىتا ئۆزىگە سوئال قويۇش، ئىمتىھان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ سۈرئىتى ۋە ۋاقتىغا نازارەتچىلىك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3) تەڭشەش تاكتىكىسى: ئۇ تىزگىنلەش تاكتىكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: ئۆگەنگۈچى دەرسنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىدا ئۇلار قايتا تەكرار ئوقۇشنىڭ مۇشەققەتلىك بۆلىكىگە قايتىدۇ. ئوقۇشتا قىيىنىلىدۇ ياكى پىششىق بولمىغان ماتېرىيالنى ئوقۇغاندا سۈرئىتىنى ئاستىلىتىدۇ. ئۇلار بىلمىگەن دەرسلىك ماتېرىيالىنى تەكرار قىلىدۇ. سىناق ۋاقتىدا مەلۇم قىيىن سوئالدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئالدى بىلەن ئاددىي سوئاللارنى ئىشلەش قاتارلىقلار. تەڭشەش تاكتىكىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى توغرىلىشىغا ياردەم بېرىپ، چۈشىنىش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك بولمىغان جايلارنى تولۇقلىيالايدۇ.

دەسلەپكى بىلىش تاكتىكىسى دائىم بىلىش تاكتىكىسى بىلەن بىرلىكتە رول ئوينايدۇ. بىلىش تاكتىكىسى ئۆگىنىش مەزمۇنىدا كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە. دەسلەپكى بىلىش تاكتىكىسى، بىلىش تاكتىكىسىنىڭ قوللىنىشىغا نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئوقۇغۇچىلارغا نۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان بىلىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىشكە بولىدۇ. بىراق، ئەگەر دەسلەپكى بىلىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا قايسى خىل بىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىشنى ياكى بىلىش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشنى بەلگىلەشكە ياردەم بېرىلمىسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

# 2. ماھارەت يېتىلدۈرۈش

## 1. ماھارەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان

### 1. ماھارەتنىڭ تەبىرى

ماھارەت — شەخسنىڭ ئەسلىدە بار بولغان بىلىم-تەجرىبىسىنى قوللىنىپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ئەقلىي پائالىيەت شەكلى ۋە بەدەن ھەرىكەت شەكلىنىڭ مۇرەككەپ سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

بۇ تەبىرگە ئاساسلانغاندا: بىرىنچى، ماھارەت بىر خىل مۇكەممەللەشكەن ھەرىكەت سىستېمىسى، يەنى ماھارەتنىڭ بۇ خىل ھەرىكەت سىستېمىسى پارچە-پۇرات تارقاق تاسادىپىي بىرىككەن ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى بىر خىل قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان سىستېمىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى، ماھارەت — ئەسلىدە بار بولغان تەجرىبىنى ئاساس قىلىدۇ. ماھارەت بىلەن تەجرىبە ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار. ئۈچىنچى، ماھارەت — مەشىق قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن بولۇپ، ئىرسىيەت ئارقىلىق كەلگەن ئەمەس. شۇنداقلا، ئىستىخىيىلىك ھالدىكى كۆپ قېتىم دوراش، قايتا-قايتا تەكرارلاش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئادەتتىكىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى ماھارەتنى كەڭ مەنىدىكى بىلىم كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ، پروگراممىا خاراكتېرىدىكى بىلىم بولسا ماھارەت بولۇپ، ئۇ شەخس ئىگە بولغان بىر يۈرۈش ئىش بېجىرىش مەشغۇلات قەدەم باسقۇچلىرى ۋە يۈرۈشلەشكەن پروگراممىا بويىچە ئىش بېجىرىش قابىلىيىتى دەپ قارىغان.

### 2. ماھارەتنىڭ تۈرلىرى

1) ھەرىكەت ماھارىتى

ھەرىكەت ماھارىتى بىر خىل بەلگىلىك تېخنىكا تەلىپى بويىچە مەشىق قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن تېز سۈرئەتلىك، توغرا، راۋان ۋە پىششىق بەدەن ھەرىكەت شەكلى بولۇپ، ئۇ مۇشكۈل ۋە مۇناسىپ نېرۋا جەريانى ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ھەرىكەت ماھارىتىنى ئۆزلۈكسىز ۋە ئۆزلۈكسىز بولمىغان دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۆزلۈكسىز ماھارەت تاشقى ئەھۋالغا قارىتا

ئۈزلۈكسىز تەڭشەش ئېلىپ بېرىشنى، بەلكى ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىش تەرتىپىنىڭ بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ماشىنا ھەيدەش، ۋېلىسىپىت مىنىش، ئۇسسۇل ئويناش مۇز تېيىلىش، ساز چېلىش، خەت ئۇرۇش قاتارلىقلار. ئۈزلۈكسىز بولمىغان ماھارەت پەقەت بىرقەدەر قىسقا بولغان تەرتىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر ئالاھىدە تاشقى غىدىقلىغۇچىغا قارىتا بىر ئالاھىدە ئىنكاس قايتۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ئوقيا ئېتىش، توپ تاشلاش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈپ، كونۇپكا بېسىش قاتارلىقلار.

ھەرىكەت ماھارىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانىدىكى تاشقى شەرتلەرنىڭ ئۆزگەرگەن-ئۆزگەرمىگەنلىكىگە ئاساسەن، ئۈزلۈكسىز ۋە ئۈزلۈكسىز بولمىغان ھەرىكەتلەرنى، يەنە يېپىق ۋە ئوچۇق (چېكىنمە ۋە ئېچىۋېتىلگەن) دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىمىز. مەسىلەن، ماشىنا ھەيدەش ئۈزلۈكسىز ئېچىۋېتىلگەن ماھارەتكە تەۋە. خادىغا تايىنىپ ئېگىزگە سەكرەش ئۈزلۈكسىز يېپىق ماھارەتكە تەۋە، ئوقيا ئېتىش ئۈزلۈكسىز بولمىغان يېپىق ماھارەتكە تەۋە. ماشىنىنى تورمۇزلاش ئۈزلۈكسىز بولمىغان ئېچىۋېتىلگەن ماھارەتكە تەۋە بولىدۇ.

2) ئەقلىي ماھارەت

بۇ ئەقىل-پاراسەت ياكى بىلىش ماھارىتى دەپمۇ ئاتىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىچكى تىلىغا تايىنىپ مېڭىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان، مۇكەممەللەشكەن ئەقلىي پائالىيەت شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. بىلىش پسىخولوگىيىسى كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، بىلىش ماھارىتى ئۆگەنگۈچىنىڭ مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن مەلۇم قائىدە ياكى تەرتىپ بويىچە ئەقلىي پائالىيەت ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ ئەقلىي ماھارەت ۋە بىلىش تاكتىكىسىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەقلىي ماھارەت، ئۇقۇم ۋە قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ سىرتقا قارىتا ئىش بېجىرىشنىڭ پروگرامما خاراكتېرلىك بىلىملىرىنى قوللىنىدۇ. ئۆگەنگۈچى بۇ خىل ماھارەت ئارقىلىق ئادەتلەنگەن ئۇقۇم ۋە قائىدىلەرنى قوللىنىپ، تاشقى ئۇچۇرلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ.

بىلىش تاكتىكىسى ئۇقۇم ۋە قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ ئىچكى كونترول قىلىنىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك بىلىملەرنى قوللىنىدۇ. ئۆگەنگۈچى ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىش پائالىيىتىنى تەڭشەيدۇ ۋە تىزگىنلەيدۇ.

## 2. ھەرىكەت ماھارىتىنى ئىگىلەش

### 1. ھەرىكەت ماھارىتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى

ھەرىكەت ماھارىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئادەتتە مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

1) بىلىش باسقۇچى

بۇ باسقۇچتىكى ئۆگىنىش ئىدراك ئۆگىنىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆگەنگۈچىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يېتەكچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشى ياكى باشقىلارنىڭ ھەرىكەت ئۈلگىلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ياكى ھەربىر بۆلەك ھەرىكەتلەرنىڭ تاشقى يىپ ئۇچىنى بەلگە قىلىشقا تايىنىپ، «چۈشىنىش» ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىماقچى بولىدۇ. ئۆگەنگۈچى يەنە بەزى دەسلەپكى قەدەملىك ئورۇنۇپ كۆرۈشلەرنى ئىشلىشى، ۋەزىپىنى ھەرىكەت قۇرۇلمىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇشى ھەمدە ئۇنىڭ قانداق تۈزۈلگەنلىكىنى بايقىماقچى بولىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئالدىن ئىنكاس قىلىنىدىغان يىپ ئۇچىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

بۇ باسقۇچنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ماھارەتنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ماھارىتىنىڭ دائىرىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئىگىلەش، ئۆگەنگۈچىنىڭ دىققەت دائىرىسى نىسبەتەن تارىيىدۇ. روھى ۋە پۈتۈن بەدەن مۇسكۇللىرى جىددىيلىشىدۇ. ھەرىكىتى قالايمىقانلىشىپ ئۆلۈك ھەم ماسلاشمايدۇ. ئوشۇقچە ھەرىكەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئۆز ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى كۆزىتەلمەيدۇ. خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى بايقىيالمايدۇ.

2) باغلىنىش ھاسىل قىلىش باسقۇچى

بۇ باسقۇچنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇۋاپىق غىدىقلىغۇچى بىلەن ئىنكاس ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش شەكىللەندۈرۈش، شۇنداقلا ھەرىكەت زەنجىرى ئورنىتىشتىن ئىبارەت. بۇ باسقۇچتا ئۆگەنگۈچى بىر قاتار دائىرىلىك ھەرىكەتلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەيدۇ ھەم بۇ ھەرىكەتلەرنى باغلاشقا باشلايدۇ. بىراق تۈرلۈك ھەرىكەتلەر تېخى زىچ باغلانمىغان بولىدۇ. بىر ھەرىكەتتىن يەنە بىر ھەرىكەتكە ئۆتۈش تېخى ئولانمىغان بولىدۇ.

بۇ باسقۇچنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى — ئۆگەنگۈچىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ تىزگىنلەش رولى تەدرىجىي ئاجىزلايدۇ. بەلكى ھەرىكەت

سەزگۈسىنىڭ تىزگىنلەش رولى تەدرىجىي يۇقىرىلايدۇ. ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا توسالغۇ ئازىيىدۇ. جىددىيلىشىش دەرىجىسى مۇناسىپ ئازىيىدۇ. ئوشۇقچە ھەرىكەتلەر يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

3) ئاپتوماتلىشىش باسقۇچى

بۇ ھەرىكەت ماھارىتى شەكىللىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولۇپ، بىر قاتار ھەرىكەت سىستېمىسى بىر ئورگانىك گەۋدىگە ئايلىنىپ بىرلىشىدۇ ھەم مۇستەھكەملىنىدۇ. تۈرلۈك ھەرىكەتلەر ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. خۇددى ئاپتوماتلاشقاندەك ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەشىق قىلغۇچىنىڭ ئوشۇقچە ھەرىكەتلىرى ۋە جىددىيلىك ھالىتى ئاللىقاچان يوقىلىدۇ. مەشىق قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن جانلىق، تېز ھەم توغرا ھالدا ھەرىكەتنى تاماملايدۇ. ئاپتوماتىك ھالدا ھەرىكەتنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ ئورۇندىيالايدۇ. زۆرۈر بولمىغان ھەرىكەتلەرنى دىگۈدەك ئاڭلىق تىزگىنلەيدۇ.

2. پىششىق مەشغۇلات قىلىش ئالاھىدىلىكى

پىششىق مەشغۇلات قىلىش ماھارەتكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، پىششىق مەشغۇلات قىلىش بىرقەدەر يۇقىرى سۈرئەت، توغرىلىق، ئازادىلىك باغلانغان مەشغۇلات ياكى ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. پىششقان مەشغۇلات ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە: (1) كۆپ قېتىملىق ۋاقالىتەن ئورۇنۇپ كۆرۈشنى ۋاقىتدا ئىنكاس قىلىش. (2) ئاجىز يىپ ئۇچىدىن پايدىلىنىدۇ. ماھارەت پىشىپ يېتىلگەندە ئادەم كىچىك، ئاجىز يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلالايدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەشىق قىلغۇچى كالللىسىدا ئەسلىدە بار بولغان بىر قاتار يىپ ئۇچىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ساقلاپ، مەلۇم بىر يىپ ئۇچى ئىپادىلىگەندىن كېيىن، بىر قاتار ئىنكاسلارنى قايتۇرالايدۇ. (3) خاتالىق يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئالىدۇ. (4) قىسمەن ھەرىكەتلەرنى ئۇنىۋېرسال چوڭ زەنجىرگە ئايلاندۇرىدۇ ھەم شەخسنىڭ ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدىكى تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ. (5) پايدىسىز شارائىت ئاستىدا نورمال مەشغۇلات سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

3. ھەرىكەت ماھارىتىنى ئىگىلەشنىڭ شەرتلىرى

ھەرىكەت ماھارىتىنى ئىگىلەش ئىچكى-تاشقى ئىككى تەرەپتىكى شەرتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

1) ئىچكى شەرتلەر

a. پىشىپ يېتىلىش ۋە تەجرىبە: كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ۋە كۈندىلىك كۆزىتىشلەر ئىسپاتلىدىكى، ئۆگەنگۈچىنىڭ ھەرىكەت ماھارىتىنى ئىگىلەش قابىلىيىتى يېشى ۋە تەجرىبىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئارتىشىغا ئەگىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بىراق، بەزى تەتقىقات كۆزقارىشى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھەرىكەت ماھارەت مەشىقى قانچە بۇرۇن باشلانسا ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، پىشىپ يېتىلىش بىلەن تەجرىبە ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەسىر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ھەرىكەت ماھارىتىنى ئىگىلەشتىمۇ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سۇ ئۈزۈش، ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان ھەرىكەت ماھارەتلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگەنسە ياخشى بولىدۇ. بىنانىڭ پەلەمپەيگە چىقىش، جىمۇ ئويۇنى ئويناش قاتارلىق بىرقەدەر ئاددىي بولغان ھەرىكەت ماھارەتلىرىدە پىشىپ يېتىلىشنىڭ رولى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

b. خاسلىق: ياخشى خاسلىق پەزىلىتى ھەرىكەت ماھارىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشتە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ پەزىلەتلەر: نىشانىغا يېتىش مۇددىئاسى، سەۋرچانلىقى، غىدىقلاشقا بولغان قارشى تۇرۇش كۈچى، مۇقىملىقىنى ساقلاش قابىلىيىتى، كونترول قىلىش قابىلىيىتى، جاپا-مۇشەققەتلەرگە پەرۋا قىلماسلىق، قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتى، ئۆزىگە ئىشىنىش، جۈرئەتلىك بولۇش، كۆكسى-قارنى كەڭ بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا تاشقى مايىللىق ۋە ئىچكى مايىللىقمۇ ھەرىكەت ماھارىتىنى ئىگىلەش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

تاشقى مايىللىق كىشىلەرنىڭ ماھارەت شەكىللىنىشىدىكى مۇددىئا سەۋىيىسى يۇقىرى، ھەرىكەت ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، شەرتلىك رېفلېكسنىڭ شەكىللىنىشى تەس. كۈچى زور پائالىيەتلەرگە ماسلىشىدۇ. سۈرئەتنى تەكشىلەيدۇ. ئىچكى ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇددىئا قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئاسانلا شەكىللىنىدۇ. بىراق، ئىچكى مايىل كىشىلەرنىڭ مۇددىئا سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن، ھەرىكەت ئۈنۈمىمۇ بىرقەدەر تۆۋەن بولۇپ، ئېنىق، توغرا بولغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. توغرىلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئىچكى ئۆزگىرىشى كىچىك، نىشانىغا يېتىش مۇددىئاسى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

2) تاشقى شەرتلەر

a. ئۇنۇملۇك يىتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۈلگە تىكلەش: ھەرىكەت ماھارىتىنى ئۆگەنگەندە، ئۆگەنگۈچى پەقەت ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتەلەيدۇ، ھەممە پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم كىشىنىڭ ياندىن يېتەكچىلىك قىلىشى، باھا بېرىشى ناھايىتى مۇھىم. كونكرېتنى ئۇسۇللاردىن تىل ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش؛ يېتەكلىگۈچى بىر تەرەپتىن ئۈلگە كۆرسىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يېتەكلەش؛ يەنە ھازىرقى زامان كۆرۈش، ئاڭلاش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، يېتەكچىلىك قىلىش بار. قانداق ئۇسۇل قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر ھەممىسىدە ئۈچۈر يۇكىنىڭ ھەددىدىن ئېغىر بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

b. مەشىق ۋە قايتما تەسىر: ئۆگىنىش بەلگىلىك ھەرىكەت شەكلىنى ئىگىلەپ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قايتا-قايتا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش جەريانىدۇر. ماھارەتنىڭ شەكىللىنىش مۇساپىسى، مەشىق ۋاقتى ياكى قېتىم سانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. شەكىللىنىش مۇساپىسى مەشىق ئەگرى سىزىقىدىن پايدىلىنىپ تەسۋىرلەپ بايان قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ.

مەشىقنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى — خاتالىق قېتىم سانى مەشىق قېتىم سانىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ ئازىيىدۇ. بىراق شەخسنىڭ مەشىق پوزىتسىيىسى، بىلىم تەجرىبىسى، ئالدىن تەييارلىق قىلىش ئەھۋالى، مەشىق ئۇسۇلى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئايرىم پەرقلەرگىمۇ ئىگە بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شەخسنىڭ مەشىقى تۆۋەندىكى بىر قىسىم ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ: بىرىنچى، باشلىنىشتا ئىلگىرىلەش تېز، كېيىن تەدرىجىي ئاستىلايدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرىدا بىر روشەن ياكى قىسقا بولغان ئوخشاش مەزگىلى بولىدۇ (يەنى ئېگىزلىك مەزگىلى، ئېگىزلىك ھادىسى دەپ ئاتىلىدۇ)، يەنى ئىلگىرىلەشنىڭ ۋاقىتلىق توختىشى ئارتىدىغان مەزگىل. ئۈچىنچى، كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىلگىرىلەش ئاستا بولىدۇ. تۆتىنچى، ئومۇمىي يۈزلىنىشى ئىلگىرىلەيدۇ. بىراق بەزىدە ۋاقىتلىق چېكىنىشمۇ بولىدۇ.

مەشىق ئۇسۇللىرى كۆپ خىل بولىدۇ. جىسمانىي مەشىقتىن باشقا يەنە پسىخىكىلىق مەشىق ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ، يەنى مېڭىدە قايتا-قايتا پىكىر

يۈرگۈزۈش ھەرىكەت ماھارىتى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا يەنە ھەرىكەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن بۆلەك مەشىق ئۇسۇلى ياكى بىر پۈتۈن مەشىق ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ۋاقىت تەخسىماتى جەھەتتە ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۆلۈپ مەشىق قىلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ مەشىق قىلىشتىن ئەۋزەل.

مەشىقنىڭ تاشقى ئۇچۇر شەرتىدە ۋاقتىدا قايتما ئىنكاس ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەش تېخىمۇ مۇھىم. ئۆگىنىشنىڭ دەسلىپىدە تاشقى قايتما ئىنكاس يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. تاشقى قايتما ئىنكاس ھەرىكەت نەتىجىسىگە قارىتا سەزگۈ ئەزالارنىڭ بىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان قايتما ئىنكاس. ئۆگىنىشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئىچكى قايتما ئىنكاس يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئىچكى قايتما ئىنكاس موسكۇل ھەرىكىتىنىڭ غىدىقلىنىشىنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان قايتما ئىنكاستۇر.

## 3. بىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەش

### 1. بىلىش ماھارىتى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

ئادەتتە بىلىش ماھارىتى ئەقلىي ماھارەت ۋە بىلىش تاكتىكىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەشنىڭ يادروسى ئۇقۇم ۋە قائىدىلەرنى ئىگىلەش دەپ قارىلىدۇ. بىلىش ماھارىتى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىچكى يوشۇرۇنلۇقى، ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ چۈشەنچىلىكلىكى، ھەرىكەت قۇرۇلمىسىنىڭ قىسقارتىلىشچانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

بىلىش ماھارىتى قانداق شەكىللىنىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان پسىخولوگلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرى بار. بىلىش پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەش ئاساسلىقى ئۇقۇم، قائىدىلەرنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئۇقۇم ۋە قائىدىلەرنى ئۆگىنىش قاتلاملىرىغا بۆلىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك قائىدىلەرنى ئۆگىنىش ئاددىي قائىدىلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، قائىدىنى ئۆگىنىش تەبىر خاراكتېرلىك ئۇقۇملارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. تەبىر خاراكتېرلىك ئۇقۇملارنى ئۆگىنىش كونكرېتنى ئۇقۇملارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. كونكرېت

ئۇقۇملارنى ئۆگىنىش ئىدراكى پەرقلەندۇرۇش ئۇچۇن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئەقلىي ماھارەتنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى خىلى تەسىرگە ئىگە بولغان يەنە بىر تەلىمات سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پسىخولوگى گالپېرىن ئوتتۇرىغا قويغان ئەقلىي قابىلىيەت باسقۇچلار شەكىللىنىدۇ دېگەن تەلىماتتىن ئىبارەت. بۇ تەلىماتنىڭ قارىشىچە ئادەمنىڭ بىلىش پائالىيىتى تاشقى ماددا پائالىيىتىنى ئىچكى ئىدراك، تەسەۋۋۇر، ئۇقۇمغا ئايلاندۇرۇش جەريانى بولۇپ، بۇ جەريان بەش باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: يەنى پائالىيەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەش باسقۇچى، ماددىيلاشقان ھەرىكەت باسقۇچى، تاۋۇشلۇق تاشقى تىل باسقۇچى، تاۋۇشسىز تاشقى تىل باسقۇچى ۋە ئىچكى تىل باسقۇچىدىن ئىبارەت. بەش باسقۇچنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئۇقۇم ۋە قائىدىنى ئىگىلەشتە تاشقى نەرسىلەرنى ئىچكى نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىز پسىخولوگى فېڭ جوڭلياڭ ئەقلىي ماھارەتنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۈچ ئاساسىي باسقۇچقا ئومۇملاشتۇرغان، يەنى ئەسلىي تىپ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش، ئەسلىي تىپ مەشغۇلاتى ۋە ئەسلىي تىپ ئىچكى ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت. ئەسلىي تىپ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش باسقۇچىدا ئۆگەنگۇچى ئىككى تۈرلۈك ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ: ئالدى بىلەن ئۆگەنگەن ئەقلىي ماھارەتنىڭ ئەمەلىيەت سخېمىسىنى بەلگىلەيدۇ (يەنى مەشغۇلات پائالىيەت تەرتىپى)، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل ئەمەلىي سخېمىنىڭ ھەرىكەت قۇرۇلمىسىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئەسلىي تىپ مەشغۇلات باسقۇچىدا، ئۆگەنگۇچى ئەقلىي ماھارەتنىڭ ئەمەلىيەت مودېلىغا ئاساسەن ئۆز مېڭىسىدە ئورناتقان پائالىيەت تەرتىپى، پىلاننى تاشقى كۆرۈنۈشلۈك مەشغۇلات ئۇسۇلىدا ساقلاپ ئىجرا قىلىدۇ. ئەسلىي تىپنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش باسقۇچىدا ھەرىكەت ئەسلىي تىپتىكى ماددىي ئوبيېكتتىن ئايرىلىدۇ ۋە تاشقى كۆرۈنۈش شەكلىنى مېڭىنىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرگۈزۈپ، تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق چۈشەنچە خاراكتېرلىك ئوبيېكتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەيئىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ بەلگىلىرىگە قارىتا پىششىقلاپ ئىشلەپ، قايتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەم ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ.

2. بىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش

بىلىش ماھارىتىنىڭ شەكىللىنىشى جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن قاراش

يوق. شۇڭا، بىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتىمۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن ئۇسۇللىرى بار. بىلىش پسىخولوگىيىسى بىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشنى پروگراممىا خاراكتېرلىك بىلىم ئۆگىنىشكە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ ماھارەت، ئۇقۇم، قائىدىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە بىلىش تاكتىكىسىنى ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فېڭ جوڭلياڭ ئۇنى ئەقلىي ماھارەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىپ، زور مىقداردىكى ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەسلىي تىپنىڭ تەقلىدىي ئۇسۇلى بىلەن باسقۇچلارغا بۆلۈپ مەشىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بايقاش ئۇسۇلى «تېزىس ئۇچۇرى» نى كۆرسىتىش ئۇسۇلى ۋە ئۈلگىلىك مىسال قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق بىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلىمۇ بار.

ئۇقۇم قائىدە، بىلىش تاكتىكىسى ئەقلىي ماھارەتنىڭ يادروسى بولغاچقا، شۇڭا تۈرلۈك تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۇقۇمنىڭ ئىچكى مەنىسى ۋە دائىرىسىنى توغرا ئىگىللىتىپ، ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇقۇمنى قوللىنىشنىڭ قائىدىسىنى ئىگىللىتىش ھەم ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئوقۇتۇش مەزمۇنى بىلەن باغلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش تاكتىكىسىنى مەشىق قىلدۇرۇش، بىلىش ماھارىتىنى مەشىق قىلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

## 3. ئەخلاقىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈش

### 1. ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ تەبىرى

ئەخلاقىي پەزىلەت — ئىدىيىۋى ئەخلاقىي پەزىلەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلغاندا ئىپادىلەيدىغان تۇراقلىق ئالاھىدىلىكى ياكى مايىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەخلاق بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۈستقۇرۇلمىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى. ئەخلاقىي پەزىلەت شەخسىي ھادىسە بولۇپ، شەخس پسىخىك قۇرۇلمىسىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى. بىراق، بۇ ئىككىسى زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، شەخسنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ھامان ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ تەسىرىدە شەكىللىنىدۇ. بەلكى ئەخلاق ھەمىشە شەخسنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئەخلاق

ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئىچىدە ۋە ئوخشاش مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات مەزگىلىدە پەرقلىق بولىدۇ. بىراق، ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، قانۇنىيەتلىرى ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ. پسىخولوگىيىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەت ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئاساسلىقى، ئەخلاق پەزىلەتنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىگە مەركەزلەشكەن.

## 2. ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆگىنىش نەزەرىيىسى

ئەخلاقىي پەزىلەت تۇغما بولمايدۇ. بەلكى بەلگىلىك جەمئىيەت ۋە تەلىم-تەربىيە مۇھىتى ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ. تاشقى ھەرىكەت ئۆلچەملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىچكى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى ۋە ئىچكى چۈشەنچىلەرنىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىشىنى باشتىن كەچۈرىدىغان مۇرەككەپ جەريان. بۇ جەرياندا ئەخلاقىي بىلىش، ئەخلاقىي ھېسسىيات، ئەخلاقىي ئىرادە ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەتلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ ھەم ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسى شەخسىي ئەخلاقىي پەزىلەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنداقتا بۇ جەريان قانداق ئۆزگىرىدۇ؟ بۇ مەسىلە ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان پسىخولوگلار ئوخشاش بولمىغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا پسىخولوگى باندىرا (A. Bandura) قىلمىشىزملىق ئۆگىنىش نەزەرىيىسىنى ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆگىنىشىدە قوللىنىپ، تەجرىبە ئارقىلىق ئۈلگىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېچىپ بەرگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈلگىلەرنى دوراش ھەرىكىتى ئىجادىي تۈيغۇ تەرەپتىن كۈچەيتىلگەندە، بۇ خىل ھەرىكەت ئاسانلا مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇنداقلا ئۈلگە بىلەن ۋە سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى بىردەك بولغاندا، ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسى ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.

ئەخلاقىي پەزىلەت تەرەققىيات تەتقىقاتىدا ئەڭ تەسىرگە ئىگە بولغان نەزەرىيە — ئامېرىكا پسىخولوگى كوخلبېرگنىڭ (L. Kohlberg) ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى. ئۇ

پىياگىتنىڭ بىلىش تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلىپ ئەخلاقىي پەزىلەت تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلىرى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كوخلبېرگ ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا ئالدى بىلەن سىناق تەرىقىسىدە بىر ئەخلاقىي پەزىلەتتىكى ئىككى قىيىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن كېيىن مۇۋاپىق ھەرىكەتنى تاللاشنى سىناق قىلدۇردى. مەسىلەن: بىر ئايال راك كېسىلى بولۇپ قالغاندا دوختۇر ئۇنىڭ يولدىشى خەيىنگە مۇشۇ بازاردا بىر دورىگەر كەشىپ قىلغان بىر خىل دورا ئايالىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىراق، بۇ دورىگەر بىر بولاق دورا ئۈچۈن ئىككى مىڭ يۈەن تەلەپ قىلغان. بۇ دورا تەننەرخىنىڭ ئون ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. خەيىن بارچە ئاماللارنى قىلىپ پەقەت مىڭ يۈەن ئېلىپ كېلىپ، دورىگەردىن شۇ پۇلغا مۇۋاپىق ئازراق دورا سېتىپ بېرىشنى ياكى مۇددەتكە بۆلۈپ پۇل تۆلەشنى ئۆتۈنگەن. بىراق، بۇ دورىگەر تەلەپنى قەتئىي رەت قىلغان. خەيىن ئامالسىزلىقتىن، دورا دۇكىنىغا غىپپىدە كىرىۋېلىپ ئايالى ئۈچۈن دورا ئوغرىلاشقا بارغان. بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن كوخلبېرگ بالىلاردىن: خەيىن شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىكمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال سورىغان، كوخلبېرگ سىناق جاۋابىغا قارىتا ئۇلارنىڭ قارىشى ھېكايىدىكى ھەرىكەتنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا قاراش بولماستىن، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى چىقارغان ھۆكۈم تەمىنلىگەن قائىدىگە قارىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن بالىلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەت تەرەققىياتى ئۈچ سەۋىيە، ئالتە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىرىنچى دەرىجىلىك سەۋىيە دەسلەپكى ئادەتلەنگەن سەۋىيە (ياكى دەسلەپكى ئەخلاق سەۋىيىسى) دىن ئىبارەت. بۇ سەۋىيىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىدا كىشىلىك ھەرىكەت مىزانى بەلگىلەنمىگەن بولىدۇ. بىۋاسىتە خۇشاللىق تەلىماتى (گېدونىزم) نىڭ يېتەكلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، يەنى ھەرىكەت جازالاشنى بىكار قىلىپ، مۇكاپاتتىن ھۇزۇرلاندۇرالامدۇ-يوق دېگەندىن ئىبارەت. بۇ سەۋىيە يەنە ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ قائىدىگە بويسۇنۇپ، جازانى بىكار قىلىش. ئىككىنچى باسقۇچ قائىدىگە بويسۇنۇپ، مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، قورال خاراكتېرلىك يۆنىلىشنى بەلگىلەش باسقۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەتتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارمۇ مۇشۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ.

ئىككىنچى دەرىجىلىك سەۋىيە ئۆرپ-ئادەت سەۋىيىسى (ئادەتتىكى

ئەخلاق سەۋىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سەۋىيىدە ئەخلاقىي باھا ياخشى ئىش قىلىش ياكى خالىسانە كۈچ چىقىرىش، باشقىلارنىڭ ئۈمىدى ۋە ئەنئەنىۋى تەرتىپنى ساقلاشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سەۋىيىمۇ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، يەنى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى باسقۇچلاردىن ئىبارەت. ئۈچىنچى باسقۇچ ئەيىبلەشتىن ساقلىنىپ، ماختاشنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئەخلاق بولۇپ، رىئايە قىلىدىغان مىزانى باشقىلارنىڭ «ياخشى بالا» دەپ قارىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ باسقۇچنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بالىلار تېخىمۇ ئومۇملاشقان شەكىل ئارقىلىق مۇكاپات ۋە جازاغا مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى «ياخشى بالا» ، «ئەسكى بالا» دېگەنلەر بولسا بىر خىل ئادەملەردۇر. تۆتىنچى باسقۇچ يەنە نوپۇس ئەخلاقىي ياكى ئادەتلەنگەن يۆنىلىشنى بەلگىلەش باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا بالىلار ئىجتىمائىي ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ نوپۇزلۇق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. قانۇن-قائىدە ۋە تەرتىپلەر بۇ باسقۇچتىكى مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ئاساسى.

ئۈچىنچى دەرىجىلىك سەۋىيە كېيىنكى ئۆرپ-ئادەت سەۋىيىسى (شەخس قائىدىلەرنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتىلىپ، بەشىنچى ۋە ئالتىنچى باسقۇچلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. كوخلبېرگنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ سەۋىيىگە يېتەلمەيدىكەن. چۈنكى، ئۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئابستراكت ھۆكۈملەرگە ھەم ئالىي دەرىجىلىك تەلىم-تەربىيىگە تايىنىشقا ئېھتىياجلىق ئىكەن. ئەگەر بىر ئادەم بۇ باسقۇچقا يېتەلەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەخلاقىي ھۆكۈم سەۋىيىسى يۇقىرى باسقۇچقا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەشىنچى باسقۇچ ئىجتىمائىي كېلىشىم ئەخلاقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ باسقۇچقا قەدەم قويغاندا كىشىلەر، ئەخلاق كىشىلەر ئارىسىدىكى كېلىشىم ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېموكراتىك ماقۇللاش ئارقىلىق ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا شەخس قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە تېخىمۇ يۇقىرى پرىنسىپقا، يەنى «كىشىلىك ھوقۇق، قانۇن، قائىدىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»غا مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ باسقۇچقا يېتىدىغان ئادەم بىرقەدەر ئاز بولىدۇ ھەم ئالتىنچى باسقۇچقا يېتەلەيدىغان ئادەممۇ بىرقەدەر كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. ئالتىنچى باسقۇچ شەخسىي غۇرۇرى پرىنسىپ قىلىنىدىغان ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كىشىلەر ئۆزلىرى تەرەققىي قىلدۇرغان ئېتىكا

پرىنسىپى بولۇپ، بىر خىل ئابستراكت ئۇقۇم ھەم كونكرېت بولمىغان قائىدىلەر شەخس ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمىدىن ئىبارەت. شەخسنىڭ غورۇرى مەدەنىيەت ئىچىدە ئەسلىدە بار بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇنداقلا ئاساسىي ئېقىمدىكى مەدەنىيەت ئىقتىسادى ۋە قىلىپلىرى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كوخلبېرگنىڭ ئەخلاقىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى نەزەرىيىسى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى زور مىقداردىكى تەجرىبە ماتېرىيالىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. تەيۋەن، مالايا، مېكسىكا ۋە تۈركىيە باللىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرخىل مەدەنىيەت ئىچىدىكى باللارنىڭ ئەخلاقىي بىلىشىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوخشاش تەرتىپ ئىپادىلىنىدۇ. بەلكى بۇ تەرتىپ دىنىي ئېتىقادنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەزەرىيە ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بىرقەدەر ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەردى.

## 3. ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش

ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئاساسىي پسىخىك تەركىبى ئەخلاقىي بىلىش، ئەخلاقىي ھېسسىيات، ئەخلاقىي ئىرادە ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەتتىن ئىبارەت بولغاچقا، شۇڭا ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسىي يولى ۋە ئۇسۇلى، ئەخلاقىي بىلىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ياخشى ئەخلاق ھېسسىياتىنى ۋە كۈچلۈك ئەخلاقىي ئىرادىنى يېتىلدۈرۈش. ئەخلاقىي ھەرىكەتنى مەشىق قىلدۇرۇش، ياخشى ئەخلاقىي ئادەتنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ تەرەققىياتى ياش ۋە بىلىش تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، شۇڭا ھەرقانداق ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىشى زۆرۈر بولغان ئومۇمىي قانۇنىيەت. بىراق بىلىش، ھېسسىيات، ئىرادە، ھەرىكەت شەخسىي ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئايرىلماستىن، بەلكى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان بىر پۈتۈنلۈك بولغاچقا، شۇڭا ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەندە ئۇنىۋېرسال ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك.

ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ خىل

بولىدۇ. بەزى ئۇسۇللارنى تاللاپ ئالدىن تونۇشتۇرىمىز.

1. سۆز بىلەن قايىل قىلىش

سۆز بىلەن قايىل قىلىش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلىدۇر. سۆز بىلەن قايىل قىلىشنىڭ رولى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ماھارىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ئوقۇتقۇچى تۆۋەن يىللىق ئوقۇغۇچىلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىشتا، ئاساسلىقى ئىجابىي جەھەتتىكى ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىشتا ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى تەرەپتىن ئىسپاتلاش بىلەن تەمىنلەشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ئوقۇتقۇچى كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلاردا ئەكسىچە كۆزقاراش پەيدا بولمىسا، ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچى پەقەت ئىجابىي كۆزقاراش ۋە ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويسا ئوقۇغۇچىلاردا مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان پوزىتسىيە شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق. ئەگەر ئوقۇغۇچىلاردا ئەسلىدىلا ئەكسىچە كۆزقاراش ۋە ماتېرىياللار بار بولغان بولسا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى تەرەپتىكى كۆزقاراش ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش كېرەك ھەم تولۇق بولغان پاكىتتىن پايدىلىنىپ سەلبىي ماتېرىيال ۋە كۆزقاراشلارنى ئىسپاتلاش خاتا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئاندىن رول ئوينايدۇ.

سۆز بىلەن قايىل قىلىش يەنە ھېسسىيات ئامىلى ۋە ئەقلىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سۆز بىلەن قايىل قىلىشنى يولغا قويغاندا ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈشنى كۈچەيتىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە تولۇق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ چوڭقۇر ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىش سۆز بىلەن قايىل قىلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈنۈمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلىدىكى پوزىتسىيىسى بىلەن سۆز بىلەن قايىل قىلغۇچىنىڭ پوزىتسىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق پوزىتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر مۇھىم ئامىل. ئارىلىق بىرقەدەر كىچىك بولسا، ئاسانلا ئوخشاش ھۆكۈم بارلىققا كېلىپ، ئاسان قايىل بولىدۇ. ئارىلىق بىرقەدەر چوڭ بولسا، ئاسانلا ئوخشىمايدىغان ھۆكۈم بارلىققا كېلىپ، پوزىتسىيە ئۆزگەرتىشتە قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ. شۇڭا

سۆز بىلەن قايىل قىلىشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پوزىتسىيىسىنى توغرا ئېگىلەشنى ئاساس قىلىپ تەلەپنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

2. كوللېكتىپنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىش

تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىنىشىچە، كوللېكتىپ ئەزالىرى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتكەن كېلىشىم ۋە قائىدىلەر ئوقۇغۇچىلار پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ياردەم بېرىدىكەن. چۈنكى، كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتكەن بەلگىلىمىلەر ھەربىر ئادەمگە قارىتا ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەيدۇ. بۇنداق بەلگىلىمىلەر ئوقۇغۇچىلاردا چەكلەش كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق چەكلەش كۈچى كوللېكتىپ ئىچىدىكى پىكىرنىڭ بىرلىككە كېلىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ۋە ئارتىشىنى تونۇپ يەتكەنسېرى مەلۇم ئوقۇغۇچىدا قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەت كۆرۈنگەن ھامان كوللېكتىپنىڭ شەكىللىك ياكى شەكىلسىز بېسىمىغا ئۇچرايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

3. گۇرۇپپا ئەخلاق مۇھاكىمىسى

گۇرۇپپا ئەخلاق مۇھاكىمىسى كوخلىبېرگ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقۇچىلار لايىھىلىگەن ھەم يولغا قويغان ئەخلاق تەربىيە ئەندىزىسىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بالىلار پەرەز خاراكتېرلىك ئىككى قىيىن ئەخلاق مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىن بىر باسقۇچ يۇقىرى بولغان تەڭتۇش ھەمراھلىرىنىڭ ئەخلاق ھۆكۈمىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە قوشۇۋالالايدۇ. ئۆزىدىن تۆۋەن ئەخلاق تەرەققىيات باسقۇچىدىكى تەڭتۇشلىرىنىڭ ھۆكۈملىرىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

كىچىك گۇرۇپپا ئەخلاقنى مۇھاكىمە قىلىش مۇنداق ئۈچ ئامىلغا چېتىلىدۇ: بىرىنچى، دەرس ئامىلى. ئەخلاقىي مۇھاكىمىنىڭ مەزمۇنى بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش توقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان. ئەخلاقىي جەھەتتىكى قىيىن ئەھۋاللار توغرىسىدىكى ھېكايىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىككىنچى، سىنىپ، گۇرۇپپا ئامىلى. ئەخلاقىي مۇھاكىمە گۇرۇپپىسى ئوخشاش بولمىغان باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن شەكىللىنىشى، ئوقۇغۇچىلارغا پۇرسەت بولسا ئۇلارنىڭ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغان ئەخلاق ھۆكۈملىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش لازىم. ئۈچىنچى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەرىكەت ئامىلى. ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ ئەخلاق تەرەققىياتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى

بىلىملەرنى ھازىرلىشى كېرەك ھەمدە بالىلارنىڭ ئەخلاق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنى گۇرۇپپا مۇھاكىمىسىدە ئاكتىپ پىكىر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ياكى تالاش-تارتىش قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان جاۋابنى تېپىش لازىم.

يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇل پەقەت ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە قارىتىلغان بىر قىسىم ئۇسۇللار.

ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش يەنە ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىر قىسىم ئالاھىدە ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا ئېھتىياجلىق. مەسىلەن: ئەخلاق ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش؛ رول ئېلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئوخشاش بولغان ئورۇندا تۇرغۇزۇپ، ئالاھىدە سېزىمچانلىق ۋە تەسىر پەيدا قىلىپ ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. قىممەتنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قىممەت تونۇشىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى توقۇنۇشنى ھەل قىلىدىغان ھەرىكەتكە يېتەكلەش قاتارلىقلار.

## §4. ئۆگىنىشتىكى كۆچۈش ۋە ئىجادىيەت

### 1. كۆچۈش ھەققىدە ئومۇمىي بايان

#### 1. كۆچۈشنىڭ تەبىرى

كۆچۈش ئۆگىنىشتىكى كۆچۈش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، بىر خىل ئۆگىنىش تەجرىبىسىنىڭ يەنە بىر خىل ئۆگىنىشكە بولغان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلار ئاللىقاچان ئېرىشكەن بىلىم، ھەرىكەت ماھارىتى، ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيە قاتارلىقلار يېڭى ئۆگىنىشكە قارىتا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوخشاشلا، كېيىنكى ئۆگىنىشمۇ ئاۋۋالقى ئۆگىنىشكە قارىتا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر خىل ئۆگىنىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۆگىنىشكە بولغان تەسىرى ئاكتىپ بولۇشىمۇ، شۇنداقلا پاسسىپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئادەتتە ئىككى خىل ئۆگىنىش

ئارىسىدىكى مەزمۇن، ھەرىكەت شەكلى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئوخشاش ياكى يېقىن بولسا، ئاسانلا كۆچۈش يۈز بېرىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئاسانلىقچە كۆچۈش پەيدا بولمايدۇ. ئۆگىنىشتىكى كۆچۈش مۇھىم تەلىم-تەربىيە ئەھمىيىتىگە ئىگە.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى كۆچۈشىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ئەتراپلىق ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى كۆچۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا دىققەت قىلىش، يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىنىش قابىلىيىتى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق.

## 2. كۆچۈشنىڭ تۈرلىرى

ئۆگىنىشنىڭ كۆچۈشىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1. كۆچۈشنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، كۆچۈشنى بىلىم ئۆگىنىشتىكى كۆچۈش، ماھارەت ئۆگىنىشتىكى كۆچۈش ۋە ئادەت ھەم پوزىتسىيە جەھەتتىكى كۆچۈش قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

2. تەسىر كۆرسىتىش يۆنىلىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئوڭ يۆنىلىشلىك كۆچۈش ۋە تەتۈر يۆنىلىشلىك كۆچۈش دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدىنقىسى ئىلگىرىكى ئۆگىنىشنىڭ كېيىنكى ئۆگىنىشكە بولغان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكىسى ئۆگىنىشنىڭ ئاۋۋالقى ئۆگىنىشكە بولغان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

3. كۆچۈشنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئۇنۇمى جەھەتتىن قارىغاندا، مۇسبەت كۆچۈش ۋە مەنپىي كۆچۈش دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

مۇسبەت كۆچۈش بىر خىل ئۆگىنىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۆگىنىشكە بولغان ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىشىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئاكتىپ تەسىرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەنپىي كۆچۈش بىر خىل ئۆگىنىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۆگىنىشكە بولغان توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئويناشنى كۆرسىتىدۇ، يەنى پاسسىپ تەسىرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇسبەت كۆچۈشنى يەنە توغرا يۆنىلىشلىك كۆچۈش ۋە تىك يۆنىلىشلىك كۆچۈش دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. توغرا يۆنىلىشلىك كۆچۈش شەخسنىڭ ئۆگىنىپ بولغان تەجرىبىلىرىنى باشقا

مەزمۇنى ۋە قىيىنچىلىق دەرىجىسى ئوخشايدىغان ئەھۋاللارغا كېڭەيتىپ قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ. تىك يۆنىلىشلىك كۆچۈش ئوخشاش بولمىغان قىيىنچىلىق دەرىجىسىدىكى ئىككى ئۆگىنىش ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنى كۆرسىتىدۇ. بىر خىلى، بىرقەدەر ئاسان بولغان ئۆگىنىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر ئاسان بولغان ئۆگىنىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى ئۆگىنىشكە بولغان تەسىرى بولۇپ، نەتىجىدە دائىم ئىلگىرىكى ئۆگىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىش ھەمدە تەڭ بىر تۇتاش قوللىنىلغان ئۇسۇل ياكى قائىدىنى شەكىللەندۇرۇش. يەنە بىر خىلى، بىرقەدەر يۇقىرى قاتلاملىق ئۆگىنىشنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن قاتلاملىق ئۆگىنىشكە بولغان تەسىرى بولۇپ، ئادەتتە ئۆگىنىش پرىنسىپىدىن شۇ پرىنسىپقا ماس قوللىنىدىغان كونكرېت ئۆگىنىش ھالىتىدىكى كۆچۈشنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. كۆچۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

### 1. شەخس ئامىلى

شەخس ئامىلى ئوقۇغۇچىنىڭ شەخسەن ئۆزىدىكى بىرقىسىم كۆچۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان شەرت ياكى ھالەتتىن ئىبارەت.

1) ئەقلىي كۈچ

ئەقلىي قابىلىيىتى بىرقەدەر يۇقىرى ئوقۇغۇچىلار بىرقەدەر ئوخشاشلۇق ھالدا ئىككى خىل ئۆگىنىش ھالىتى ئارىسىدىكى ئوخشاش ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايقىيالايدۇ.

ئۆگىنىشنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنى ئاسانلا خۇلاسىلەپ، ئىلگىرى ئۆگىنىشتە قولغا كەلگەن ئۆگىنىش تاكتىكىسى ۋە ئۇسۇللىرىنى بىرقەدەر ئۈنۈملۈك ھالدا كېيىنكى ئۆگىنىش داۋامىدا قوللىنالايدۇ.

2) ياش ئالاھىدىلىكى

يېشى ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر ئوخشاش بولمىغان تەپەككۇر تەرەققىياتى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، كۆچۈشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان شەرتلەر ۋە مېخانىزمى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: كونكرېتنى ھېسابلاش باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتىكى كۆچۈشنىڭ بارلىققا كېلىشى كونكرېتنى شەيئىلەرنىڭ ياردىمى ۋە ماسلىشىشقا تايىنىدۇ. ئۆگىنىشنىڭ كۆچۈشى تېخىمۇ كۆپ ھالدا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدىكى

بىرقەدەر كونكرېتنى ئامىللار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. شەكىل ئارقىلىق ھېسابلاش باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاللىقاچان ئابستراكت تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ھازىرلىغانلىقتىن ئۆگىنىش ھالىتىدىكى كونكرېتنى ئوخشاش ئامىللارنىڭ ياردىمىگە تايانمايمۇ ئومۇمىي قائىدە، پرىنسىپلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشتە ئاكتىپ كۆچۈشنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ.

3) بىلىش قۇرۇلمىسى

بىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ سۈپىتى، مەسىلەن: بىلىم تەجرىبىسىنىڭ توغرىلىقى، بىلىم تەجرىبە ئارىسىدىكى باغلىنىشنىڭ مۇللۇقى ۋە ئۆيۈشچانلىقى قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى بىلىم ئۆگىنىشى، يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلىش ۋاقتىدىكى ئىلگىرىكى بىلىم تەجرىبىسىن\ ئىشلىتىشنىڭ تېزلىكى ۋە توغرىلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆچۈشنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

4) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە مەكتەپكە تۇتقان پوزىتسىيىسى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتىكى ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى بىلىمنىڭ كۆچۈشىگە پايدىلىق ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ كۆچۈشكە قارىتا ئىجابىي ياكى سەلبىي (ئاكتىپ ياكى پاسسىپ) تەسىر كۆرسىتىدۇ.

5) ئۆگىنىش مايىللىقى ۋە قېلىپلىشىپ قېلىش

مايىللىق بىر خىل پسىخىك تەييارلىق ھالىتىدىن ئىبارەت. ئىلگىرىكى بىلىمدىن پايدىلىنىپ يېڭى بىلىم ئۆگىنىشنىڭ پسىخىك تەييارلىق ھالىتىگە ئىگە بولغاندا، بۇ خىل تەييارلىق ھالىتىگە ئىگە بولمىغانغا قارىغاندا ئۆگىنىشنىڭ كۆچۈشىگە تېخىمۇ پايدىلىق. ئۆگىنىشتىكى قېلىپلىشىپ قېلىش بىر خىل ئالاھىدە پسىخىك تەييارلىق ھالىتى بولۇپ، ئىلگىرىكى ئۆگىنىشتىن پەيدا بولىدۇ. كېيىنكى ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قارىتا تەسىر كۆرسىتىدىغان پسىخىك تەييارلىق ھالىتى، ئۆگىنىشكە قارىتا يۆنىلىشنى بەلگىلەش رولىغا ئىگە، قېلىپلىشىپ قېلىش، ئىجابىي كۆچۈشنىڭ پسىخىك ئارقا كۆرۈنۈشى بولالايدۇ ھەم سەلبىي كۆچۈشنىڭ پسىخىك ئارقا كۆرۈنۈشى بولالايدۇ، ھالقىلىق يېرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كونكرېتنى تەھلىل قىلىش-قىلماسلىقىدا، بۇنىڭ ئىچىدىن قايسىلىرىنى

ئىلگىرىكى بىلىم ۋە تاكتىكىلاردىن پايدىلىنىپ ئۆگەنگىلى ۋە ھەل قىلغىلى بولىدۇ، قايسىلىرىنى ئىلگىرى شەكىللەنگەن ئىنكاسنىڭ قېلىپلىشىپ قېلىشىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئېھتىياجلىق، بۇلارنى جانلىق بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئىجابىي ھالدا ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

2. ئوبيېكتىپ ئامىللار

1) ئۆگىنىش ماتېرىيالىنىڭ ئالاھىدىلىكى

بۇ ئۆگەنگەن بىلىم، ماھارەتلەر ئارىسىدا ئورتاق ئامىللار ياكى تەركىبلەر بارمۇ-يوق، ئۆگىنىش ماتېرىيالى ياكى يېڭى بىلىمنىڭ تەشكىللىي قۇرۇلمىسى، لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىر قىسىم توغرا قائىدە-پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ياخشى تەشكىللىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان بىلىملەر ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىش ماتېرىيالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسە قىلىشقا يېتەكلەپ ئىجابىي كۆچۈشنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق.

2) ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكى

ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇشتا ئاڭلىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارنى ئوخشاش بولمىغان بىلىملەر ئارىسىدىكى ئورتاقلىقلارنى بايقاشقا يېتەكلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، خۇلاسىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز-ئۆزىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا يېتەكلەيدۇ ياكى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق ئۆگىنىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى ۋە كۆچۈشكە قارىتا ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3) ئۆگىنىش ھالىتىنىڭ ئوخشاشلىقى

ئۆگىنىش ھالىتى مەسىلەن ئۆگىنىش مەيدانى، مۇھىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان ياكى سىناق ئالىدىغان خادىملار قاتارلىقلار قانچە ئوخشاش بولسا، ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچىدىن شۇنچە پايدىلىنالايدۇ. ئۆگىنىش ياكى مەسىلە ھەل قىلىش داۋامىدىكى مۇسبەت كۆچۈشنىڭ بارلىققا كېلىش پۇرسىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

## 2. ئۆگىنىشتىكى كۆچۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش

ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش جەريانىدا ھەرخىل ئۇسۇل، ۋاستىلەردىن

پايدىلىنىپ، ئىجابىي كۆچۈشكە پايدىلىق بولغان شارائىت ۋە تەلىم-تەربىيە يۇرستىنى بېرىپ، پايدىسىز ئامىللارنى يوقىتىپ ياكى بىكار قىلىپ، ئۆگىنىشتىكى كۆچۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك ئامىللارغا قارىتا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش لازىم. كونكرېتنى تەدبىرلىرى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1. ئېنىق، كونكرېت، رېئالنى ئوقۇتۇش نىشانىنى تۇرغۇزۇش

ئېنىق ھەم كونكرېت بولغان ئوقۇتۇش نىشانىنى ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىش نىشانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەسلىدىكى بىلىمگە قارىتا ئاتسۇتئاتسىيە شەكىللەندۈرەلەيدۇ، يەنى بىر ئالدىن تەشكىللىگۈچىگە ئىگە بولغاندا كۆچۈشنىڭ بارلىققا كېلىشىگە پايدىلىق.

## 2. ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا دىققەت قىلىش

ئالدى بىلەن ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى جەھەتتە، تۈرلۈك ئوقۇتۇش ھالقىلىرىنىڭ (بىرلىكلىرىنىڭ) نىسپىي مۇستەقىللىقىغا دىققەت قىلىش شەرتى ئاستىدا، ھەرقايسى ھالقىلار ۋە ھەرقايسى قىسىملارنىڭ مەزمۇنى ئارىسىدىكى ئىچكى مەنتىقىلىق باغلىنىش ۋە ئىلگىرى-كېيىنلىك ماسلىشىشىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. ئۇنىڭدىن قالسا، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىكى ئىچكى باغلىنىشتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىچكى باغلىنىشى كەمچىل بولغان مەزمۇنلارغا قارىتا ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن پايدىلىنىپ تولۇقلاش ئېلىپ بېرىش لازىم.

## 3. ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندا، ئوقۇتىدىغان مەزمۇنلارنىڭ قايسى خىل كۆچۈشكە ماس كېلىدىغانلىقىنى كونكرېتنى تەھلىل قىلىش لازىم

ئوقۇتۇشتا، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئورتاق ئامىللارنىڭ كۆچۈشكە قولايلىقمۇ ياكى قائىدە-پرىنسىپلارنىڭ كۆچۈشكە پايدىلىقمۇ دېگەننى ئېنىق ئايرىغاندىن كېيىن، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇئەييەن كۆچۈشنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش كېرەك.

## 4. ئوقۇتۇش داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىش مەزمۇنىغا قارىتا ئومۇملاشتۇرۇپ يەكۈن چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم

بىر تەرەپتىن، ئوقۇتۇش داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇملاشتۇرۇلغان قائىدىلەردىن يەكۈن چىقىرىشقا يېتەكلەشكە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش، يەكۈنلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قائىدە-پرىنسىپنىڭ كۆچۈشىدىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، قائىدە-پرىنسىپلارنى چۈشەندۈرگەن ۋاقىتتا ئەڭ كەڭ دائىرىلىك مىساللارنى ئېلىش لازىم. ھەرخىل شەكىللەرنى ئۆزگەرتىشتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسى ۋە دائىرىسىنى توغرا ئىگىلىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قائىدە-پرىنسىپلارنىڭ كونكرېت قوللىنىش ھالىتى جەھەتتىن سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆگىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆپ خىل ئوخشاش بولمىغان ھالەتلەردىكى قوللىنىشنى ئىگىلىتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپ مىقداردىكى سىناق، پاراكتىكا كۆرۈش پراكتىكىسى ئېلىپ بېرىش ياكى كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش قوراللىرىدىن پايدىلىنىش ياكى جانلىق ئوقۇتۇش تىلى، ھېسابلاش ماشىنىسى مودېلى قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھېسسىي بىلىشىنى ئاشۇرۇش لازىم.

## 5. ئاخىرقى ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان بىلىش تاكتىكىسى ۋە دەسلەپكى بىلىش تاكتىكىسىنى ئىگىلەشكە ياردەم بېرىش

بىلىش تاكتىكىسى ۋە دەسلەپكى بىلىش بىر خىل پراگرامما خاراكتېرلىك بىلىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆگەتكىلى بولىدۇ ۋە ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش داۋامىدا ئاخىرقى ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا بىر قىسىم بىلىش تاكتىكىسى ۋە دەسلەپكى بىلىش تاكتىكىسىنى ئۆگىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق ئۆگىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىشتىكى كۆچۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### 6. قايتما ئىنكاس ۋە سەۋەبنى تىزگىنلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىش ۋە مەكتەپ توغرىسىدا ئاكتىپ پوزىتسىيە شەكىللەندۈرۈش

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى يارىتىش بىلەن مەكتەپ مۇھىتى ۋە كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈپ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا ئوقۇتقۇچى يەنە قايتما ئىنكاس ۋە سەۋەبنى تىزگىنلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىش ۋە مەكتەپ توغرىسىدا ئاكتىپ پوزىتسىيە شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ. ھەر قېتىملىق ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال، ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى پسىخىك تەييارلىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، ناچار كەيپىيات، ئىنكاسىنىڭ قېلىپلىشىپ قېلىشى قاتارلىق پاسسىپ روھىي ھالەت پەيدا قىلغان سەلبىي كۆچۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. كۆچۈش ھادىسى ئۆگىنىش جەريانىدا ئىنتايىن ئومۇملاشقان، ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقتىن، شۇڭا مائارىپ ساھەسىدە «كۆچۈش ئۈچۈن ئۆگىنىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، كۆچۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش يالغۇز بىرقىسىم كونكرېتنى ئوقۇتۇش پرىنسىپلىرى ياكى ئۇسۇل، تەدبىرلەردىلا قوللىنىپلا قالماي، بەلكى بىر خىل ئوقۇتۇش ئىدىيىسى ۋە ئوقۇتۇش كۆزقارىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، كونكرېت پەن ساھەسى بىلەن كونكرېت ئوقۇتۇش ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ جانلىق ھالدا تەلىم-تەربىيە پۈرسىتىنى يارىتىپ ۋە ئۇنىڭدىن جانلىق پايدىلىنىپ ئىجابىي كۆچۈشنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

## 3. ئىجادچانلىق ۋە ئۇنىڭ پسىخىك تەركىبى

### 1. ئىجادىيەت ۋە ئىجادچانلىق

ئىجادىيەت جەمئىيەت ئۈچۈن يېڭى ماددىي مەھسۇلات ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى يارىتىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ئادەتتە تار مەنىگە ۋە كەڭ مەنىگە ئىگە، تار مەنىدىكى ئىجادىيەت يېڭى، مۇستەقىل، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەھسۇلاتلارنى يارىتىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئىلىم-پەن جەھەتتىكى بايقاشلار، تېخنىكا جەھەتتىكى كەشىپ

قىلىش، ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىكى ئىجادىيەت قاتارلىقلار. كەڭ مەنىدىكى ئىجادىيەت بولسا شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان پائالىيەت ھەم مەھسۇلات ۋە ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باشقىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجادچانلىق شۇ خىل ئۆزىگە خاس رېئاللىقى ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىدىغان تۇرلۇك پسىخىك ئامىللارنىڭ ئورگانىك بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن پسىخىك قۇرۇلمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجادچانلىقنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار، ئاساسلىقى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى ئامىلى، شەخسىيەت ئامىلى ۋە بىلىش ئامىلىدىن ئىبارەت.

ئىجاد قىلىش كۈچى مەلۇم ۋەزىپىگە ئاساسەن تەپەككۇر پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يېڭى تونۇش ھاسىل قىلىپ، يېڭى شەيئىلەرنى يارىتىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت. ئىجاد قىلىش كۈچى ئىجادچانلىق پسىخىك قۇرۇلمىسىدىكى بىلىش ئامىللار سەۋىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولىدۇ، ئىجاد قىلىش كۈچىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق بىلىش ئامىللىرى: (1) ئىجادىي تەپەككۇر؛ (2) ئىجادىي خىيال؛ (3) ئىجادىي بىلىش تاكتىكىسى؛ (4) ياخشى بىلىم قۇرۇلمىسى؛ (5) دەسلەپكى بىلىش.

## 2. ئىجادچانلىقنىڭ پسىخىك ئامىلى

### 1. ئىجادچانلىقنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ ئامىلى

ئىجادچانلىقنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ ئامىلى ئىجادىي پائالىيەتنىڭ مەقسىتى ۋە غەرىزىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىجادىيەت ئېھتىياجى ۋە مۇددىئاسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئىجادىيەت پائالىيىتىگە قارىتا ئىلگىرى سۈرۈش ياكى توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇددىئاسى ئامىلى ئاساسلىقى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، يەنى تاشقى مۇددىئا ۋە ئىچكى مۇددىئادىن ئىبارەت. نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىچكى مۇددىئا تاشقى مۇددىئاغا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىجادچانلىقنى پەيدا قىلالايدۇ. يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىچكى مۇددىئا مەشھۇر ئىجادكارلارنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. تاشقى مۇددىئامۇ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن: نۇرغۇن تالانتلىق شەخسلەرنىڭ

دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تۇرمۇشىدا تۇرلۇك شەكىلدىكى رىقابەتلەر ئومۇميۇزلۇك هالدا مەۋجۇت بولغان. ئۇندىن باشقا ئىجادىيەت پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەهمىيەت بېرىدىغان بىر جەمئىيەتتە كىشىلەردە ئەڭ يۇقىرى ئىجادچانلىق شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، ئىچكى مۇددىئانى تەكىتلىگەن ۋاقىتتا تاشقى مۇددىئانىڭ رولىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. بىراق، تاشقى مۇددىئا خىزمەتنىڭ ئۆزىگە بولغان دىققىتىنى چېچىۋېتىپ ھەم دىققەتنى تاشقى نىشانغا قارىتىش مۇمكىنچىلىكى بولغاچقا، ئۇ ئىجادچانلىققا توسالغۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئوقۇتۇشتا تاشقى مۇددىئادىن پايدىلانغان ۋاقىتتا ئېهتىياتچان بولۇش لازىم.

2. ئىجادچانلىقنىڭ شەخسىيەت ئامىلى

ئىجادچانلىق تەتقىقاتىنىڭ بىر مۇهىم يولى. ئىجادكارلارنىڭ قانداق ئالاهىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. چەت ئەللەردىكى ئىجادچانلىق سىنىقى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىجادچانلىققا ئىگە بولغان كىشىلەردە تۆۋەندىكى ئالاهىدىلىكلەر بولىدىكەن.

1) ئىدىيىنىڭ جانلىقلىقى

ئىجادچانلىققا ئىگە ئادەملەر ئەشۇ «ئومۇمىي ساۋات» قا خىلاپ بولغان كۆزقاراش ۋە پەرەزلەرنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولىدۇ. ئەشۇ خام خىياللاردىن هۇزۇرلىنىدۇ، قىزىقىدۇ، ھەتتا غەيرىي ئامىللارغا ئىنتىلىدۇ، ئۇلار قىياس قىلىشقا ماھىر بولۇپ، رېئاللىقتىن ۋە ئادەتتىكى ئەھۋاللاردىن ھالقىپ كېتىشكە ئىنتىلىدۇ. ئېنىق بولمىغان خاراكتېرىدىكى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش مايىللىقىغا ئىگە.

2) شەخسىنىڭ مۇستەقىللىقى

ئىجادچانلىققا ئىگە بولغان ئادەم نىسپىي هالدا ئادەت كۈچلىرىنىڭ چەكلىمىسى ۋە تىزگىنلىنىشىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسى ئىچىدە ئىنائەت قىلغۇچى بولۇپ قالمايدۇ. بىراق ئۇلار ئىجادىي پائالىيەت دائىرىسى سىرتىدا دائىم ئادەتكە بوي سۇنغۇچى.

3) مۇجمەل ئېنىق بولمىغان شەيئىلەرگە قارىتا سەۋرچان بولىدۇ

ئېخى ئېنىقلانمىغان مۇجمەل بولغان، مۇرەككەپ نەرسىلەرگە يۈزلىنىدۇ. ئىجادچانلىققا ئىگە ئادەملەر ھەددىدىن ئارتۇق تەشۋىشلىنىش هېس قىلمايدۇ، ئۇلار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ رېئاللىقنى

بۇرمىلىمايدىغان ئۇسۇل ئارقىلىق قالايمىقان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا قىيىن مەسىلىلەرنى ئەپلەپ-سەپلەپ، ئاسانلىرىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا بولدى قىلىپ ھەل قىلمايدۇ.

4) خاتالىققا نىسبەتەن سەۋرچان بولىدۇ

ئىجادچانلىققا ئىگە ئادەملەر خاتالىقنى شەخسنىڭ مەغلۇبىيىتى بولماستىن، بەلكى بىر خىل ئۇچۇر دەپ قارايدۇ، شۇڭا بىر مەسىلىگە قارىتا نۇرغۇن كەڭ دائىرىلىك ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئۇلار (سەۋرچانلىق) سوغۇققانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدۇ. خاتالىق يۈز بېرىشتىن ئەنسىرىمەيدۇ، بىراق ئىككىنچى باسقۇچلۇق مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق پەيتىگە قەدەم قويغاندا، ئۇلار خاتالىق يۈز بېرىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ.

5) ئاساسىي ئەقلىي سەۋىيىسى

ئادەتتە، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىجادىيەت مەلۇم ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئەقلىي سەۋىيىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ چەك دەرىجىسى خىزمەت ساھەسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئەشۇ بىر قىسىم بىلىش تەركىبى بىرقەدەر ئاز بولغان دائىرە ئىچىدە بۇنداق چەك ناھايىتى تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىدۇ. بىراق ئەقىل مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىن، ئەقىل بىلەن ئىجادچانلىقنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدۇ.

6) ئىجتىمائىي ئالاقە قابىلىيىتى ناھايىتى يۇقىرى بولمايدۇ

ئۇلار ئۆزى قىزىققان مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ جەمئىيەتنىڭ باھاسىغا قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ. كوللېكتىپ پائالىيەت، ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. شۇنداقلا، ئۆزى ئادەتتە جامائەت بىلەن چىقىشالمايدۇ ياكى جەمئىيەتكە قارشى دەپ قارايدۇ.

7) بىرقەدەر يۇقىرى تەشۋىشلىنىدۇ

ئىجادچانلىققا ئىگە ئادەملەر بىرقەدەر يۇقىرى تەشۋىشلىنىشكە ئىگە. بىراق، بۇ خىل تەشۋىشلىنىش خاراكتېرىدىكى نورماللىقنى يوقاتقانلارنىڭ تەشۋىشلىنىشىگە ئوخشىمايدۇ. ئىجادچانلىققا ئىگە ئادەملەرنىڭ تەشۋىشلىنىشى بىرىنچىدىن، «ھازىرقى ھالىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۈمىدى ياكى غايىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت» دىن پەيدا بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، «ئۆزى بىلەن غايىسىدىكى ئۆزى» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پەيدا بولىدۇ.

8) ئۆزىگە خاس بولغان قىممەت قارىشى سىستېمىسى

يۈكسەك ئىجادچانلىققا ئىگە ئادەملەر كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇم خاراكتېرلىك مەزمۇنلار ۋە مۇھىم ئارزۇ-ئىستەكلەر جەھەتتە ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ قىزىقىشقا ئىگە. نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار نەزەرىيىۋى ۋە گۈزەل نەرسىلەرگە قارىتا ناھايىتى يۇقىرى قىزىقىشقا ئىگە، بەلكى تەپسىلاتقا قىزىقمايدۇ.

ئومۇمەن، ئىجادچانلىق بىر يۈرۈش مەسىلە ھەل قىلىش تېخنىكىسى ياكى ئۇسۇلى بولۇپلا قالماي، ئۇ بەلكى بىر خىل ئۆزىگە خاس بولغان ئىندىۋىدۇئاللىق بولۇپ، ئىجادچانلىققا ئىگە بولغان ئادەملەر دائىم باشقىلار بىلەن قىلچە ئوخشىمايدىغان بىر قىسىم ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

### 3. ئىجادچانلىقنىڭ بىلىش ئاملى

ئىجادچانلىق بىلىش ئاملى ئاساسلىقى ئىجادىي تەپەككۇر، ئىجادىي خىيال، ئىجادىي بىلىش تاكتىكىسى، ياخشى بىلىش قۇرۇلمىسى، دەسلەپكى بىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بابتا نۇقتىلىق قىلىپ ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن ئىجادىي بىلىش تاكتىكىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمىز.

ئىجادىي تەپەككۇر ئىجادچانلىقنىڭ يادروسى، ئىجادىي پائالىيەت جەريانىغا تەپەككۇر نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىجادىي تەپەككۇر جەريانىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق بىر ئىجادىي پائالىيەت ھامان ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇردىن ئايرىلغان ئىجادىيەت پائالىيىتى مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئادەتتە تارقاق تەپەككۇر ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي جەريانى دەپ قارىلىدۇ، تارقاق تەپەككۇر بىر تۈرلۈك ئوخشىمىغان يۆنىلىشنى بويلاپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئىزدىنىدىغان، كۆپ خىللىققا يۈزلىنىدىغان، ئىنتىلىدىغان، تەپەككۇر. ئۇ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئەسلىدىكى ئۇچۇرلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كېڭەيتىشتە كۆپ خىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، مەسىلە ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ، ئىلگىرىكى ئۇسۇل، چارە، قائىدە، دائىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. راۋانلىق، جانلىقلىق ۋە مۇستەقىللىق ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدۇر. تارقاق تەپەككۇر بىلەن قارىمۇقارشى بولغىنى بىرىككەن تەپەككۇر بولۇپ، ئۇ، بىر خىل مەسىلىنى تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى بىرىكتۈرۈش بىلەن تەمىنلەپ بىر توغرا جاۋابنى ياكى

ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش لايىھىسىنى قولغا كەلتۈرىدىغان تەپەككۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىمكانىيەتنىڭ بارچە ئەسلىدىكى بىلىم ۋە تەجرىبىدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇرلارنى رەتلەنگەن، لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشقا يېتەكلەپ ئانالىز قىلىش، سىنتېزلاش ئارقىلىق مەركەزلەشتۈرۈپ جاۋاب بېرىدۇ.

تارقاق تەپەككۇر قىلىش ئىجادىي پائالىيەتنىڭ ئاساسىي جەريانى. بىراق ئىجادىي پائالىيەتلەردە يەنە كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى بىلىم-تەجرىبىلىرى، مەقسىتى ۋە قىممەت ئۆلچىمىگە تايىنىدۇ. بۇ ئىجادىيەت جەريانىدا بىرىككەن تەپەككۇرنى يولغا قويۇشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىجادىيەت جەريانى ھامان مۇشۇ ئىككى خىل تىپتىكى تەپەككۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت بۇ ئىككى خىل تەپەككۇرنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھالدا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ئىجادىي بىلىش تاكتىكىسى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئىجادىي خىيالنى قانات يايدۇرۇش ئۇسۇلى ياكى مەشغۇلات تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئىجادىي بىلىش تاكتىكىسى مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. نۆۋەتتە ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تۈردىكى تاكتىكىلار، ئاساسلىقى ئالاھىدىلىك بويىچە مىسال ئېلىش ئۇسۇلى، خام خىيال قىلىش ئۇسۇلى، ھالەت يارىتىش ئۇسۇلى، مېڭىنى سەگەكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى، جەدۋەللەرنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى، سىنتېزلاش ئۇسۇلى، دەرىجىگە ئايرىپ باھا بېرىش، ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، يان تەرەپتىن تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بار.

## 4. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى يېتىلدۈرۈش

ئامېرىكا پسىخولوگى روجىرس (C. R. Rogers) نىڭ قارىشىچە، «پسىخىكا بىخەتەرلىكى» ۋە «پسىخىك ئەركىنلىك» دېگىنىمىز، ئىجادىي پائالىيەتلەرگە پايدىلىق بولغان ئاساسىي شەرت ئىكەن، «پسىخىك بىخەتەرلىك» بىر ئادەم مەدەنىيەتنىڭ ئادەتتىكى قائىدىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، جەمئىيەت ئۇچۇن ئېھتىيات قىلىپ پسىخىك جەھەتتە مۇداپىئەلىنىش ھالىتىدە تۇرۇشى ھاجەتسىز. بىر ئادەم پسىخىك جەھەتتە

بىخەتەرلىك ھېس قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تارقاق تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئەندىشە قىلمايدۇ، جەمئىيەتتىكى زور بىر قىسىم ئىتائەت قىلغۇچىلار، ئىتائەت قىلمىغۇچىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ قارشى ئېلىنىغانلىقتىن، ئىجادچانلىقنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا ئىجادىيەت پائالىيەت مۇقەررەركى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان، ھەتتا غەيرىي بولغان ھەرىكەت. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن پسىخىكا جەھەتتە بىخەتەر ھېس قىلىدىغان بىر مۇھىت بىلەن تەمىنلەش، ئىجادچانلىق كۈچىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. رۇچرسنىڭ قارىشىچە، «پسىخىك ئەركىنلىك» ناھايىتى كۆپ جەھەتلەردىن «پسىخىك بىخەتەرلىكنىڭ» نەتىجىسى، پسىخىكا جەھەتتە ئەركىن ئادەم تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ:

(1) ئۇ ئۆزى قانداق ئادەم بولسا شۇنداق ئادەملەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشى ياكى مەسخىرە قىلىشىدىن قورقمايدۇ.

(2) ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى ۋە ئىدىيىسىنى سىمۇۋوللۇق خاراكتېرىدە ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى توسالغۇ، بۇرمىلاشلارنى بىكار قىلىدۇ ياكى ئۇلارنى يوشۇرىدۇ.

(3) ئۇ خۇددى ئويۇن ئوينىغاندەك ئالاھىدە شەكىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى چۈشەنچىسى ۋە سۆز ئاھاڭىنى قوللىنىشنى بىر خىل گۇنادەك ھېس قىلمايدۇ.

(4) ئۇ تېخى بىلمىگەن ۋە سىرلىق نەرسىلەرنى بىر خىل بەدەل تۆلەشكە تېگىشلىك جىددىي تاللاش دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا بىر خىل كۆڭۈللۈك ئويۇن دەپ قارايدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە، پسىخولوگلار تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

(1) بالىلارنىڭ قىزىقارلىقى ۋە غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىش.

(2) بالىلارنىڭ خاتالىششتىن قورقۇشنى تۈگىتىپ، خاتالىق ئىچىدىن ئۆگىنىشنى تەكىتلەش.

(3) رېئاللىققا يۈزلىنىپ بىلىشكە ھەم خام خىيال قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئەركىن-ئازادە ھالدا خام خىيالدىن رېئاللىققا يۈزلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۈرغۈپ تۇرغان ئىستىخىيىلىك بىلەن توغرا باھا بېرىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

(4) ئىجادچانلىققا ئىگە كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا

رىغبەتلەندۈرۈش.

(5) كۆپ خىللىق ۋە ئايرىمىلىقنى رىغبەتلەندۈرۈش.

(6) شەخسنى تونۇپ ئىجادىيەت يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

(7) قاتمال كۆزقاراش بىلەن ئىجادىي يوشۇرۇن قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئىجادچانلىقنى ئىگە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنىدىكى پەرقلىرى زور بولغان كوللېكتىپ ئەزالىرى ئىچىدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىجادىي تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈشمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم تەرىپى. ئاستوتسىياتسىيە ۋە تۈرلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇش، بىۋاسىتە تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولۇش، ئىلھامنى تۇتۇش، يۇقىرى دەرىجىدىكى خىيال قابىلىيىتى، تەپەككۇرنىڭ راۋانلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە مۇستەقىللىقى، ئاساسىي ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارى، مەسىلەن، ئومۇملاشتۇرۇپ ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتى ۋە ئومۇملۇقتىن ئايرىمىلىقنى خۇلاسىلەپ، يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتى (بولۇپمۇ كېيىنكىسى مەشىق قىلدۇرۇش) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىي تەپەككۇرنى چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ھەرقانداق جەمئىيەت يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىگە موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ خىل جەمئىيەت ئۈچۈن مۇھىم قىممەتكە ئىگە ئىجادىي پائالىيەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن كىشىلەرگە نىسبەتەن يۈكسەك باھا بېرىش ئەشۇ بىر قىسىم ئىجادچانلىق ئىندىۋىدۇئاللىقى ئىدىيە، ھەرىكەت جەھەتتە ئادەتتىكى ئۆلچەمگە يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئەندىشە قىلىشى ۋە قورقۇشى ھاجەتسىز. چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بىر خىل يېتەكچى ئىدىيە شەكىللەندۈرۈپ، ئەشۇ خىل ئىجادچانلىقنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئاقىلانە پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارغا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

# يەتتىنچى باب ئوقۇتۇش پىسخىكىسى

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا

1) مۇھىم نۇقتا: دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى پىسخىك مەسىلىلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشى، خاراكتېر جەھەتلەردىكى پەرقلىرى ۋە ئوقۇتۇشتىكى يېتەكچىلىك.

2) قىيىن نۇقتا: دەرسخانا ئوقۇتۇشى تەرتىپىدىكى ھەرقايسى پىسخىك ئامىللار تەھلىلى، دەرسخانا ئوقۇتۇش باشقۇرۇشىنىڭ ئۇنۇملۇكلۇكى.

2. ئۆگىنىش تەلىپى

1) ئەستە قالدۇرۇش: دەرسخانا ئوقۇتۇشى تەرتىپى، پىسخىكلىك ماسلىشىش، دەرسخانا ئىنتىزامى، سورالغان سوئاللارنىڭ خاراكتېرى. ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى، دەرسخانا كەيپىياتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇش، بىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار.

2) چۈشىنىش: دەرسخانا ئوقۇتۇشى تەرتىپى بىلەن ئۆگىنىش جەھەتتىكى پىسخىك پائالىيەتلەر، ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە دەرسخانا كەيپىياتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش جەھەتتىكى پەرقلىرى. خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقلىرى بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش.

3) تەتبىقلاش: دەرسخانا ئوقۇتۇشى جەريانىدىكى ھەرخىل پىسخىك تەسىرلەردىن پايدىلىنىپ تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى ئۇنۇملۇك تەشكىللەش.

3. مۇھاكىمە سوئاللىرى

1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك پائالىيەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسىي تەرتىپىنى قانداق تەشكىللەش كېرەك؟

2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەككە پىسخىكىسىدىكى پەرقلەر قايسى جەھەتلەردىن ئىپادىلىنىدۇ؟ قانداق قىلغاندا يەككە (شەخس) ئوقۇتۇشنى

ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟

ئوقۇتۇش — مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىدىكى ئاساسىي ئىش بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىشى ئارقىلىق تاماملىنىدىغان قوش تەرەپلىك پائالىيەتتۇر. بۇ پائالىيەتتە ئوقۇتقۇچى يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىسا، ئوقۇغۇچى سۇبيېكتىپلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئوقۇتۇش — ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەلىم-تەربىيىگە يېتەكلەش نىشانىنى بەلگىلەنگەن يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئوقۇتۇش پائالىيىتى — ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ ھەم نۇرغۇن پسىخىك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتۇش جەريانىدىكى پسىخىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسەت — ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئاساسىدا، ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك بولغان ئوقۇتۇش قانۇنىيىتى ۋە پرىنسىپلىرى بىلەن تەمىن ئېتىپ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى مۆلچەرلەپ ۋە كونترول قىلىپ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتۇش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

## § 1 . دەرسخانا ئوقۇتۇش پسىخىكىسى

دەرسخانا ئوقۇتۇشى — مەكتەپلەر ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسىي يولى ۋە ئاساسىي شەكلى. دەرسخانا ئوقۇتۇشى جەريانىدىكى پسىخىك ئامىللار ۋە پسىخىك تەسىرلەرنى ئوبدان ئىگىلەش — ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇش ھەمدە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى.

### 1. دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپى ھەققىدە پسىخىك تەھلىل

#### 1. دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ مەنىسى

دەرسخانا ئوقۇتۇشى ھەمىشە بەلگىلىك ئوقۇتۇش تەرتىپى بويىچە ئېلىپ

بېرىلىدۇ. دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپى دېگىنىمىز، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش مەقسىتى، ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قوللانغان بەلگىلىك ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش ۋە مەشغۇلات شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتۇش تەرتىپى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەرخىل ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ بىرقەدەر مۇقۇم بولغان ئوقۇتۇش تەرتىپى، قەدەم باسقۇچلىرى ۋە ئەندىزىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ئەندىزىسى نۇرغۇن قېتىملىق ئوقۇتۇشتىن ئىلگىرى، مۇقىمداش ۋە پىششىقلاشلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. نۆۋەتتە، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى ئاساسلىق تەرتىپلەر ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: (1) سىستېمىلىق بىلىم يەتكۈزۈش تەرتىپى: دەرسلىك ماتېرىياللارنى ھېسسىي جەھەتتىن بىلىش — دەرسلىك ماتېرىياللارنى چۈشىنىش — بىلىمنى مۇستەھكەملەش — بىلىمنى ئىشلىتىش؛ (2) پائالىيەت جەريانىدا ئۆگىنىدىغان تەرتىپلەر: مەسىلىنىڭ شارائىتىنى يارىتىش — مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە بېكىتىش — مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش — يولغا قويۇش لايىھىسى — تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە باھالاش؛ (3) ئۇنىۋېرسال شەكىللىك تەرتىپلەر: ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىش — پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، تەھلىل قىلىش، يىغىنچاقلاش — قانۇنىيەتلەرنى تېپىش ۋە يەكۈنگە ئىگە بولۇش. بۇ ئوقۇتۇش تەرتىپلىرى دەرسخانا ئوقۇتۇشنىڭ تەشكىلىي شەكلى بىلەن دەرسخانا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشىدىن ئويلىشىلغان بولۇپ، ئۇ ھەم ئوقۇتۇش، دەرس ئۆتۈش جەريانلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانلىرىنى تەھلىل قىلغان، ھەم ئوقۇتۇش قەدەم باسقۇچلىرىغا نىسبەتەن پىلانلانغان. ئۇ ئاساسلىقى ئوقۇتۇش پائالىيىتى جەريانلىرىنىڭ ئۆزگە قارىتىلغان بولىدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش تەرتىپىنى لايىھىلىگەن ۋە ئويلاشقان ۋاقىتتا، دەرسخانا ئوقۇتۇش جەريانلىرى ۋە باسقۇچلىرىنى نەزەرگە ئالغان ۋە ئۇنى تەھلىل قىلغان ئاساستا، يەنە ئوقۇتۇش سىستېمىسىنىڭ پۈتۈن ئامىللىرىنى ۋە شۇ ئامىللارنىڭ ئوقۇتۇش بوشلۇقى ئالاھىدىلىكى ئاستىدىكى ئۆزگىرىشىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئەتراپلىق ئويلىشىش لازىم. ئوقۇتۇش سىستېمىسى، ئوقۇتۇش مەقسىتى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتۇش جەريانى قاتارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئالغاندىن سىرت، يەنە چوقۇم پسىخىك ئامىلنىمۇ نەزەرگە ئېلىشى لازىم. دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىنىڭ پسىخىكىسى بەلگىلىك ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ.

بىر تەرەپتىن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتىن پسىخىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ئېلىپ بارغاندا، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ پسىخىكىسىنى چۈشىنىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ھەرىكىتىگە ۋە ئۈنۈمىگە بولغان ئىنكاس ئۇچۇرىنى ئىگىلەپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. شۇ ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇتۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ئىگىلىتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ خاسلىقى مۇكەممەللەشتۈرۈش. شۇڭا، ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتى دەرسخانا ئوقۇتۇش پائالىيىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىنىشى، ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ ئورۇنلىنىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئورنى ۋە ۋاقتىدىكى پسىخىك پائالىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئوقۇتۇش تەرتىپى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ پسىخىك ماسلىشىشىنى بىرلىككە كەلتۈرەلىسە، ئوقۇتۇش پائالىيىتى ماسلاشقان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيدا بولىدىغان پسىخىك تەسىرمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك بولىدۇ.

## 2. دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ پسىخىك ئامىلى

دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسلىق پسىخىك ئامىللارنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، تەشكىللەشكە دىققەت قىلىش، بىلىش ۋە تونۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ھەرىكەت كۈچەيتىلىش ۋە پسىخىك ماسلىشىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەرەپلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

### 1. تەشكىللەشكە دىققەت قىلىش

دىققەت پسىخىك مەنبەنىڭ قارىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، بارلىق ئۆگىنىش ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا، يۇقىرىقى ئۇچۇرلارنى پىششىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش، دىققەت ئىشىكىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئېھتىياجلىق. ئەگەر يەككىلىك سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلمىسا، ئۇ ھالدا بۇ ئۇچۇرلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بىلىم ئۆگىتىشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى — ئوقۇغۇچىلارغا بىلىمنى ئۇزۇن مۇددەت ئەستە ساقلىتىش ھەم شۇ بىلىم ئارقىلىق يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىتىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل

قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تولۇق تەڭشەپ تۇرۇشى لازىم. بۇنىڭ ئادەتتىكى ئۇسۇلى: ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئىشتىياقىنى قوزغاش؛ ئوقۇتۇش مۇھىتىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش؛ ئىختىيارىي دىققەت بىلەن ئىختىيارسىز دىققەتنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىلىپ بولغان مەزمۇنلاردىن بىلمەيدىغان مەزمۇنلارنى تېپىپ چىقىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توغرىدا 2-بابتا تەپسىلىي توختالغانىدۇق. بۇ يەردە قايتا توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

2. بىلىشكە يېتەكچىلىك قىلىش

بىلىشكە يېتەكچىلىك قىلىش دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىشكە يېتەكچىلىك قىلىشقا ياردەملىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەزگۈ ئىدراكى، ئەستە ساقلىشى، تەپەككۇرى، تەسەۋۋۇرى قاتارلىق بىلىش ئىقتىدارىنى تەڭشەپ، بۇنىڭ بىلەن بىلىش پائالىيىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرىدۇ. دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشتا بىلىشكە يېتەكچىلىك ئادەتتە چۈشەندۈرۈش، كۆرسىتىپ بېرىش، سوئال سوراش ھەمدە دىققەتنى بۇراش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

چۈشەندۈرۈش — ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئاساسىي شەكىل. ئۈنۈملۈك چۈشەندۈرۈشتىن ئالدى بىلەن تېمىغا ئۇيغۇن بولۇش، ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا يېقىن كېلىشى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن تىل ئېنىق، ئىخچام، كونكرېتنى بولۇشى، قائىدىلەر ئېنىق، تەبىئىي، راۋان بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، دەپ قارىلىدۇ.

كۆرسىتىپ بېرىش بولسا — ھەرخىل ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھېسسىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ماھارەتلەرنى كۆرسىتىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى كۆرسەتمە بېرىشتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ تەھلىل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك پاكىتلارنى ئىگىلەپ، مۇناسىپ تەسىراتلارغا ئىگە بولۇشقا ياردەمدە بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يىغىنچاقلىشى ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ.

سوئال قويۇپ چۈشەندۈرۈش — دەرسخانا ئوقۇتۇش جەريانلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا. بىر قېتىملىق دەرستە سوئال قويۇپ چۈشەندۈرۈش ئەگەر يوللۇق، مۇۋاپىق، ئەھمىيەتلىك بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتەك پىسخىك تەلپۈنۈشىگە ئىلھام بېرىپ، سۈيىپكتىپ جەھەتتىن ماسلاشمىغان بىلىشنى ماسلاشقان تونۇش ۋە بىلىشكە ئۆزگەرتىدۇ. دەرسخانىدا سوئال قويۇپ چۈشەندۈرۈش ئادەتتە، يېڭى دەرسكە يېتەكلىگەن ۋاقىتتا سوئال قويۇش، يېڭى بىلىم بىلەن كونا بىلىملەرنى بىرلەشتۈرگەندە سوئال قويۇش، تېمىنىڭ ئۆزگەرگەن جايىدا سوئال قويۇش، مۇھىم نۇقتا، مۇجمەل نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتىلاردا سوئال قويۇپ چۈشەندۈرۈش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

دىققەتنى يۆتكەپ يېتەكلەش ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىپ بولغان ئۇقۇم، ئاساس قائىدە، پرىنسىپ قاتارلىقلارنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىشلىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىۋالىدىغان ماھارەتنى ئۆگىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپلىغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن نەزەرىيە بىلەن تىپىك مەسىلىلەرنى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز بىلىمىنى بۇراشنى راۋان ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

3. ھەرىكەتنى كۈچەيتىش

كۈچەيتىش — ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم ۋاستە. دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇتقۇچى كۈچەيتىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش پائالىيىتىنى كۈچەيتىدۇ ياكى ئۇنى تۈزەيدۇ. كۈچەيتىشنىڭ مۇسبەت ۋە مەنپىي تەركىبى بولىدۇ. مۇسبەت كۈچەيتىش ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بىلىش ئۇسۇللىرى ھەمدە ئۇنىڭ نەتىجىسىگە مۇكاپاتلاش ۋە تەقدىرلەش جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ؛ مەنپىي كۈچەيتىش ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتا تونۇش پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قارىتا جازالاش ۋە تەنقىدلەش جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كۈچەيتىشنىڭ ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل بولۇشى مۇمكىن. سۆز بىلەن كۈچەيتىش، يەنى ئوقۇغۇچىلاردا بەزى ئۈمىدلىك ھەرىكەتلەرنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاغزاكى ياكى يازما رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تەقدىرلەش؛ بەلگىلىك كۈچەيتىش، يەنى رىغبەتلەندۈرۈش ياكى تەقدىرلەش ئۇسۇلى مەلۇم

بەلگىلەر بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن، قىزىل گۈل، قىزىل بايراق قاتارلىقلار
ھەرىكەتلىك كۈچەيتىش، يەنى غەيرىي سۆز-ھەرىكىتى مەسىلەن،
كۈلۈمسىرەش، باش لىڭشىتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ
بىلىش ۋە ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش؛ ھەرىكەتلىك كۈچەيتىش، يەنى
ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىش ئامىل قىلىشتىن
ئىبارەت.

ئوقۇتقۇچى كۈچەيتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلاردا
ئۆزلىرىنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمىگە ئاساسەن مۇكاپاتقا ياكى تەنقىدكە
ئۇچرايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك؛ كۈچەيتىش ئوقۇتقۇچى كۈتكەن
ھەرىكەت ياكى ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىش ئىنكاسىغا دەل ۋاقتىدا ماسلىشىپ
ماڭالىشى كېرەك؛ تونۇش پائالىيىتىنىڭ دەسلىپىدە ھەمىشە يۇقىرىقىدەك
كۈچەيتىش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ كۈچەيتىش ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.
كېيىنچە ئارىلاپ كۈچەيتىش ئۇسۇللىرىنى قوللانسا بولىدۇ؛ كۈچەيتىش
شەكىللىرى بىلەن كۈچەيتىلگۈچىنىڭ (بىلىش) پائالىيىتى ماسلاشقان
بولۇشى لازىم؛ بىر خىل يېڭىچە دەرسخانا ئوقۇتۇش مۇھىتى بەرپا قىلىپ،
ھەممە ئوقۇغۇچىنى بىلىم پائالىيىتى جەريانىدا كۈچەيتىپ بېرىش كېرەك.

4. پىسخىكىلىق ماسلىشىش

پىسخىكىلىق ماسلىشىش دېگىنىمىز، شەخسنىڭ بىلىش پائالىيىتى
ئاخىرلاشقان ۋاقىتتا پائالىيىتىنى ئۇتۇقلۇق ئاخىرلاشتۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن
پەيدا بولغان ئىچكى تەسىراتى ۋە سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى كۆرسىتىدۇ.
بۇ دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىدۇر.

پىسخىك ماسلىشىشنى دەل ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇش، كېچىكتۈرۈپ
ماسلاشتۇرۇش دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. دەل ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇش
ئوقۇتقۇچىدىن دەرسخانا ئوقۇتۇش جەريانىدا يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك
مەزمۇنلارنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىلا
سىستېمىلىق بىلىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى تەلەپ
قىلىدۇ. ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئاساسىي جان
تومۇرىنى تىل بىلەن خۇلاسىلەپ بېرىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ دوسكىدا
ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلما مودېلىنى يېزىپ كۆرسىتىپ
بېرىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ قىسقىغىنا يازما سىناق ئېلىش ياكى ئاغزاكى
سوئال سوراش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان

دەرسخانا مەزمۇنى ئىچىدىكى مۇھىم نۇقتىلار بولۇشى مۇمكىن؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى سوئال قويۇپ، يۆنىلىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ۋاقىت قالدۇرۇش ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن. يۆنىلىشىنى تېزلىكتە بىرلىككە كەلتۈرۈش كۆپىنچە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى مەزمۇنى نىسبەتەن ئاددىي ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىش مەقسىتى نىسبەتەن يۇقىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قوللىنىلىدۇ. يۆنىلىشىنى ئۇزۇندا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەكسىچە ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇھاكىمە سوئاللىرى ۋە دەرستىن سىرتقى تاپشۇرۇق بېرىشى بىلەن مەقسەتكە يېتىلىدۇ. ئۇ كۆپىنچە دەرس مەزمۇنىنى چۈشىنىش نىسبەتەن قىيىن ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجە قوغلىشىش ئارزۇسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغاندا قوللىنىلىدۇ. مەيلى قايسى خىل ئۇسۇل قوللىنىلمىسۇن، ئوقۇتقۇچى ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك مەزمۇنى ۋە تونۇش پائالىيىتىنىڭ مۇكەممەل، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشتەك ھېسسىياتقا ۋە تەسىراتقا ئې ىشتۇرۇشى كېرەك.

## 2. ئوقۇتۇش جەريانىدا دائىم كۆرۈلىدىغان پسىخىك تەسىرلەر

پسىخىك تەسىر مەلۇم غىدىقلىنىش ياكى تەسىرلەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئادەمدە پەيدا بولغان مۇشۇ خىل غىدىقلىنىش ياكى تەسىرگە بولغان پسىخىك ئۈنۈم ياكى ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەمىشە پسىخىك جەھەتتىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئۇ بىر خىل قانۇنىيەتلىك پسىخىك ھادىسىدۇر. بۇ پسىخىك تەسىرلەرنى ئىگىلىۋالساق ۋە ئۇنى قوللانساق، ئوقۇتۇشىمىزدا ئانچە كۈچەپ كەتمىسەكمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتەك ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

### 1. دەسلەپكى ئامىل تەسىرى

1. دەسلەپكى ئامىل تەسىر تەجرىبىسى ۋە ئۇنىڭ مېخانىزمى

دەسلەپكى ئامىل تەسىرى — دەسلەپ ئېرىشكەن ئۇچۇر ماتېرىياللىرىنىڭ كىشىلەردە شەكىللەندۈرگەن تەسىرنىڭ مۇھىم رولغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجتىمائىي پسىخولوگ لوچىنس (A • S • luchins) مۇنداق قىزىقارلىق

بىر تەجرىبە ئىشلىگەندى. ئۇ جېم ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالىنىڭ ھېكايىسىنى ئىككى ئابزاس بىلەنلا يېزىپ پۈتتۈرگەن بولۇپ، بىر ئابزاستا ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، بىر ئابزاستا ئۇنىڭ كەمچىلىكىنى يازغان. A گۇرۇپپىدىكىلەرگە كۆرسەتكەن ماتېرىيالدا جېمنىڭ ئالاھىدىلىكى ئالدىنقى ئابزاستا، كەمچىلىكى كېيىنكى ئابزاستا بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىدىكىلەردىن 78% ئادەم جېمنى ياخشى بالا دەپ قارىغان. B گۇرۇپپىدىكىلەرگە كۆرسەتكەن ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى تەرتىپنى ئۆزگەرتىپ كەمچىلىكنى ئالدىغا، ئارتۇقچىلىقنى كېيىنكى ئابزاستا يازغان. نەتىجىدە B گۇرۇپپىدىكىلەردىن ئاران 18% ئادەم جېمنى ياخشى بالا دەپ قارىغان.

يۇقىرىقى تەجرىبىدىن دەسلەپ ئىگە بولغان تەسىرنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ: (1) «ئاۋۋال ئاڭلىغان ئەستە قالىدۇ» دېگەندەك، تۇنجى تەسىرنىڭ كىشىلەردە قالدۇرغان تەسىرى مۇقىم بولىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي سەزگۈدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن تەسىرى چوڭ جەھەتتىن ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىغا بولغان قارىشىنى بەلگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى ئىناۋىتىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىنى باشقۇرۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. (2) ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش جەريانىدا دەسلەپ سۆزلىگەن مەزمۇنلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە نىسبەتەن «مۇھىم ئورۇن» تۇتۇشتەك رولغا ئىگە بولغاچقا، ئوقۇغۇچىنىڭ دەسلەپ سۆزلەنگەن ماتېرىياللارغا بولغان تەسىرى بىرىنچى ئورۇندا، ئەڭ ئاخىرىدا سۆزلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ تەسىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئارىلىقتىكىسى بولسا ئەڭ ناچار بولىدۇ. پسىخولوگ بوستىمان تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئارىلىقتىكى مەزمۇنلارنىڭ ئۇنتۇلۇشى بىرىنچى ۋە ئاخىرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئۇنتۇلۇشىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئارىلىقتىكى مەزمۇننىڭ بىرىنچى ۋە ئاخىرىدا سۆزلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ كونترول قىلىش تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئالدىدىكى ۋە ئەڭ كەينىدىكى مەزمۇنلار ئەكسىچە ھەرقايسىسى بىر خىل كونترول قىلىش تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

2. ئوقۇتۇشتا دەسلەپكى ئامىل تەسىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

دەسلەپكى ئامىل تەسىردىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن تۇتۇش قىلىش كېرەك.

1) تۇنجى تەسىراتنى ياخشى قىلىشنى تۇتۇش كېرەك

بۇ ئوقۇتقۇچىدىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ: بىرىنچى، تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈش ئوبدان بولۇشى لازىم. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندە ياكى سۆھبەتلەشكەندە ئالدى بىلەن تەييارلىقنى پۇختا قىلىۋېلىش لازىم ھەم ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنىدىغان ۋە ئۇلارغا يېقىنلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم. ئۇلار بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، باشتىلا ئوقۇغۇچىلارغا «ئۇلار بىزنىڭ سىرداش دوستىمىز ئىكەن» دېيدىغان تەسىرنى بېرىشكە تىرىشىش لازىم. ئىككىنچى، تۇنجى قېتىملىق دەرسنى ئوبدان سۆزلەش كېرەك. ئوقۇتقۇچى بىرىنچى سائەتلىك دەرسنى ياخشى ئۆتۈشى ئۈچۈن يېتەرلىك تەييارلىق قىلىشى كېرەك. دەرسلىك ماتېرىيال جەھەتتىلا تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ قالماي، دەرسخانا تىلى، ھېسسىياتى، مېتودى قاتارلىق تەرەپلەردىنمۇ ئوبدان تەييارلىق قىلىشى، ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇتۇشتا قىزغىن، بىلىمى مول، ئېسىل ئوقۇتۇش سەنئىتىگە ئىگە ئىكەن، دېگەن تەسىرنى قالدۇرۇشقا تىرىشىش لازىم. ئۈچىنچى، تۇنجى قېتىملىق تاپشۇرۇقنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق تاپشۇرۇقنى ئەستايىدىل تەكشۈرگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىدە «نەتىجىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۆزىنى كۈچەيتىش» رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى تۇنجى قېتىملىق تاپشۇرۇقنىڭ ئەستايىدىل، تەپسىلىي بولۇشى، ئالدىراپ-تېنەپ قالايمىقان تەكشۈرمەسلىكى، ئوقۇغۇچىلاردا ئىشنى ئەستايىدىل، تەپسىلىي، ئىنچىكە ئىشلەيدىكەن، دېگەن تەسىراتنى قالدۇرۇشى كېرەك. تۆتىنچى، تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا يۇكسەك دەرىجىدىكى تەربىيىلەش پاراستىنى نامايان قىلىشى، ۋاقتىدا مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەمكىن، سالماق، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، ئىشنى ئەپچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغان تەسىرات قالدۇرۇشى لازىم. تۇنجى قېتىم سىنىپ يىغىنى ئاچقاندا، ئوقۇتقۇچى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەشكىللىشى لازىم. بىرقەدەر يۇكسەك سىياسىي ساپاغا ۋە تەشكىللەش

ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارغا سىياسىي ئىدىيىۋى سەۋىيىسى يۇقىرى ئىكەن، تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى ئىكەن، خىزمەتتە تەدبىرلىك ئىكەن، دېگەندەك ئېسىل تەسىراتلارنى قالدۇرۇشى لازىم.

2) ئوقۇتۇشتا «مۇھىم ئورۇن»لۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم

ئوقۇتقۇچى تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى لازىم: بىرىنچى، ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى ماتېرىيالنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارى ۋە قىزىقىشىنى قوزغاشقا ماھىر بولۇش، يېڭى ماتېرىيالدا ئوقۇغۇچىلارغا تونجى قېتىم كۈچلۈك، چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرۇشقا ماھىر بولۇش؛ ئىككىنچى، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ماتېرىياللارنىڭ خاراكتېرىگە ئوبدان دىققەت قىلىپ، ئۆزئارا توسالغۇ بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئالدىن ئۆزلەشتۈرگەن بىلىمنىڭ تەسىرى بىلەن كېيىن ئۆزلەشتۈرگەن بىلىم تەسىرىنىڭ ئەستە ساقلاش جەھەتتىكى مەنپىي تەسىرىنى يېڭىپ دەسلەپ ئىگە بولغان تەسىرنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش لازىم.

## 2. روسېنتال تەسىرى

1. روسېنتال تەجرىبىسى ۋە ئۇنىڭ مېخانىزمى

روسېنتال تەسىرى دېگىنىمىز، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋە قىزغىنلىقى نەتىجىسىدە ئوقۇغۇچىلاردا پەيدا بولغان مۇناسىپ تەرەققىيات ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

1968-يىلى ئامېرىكا پسىخولوگى روسېنتال (R • Rosenthol) قاتارلىق كىشىلەر 1-يىللىقتىن 6-يىللىقچە بولغان سىنىپتىن قالغان 18 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ تىل تەپەككۇر ئىقتىدارىنى سىناشتىن پايدىلىنىپ، ئۇلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. كېيىن، تەتقىق قىلغۇچىلار بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا بىر تىزىملىكنى تاپشۇرۇپ ئۇلارغا تىزىملىكتىكى بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇندىن كېيىن ئۆگىنىشتە «تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىدىغان» لىقىنى ئېيتقان. 8 ئايدىن كېيىن تەتقىقاتچىلار 8 تەجرىبە سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن قايتا سىناق ئالغان، نەتىجىدە تىزىملىككە ئىسمى چۈشكەن ھېلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى

سەۋيىسى تىزىملىككە ئىسمى چۈشمىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن روشەن دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكى بايقالغان. ، بولۇپمۇ 1—2-يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىگە يېقىنراقىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى 10 نومۇردىن يۇقىرى بولغان. ئەمەلىيەتتە تىزىملىككە ئىسمى چۈشكەن ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارىي تاللانغان بولۇپ، ئۇلارنى ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە تىزىملىككە ئىسمى چۈشمىگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى پەرقلەرنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىككى خىل ئوقۇغۇچىغا بولغان ئۈمىدىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى بىلەنلا چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، يەنى ئوقۇتقۇچى مەلۇم ئوقۇغۇچىلارنى ئەقىللىق ئۆگىنىش نەتىجىسى جەھەتتە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىدۇ دەپ قارىسا ھەم ئۇلاردىن ئاكتىپ بولۇشنى كۈتسە، ئۇنداقتا بۇ ئوقۇغۇچى بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەقلىي ئىقتىدار ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسى جەھەتتە بىرقەدەر ياخشى ۋە بىرقەدەر تېز تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. ئوخشاشلا ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇنداق ئۈمىدىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئوقۇغۇچىلار ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە ئەقلىي تەرەققىيات جەھەتتە ئاستا بولىدۇ.

يۇقىرىقى تەجرىبە تەسىرى يەنە پىگماليون تەسىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پىگماليون ( Pygmalion ) رىۋايەتلەردىكى قەدىمىي سىپرۇس پادىشاھى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ پىل چىشى بىلەن ئويۇپ ياسىغان گۈزەل قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ھەم بۇ قىزغا جان كىرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايناق مۇھەببىتى مۇھەببەت ئىلاھى ئاپىلىيوتنى تەسىرلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن مۇھەببەت ئىلاھى بۇ مەبۇدنى تىرىك بىر قىزغا ئايلاندۇرىدۇ. روسېنتال مانا مۇشۇ رىۋايەتتىن پايدىلىنىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈمىد تەسىرىنى پىگماليون تەسىرى دەپ ئاتىغان.

روسېنتالنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل پسىخىك تەسىرنى پەيدا قىلغۇچى مېخانىزم: بىرىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىدىن كۈتكەن ئۈمىدى ئومۇمىي گەۋدە ئاساسىدا بولۇشى، بۇ خىل تەلىمات شەكىللىنىپلا قالسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ۋە باشقا جەھەتتىكى ھەرىكەت ئىپادىسىدە مۇناسىپ ئۈمىد تۇغۇلىدىغانلىقى، بۇ خىل ئۈمىد بىۋاسىتە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئىككىنچىدىن، مۇشۇ خىل ئۈمىد كۈتۈش نەتىجىسىدىكى ھەرىكەت ئوقۇتقۇچى ئەمەلىي ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوخشىمىغان

ئوقۇغۇچىلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى ئاكتىپ بولسا، ئۇ ھالدا شۇ ئوقۇغۇچىمۇ ئاكتىپ مۇئامىلە بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ خىل خاھىشى ئۈمىدنىڭ تۇرغۇنلۇقى تۈپەيلىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

## 2 . ئوقۇتقۇچىدا ئاكتىپ ئۈمىدنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنىڭ ئۇخشىماسلىقىدىن ئوخشىمىغان تەربىيە نەتىجىسى كېلىپ چىقىدۇ-دە، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى ۋە ھەرىكىتىگە، ھەتتا خاراكتېر تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر پۈتۈن ھەرىكەت مېخانىزمىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ «پىگماليون تەسىرى» دىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرالىشى تەلىم-تەربىيىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇب بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق مەسىلە. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردا ئاكتىپ ئۈمىد تۇرغۇزۇش ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى تىكلىشى كېرەك: (1) ئاكتىپ ئۈمىدنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتى دەپ قاراش لازىم. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ۋە ئۈمىدكە ئىگە بولغان «مۇھىم كىشى» ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى ۋە ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە يوشۇرۇن، چوڭقۇر بولغان نىشان بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەربىر ئوقۇغۇچىغا كۆيۈنۈشى، ئوقۇغۇچىلارغا «ئۆز ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىمنى ئالدىن بىلەلەيمەن» دەيدىغان پاسسىپ تەسىرلەرنى بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك. (2) ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك. ئادەمنىڭ يوشۇرۇن تالانتى چەكسىز بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم كەلگۈسىدە ھازىرقىدىن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، تەرەققىياتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچى بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر ئوقۇتقۇچى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ئۆزگەرتەلىسە ھەم

ئۇلارغا ئاكتىپ مۇئامىلىدە بولسا، ئۇ ھالدا ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ ياخشى بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. (3) ئوقۇغۇچى ئەھۋالى ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەگەر ھەقىقىي تونۇۋالالايدىغان جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئەيىبى بولمىسىلا، ئادەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالدا بۇرۇلۇش ياسايدۇ-دە، ئاكتىپ تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ شۇ يەردىكى، ئوقۇتقۇچى قارىشىنى يېڭىلاپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى يۇقىرىلىتىقا كۆتۈرۈشى، پاسسىپلىقتىن ئاكتىپلىققا بۇرۇشى، ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك.

## 3. تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىق تەسىرى

### 1. «مەجبۇرىي ئىتائەت قىلىش» ۋە ئۇنىڭ مېخانىزمى

تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىق تەسىرى، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ پسىخىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئۆز نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئىشەنچىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى زۆرۈرلۈكى؛ ئەگەر كىشىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئىشەنچىسىدە بىردەكلىك بولمىسا، تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىق پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلگەندە ئادەم پسىخىكىسىدا جىددىيلىشىش، قاتتىق خىيال سۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ياكى ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىش كېلىپ چىقىپ يېڭى بىر خىل تەڭپۇڭلۇق دەرىجىسىگە يېتىدۇ.

تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىق نەزەرىيىسىنى، جەمئىيەت پسىخولوگى فىستىنگېر (L • festinger) 1957-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىنكى 10 نەچچە يىل ئىچىدە فىستىنگېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي پسىخولوگىكلىرى بۇ نەزەرىيە توغرىسىدا تەجرىبە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كلاسسىك ئەسەر تەتقىقاتىنى فىستىنگېر بىلەن كارىل سىمىت (J • M • Carlsimith) 1959-يىلى تاماملىغاندى. ئۇلار سىناق قىلىنغۇچىلارنى بىر خىل مەززىسى يوق خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندۇرغان، ئارقىدىنلا ئۇلارنى باشقىلارغا خىزمىتىمىز ناھايىتى قىزىقارلىق ۋە مەنىلىك خىزمەت دەپ يالغان ئېيتقۇزغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار A گۇرۇپپىدىكى سىناق قىلىنغۇچىلارغا ھەربىر ئادەمگە 20 دوللاردىن مۇكاپات بەرگەن، B گۇرۇپپىدىكى سىناق

قىلىنغۇچىلارغا ھەربىر ئادەمگە بىر دوللاردىن مۇكاپات بەرگەن، C گۇرۇپپىدىكى سىناق قىلىنغۇچىلارغا ھېچقانداق مۇكاپات بەرمىگەن. ئاخىرىدا بارلىق سىناق قىلىنغۇچىلاردىن بۇ خىل خىزمەتنى ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىنى سوراشتۇرغان نەتىجىدە، 20 دوللار مۇكاپات ئالىدىغان A گۇرۇپپا بىلەن ھېچقانداق مۇكاپات ئالالمىغان C گۇرۇپپىغا قارىغاندا بىر دوللار مۇكاپات ئالغان B گۇرۇپپا بۇ بىر خىل خىزمەتكە ناھايىتى ئاكتىپ باھا بەرگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان «مەجبۇرىي ماقۇل كەلتۈرۈش» تەجرىبىسىنىڭ مەقسىتى مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگۈزۈشتىن ئىبارەت، يەنى، نوقۇل ھالدا باشقىلارغا ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىگە ماس كەلمەيدىغان نۇقتىئىنەزەر بولسىمۇ ئۇلار مۇكاپاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئۆزگىرەمدۇ-يوق دېگەننى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. تەجرىبە نەتىجىسى كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى قائىدىلىك تونۇشى بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ، يۇقىرى مۇكاپات ئالغۇچىلار بىلەن ھېچقانداق مۇكاپات ئالمىغان سىناق قىلىنغۇچىلار ھېچقايسىسى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتمىگەن، ۋەھالەنكى بىر ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات ئالغۇچىلار ئەسلىي پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتكەن. فېستىنگېرنىڭ ئىزاھاتى بولسا تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىق كىشىلەر پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بەلگىلەيدىغان ئالدىنقى شەرتتۇر دېگەندىن ئىبارەت.

2. تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىق نەزەرىيىسىنىڭ پوزىتسىيە ۋە ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىدىكى رولى

تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىق نەزەرىيىسى پوزىتسىيە ۋە ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پوزىتسىيىسى ياكى نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆزگەرتىشتە، پەقەت ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن سىرتقى جەھەتتىن مۇكاپاتلاپ تۇرۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكى زىددىيەت جەريانلىرىدىن ئۆتكۈزۈش، يەنى ئەزەلدىن ماسلاشماسلىقتىن ماسلىشىش جەريانىغا ئۆتۈشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سەۋەب شۇ يەردىكى پوزىتسىيە ۋە ئەخلاقنى ئۆگىنىش، تونۇش ۋە ھەرىكەت ماھارىتىنى ئۆگىنىش بىلەن ئوخشاشمايدۇ. پوزىتسىيە بىلەن ئەخلاقنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنىڭ

ئۆزگىرىشىدە بولۇپ، ئۇ ھەل قىلماقچى بولغان ئاساسىي مەسىلە بىلەمدۇ-بىلمەمدۇ ياكى قىلالامدۇ-قىلالمامدۇ ئەمەس، بەلكى خالامدۇ-خالىمامدۇ، ياقتۇرامدۇ-ياقتۇرمامدۇ ياكى ئىشىنەمدۇ-ئىشەنمەمدۇ دېگەندەك مەسىلىلەردۇر. فىستىنگېرنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ تونۇشى ھەمىشە تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئەھۋال ئاستىدا ماسلاشتۇرالماسلىق ھالىتىدە بولىدىكەن: (1) لوگىكا جەھەتتىن بىردەكلىك بولمىغاندا؛ (2) جەمئىيەت كەيپىياتى بىلەن بىردەك بولمىغاندا؛ (3) شەخسنىڭ ھەرىكەت ئىزچىللىقى خائىشى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەرىكىتى بىلەن بىردەك بولمىغاندا؛ (4) يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن شەيئىلەر ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرى بىلەن بىردەك بولمىغاندا.

گەرچە تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىق مۇقەررەر ھالدا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرالىشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تونۇشنى ئۆزگەرتىشتە شەرت-شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا مۇشۇ ئۆزگىرىش پۇرسىتىنى ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى بۇراش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت. تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىقتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمىتىنى بۇراش ۋاقتىدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك: (1) ئوقۇغۇچىلاردا تونۇشنى ماسلاشتۇرالماسلىقنى ئەپچىللىك بىلەن قوزغاشقا ماھىر بولۇپ، ئۇلاردا تونۇش جەھەتتە زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى بۇراشتىكى بۆسۈش ئېغىزىنى تېپىش لازىم. (2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ «پسىخىك تەكشۈلۈكى» نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دەل ۋاقتىدا ياردەم بېرىشكە ماھىر بولۇش لازىم. بۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: بىرى ئوقۇغۇچىلاردا ئەسلىي بار بولغان تونۇش ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلەش كەيپىياتىنى پەسەيتىش؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلاردا يېڭى تونۇش ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلەش كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، يېڭى-كونا تونۇش ۋە ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى بىردەكلىكنى تېپىش؛ ئوقۇغۇچىلاردىكى ئاكتىپ ئامىللارنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، تەلىم-تەربىيە قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلغاندىلا، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## 4. زېگارنىك تەسىرى

1. زېگارنىك تەسىرى دېگەن نېمە؟

زېگارنىڭ تەسىرى دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ تاماملاپ بولالمىغان خىزمىتىنىڭ خاتىرىسى تاماملاپ (پۈتكۈزۈپ) بولغان خىزمەت خاتىرىسىدىن ئۈستۈن تۇرۇش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھادىسىنى پسىخولوگ زېگارنىك (B • W • Zeigarnik) 1927-يىلى بايقىغان. بىر قېتىملىق تەجرىبىدە زېگارنىك سىناق قىلىنغۇچىلارنى ئۇدا 22 سائەت خىزمەتكە سالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بەزى خىزمەتلەرنى سىناق قىلىنغۇچىلار پۈتتۈرگەن، بەزى خىزمەتلەر سىناق قىلىنغۇچىلارغا يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا بۇيرۇلغان-دە، دەرھال باشقا ئىشقا بۇيرۇلغان. پۈتۈن تەجرىبە جەريانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەربىر خىل خىزمەتنىڭ ئورۇندىلىش ياكى يېرىم يولدا قويۇپ قويۇش قېتىم سانى ئوخشاش بولغان؛ ھەربىر سىناق قىلىنغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تاماملىغان خىزمىتى ياكى يېرىم يولدا تاشلىنىپ قالغان خىزمىتى تەڭ نىسبەتنى ئىگىلىگەن. ھەر قېتىملىق تەجرىبە تاماملانغاندىن كېيىن، دەرھال سىناق قىلىنغۇچىلارنى ئۆزى قىلىپ بولغان ئىشلارنى ۋە ئۇنىڭ نامىنى ئەسلەپ بېقىشقا بۇيرۇلغان. نەتىجىدە زور كۆپ ساندىكى سىناق قىلىنغۇچى ئالدى بىلەن ئېسىگە ئالغىنى ھېلىقى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇلغان خىزمىتى بولغان. ئۇلار بۇنى تېز ئەسكە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەسكە ئېلىش ھەم كۆپ، ھەم توغرا بولغان. مانا مۇشۇ خىل ئەسكە ئېلىش ھادىسىسى زېگارنىك تەسىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئارىلىقتا ئۈزۈۋېتىلگەن نەرسىلەر ئەستە ساقلاشقا ياردەم بېرەلەيدۇ؟ پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، زېگارنىك تەسىرىنىڭ پسىخىك مېخانىزمى شۇكى، تاماملانغان خىزمەت كەلتۈرۈپ چىقارغان پسىخىك كېڭىيىش كۈچ سىستېمىسى ئىش پۈتكەندىن كېيىن بوشاشقا باشلايدۇ، لېكىن تاماملانمىغان خىزمەت كەلتۈرۈپ چىقارغان پسىخىك كېڭىيىش كۈچ سىستېمىسى يەنىلا داۋاملاشقان بولىدۇ.

2. زېگارنىك تەسىرىنىڭ ئوقۇتۇشتا قوللىنىلىشى

ئوقۇتۇشتا، بۇ خىل تەسىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس سۆزلەش ئۈنۈمىدە گەۋدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار دەرس مەزمۇنىنى توختىماي سۆزلەۋېرىشكە ئامراق، لېكىن دەرسنىڭ ئۈنۈمى بولسا ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ نەگە كەلگەن بولسا، ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇ يەرگىچە ئۇنتۇپ ماڭغان

بولىدۇ، خالاس. بۇ خىل كۆچىگەن بىلەنمۇ ياخشى بولغىلى بولمايدىغان هادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي ئامىل ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسىنى نەزەرگە ئالمىغاندىن باشقا دەل زېگارنىك تەسىرىدىن ئىبارەت. ئوقۇتۇش جەريانىدا مۇۋاپىق هالدا، ئارىلاپ-ئارىلاپ سۆزلەشنى توختىتىپ تۇرۇش لازىم. بۇ توختاۋسىز ۋالاقلاۋەرگەندىن ياخشىراق ئەستە قالدۇرۇلىدۇ.

زېگارنىك تەسىرىنىڭ بايقىلىشى، ئوقۇتقۇچىلارغا دەرسخانىدا باشتىن-ئاخىر قويۇپ قويۇشتەك ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن قۇتۇلۇش جەھەتتە ئىلھام بەخش ئەتتى. ھېلىقىدەك ئۆزمەي سۆزلەشكىلا ئۆيغۇن كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئۆيغۇن كەلمەيدىغان نۇقسانلارنى يېڭىپ، چوقۇم مۇۋاپىق جايدا نۇتۇقنى توختىتىپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەستە ساقلىشى تەس بولغان مەسىلىلەرنى هەل قىلىشقا ياردەم بېرىش لازىم. ئۇندىن باشقا بۇ خىل پسىخىك تەسىر يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۇنتۇغاقلىق هادىسىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، ئىمتىھاندىن بۇرۇن كېچىچە ئۇخلىماي تەكرار قىلىپ ئەسلەش، ئىمتىھان تۈگىگەندە بولسا پاك-پاكىزە ئۇنتۇپ كېتىش؛ ئالدىن بېكىتىلگەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن خاتىرىگە يېزىۋالغان بولسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە يەنىلا ئۇنتۇپ قېلىشى قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى زېگارنىك تەسىرىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئۇنتۇغاقلىقنى ئىزاھلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، خاتىرىمىزدىكى «ئىشلىتىلمەيدىغان قائىدىلەر»نى تەكشۈرۈشنىڭ ئۆزى ئۇنتۇغاقلىقنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى.

## 5. قايتما ئىنكاس تەسىرى

1. قايتما ئىنكاس تەجرىبىسى ۋە ئۇنىڭ مېخانىزمى

قايتما ئىنكاس ئەسلىي فىزىكا ئىلمىدىكى بىر ئۇقۇم بولۇپ، تارقىتىلىۋاتقان ئۈچۈر سىگنالىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ياكى كېمەيتىش ئۈچۈن كۈچەيتكۈچتىن چىقىرىلىۋاتقان بىر قىسىم ئېنېرگىيىنى قايتۇرۇپ چىقىرىپ توك يولىغا قايتۇرۇشنى كۆرسىتەتتى. پسىخولوگىيە مانا مۇشۇ ئۇقۇمدىن پايدىلىنىپ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى چۈشىنىش زۆرۈرىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇ خىل چۈشىنىش يەنە كۈچەيتىش رولىنى ئويناپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

پسىخولوگ روسسى بىلەن ھېنرى (C • Ross & L • Henry)

قاتارلىقلارنىڭ تەجرىبىسى ئىنكاس قايتۇرۇش رولىنى نامايان قىلىپ بەردى. تەجرىبە جەريانىدا ئۇلار بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ھەر كۈنلۈك ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلاردىن سىناق ئالغان. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرگە ھەر كۈنى ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ بەرگەن؛ ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرگە ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلان قىلىپ بەرگەن؛ ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرگە نەتىجىنى ئېلان قىلىپ بەرمىگەن. سەككىز ھەپتىدىن كېيىن، ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرگە يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ھەپتىدە بىر قېتىم نەتىجىنى ئېلان قىلىپ بەرگەن. لېكىن بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان، يەنى بىرىنچى گۇرۇپپىغا ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ بەرمىگەن. ئۈچىنچى گۇرۇپپىغا بولسا ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ھەر كۈنى ئېلان قىلىپ بەرگەن. مۇشۇ تەرتىپتە يەنە سەككىز ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ نەتىجىسىنىڭ تەكشى قەدەمدە كېتىۋاتقانلىقى، نورمال ھالەت ساقلاپ قېلىنىۋاتقانلىقى، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدا زور بۇرۇلۇش بولۇپ، بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ نەتىجىسىنىڭ بارا-بارا تۆۋەنلەۋاتقانلىقى، ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ نەتىجىسى تېز سۈرئەتتە يۇقىرىلاۋاتقانلىقى بايقالغان (7 .1-رەسىمگە قارالسۇن).




7 .1-رەسىم. ئىنكاس قايتۇرۇش رولى

روسىيە بىلەن ھېنرىنىڭ بۇ تەجرىبىسىنى ۋاقىتنىڭ ئىزچىللىقى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىمىز. پسىخولوگ بىرووۋن (Brown) نىڭ

تەجرىبىسى ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ ئوخشىمايدىغان نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ بۇ تەسىرنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ سىناق قىلىنغۇچىلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ ھېساب مەشىقى ئىشلەتكۈزگەن. سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ ھېسابلاش ئىقتىدارى ئوخشاش بولۇپ، بېرىلگەن ۋاقىتمۇ ئوخشاش بولغان. ئوخشىمايدىغىنى پەقەت ئىنكاس قايتۇرۇش ئۇسۇلى بولغان بولۇپ، بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرگە ئوقۇتقۇچى مەشىق، تاپشۇرۇقلارنى ئۆزى باھالاپ ئۆزگەرتكەن. ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرگە بولسا ئوقۇغۇچى ئۆزىنى ئۆزى باھالاپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتكەن. نەتىجىدە، مەۋسۇم ئاخىرىدىكى خۇلاسىدە ئىككى گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىدە روشەن ئوخشاشماسلىقلارنىڭ بارلىقى، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ئالدىنقى گۇرۇپپىدىكىلەردىن ياخشى ئىكەنلىكى بايقالغان. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق مەشىقلىرىنى ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ باھالىشى بىر خىل ئاكتىپ ئۆگىنىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا ئىنكاسنىڭ تەسىرى ناھايىتى روشەن بولىدۇ. ئۇندىن باشقا ھەرىكەت ماھارىتىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئىنكاسنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

2. قايتما تەسىرنىڭ ئۆگىنىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى رولى

ئۆگىنىش نەتىجىسىگە بولغان ئىنكاس ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپچانلىقىغا ئىلھام بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ۋاقتىدا ئوقۇپ تۇرۇشى، يەنى تاپشۇرۇقلاردىكى توغرا-خاتالىقلار ۋە نەتىجىنىڭ ياخشى-يامانلىقى، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى قوللىنىشتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئۇنۇملەر، كېيىنكى قەدەمدىكى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى كۆرەلىسە، ئۆزىنىڭ ئالغا باسقانلىقىنى بايقىيالىسا، بىلىم ئېلىشقا بولغان ئارزۇسى قانائەت تاپىدۇ-دە، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ۋە ئۆگىنىشتە قوللانغان ۋاسىتىلىرى تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ بارىدۇ، يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىستىكى قوزغىلىدۇ؛ ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىشتەك ئىرادە تۇرغۇزۇلۇپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە بولىدۇ. ئوقۇتۇشتا ئىنكاس قايتۇرۇش تەسىرىدىن پايدىلانغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك: (1) ئوقۇتۇشتا مەقسەتسىز ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسىنى بىلەلمەي

ئۆگىنىش ئۇسۇلى كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوقۇتۇش جەريانىدا ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش لازىم. (2) ئوقۇغۇچىلار ئۆز تاپشۇرۇقىنى ئۆزى تەكشۈرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارغا مۇمكىنقەدەر ئۆزىگە تەكشۈرتۈش لازىم. ئەگەر تاپشۇرۇقنى ئوقۇتقۇچى تەكشۈرگەن بولسا، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ باھا سۆزىدىن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئىرىشىش نىشانىنى كونكرېت چۈشىنەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش لازىم. (3) ھەرىكەت ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدا، نەتىجىگە نىسبەتەن ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش لازىم، بۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەشكە پايدىسى تېگىدۇ. (4) ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ۋاستە قىلىش لازىم.

## 2 § . دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى تەشكىللەش باشقۇرۇش پىسخىكىسى

ئوقۇتقۇچى دەرسخانا ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى تەشكىللىگۈچى ۋە باشقۇرغۇچى. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى دەرسخانا باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك پىسخىك بىلىملەرنى ئىگىلىشى ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ دەرسخانا ئوقۇتۇشنى تەشكىللىشى لازىم. تۆۋەندە دەرسخانا ئوقۇتۇشنى قانداق باشقۇرۇش، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى مەسىلىلەر ۋە ھەرىكەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەم دەرسخانا كەيپىياتىنى قانداق يارىتىش توغرىسىدا تەھلىل ئېلىپ بارىمىز.

### 1. دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى پىسخىك تەھلىل

#### 1. دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

دەرسخانا ئوقۇتۇشى باشقۇرۇش — ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا ئىچىدىكى ھەرخىل كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، ئالدىن

مۆلچەرلەنگەن ئوقۇتۇش مەقسىتىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈنۈملۈك بولغان دەرسخانا سىستېمىسى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە دەرسخانا مۇھىتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئامىلنىڭ تۈزئارا ماسلاشتۇرۇلۇشىغا موھتاج. ئۇنىڭ لايىھىلىنىش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئوقۇتقۇچى دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى تەشكىللىگۈچى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىنغۇچى بولۇپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى، ئۆگىنىشتە نېمىنىڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت ياكى نامۇۋاپىق ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى ھەم ئوقۇغۇچىلارنى مۇۋاپىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىشى لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇتۇش نىشانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى دەرسخانا پائالىيىتىدىكى تەرتىپ ۋە پرىنسىپلارغا ئايلاندۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، بەلگىلىك دەرسخانا مۇھىتى بەرپا قىلىپ، ياخشى دەرسخانا مۇھىتىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنى بىر بوشلۇق ئىچىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە مۇھىتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ماسلىشالىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى باشقۇرۇش پۈتكۈل دەرسخانا ئوقۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي ماھارەتلەر بار.

1. ماھارەتنى ئىلگىرى سۈرۈش

دەرسخانا باشقۇرۇش ماھارىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش — ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىدا لايىھىلىگەن ئوقۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رول ئوينايدىغان تەشكىللەش ۋە ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتى بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ مۇۋاپىق تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دەرسخانا ئوقۇتۇش باشقۇرۇش ماھارىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈش كېرەك. بىرىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈش، دوستانە ئۆتۈشتەك ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۆگىتىش بىلەن ئۆگىنىشنىڭ ئۆزئارا

قوللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ئېسىل دەرسخانا كەيپىياتىنى يارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانا ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى زورايتىپ، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

2. ماھارەتنى ساقلاپ قېلىش

بۇ ئاساسلىقى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئېسىل ئىچكى كەيپىياتنى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى باشتىن-ئاخىر دەرسكە مەركەزلەشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشتا ماھارەتنى ساقلاپ قېلىش، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ: بىرىنچىدىن، دەرسخانا باشقۇرۇشى كەيپىياتنى تەڭشەشكە ياردەم بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇشنىڭ ھەرقايسى ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىغا ماسلاشتۇرىدۇ (ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ)؛ ئىككىنچىدىن، دەرسخانا باشقۇرۇشى ئوقۇتۇش جەريانىدا كېلىپ چىققان زىددىيەت، توقۇنۇشلىرىنى پەسەيتىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئىناقلىقىنى ساقلايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، دەرسخانا ئوقۇتۇشى باشقۇرۇشىدا يولغا قويۇلغان دەرسخانا ھەرىكەت ئۆلچىمى دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇش ئىنتىزامىنى ساقلايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، دەرسخانا باشقۇرۇشى ئوقۇتۇش جەريانىدىكى جىددىيلىك ۋە بوشىتۇملۇقنى تەڭشەشكە ياردەم بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى ساقلايدۇ.

## 2. دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشنىڭ شەرتلىرى

دەرسخانا باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك شەرت بولۇشى كېرەك. مۇشۇ شەرتلەر توغرىسىدا ئىزدىنىش ھەم ئۇنى ئىگىلەش بولسا دەرسخانا ئوقۇتۇش باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى.

1. دەرسخانا ئوقۇتۇش باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە نۇقتىئىنەزىرىنى ئىگىلەش

هازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، دەرسخانا باشقۇرۇش نەزەرىيىسى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتىكى نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە: (1) ئىقتىدار نۇقتىئىنەزىرى باشقۇرۇش ئۆلچەملىرىدىن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش باشقۇرۇش ئۆلچىمى ھەرىكەت قېلىپىغا ئۈنۈملۈك ئېرىشىشتە زور ياردىمى بولىدۇ؛ (2) ھەرىكەتنى توغرىلاش نۇقتىئىنەزىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، قوغدايدۇ ياكى چىقىرىپ تاشلايدۇ؛ (3) كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نۇقتىئىنەزىرى بۇنىڭدا پسىخىك جەھەتتىن داۋالاش ئاساس قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكىتىگە ئېتىبار بىلەن قارىلىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش ھېسسىياتىنى قوزغاش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدىغان ياكى شەخسلەرنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا بىرقەدەر ياخشى بولغان دەرسخانا باشقۇرۇش ئۈنۈمى بەرپا قىلىدىغان قىلىش قاتارلىقلار. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا باشقۇرۇش ئەندىزىسى — دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش مەقسىتى، مەزمۇنى، كەيپىياتى ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ تاللانغان بولىدۇ. لېكىن، ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرغان ۋاقىتتا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نۇقتىئىنەزەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىۋېرىدۇ.

2. دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش

بەزىلەر دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش نىشانىنى دەرسخانا تەرتىپىنى ئورنىتىش دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتىدۇ، بۇ كۆزقاراش جەھەتتىكى ئۇقۇشماسلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش نىشانى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن ئۈچ خىل نىشانى بار، يەنى: (1) كۆپ ۋاقىتنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىشقا تىرىشىش، شەك-شۈبھىسىزكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان ۋاقتى قانچىكى كۆپ بولسا، ئۆگىنىشى شۇنچە ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۆگىنىش ۋاقتى چەكلىك بولىدۇ. شۇڭا، دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى باشقۇرۇشتىكى بىۋاستە ئوبيېكت ئوقۇتۇش ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئامېرىكا پسىخولوگلىرىدىن ئېمېر (Emmer) ۋە ۋېرتسون

(Evertson) قاتارلىقلار خۇلاسىلەپ چىققان تاكتىكىلار بولسا: ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىشكە ئاكتىپ كىرىشىدىغان نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىش، مەسىلەن، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش؛ دەرسلەرنىڭ سىجىللىقىنى ساقلاش؛ ئوقۇتۇشنى ئاستىلىتىش ياكى ئۇنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىپ، ئوقۇتۇشنىڭ راۋان بولۇشىنى ساقلاپ قېلىش؛ بىر خىل ئوقۇتۇش پائالىيىتىدىن يەنە بىر خىل ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە ئۆتۈشتەك باشقۇرۇش سالمىقىنى ياخشى تۇتۇش؛ دەرسخانىدا كوللېكتىپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىقلار. (2) تېخىمۇ كۆپرەك ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشكە كىرىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشىنىڭ تەلەپ ۋە پرىنسىپلىرىنى چۈشىنىشىگە، قانداق قىلغاندا دەرسخانا ئوقۇتۇشنىڭ ھەربىر تۈرلۈك كونكرېت پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. (3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا ياردەم بېرىش لازىم. دېمبو (Dembo) مۇنداق تەكلىپ بېرىپ ئۆتكەن، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتا، ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ كۆپلەپ دەرسخانا قائىدىلىرىنى تۈزۈشكە قاتناشتۇرۇش، كېيىن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىپ ئوقۇغۇچىلارنى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا يۈز بەرگەن ناچار ھەرىكەتلەرنىڭ سەۋەبىنى ئويلاشقا تەشكىللەش؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قانداق پىلانلاش، ئۇنىڭغا قانداق نازارەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى قانداق ماسلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئويلاندۇرۇش؛ ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلاردىن دەرسخانا قائىدە-تۈزۈملىرى توغرىسىدا زۆرۈر بولغان ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش ۋە ئىدارە قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك.

3. دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى باشقۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى تىزگىنلەش

بۇ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئايرىم-ئايرىم ھالدا: (1) مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى. مەكتەپ رەھبەرلىرى ئەگەر دېموكراتىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىكەن، ئۇ ھالدا ئوقۇتقۇچىلار ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرالايدۇ،

دەرسخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەرسخانا كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى جانلىنىدۇ؛ ئەگەر مەكتەپ رەھبەرلىرى نازارەت قىلىش شەكلىدىكى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىكەن، ئۇ ھالدا ئوقۇتقۇچى بىلەن رەھبەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە جىددىيلىك ۋە سوغۇق مۇناسىۋەت پەيدا بولۇپ قېلىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى كەيپىياتمۇ بىر خىل بۇرۇختۇرۇملۇق ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتىكى كەيپىياتى بىر خىل سىرلىق ئۇسۇل بىلەن دەرسخانىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ-دە، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. (2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ قېلىپلاشقان ئارزۇسى. ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللىرىدە ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان قېلىپلاشقان ئارزۇدا بولىدۇ، ئەگەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ قېلىپلاشقان ئارزۇسى بىلەن بىردەك بولمىسا، ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن نارازىلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىشى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ دەرسخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈمىدى، ئارزۇسى بىلەن بىردەك قىلىشى لازىم. (3) سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى «ئوخشىمىغان يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلاردا ھەممىشە ئوخشىمىغان سىنىپ كوللېكتىپى ئۆلچىمى ۋە ئوخشىمىغان كوللېكتىپ پسىخىك كەيپىياتى بولغان بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى دەرسخانا باشقۇرۇشىدىكى ئۆزگەرمەس ئەندىزىلەر بىلەن بۇنداق ئوخشىمىغان يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك، چوقۇم چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدا سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىشى، مۇۋاپىق چارىلەرنى قوللىنىپ، ئارزۇ قىلغىنىدەك باشقۇرۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا سىنىپ كوللېكتىپىدىكى ئادەم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىمۇ دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىنىپ كوللېكتىپى چوڭ كوللېكتىپ بولمىسا (ئوقۇغۇچى كۆپ بولمىسا) كەيپىيات ئاجىز، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ۋە ساۋاقداش بىلەن ساۋاقداش ئارىسىدىكى ئالاقە نىسبىتى تۆۋەن، كوللېكتىپ ئۆلچەم تۇرغۇزۇش تەس، ئاسانلا كىچىك گۇرۇھۋازلىق كېلىپ چىقىدىغان،

ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى سوركىلىش ۋە توقۇنۇشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قېلىپ، بۇلار دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى ئامىللارغا نىسبەتەن، ئوقۇتقۇچى دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەريانىدا مۇۋاپىق تىزگىنلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

4. دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش

نۆۋەتتە، چەت ئەللەردە ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار دەرسخانا ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان-قاتناشمىغانلىقى، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ بىرلىشىش ئەھۋالى ۋە دەرسخانا تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بارمۇ-يوق دېگەنلەر بىلەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىۋاتىدۇ. دەرسخانا ئوقۇتۇش باشقۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ يادروسى مۇنداق مۇھىم ئىككى پائالىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئوقۇتقۇچى دەرسخانا تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ھەرىكەتلەرنى چەكلىيەلەيدىغان ئۆلچەمنى چوقۇم ئورنىتىشى ياكى ھېچبولمىغاندا ئامال قىلىپ بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشى لازىم. (2) دەرس تەرتىپىنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرالىشى، يەنى پەقەت نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنىڭ كۆرۈلۈشىنى پاسسىپ ھالدا چەكلەپلا قالماستىن، بەلكى باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولغان بىر دەرسخانا مۇھىتى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش، ئېسىل دەرسخانا ئۆگىنىشى كەيپىياتى يارىتىش، ئوقۇغۇچىلارنى دەرسخانا ئۆگىنىش پائالىيىتىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش، دەرسخانا ئوقۇتۇشنىڭ راۋان ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.

## 2. سىنىپ ئوقۇتۇش ئىنتىزامىنى باشقۇرۇش

### 1. سىنىپ ئىنتىزامى ئۇقۇمى

سىنىپ ئىنتىزامى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانا ھەرىكىتىگە قارىتا يۈرگۈزۈلىدىغان ئۆلچەم ۋە تىزگىنلەشتۇر. ئىنتىزامنىڭ شەخسنىڭ ھەرىكىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن قارىغاندا ئىنتىزام سىرتقى جەھەتتىن يۈرگۈزۈلىدىغان ئۆلچەم ۋە تىزگىنلەشتۇر. شۇڭا، ئۇنى تاشقى ئىنتىزام، يەنى باشقىلارنىڭ قانۇنىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. ئىنتىزامنىڭ ئاستا-ئاستا

شەخس تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلىشىشى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىنتىزام ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە يۈرگۈزىدىغان ئۆلچىمى ۋە تىزگىنى بولۇپ، ئۇنى ئىككى ئىنتىزام دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. دېمەك، ئىنتىزامنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى باشقىلارنىڭ قانۇنىيىتىدىن ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۆزگىرىش جەريانى بولىدۇ.

ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا دەرسخانا ئىنتىزامىنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا قالدۇرغان تەسىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) ئىنتىزام ئوقۇغۇچىلارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھەرخىل سورۇنلارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمىنى تونۇتىدۇ ۋە چۈشەنگۈزىدۇ؛ (2) ئىنتىزام ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، ئوقۇغۇچىلاردا جەمئىيەتنىڭ ئۆلچىمى ۋە تەلىپىگە رىئايە قىلىش جەريانىدا پەيدىنپەي مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلالايدىغان، ئوڭۇشسىزلىقلارغا چىداملىق بولۇشتەك ئىنسانىي خىسلەتنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ (3) ئىنتىزام ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ئەخلاق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. باشقىلارنىڭ قانۇنىيىتىدىن ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۆزگەرتىش جەريانىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىتىدۇ، ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلدۇرىدۇ؛ (4) ئىنتىزام ئوقۇغۇچى كەيپىياتىنىڭ تۇراقلىق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، ھەرىكەتنى قائىدىلىك ئېلىپ بارغۇزۇپ، خاتىرجەمسىزلىنىشتىن كېلىپ چىققان دىلغوللۇقتىن ساقلايدۇ.

### 2. سىنىپ ئىنتىزامىنىڭ تۈرلىرى

سىنىپ ئىنتىزامىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىگە ئاساسەن، دەرسخانا ئىنتىزامىنى بىز مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلىمىز.

1. ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدىكى ئىنتىزام

بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تۈزۈشى، تەشكىللىشى، ئورۇنلاشتۇرۇشى، بەلگىلەپ بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن شەكىللەنگەن ئىنتىزامنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدىكى ئىنتىزام ئادەتتە تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا يۈرگۈزۈلىدۇ. چۈنكى، تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن دەرسخانا تەرتىپى ئورنىتىپ

بىرىشكە، ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ سۇرۇشتۇرۇش ياكى ھېسسىيات جەھەتتىن قوللاش شەكلى بىلەن ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشكە موھتاج، مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن ئۇلار ئۆلچەملىك ھەرىكەتلەرنى ئاستا-ئاستا ئۆگىنىۋېلىپ، ئىنتىزامنى ئۆزىنىڭ تەلىپى قىلالايدۇ.

2. كوللېكتىپنىڭ ھەيدەكچىلىكىدىكى ئىنتىزام

بۇ تەڭدىمەتلىكلەرنىڭ كوللېكتىپ شەكىللەندۇرگەن قائىدىسى ۋە ئۆلچىمىنىڭ تەلىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار شۇنىڭ ئۈچۈن كوللېكتىپ ھەيدەكچىلىكىدىكى ئىنتىزامغا ئوبدان رىئايە قىلىدۇكى، چۈنكى تەڭدىمەتلىكلەر كوللېكتىپى ئۇلارنى يېڭى بىر خىل قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە تەجرىبىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا تەڭدىمەتلىكلەر كوللېكتىپىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى ئۇلارنى يەنە ئەخلاق ھۆكۈمى ۋە ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ يېڭى ئۆرنەكلىرى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى مۇقىمچانلىقى ۋە غەم ئەندىشىسىنى ئازايتىدۇ. بىر ياخشى سىنىپ كوللېكتىپىدە، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ بىلەن ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى قىيىنچىلىقلارغا ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئىنتىزامىغا ئاڭلىق بويسۇنىدۇ.

3. ۋەزىپە ھەيدەكچىلىكىدىكى ئىنتىزام

بۇ ئالاھىدە پائالىيەتنىڭ ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنتىزام تەلىپىدۇر. ۋەزىپە ھەيدەكچىلىكىدىكى ئىنتىزام ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپە ۋە پائالىيەتلەرنى يېتەرلىك چۈشىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىگە بولغان چۈشەنچىسى قانچىكى چوڭقۇر بولسا، ئۇلار ئىنتىزامغا شۇنچە رىئايە قىلىدۇ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ئىنتىزامدىن ئاسانلىقچە باش تارتمايدۇ.

4. ئۆز-ئۆزىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدىكى ئىنتىزام

ئوقۇغۇچىلار تاشقى ئىنتىزامنى ئۆزلەشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاڭلىق بويسۇنىدۇ ھەم ئۆز قائىدىسىگە رىئايە قىلىپ ئۇنى قوغداشنى مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىدۇ، مانا

بۇ ئىنتىزامنىڭ ئۆز قائىدىسى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىدۇر. ئۆزىنىڭ قائىدىسىگە ئايلىنىش ئىنتىزامنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## 3. دەرسخانا ئىنتىزامىنى تەشكىللەشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى

1. دەرسنى تەشكىللەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش

دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئىنتىزامغا خىلاپ ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنىڭ چېچىلىپ كېتىشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس مەزمۇنىغا نىسبەتەن قىزىقىشىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا ئۆگىنىشكە ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، دەرس مەزمۇنىنى ئوبدان تەشكىللىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن دەرس مەزمۇنىنى تەشكىللەش ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى ۋە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇقلارنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى مۇۋاپىق بولۇشى، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا تاپشۇرۇق ئىشلەش جەريانىدا تاپشۇرۇقنى نەتىجىلىك ئورۇنداشتەك تۇيغۇ پەيدا قىلىش كېرەك.

2. تىلسىز يىپ ئۇچىدىن پايدىلىنىپ تەڭشەپ تۇرۇش لازىم

دەرسخانىدا بەزىدە ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەر كۆرۈلۈپ قالغاندا، سۆزلەۋاتقان دەرسنى توختىتىپ قويماي، تىلسىز يىپ ئۇچى بىلەن، يەنى كۆزىمىزنى ئۇچراشتۇرۇش، قول ئىشارىتى قىلىپ قويۇش، شۇ تەرەپكە يېقىنلاپ بېرىش، شۇ ئوقۇغۇچىنى يېنىككىنە تۇتۇپ قويۇشقا ئوخشاش تىلسىز ئىشارىلەر بىلەن سەمىگە سېلىپ قويۇش ياكى كونترول قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. پۈتكۈل ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆز نۇرىنى ئۇچراشتۇرۇپ تۇرۇشى ھەم قول ئىشارىسى ۋە بەدەن شەكلى تىلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرۇشى لازىم. بۇ تەدبىرلەر مەلۇم دەرىجىدە ئىنتىزامغا خىلاپ ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. توغرا ھەرىكەتلەرنى تاللاپ كۈچەيتىش لازىم

ئوقۇغۇچىلارغا ھەرىكەتنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى تاكتىكىلارنى تاللاپ قوللانغاندا ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىچە ئورنىدىن ئايرىلسا، ئوقۇتقۇچى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئەستايىدىل ئۆگىنىش قىلىۋاتقان باشقا ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ تەقدىرلىشى كېرەك. توغرا ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلەپ كۈچەيتكەندە، ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

4. باشقا ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەش

بەزى ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا بىنورمال ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قويىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇنىڭغا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى باشقا ساۋاقداشلارنى تەقدىرلەش تاكتىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوقۇغۇچىنى ياكى ئۇ ئەڭ ياخشى ئۆتىدىغان بىر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ تەقدىرلىسە، شۇنىڭ بىلەن نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەردە بولۇۋاتقان ئوقۇغۇچىغا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان، ئەتكەنلىرىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرگىلى ھەم ئۆزىنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكەتلىرىنى دەرھال ئۆزگەرتكۈزگىلى بولىدۇ.

5. جازالاش ئۇسۇلىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش لازىم

ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەر دەرسخانىدا كۆرۈلگەندە، ئىنتىزامنى چىڭىتىش ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا ئوقۇتقۇچى جازالاش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. جازالاش ئۇسۇلىنى ئۈنۈملۈك قوللىنىشتا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم: بىرىنچى، جازالاشتىن مەقسەت ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاخىرى جازاغا ئۇچراشتىن «ساقلىنىش» ئىكەنلىكىنى، بەلكى ئوقۇغۇچىغا جازانىڭ «تەمىنى» ئۈزلۈكسىز تېتىش ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم؛ ئىككىنچى، جازا مۇمكىنقەدەر دەل ۋاقتىدا بولغىنى تۈزۈك؛ ئۈچىنچى، جازانىڭ دەرىجىسى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك، جازا بەك يەڭگىل بولۇپ كەتسە ئۈنۈمى بولمايدۇ، جازا بەك ئېغىر بولۇپ كەتسە نورمالنى پائالىيەتلەرنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ قويۇشى مۇمكىن؛ تۆتىنچى، جازالاش سۆز بىلەن قايىل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك؛ بەشىنچىدىن، جازا بەرگەندە ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلىشى ۋە پوزىتسىيىگە دىققەت قىلىشى كېرەك، بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەندە

ياكى بەك دەرغەزەپ بولۇپ كەتكەندە خاتالىق كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى جازالاش بىلەن مەشغۇل بولماسلىق كېرەك.

## 3. دەرسخانا مەسىلە ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش

### 1. دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى مەسىلە ھەرىكىتى

دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى مەسىلە ھەرىكىتى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگە رىئايە قىلماسلىقى، باشقىلار بىلەن نورمالنى باردى-كەلدى قىلالماسلىقى ۋە ئۆگىنىشكە قاتنىشالماسلىقى قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە بويسۇنماسلىق، يېتەكلەشكە بويسۇنماسلىق، يامان نىيەتتە باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش، ئۇرۇشۇپ جېدەل-ماجىرا چىقىرىش، ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچاقلىق قىلىش، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىش، ئامال قىلىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، قانداقتۇر بىر ئىشلار ئۈچۈن غەم-ئەندىشە قىلىپ يۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەسىلە ھەرىكىتى بولىدۇ. مەسىلە ھەرىكىتى دەرسخانا ئىنتىزامى مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلە ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىلىنىش تۈرلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. كۇيى (H • C • Quay) مەسىلە ھەرىكىتىنى خىسلەت جەھەتتىكى ھەرىكەت، خاراكتېر جەھەتتىكى ھەرىكەت ۋە روھىي كەيپىيات ۋە ئىجتىمائىيەت جەھەتتە پىشىپ يېتىلمىگەن ھەرىكەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلگەن. مەملىكىتىمىز پسىخولوگلىرى بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت ئىپادىسىدىكى ئاساسىي خائىشىدىن چىقىش قىلىپ، مەسىلە ھەرىكىتىنى سىرتقى مايىللىققا ئىگە ھۇجۇم تىپىدىكى ھەرىكەت ۋە ئىچكى مايىللىققا ئىگە چېكىنىش تىپىدىكى مەسىلە ھەرىكىتى دەپ ئايرىيدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، قالايمىقان قىلىش خاراكتېرىدىكى مەسىلە، خىسلەت خاراكتېرىدىكى مەسىلە ۋە سىرتقى مايىللىققا ئىگە ھۇجۇم تىپىدىكى مەسىلە ھەرىكەتلىرى بىر قەدەر روشەن بولۇپ، بۇلارنى ئوقۇتقۇچى ئاسانلا سېزىۋالالايدۇ ۋە دىققەت قىلىدۇ. ۋەھالەنكى كىشىلىك خاراكتېر جەھەتتىكى مەسىلىنى ئاسان بايقىغىلى ۋە پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، يۇقىرىدا

بايان قىلىنغان مەسىلە ھەرىكەتلىرى قىسمەنلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچى مەسىلە ھەرىكىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن نەزەرگە ئېلىش لازىم.

## 2. دەرسخانا مەسىلە ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر

1. خاراكتېر جەھەتتىن ئوبدان ماسلىشالماسلىق

بۇ شەخسلەرنىڭ مۇھىت تەلىپىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتەلمەسلىك ياكى مۇھىتقا ئوبدان ماسلىشالمىغانلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان روھىي كەيپىيات جەھەتتىكى ئېغىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار، مىجەز-خاراكتېرىنى ماسلاشتۇرالمىغانلىقى، كۆپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغانلىقى، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغانلىقى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى تەۋرىنىش تۈپەيلىدىن، دەرسخانىدا دىققەت ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرەلمەي، ئاسانلا باشقا ئاممىلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ؛ مىجەز-خاراكتېرىنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كېلىپ چىققان ئوقۇغۇچىلاردىكى دۈشمەنلىشىش خاراكتېرى، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ رەقىبى ياكى ھەمكارلاشمايدىغان كىشىسى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن؛ مىجەز-خاراكتېرى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەممىشە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كەم، مۇستەقىللىقى يوق ھەم ئۆزىنى مۇددەتلىك نىشانمۇ يوق، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى زېممىسىگە ئالالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دەرسخانىدىكى مەسىلە ھەرىكەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاممىلاردۇر.

2. دىققەتنى تارتىشقا ۋە ئورۇنغا ئىنتىلىش

بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناچار ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلىشى ئوقۇتقۇچىنىڭ ياكى ساۋاقداشلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنى ۋە ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردا مۇشۇ ھەۋەسى تۈپەيلىدىن مەسىلە ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولىدۇ.

3. كۆڭۈلسىز ھالەت ۋە پائالىيەتلەردىن قېچىش

بەزى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى كۆرسىتىپ بەرگەن ئۆگىنىش ۋەزىپىسى

ۋە ھەرىكەت تەلىپى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ماس كەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، مەكتەپتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى قىزىقى يوق، كىشىنى بۇرۇختۇم قىلىپ زېرىكتۈرىدۇ. ئوڭۇشسىز دەپ قارايدۇ. شۇڭا، بەزى ئوقۇغۇچىلار، تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە ياكى مۇزاكىرە قىلغاندا كەينى-كەينىدىن تەرەتخانىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ مۇشۇ قىزىقى يوق ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولىدۇ؛ بەزى ئوقۇغۇچىلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەنقىد ۋە مەسخىرىگە ئوخشاش ئۆزىگە پايدىسىز بولغان مۇھىتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؛ يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار ئوڭۇشسىزلىقتا ئۈچرىغانلىقى ئۈچۈن جىددىيلىشىپ، مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە بەل قويۇۋېتىدۇ-دە، چاتاق چىقىرىدىغان ئىشلارنىلا ئىزدەشكە باشلايدۇ.

4. چەكتىن ئاشقان ھەرىكەتلەر

بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىيات جەھەتتە توقۇنۇشى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىككىنە غىدىقلاشلارغا نىسبەتەن ھەددىدىن ئارتۇق سەزگۈ ياكى ھەددىدىن ئارتۇق ئىنكاس قايتۇرۇش تەرەپدارىدا بولىدۇ، مۇناسىۋەتسىز بولغان تەسىرلەرگىمۇ ئاسانلا ئىنكاس قايتۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن، ھەرىكەت جەھەتتە قېنى قىزىق بولۇش، دەرسخانا تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، ھەتتا دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى ۋە بۇزغۇنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى سادىر قىلىش قاتارلىقلار. لېكىن، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەكتىن ئاشقان بۇنداق ھەرىكەتلىرى مېڭە ئىقتىدارىنى يوقىتىش (MBO) تىن بولغان بولىدۇ.

## 3. دەرسخانىدىكى مەسىلە ھەرىكىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە تۈزىتىلىشى

1. مەسىلە ھەرىكىتىنى توغرا تونۇش كېرەك

ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا كۆرۈلگەن مەسىلە ھەرىكىتىگە مۇئامىلە قىلىشتا ھەمىشە كۆپ جەھەتتىن ھەرىكەتنىڭ تاشقى ئىپادىسى ۋە يېقىنقى ئاقىۋىتىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەتتە دەرسخانا تەرتىپىنى بىۋاسىتە قالايمىقانلاشتۇرىدىغان بۇ مەسىلە ھەرىكەتلىرىدىن باشقا، يەنە پىسخىكا جەھەتتىمۇ مەسىلە ھەرىكەتلىرى يوشۇرۇن ساقلانغان بولىدۇ، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دىققىتىنى تارتىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى مەسىلە ھەرىكىتى

بار ئوقۇغۇچىلارنى ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك «بىمار» دەپ قاراپ، ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشى، ئۇلار بىلەن دوستانە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيىلەپ ئالدىن مۆلچەرلەنگەن ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

2. ھەرىكەت توغرىلاشنى يولغا قويۇش

ھەرىكەتنى توغرىلاش رېفلېكسلىق پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق ناچار ھەرىكەتلەرنىڭ ئورنىغا شۇنى دەسسىتىش ياكى ياخشى ھەرىكەتنىڭ تەسىرىدە ناچار ھەرىكەتلەرنى چىقىرىپ تاشلاش ئۇسۇلىنى دېگەنلىكتۇر. ھەرىكەتنى توغرىلاشتا، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەتنى توغرىلاش مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا زىچ ماسلىشىشى ھەم ھەرىكەتنى كۈچەيتكۈچى بويۇم ۋە ۋاقىتنى مۇۋاپىق تاللاپ، مەسىلە ھەرىكىتىنى ساقلاۋاتقان ياكى ئۇنى كۈچەيتىۋاتقان تەسىرلەرنى چىقىرىپ تاشلىشى، ئاخىرىدا ياخشى ھەرىكەتلەرنى قەدەممۇقەدەم بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشى لازىم.

3. پسىخىك جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش لازىم

پسىخىك جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش — ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇشى، ئېتىقادى، قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ئۇسۇلدۇر. نۇرغۇنلىغان مەسىلە ھەرىكەتلىرىنىڭ سادىر بولۇشى، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان توغرا باھاسىنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى توغرا تونۇشى ۋە توغرا باھالىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى بىۋاستە مەسىلە ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ناچار روھىي كەيپىياتلاردىن خالاس قىلىش، پسىخىك جەھەتتىن يېتەكلەشتە يەتمەكچى بولغان مەقسەتتۇر. پسىخىك جەھەتتىن يېتەكلەش بولسا بىر خىل ھەمكارلىق شەكلىدىكى، دېموكراتىك شەكلىدىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش جەريانىدۇر. بۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ئوتۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى تونۇش جەھەتتىكى ئارىلىق ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئارىلىققا مۇناسىۋەتلىك، ئوقۇتقۇچى كۆپرەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسىراتى ۋە تەجرىبىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش نۇقتىسىدىن چىقىپ مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش،

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپىتىكى مۇھىتقا بولغان بىر تەرەپلىمە تونۇشى ۋە روھىي كەيپىيات جەھەتتىكى ئىنكاسىنى ئۆزگەرتىشى، مۇۋاپىق غايە ئۆلچىمىنى بېكىتىپ چىقىپ، ناچار ھەرىكەتلەرنى تۈگىتىش كېرەك.

4. ئۇلپەتچىلىك مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش كېرەك

مەسىلە ھەرىكىتى بار ئوقۇغۇچىلار ئومۇمەن مۇھىتقا ئوبدان ماسلىشالمىغان بولغاچقا، ئۇلار بىرەر ئۇلپەتنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشىغا، ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىشىغا ۋە ئۆزىنى چۈشىنىشىگە موھتاج. ئوقۇتقۇچىلار بىر تەرەپتىن، ئۇلپەتلىرىنىڭ ئاشۇلارنى مازاق قىلىشى ۋە مەسخىرە قىلىشىنى توسۇشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق ئوقۇغۇچىلارغا شارائىت ۋە پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە تالانتىنى جارى قىلدۇرغۇزۇپ، ئۆزىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش ھېسسىياتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇلپەتلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈزۈشى، شۇ ئارقىلىق ياخشى ئۇلپەتچىلىك مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىپ چىقىشى لازىم.

## 4. ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىلەش خاراكتېرى ھەم ئۇنىڭ تەسىرى

### 1. ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئوقۇتقۇچى

1. ئوقۇغۇچىلاردىكى «ئوقۇتقۇچى قارىشى»

ئوقۇغۇچىلا بولىدىكەن ھەممىسىدە «ئوقۇغۇچىلىق تۇيغۇسى» بولىدۇ، يەنى ھەممىسى ئۆزىنىڭ «ئوقۇغۇچى» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ-دە، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىمىنى ئاڭلايدۇ. بۇ خىل تونۇش ئۇلاردا ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن مۇنداق ئۈچ خىل پسىخىك تونۇشنى شەكىللەندۈرگەن:

1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوبرازى يۇقىرى بولىدۇ

ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىملىك، بىلىدىغانلىرى بەك كۆپ، ئۆزىمىز بىلمەيدىغانلارنى ئوقۇتقۇچى بىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى كىچىك بولسا بۇ خىل قاراش تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىغا ئۇلار بەكمۇ قايىل بولىدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىنى قاتتىق ھۆرمەتلەيدۇ.

2) ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆيۈنۈشىگە ۋە ئېتىبار بىلەن قارىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنگەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلار بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىدىغانلىقىدىن، ئۆزىگە ئېتىبار بىلەن قاراۋاتقانلىقىدىن، ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىدىن ۋە ئۆزىنى ياقتۇرۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل دىققەت قىلىش بەزىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ۋە روھىغا تەقدىرلىگەندىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ۋە مۇھىم رولغا ئىگە.

3) ئوقۇغۇچىلار ھەمىشە بىر ياخشى ئوقۇتقۇچىغا ئۇچراپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ

ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىدىكى بىر مۇھىم شەخس بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشى ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگەن-يېتىلمىگەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار بىر ياخشى ئوقۇتقۇچىغا ئۇچرىشىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ. ھەر قېتىم بىر يېڭى ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپ كەلگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلگەندە، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى دەل مۇشۇنداق تەقەززالىق ھېسسىياتىدا بولىدۇ.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالاھىدىكى

ئوقۇغۇچىلار قانداق ئوقۇتقۇچىنى ياقتۇرىدۇ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن پسىخولوگىيە خادىملىرى بۇ مەسىلە ئۈستىدە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. جۇڭگونىڭ شاڭخەي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياش-ئۆسمۈرلەر تەتقىقات ئورنى، ياپونىيە ياش-ئۆسمۈرلەر تەتقىقات ئورنى، ئامېرىكا چېكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ تەكشۈرگەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئۈچ دۆلەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىكىر ئالماشتۇرۇش تىپىدىكى ۋە كەسپچانلىقى تىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ياخشى كۆرىدىكەن. تەتقىقات نەتىجىسىنى تۆۋەندىكى 7.1-جەدۋەلدىن كۆرۈڭ.

## 7.1-جەدۋەل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياقتۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى

| | ئالاھىدىلىكى | جۇڭگو | ياپونىيە | ئامېرىكا |
|---|---|---|---|---|
| پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىشى | ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان بولۇش | 79 | 94 | 95 |
| | ئادىل مۇئامىلە قىلىش | 77 | 92 | 93 |
| | پاراڭلىشىشقا خۇشتار بولۇش | 59 | 90 | 93 |
| | يۇمۇرىستىك ھەم مېھرىبان بولۇش | 71 | 54 | 96 |
| | ئوقۇتۇشنى قىزغىن سۆيۈش | 76 | 66 | 83 |
| كەسپچانلىقى | دەرستىن سىرتقى كۇرۇژوك پائالىيەتلىرىگە قىزغىن بولۇش | 52 | 57 | 69 |

مەملىكىتىمىز پسىخولوگىيە خادىملىرىمۇ ھەرخىل تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ياقتۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ چوڭ جەھەتتىن مۇنداق 12 خىل ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بايقىغان: (1) قىزىقچى، يۇمۇرلۇق بولۇش، كىبىر بولماسلىق، باشقىلارغا ماسلىشالايدىغان بولۇش، لېكىن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش؛ (2) باشقىلارنىڭ قەدىر-قىممىتىگە ھۆرمەت قىلىشقا ماھىر بولۇش؛ (3) باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش؛ (4) ئىش بېجىرىشتە كەسكىن بولۇش، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇش؛ (5) ھەمىشە بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر يۈرگۈزۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى جانلاندۇرۇش؛ (6) خىزمەتتە قاتتىق مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ئۆز خىزمىتىگە قىزغىن بولۇش، خىزمەت جەريانىدا ئۆزىدە كۈچلۈك قىزىقىش بولغان بولۇش؛ (7) مەسىلىلەرنى بايقاشقا، شۇ مەسىلىدىكى يېتەرسىز تەرەپنى تېپىپ چىقىشقا ماھىر بولۇش، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ساختىپەزلىك قىلالمايدىغان بولغان بولۇشى؛ (8) كۈچلۈك بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسى بولغان بولۇشى، كەمتەرلىك بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان بولۇشى، بىلمىگەن جايلىرىنى ئوقۇغۇچىلاردىن سوراشنى نومۇس دەپ بىلمەيدىغان، مەسىلىلەرنى ھەمىشە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بار مەسلىھەتتە ھەل قىلىدىغان بولغان بولۇشى؛ (9) بىرەر ئىشنى قىلىشتا چوڭقۇر ئويلىنىش، يەڭگىللىك بىلەن قارار چىقارماسلىق ھەم كەلسە-كەلمەس تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويمايدىغان، لېكىن قارار چىقىرىلغانىكەن ئۇنى ئاخىرغىچە

داۋاملاشتۇرالايدىغان بولغان بولۇشى؛ (10) يېڭى شەيئىلەرگە نىسبەتەن سەزگۈر بولۇشى ھەم يېڭى شەيئىلەرنى قىزغىن قوللىشى، ئۆزلۈكسىز يېڭى شەيئىلەرگە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان بولۇشى؛ (11) ئىش قىلغاندا ئادىل بولۇشى؛ يۈز خاتىرە قىلماسلىقى، قانداق كىشى بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇشى؛ (12) چوڭ ئىشلاردا پرىنسىپ سۆزلىشى، كىچىك ئىشلاردا جانلىقراق بولغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بەزىسى ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىش ئالاھىدىلىكىگە ياتىدۇ، بەزىسى پەزىلەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىككە ياتىدۇ. بۇ پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەلىم-تەربىيە پائالىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم تەسىرگە ئىگە.

## 2. ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە دەرسخانىدىكى پسىخىك كەيپىيات

ئوقۇتقۇچى سىنىپتا تەشكىللىگۈچى ۋە يېتەكچىلىك قىلغۇچىدىن ئىبارەت مۇھىم رولنى زىممىسىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلى دەرسخانا پسىخىك كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

1. دەرسخانا پسىخىك كەيپىياتىنىڭ مەنىسى

دەرسخانا ئوقۇتۇشى — ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسخانىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانى بولۇپ، بۇ جەرياننى ھەمىشە بەلگىلىك پسىخىك كەيپىيات ئوراپ تۇرغان بولىدۇ. دەرسخانا پسىخىك كەيپىياتى دېگىنىمىز — دەرسخانا ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىۋالغان مەلۇم خىلدىكى پوزىتسىيە بىلەن ھېسسىياتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىلىنىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر بۇ خىل پسىخىك كەيپىياتنى «ئادىمىيلىك خىسلەتنى تەشكىللەش» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ دەرسخانا پسىخىك كەيپىياتى بىلەن دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى تەشكىللىگۈچىنىڭ خىسلەت ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، بەزى دەرسخانىلارنىڭ ئۆگىنىش كەيپىياتى ئاكتىپ، جانلىق بولسا؛ بەزىلىرى ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە ئۆلۈك؛ بەزىلىرى

كېلىشىپ بار مەسلىھەتتە كەيپىياتنى تاللايدۇ؛ بەزىلىرى بولسا ناھايىتى سۇس ۋە جىددىي كەيپىياتتا بولۇپ، ئوخشاش بىر سىنىپ بولسىمۇ، ئوخشاشمىغان ئوقۇتقۇچى دەرسكە كىرگەنلىكى ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان دەرسخانا كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ.

دەرسخانا پسىخىك كەيپىياتى دەرسخانا ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان نازۇك بىر ھالقا بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە نىسبەتەن ئىلھام بېرىش ياكى توسقۇنلۇق قىلىش رولىغا ئىگە. مەملىكىتىمىز ئالىمى خۇاڭ شۇلەن دەرسخانا مۇھىتىنىڭ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنى ئاكتىپ، پاسسىپ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ. دەرسخانا كەيپىياتىنىڭ تۈرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوينايدىغان رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئاكتىپ بولغان دەرسخانا كەيپىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارى مەركەزلەشكەن، تەپەككۇرى جانلىق بولغان، ئوقۇغۇچىلار قاتنىشىش خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەر نىسبىتى يۇقىرى بولغان، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئىناق بولغان، ئۆزئارا كېلىشىشلەر ماسلاشتۇرۇلغان، پۈتكۈل دەرسخانا كەيپىياتى ئەركىن بولۇپ، چېچىلاڭغۇ بولمىغان، چىڭ بولغان، لېكىن جىددىي بولمىغان بولۇشتىن ئىبارەت. پاسسىپ بولغان دەرسخانا كەيپىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئوقۇغۇچىلار جىددىيلىشىپ، قورقۇمسىراپ قورۇنۇپ قالىدىغان، كۆڭلىنى بىر يەردە توختىتالمايدىغان، ئىنكاسى ئاستا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس سۆزلىشىگە قارىتا جىم ئولتۇرۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىنىڭ زېھنىي كۈچى چېچىلاڭغۇ بولغان، روھىي كەيپىياتى جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىغان، ناھايىتى روھسىز ۋە جانسىز، ئاكتىپ پىكىر بايان قىلىشى يوق دېيەرلىك بولغان بولۇشتىن ئىبارەت. قارشىلىق كۆرسىتىش تىپىدىكى دەرسخانا كەيپىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇ بىر خىل كونتروللۇقنى يوقاتقان دەرسخانا كەيپىياتى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار دەرسخانا ئۆگىنىشىدە ھەرقايسىسى ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدۇ، ھەتتا بەزى ئوقۇغۇچىلار قەستەن قالايمىقانچىلىق چىقىرىدۇ. قەستەن نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. قالايمىقان ئىنكاسلار بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ-دە، ئوقۇتقۇچى دەرسنى توختىتىپ تۇرۇپ تەرتىپ ساقلاشقا مەجبۇر بولغان بولىدۇ.

2. ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلىنىڭ دەرسخانا كەيپىياتىغا

كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ئاكتىپ ھەم ئۆزئارا ئىناق ھالەتتىكى دەرسخانا كەيپىياتى نۇرغۇنلىغان ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرەلەمدۇ-يوق؟ بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇھىم ئامىل ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى بولسا — ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش جەريانىدا يۈرگۈزگەن ھوقۇقى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك رولىنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىدىن ئىبارەت، ئۇ ئوقۇتۇش ھەرىكىتىدىكى مۇقىم ئالاھىدىلىك بولۇپ يېتىشكەندە بىر خىل خىسلەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ. 1952-يىلى ئامېرىكا پسىخولوگى لىپپىت (Lippitt) ۋە ۋايتى (White) ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ھوقۇقىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈش تىپتىكى، دېموكراتىك باردى-كەلدى قىلىش تىپتىكى ۋە ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش تىپتىكى دەپ ئۈچ تىپقا بۆلگەن.

1) قاتتىق باشقۇرۇش تىپى

بۇ خىلدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن نازارەت قىلىنمىسا، ئوقۇغۇچى ئاڭلىق ھالدا ئۆگەنمەيدۇ، شۇڭا، ئوقۇغۇچىلاردىن بۇيرۇققا شەرتسىز بويسۇنۇشنى، تەلەپ قىلىپ دەرسخانىدا قىلماقچى بولغان ئىشلارنى ھەممىنى ئوقۇتقۇچى قارار قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىدا ئەركىنلىك بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىنىڭ ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي ئوقۇتقۇچى كونترول قىلىدۇ. بۇ خىل ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئاستىدا، ئوقۇغۇچىلار كۆرۈنۈشتە ئوقۇتقۇچىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن ئاكتىپ ھېسسىيات كەم بولىدۇ. ناۋادا ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ قالسىلا، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن پاسسىپ تاقابىل تۇرۇش كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ-دە، ئوقۇتۇشتىن ۋاز كېچىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا ئۆزىدە ناچار بولغان روھىي كەيپىيات شەكىللەندۈرىدۇ-دە، ھۇجۇم خاراكتېرلىك ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشقا ئىككى خىل رەھبەرلىك ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھوقۇقىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈش تىپىدىكى رەھبەرلىك ئۇسۇلى بەزىدە دەرسخانىدىكى قالايمىقان ۋەزىيەتنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ، دەرسخانىدىكى پائالىيەتنى رەتلەپ بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.

2) دېموكراتىك ئالاقە قىلىش تىپى

بۇ خىل رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلى ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ دېموكراتىك خىزمەت ئىستىلى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن باردى-كەلدى ئالاقىسى ئورنىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەسىلىلەرنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىشقا يېتەكلەپ، ئوقۇغۇچىلاردا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئوبيېكتىپ ھالدا تەقدىرلەش ياكى تەنقىدلەشتىن ئىبارەت. دېموكراتىك ئالاقە قىلىش تىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتى ئايدىڭ بولىدۇ. ئۇلار ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى ياقتۇرىدىغان بولىدۇ، دەرسخانىدا تەپەككۇرى ئەركىن بولغان، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ئىناق ئۆگىنىش كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان بولىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى ئىنتىزام بىلەن چەكلەيدىغان، ئوقۇتقۇچى بولسۇن-بولمىسۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت جەھەتتە ئىپادىسى بىر خىل بولىدۇ.

3) ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش تىپى

بۇنداق ئوقۇتقۇچىلاردا تەلىم-تەربىيە نىشانى ئېنىق بولمايدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كەمچىل بولۇپ، ھەم ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بەرمەيدۇ، ھەم ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويمايدۇ، ھەم ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك ياكى كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەرسخانا تەشكىلسىز، قۇرۇلمىسىز بولۇپ، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلگەن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار ئۆگەنگەن مەزمۇنلارنى ئىگىلىيەلمەيدۇ، دەرسخانىدا كۆرۈلگەن مەسىلە ھەرىكىتىمۇ نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ.

ئوقۇتقۇچى رەھبەرلىك ئۇسۇلىنىڭ دەرسخانا كەيپىياتىغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا، باشقا جەھەتلەردىن يەنە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى بار. مەسىلەن، ستېم (G. Stem) ۋە ئوسپار قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە ھوقۇقنى مەخسۇس يۈرگۈزۈش ۋە دېموكراتىك تىپتىكى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئانچە چوڭ بولمايدىكەن، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرى ۋە ھېسسىياتى قاتارلىق تەرەپلەرگە تەسىرى ناھايىتى زور بولىدىكەن. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئىشلىتىدۇ، ئۇلار ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا، ئوخشاش بولمىغان رەھبەرلىك ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ.

# §3 . ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكا جەھەتتىكى پەرقلىرى ۋە ئوبيېكتقا قاراپ ئوقۇتۇش

كىشىلەرنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرى ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەرقلىقمۇ بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى پەرقلىرى ئاساسلىقى تونۇش جەھەتتىكى پەرقلەر ۋە كىشىلىك خىسلىتى جەھەتتىكى پەرقلەردە ئىپادىسىنى تاپىدۇ، شۇڭا تەلىم-تەربىيە چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى پەرقلىرىگە قارىتىلغان بولۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا يېتەكلەش ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

## 1. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش جەھەتتىكى پەرقلىرى ۋە يېتەكچىلىك

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇشتىكى پەرقى، ئاساسلىقى تونۇش ئۇسۇلىدىكى پەرق ۋە ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىكى پەرق دەپ ئىككى چوڭ جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

### 1. تونۇش ئۇسۇلىدىكى پەرق

تونۇش ئۇسۇلى ئادەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇرلارنى چۈشىنىش، ساقلاش، ئۆزگەرتىش، تاللىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ۋاقىتتا ئادەت بويىچە قوللانغان ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بولسا: (1) تونۇش ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلار ئىپادىلىگەن ئەقلىي (ئىدراك) ئۇسۇلىدۇر؛ (2) تونۇش ئۇسۇلى بايان قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ۋاقىت جەھەتتىكى نىسپىي مۇقىم بولۇش جەريانىدۇر؛ (3) ئوقۇغۇچىلار ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋەزىپىنى ئورۇندىغان ۋاقىتتا باشتىن-ئاخىر مۇشۇ خىل مۇقىملىقنى ئىپادىلىگەن بولىدۇ.

تونۇش ئۇسۇلى، ئاساسلىقى تونۇش پائالىيىتى جەريانىدىكى

مەشغۇلىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئۇ يەنە تونۇش خىسلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆگىنىش پائالىيىتى جەريانىدا ئوخشىمىغان ئوقۇغۇچىلار ھەمىشە ئوخشىمىغان تونۇش ئالاھىدىلىكلىرى ياكى ئۇسۇلىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، بەزى ئوقۇغۇچىلار، سورالغان سوئاللارغا ناھايىتى تېز جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدراكى ۋە تەپەككۇرنىڭ خىسلىتى بولسا ھاياجانلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ؛ بەزى ئوقۇغۇچىلار، ئەكسىچە سوئاللارغا ئالدىرىماي جاۋاب بېرىدۇ، جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال ھەرخىل جاۋابلارنى باھالاپ چىقىپ، ئاندىن تۇتامغا چىقىدىغان جاۋابنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئاددىيلا پىكىر يۈرگۈزىدۇ؛ بەلكى يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار، مەسىلىلەرنى مۇرەككەپ ئويلاشقا ئادەتلەنگەن بولىدۇ؛ يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار، تونۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئىشارىسىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ لېكىن يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ئويلاش ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

پسىخولوگىيە ئىلمىدا كىشىلەرنىڭ تونۇش ئۇسۇلىدىكى پەرقلەرنى تەكشۈرگەندە، ئاساسلىقى تايىنىۋېلىشچانلىق بىلەن مۇستەقىللىقنى، پۇتۇنلۇك بىلەن يۈرۈشلىشىشچانلىقنى، قايتا-قايتا پىكىر قىلىش بىلەن ئۆزىنى باسالماي ھاياجانلىنىپ كېتىشنى، يىغىنچاق شەكىل بىلەن تارقاق-مۇرەككەپ شەكىلنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش كېرەك.

1. تايىنىۋېلىش بىلەن مۇستەقىلچانلىقى

تايىنىۋېلىش بىلەن مۇستەقىلچانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇقۇم ئەڭ دەسلەپتە ئامېرىكا پسىخولوگى ھورمان ۋېكىن (H. Wikin) نىڭ ئىدراك توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدىن كەلگەن. ئۇ مۇنداق بىر تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئۇ ئىغاڭلاپ تۇرىدىغان بىر بۆلۈمچە ياساپ ئىچىگە بىر ئورۇندۇق ئورۇنلاشتۇرغان. ئورۇندۇق ھەرىكەتلىنىش ئارقىلىق تۇتقۇچ بىلەن بۆلۈمچىنى ئوخشاش بۆلۈنۈشتە ياكى تەتۈر بۆلۈنۈشتە قىڭغايتاتتى. بۆلۈمچە قىڭغايغاندىن كېيىن سىناق قىلىنغۇچىلاردىن تۇتقۇچنى بۇراپ ئورۇندۇقنى تىك ھالەتكە كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىناتتى. نەتىجىدە بەزى سىناق قىلىنغۇچىلار 35° قىيسايغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۆزىنى پۇتۇنلەي تۈپتۈز ئولتۇردۇم دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى؛ لېكىن بەزىلەر ئورۇندۇق

ۋە قىيسايغان بۆلۈمچىدە قارىغاندىمۇ، قىيسىيىش گرادۇسىنىڭ نورمال بولمىغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئورۇندۇقنى بىر قەدەر تەكشى ھالەتكە يېقىنلاشتۇرالىغان. ۋېكىن بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسە چىقارغان: بەزىلەر شەيئىلەرنى ئىدراك قىلغاندا، ئۆزى كۆرۈۋاتقان مۇھىت ئۇچۇرنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ ئالدىنقىلارنى يۆلىنىۋالىدىغانلار، يەنى «تاشقى ئامىللار»، كېيىنكىلەرنى بولسا مۇستەقىل، يەنى «ئىچكى ئامىللار» دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە، سىناق قىلىنغۇچىلار كۆزلىرىنى يۇمسىلا بۇ خىل توقۇنۇش يوقىغان بولاتتى. چۈنكى، مۇھىت تەمىن ئەتكەن ئۇچۇرلارنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى سەزگۈسىگە ئاساسەن مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى.

ئۇندىن باشقا پسىخولوگلار يەنە «بەدەننى ماسلاشتۇرۇش سىنىقى» ۋە «شەكىل قويدۇرۇش سىنىقى» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ تونۇش ئۇسۇلىنى سىناپ چىققان. «بەدەننى ماسلاشتۇرۇش سىنىقى» دا، سىناق قىلىنغۇچى بىر كىچىك يانتۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەتكەن، يۆلىنىشلىش خاراكتېرىدىكىلەر ئۆزىنى ھەمىشە ئۆينىڭ يانتۇلۇقى بىلەن ئوخشاش نۇقتىدا قويۇپ تۇرۇۋالغان، بۇ ئۇلارنىڭ بەدەن ئورنىنى مۇھىتنىڭ ھالىتىنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇستەقىل خاراكتېردىكى سىناق قىلىنغۇچىلار، بەدەن ھالىتىنى تەڭشىگەن ۋاقىتتا ئۆينىڭ ئورنىنى ئانچە نەزەرگە ئېلىپ كەتمىگەن، ئۇلار كۆپرەك ئۆزىنىڭ ئىچكى تەجرىبىلىرىنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشنى ئويلىغان. «شەكىل قويدۇرۇش سىنىقى» دا، سىناق قىلىنغۇچىلارنى باشقا مۇرەككەپ شەكىللەر ئىچىدىن مەلۇم ئاددىي شەكىلنى پەرقلەندۈرۈپ چىقىش تەلەپ قىلىنغاندا، بەزىلەر بۇ خىل شەكىلنى دەرھال تېپىپ چىقالىغان، ئەتراپىتىكى يىپ ئۇچى سەۋەبلىك زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقمىغان لېكىن بەزىلەر ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاندىن بۇنى پەرقلەندۈرۈپ چىقالىغان. مانا بۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدراك جەريانىدا ھەقىقەتەن يۆلىنىۋېلىشچانلىق ۋە مۇستەقىلچانلىقتەك پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ (7 .2-رەسىم).



2.7-رەسىم.

2. بىر پۈتۈنلۈكلۈكى بىلەن يۇرۇشلىششچانلىقى

ئەنگلىيە پسىخولوگى پاسك (G. Pask) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى توغرىسىدا نۇرغۇن تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، چېرتيوژلارنى سىناق قىلدۇرۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش تاكتىكىسى جەھەتتىكى مۇھىم پەرقلىرىنى بايقىغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى قىياسەن ئويلاپ چىقىلغان مارس ھايۋانلىرىنىڭ رەسىمىنى تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئايرىش پرىنسىپىنى شەكىللەندۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇغان، ئوقۇغۇچىلار تۈرلەرگە ئايرىشنى تامامىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بۇ بىر تۈرلۈك ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى قانداق ئېلىپ بارغانلىقىنى دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە، ئوقۇغۇچىلار قوللانغان پەرەزگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىش ۋە ئايرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى بەزى قىزىقارلىق پەرقلەرنى نامايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى بايقىغان. بەزى ئوقۇغۇچىلار زېھنىي كۈچىنى قەدەممۇقەدەم ئىچكىرىلەپ كىرىشى تاكتىكىسىغا مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پەرەزلەر بىرقەدەر ئاددىي بولغان، ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىر پەرەز بىر تىپقا چېتىلغان، بۇ خىل تاكتىكا يۇرۇشلەشكەن تاكتىكا دەپ ئاتالغان، يەنى بىر پەرەزدىن ئىككىنچى بىر پەرەزگە قاراپ تۈز لىنىيە بويىچە ئىچكىرىلەپ كىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قانات يايدۇرۇلغان تاكتىكا دەپ ئاتالغان. لېكىن، يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار بىرقەدەر مۇرەككەپ پەرەزلەرنى

قوللىنىشقا مايىلراق بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىر پەرەز بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە تىپقا تەۋە بولغان. بۇ خىل تاكتىكا بىر پۈتۈنلۈككە (ئومۇمىي گەۋدىلىككە) ئىگە تاكتىكا دەپ ئاتالغان، يەنى مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئەتراپلىق ئويلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئوخشاشمىغان تۈرگە ئايرىش تاكتىكىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان تونۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

3. قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن ئۆزىنى باسالماي ھاياجانلىنىپ كېتىش

كاگان (j. kagan) بىر قاتار تەجرىبىلەرنى ئىشلىگەندىن كېيىن، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەيئىلەرنى ئىدراك قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىش خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەكسىچە شەيئىلەر ئۈستىدە قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ھاياجانلىنىپ كېتىش خاراكتېرىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەمىشە ناھايىتى تېزلىكتە ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدۇ، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە تېزلىكتە ئىنكاس قايتۇرىدۇ؛ قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزۈش خاراكتېرىدە مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولسا، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمايدۇ. ئۇلار سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال ھەرخىل مۇمكىنچىلىكى بار جاۋابلارنى كۆڭلىدە باھالاپ چىقىدۇ-دە، ئاندىن كېيىن تۇتامغا چىقىدىغان جاۋابنى بېرىدۇ.

كاگان ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشاش سىزما ئىزدەش ۋە نەقىش سىزمىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش سۈرئىتى ۋە نەتىجىسىگە ئاساسەن تونۇش ئۇسۇلىنى پەرقلەندۈرۈپ چىققان. 7.3-رەسىم ئوخشاش سىزمىنى تېپىش سىنىقىدىن مىسالدۇر. سول تەرەپتىكىسى نەقىش سىزمىسىنىڭ نۇسخىسى بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئىككىسى بولسا مۇرەككەپ سىزمىدۇر. سىناق ئېلىپ بارغۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن مۇمكىنقەدەر تېزرەك جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن ھەر قېتىم خاتا ئىنكاس قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، قايتا سىناق ئېلىپ بارغان. بۇ سىناق تاكى توغرا جاۋاب تېپىپ چىقىلغۇچە داۋاملاشتۇرۇلغان. ئوقۇغۇچىلارغا ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب

بېرىش تەلەپ قىلىنسا ئۇلارغا بېسىم بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا توغرا ئىنكاس قايتۇرۇش بىلەن تېز سۈرئەتتە ئىنكاس قايتۇرۇش ئوتتۇرىسىدا رىقابەت بولۇۋاتقان ئەنسىرەش ھېسسىياتى شەكىللىنىپ قېلىشى مۇمكىن. سىناق نەتىجىسى ئىنكاس قايتۇرۇش سۈرئىتى بىلەن خاتا ئىنكاسنىڭ قېتىم سانى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. مۇشۇ تۈردىكى سىناق ئارقىلىق ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان تونۇش خىسلىتىنى پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ. ھاياجانلىنىش خاراكتېرىدىكى ئوقۇغۇچىلاردا ئادەتتە ئوخشاش سىخېمىلارنى تېزلىكتە تونۇش ئىستىكى بولغاچقا، ئۇلار ئالدىراپ تاللىۋېتىدۇ-دە، خاتالىق كۆپرەك بولىدۇ؛ قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولسا تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقاچقا، تاللىشى بىرقەدەر توغرا بولىدۇ. لېكىن، سۈرئىتى ئاستىراق بولىدۇ. بەزى پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە ھاياجانلىنىش خاراكتېرىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش تاكتىكىسى جەھەتتە مۇھىم پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى مۇشۇلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن. شۇڭا، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا بۇ تەرەپكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.




3.7-رەسىم.

### 4. يىغىنچاق شەكىل ۋە تارقاق شەكىل

پسىخولوگ خودسون (Hudson) نۇرغۇنلىغان يىغىنچاق شەكىلدە تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ تەبىئىي پەن ئىلمىنى تاللايدىغانلىقىنى، تارقاق (چېچىلاڭغۇ) شەكىلدە تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىنى تاللايدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئىپادىلىنىدىغان بۇ خىل تونۇش قىزغىنلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تونۇش ئىقتىدار ئۇلارنىڭ بۇرۇن قوبۇل قىلغان تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ دەپ قارىغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا جىسىملارنىڭ ئىشلىتىلىش سىنىقى ئېلىپ بارغان.

نەتىجىدە گەرچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن جىسىملارنىڭ ئىشلىتىلىش سىنىقىدا ئېرىشكەن نەتىجىسىدە زور پەرقنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. ئۇ جىسىملارنىڭ روشەن ئىپادىلەنمەيدىغان ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئويلاپ چىقالمىغان ئوقۇغۇچىلارنى «ئىخچام شەكىلدە تەپەككۇر قىلغۇچىلار» دەپ ئاتىغان، جىسىملارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئويلاپ چىقالىغان ئوقۇغۇچىلارنى بولسا «تارقاق شەكىلدە تەپەككۇر قىلغۇچىلار» دەپ ئاتىغان. تارقاق شەكىلدە تەپەككۇر قىلغۇچىلار بىلەن ئىخچام شەكىلدە تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ ئوخشىمايدىغان بىرى شۇ يەردىكى، تارقاق شەكىلدە تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ قوللانغىنى بىر خىل جۇغلانما تاكتىكا بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارى كەڭ دائىرىدە بولىدۇ ھەم ئاللىقاچان ئۆزىدە بار بولغان ھەرخىل شەكىللەرنى بىر-بىرىگە باغلىيالايدۇ. بەزى مۇناسىۋەتلىك شەكىللەرگە بولغان كەڭ جەھەتتىن ئىزدىنىشى ھەم سۆز مەنىسى تەرەپنى، ھەم ئەمەلىي پاكىتلار تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ خىل ئىزدىنىش بەلكى چۇۋالچاق، ئىنكاس ئاستا ۋە كەڭ دائىرىلىك بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا ساقلانغان ئۇچۇرنىڭ مەلۇم بىر تەرتىپى بىلەن چەكلەنمەسلىكى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، يىغىنچاق شەكىلدە تەپەككۇر قىلغۇچىلار بولسا، پەقەت مەلۇم تەرەپلەرگىلا دىققەت قىلىدىغان ھەم مەلۇم پەۋقۇلئاددە دائىرە ئىچىدىلا ناھايىتى تېزلا چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئەندىزىسىدىن قارىغاندا يىغىنچاق شەكىلدە تەپەككۇر قىلىش بىلەن تارقاق شەكىلدە تەپەككۇر قىلىش — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇرلارنى ساقلاشتىكى ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدۇر.

## 2. ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىكى پەرق

ئەقلىي ئىقتىدار تونۇش جەھەتتىكى سۈپەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى نامايان قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى پەرقى — تونۇش ئۇسۇلى ۋە تونۇش خىسلىتى جەھەتلەردە نامايان قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىمۇ نامايان بولىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىكى پەرق شەخسىي پەرق ۋە كوللېكتىپ جەھەتتىكى پەرق دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ شەخسىي جەھەتتىكى پەرقى

ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ شەخسىي جەھەتتىكى پەرقى ئاساسەن شەخس بىلەن شەخسنىڭ ئەقلىلىق دەرىجىسى جەھەتتىكى پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىدە، ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلاردا ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە بەلگىلىك پەرقلەر ساقلانغان بولىدۇ. بۇ پەرقلەرنى ئايرىش ئۈچۈن، پسىخولوگىيە ئىلمى مەلۇم بىر ياشتىكى كوللېكتىپنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار نومۇرى (ئادەتتىكى ئەندىزە) نى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان شەخسنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار سەۋىيىسىنى سېلىشتۇرىدۇ. نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار سەۋىيىسى نورمال ھالەتتە تارقالغان بولۇپ، ئىككى باش كىچىك، ئوتتۇرىسى چوڭ بولىدۇ، يەنى ئەقلىي ئىقتىدارى ئوتتۇراھال ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆپ، ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەر ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرىلار ھەرقايسىسى 0.13% ئەتراپىدا نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. مەسىلەن، 4.7-سخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك.




4.7-رەسىم.

### 2. ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كوللېكتىپ جەھەتتىكى پەرقى

ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كوللېكتىپ جەھەتتىكى پەرقى دېگىنىمىز — ئوخشىمىغان جىنس، ئوخشىمىغان ياش، ئوخشىمىغان ئېرىقتىكى كوللېكتىپلەر ئارىسىدا ئىپادىلىنىدىغان ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىكى پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە كۆپرەك تەتقىق قىلىنىۋاتقىنى ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ

جىنس جەھەتتىكى پەرقى مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ ئالىمقاچان بىرقەدەر ئورتاق بولغان نۇقتىئىنەزەرنى شەكىللەندۈرگەن:

1) ئەر-ئايالنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا تەكشى بولىدۇ

ئەرلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تارقىلىشى چېچىلاڭغۇلۇق دەرىجىسى ئاياللارنىڭكىدىن زور بولىدۇ، يەنى ئەرلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى بىرقەدەر ئالاھىدە بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتى بىرقەدەر تەكشى بولىدۇ.

2) ئەر-ئاياللار ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ ياش پەرقى خاھىشىغا ئىگە بولغان بولىدۇ

بەزى تەتقىقاتلار، مەكتەپ يېشىدىن بۇرۇنقى قىز-ئوغۇللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىيات پەرقى روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ؛ مەكتەپ يېشىدىن باشلاپ قىزلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار ئوغۇللارنىڭكىدىن روشەن دەرىجىدە ئۈستۈن بولىدۇ؛ ياشلىقى تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلدە، قىزلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ئالاھىدىلىكى تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ؛ ئوغۇللارنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى باسقۇچقا كەلگەن مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى قىزلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشۈشكە باشلايدۇ ھەمدە يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئوغۇللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى روشەن كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال پۈتكۈل ياشلىق تەرەققىيات مەزگىلى ئاخىرلاشقانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ دەپ قارايدۇ.

3) ئەر-ئايال ئىككى جىنسنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىدە ئارتۇقچىلىق تەرەپلەر ساقلانغان بولىدۇ

ئەرلەرنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، بولۇپمۇ بوشلۇقتا ئىدراك قىلىش ئىقتىدارى ئاياللارنىڭكىدىن روشەن ئۈستۈن بولىدۇ؛ ئاياللارنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئاۋازلارنى پەرق ئېتىش ۋە ئاۋاز ئورنىنى مۇقىمداش ئىقتىدارى ئەرلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش، خاتىرىسىنى چۈشىنىش ۋە ئابستراكت ئەستە قالدۇرۇش جەھەتلەردە كۈچلۈكرەك بولۇپ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق پەنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئاياللارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش، مېخانىكىلىق ئەستە ساقلاش ۋە ئوبرازلىق ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئادەتتە ئىجتىمائىي پەنلەرنى

بىرقەدەر ياخشى كۆرىدۇ. ئۇندىن باشقا قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېغىز تىلى بالدۇر تەرەققىي قىلىدۇ. تىلنىڭ راۋانلىقى، ئوقۇش، يېزىش ۋە ماسلاشتۇرۇش جەھەتلەردە ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەيدۇ، لېكىن ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل جەھەتتىن خۇلاسىلەش ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى قىزلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

## 3. ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى پەرقلىرىگە ماسلاشقان ھالدا يېتەكلەش لازىم

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى پەرقلىرىنى تەكشۈرۈش، ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى پەرقلىرىگە ماسلاشقان ھالدا يېتەكلەش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش شەكلى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش ۋاسىتىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

### 1. تونۇش جەھەتتىكى پەرقلەرگە ماس كېلىدىغان ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش شەكىللىرىنى بەرپا قىلىش لازىم

يېڭىچە ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش شەكىللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋاقىتتا، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپقا ئايرىشتەك بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەر ئىقتىدارى ۋە بىلىم سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنى يېشىغا قاراپ سىنىپلارغا بۆلۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. يېشى ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلگەن. سىنىپلارغا بۇنداق ئايرىش ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئۆگىنىش، بىر-بىرىنى تولۇقلاش ئېلىپ بارغىلى بولۇشتىن ئىبارەت؛ يېتەرسىزلىكى بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى پەرقلىرىگە تەسىرەك ماسلىشىشتىن ئىبارەت.. بۇ خىل ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بەزىلەر ئوخشاش سەۋىيىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ ئوقۇتۇش شەكلىنى قوللىنىشنى، يەنى ئىقتىدار ۋە بىلىم سەۋىيىسى يېقىنراق كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ تەشكىللەپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. ھازىر نۇرغۇن مەكتەپلەر يولغا قويغان تېز ۋە ئاستا

سىنىپقا ئايرىپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى دەل سەۋىيىسىگە قاراپ گۇرۇپپىغا ئايرىپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئوخشاش بىر سىنىپ ئىچىدە تونۇش جەھەتتىكى پەرقنى ئازايتىش، بىرلىككە كەلگەن سۇرئەت ۋە ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشقا قولاي بولۇشتىن ئىبارەت. لېكىن، بۇنىڭدا سىنىپقا ئايرىشتىن ئىبارەت كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئۆلچەم تېپىش تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەقلىي ئىقتىدارى ياكى ئۆگىنىش دەرىجىسىگە ئاساسەن سىنىپقا ئايرىغاندا، ئوڭۇشلۇق بولغان ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە يېتىش بەكمۇ تەس بولۇۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا ئۆز-ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، مەغرۇرلىنىپ، نەتىجىسى ناچار ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن يەنە بىر خىل ئوڭۇشسىزلىق ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز بولماقتا. بۇ توغرىسىدا ستودارت (G. D. stoddard) ئوقۇتۇشنى قوش تەرەپلىمە قانات يايدۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ لايىھەدە بىر قىسىم دەرسلەرنى (زۆرۈر دەرسلەر) نى يىللىقلار بويىچە ئوقۇش ئۇسۇلى قوللىنىش، باشقا دەرسلەرنى يىللىقلار بويىچە بۆلمەي ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىشتىن ئىبارەت. ھەربىر ئوقۇغۇچى يېرىم كۈن ئورنى مۇقىمدالغان سىنىپتا زۆرۈر دەرسلەرنى ئوقۇش، قالغان يېرىم كۈندە ئوخشىمىغان سىنىپ ۋە ئوخشاشمىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدا تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى ئوقۇش كېرەك. چۈنكى، تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارى، ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم سەۋىيىسىگە ئاساسەن گۇرۇپپىلارغا بانلىق تەقسىم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى پەرقىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەتتىكى ئوقۇتۇش سىنىپىدىمۇ گۇرۇپپىلارغا جانلىق ئايرىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل ئوقۇتۇش شەكلىنى بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

2 . تونۇش جەھەتتىكى پەرقلەرگە ماس كېلىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم

ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشىمىزدا، ئوقۇتۇشىمىز پەقەت تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوتتۇراھال ئوقۇغۇچىلارغىلا ماس كېلىدىغان، بىراق، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ۋە ئۆگىنىش سۈرئىتىگە ماس كەلمەيدىغان ۋە ئۇلارنى قانائەتلەندۇرەلمەيدىغان زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بەزى پسىخولوگلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى پەرقلەرگە

ماس كېلىدىغان ئايرىم ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى لايىھىلەپ چىققان بولۇپ، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش مۇشۇنىڭ بىر خىلىدۇر. ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش دېگەننى ئامېرىكا پسىخولوگى بىلوم (B. S. Bloom) ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئوقۇتۇش سىنىقىدىن كېيىن ئوتتۇرغا قويغان بولۇپ، ئۇ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش — ئىقتىدار سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئەڭ ياخشى ئوقۇتۇش ۋە يېتەرلىك ئۆگىنىش ۋاقتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، شۇ ئارقىلىق كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىنى بەلگىلىك دەرىجىدە بىلىم ئۆزلەشتۈرگەن بىر خىل ئوقۇتۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. بىلوم لايىھىلەپ چىققان ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئىگىلەشتە، ئۇ ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى نۇرغۇن كىچىك ئوقۇتۇش نىشانلىرىغا بۆلۈپ چىققان بولۇپ، مۇشۇ كىچىك ئوقۇتۇش نىشانلىرىغا ئاساسەن، بىر قاتار ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆگىنىش سېكسىيىسى (ئېلېمېنتى) لايىھىلەپ چىقىلغان. ھەربىر ئۆگىنىش ئېلېمېنتىدا بىر گۇرۇپپا دەرسلەر مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى ئادەتتە 1 — 10 سائەتكىچە بولىدۇ. ئاندىن ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا دىئاگنوز قويۇش خاراكتېرىدە بەزى ئاددىي سىناقلارنى لايىھىلەپ چىقىپ، بۇ سىناقلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئېلېمېنتىدا يەتمەكچى بولغان نىشاننى ئۆز ئەھۋالىنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرى بىلەن تەمىن ئەتكەن. تەلەپكە يەتكەن، سەۋىيە ئىگىلىگەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئۆگىنىش ئېلىپ بارسا بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ئىگىلەشكە تېگىشلىك بەلگىلەنگەن سەۋىيىدىن تۆۋەن بولسا، ئۇنداقتا مۇشۇ بىر ئۆگىنىش ئېلېمېنتىنى (ئۆگىنىش باسقۇچىنى) قايتا ئۆگىنىش كېرەك، ئاندىن قايتا سىناق ئېلىش كېرەك. تاكى مۇشۇ باسقۇچتىكى مەزمۇنلارنى ئىگىلەپ بولغۇچە شۇنداق قىلىش كېرەك. بىلومنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش توغرىسىدىكى بۇ ئۇسۇل ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇشۇ جەھەتلەردىكى سىناقلارنى ئېلىپ بارماقتا.

3. تونۇش جەھەتتىكى پەرقلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوقۇتۇش ۋاستىسىنى قوللىنىش لازىم

ئوقۇتۇش ۋاستىسىنىڭ زامانىۋىلاشقان ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى كومپيۇتېرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇنى ئوقۇتۇشتا ياردەمچى قىلىشتىن

ئىبارەت (CAI). نۆۋەتتە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان كومپيۇتېرنى ئوقۇتۇشتا ياردەمچى قىلىش بولسا، سخېما تەرتىپىنى ئوقۇتۇشقا ئېلىپ كىرىش بولۇپ، ئۇ تەرتىپلىك ئوقۇتۇشنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسىنى ئوقۇتۇشتا قوللىنىشتىن ئىبارەت. ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى، يېزىق، سخېما، سۈرەت چۈشۈرۈش ئاپپاراتى، كىنو فىلىمى، سىنئالغۇ فىلىمى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تەرتىپ بويىچە ماتېرىيال قىلىپ تۈزۈپ، كومپيۇتېرنىڭ دېسكىسىغا قاچىلاپ ساقلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تېرمىنال ئاپپاراتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئاساسى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزى بەلگىلىگەن سۈرئەتتە ئۆگىنىش ئېلىپ بارالايدۇ. ئوقۇغۇچىلار تېرمىنال ئېكرانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە ئاساسەن، كۇنۇپكا تاختىسىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ جاۋاب بەرسە بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئېكران جاۋابىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كومپيۇتېر جاۋابىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئاپتوماتىك ھۆكۈم قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش جەريانى ۋە چۈشىنىش سەۋىيىسىنى خاتىرىلەپ مېڭىپ، ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرىدۇ ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن زۆرۈر بولغاندا ئوقۇغۇچىلار قايتا تەكرار قىلىدۇ ياكى ماتېرىياللارنى تولۇقلايدۇ. ئوقۇغۇچىلار پەيدا بولغان ئۇچۇرلارنى كونترول قىلىپ، مەلۇم نۇقتىدا ئېنىق بولماي قالسا، ئايرىم يېتەكلىنىش ئۇچۇن ئۇنى قايتا قويالايدۇ ياكى ئۆزلىرىنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. كومپيۇتېردا ئوقۇتۇش يەنە ئوقۇتۇش جەريانلىرىنىڭ باشقا ھالقىلىرىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

## 2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقى ۋە تەلىم-تەربىيە تاكتىكىسى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقى ئاساسەن ئۇلارنىڭ جاسارىتى ۋە مىجەز-خۇلقى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. كىشىلەرنىڭ جاسارىتى ۋە مىجەز-خۇلقى جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى، تۈرلىرى توغرىسىدا تۆتىنچى بابتا تەپسىلىي توختالغانىدۇق. بۇ يەردە ئاساسلىقى بەزى غەرب پسىخولوگلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىككە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. خاراكتېر ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى پەرقلەر

پسىخولوگىيە ئىلمى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ پەرقىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردۇر دەپ قارايدۇ. ۋەھالەنكى خاراكتېر بىر نەچچە خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئالاھىدىلىك خاراكتېرنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىل بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر خاراكتېر ئالاھىدىلىكى جەھەتتە ئوخشاش بولمايدۇ.

ئامېرىكا پسىخولوگى ئالپورت (G. W. Allport) ئادەم خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئورتاق ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىق ئالاھىدىلىكى دەپ ئىككىگە بۆلگەن. ئورتاق ئالاھىدىلىك — ئوخشاش مەدەنىيەت فورمىسى ئاستىدىكى كوللېكتىپقا ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كوللېكتىپ تۇرمۇش شەكلى ئاستىدا شەكىللىنىدۇ ھەم ھەربىر شەخستە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. ئورتاق ئالاھىدىلىك يەنە ئىپادىلىنىش خاراكتېرلىك ۋە پوزىتسىيە خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئىپادىلىنىش خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىك ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇلغان مۇددىئا سىستېمىنىڭ ھەرىكىتىنى بەلگىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ باشقۇرۇش-بويسۇنۇش، كېڭەيتىش-تارايتىش، چىڭ تۇرۇش-تەۋرىنىشچانلىقتەك ئۈچ خىل ئورتاق ئالاھىدىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پوزىتسىيە خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىك ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مۇھىت ئىچىدىكى ماسلاشقان ھەرىكەتتە ئۆزىگە، باشقىلارغا ۋە قىممەتكە نىسبەتەن تۇتقان پوزىتسىيە بولۇپ، ئۇ تاشقى مايىللىق- ئىچكى مايىللىق، ئۆزىگە بولغان ئوبيېكتىپ پوزىتسىيە-ئۆز-ئۆزىنى ئالداش، ئۆزىگە ئىشىنىش-ئۆزىنى پەس كۆرۈش، باشقىلارغا نىسبەتەن چىقىشقاقلىقى-تەنھالىقى، باشقىلارغا نەپ يەتكۈزۈشچانلىقى-شەخسىيەتچىلىكى، ئىجتىمائىي ئەقلىي كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى-ئىجتىمائىي ئەقلىي كۈچىنىڭ تۆۋەنلىكى، قىممەتكە نىسبەتەن نەزەرىيىۋىچانلىقى-نەزەرىيىنىڭ يوقلۇقى، تېجەشلىكلىكى-تېجەشسىزلىكى، گۈزەللىككە باھا بېرىشچانلىقى-باھا بېرەلمەسلىكى، سىياسەتچانلىقى-سىياسىنى چۈشەنمەيدىغانلىقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى-ئېتىقاد قىلمايدىغانلىقى قاتارلىق ئون بىر خىل ئورتاق ئالاھىدىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالپورتنىڭ قارىشىچە شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكى شەخسنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇپ، شەخسنىڭ ھەرىكەت خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىرى ھەقىقىي ئالاھىدىلىك بولىدۇ. شەخسنىڭ پۈتكۈل ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان شەخسىي ئالاھىدىلىكلەر ئاساسىي ئالاھىدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ زور سىڭىپ كىرىشچانلىققا ۋە تارقىلىشچانلىققا ئىگە بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىدا قوماندانلىق ئورنىدا تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىك خاھىشىغا ياتمايدىغان شەخسىي ئالاھىدىلىكلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىش مەركىزىي ئالاھىدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆزئارا ئازراقلا مۇناسىۋىتى بولغان بۇ خىل مەركىزىي ئالاھىدىلىكلەر شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇ گەرچە ھەرىكەتكە نىسبەتەن ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئوخشاش ئۇنداق روشەن ئىدارە قىلىش رولىنى ئوينىمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرىكەتنى قارار قىلغۇچى ئامىلدۇر. ۋەھالەنكى شەخسنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىغا ئانچە زور تەسىرى بولمىغان ئالاھىدىلىك قوشۇمچە ئالاھىدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ سىڭىپ كىرىش دائىرىسى بىرقەدەر كىچىك بولۇپ، ئۇ خۇددى شەخسىي مىجەز-خاراكتېر ئادىتى ۋە پوزىتسىيىسىگە يېقىن كېلىدۇ.

ئەنگلىيە پسىخولوگى ئېيسېنك (H. Eysenck) نىڭ قارىشىچە، شەخسنىڭ خىسلىتى بىر شەخسنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، جاسارىتى، ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە تەن ساپاسىنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولغان تەشكىلى بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ مۇھىتىغا نىسبەتەن ئۆزىگە خاس رائىشلىق ئۇسۇلىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. مىجەز-خاراكتېر مۇقىم بولغان مۇددىئا سىستېمىسى بولۇپ، جاسارەت مۇقىملىقىنىڭ ھېسسىيات سىستېمىسىدۇر. ئەقلىي ئىقتىدار مۇقىملىقىنىڭ تونۇش سىستېمىسىدۇر. بەدەن ساپاسى مۇقىم بولغان بەدەن ھالىتى ۋە نېرۋا ئىچكى ئاجراتمىلىرى سىستېمىسىدۇر. ئېيسېنك ئادەم خىسلىتى ئالاھىدىلىكىدىن چىقىش قىلىپ، خىسلەتنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرغان ھەم ئادەم خىسلىتىنىڭ ئاساسلىق ساقلىنىپ تۇرۇشىدىكى ئىككى ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىققان، بۇنىڭ بىرى، كەيپىياتنىڭ مۇقىملىقى — نېرۋىلارنىڭ زىيادە سېزىمچانلىقى، يەنى بىرى، ئىچكى مايىللىق، تاشقى مايىللىقتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى ئاساسلىق ساقلىنىپ قېلىش ئالاھىدىلىكى. ماتېماتىكىلىق ستاتىستىكا قىلىش، ھەرىكەتنى كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان

تەجرىبە ئىسپاتلاشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇندىن باشقا، ئامېرىكا پسىخولوگى كاتېلمۇ (R. B. Cattel) ئالاھىدىلىك تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ خىسلىتىنى ئانالىز قىلغان بولۇپ، ئۇ خىسلەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكنى يۈزەكى ئالاھىدىلىك ۋە مەنبەلىك ئالاھىدىلىك دەپ بۆلگەن ھەم كىشىلەرنىڭ خىسلىتى قۇرۇلمىسىدا چوڭقۇر ساقلىنىپ قالغان 16 خىل ئاساسىي ئېلېمېنتنى بېكىتىپ چىققان، يەنى 16 خىل مەنبەلىك ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت. كاتىلنىڭ تەتقىقاتىغا ئائىت مەزمۇنلارنى بىز تۆتىنچى بابتا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ يەردە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

## 2. خىسلەت جەھەتتىكى پەرقلەرگە ماس كېلىدىغان تەلىم-تەربىيە تاكتىكىسى

مائارىپ تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىسلەت جەھەتتىكى ئامىللىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ئۈنۈم بېرىدىغان-بەرمەيدىغانلىقىنى بېكىتىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. مىجەز-خاراكتېر جەھەتتە ئىچكى مايىل كىشىلەرنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشى ئەستايىدىل بولىدۇ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدۇ. دەرسخانىدىكى ئىنكاسى ئاستا بولىدۇ، دەرستىن كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ تەكرار قىلىشقا خۇشتار بولىدۇ؛ مىجەز-خاراكتېرى جەھەتتە تاشقى مايىللارنىڭ يېڭى دەرس ئۆگىنىشكە قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئىنكاسى ناھايىتى تېز بولىدۇ. لېكىن كونا دەرسلەرنى تەكرار قىلغۇسى كەلمەيدۇ. تاپشۇرۇقلىرى ناھايىتى قالايمىقان ئىشلەنگەن بولىدۇ؛ مىجەز-خاراكتېرى رايىش كىشىلەر بولسا، ھەمىشە ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىۋالىدۇ؛ مىجەز-خاراكتېر جەھەتتە مۇستەقىل كىشىلەر رىقابەت خاراكتېرىدىكى ئۆگىنىشلەرگە ئامراق كېلىدۇ؛ ئېسىل بولغان مىجەز-خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلەچەكتىكى ئۆگىنىش ئىرادىسىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ؛ ناچار مىجەز-خاراكتېر بولسا ئوقۇغۇچىلاردا ئاسانلا پاسسىپ روھىي كەيپىيات سېزىمى پەيدا قىلىپ قويىدۇ-دە، شۇ ئارقىلىق ئۆگىنىشتە مەغلۇبىيەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەكتەپلەر تەلىم-تەربىيىسى چوقۇم كىشىلىك خىسلىتى ئاملىنىڭ تەسىرىگە دىققەت قىلىشى، تەلىم-تەربىيىنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ تاللىنىشى ۋە تەشكىللىنىشىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىسلەت جەھەتتىكى پەرقلىرىگە تېخىمۇ ئوبدان ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

1. ھەر تۈرلۈك تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا ماسلىشىش كېرەك

ئادەتتىكى مەكتەپلەردە بىر دەرىجە يۇقىرى مەكتەپلەرگە يۈزلەنگەن، سەۋىيىنى ئۆستۈرۈشچانلىققا ئىگە بولغان تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى تەسىس قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا يۈزلەنگەن كەسىپچانلىققا ئىگە تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى تەسىس قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلىم-پەن جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسىنى ئاچىدىغان تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخنىكا ۋە ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلەرنى تەسىس قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى، مىجەز-خاراكتېرى ۋە ئىقتىدارى جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ خاھىشىغا ماسلىشىش لازىم.

2. يېتەكچىسى بولمىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەكىتلەش كېرەك

بۇ كۆزقاراشنى ئامېرىكا پسىخولوگى روگېرس (C. R. Rogers) ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئوقۇغۇچىنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلەپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قانداق ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىشنى بىۋاسىتە ئېيتىپ بەرمەستىن، بەلكى ئاساس كۈچىنى بەرپا قىلغان تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشتەك دەرسخانا كەيپىياتىغا قارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا شەرتسىز غەمخورلۇق قىلىش، ئامال قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى يېتەكلەشتەك ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملاشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل يېتەكچىسى بولمىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىناق، ھەمكارلىق ئاستىدىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى ۋە ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغايدۇ.

3. ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش لازىم

دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاساسىدىكى ئوقۇتۇشتا لايىھىلەپ بەرگەنلىرىنى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك. مەسىلەن، ئۆگىنىش قەدەم باسقۇچلىرىنى ئوقۇغۇچىلار ئورتاق قاتنىشىپ لايىھىلىشى، ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش پىلانىنى يولغا قويۇشى، ئىگە بولغان ماتېرىياللارنى ئورتاق رەتلىشى، گۇرۇپپىلارغا بىرلىك قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىدىن سىنىپ كوللېكتىپىغا دوكلات بېرىشى قاتارلىقلار. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، كوللېكتىپىزملىق تۇيغۇسى ۋە دوستلۇق ھېسسىياتى قاتارلىق ئېسىل خىسلەت ئالاھىدىلىكلىرى يېتىلىدۇ.

# سەككىزىنچى باب كوللېكتىپ پسىخىكىسى

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا

1) مۇھىم نۇقتا: ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ شەخسلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، سىنىپ باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ پسىخىكىسى، سىنىپ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى.

2) قىيىن نۇقتا: كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسى.

2. ئۆگىنىش تەلىپى

1) ئەستە ساقلاش: ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى، ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك رولى، ئاممىغا ئەگىشىش، بويسۇنۇش، ئۆزىنى يوقىتىش، ئاممىنىڭ (كوللېكتىپنىڭ) ئۇيۇشۇش كۈچى، كوللېكتىپ قائىدە، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئەستە ساقلاش.

2) چۈشىنىش: كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسى، بويسۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى، كوللېكتىپنىڭ پسىخىك كەيپىياتىنى چەكلەيدىغان ئاساسىي ئامىللار. كوللېكتىپ قائىدىلەرنىڭ ئاكتىپ رولى ۋە پاسسىپ رولى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپىنىڭ ئاكتىپ رولى ۋە پاسسىپ رولى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش.

3) تەتبىقلاش: ئوقۇغۇچىلار سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ پسىخىكىسى نەزەرىيىسىنى مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى جەريانىغا ۋە سىنىپ باشقۇرۇشقا تەتبىقلاش.

3. مۇھاكىمە سوئاللىرى

1) كوللېكتىپ ھەرىكەت قانداق پەيدا بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟

2) سىنىپ باشقۇرۇشىدا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى رىقابەت ۋە

ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلەرنى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

3) ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان پىسخىك ئامىللار قايسىلار؟ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ دائىم كۆرۈلىدىغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتىدە جىددىيلىك پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنى تەھلىل قىلىڭ، قانداق قىلىپ ئېسىل بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدىغانلىقىنى سۆزلەڭ؟

كوللېكتىپ بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، جەمئىيەت ھەرخىل شەكىللەردىكى كوللېكتىپتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا ھەرقانداق ئادەم كوللېكتىپتىن ئايرىلغان ھالدا يەككە-يېگانە ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، ھامان ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ئىچىدە مەلۇم ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئۇلار ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش، ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشتە، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پىسخىك ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىشلار، مەكتەپلەر تەلىم-تەربىيىسىنى ياخشى ئىشلەش، ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## § 1 . ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ پىسخىكىسى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پىسخىك ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئۇقۇمى، ئۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ شەخسلەرگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا زۆرۈر بولغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشى لازىم.

### 1. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ئۇقۇمى

#### 1. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ تەدبىرى

كوللېكتىپ — كىشىلەرنىڭ بەزى ئوخشاش پىسخىك ۋە ئىجتىمائىي

پرىنسىپلار بويىچە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن شەكىللەر ئارقىلىق بىرلىشىپ ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش رولىدا بولىدىغان شەخسلەرنىڭ بىرلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ.

كوللېكتىپ گەرچە شەخسلەردىن تەشكىل تاپىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق شەخسنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان كىشىلەر توپىنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ ئاتالمايدۇ. چۈنكى، تاسادىپىي پۇرسەتتە نەچچە ئادەم ياكى ئون نەچچە ئادەم، ھەتتا تېخىمۇ كۆپ ئادەم بىر يەرگە يىغىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، پويىز، پاراخوت، ماشىنىلاردىكى يولۇچىلار، ماگىزىنلاردىكى خېرىدارلار توپى قاتارلىقلارنى قاراپلا كوللېكتىپ دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. چوقۇم مەلۇم شەخسلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشى كوللېكتىپ ئۈچۈنمۇ-ئەمەسمۇ دېگەنگە ھۆكۈم قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئېھتىياج ۋە نىشان ئۈچۈن مۇشۇنداق ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتامدۇ-يوق، دېگەنگە قاراش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ بەلگىلىك تەشكىلىي شەكلى بارمۇ-يوق، كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئەزالارنى بەلگىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە قىلغانمۇ-يوق دېگەنگە قاراش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن پسىخىك جەھەتتىن ئۆزئارا تايىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراش كېرەك. يۇقىرىقى ئۆلچەمگە ئاساسلانغاندا، مەكتەپ، سىنىپ قاتارلىقلار مەكتەپتىكى كوللېكتىپلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەكتەپ كوللېكتىپى ئىچىدە تەربىيىلىگۈچىلەر ۋە باشقا خىزمەتچى خادىملاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پسىخىكىسى — ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىدىكى خادىملارنىڭ ئورتاق پسىخىك ھادىسىسى بولۇپ، بۇ پسىخىك ھادىسىلەر دوراش، ئاممىغا ئەگىشىش، بويسۇنۇش، دارتمىلاش، كەيپىيات، ئۇيۇشچانلىق كۈچى، ھەمكارلىشىش، رىقابەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىش كۆپ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزۈشكە ياردىمى بولىدۇ

ئوقۇتقۇچى كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشتەك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى پىسخىكىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۇنى ئوبدان ئىگىلىگەندە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ۋە تەلىم-تەربىيە سەنئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلغىلى بولىدۇ.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشكە ياردىمى بولىدۇ

تەلىم-تەربىيىنىڭ ئوبيېكتى ئوقۇغۇچىلاردۇر. شۇڭا، تەلىم-تەربىيە چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە چوقۇم ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. تەربىيىلىگۈچىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپتىكى ئالاھىدە ئىپادىسى ۋە پىسخىك ھالىتى ئارقىلىق، كوللېكتىپنىڭ پىسخىكىسى نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىش قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى كېرەك. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك پائالىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ئەتراپلىق، ئىلمىي ئىگىلىۋېلىشتا ياردىمى بولىدۇ.

3. سىنىپ كوللېكتىپىنى تەشكىللەش ۋە يېتىشتۈرۈشتە ياردىمى بولىدۇ

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى پىسخىكىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرى، سىنىپ مۇدىرى ۋە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىر سىنىپ كوللېكتىپىنى تەشكىللىشى ۋە يېتىشتۈرۈشىدە نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى شەخسكە نىسبەتەن ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشىدە نىشان كۆرسىتىپ بېرىشنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## 2. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ تۈرلىرى

مەكتەپلەرنىڭ تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىدە، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ. ئوخشىمىغان ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پائالىيەت قانۇنىيىتى ۋە رولى ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى شەخسكە كۆرسىتىدىغان

تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنى ئايرىپ چىقىش ناھايىتى زۆرۈر.

## 1. چوڭ تىپتىكى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى بىلەن كىچىك تىپتىكى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى

بۇ ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئەمەلىي كۆلىمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئادەم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بويىچە ئايرىلغان. ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ئادەتتە 7 — 40قىچە ئادەمنى بىر كىچىك كوللېكتىپ، 40تىن يۇقىرى ئادەمنى بىر چوڭ كوللېكتىپ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار، ئومۇمەن، كوللېكتىپتىكى ئەزالار ئارىسىدا بىۋاستە شەخسلەر ئارا ئارىلىشىش ۋە مۇناسىۋەت بولغان كوللېكتىپ كىچىك كوللېكتىپ دەپ ئاتىلىدۇ دەپ قارايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆلچەم بويىچە ئايرىغاندا، مەكتەپلەردىكى سىنىپلار، ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئۆگىنىش كۇرۇژۇكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىچىك تىپتىكى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت سەل ۋاستىلىك بولىدىغانلىرى، يەنى يىللىقلار چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ بولىدۇ.

## 2. تارقاق ھالەتتىكى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى، بىرلەشمە شەكىلدىكى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ۋە ئوقۇغۇچىلار توپى

بۇ ئوقۇغۇچىلار توپى (كوللېكتىپى) ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقى دەرىجىسى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسەن ئايرىلغان. تارقاق ھالەتتىكى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى دېگىنىمىز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە ھېسسىيات مۇناسىۋىتىنىڭ كەملىكى، كۆپلىگەن ئورتاق نىشان بىلەن ئورتاق پائالىيەتنىڭ يوقلۇقى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا گەرچە ۋاقىت ۋە بوشلۇق جەھەتتىن بىرلىككە كېلىش بولسىمۇ، لېكىن ئەزالار ئارىسىدا پائالىيەت مەزمۇنى، پائالىيەت مەقسىتى ۋە پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئېنىق بولغان بىر ئورتاق تونۇشنىڭ يوقلۇقى، ئۆزئارا پسىخىك ئارىلىقنىڭ سەل يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا بىر تەنھا يەككىلىك مەۋجۇت بولۇپ، خۇددى «قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن بىر ئوقۇغۇچىلار توپىغا» ئېيتىمىز. بىرلەشمە شەكىلدىكى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى دېگىنىمىز، بۇ توپتىكى ئەزالار

ئارىسىدا ئورتاق نىشان ۋە ئورتاق پائالىيەت پىلانى بولغان، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بەلگىلىك ئۆزئارا ئارىلىشىش ئورنىتىلغان، ئورتاق پائالىيەتلەر بىرقەدەر كۆپ بولغان، لېكىن ئەزالار ئارىسىدا يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە تارقاقلىق بولغان، شۇ ۋەجىدىن ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىيالمايلا قالماستىن، بەلكى مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالمايدىغان توپقا ئېيتىمىز. ئوقۇغۇچىلار توپى (كوللېكتىپى) دېگىنىمىز، ئوقۇغۇچىلار توپىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندىكى باسقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئېنىق بولغان ئورتاق كۆرەش قىلىش نىشانى، ئورتاق ھېسسىيات، ئورتاق ئىنتىزام ۋە ئۆلچەم بولغان بولىدۇ، توپ ئىچىدە بىرقەدەر يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ئورتاق ئېتىقاد سىستېمىسى ۋە كوللېكتىپ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان ئاڭلىقلىق ۋە ساغلام بولغان يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىنتىلىدىغان تىپ شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئەزالار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت زىچ بولۇپ، پسىخىكىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان، مۇستەھكەم بىر مەركەز ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشقان، ساۋاقداشلار ئارا، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارا بىرقەدەر مۇقىم بولغان ھەمكارلىق، دوستانە ياردەم بېرىش ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى تەربىيىلىگۈچىلەر تىرىشىپ يېتىشتۈرىدىغان ئوبيېكت، شۇنداقلا ئۇ باشقا ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ.

### 3. رەسمىي ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ۋە غەيرىي رەسمىي ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى

بۇ ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ تىكلىنىش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىقلارغا ئاساسەن ئايرىلغان. رەسمىي ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى دېگىنىمىز، مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ رەسمىي ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش رەسىم-قائىدىلىرىگە ئاساسەن قۇرۇلغان كوللېكتىپ بولۇپ، بۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ مۇقىم شتاتى، بەلگىلەنگەن ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى، ئېنىق ۋەزىپىسى ۋە بىرلىككە كەلگەن نىشانلىق ئىنتىزامى بولىدۇ. مەسىلەن، سىنىپ، كۇرۇژۇك، ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، پىئونېرلار ئەترەت تەشكىلى، دەرستىن سىرتقى پائالىيەت كۇرۇژۇكى قاتارلىقلار. غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ دېگىنىمىز،

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن شەكىللەندۇرۇۋالغان كوللېكتىپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېنىق بېكىتىلگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. مۇقىم تەشكىلىي شەكلى ۋە نامىمۇ بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ھەرخىل دوستلۇق، ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدىكى توپلار مانا شۇ خىل كوللېكتىپقا تەۋەدۇر.

## 3. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت يەككىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

### 1. ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك رولى ۋە ئىجتىمائىي ھورۇنلۇق رولى

1. ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك رولى ۋە ئىجتىمائىي ھورۇنلۇق رولى ھەققىدە چۈشەنچە

باشقىلار قاراپ تۇرغاندا ياكى نۇرغۇن ئادەملەر بىرلىكتە ئوخشاش پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، شەخسىنىڭ پائالىيەت (خىزمەت، ئۆگىنىش) ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىممەت ياكى سۈپەتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، مانا بۇ ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك رولى (جەمئىيەتنىڭ تۈرتكىلىك رولى) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپ تەنھەرىكەت يىغىنىدا، ئەگەر بەزىلەر كۆرۈپ تۇرسا ياكى ھە-ھۇچىلارنىڭ مەدەت بېرىشى بولسا، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولىدۇ؛ نۇرغۇن ئادەم كىتاب كۆرۈۋاتقان كۇتۇپخانىدا كىتاب كۆرسە، يالغۇز كىتاب كۆرگەندىن ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا قارىمۇقارشى ھادىسىلەرمۇ بار، ئەگەر بىرەرسى قاراپ تۇرسا ياكى باشقىلار بىلەن مەلۇم بىر ئىشنى ئورۇندىغاندا، بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز قىلغاندىكىدەك ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ، يەنى قىممەت ياكى سۈپەت تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ ھادىسە ئىجتىمائىي ھورۇنلۇق رولى دەپ ئاتىلىدۇ. رىنگېلمان (Ringelman) خېلى بۇرۇنلا ئىجتىمائىي ھورۇنلۇق رولىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئۇ سىناق قىلىنغۇچىلارنى تارتىش كۈچىنى ئاپتوماتىك خاتىرىلەيدىغان بىر ئارغامچىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تارتىشقا بۇيرۇغان، سىناق قىلىنغۇچىلار يالغۇز كىشىلىك گۇرۇپپا، ئۈچ كىشىلىك گۇرۇپپا، سەككىز كىشىلىك گۇرۇپپا دەپ ئايرىلغان. نەتىجىدە يالغۇز كىشىلىك گۇرۇپپىدىن ھەر ئادەم تەخمىنەن 63kg كۈچ

چىقارغان، ئۈچ كىشىلىك گۇرۇپپىدىن ھەر ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 53.3kg كۈچ چىقارغان، سەككىز كىشىلىك گۇرۇپپىدىن ھەر ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 31kg كۈچ چىقارغان. مەلۇم بىر ۋەزىپىنى كوللېكتىپ تاماملىغاندا كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئادەم سانى قانچە كۆپ بولغانسېرى، شەخسنىڭ چىقىرىدىغان كۈچى شۇنچە ئاز بولۇشتەك بۇ خىل ھادىسە بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت. رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى «سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كىم سالا؟» ، «تۇخۇم تۇغماس فېزى كۆپ» دېگەندەك ئادەت سۆزلىرى تەسۋىرلىگەن دەل يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي ھۇرۇنلۇق رولىدىن ئىبارەت.

2. ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك رولى ۋە ئىجتىمائىي ھۇرۇنلۇق رولىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان شارائىتلار

بىر كوللېكتىپتا قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك رولى كېلىپ چىقىدۇ، قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىجتىمائىي ھۇرۇنلۇق رولى كېلىپ چىقىدۇ؟ بۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە. ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىنىڭ قارىشىچە، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى شەخسكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك رولىنى پەيدا قىلىشتىكى شەرت مۇنداق: ئۇنىڭ بىرى پائالىيەت ۋەزىپىسىنىڭ قىيىن-ئاسانلىق دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر شەخسنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيىتى ئاددىي مېخانىكا مەشغۇلاتى ياكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەشغۇلاتى بولسا ھەم باشقىلار يېنىدا بولغان بولسا، بۇ ھال شەخسنىڭ پائالىيەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى مۇمكىن. ئەگەر شەخسنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيىتى بىر يۈرۈش مۇرەككەپ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان تەپەككۇر پائالىيىتى بولسا، يېنىدا باشقىلار قاراپ تۇرغان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا شەخسنىڭ پائالىيەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىسى، شەخسنىڭ ئەۋزەل ھەرىكىتىنى ئىپادىلەپ بېرىشى ياكى بېرەلمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر شەخسنىڭ ئىپادىلىگىنى ئەۋزەل ئۈستۈن ھەرىكەت بولسا ھەم باشقىلار ئۇنىڭ يېنىدا بولسا ئاسانلا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئەكسىچە بولسا ئىپادىلەش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، پائالىيەتلىرىمىز رىقابەت ھالىتىدە تۇرغاندا ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. پائالىيەتلىرىمىز باشقىلار تەرىپىدىن

بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى ۋە تەڭدىمەتلىكلەر ، يات جىنسلىقلار تەرىپىدىن باھالانغاندا بولسا، ئىجتىمائىي تۈرتكىلىك رول ئوينىيالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى شەرت بىلەن قارىمۇقارشى بولغاندا، ئوڭايلا ئىجتىمائىي ھورۇنلۇق رولىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، بەزى ياشلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، تەڭدىمەتلىكلەر ، يات جىنسلىقلار ياندا قاراپ تۇرسا، ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرى كالامپايلىشىپ، كەيپىياتى جىددىيلىشىپ كېتىدىكەن. ئىجتىمائىي ھورۇنلۇق رولىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟ بەزى تەتقىقاتلارنىڭ قارىشىچە، شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دەرىجىسىنىڭ كوللېكتىپ تەرىپىدىن پەرقلەندۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەن ۋاقىتتا، كوللېكتىپنىڭ شەخسلەرگە ئۆز تۆھپىسىگە قاراپ ھەق بەرگەن ۋاقتىدا، ۋەزىپىلەر مۇشكۈل بولۇپ شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆپرەك تۆھپە قوشۇش مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي ھورۇنلۇق رولىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولىدىكەن.

## 2. توپقا ئەگىشىش

### 1. توپقا ئەگىشىش ئۇقۇمى

توپقا ئەگىشىش شەخسلەرنىڭ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كوللېكتىپنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، تونۇش ياكى ھەرىكەتتە كوللېكتىپتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشقا مايىل بولۇش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ماگىزىنلارنىڭ ئالدىدىكى «ئۆزۈن ئۆچۈرەت»نى كۆرسە، قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئۆچۈرەت ئاخىرىغا تىزىلىدۇ-دە، ئاندىن «بۇ يەردە نېمە سېتىلىۋېتىپتۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا ياكى ئوقۇتۇش بىناسىدا بىرنەچچە ئوقۇغۇچى باش بولۇپ ۋارقىرىسا، باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا ۋارقىرىشىدۇ. مانا بۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئاممىغا ئەگىشىپ كېتىش ھادىسىسىدۇر.

توپقا ئەگىشىش ھادىسىسى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق بىر كوللېكتىپ توپ ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىدۇ. ئامېرىكا ئىجتىمائىي پسىخولوگى ئاسچ (S. Asch) 1956-يىلى مەشھۇر بىر تەجرىبە ئېلىپ بارغان: ئۇ بىر بۆلەك ستۇدېنتلارنى سىناق قىلىنغۇچىلىققا

تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا سىزىملارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىنى پەرقلەندۈرگۈزگەن. ھەربىر گۇرۇپپا 7 — 9گىچە ئادەمدىن تەشكىللەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم راست سىناق قىلىنغۇچى، باشقىلار ھەممىسى يالغاندىن سىناق قىلىنغۇچى بولغان، يەنى ئاساسىي سىنالغۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە خاتا ھۆكۈم چىقارغان ئاساسىي سىنالغۇچىنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى بولغان. كېسىكلەرنى ئىدراك قىلىش سىنىقى ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، يالغاندىن سىناق قىلىنغۇچىلار پارتىنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرغۇزۇلغان، راست سىنالغۇچى بولسا سەل كەينىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇلغان بولۇپ، كۆپچىلىكنى ئىككى پارچە رەسىمنى كۆرۈشكە بۇيرۇغان. بىرىنچى پارچە رەسىمدە بىر تال سىزىق بولۇپ، يەنە بىر پارچە رەسىمدە بولسا ئۈچ تال كېسىك سىزىق بار ئىدى. ئۇ «سول تەرەپ رەسىم ئىچىدىكى كېسىك سىزىق بىلەن ئوڭ تەرەپ رەسىم ئىچىدىكى قايسى كېسىك سىزىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەڭ؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، ئاۋۋال يالغاندىن سىناق قىلىنغۇچىلارنى سۆزلەتكەن، ئۇلار ئەتەي ھەممىسى كېلىشىۋالغاندەكلا ئوخشاشلا خاتا ھۆكۈم چىقارغان. يەنى ئەتەي ئوڭ تەرەپ رەسىمدىكى 3-كېسىك سىزىقنى سول تەرەپ رەسىم ئىچىدىكى ئۆلچەملىك كېسىك سىزىق بىلەن ئوخشاش دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا راست سىناق قىلىنغۇچى ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرامدۇ ياكى ئۆز قارىشىدىن ۋاز كېچىپ يالغان سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ خاتا ھۆكۈمىگە ئەگىشەمدۇ؟ سىناق ئېلىپ بارغۇچى مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئارقا-ئارقىدىن كۆپ قېتىم تەجرىبە ئېلىپ بارغان ھەم بۇ تەجرىبىنى نۇرغۇن كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاخىر 35% — 37% گىچە بولغان راست سىناق قىلىنغۇچىلار كوللېكتىپنىڭ خاتا ھۆكۈمىگە ئەگىشىپ كەتكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كوللېكتىپنىڭ تەسىرى ۋە بېسىمى ئاستىدا، گەرچە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قارىشى خاتا بولسىمۇ، يەنىلا تەخمىنەن $\frac{1}{3}$ قىسىم ئادەم ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىدىن ۋاز كېچىپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ خاتا ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلغان. سىناق ئېلىپ بارغۇچىلار يەنە تەكرار تەجرىبە جەريانىدا، ئەگەر راست سىناق قىلىنغۇچىنى ئاۋۋال جاۋاب بەرگۈزۈپ، يالغان سىناق قىلىنغۇچىنى كېيىن جاۋاب بەرگۈزگەندە، توپقا ئەگىشىدىغان ئادەم سانىنىڭ ئازىيىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بايقىغان. كوللېكتىپ ئىچىدە

پەقەت بىر ئادەم بولسىمۇ ئوخشىمىغان جاۋابنى بەرسە، توپقا ئەگىشىش ھادىسىسى زور دەرىجىدە ئازىيىدۇ.




ئۆلچەملىك سىزىقچە        سېلىشتۇرما سىزىقچە

8.1-رەسىم. ئاسچىنىڭ ئامىغا ئەگىشىش تەجرىبىسى

ئاسچىنىڭ تەجرىبىسى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى: بىر ئادەمنىڭ بەزى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان باھاسى كوللېكتىپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر شەخسلەر تونۇش ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئامما بىلەن بىردەك بولمىسا، زور بېسىم ھېس قىلىدۇ. ھەتتا ئىختىيارسىز ئۆزىنىمۇ ئىنكار قىلىپ كۆپ سانلىق كىشىلەر بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدۇ.

2. توپقا ئەگىشىپ كېتىشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى

توپقا ئەگىشىپ كېتىش ھەرىكىتىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ناھايىتىمۇ مۇرەككەپ. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى شەخسنىڭ كوللېكتىپنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئامىغا ئەگىشىپ كېتىش ھەرىكىتىنى قوللىنىشى ياكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىشى، ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ: (1) كوللېكتىپنىڭ ئىچكى ئۇيۇشقاقلىق كۈچى دەرىجىسى. ئەگەر سىنىپنىڭ ئىچكى ئۇيۇشقاقلىق كۈچى كۈچلۈك بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەت نىشانى بىردەك بولسا، تونۇشى بىردەك بولسا، ئىتتىپاق، ئىناق بولسا، كىم ئۆلچەمگە رىئايە قىلسا شۇ ياخشى باھاغا ئېرىشسە، شەخسنىڭ كوللېكتىپتىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان كۈچلۈك ھېسسىياتى بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئامىغا ئەگىشىش ھەرىكىتى ئاسانلا پەيدا بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئامىغا ئەگىشىش ھەرىكىتى بىر قەدەر ئاز بولىدۇ. (2) شەخسنىڭ كوللېكتىپتىكى ئورنى. شەخسنىڭ كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى بولسا ئاسانلىقچە ئامىغا ئەگەشمەيدۇ. ئورنى تۆۋەنلەر ئامىغا ئاسانلا ئەگىشىدۇ. ئادەتتە كوللېكتىپقا يېڭى كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئامىغا ئەگىشىپ كېتىش ئىپادىسى بولىدۇ. (3)

شەخسنىڭ ئېھتىياجى ۋە شەخس ئالاھىدىلىكى. شەخسنىڭ كوللېكتىپ بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلاش ئېھتىياجى، باشقىلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئېھتىياجى، ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىياجى، كوللېكتىپنىڭ بېسىمىنى قوبۇل قىلىشنى خالىماسلىق ئېھتىياجى قاتارلىق ئېھتىياجلىرى بولىدۇ ياكى شەخسنىڭ مۇستەقىللىقى كۈچلۈك بولمايدۇ، ئۆزىگە ئىشىنىشى ۋە ئەقىل-پاراستى تۆۋەنرەك بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاممىغا ئاسانلا ئەگىشىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاممىغا ئەگىشىش ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولۇشىدا يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار. مەسىلەن، ئىجتىمائىي كەيپىيات، شەخسىي مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئېلىش، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ پسىخىك كەيپىياتى قاتارلىقلار.

### 3. توپقا ئەگىشىش ھەرىكىتى ۋە تەلىم-تەربىيە

توپقا ئەگىشىش ھەرىكىتى ھەم ئاكتىپ ئەھمىيەتكە، ھەم پاسسىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، كونكرېت ئەھۋاللارغا ئاساسەن كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. توپقا ئەگىشىش ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى يېتەرلىك نەزەرگە ئېلىش، ئاددىي ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىك ياكى ئۇنى ئىنكار قىلماسلىق لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تەلىم-تەربىيە جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1) ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئۆلچىمىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، شەخسنىڭ كوللېكتىپقا ئەگىشىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى، توغرا بولغان كوللېكتىپ ئۆلچەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ.

2) ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى بېسىمىنىڭ ياخشى بولمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا بولغان شەخسىي پىكىرلىرىنى قوللاش ئارقىلىق، ئاممىغا ئەگىشىپ كېتىش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارلىق ئامال-چارىلەرنى قىلىپ، بۇ خىل ياخشى بولمىغان كوللېكتىپ بېسىمىنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

3) شەخسلەرنىڭ پىكرى ئوخشاش بولمىغان ھەم ئاممىغا ئەگەشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، بەلگىلىك دائىرە ۋە ۋاقىت چېكى ئىچىدە شەخسىي پىكرىدە قىلىشقا روخسەت قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىنى ئىجاد قىلىش روھى ۋە مۇستەقىل كۆزقاراشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ قوغداش ۋە ئاسراش لازىم. شۇ

ئارقىلىق ئۇلاردا پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان كەيپىياتنى يارىتىپ، ئاممىغا ئەگىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن شەخسنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كېرەك.

## 3، بويسۇنۇش

### 1. بويسۇنۇش ئۇقۇمى

بويسۇنۇش — تەشكىلنىڭ تەلىپى، كوللېكتىپنىڭ ئۆلچىمى ياكى باشقىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان ئىجتىمائىي پسىخىك ھادىسىدۇر. بويسۇنۇش بىلەن ئاممىغا ئەگىشىشلەرنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپنىڭ بېسىمى ئاستىدا قوللىنىلىدىغان، كوللېكتىپ ئۆلچەم بىلەن ئوخشاش بولغان ھەرىكەتتۇر، لېكىن ئاممىغا ئەگىشىش بولسا ئۆز رازىلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىشلەشتۇر. بويسۇنۇش بولسا تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغان ھالدا باشقىلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشلەشتۇر.

بويسۇنۇش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇۋاتقان پسىخىك ھادىسىدۇر. مەسىلەن، رەھبەرلىككە بويسۇنۇش، ئوقۇتقۇچىغا بويسۇنۇش، ھوقۇق كۈچىگە بويسۇنۇش، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش قاتارلىقلار. بويسۇنۇش ھەرىكىتى كېلىپ چىققاندا، ئۇ كۆڭلىدە توقۇنۇش يۈز بەرگەن-بەرمىگەنلىكىگە قاراپ «ئاغزىدىمۇ، كۆڭلىدىمۇ بويسۇنۇش» ۋە «ئاغزىدا بويسۇنۇپ كۆڭلىدە بويسۇنماسلىق» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. «ئاغزىدىمۇ، كۆڭلىدىمۇ بويسۇنۇش» بولسا ئاڭلىق بويسۇنۇشتۇر؛ «ئاغزىدا بويسۇنۇپ كۆڭلىدە بويسۇنماسلىق» بولسا مەجبۇرىي بويسۇنۇشتۇر. بويسۇنغۇچىنىڭ ئوبيېكتىدىن قارىغاندا، بويسۇنۇش ئادەمگە بويسۇنۇش ۋە ئۆلچەمگە بويسۇنۇش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارغا بويسۇنۇش، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا بويسۇنۇش قاتارلىقلار ئادەمگە بويسۇنۇش بولىدۇ؛ دەرسخانا ئىنتىزامىغا بويسۇنۇش، مەشغۇلىيەت تۈزۈمىگە بويسۇنۇش قاتارلىقلار ئۆلچەمگە بويسۇنۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

### 2. بويسۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى

پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئىسپاتىغا قارىغاندا، ھوقۇق كۈچىگە بويسۇنۇش ھەمىشە تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ:

1) نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ ھوقۇق كۈچى

بۇ خىل ھوقۇق كۈچى ئاساسلىقى، خىسلەت كۈچى، ھەقىقەت كۈچى ۋە ئەمەل، ھوقۇق كۈچى قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېشى، خىزمەت تارىخى، جىسمانىي كۈچى، بەدەن قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارمۇ كىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ، كىشىلەرنىڭ نوپۇزى قانچە يۇقىرى بولسا كىشىلەرنى شۇنچە ئاسان بويسۇندۇرىدۇ.

2) نوپۇزلۇق شەخسلەر بىلەن بويسۇنغۇچىلارنىڭ بوشلۇق مۇناسىۋىتى

تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، «يۈزمۇيۈز» تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر ئاسانلا بويسۇنۇپ قالىدۇ. «كىشى يۈز تۇرانە ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقىدۇ» دېگەننى دەل مۇشۇ خىل ھالەتكە قارىتىلغان. ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا بۇنىڭغا قارىمۇقارشى ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بوشلۇق ئارىلىقى قانچە يىراق بولسا، ئاسانلا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىش كەيپىياتىغا ئوخشاش بويسۇنۇش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ.

3) بويسۇنغۇچىلار بىلەن ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ ئارىلىقى

ھوقۇق كۈچى بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلىپ جازا خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتتا، بويسۇنغۇچىلار بىلەن جازاغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئارىلىقى قانچە يېقىن بولسا، بويسۇنۇش دەرىجىسى شۇنچە ئاجىز بولۇپ قالىدۇ.

4) بويسۇنغۇچىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى

تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلار جازالاش خاراكتېرلىك ھەرىكەتتە ئاسانلا نوپۇزلۇقلارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدۇ: جەمئىيەتنىڭ بېسىمىغا ۋە شەخسلەر ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلار؛ باشقىلارنىڭ ئىچكى ھېسسىيات، كەيپىيات كەچۈرمىشلىرىنى زورلۇق بىلەن چەكلەپ ۋە ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرۇشقا ماھىر بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى مۇۋاپىقمۇ-يوق دەپ ئانچە ئويلىشىپ يۈرمەيدىغانلار؛ ئىدىيىۋى ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي، ھەمىشە شەيئىلەرگە نىسبەتەن مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش خاراكتېرىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە باھا بېرىدىغانلار؛ ھوقۇق مەرتىۋىسىنى تولىمۇ قوغلىشىدىغانلار؛ يۇقىرىغا مۇتلەق بويسۇنۇپ كۆنۈپ قالغانلار ۋەھاكازالار. بۇلاردىن باشقا، بەزى پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئىسپاتلىدىكى، شەخسلەرنىڭ ئەخلاقى سەۋىيىسى بىلەن نوپۇزلۇقلارغا بويسۇنۇش تەتۈر نىسبەتتە بولىدىكەن، يەنى شەخسنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن

ھۆكۈم قىلىش سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولسا، نوپۇزلۇقلارغا بويسۇنۇش ئېھتىماللىقى شۇنچە ئاز بولىدىكەن.

3. بويسۇنۇش ۋە تەلىم-تەربىيە

ئوقۇغۇچىلارنى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان جەمئىيەت خادىملىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، تەربىيىلىگۈچىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ «بويسۇنۇشى» غا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتەپلەر تەلىم-تەربىيىسى جەريانىدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1) بويسۇنۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك «ھەممىدە قوماندانلىققا بويسۇنۇش»، «شەخسلەر تەشكىلگە بويسۇنۇش، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇش، تۆۋەندىكىلەر يۇقىرىغا بويسۇنۇش، پۈتۈن پارتىيە مەركەزگە بويسۇنۇش»، مەيلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئۆگىنىش تۇرمۇشىدا بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قاتناشقاندا بولسۇن ھەممىسىدە زۆرۈر بولغان قائىدىدۇر. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە بويسۇنمىسا، مەكتەپنىڭ بىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارغا تەشكىلگە بويسۇنۇش، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇنۇشتەك تەربىيىلەرنى ئىشلەش ئىنتايىن زۆرۈر.

2) ئاڭلىق بويسۇنۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە قارشى تۇرۇش لازىم

قانۇن-تۈزۈمگە بويسۇنۇش، تەشكىلگە بويسۇنۇش، ھەقىقەتكە بويسۇنۇش ۋە كوللېكتىپنىڭ قارارلىرىغا بويسۇنۇشنى تەكىتلەش لازىمكى، ھەرگىزمۇ شەخسكە بويسۇنۇشنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىمەسلىك لازىم. شەخسلەرگە بويسۇنۇشتا شەخسلەرنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ھەقىقەتچىللىقى قانۇن-نىزاملاردىكى كوللېكتىپ قارار بىلەن بىردەك بولۇش ئاساسىدىن چىقىش قىلىنىپ تەكىتلىنىشى كېرەك. شەخسنىڭ پىكىرىگە «نېمە دېسە خوپ دەپ بويسۇنۇۋېرىدىغان» ھەرقانداق ئەھۋاللارغا قارشى تۇرۇشىمىز، قۇلچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

3) جازالاشنى مۇۋاپىق دەرىجىدە قوللىنىش لازىم

جازالاش — كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئەزالارغا قائىدىگە بويسۇنماسلىقنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرىدۇ، لېكىن جازانى كەلسە-كەلمەس قوللانغاندا

قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى كېلىپ چىقىپ، ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ.

4) ئوقۇغۇچىلاردا ئىجادكارلىق روھىنى يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ ئۆزگىچە يول تۇتۇشىغا جۈرئەت قىلالىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

پائالىيەتنىڭ ئۆزىنى ئىجاد قىلىش بولسا بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى ھەرىكەتتۇر. ئەسلىدە بار بولغان رامكىلارنى بۇزۇش ۋە تەرەققىي قىلىشتۇر، ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇنى ئىجاد قىلدى دېگىلى بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچى ھەر ۋاقىت، ھەممە ئىشتا، ھەممىلا جايدا نېمە دېسە خوپ دەپ تۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىنى ئانالىز قىلىشى، بۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى يامان ئەخلاق-ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈۋېلىشىدىن ھوشيار بولۇشى ھەم ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشىغا ئىلھام بېرىشى لازىم.

## 4. خاسلىقنى يوقىتىپ قويۇش ھادىسىسى

### 1. «خاسلىقنى يوقىتىپ قويۇش» ئۇقۇمى

«خاسلىقنى يوقىتىپ قويۇش» دېگەن بۇ ئاتالغۇ غەرب ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغىنى شەخسلەرنىڭ كوللېكتىپنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىشىدىن مەھرۇم قىلىشنى، يەككىلىك تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولۇشنى، كوللېكتىپ بىلەن بىردەك بولغان بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش» دېگەن بۇ سۆزنى چۈشىنىشتە ھەرگىز باشقا مەنىلەرنى يېشىپ چىقارماسلىق، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش دېگەننى كوللېكتىپنىڭ شەخسلەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى مەھرۇم قىلغانلىقى دەپ چۈشەنمەسلىك كېرەك.

ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ساھەسىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش توغرىسىدا ئۇرغۇنلىغان تەتقىقات تەجرىبىلەر ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر داڭلىق بولغىنى 1970-يىلى ئامېرىكا ئىجتىمائىي پسىخولوگى زىمباردۇ (Zimbardo) ئېلىپ بارغان تەجرىبىدۇر. زىمباردۇ قىز ستۇدېنتلارنى سىناق قىلىنغۇچى قىلىپ سىناق ئېلىپ بارغان. تەجرىبە ۋاقتىدا ئۇ «ھېسسىيات ئىپادىسىنى تەتقىق قىلىش» نامى بىلەن سىناق قىلىنغۇچىلاردىن ناتونۇشلارغا (يەھۇدىيلارغا) زەربە ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان (توك ئۆتكۈزگەن)، زەربە ھۇجۇمىغا

ئۇچرىغۇچىلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زەرەت ئۆتكەن ۋاقىتتىكى ئىپادىسىنى كۆزەتمەكچى بولغان، سىناق قىلىنغۇچىلار تۆت ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، جەمئىي بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى يان ئۆيدىكى بىر ناتونۇش كىشىگە ئېلېكتر زەربىتى ئارقىلىق زەربە بېرىش ئىدى. زەرەت ئارقىلىق زەربە بېرىش ۋاقتى چېكى يوق ئىدى. تەجرىبە جەريانىدا ھەربىر سىناق قىلىنغۇچى ئېكران ئارقىلىق، زەرەت زەربىسىگە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئازابلىق ئىپادىسىنى كۆرۈپ تۇرالايتتى. ئەمەلىيەتتە زەرەت ئارقىلىق ھۇجۇم قىلغاندا ھەرگىز توك ئۆتمەيتتى. ھۇجۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىپادىسىمۇ پەقەت بىر ئويۇندىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇنى سىناق قىلىنغۇچىلار بىلمەيتتى. بۇ سىناقنى ئېلىپ بارغۇچى سىناق قىلىنغۇچىلارنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ناتونۇشلارغا ھۇجۇم قىلدۇرغان. بىر خىل ئەھۋال «ئۆزىنى بىلىپ تۇرغان ئەھۋال»، يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ مەيدىسىگە ئىسىم-فامىلىسى يېزىلغان كارتوچكا ئېسىلغان بولۇپ، تەجرىبىخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلار سالام-سائەت قىلىشقان، سىناق ئېلىپ بارغۇچى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئەدەپ بىلەن چاقىرىپ ئۆتكەن، تەجرىبىخانىدىكى چىراغلار ناھايىتى يورۇق بولۇپ، سىناق قىلىنغۇچىلار بىر-بىرىنى شۇنداق ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان. يەنە بىر خىل ئەھۋال «ئۆزىنى يوقىتىش» ھالىتى بولۇپ، سىناق قىلىنغۇچىلار بىردەك تەجرىبىخانا كىيىمى كىيگەن ھەم ياغلىق بىلەن يۈزىنى يۆركىۋالغان بولۇپ، پەقەت كۆزى ۋە بۇرنىلا ئوچۇق قالغان. ئۇلار ئۆزئارا تونۇشلۇق بېرىشمىگەن، مەيدىسىدە ئىسىم-فامىلىسىنى بىلدۈرىدىغان بىرەر بەلگە، ئالامەتمۇ بولمىغان، باش سىناق ئالغۇچى ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاتىمىغان، يەنە كېلىپ تەجرىبىخانا چىراغلىرى غۇۋا يورۇغان بولۇپ، ئۇلار مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سىناققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تەجرىبە قىلغۇچىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇپ، نىشانغا زەرەت بىلەن زەربە بەرگەن. تەجرىبە نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى، «ئۆزىنى يوقاتقان» ئەھۋال ئاستىدا سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ ھۇجۇمى «ئۆزىنى بىلىپ تۇرغان» ئەھۋال ئاستىدا سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئىككى ھەسسە كۈچلۈك بولغان. كېيىن تەجرىبە قىلغۇچى «ھۇجۇمغا ئۇچرىغۇچى» نىڭ سالاپىتىگە ئۆزگەرتىش

كىرگۈزگەن، يەنى زەرەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ سىناق قىلىنغۇچىلارغا بىر ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى قويۇپ بەرگەن. بۇ ئۇنئالغۇ لېنتىسى سىناق ئېلىپ بارغۇچى بىلەن زەربىگە ئۇچرىماقچى بولغان ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت بولۇپ، نىشانىنىڭ بىرى گەپ-سۆزلىرىدىن قارىغاندا ناھايىتى ئەدەپلىك، سىپايە، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئايال بولۇپ، ئۇ ئەقلىي ئىقتىدارى يېتىلىشى تۆۋەن بولغان ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى ھەم توي قىلماقچى بولغان يىگىتىنىڭ مېدىتسىنا كەسپىنى ئۆگىنىشىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىۋاتقان ئايال ئىدى. يەنە بىر نىشان گەپ-سۆزلىرىدىن قارىغاندا كىشىنى بىزار قىلىدىغان، ھەممە ئىشتا ئۆزىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان ئايال بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلارنى بەك ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. سىناق قىلىش نەتىجىسىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، «ئۆزىنى يوقاتقان ئەھۋال» ئاستىدىكى سىناق قىلىنغۇچىلار بۇ ئىككى ھۇجۇم نىشانىغا ناھايىتى ئۇزۇن زەرەت قويۇپ بەرگەن، لېكىن «ئۆزىنى بىلىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدىكى» سىناق قىلىنغۇچىلار بۇ ئىككى نىشانغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، ئۇلار كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان باشتىكى نىشانغا زەرەت قويۇپ بېرىش ۋاقتى، كىشىنى بىزار قىلىدىغان نىشانغا زەرەت قويۇپ بېرىش ۋاقتىدىن قىسقا بولغان.

بۇ تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، گەرچە قىز ئوقۇغۇچىلار بولسىمۇ، باشقىلار تونۇيالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا باشقىلارغا ھۇجۇم قىلسا، رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇم قىلىشتەك بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ.

بۇ خىل «ئۆزىنى يوقىتىپ» قويۇش ھادىسىسى رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئاز ئەمەس. مەسىلەن، بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى تېپىپ چىقىش ناھايىتى تەس بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىنالىرىدا قالايمىقان يۇندا تۆكىدىغان، كەلسە-كەلمەس ئەخلەت تاشلايدىغان، قالايمىقان ۋارقىراپ غۇۋۇغا كۆتۈرىدىغان، گۇرۇھۋازلىق قىلىپ جېدەل-ماجىرا چىقىرىدىغان ئەھۋاللار روشەن كۆپىيىپ كېتىدۇ.

2. «خاسلىقنى يوقىتىپ قويۇش» ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى

كوللېكتىپ ئىچىدە «خاسلىقنى يوقىتىپ قويۇش» ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئادەتتە ئۈچ خىل سەۋەب بولىدۇ:

1) نامسز ئامىل

نامىنى يوشۇرۇش — خاسلىقنى يوقىتىپ قويۇش ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسىي ئامىل. نامىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپت-بەشىرىسىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قارشى ھەرىكەتلىرىنى باشقىلار ئاسانلىقچە بايقىۋالالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ شەخسنىڭ نىيىتى قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلىش ئارزۇسى باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىدە خاسلىقنى يوقىتىپ قويۇش ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىيالايدىغان بولۇش، ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ ئىزنىكىنى تاقىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، نامسىز ئامىللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئازايتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەردۇر.

2) مەسئۇلىيەتنىڭ تارقاقلىشىپ كېتىش ئامىلى

ئوقۇغۇچى يالغۇز ئۆزى ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەخلاق ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن ئويلاپ بېقىپ تەلەيدۇ-دە، ئىمكانقەدەر ئۆزىنىڭ ئەيىبلەشكە ئۇچرىشى ياكى قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ كېتىشىدىن ساقلىنىدۇ. كوللېكتىپ ھەرىكەت جەريانىدا، جەمئىيەتكە قارشى ھەرىكەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەمىشە كوللېكتىپقا يۈكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، شەخسلەر مەسئۇلىيەتنى ئىنتىرنۇپ تەلەيدۇ ھەم شەخسمۇ «قانۇن كوللېكتىپنى جازالىمايدۇ» غانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شەخسلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى تارقاقلىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل مەسئۇلىيەتنىڭ تارقاقلىشىپ، كېتىشىگە نامسىز ئامىل ھالىتى قوشۇلسا، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى چۈشىنىپ بولالمىغان بەزى ياش-ئۆسمۈرلەر بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى بەزى خاتا ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، مەكتەپلەر تەلىم-تەربىيىسى جەريانىدا بۇ خىل مەسئۇلىيەتنىڭ تارقاقلىشىپ كېتىش ھالىتىگە دىققەت قىلىشى، يامان ئادەملەرنىڭ بىر بۆلەك ئوقۇغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇشى كېرەك.

3) ئۆزلۈك ئېڭى ئامىلى

تاشقى ئامىل ئۆزگىرىشىنىڭ شەرتى، ئىچكى ئامىل ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. كوللېكتىپ شارائىتىدا، نامسىز ئامىل ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ

تارقاقلىشىپ كېتىش ئامىلى ئۆزىنى ئۇنتۇش ھەرىكىتى ۋە جەمئىيەتكە قارشى ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن، ئۇلار ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. شەخسنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇش سەۋىيىسى يۇقىرى، ئۆزىنىڭ رولىنى ئېنىق تونۇيالايدىغان ۋاقىتتا، شەخسنىڭ ئۆزىگە، باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتىنى تونۇيالىغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ كوللېكتىپتا پەيدا قىلغان ئىشلىرىنى ساقلاپ قالالىغانلىقى تۈپەيلى باھا بېرىش ھېسسىياتىدىن مەھرۇم بولمىغان ۋاقىتتا، ئۆز-ئۆزىنى توغرا نىشانغا يۆنىلالايدۇ، توغرا بولغان ھەرىكەت ئۇسۇلىنى تاللىيالايدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم.

## 4. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت يەككىنىڭ پسىخىكىسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

### 1. شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى دېگىنىمىز — شەخسنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ئىجتىمائىي تەجرىبىلەر، يەنى ئۆگىنىش بىلىملىرى، ئىقتىدار ماھارىتى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى ئىگىلەش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي خادىم بولۇپ چىقىشى ھەم ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى قاتارلىق جەريانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەريان ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر جەريان بولۇپ، ئۇ تەبىئىي بىر ئادەمنى ئىجتىمائىيلاشقان بىر ئادەمگە ئۆزگەرتىش جەريانىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئاڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئۆلچەمنى ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم بىلىم ماھارىتىنى ئۆگىنىش، يەنە ئىجتىمائىي پېرسوناژلارنى تونۇش ۋە ئىجتىمائىي پوزىتسىيىلەرنى شەكىللەندۈرۈش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم ئۈچ شەرتنى ھازىرلاش كېرەك، يەنى ئىجتىمائىي شەرت، فىزىئولوگىيىلىك شەرت ۋە شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى باردى-كەلدى شەرتىدىن ئىبارەت

ئۈچ شەرتنى هازىرلاش كېرەك. شۇنداقلا، بۇ يەنە ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر تەرەپتىن، شەخسلەر ئىجتىمائىي مۇھىتقا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سىستېمىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىجتىمائىي تەجرىبىلەرنى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شەخسلەرنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتى، ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئاكتىپ قاتنىشىشى سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سىستېمىسىغا نىسبەتەن ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى مەكتەپ تۈرمۇشىدىكى «ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتى» بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى شەخسكە تەسىر قىلىشى ۋە شۇ شەخسنىڭ جەمئىيەتكە كىرىشىدىكى مۇھىم يولىدۇر. شەخسلەر دەل مۇشۇ «ئوقۇغۇچىلار جامئىيىتى» دە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ئۆزئارا تەسىر رولى ۋە باشقىلار بىلەن كۆپلەپ ئارىلىشىش جەريانىدا، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ياخشى تەسىرىنى ئېلىپ، ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئۆلچىمىنى ئىگىلەپ، جەمئىيەتكە كېرەكلىك بولغان ئىجتىمائىي پوزىتسىيە، ئەخلاق كۆزقارىشى، ھەرىكەت ئادەتلىرىنى يېتىلدۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

غەرب پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ قارىشىچە، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىدىكى تەسىرى كونكرېتنى تۆۋەندىكىلەردە ئىپادىلىنىدۇ: ئۆسمۈرلەرنىڭ قىممەت قارىشى، پوزىتسىيىسى، ئىقتىدارى ۋە دۇنيانى تونۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۆسمۈرلەرنىڭ كەلگۈسى پسىخىكىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياشلىق دەۋردە مەسىلە ھەرىكىتى (زەھەر چېكىشىدە) پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۆسمۈرلەرنى ھۇجۇم قىلىشتا ئالدىراقسانلىق قىلىشنى تىزگىنلەش ھالقىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛ جىنس جەھەتتىكى ئايرىمىلىقنىڭ ئوخشاش تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۆسمۈرلەرنىڭ باشقىلارنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۆسمۈرلەرنىڭ تەلىم-تەربىيە غايىسى ۋە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 2. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى شەخسىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم

كىشىلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجى قانائەتلەندۇرۇلمىسە ئازابلىنىدۇ (مەسىلەن، تاماق يېمىسە قورساق ئېچىپ قالىدىغانغا ئوخشاش)، ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياجى قانائەتلەندۇرۇلمىسە ئازابلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ شەخسكە كۆرسەتكەن پىسخىك جەھەتتىكى تەسىرى ئاساسلىقى شەخسىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. شەخسلەر كوللېكتىپى ئىچىدە ساۋاقداشلار ئارا ئۆزئارا باردى-كەلدى قىلىشىپ، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ئۆزئارا ياردەمدە بولۇپ، ئۆزئارا دوستلۇق ئىزهار قىلىشىپ ئۆتسە تەنهالىقتىن، جىمغۇرلۇقتىن، قورقۇمسىراشتىن ساقلىنىپ، پىسخىكا جەھەتتىن خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا تېگىشلىك ئېھتىياجىدىن قانائەتلىنىدۇ. بولۇپمۇ سىنىپ كوللېكتىپى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ شەرەپ قۇچۇپ تەقدىرلەنگەندە، ئوقۇغۇچىلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئۆزىنىڭ شۇ كوللېكتىپقا تەۋەلىك هېسسىياتىنى كۈچەيتىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مۇشۇ كوللېكتىپنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ئىچىدە ساۋاقداشلىرىنىڭ هۆرمىتى ۋە كۆيۈنۈشىگە مۇيەسسەر بولالىسا، نەتىجىسى بولسا باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە مەدھىيىلىشىگە ئېرىشەلىسە، غەم-ئەندىشە ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بولسا، ساۋاقداشلىرى بىلەن دەرد ئېيتىشىپ، باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى، هېسداشلىق قىلىشى ۋە تەسەللىسىگە ئېرىشەلىسە، شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىشتىن ئىبارەت ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. كوللېكتىپ پائالىيەت جەريانىدا، شەخسلەر بەلگىلىك رولىدا تۇرالىسا، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى هېس قىلالىسا، ئۆز ئورنىنى تاپالايدۇ. شەخسلەر كوللېكتىپ قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە كوللېكتىپنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولغان هەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا، كوللېكتىپ شەخسلەرنى قوللىسا، ئۇلارغا ئىلهام بەرسە، شەخسلەر هەرىكىتىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ شەخسىنىڭ كۈچ تۇيغۇسى ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ. ئۇندىن باشقا كوللېكتىپنىڭ شەخسكە بولغان تونۇشى تەسىرىدە، شەخسلەر كىتابتا بولمىغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ،

ئۆزىنىڭ تونۇش قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، كوللېكتىپقا نىسبەتەن ئورتاق تونۇش ھېسسىياتىدا بولالايدۇ.

## § 2 . ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئىچىدىكى كوللېكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەسىلىسى

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلغاندا، شەخسنىڭ كوللېكتىپ ئىچىدىكى پسىخىك پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغاندىن باشقا، يەنە كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىش لازىم. مانا بۇ كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ.

### 1. كوللېكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ نەزەرىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسى كوللېكتىپنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىشتا قانۇنىيەت ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل نەزەرىيىدۇر. كوللېكتىپ ھەرىكەت — كوللېكتىپ ئىچىدە، شەخس ھەرىكىتىنى كوللېكتىپنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە پەيدا بولغان ۋە تەشكىللىنىپ ۋۇجۇدقا چىققان ھەرىكەتتۇر. كوللېكتىپ ھەرىكەت بىلەن شەخسىي ھەرىكەت زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، كوللېكتىپ شەخستىن ئايرىلالمايدۇ، كوللېكتىپ ھەرىكەتمۇ شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. لېكىن، كوللېكتىپ ھەرىكەت بىلەن شەخسىي ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەر ساقلانغان بولىدۇ، شەخسىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى شەخس بولىدۇ، كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى كوللېكتىپ بولىدۇ، كوللېكتىپ ھەرىكەت كوللېكتىپ ئىچىدىكى شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرسەتمەيدۇ ھەم ئۇ شەخسىي ھەرىكەتنىڭ ئاددىيلا ھالدا ئۆزئارا قوشۇلۇشىمۇ ئەمەس، ئۇ كوللېكتىپتىن ئىبارەت بۇ بىر ھەرىكەت ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بارغان

پائالىيىتىدۇر. مەسىلەن، بىز مەكتەپ تەنھەرىكەت يىغىنىدا ھەمىشە ئەمەتنىڭ سىنىپىنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈكرەك، سەمەتنىڭ سىنىپى ئاجىزراق دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىمىز، بىزنىڭ ئەمەتنىڭ سىنىپى ياكى سەمەتنىڭ سىنىپى دېگەنلىرىمىز شەخسنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئاشۇ ئەمەت ياكى سەمەتلەر تۈرۈشلۇق سىنىپ كوللېكتىپىغا قارىتىلغان بولىدۇ.

كوللېكتىپ ھەرىكەت قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ئۇنىڭ قانداق ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بار؟ ياكى بولمىسا كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نېمە؟ قانداق قىلىپ كوللېكتىپتا ئاكتىپ ۋە مۇۋاپىق بولغان ھەرىكەت پەيدا قىلغىلى بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ ھەرىكەت ئۈنۈمىنى قانداق قىلىپ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؟ مانا بۇلار كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسى تەتقىق قىلماقچى بولغان ئاساسلىق مەسىلىلەردۇر.

كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسىنى ئەڭ دەسلەپ فرانسىيە پسىخولوگى لېۋىن (K. Lewin) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ فىزىكا ئىلمىدىكى «كۈچ مەيدانى» نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ كوللېكتىپ ھەرىكەت پەيدا قىلىدىغان مېخانىكىسىنى، كوللېكتىپ ئىچىدىكى شەخسلەر ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە كوللېكتىپ ئىچىدىكى شەخسلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى كوللېكتىپ ھەرىكەتكە ئەڭ بەك تەسىر قىلغۇچىدۇر. بۇ فىزىكا ئىلمىدىكى «كۈچ مەيدانى» ھادىسىسى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىنىڭ قارىشىچە بۇ خىل «كۈچ مەيدانى»غا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھادىسە كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن ئىبارەت. ئۇ، بۇ نەزەرىيىنى «كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسى» دەپ ئاتىغان.

لېۋىننىڭ «كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسى» كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىگە بولغان دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، پسىخولوگىيە ئالىملىرى ۋە باشقۇرۇش ئىلمى ئالىملىرىنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەن. كوللېكتىپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى زادى قانداق كېلىپ چىقىدۇ؟ ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە بولغاندا، كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئاساسلىقى سىرتتىن كېلىدۇ، خىزمەتنىڭ ئۆلچەملىشىشىدىن، تەرتىپلىشىشىدىن ۋە قاتتىق سىناپ تەكشۈرۈشلەردىن كېلىدۇ. كوللېكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسىنىڭ قارىشىچە، كوللېكتىپ

ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى كوللېكتىپنىڭ ئۆز ئىچىدىن كېلىدۇ، كوللېكتىپ بىلەن كوللېكتىپ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا كۆرسىتىش كوللېكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ مەنبەيىدۇر.

لېۋىندىن كېيىن، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان پسىخولوگىيە ئالىملىرى ۋە باشقۇرۇش ئىلمى ئالىملىرى كوللېكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسى توغرىسىدا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ھەم ئۇنىڭغا ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن، ئومۇمەن، كوللېكتىپ ھەرىكەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىك بولىدۇ، يەنى تاشقى ئامىلمۇ بولىدۇ، كوللېكتىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئامىللارمۇ بولىدۇ دەپ قارالغان.

تاشقى ئامىل تەشكىلىي مۇھىت ۋە كوللېكتىپ مۇھىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەشكىلىي ئامىل دېگىنىمىز — تەشكىلنىڭ كوللېكتىپقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى كوللېكتىپنىڭ تىكلىنىشىنى تەشكىل بەلگىلەيدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسى ۋە قۇرۇلمىسىنىمۇ تەشكىل بەلگىلەيدۇ؛ تەشكىل كوللېكتىپنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى بېكىتىپ بېرىدۇ؛ تەشكىل كوللېكتىپنى پائالىيەت ۋە نىشان ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛ تەشكىل كوللېكتىپ ئۈستىدىن نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. يۇقىرىقى ئامىللار كوللېكتىپ ھەرىكەتكە روشەن تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپ نۇقتىلىق مەكتەپ دەپ ئايرىلغانمۇ-يوق، مەكتەپ ئىچىدە بولسا ئىقتىدارغا قاراپ تېز سىنىپ، ئاستا سىنىپ دەپ ئايرىلغانمۇ ياكى ياش قۇرۇلمىسىغا قاراپ سىنىپقا تەقسىملەنگەنمۇ، سىنىپ ئاتلاش كۆرسەتكۈچى بېكىتىلگەنمۇ-يوق، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى شارائىتى، ئوقۇتقۇچى شارائىتى قاتارلىقلار بېكىتىلگەنمۇ-يوق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى، شەك-شۈبھىسىزكى، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. كوللېكتىپ مۇھىت دېگىنىمىز — كوللېكتىپ ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كونكرېت خىزمەت ھالقىلىرىنىڭ ئەھۋالى، كوللېكتىپ ئارىسىدىكى بەسلىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپنىڭ پاراللېل سىنىپلار ئارىسىدا قانات يايدۇرغان مۇسابىقىلىرى، سېلىشتۇرۇپ باھالىشى ياكى ئۆزئارا مەدەت بېرىشى قاتارلىقلار.

كوللېكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نەزەرىيىسىنىڭ قارىشىچە، كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى كوللېكتىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدۇ. دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنىڭ كوللېكتىپنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئىچكى ئامىل ئىكەنلىكى بايقالدى: كوللېكتىپنىڭ نىشانى ۋە كوللېكتىپ ئاڭ؛ كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ ماھارىتى ۋە ئىقتىدارى؛ كوللېكتىپ ئۆلچەم ۋە كوللېكتىپ بېسىمى؛ كوللېكتىپقا رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە دېموكراتىك قاتنىشىش؛ كوللېكتىپنىڭ پسىخىك كەيپىياتى قاتارلىقلار. تۆۋەندە مەكتەپ خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى مەسىلىنى تاللاپ مۇنازىرە ئېلىپ بارىمىز.

## 2. كوللېكتىپنىڭ پسىخىك كەيپىياتى

### 1. كوللېكتىپنىڭ پسىخىك كەيپىياتى ئۇقۇمى

كوللېكتىپنىڭ پسىخىك كەيپىياتى — كوللېكتىپ ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بەزى پوزىتسىيىلەر بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىرلەشمە ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە بىز ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى (تۈپى) ئىچىدىكى سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ پسىخىك كەيپىياتى توغرىسىدا مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز. مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پسىخىك كەيپىياتىنى تۆۋەندىكىدەك تىپىك ئۈچ خىل تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. ئاكتىپ ھەم خۇشال تۈردىكىلەر

بۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئىناق بولىدۇ. دېموكراتىيە ۋە باراۋەرلىك بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۆز پىكىرلىرىنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولىدۇ، ئۆگىنىشكە ئىشتىياقى قويۇق بولىدۇ، تەپەككۇرى جانلىق بولىدۇ، ئىدىيە پائال ئالغا باسقان بولىدۇ. دەرسخانىدا بولسا ئوقۇتقۇچى زوقلىنىپ سۆزلىسە، ئوقۇغۇچىلار بېرىلىپ ئاڭلايدىغان، ئوقۇتقۇچى سوئال سوراپ بولغۇچە ئوقۇغۇچىلار بەس-بەستە قول كۆتۈرۈپ جاۋاب بېرىدىغان،

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماسلىشىشى كېلىشىمگە ئىگە بولغان بولىدۇ. دەرسخانا كەيپىياتى ئاكتىپ ۋە تەرتىپلىك بولۇپ، جۇشقۇن ۋە تەمكىن، جانلىق ھەم كەسكىن بولغان بولىدۇ.

2. پاسسىپ ھەم بۇرۇختۇم تۈردىكىلەر

بۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت سۇس بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار پاسسىپ ھالەتتە بويسۇنىدۇ، كەيپىيات ناھايىتى بۇرۇختۇرما ھالەتتە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولمايدۇ، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆلۈك بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھېس قىلغان نەرسىلەر بولسا، كىشىنى خۇشاللاندۇرالمايدىغان ۋە قانائەتلەندۇرەلمەيدىغان، تەنبىھكە ئۇچرايدىغان، زېرىكىشلىك ئۆتىدىغان روھىي كەيپىياتتىن ئىبارەت بولىدۇ. دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەپ ئاغزىغا ماغزاپلار يىغىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئوقۇغۇچىلار كارى يوق مۈگدەپ ئولتۇرىدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ پوزىتسىيىسى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار قورۇنۇش ھېس قىلىپ، ئۆزىدە سىنىپتا بولغان بىلەن خىيال كەپتىرى ئاللاقاياقلارغا پەرۋاز قىلىدىغان، ئىنكاسى ئاستا بولغان بولىدۇ.

3. جىددىيلىك ھەم قارىمۇقارشىلىق تۈرىدىكىلەر

بۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتى يامانلاشقان، ئوقۇغۇچىلار ھەمىشە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قارىمۇقارشى مۇقامغا توۋلاپ چىقىدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا دوستانە ئۆتمەيدىغان، دۈشمەنلىشىۋاتقان كىچىك شايكىلار ئۇزلۇكسىز چاتاق تېرىۋاتقان، كەيپىيات جىددىي ھەم قارىمۇقارشى ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى قانچە كۆچەپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار يەنىلا قالايمىقان پاراڭ سېلىۋاتقان بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى تەرلەپ پىشىپ ئۆگىتىۋاتسا، ئوقۇغۇچىلار پۇت-قوللىرىنى ئۇسۇلغا تەڭكەش قىلىپ ناينىقشىپ يۈرگەن بولىدۇ، ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن بەنت بولۇپ، ئۆز-ئۆزىدىن خۇشاللىنىپ يۈرۈشكەن بولىدۇ. دەرسخانا ئىنتىزامى ئۆز كونتروللۇقىنى يوقاتقان ھالەتتە بولىدۇ.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئاكتىپ ھەم خۇشال پىسخىك كەيپىيات ئوقۇغۇچىلارنى روھىي جەھەتتىن خۇشال قىلىپ، ئۇلارنى پائال ئالغا

ئىلگىرىلىتىپ، ئۇلاردا ئاكتىپلىق بىلەن «ئامىغا ئەگىشىش» خاھىشىنى ۋە «ئىجتىمائىي تورتكىلىك رولى» نى ئاسانلا پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىق روھى ۋە ئىقتىدارىغا پايدىلىق تەرەپلەردىن يېتەكلەشكە پايدىلىق. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى تىرىشىپ بىر ياخشى پسىخىك كەيپىيات يارىتىشى لازىم.

## 2. سىنىپنىڭ پسىخىك كەيپىياتىنى چەكلەيدىغان ئامىللار

ئوقۇغۇچىلار سىنىپ كوللېكتىپى پسىخىكىسىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ئامىلنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ:

1. سىنىپ مۇدىرى بىلەن شۇ سىنىپقا دەرس ئۆتكۈچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى

سىنىپ مۇدىرى بولسۇن ياكى دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولسۇن ئۇلارنىڭ ئىستىلى دېموكراتىك بولسا، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيسە، ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش قاراپ ئۇلارغا كۆيۈنسە، ئوقۇتۇش سەنئىتى يۇقىرى بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ پىكىر قاتناشتۇرۇش پۇرسىتى كۆپ بولسا، ئاسانلا ئىناق، خۇشال، ئاكتىپ بولغان پسىخىك كەيپىيات شەكىللىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئاسانلا بۇرۇختۇرملۇق، زېرىكىشلىك، ھەتتا قارشىلىق كۆرسىتىش پسىخىك كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ قارىشىچە، ئوخشىمىغان سىنىپلاردا ئوخشىمىغان پسىخىك كەيپىيات ۋە ئادەت بولۇپلا قالماستىن، بىر سىنىپ ئىچىدىمۇ ئوخشىمىغان ئوقۇتقۇچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىمىغان «كەيپىيات رايونى» پەيدا بولىدۇ. ئوقۇتۇش جەريانىدا بىز ھەمىشە، ئوخشاش بىر سىنىپقىمۇ ئوخشىمىغان ئوقۇتقۇچىلار دەرسكە كىرگەنلىكى ئۈچۈن دەرسخانا كەيپىياتىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بەزى ئوقۇتقۇچىلار دەرسكە كىرسە، ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئورنىدا تىنچ ئولتۇرمايدۇ، قالايمىقان قىلىپ ئۇياق-بۇياققا ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر ئوقۇتقۇچى دەرسكە كىرسە، ئەكسىچە دەرسخانا كەيپىياتى شۇنداق قىزغىن، دەرسخانا كەيپىياتىمۇ باشقىدىن جانلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ياخشى ئوقۇتۇش پسىخىك

كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

2. سىنىپ مۇدىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «ھېسسىيات جەھەتتە ماسلىشىشى»

سىنىپ مۇدىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «كەيپىيات جەھەتتىن ماسلىشىشى» يۇقىرى بولسا، ئۇلار ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە روھىي ھالىتىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولسا، ھەم ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلىشقا ماھىر بولسا، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پسىخىك كەيپىياتىنى پەيدا قىلالايدۇ ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. نۇرغۇنلىغان ئۆلگىلىك سىنىپ مۇدىرلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولسا، ئۆزى قىزغىن، يۇمۇرىستىك بولسا، ئوقۇغۇچىلارغا يېقىن مۇناسىۋەتتە مۇئامىلە قىلسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ياخشى بولغان كوللېكتىپ پسىخىك كەيپىيات يارىتالايدۇ، ئوقۇغۇچىلارنى خۇشال پسىخىك كەيپىياتتا بىلىم ئىگىلەش ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولالايدۇ.

3. پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانى ۋە ئورۇندىماقچى بولغان ۋەزىپىلىرىگە قارىتا تونۇشى ئوخشاشمۇ-يوق؟

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئىسىل پسىخىك كەيپىياتى پائال يۇقىرى ئۆرلەشتەك تەلىم-تەربىيە پائالىيىتى جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتلەر مەزمۇن جەھەتتە ساغلام ھالدا يۇقىرى ئۆرلەش، شەكىل جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولغان بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇشى، ئومۇمەن ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرىدىغان پائالىيەتلەر بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭغا ئۆزلۈكىدىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر جەريانىدا ئىسىل پسىخىك كەيپىيات پەيتكە قاراپ يېتىلىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مەدەنىي تەلىم-تەربىيە يۇرۇشلەشكەن پائالىيەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەپ، ۋاقىت بەلگىلەپ سەنئەت بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، «بىز ۋەتەننىڭ بۈيۈك ئائىلىسىدە» دېگەندەك كەچكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى، تەنھەرىكەت يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇردۇ، تاغقا چىقىش، يىراق ئۇيۇقنى كۆرۈش، ئايدىن ھۇزۇرلىنىش، يىراققا مېڭىش،

ئېكسكۇرسىيە قىلىش، زىيارەت قىلىش ۋە مۇۋاپىق ئۆگىنىش زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللەپ تۇرىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەر ئۇچۇن ئوقۇغۇچىلار ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ-دە، ئېسىل پسىخىك كەيپىيات «ئۇن-تىۋىشسىز تەسىر كۆرسىتىش» تەك تەربىيىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

4. سىنىپتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا، سىنىپ مۇدىرى بىلەن دەرس ئوقۇتقۇچىسى گەرچە بۇ كوللېكتىپنىڭ ئەزاسى بولمىسىمۇ، لېكىن، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى سىنىپنىڭ پسىخىك كەيپىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىمۇ-ئەمەسمۇ، ئوقۇغۇچىلار سىنىپ كادىرلىرىغا چىن كۆڭلىدىن قايىلمۇ-ئەمەسمۇ، دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پسىخىك كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 3. كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى

### 1. كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئۇقۇمى

كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى — كوللېكتىپنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا جەلپ قىلىش كۈچى، ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۆزئارا ئىتتىپاق ئۆتۈش دەرىجىسى ۋە كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى، شان-شەرەپ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، پارالېللار ياكى باشقا سىنىپلار بىلەن ئېلىپ بارغان رىقابەتتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. يۇكسەك دەرىجىدە ئۇيۇشقاقلىققا ئىگە بولغان سىنىپلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بولغان بولىدۇ:

1. ئىشى خەيرلىك ۋە خۇشال بولۇۋاتقان كوللېكتىپ پسىخىكا كەيپىياتىغا ئىگە بولغان بولۇش. ساۋاقداشلار ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش كۆپ بولغان بولۇش، ساۋاقداشلار ئارا مۇناسىۋەت ئىناق بولغان بولۇش.

2. بىرلىككە كەلگەن مۇستەھكەم كوللېكتىپ ئىرادە بولغان بولۇش.

سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان جەلپ قىلىش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى بولغان بولۇش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان، ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئورۇندىيالايدىغان بولۇش.

3. ئىتتىپاقلىشىش ئالغا ئىلگىرىلەشتەك كوللېكتىپ جامائەت پىكرىگە ۋە كوللېكتىپ ھېسسىياتقا ئىگە بولغان بولۇش. ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان، سىنىپ كوللېكتىپىغا نىسبەتەن يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، شەرەپ ۋە ئار-نومۇس تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، ئۆزۈمچىلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان بولۇش، بەس-بەس بىلەن كوللېكتىپنىڭ ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ۋە شان-شەرىپىنى ئاڭلىق قوغدايدىغان بولۇش.

## 2. سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي ئامىللار

1. كوللېكتىپ نىشانىنىڭ توغرىلىقى

تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولغان، كوللېكتىپ نىشانىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇشنىڭ ئۆزى كۈچلۈك بولغان ئۇيۇشۇش رولىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، بەزىلەر كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچى كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا جەلپ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ نىشانىنى زىممىسىگە ئېلىشى دەپ تەبىر بەرگەن.

2. سىنىپنىڭ سىرتىدىن كېلىدىغان بېسىم

ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تەتقىقاتى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، مەلۇم بىر كوللېكتىپ سىرتقى كوللېكتىپنىڭ تاجاۋۇزىغا، ھۇجۇمىغا، رىقابىتىگە، پوپوزا قىلىشىغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئەزالار زىچ ئىتتىپاقلاشقاندىلا ئاندىن سىرتتىن كەلگەن بېسىمغا تاقابىل تۇرالايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، سىرتقى بېسىم كوللېكتىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالىدۇ. مەكتەپ تەلىم-تەربىيە خىزمىتى جەريانىدا، سىنىپلار بىلەن سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بېسىمى، مەسىلەن، ئۆگىنىشتە بەسلىشىش، تەنتەربىيەدە

مۇسابىقىلىشىش، ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش قاتارلىق رىقابەت بېسىملىرى، تۇرمۇش تۇرغۇزۇشتا يېتەكچى بولسا، «سىرتىنىڭ بېسىمىغا بىرلىكتە قارشى» تۇرۇشتەك ئىتتىپاقلىشىش روھى، ئۆزىنىڭ كوللېكتىپقا تەۋەلىك تۇيغۇسى. شان-شەرەپ ۋە ئار-نومۇس تۇيغۇسى قاتارلىقلار رىقابەت ھالقىلىرى جەريانىدا پەيدا بولۇپ، سىنىپنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم ئامىل بولالايدۇ.

3. كوللېكتىپتىكى ئەزالار پسىخىكىسىنىڭ قانائەت تېپىش دەرىجىسى

ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىنىڭ قارىشىچە، كوللېكتىپتىكى ئەزالارنىڭ ھەممىسىدە شەخستە بولىدىغان ئېھتىياجلار بولىدۇ، بۇ ئېھتىياجلار ئاساسەن كوللېكتىپ ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەزالارنىڭ ئېھتىياجى قانچىكى قاندۇرۇلسا، كوللېكتىپتا پەيدا بولىدىغان ئۇيۇشقاقلىق كۈچى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر كوللېكتىپ ئىچىدە ياشايدۇ. بىر تەرەپ، كوللېكتىپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىنى، ھۆرمەتلىنىشىنى ۋە ياردەمگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، كوللېكتىپ ئىچىدە «بىر كىشىلىك ئورنىنىڭ بولۇشىنى» ئۈمىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان بۇ كوللېكتىپنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى، نەتىجىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشاشلا مۇشۇنداق پسىخىك ئېھتىياجلار بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش ئېھتىياجى، تەۋەلىك ئېھتىياجى ۋە بىلىم ئېلىش ئارزۇسى قاتارلىق ئاساسلىق پسىخىك ئېھتىياجلىرى سىنىپ ئىچىدە قانائەتكە ئىگە بولالىسا، سىنىپنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئوزۇقلىنىپ، ياخشى ئارام ئالغۇزۇشى، كۆڭلىنى خۇشچاقچاق ئۆتكۈزۈشى، كۈنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشى كېرەك. خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پسىخولوگى سۇخوملىنىسكىي ئوتتۇرىغا قويغاندەك «ھەربىر ئوقۇغۇچىنى بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ ماڭغۇزۇش كېرەك». شۇنداق قىلغاندا، مەكتەپ ۋە سىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «شادلىق بېغى»غا ئايلىنىپ ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئۇيۇشقاقلىق كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

4. كوللېكتىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇكاپاتلاش ئۇسۇلى

باشقۇرۇش ئىلمى پسىخولوگىيىسىنىڭ تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، كوللېكتىپنى مۇكاپاتلاش بىلەن شەخسنى مۇكاپاتلاش ئوخشىمىغان روللارغا ئىگە. كوللېكتىپ مۇكاپاتلاش ئۇسۇلى بەلكىم كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى كۈچەيتىشى مۇمكىن. مەملىكىتىمىزنىڭ تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كوللېكتىپنى مۇكاپاتلاش بىلەن شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلسە، بۇ كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ.

5. كوللېكتىپ ئىچىدىكى توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش ئەھۋالى

بىر كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى، كوللېكتىپ ئىچىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ ھەل قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كوللېكتىپ ئىچىدە ھېچقانداق توقۇنۇش ۋە زىددىيەتلەرنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، بىر ئۇيۇشقاقلىق كۈچى كۈچلۈك بولغان كوللېكتىپنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇشنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى ۋاقتىدا توغرا ھەل قىلغانلىقىدىن بولىدۇ. سىنىپ كوللېكتىپىدە، ئوقۇغۇچىلار توپى ئارىسىدا روشەن بۆلۈنۈش پەيدا بولغاندا، ئوخشاش بولمىغان «كىچىك كوللېكتىپ» لار ئارىسىدا، مۇناسىۋەت جىددىيلىشىپ، سىنىپ كادىرلىرى، ئىتتىپاق كادىرلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدا «ھەممىدە» زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەن ياكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىققاندا، چوقۇم سەگەكلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ، بولۇپمۇ بۇ خىل توقۇنۇش دەرسخانىدا كۆرۈلگەندە، تەربىيىلىگۈچى بۇنىڭغا سەۋرچانلىق، سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئامال-چارىلەرنى تېپىپ ياراشتۇرۇشى، ئىمكانىقەدەر «سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشى لازىم. ئۇندىن باشقا، سىنىپ مۇدىرى ۋە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىدىيىسى، رەھبەرلىك ئۇسۇلى، تەربىيىلەش سەنئىتى ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ خىسلىتى قاتارلىقلار سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. پسىخولوگىيە تەتقىقاتى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ

دېموكراتىيە خاراكتېرلىك رەھبەرلىك ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قاتناشتۇرۇش پۇرسىتىنى كۆپەيتىپ، بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئاسانلا پەيدا قىلغىلى بولىدىكەن.

## § 3 . كوللېكتىپنىڭ پسىخىكىسى ۋە سىنىپ باشقۇرۇش

سىنىپ باشقۇرۇشىدا ئۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ، ھەتتا زىددىيەتلىك بولغان كوللېكتىپ پسىخىك ھادىسىلەر مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. تەربىيىلىگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل كوللېكتىپ پسىخىك ھادىسىلەرنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، تەلىم-تەربىيىنىڭ لايىقىدا ئېلىپ بېرىلىشىنى ئوبدان ئىگىلەش، تەلىم-تەربىيە مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم.

### 1. كوللېكتىپ نىشانى ۋە يەككىنىڭ ئېھتىياجى

نىشان — شەخس. كوللېكتىپ ۋە تەشكىلىنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە يەتمەكچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە ياكى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ نىشانى ئادەتتە مۇنۇ ئىككى تەرەپتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۆز سىنىپىنىڭ كونكرېت شارائىتقا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلغان سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى سىنىپنىڭ تەلىم-تەربىيە نىشانى (مەسىلەن، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى، ئەلاچىلار نىسبىتى، تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى قاتارلىقلار) ۋە سىنىپنىڭ باشقۇرۇش نىشانى (مەسىلەن، ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا چىقىش نىسبىتى، تاپشۇرۇقنى ئورۇنداش نىسبىتى، دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتى قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچىسى، مەزكۇر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ تۈزۈلگەن سىنىپ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان نىشان. مەسىلەن، يېڭىدىن بولغان بىر سىنىپ مەسئۇلى ئاساسى ناھايىتى ئاجىز بولغان بىر سىنىپنى

قولىغا ئالغاندىن كېيىن، كوللېكتىپنىڭ بوشاڭلىق، تارقاق ئالاھىدىلىكىگە قارىتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش تەرەپتىن تۇتۇش قىلىپ، «ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېڭى مەۋسۇمدە يېڭىچە باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش» مەقسەتنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. بۇ خىل نىشاننىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتەك ئېھتىياجى قانائەتلەندۈرۈلگەن بولىدۇ.

كوللېكتىپ نىشانىنىڭ ئوقۇغۇچىلار توپى ۋە ئوقۇغۇچى شەخسلەرنىڭ پسىخىكىسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، نىشان، بولۇپمۇ كوللېكتىپ نىشان يېتەكلەش رولىغا، ئۇيۇشچانلىق رولىغا، تەڭشەش رولىغا، ئىلھام بېرىش رولىغا ۋە تەربىيىلەش رولىغا ئىگە. مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى سىنىپ باشقۇرۇشىدا ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئۈچۈن تىرىشىپ ئورتاق كۆرەش قىلىش نىشانى تېپىشقا تىرىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەيدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر مائارىپچىسى ماكىلەنكى ھېلىقى ئۆگىنىشتىن رايى قايتقان، زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا باقمايدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى پارلىتىپ، ئۇلارغا «ئەتىنىڭ شاد-خۇراملىقىنى كۆرسىتىپ»، تەلىم-تەربىيىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، مانا بۇ نىشاننىڭ ئوينىغان غايەت زور ئىلھام بېرىش رولىدۇر.

باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاشلا، كوللېكتىپ نىشانمۇ گەرچە شەخسكە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن بىلەن، لېكىن قوللىنىلىشى مۇۋاپىق بولمىسا ئەكس تەسىر بېرىپ قويىدۇ. چۈنكى، كوللېكتىپ نىشان پۈتكۈل كوللېكتىپ يېتىشنى ئارزۇ قىلغان نىشان ياكى ھالەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، كوللېكتىپ ئىچىدىكى ھەربىر ئەزانىڭ دەل يەتمەكچى بولغان نىشانى ياكى ھالىتى بولۇشى ناتايىن. كوللېكتىپتا، ھەربىر ئەزادا ئوخشاش بولمىغان شەخسىي ئېھتىياج ساقلانغان بولىدۇ. بۇ خىل ئېھتىياجنىڭ بەزىلىرىنى كوللېكتىپ زادى قانائەتلەندۈرۈشكە ئامالسىز بولغان بولىدۇ. بەزىلىرى بولسا كوللېكتىپ نىشان بىلەن ھەمىشە بىردەك بولمايدۇ. شۇڭا كوللېكتىپ

نىشان شەخسىي ئېھتىياجنى نەزەرگە ئېلىشى، شەخسىي ئېھتىياج يېتەكچىلىك قىلىشى ھەم كوللېكتىپ نىشانىنى ئورۇندىغان ۋاقىتتا شەخسىي ئېھتىياجىنىمۇ قانائەتلەندۈرۈشى كېرەك. شۇڭا بىز ئەگەر كوللېكتىپ نىشانىنى ۋە بىر تۇتاش تەلەپنى نامۇۋاپىق تەكىتلىسەك، كوللېكتىپتىكى ئەزالارنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىغا سەل قارىساق، شەخسنىڭ ئېھتىياجىغا سەل قارىساق، ئۇ ھالدا كوللېكتىپ نىشان شەخس خاراكتېرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا نىسبەتەن پاسسىپ ھالدىكى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ دەپ قارايمىز. بۇ خىل پاسسىپ رولدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كوللېكتىپنىڭ نىشانىنى تۈزگەن ۋاقىتتا، نىشانىنىڭ يۆنىلىشچانلىقىغا قاتتىق دىققەت قىلىشىمىز، مۇۋاپىق بولۇشىغا دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئاممىۋى ئاساسىغا دىققەت قىلىشىمىز، يېتەرلىك ئورۇن قالدۇرۇشقا دىققەت قىلىشىمىز ھەم شارائىت يارىتىپ، شەخسنىڭ يوللۇق ئېھتىياجىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ۋە قانائەتكە ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، كوللېكتىپ نىشان ئارقىلىق شەخسىي ئېھتىياجنى توغرا يۆنىلىشلىك تەرەققىياتقا يېتەكلىشىمىز لازىم.

## 2. كوللېكتىپنىڭ ئۆلچىمى ۋە يەككىنىڭ ئەركىنلىكى

كوللېكتىپنىڭ ئۆلچىمى دېگىنىمىز — كوللېكتىپ بېكىتكەن، كوللېكتىپتىكى ئەزالار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەرىكەت ئۆلچىمى ۋە ھەرىكەت قائىدىسىنى كۆرسىتىدۇ.

كوللېكتىپ ئۆلچەم ئىچىگە كوللېكتىپ رەسمىي ئوچۇق بەلگىلىگەن. مەسىلەن، ھەرخىل قائىدە-تۈزۈملەر، ئىنتىزام قاتارلىق كىرىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە كېلىشىش ئارقىلىق ئادەت بولۇپ قالغان ھەم ئوچۇق بەلگىلەنمىگەن، جامائەت پىكرى، ئۆرپ-ئادەت، كەيپىيات قائىدە-يوسۇن قاتارلىقلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارمۇ كىرىدۇ.

### 1. سىنىپ كوللېكتىپى ئۆلچىمى (قائىدىسى) نىڭ مەزمۇنلىرى

1. رەسمىي بېكىتىلگەن سىنىپ قائىدىسى

ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ رەسمىي بەلگىلەنگەن كوللېكتىپ قائىدىسى مۇنداق ئۈچ قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچىسى، دۆلەت ئېلان قىلغان مەمۇرىي قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە بەلگىلىمىلەر. مەسىلەن «ئاساسىي قانۇن»، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت قائىدىسى» قاتارلىقلار. ئىككىنچىسى، يەرلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەر چىقارغان قائىدە-تۈزۈم ۋە ئىنتىزام، مەسىلەن، ئوقۇش تەۋەللىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمى، تۇرمۇش مەشغۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىقلار. ئۈچىنچىسى، سىنىپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تەقلىدىي قىلىنىپ تۈزۈلگەن، سىنىپ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان قائىدە-تۈزۈملەر، مەسىلەن، دەرسخانا ئىنتىزامى، سىنىپنىڭ دىجورنىلىق تۈزۈمى قاتارلىقلار. بۇ قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ تۈزۈلۈشىدىن مەقسەت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە تۇرۇۋاتقان بىر مەزگىل ۋاقتى، پائالىيىتى جەريانىدىكى ھەربىر بوشلۇق، ھەربىر ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قائىدىلەشتۈرۈپ، ئىشتا قائىدە بولۇش، قائىدە بويىچە ئىش قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

2 . غەيرىي رەسمىي قائىدىلەر

غەيرىي رەسمىي قائىدىدىكى كوللېكتىپ ئۆلچەم بولسا ئۆزلۈكىدىن شەكىللىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ رەسمىي بەلگىلەنمىگەن بولىدۇ. جامائەت پىكرى، قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئادەتلەنگەن ھەرىكەت ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئارقىلىق چەكلەش رولىنى ئوينايدىغان قائىدە بولۇپ، ئۇ كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدىكى يەتمەكچى بولغان بىر خىل ئۆز ئىچىدە بىلىشىدىغان كېلىشىمدۇر. بۇ خىل ئۆزئارا كېلىشىۋالغان كېلىشىم كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ بۇنداق قىلسا بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنداق قىلسا بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر دائىرىنى بەلگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەزالارغا بىر خىل كوللېكتىپ بېسىمىنى ھېس قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلارغا ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىشنى «چېقىمچىلىق قىلىش» دەپ چۈشەنگەن بولغاچقا، بەزى ئوقۇغۇچى كادىرلار ئوقۇتقۇچىلارغا ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

## 2. كوللېكتىپ قائىدىلەرنىڭ ئاكتىپ رولى ۋە پاسسىپ رولى

1. ئاكتىپ رولى

«قائىدە بولمىسا ئىش ئەپلەشمەيدۇ»، كوللېكتىپ قائىدە بولمىسا، ئورتاق ئېلىپ بارماقچى بولغان پائالىيەتلەر تەرتىپلىك قانات يايالمايدۇ. كوللېكتىپ ئۆلچەم (قائىدە) نىڭ رولىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، كوللېكتىپنىڭ ۋاستىلىك ۋە تۇۋرۇكلۇكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش رولى؛ ئىككىنچى، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش رولى؛ ئۈچىنچى، كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىگە چەك قويغان ئاساستا يېتەكلەش ئېلىپ بارىدىغان يېتەكچىلىك رولى؛ تۆتىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە خاراكتېرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تەلىم-تەربىيە رولى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە كوللېكتىپ قائىدە ئوقۇغۇچىلارنى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىشتەك قوغداش رولىغىمۇ ئىگە.

2. پاسسىپ رولى

1) چەكلەش رولى

قائىدە دېگەننى ئەسلىي خاراكتېر ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئەزالارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزى خالىغاننى قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئۆلچەم دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بەلگىلىك دائىرە ۋە سەۋىيىدە چەكلەتكۈزىدۇ. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقى بولسا، كىشىلەردىن گۇمان قىلىش روھىغا ئىگە بولۇشنى، ئەسلىي بار بولغان رامكىلار، كۆزقاراشلاردىن قۇتۇلۇپ، ئالدىنقىلار مېڭىپ باقمىغان يېڭى بىر يول تېپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا، كىشىلەر ئىجادىي خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەرنىمۇ تاپتىن چىقىپ كەتكەن دەپ قارايدۇ، ھەتتا ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە كىشىلەر زەربە بېرىشكە، كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، قائىدىلەرنى ئىجرا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئەگەر بىر تەرەپ قىلىشىمىز مۇۋاپىق بولمايدىكەن، ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى چەكلەش، شەخسىي خاراكتېرنىڭ مۇكەممەل يېتىلىشىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىشتەك سەلبىي پاسسىپ رولنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېغىر بولغاندا، ھەتتا ئىجادچانلىق روھىنى يوقىتىش (ئۆلتۈرۈش) رولىمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

2) ھوروۇنلۇق رولى
بەلگىلەنگەن كوللېكتىپ قائىدە كىشىلەر تەجرىبىسىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوخشاش مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە تېزلىكتە ئىنكاس قايتۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. لېكىن، شەيئىلەر ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا، قائىدە ھەمىشە ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ-دە، كىشىلەرنى بەلگىلەپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئويلاندۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر خىل ھوروۇنلۇق كېلىپ چىقىدۇ. ئۇندىن باشقا، كوللېكتىپ قائىدىلەر كۆپ ساندىكى كىشىلەر قوبۇل قىلالايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەمىشە كوللېكتىپتىكى ئەزالاردىن ئوتتۇرا ھال سەۋىيىدە تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ-دە، ئەزالارنىڭ زور ئاكتىپچانلىقىغا چەك قويىدۇ (چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ). غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ قائىدىلەر تېخىمۇ مۇشۇنداق بولۇپ، ئېغىرراق بولغاندا ھەتتا ئىلغار شەخسلەرگە زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇشى مۇمكىن.
3) مەركەزدىن يىراقلىشىش رولى
كوللېكتىپ قائىدىلەرنىڭ بېسىمى ئەزالارنىڭ پسىخىك جەھەتتىن قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن بەك ئېشىپ كەتسە ھەم باشقا ئاكتىپ يېتەكلەش تەدبىرلىرى بولمىسا، ئەزالارنىڭ قارشى پسىخىكىسىنى قوزغاپ قويىدۇ-دە، مەركەزدىن يىراقلىشىش (چەتنەش) رولىنى، كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى چەكلىشى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئەھۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 3. كوللېكتىپ قائىدە بىلەن شەخس ئەركىنلىكىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش لازىم

بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئەركىنلىك خاراكتېرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىجادچانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئىقتىدار يارىتىشنىڭ مۇقەررەر يولى. كوللېكتىپ قائىدىنى قوغداش شەرتى ئاستىدا، كوللېكتىپ قائىدىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي تەسىرلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، كوللېكتىپ قائىدە بىلەن شەخسىي ئەركىنلىكنىڭ تولۇق بىرلىكىنى قوغداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا چوقۇم دىققەت قىلىش زۆرۈر.
1. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ۋە يوللۇق تەلەپلىرىنى

قانائەتلەندۈرۈش بولسا، كوللېكتىپ قائىدە بىلەن شەخسلەر ئەركىنلىكى بىرلىكنى قوغداشنىڭ ئاساسى

ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا گەرچە نۇرغۇن پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلاردا ھەممىسىدە ئورتاق بىر پسىخىك ئالاھىدىلىك، يەنى ھەممىسىدە بىر خىل ئوقۇغۇچىلىق تۇيغۇسى بولىدۇ، يەنى ئۆزى ئوقۇغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن، چوقۇم ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى، مەكتەپنىڭ قائىدىسىگە چوقۇم بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ئوخشىمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسى گەرچە ئاجايىپ-غارايىب بولسىمۇ، لېكىن، ھەممىسىدە ئوخشاشلا بىر ئارزۇ، يەنى بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىش ئارزۇسى بولىدۇ. ھەممىسى ئۆزىنىڭ ياخشى بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، تەربىيىلىگۈچىلەر بارلىق ئامال-چارىلەرنى قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ۋە يۈللۈق تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كوللېكتىپ قائىدە بىلەن شەخسلەر ئەركىنلىكى بىرلىكىنى تۈپكى جەھەتتىن قوغداش لازىم.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجات قىلىشىغا ئىلھام بېرىش لازىم

كوللېكتىپ قائىدىلەر ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن پسىخىك جەھەتتىن بېسىم بولۇشى مۇمكىن. بۇ نورمال ئەھۋال، شۇنداقلا مۇقەررەرلىك. شەخسنىڭ كوللېكتىپنىڭ بېسىمىغا ئۇچراش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان بېسىم تۇيغۇسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەربىيىلىگۈچىلەر ئۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىش قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوبدان دىققەت قىلىش، ھەمىشە x x x ئوقۇغۇچى «ماۋۇ ئىشلارنى قىلالايدۇ»، «ماۋۇ ئىشلارنى ئوبدان بېجىرەلەيدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاش، ھە دېسىلا ئۇلارنى «بۇنى قىلالمايدۇ»، «ئۇنى بۇزۇۋېتىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىماسلىق لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا كوللېكتىپ قائىدىگە رىئايە قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجاد قىلىشىغىمۇ ئىلھام بېرىش لازىم.

3. مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشتىن توغرا پايدىلىنىش لازىم

كوللېكتىپ قائىدىلەر، بولۇپمۇ رەسمىي ئېلان قىلىنغان كوللېكتىپ قائىدىلەر، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن بەلگىلىك

مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قائىدىگە ئۇيغۇن بولغان ھەرىكەتلەرگە نىسبەتەن زوّرۇر بولغان مۇكاپاتلاشلارنى ئېلىپ بېرىش، كوللېكتىپ قائىدىلەرگە خىلاپ بولغان ناچار ھەرىكەتلەرگە نىسبەتەن جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كوللېكتىپ قائىدىلەرنىڭ يېتەكچىلىك رولى ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كوللېكتىپ قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىيلىقىنى قوغداپ قالغىلى، ئوقۇغۇچىلاردا ئىنتىزامغا ئاڭلىق بويسۇنۇشنىڭ ئىسىل ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن، مۇكاپات بىلەن جازا ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشى چوقۇم ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇشى، ئۆز نىسبىتىگە توشلۇق بولۇشى، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەدىر-قىممىتىگە ھۆرمەت قىلىنىشى، ۋاقتىدا بولۇشى، لايىقىدا توغرا بولۇشى، ئۇسۇل خىلمۇخىل، جانلىق بولۇشى لازىم. ئادىل بولۇش، قەتئىي بولۇشى بىلەن ئادەمگە قاراپ تەربىيە بېرىشنىڭ جانلىقلىقىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن كوللېكتىپ قائىدىلەر بىلەن شەخسلەرنىڭ يېتەرلىك ئەركىنلىكىنىڭ ئورگانىك بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

4. رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ قائىدىلەر ئارىسىدىكى پەرقنى تىرىشىپ تۈگىتىش لازىم

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ قائىدىسى ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش ئاساسىي گەۋدىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، رەسمىي كوللېكتىپ، يەنى سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ قائىدىسى، غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ قائىدىسى دېگەندىن ئىبارەت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن مەلۇم چەكلەش ۋە يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ئىككىسى يېقىنلاشقان ياكى بىرلىككە كەلگەن ۋاقىتتا، ھەم تەربىيىلىگۈچىلەرگە نىسبەتەن زور ياردىمى بولىدۇ، ھەم ئوقۇغۇچىلار خاراكتېرىنىڭ تولۇق يېتىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئىككىسىنىڭ نىشانى (يۆنىلىشى) ئوخشاش بولمىغاندا بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپى تەربىيىلىگۈچىلەر بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ تەلىم-تەربىيە ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە زور ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپلا قالماي، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ پايدىسىز. مەسىلەن، ئىمتىھان تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىش بولسا مەكتەپ

قائىدە-تۈزۈملىرىدە چەكلەنگەن، ئوقۇتقۇچىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھانغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى پاش قىلىشقا ئىلھام بېرىش كېرەك. لېكىن، ئىمتىھانغا خىلاپ قىلمىشلار بەزىدە ئاشكارا ئەۋج ئالسا، ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا خىلاپلىق قىلىش نومۇس ئىش ئىكەنلىكىنى قىلچە ھېس قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، «مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ قويغۇچىلار» نى ئەيىبلەش بىر خىل غەيرىي رەسمىي قائىدە بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ قائىدىنىڭ پەرقى، ھەمىشە غەيرىي رەسمىي ۋە رەسمىي كوللېكتىپقا ئوخشاش تەۋە بولۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى توغرا نىشاندىن ئاداشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا خاراكتېرىنىڭ بۇرۇلۇپ كېتىشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تەربىيىلىگۈچىلەر رەسمىي كوللېكتىپ بىلەن غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ قائىدىلىرى ئارىسىدىكى پەرققە دىققەت قىلىشى ھەم قائىدە جەھەتتىكى پەرقلەرنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان سەۋەبلەرنى ۋاقتىدا تېپىپ چىقىپ، پەرقلەرنى تىرىشىپ تۈگىتىشى، رەسمىي كوللېكتىپ بىلەن غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ قائىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشى لازىم.

## 3. سىنىپ ئىچىدىكى رەسمىي كوللېكتىپ ۋە غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئىچىدە غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنىڭ ساقلىنىشى ئوبيېكتىپ مەۋجۇد پاكىتتۇر. بەزى تەربىيىلىگۈچىلەر تونۇش جەھەتتىكى يۈزەلىكى تۈپەيلىدىن غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنى ھەمىشە بۇزۇپ تاشلاش خىيالىدا بولىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنى بۇزۇپ تاشلىيالمايلا قالماستىن، بەلكى ئەكسىچە ئۇنۇمگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، پەقەت ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى رەسمىي كوللېكتىپ بىلەن غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنى توغرا تونۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنى توغرا يېتەكلىگىلى ۋە تەربىيىلىگىلى بولىدۇ

### 1. ئوقۇغۇچىلار غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى

1. ئورتاق پسىخىك ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىش

كوللېكتىپتىكى ئەزالار ئارىسىدا ئورتاق قىزىقىش، ياخشى كۆرۈش بولىدۇ، ئورتاق بولغان ياكى ئۆزئارا يېقىنلىشىپ قالىدىغان نۇقتىئىنەزەر، مەنپەئەت ۋە ئادەتلەر بولىدۇ. بۇلار ئوخشىشىپ كېتىدىغان پىسخىك جەلپ قىلىش تۈپەيلىدىن، تەبىئىيلا بىرىكىپ كېتىدۇ.

2. روشەن ھېسسىيات ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان بولىدۇ

ئەزالار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھېسسىياتنى رىشتە قىلىپ، شەخسنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئارزۇ-ئىستەكلىرى بىر يەردىن چىقىپ، پسىخىكا جەھەتتىن ماسلىشىپ، ھەرىكىتى بىرلىككە كېلىدۇ-دە، روشەن ھېسسىيات ئۇسلۇبىغا ئىگە بولالايدۇ.

3. سەزگۈر بولغان ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىش يوللىرىغا ئىگە بولىدۇ

ئەزالار ئارىسىدا ۋاقىت ۋە بوشلۇق جەھەتتە ئۇچرىشىش پۇرسىتى كۆپرەك بولۇپ، يېقىنلىشىش خاراكتېرىدىكى جەلپ قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئىدىيە ئالماشتۇرۇش ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ناھايىتى تېز ۋە راۋان بولىدۇ.

4. تەبىئىي شەكىللەنگەن «مەركىزىي شەخسلەر»

غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپتىكى مەركىزىي شەخسنىڭ بەلگىلىك «نومۇرى» بولۇپ، مەزكۇر كوللېكتىپنىڭ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان ئەزالارنى روھىي كەيپىيات جەھەتتە چەتكە قاقىدۇ، مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىلارغا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغان ئوقۇغۇچىلارنى، بۇ بۇرادەرلەر كوللېكتىپى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇنى يېتىم قالدۇرىدۇ، ھەتتا ئۇنى جازالايدۇ.

## 2. ئوقۇغۇچىلار غەيرىي نورمال كوللېكتىپىنىڭ رولى

ئوقۇغۇچىلار غەيرىي نورمال كوللېكتىپنىڭ رولى زادى ئاكتىپ رولمۇ ياكى پاسسىپ رولمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرىگە ئاساسەن كونكرېت تەھلىل قىلىنىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار غەيرىي نورمال كوللېكتىپىدىكى ئەزالار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت دوستانە بولۇپ، ھېسسىيات جەھەتتىكى باردى-كەلدى ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولىدۇ، ئىدىيىدە پائال ئالغا باسقان بولۇپ، ئۆزئارا ئىلھام بېرىدىغان بولىدۇ؛ ئۆگىنىشتە بىر-بىرىنچىلىكنى تالىشىدىغان، ئۆزئارا قوللاپ، ئورتاق ئالغا باسقان

بولىدۇ؛ تۇرمۇشتا ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ئۆزئارا ياردەمدە ئۆتكەن بولىدۇ؛ سىنىپ پائالىيىتىدە رەسمىي كوللېكتىپنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنغان، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىدىن شەكىللىنىپ قالغان «باشلىقى»، سىنىپ مۇدىرى، سىنىپ كادىرلىرى بىلەن بار مەسلىھەتتە ماسلىشالايدىغان، ھەتتا بەزىلىرى سىنىپنىڭ كادىرى ياكى غوللۇق ئەزاسى بولغان بولىدۇ. بۇنداق غەيرىي نورمال كوللېكتىپ بەزىدە رەسمىي كوللېكتىپ جارى قىلدۇرالمىغان روللارنى جارى قىلدۇرۇشىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق پسىخىك تەلەپلىرىنى قاندۇرالىشىمۇ مۇمكىن. بەزى ئوقۇغۇچىلار غەيرىي نورمال كوللېكتىپى «ئارىلىق ھالىتى» دە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ياكى ئۆگىنىش نەتىجىسى يامان ئەمەس بولغانلىقى، يا «مەقسەت-نىيەتلىرى بىر بولغانلىقى» ئۈچۈن، قىزىقىشى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، دائىم بىرلىكتە كوللېكتىپ ئويۇن-تاماشا قىلىدۇ، كۆڭۈل ئاچىدۇ، سىنىپنىڭ پائالىيەتلىرىنى بەزىدە قوللىسا، بەزىدە ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ. رەسمىي كوللېكتىپقا نىسبەتەن بەزىدە ئۆز رولىنى ناھايىتى ئوبدان جارى قىلدۇرسا، بەزىدە پاسسىپ رول ئوينايدۇ. يەنە بىر خىل ئوقۇغۇچىلار غەيرىي نورمال كوللېكتىپى بولۇپ، ئۇ «تەتۈر يول تۇتۇش»، «كەينىگە چېكىنىش» تىپىگە تەۋەدۇر. بۇنىڭ ئەزالىرى كۆپىنچە ئىدىيىۋى ئەخلاق ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالى بىرقەدەر ناچار ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلاردا دائىم ھەرخىل پسىخىك توسالغۇلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، مەكتەپتە، سىنىپتا، ھەتتا ئائىلىدىمۇ «يامان كۆرۈلگەنلىكى» ئۈچۈن، سوغۇق مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، تەنھالىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنى ئاقلاش تۇيغۇسى، تەتۈر يول تۇتۇش، پۇرسەت تېپىپ ئاچچىقىنى چىقىرىش قاتارلىق پاسسىپ پسىخىكىسى كېلىپ چىقىدۇ. ئۆزئارا يۆلەنچۈك تېپىش ئۈچۈن، بۇ ئوقۇغۇچىلار دائىم ئاسانلا بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، شەكلى ئۆزگەرگەن بىر خىل پەخىرلىك تۇيغۇسىدا قەلب بوشلۇقىنى تولۇقلىماقچى بولۇشۇپ، ئۆزلىرىگە قانداقتۇر «ئەزىمەتلەر»، «توققۇز ئەۋلىيا» دېگەندەك لەقەملەرنى قويۇشۇۋالىدۇ. بۇ خىل ئوقۇغۇچىلار غەيرىي نورمال كوللېكتىپى روشەن بولغان قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈش ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى بولغان بولىدۇ.

2. غەيرىي نورمال كوللېكتىپنىڭ ئەزالارغا بولغان پسىخىك تەسىرى ۋە ھەرىكەت تەسىرىدىن قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلار غەيرىي نورمال كوللېكتىپنىڭ ئاكتىپ رولىمۇ بولىدۇ، پاسسىپ رولىمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭ ئاكتىپ رولىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئەزالارنىڭ بەزى نورمال پسىخىك ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەتراپتىكىلەرنىڭ چۈشىنىشكە، ھېسداشلىق قىلىشىغا، ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇشتەك ئېھتىياجلىرىنى، باردى-كەلدى قىلىش جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنى، ياخشى كۆرۈش ۋە قىزىقىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدۇ؛ غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئەزالار تېخىمۇ كۆپ ياردەمگە ئېرىشەلەيدۇ. «ئاكىلار جاسارىتى» ئورنىتىش ئاساسىدىكى «قوش نەپ بېرىمىز» دەپ، «چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇش» خاراكتېرىدىكى ھېلىقىدەك «ياردەم»لەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئەزالارنى قائىدىگە كىرگۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. شەخسلەردە ئەگەر «ئەقىلگە سىغمايدىغان» ھەرىكەتلەر كۆرۈلسە، ئۇنىڭغا بېسىم كۆرسىتىپ، گەرچە ئۇنىڭ نىشانىنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى قائىدىگە كىرگۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنى قائىدە ئىچىگە باشلاپ كىرگىلى بولسا، سىنىپ كوللېكتىپى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردىمى بولىدۇ، بولۇپمۇ كەينىگە چېكىنگۈچى ئوقۇغۇچىلارنى ئالغا ئىلگىرىلەش تەرەپكە بۇراشتا، پەۋقۇلئاددە ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

پاسسىپ جەھەتتىكى رولىنى ئېلىپ ئېيتساق، غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ ئاسانلا رەسمىي كوللېكتىپنىڭ پايدا مەنپەئەتى ۋە نىشانى بىلەن توقۇنۇش قىلىپ، رەسمىي كوللېكتىپنىڭ تونۇشى، پائالىيىتى ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىكى بىلەن توقۇنۇش قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەزالىرى بولسا ھەرىكەتتە بەزىدە ئاسانلا ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپ قىلمىش ۋە جەمئىيەتتىن چەتنەش ھەرىكەتلىرى كۆرۈلىدۇ-دە، كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان، باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان بەزى ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «كەينىگە چېكىنىش تىپى» دىكى غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئادەتتە ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى كۆپ، نەتىجىسى ناچار، بەزىلىرى، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەن ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئىدىيىدە ئالغا ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە نىشانىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ. بۇ ساغلام بولمىغان روھىي كەيپىياتلار ئەگەر ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشتە، ئۆز ئارا كۈچىيىپ كەتسە كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ

پسىخىكىسى ۋە ھەرىكىتىگە ئېغىر ناچار تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

### 3. ئوقۇغۇچىلار رەسمىي كوللېكتىپى بىلەن غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنىڭ ماسلىشىشى

غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ ھەم ئاكتىپ رولغا، ھەم پاسسىپ رولغا ئىگە. قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلار رەسمىي كوللېكتىپى بىلەن غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەھۋالغا قاراپ يېتەكلەپ ياخشى يولغا قويغىلى بولىدۇ، بۇ تەربىيىلىگۈچىلەر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

1. رەسمىي ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قۇدرەتلىك بولغان، پائال ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

سىنىپ — مەكتەپلەر تەلىم-تەربىيە مەمۇرىي تەشكىلاتىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورنى بولۇپ، مەكتەپلەرنىڭ تەلىم-تەربىيە ئوقۇتۇش خىزمىتى ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي بىرلىكىدۇر. رەسمىي كوللېكتىپ تەشكىلىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ رەسمىي بېكىتىلگەن قائىدە-تۈزۈملىرى، نورمالنى خىزمەت تەرتىپى بولغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولۇپ، غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى يېڭەلەيدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، بىر ياخشى سىنىپ كوللېكتىپى ئۆز ئەزالىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، شەخسنىڭ تەۋەلىك ۋە ھۆرمەتلىنىشى قاتارلىق نورمالنى پسىخىك ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۇرۇپ، ئوقۇغۇچى شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى تېزلىتىپ، ئوقۇغۇچىلاردا كوللېكتىپ ئېڭىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. قىلچىمۇ ئېشىپ كەتمىدى دەپ شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى — ئوقۇغۇچى شەخسنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىدىغان بۆشۈكى. خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپچىسى ماكىلەنكى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «مەيلى قانداق چىرايلىق نەسىھەتلەرنى قىلمايلى، ئۇ نەسىھەتلىرىمىز ھەقىقىي تەشكىللەنگەن، ئاڭلىقلىققا ئىگە بولغان بىر كوللېكتىپ قىلالىغان ھېچقانداق بىرىنى قىلالمايدۇ». شۇڭا، كۈچلۈك بولغان، پائال يۇقىرى ئۆرلەيدىغان بىر ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى قۇرۇپ چىقىش، ئوقۇغۇچىلار

رەسمىي كوللېكتىپى بىلەن غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر.

2. غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپقا توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى پائال يېتەكلەش لازىم

بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇشىمىز غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئوبيېكتىپ رېئاللىققا توغرا قاراشقا ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، ئۇنى تەشكىللىسىز پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان «كىچىك شايكىلار» دىن پەرقىنى ئاجرىتىشىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى تولىمۇ «سول» نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى بۇنداق غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپقا «سىياسىي كىچىك گۇرۇھۋازلار» دېگەندەك قالپاقنى كىيگۈزمەسلىكىمىز كېرەك.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىش، تېخىمۇ مۇھىمى غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپتىمۇ-ئەمەسمۇ، دېگەنگە نىسبەتەن توغرا ھۆكۈم چىقىرىش لازىم. ھە دېگەندىلا «قوشماق ئۆردەك مۇقامى»غا توۋلاپ، بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ بىر يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا ئۇنى غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپ دەپ قارىماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشۇنداق كوللېكتىپنىڭ خاراكتېرى، رولى، شەكىللىنىش سەۋەبلىرى، ئەزالىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، «رەھبەرلىك قىلىدىغان» شەخس، تەرەققىيات يۆنىلىشى دېگەنلەرنىمۇ ئوبدان تەھلىل قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ يېتەكچىلىك قىلغىلى، ئۇنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرغۇزۇش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

3. پائال يېتەكلەپ، تەدرىجىي مايىل قىلىش لازىم

ئوقۇتقۇچى ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى غەيرىي رەسمىي ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىغا ئوخشاش، ئوخشاش بولمىغان يېتەكلەش تاكتىكىسىنى قوللىنىشتا، بىر ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، يەنى غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنى سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ نىشان، ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇش ۋە ئورۇندىلىنىشىغا پايدىلىق بولغان تەرەپكە يېتەكلىشى، سىنىپ قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان يولغا يېتەكلىشى، غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنىڭ نىشانىنى سىنىپ نىشانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ

بىرلەشمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى لازىم. مەسىلەن، مەلۇم بىر مەكتەپتىكى بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ «ياۋا ئەتىرگۈل» تىمىسىدا بىر كىچىك گېزىت چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى ھەممىسى ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىققان نارازىلىقلار بىلەن تولغان، بەزى مەزمۇنلاردا مال، باھاسىغا قارىتا نارازىلىق ئەكس ئەتسە، بەزى مەزمۇنلاردا بيۇروكراتىزم تەنقىدلەنگەن، بەزى مەزمۇنلاردا، نامراتلىق ۋە قالاقلىق تەنقىدلەنگەن، ئۇلار بۇ گېزىتنىڭ ھەربىر سانىنى سىنىپ مۇدىرىغا يوللاپ تۇرغان، لېكىن قايسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىلغانلىقىنى ئېيتمىغان. سىنىپ مۇدىرى تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇ دەرسخانا ئوقۇتۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ تۇرغان ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۈرەش رولىنى قانداق قىلغاندا توغرا جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇتقان. شۇنداق قىلىپ بۇ كىچىك گېزىتنىڭ «باش مۇھەررىرى» سىنىپ مۇدىرىغا گېزىتنىڭ يولغا قويۇلۇش جەريانىدىكى مەخپىيەتلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن. شۇندىن كېيىن «ياۋا ئەتىرگۈل» دە روھنى ئۇرغۇتۇپ، يورۇقلۇققا ئىنتىلىش مەزمۇن قىلىنغان ماقالىلەر كۆپلەپ بېسىلىپ، بۇ گېزىت پۈتۈن سىنىپنىڭ يۈرەك ساداسىغا ئايلانغان.

بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئوقۇغۇچىلار غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنى يېتەكلەش خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا، غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنىڭ «رەھبەرلىك قىلغۇچى» شەخسكە ئىشلىنىدىغان خىزمەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئۇلارنى ساغلام بولغان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەشكە دىققەت قىلىش لازىم. روشەن بۇزغۇنچىلىق رولى بولغان غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپلارغا قارىتا، چوقۇم ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىش، ۋاقتىدا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر قانۇن يول قويغان دائىرىدىن ئېشىپ كەتسە، بۇنداق كوللېكتىپنى مەجبۇرىي تارقىتىۋېتىپ، قەتئىي زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

ئاكتىپ خاراكتېردىكى غەيرىي رەسمىي كوللېكتىپنى قوللاش ۋە ئۇنى قوغداش لازىم. بۇ خىل كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدىكى ھېسسىيات مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا

ئۆگىنىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاش تەرىپىگە يېتەكلەش لازىم؛ بۇ خىل كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، گېپى بىر يەردىن چىقىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇش تەرىپىگە يېتەكلەش لازىم؛ بۇ خىل كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ تېز يەتكۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنكاسلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، كۆڭۈلدە سان تۇرغۇزۇپ مېڭىش لازىم؛ بۇ خىل كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرىنىڭ تەۋەلىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، ئىجتىمائىي ئالاقىنى ياخشى كۆرۈشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، رەسمىي كوللېكتىپنىڭ كۈچى يەتمىگەن خىزمەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئورۇندىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## 4. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئىچىدىكى رىقابەت ۋە ھەمكارلىق

مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى كوللېكتىپ بىلەن كوللېكتىپ، شەخس بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدا ھەم ھەمكارلىق، ھەم رىقابەت ھالىتى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولىدۇ. رىقابەت بىلەن ھەمكارلىق كوللېكتىپلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان ئەھۋال.

### 1. رىقابەت

1. رىقابەت توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

پسىخولوگىيە، رىقابەت ئادەم بىلەن ئادەم، كوللېكتىپ بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بىر نىشاننى تالىشىش بولۇپ، رىقابەت گەۋدىسى ئاساسلىقى كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق ئېھتىياجغا ئىگە بولۇش ئوبيېكتىدۇر دەپ قارايدۇ. مەكتەپلەر تەلىم-تەربىيىسىدىكى «سىناق»، «مۇسابىقە»، «باھالاش» پائالىيەتلىرى ئاساسەن رىقابەت خاراكتېرىگە ئىگە پائالىيەتلەردۇر. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىدە رىقابەت ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئارىسىدىكى رىقابەت (مەسىلەن، كۇرۇژۇك بىلەن كۇرۇژۇك ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت، سىنىپ بىلەن سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت دېگەنلەر) ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى شەخسلەرنىڭ رىقابىتى دېگەنلەرنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. رىقابەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

رىقابەت تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: بىرىنچى، روشەن ۋاقىت خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. رىقابەت جەريانىدا مىنۇت-سېكۇنتىنىمۇ تالىشىپ، كىم بىر قەدەم ئالدىدا ماڭالىسا شۇ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتىدۇ، كىم ۋاقىتنى كېچىكتۈرسە، ئىشنى كېيىنگە سۈرسە، شۇ پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئىككىنچى، يۈكسەك ھالەتچانلىققا ئىگە بولىدۇ. رىقابەت جەريانىدا تۇرۇپ بۇ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، تۇرۇپ ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، سەن ئۇنى قوغلايسەن، ئۇمۇ مېنى قوغلايدۇ، ۋاقىتلىق ئالدىغا ئۆتۈۋالغۇچىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىشى ناتايىن، ۋاقىتلىق ئارقىدا قالغۇچىنىڭمۇ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇشى ناتايىن. رىقابەت مۇھىتى جەريانىدا «مەبلىغىگە قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇش» بىلەن «باقىۋەندىلىك تۈزۈمى» مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن، بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ھۇرۇنلار، مۇتەئەسسىپلەر، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلار مۇقەررەر مەغلۇب بولىدۇ. ئۈچىنچى، كۈچلۈك شاللاشچانلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، ھالى خاراب‌لار شاللىنىپ چۈشۈپ قالىدۇ. رىقابەت تولىمۇ شەپقەتسىز بولۇپ، «ماتەي تەسىرى» دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋاللاردۇر. تۆتىنچى، غايەت زور ئىلھام بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. رىقابەت شەكىللەندۈرگەن پسىخىك بېسىملار كىشىلەرنى ھازىرقى ئەھۋالى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ئاكتىپلىق بىلەن ئاجىز ھالقىلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ئىشلىگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاقىلانە تالانتىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىدۇ.

## 3. رىقابەتنىڭ رولى

رىقابەت ئىككى ياقلىملىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاكتىپ رولىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىدىكى مۇۋاپىق بولغان رىقابەت، شەخسلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، نەتىجىگە ئېرىشىش پۇرسىتى ۋە ئىرادە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ رىقابەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ پائال ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىقتۇر. ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا

ئىلھام بېرىپ، كوللېكتىپ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ جۇشقۇنلۇققا كۆتۈرىدۇ. رىقابەتنىڭ يەنە پاسسىپ رولىمۇ بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ بەلكىم توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. تەشكىللەش ئوبدان بولمىغاندا، سىنىپ بىلەن سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى، كۇرۇژۇكلار بىلەن كۇرۇژۇكلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە ئاسانلا ئۆزۈمچىلىك ۋە چەتكە قېقىش خاھىشلىرى پەيدا بولۇپ، كوللېكتىپلار ئارىسىدا ياكى شەخسلەر ئارىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەمكارلىق ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئىككىنچىدىن، رىقابەت بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى بەكمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ ۋە ئۇلارنى غەم-ئەندىشىگە سېلىپ، ئۆگىنىش ۋە رىقابەتنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتقان پائالىيەتلەردىن قورۇنۇپ باش تارتىپ چىقىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپتىكى ئورنى تۆۋەنلەيدۇ. رىقابەت نەتىجە جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى بەكرەك تەكىتلەيدىغان بولغاچقا، پائالىيەتلەرنىڭ ئىچكى قىممىتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادچانلىقىغا ئاسانلا سەل قارىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. رىقابەت جەريانىدا بەلكىم بەزى ئوقۇغۇچىلار توغرا بولمىغان ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، قارشى تەرەپنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار بەلكىم باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزىگە نىسبەتەن بىر خىل ھەيۋە كۆرسەتكەنلىك دەپ قاراپ، رىقابەت مەقسىتىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپەيتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزۈشى ياكى قارشى تەرەپتىكى ساۋاقداشىغا دۈشمەنلىك غەرىزىدە بولۇشى مۇمكىن.

## 2. ھەمكارلىق

### 1. ھەمكارلىق توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىدىكى ھەمكارلىق بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش تۇرمۇشى جەريانىدا ئورتاق بىر نىشانغا يېتىش مەقسىتىدە قوللانغان ھەرىكەت جەھەتتىكى ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۆزئارا قوللاشتەك ئۆزئارا ياردەمدە بولۇش شەكلىدۇر.

ھەمكارلىق بىۋاستە ھەمكارلىق ۋە ۋاستىلىك ھەمكارلىق دەپ بۆلۈنىدۇ. بىۋاستە ھەمكارلىق بولسا ھەمكارلاشقۇچى ئۆز ھەرىكىتى بىلەن بىۋاستە ئۆزئارا ماسلىشىپ، مەلۇم بىر خىزمەتنى ئورۇنداش ياكى مەلۇم

بىر مەقسەتكە يېتىشتۇر. كۆپچىلىك بىرلىكتە بىر ئىشنى ئىشلىسە، ھەمكارلاشقۇچىلار ئارىسىدا ۋاستىچىلەر بولمىسا، ھەمكارلاشقان ھەرىكەت بىلەن نەتىجە ئارىسىدىمۇ ۋاستىلىك ھالقىلار بولمىسا، ئورتاق ھەرىكەت ئوخشاش نەتىجە بېرىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر كۆنۈكمىنى يېشىش ئۈچۈن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلغانغا ئوخشاش. ۋاستىلىك ھەمكارلىق دېگىنىمىز — ھەمكارلاشقۇچىلار ئۆز ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان نەتىجە بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىشى ياكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجە بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ، بەلگىلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىشى ياكى بەلگىلىك مەقسەتكە يېتىشىدۇر. مەسىلەن، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدىكى كۈچ ئۇلاپ يۈگرۈش، شەخسىي نەتىجە بىلەن كوللېكتىپ نومۇر قاتارلىقلار.

ھەمكارلىق يەنە ئىش تەقسىماتى بولمىغان ھەمكارلىق ۋە ئىش تەقسىماتى بولغان ھەمكارلىق دەپ بۆلۈنىدۇ. ئىش تەقسىماتى بولمىغان ھەمكارلىق دېگىنىمىز بىر خىل ئاددىي ھەمكارلىق بولۇپ، ھەمكارلاشقۇچىلار ئوخشاش ئورۇن، ئوخشاش ۋاقىتتا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپتا ئوخشاشلا بىر جوزىنى يۆتكىشى قاتارلىقلار. ئىش تەقسىماتى بولغان ھەمكارلىق دېگىنىمىز بىر خىل مۇرەككەپ ھەمكارلىق بولۇپ، ھەمكارلاشقۇچىلار ئوخشىمىغان ۋاقىت، ئوخشىمىغان ئورۇندا، ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن ئۆزئارا ئوخشاشمايدىغان ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى قىلىدۇ. مەسىلەن، سىنىپ بىر تەبرىكلەش يىغىنى ئاچماقچى بولغان بولسا، سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بۆلۈنۈپ بۇ يىغىن ئۈچۈن ئوخشىمىغان تەييارلىق خىزمىتىنى قىلىشتەك. ئىش تەقسىماتىغا ئىگە بولغان ھەمكارلىق بەلگىلىك تەشكىلىي قۇرۇلمىلاردىن ئۆتۈشى ئارقىلىق، بەلگىلىك قائىدە تۈزۈشى، ھەمكارلاشقۇچىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بەلگىلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىشى، ئورتاق نىشانغا يېتىشى كېرەك.

2. ھەمكارلىقنىڭ رولى

مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى ئارىسىدىكى ھەمكارلىق تۆۋەندىكىدەك ئاكتىپ روللارنى ئوينىيالايدۇ. بىرىنچىدىن، بىرگە بىرنى قوشسا ئىككى بولىدىغانلىقتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەسىر پەيدا قىلىپ، ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىنىشىغا پايدىلىق بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلار ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «زور كۈچ بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش» تەك قوزغاش رولىنى ئوينىغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى شەخسىي خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئىناق كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەمكارلىشىشقا ماھىر بولۇشتەك ئېسىل ساپاسىنى يېتىلدۈرىدۇ.

ھەمكارلىق يەنە ئەكس تەسىرمۇ بېرىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۆگىنىش جەھەتتىكى ھەمكارلىق ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەلالارغا نىسبەتەن ئۆگىنىش سۈرئىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاستىلىتىۋېتىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىقتىدارى كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلار ياكى جانلىق ھەرىكەتچان ئوقۇغۇچىلار بەلكىم ئىقتىدارى ئاجىز ياكى كەمسۆز ئوقۇغۇچىلارنى ئىدارە قىلىپ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋېلىشى مۇمكىن، بۇنىڭ بىلەن ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ چېكىنىپ، ئۇلاردا تەپەككۇر جەھەتتە ھورۇنلۇق كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئۈچۈنچىدىن، قىسمەن پەرقلەرگە ئاسانلا سەل قارىلىپ، شەخسىي خاراكتېرنىڭ تولۇق يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

### 3. رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقتا يېتەكچىلىك قىلىش

كوللېكتىپ ئىچىدىكى خىزمەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا ئۇيغۇن كەلسە، بەزىلىرى رىقابەت قىلىشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقنىڭ ئاكتىپ رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى ئازايتىش لازىم، تەربىيىلىگۈچىلەر پائالىيەتنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلانسا بولىدۇ. رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، پسىخولوگ مىنتىز (Mintz) 1951-يىلى قىزىقارلىق بىر تەجرىبە لايىھىلەپ چىققان. ئۇ قەغەزدىن كونۇسسىمان شەكىلدىن بىرنەچچىنى ياساپ، چوڭ بىر ئەينەك قاچىغا ئۇنى سالغان، ھەربىر تال كونۇس شەكىللىك قەغەز ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلىنىپ ئەينەك قاچىنىڭ سىرتىغا يىپى چىقىرىلغان (8.2-رەسىمگە قاراڭ).

سىناق قىلىنغۇچىلار باغلانغان يىپ بىلەن كونۇسنى ئەينەك قاچا ئىچىدىن سىرتقا تارتاتتى، لېكىن، بۇ قاچىنىڭ ئاغزى ناھايىتى كىچىك

بولۇپ، بىر قېتىمدا پەقەت بىر تال كونۇسنى تارتىپ چىقىرىشقا بولاتتى، بۇ ئەينەك قاچىنىڭ ئاستى تەرىپىدە جۈمەك ئۇلايدىغان قىسىم بولۇپ، بۇ قاچىغا سۇ قويۇشقا بولاتتى.

تەجرىبە قىلىنغاندا، سىناق قىلىنغۇچىلار ھەرقايسىسى ئۆز قولىدا بىر تالدىن يىپنى تۇتۇپ تۇرۇشقان بولۇپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كونۇسنى بۇ قاچا ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىشنى مەقسەت قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قاچىنىڭ ئاستى تەرەپتىن سۇ قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئەگەر ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە سۇ ئورنى كۆتۈرۈلەتتى-دە، كونۇس ھۆل بولۇپ قېلىپ مەغلۇپ بولغان دەپ قارىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۆزئارا يول قويۇشمىسا، سۇ ئورنى ئۆرلەۋېرەتتى-دە، كۆپچىلىك «بىرگە ۋەيران بولۇپ» ھېچكىم مەقسىتىگە يېتەلمەيتتى. پەقەت ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولاتتى.




2.8-رەسىم رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقنىڭ تەجرىبىسى

تەجرىبە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلغان. بىرى، سىناق قىلىنغۇچىلارغا ئەگەر كونۇس سۇغا چىلىشىپ قېلىشتىن بۇرۇن بوتۇلكا ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىۋالغۇچىلار بولسا 25 ئامېرىكا سېنتى مۇكاپات بېرىلىدۇ، مەغلۇپ بولغۇچىلاردىن 5 ئامېرىكا سېنتى جەرىمانە ئېلىنىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇلغان؛ يەنە بىر خىل ئەھۋال، كۆپچىلىككە، بۇ تەجرىبىنىڭ مەقسىتى كۆپچىلىكنىڭ قانداق ھەمكارلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كونۇسنى بوتۇلكىدىن ئەڭ تېز چىقىرىۋېلىشى كۆرۈپ بېقىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. تەجرىبە نەتىجىسى ھەمكارلاشقان گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ نەتىجىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

مىنتىزنىڭ تەجرىبىسى ۋە باشقا تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، رىقابەت ۋە ھەمكارلىقنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ئوخشاشمىغان تەسىرلىرى بولىدۇ: (1) خىزمەت ۋەزىپىسى بىرقەدەر ئاددىي بولسا، بەلكى كوللېكتىپ ئىچىدىكى ھەربىر ئەزا پۈتكۈل خىزمەت جەريانلىرىنى مۇستەقىل ئورۇندىيالايدىغان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا

رىقابەتنىڭ ئۇنۇمى ھەمكارلىق ئۇنۇمىدىن ئۇستۇن بولىدۇ؛ (2) ئەگەر خىزمەت بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، بەزى خادىملار پۈتكۈل خىزمەتنى مۇستەقىل ئورۇندىيالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەمكارلىشىش رىقابەتلىشىشتىن ئۇستۇن تۇرىدۇ؛ (3) ئەگەر كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ھېسسىياتى كوللېكتىپنىڭ يۈنىلىشى بىلەن بىر بولسا ھەم ئېنىق بولغان كوللېكتىپ نىشانغا ئىگە بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا كوللېكتىپ ھەمكارلىقىدىكى نەتىجە شەخسلەرنىڭ رىقابىتىدىكى نەتىجىدىن ياخشى بولىدۇ؛ (4) ئەگەر كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ھېسسىياتى ئۆز خاھىشى بويىچە بولسا، خىزمەتكە بولغان قىزىقىشى يېتەرلىك بولمىسا، بۇنداق ئەھۋالدا شەخسلەرنىڭ رىقابىتىدىكى نەتىجە ھەمكارلىقتا ئېرىشكەن نەتىجىدىن ياخشى بولىدۇ.

مەكتەپلەرنىڭ كوللېكتىپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە، تەربىيىلىگۈچىلەر رىقابەتلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئىشىنى تەشكىللىگەندە تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. رىقابەت بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك

بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن رىقابەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، ئوقۇغۇچىلارغا زور پسىخىك بېسىم پەيدا قىلىدۇ، ئۆگىنىش ئاساسى بىرقەدەر ياخشى بولغان ئوقۇغۇچى بولسىمۇ ۋەزىپە بەك ئېغىر تۇيۇلىدۇ، ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولسا تېخىمۇ غەم-ئەندىشىگە چۈشىدۇ، ھەتتا دۈشمەنلىك غەرىزىدە بولىدۇ.

2. ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ رىقابەت ۋاستىسىنى قوللىنىشقا يېتەكلەش لازىم

يەنى ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە بولۇشىمىز، توغرا بولمىغان رىقابەت ۋاستىلىرىنى قوللىنىشتىن ساقلىنىشىمىز، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ رىقابەتنىڭ مەنىسىنى رەقىبىنى يېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلاش دەپ چۈشىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

3. رىقابەت جەريانىدا ھەمكارلىشىشنى تەكىتلەش لازىم

ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كوللېكتىپ بىلەن كوللېكتىپ ئارىسىدىكى رىقابەتنى تەشكىللەش كېرەك، كۆڭۈلدىكىدەك مائارىپ مۇھىتى ھەم

رىقابەتكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، ھەم ھەمكارلىققىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، رىقابەت جەريانىدا ھەمكارلىق بولۇشى، ھەمكارلىق جەريانىدا رىقابەت بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق مۇھىتتا (سورۇندا) رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى تەكىتلەش. رىقابەت بىلەن ھەمكارلىقنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى تەكىتلەش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ھەم ئۆگىنىش بىلەن خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى، ھەم ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

## § 4 . سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى

ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا كىشىلەر ھەمىشە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. سىنىپمۇ خۇددى بىر كىچىك جەمئىيەت بولۇپ، بۇ «جەمئىيەت»تە، ھەربىر ئوقۇغۇچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا ئەزالار بىلەن ئارىلىشىدۇ، باردى-كەلدى قىلىشىدۇ، مۇشۇ ئارىلىشىش ۋە باردى-كەلدى قىلىشلار جەريانىدا، ئۆزئارا مۇقەررەر يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ، بۇ خىل مۇناسىۋەت سىنىپتىكى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىسى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ پسىخىكىسى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ساھە بولۇپ قالىدۇ.

### 1. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

كىشىلىك مۇناسىۋەت كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئارىلىششى جەريانىدا شەكىللەنگەن پسىخىك مۇناسىۋەتتۇر. كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى — ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پسىخىك ئارىلىق بىلەن قەيت قىلىنىدۇ، ئۆلچىنىدۇ. سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ئارىلىشىدىغان ئوبيېكتى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلاردۇر. شۇڭا، سىنىپتىكى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق كىشىلىك مۇناسىۋىتى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. جەمئىيەتتىكى باشقا كوللېكتىپ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ:

## 1. پاكلىقى

ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ساۋاقداشلار مۇناسىۋىتى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدەك ئۇنداق چوڭقۇر، ئۇنداق مۇرەككەپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى پاك مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى چەكلەش كۈچى ۋە تەڭشەش رولىنىڭ نىسپىي كۈچلۈكلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ، بۇنى مەكتەپلەرنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن بولىدۇ.

ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىدىكى ئەزالار سەبىي ئاقكۆڭۈل ياش-ئۆسمۈرلەر بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي جەھەتتىن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پايدا-مەنپەئەت، زىيان-زەخمەت مۇناسىۋىتى ۋە ھوقۇق جەھەتتىكى بىر-بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈش بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى ئورتاق پائالىيەت، ئورتاق قىزىقىش ۋە ياخشى كۆرۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، چاكىنا بولغان پايدا-مەنپەئەت ھەۋىسىنى ئازراق يوقىتۇرىدۇ. پەقەت ئىككى ئادەم مەلۇم بىر جەھەتتە ئۆزئارا كېلىشەلىسە بوزۇلماس ۋەدىلەرنى بېرىشىپ، بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغان ئېجىل دوستلاردىن بولۇشىدۇ، ھەتتا ئەدەبىي ئەسەرلەر، كىنولاردىكى دوست بولۇشۇشلارنى دوراپ، «شاپتۇللۇق باغدا دوست بولۇش» قاندەك، ناھايىتى رومانتىك دوستلۇقتا بولىدۇ.

ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچى مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ئوقۇتقۇچى مەنىۋى مەدەنىيەت تارقىتىش، بىلىم تارقىتىش ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچى خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئادەم تەربىيىلەش خاراكتېرى مەكتەپلەردىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىۋاسىتە چەكلەپ تۇرىدۇ. مەكتەپلەردىكى بۇ خىل مۇناسىۋەت

مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى تولىمۇ پاك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ.

## 2. تەربىيىلەشچانلىقى

سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى ھەم تەربىيىلەش مەقسىتىگە، ھەم تەربىيىلەش ۋاستىسىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇ تەربىيىلەشچانلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

سىنىپ مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق تەشكىلىي شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سىنىپتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇقەررەر ھالدا تەربىيىلەش مەقسىتى ۋە يېتەكلەش نىشانىنىڭ چەكلىمىسى ۋە تەڭشىشىگە ئۇچرايدۇ. سىنىپتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مەزمۇنلىرى، خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ پسىخىك تەركىبلىرى مەسىلەن، ھېسسىيات، پوزىتسىيە قاتارلىقلارنىڭ ئۆزى مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالاقە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنى ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىتتىپاق ئۆتەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، ھەتتا ئۇلاردا بولۇپ ئۆتكەن توقۇنۇشۇپ قېلىش، جېدەل قىلىشىپ زىتلىشىپ قالغان ساۋاقداشلىرى بىلەنمۇ ئەپ ئۆتۈشتەك ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىش، ئۇلارغا باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە باشقىلارنى چۈشىنىشنى ئۆگىتىش، مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىتىش، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز تەربىيىلەپ چىقماقچى بولغان يېڭى ئىختىساس ئىگىلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپانىڭ بىرىدۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مەنىلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىنىپتىكى ئېسىل كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزى تەلىم-تەربىيىنىڭ مەقسىتىدۇر. ئۇندىن باشقا مەكتەپنىڭ پۈتكۈل ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ، يەنى بىلىم يەتكۈزۈش، خىسلەت يېتىلدۈرۈش، ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ ئورۇندىلىنىش قاتارلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇندىلىنىش، ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ۋە ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئېھتىياجلىق، ئىناق بولغان مەكتەپ كىشىلىك مۇناسىۋىتى بىلەن كوللېكتىپ پسىخىك كەيپىياتى بولمىسا، ھەرقانداق بىر

تەلىم-تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش تەسكە چۈشىدۇ. مائارىپ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سىنىپتىكى نورمالنى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم شەرت بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى ھەمىشە پسىخىك توسالغۇ ۋە پسىخىكىلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەبتۇر. شۇڭا، سىنىپنىڭ ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋىتىمۇ تەلىم-تەربىيىنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر.

### 3. يارىشىشچانلىقى

ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يارىشىشچانلىقى دېگىنىمىزدە، كوللېكتىپ ئەزالىرى ئارىسىدىكى باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پسىخىك ئارىلىقىنىڭ ئۆزگەرمەس ئەمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى چوڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش يىراقلىشىپ كەتسە ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەس بولۇش مۇناسىۋىتى تەس بولىدىغان مۇناسىۋەت ئەمەس. ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ يارىشىشچانلىقى بولىدۇ. بۇ يارىشىشچانلىق ياشنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، باشلانغۇچ مەكتەپ تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار زىددىيەتلىشىپ قالسا، ئوقۇتقۇچى ئۇلارنى ئوبدان كېلىشتۈرۈپ قويسىلا ئۇلار ئاسانلا يەنە بۇرۇنقى گېپىگە قايتىپ يارىشىپ قالىدۇ. بەزىلەر «ھېلىلا مۇشتلىشىپ كەتكەن» تۇرۇقلۇقمۇ، قائىدە سۆزلەپ چۈشەندۈرسە «يىغلاپ تۇرۇپ كۈلۈپ كېتىدۇ» -دە، ئەپلىشىپ قالىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى زىددىيەت پەقەت ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسىلا، ئۇلارنى ئېرىتىش بىرقەدەر ئاسانغا چۈشىدۇ. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقسا، پەقەت ئوقۇتقۇچى ئاڭلىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا يېقىنلىشىپ «كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ» مەسىلىنى ھەل قىلسا مۇناسىۋەت ئاسانلا ياخشىلىنىپ قالىدۇ.

## 2. سىنىپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى سىنىپتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسلىق

كىشىلىك مۇناسىۋەت بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈشتەك ئېسىل ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش تەلىم-تەربىيە مەقسىتىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

## 1. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان پسىخىك ئامىللار

ياخشى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى ھەر تەرەپلىمە ئامىللارغا چېتىشلىق بولىدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چىقىپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تونۇش ئامىلى ۋە ھېسسىيات ئامىلى، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ كىشىلىك سالاھىيىتى ئامىلىدا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

1. تونۇش ئامىلىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان تونۇش ئىجتىمائىي تونۇشنى، يەنى شەخسنىڭ باشقىلارغا، باشقىلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىگە ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بولغان تونۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىجتىمائىي تونۇش ئامىلىدىن قارايدىغان بولساق، ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزى ئويناپ چىققان رولىغا قارىتا تونۇشى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاقە جەريانىدا ئۆزى «رول ئېلىپ چىققان» ئىجتىمائىي رولغا قارىتا توغرا تونۇشىنىڭ بولغان-بولمىغانلىقى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ھەم بىلىم تارقاتقۇچى، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىگۈچى، ئىقتىدار يېتىلدۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى ھەم سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، تەربىيىلىگۈچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى توغرا تونۇپ يېتەلىسە؛ ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇستازى، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يولدىشى ۋە دوستى ئىكەنلىكىنى توغرا تونۇپ يېتەلىسە؛ ھەم جەمئىيەتنىڭ جاكارچىسى، ھەم ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ۋاكالەتچىسى ئىكەنلىكىنى توغرا تونۇپ يېتەلىسە، بۇ خىل تونۇش ئاساسىدا، يۈكسەك كەسپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن، كىتاب ئوقۇتۇپ

ئادەم تەربىيىلەش ۋەزىپە مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلسا ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىشىگە، ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا كۆڭۈل بۆلسە، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلسە؛ ھەم ھەربىر ئوقۇغۇچىغا خۇددى ئالىملاردەك قاتتىق تەلەپ قويسا، ھەم ھەربىر ئوقۇغۇچىغا خۇددى ئۇلارنىڭ ئانىسىدەك كۆڭۈل بۆلسە ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرسە؛ ھەم ئوقۇغۇچىلار مويسىپىتى بولسا، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرداش دوستى بولسا، ئوقۇغۇچىلارنى ھۆرمەتلىسە، ئۇلارنى چۈشەنسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپ پىكىرلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلىسا، ئۇنداقتا، ئىسىل بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ئاسان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەگەر پەقەت ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز رولىغا بولغان تونۇشلار تەكىتلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز رولىغا بولغان تونۇشىغا سەل قارالسا، ياخشى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشمۇ تەسكە توختايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدىكى يەنە بىر تەرەپ بولغاچقا، ئۇلار ھەم تەربىيىلەنگۈچى، باشقۇرۇلغۇچى، ھەم ئۆگەنگۈچى، ئىزدەنگۈچى، مانا بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچىلارغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىشنى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى، باشقۇرۇشقا بويسۇنۇشنى، تىرىشىپ ئۆگىنىشنى، پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشنى، ئۆزىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ رولىنى توغرا تونۇيالىسا، ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاشلىق پەيدا بولىدۇ-دە، ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدۇ.

2) ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تونۇشى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيىلەنگۈچى ئىكەنلىكى، باشقۇرۇلغۇچى ئىكەنلىكىنى، ھەم ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىدىغان ئاساسىي گەۋدە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى ھۆرمەتلەشتەك ئېھتىياجىغا ئىگە بولغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى لازىم. ئوقۇغۇچىلاردا ھەم «ئوقۇتقۇچىغا مايىللىق» بولۇش، ھەم «ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىقمۇ» بولۇش كېرەك، يەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىدە «ئوقۇغۇچىلىق تۇيغۇسى» بولۇپ، ھەممىسى ئوقۇتقۇچىنىڭ

تەربىيىسىگە مايىل بولۇشنى، ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆيۈنۈشىگە ئېرىشىشنى، ئۆزىنىڭ ياخشى بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇغۇچىلاردا بەلگىلىك مۇستەقىل ئۆگىنىش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارى بولۇپ، بەلگىلىك دەرىجىدە مۇستەقىللىق خاھىشى ۋە تەلەپلىرى بولغان بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى پەقەت ئوقۇغۇچىلارنى توغرا تونۇغاندا، ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي باھا بەرگەندە، ئاندىن توغرا پوزىتسىيە بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا مۇئامىلە قىلالىشى، نورمالنى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىشى مۇمكىن.

3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان تونۇشى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنى توغرا تونۇيالىسا، ئوقۇتقۇچىغا مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرلىك باھا بېرەلىسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىغا قارىتا بولغان ھېسسىياتى ئاكتىپ بولىدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىغا يېقىنلىشىش ھەرىكىتى پەيدا بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئوقۇتقۇچىدىن يىراقلىشىدۇ، ھەتتا ئوقۇتقۇچى بىلەن زىتلىشىدۇ. پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىجتىمائىي تونۇشىدا ھەمىشە غايىۋىلەشتۈرۈلگەن بىر ئالاھىدىلىك بولغان بولىدىكەن. ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نەزىرىدە، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوبرازى ئىنتايىن يۈكسەك بولۇپ، يۈكسەكلىكىدىن كىشىنىڭ ھۆرمەت ھېسسىياتى قوزغىلىپ، كىشىنى پەخىرلەندۈرىدۇ، كىشىنىڭ ئىشەنچىسىنى قوزغاپ ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدە، ئوقۇتقۇچى ھەم ھەقىقەتنىڭ نامايەندىسى، ھەم بىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ نەمۇنىسى، ئادەم بولۇشنىڭ قېلىپى؛ ھەم تەلەپچان ئۇستاز، ھەم سىرداش دوست، ھەتتا ئۇ بىر مېھرىبان ئانا. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىغا بولغان تونۇشى ھەم ئوقۇتقۇچىلارغا كۈچلۈك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ھەم ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە بەلگىلىك قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇندىن باشقا پسىخولوگىيە تەتقىقاتى يەنە شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىغا بولغان تونۇشى ياش ئالاھىدىلىكىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدە، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى «مۇقەددەس

يارلىق» دەپ بىلىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دائىم «بىزنىڭ مۇئەللىم مۇنداق دېگەن!» سۆزى مۇشۇنىڭ جۇملىسىدۇر. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يەنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان تونۇشىدا روشەن ئۆزگىرىش كۆرۈلىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ نوپۇزلۇق ئورنىمۇ جەڭگە چاقىرىلىدۇ، بەزى ئوقۇغۇچىلار بۇرۇنقىدەك «رايىش» بولماي قالىدۇ. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە نورمالسىز ھالەت كۆرۈلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى رازى بولغان ئوقۇتقۇچىلىرىغا يېقىنلىشىدۇ، ئۆزلىرى رازى بولمايدىغان ئوقۇتقۇچىلاردىن يىراقلىشىدۇ، ھەتتا ئۇلار بىلەن قارشىلىشىدۇ. ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بىلىم تەجرىبىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىلچانلىقى، تەنقىدچانلىقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان تونۇشى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىپ بارىدۇ، ئۇلار ئوقۇتقۇچىلاردىن ئېسىل خىسلەتكە ئىگە بولۇشنى ۋە ئالاھىدە ئوقۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ تەلەپلەرنى قاندۇرالايدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ، سىناق بولغان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىمۇ ئاسانلا ئورنىتىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئىناق بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش سەل تەسكە چۈشىدۇ.

2. ھېسسىيات ئامىلىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقاتى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، كىشىلەر ئالاقە جەريانىدا قانداق ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيىدە بولسا، بۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا تونۇش ئوخشاش بولسا، بەلكى يەنە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشسا، بىر-بىرىگە ئىشەنسە، بىر خىل مۇئەييەن يېقىنچىلىقتا ئىگە ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ياخشى كۆرۈش، دوستانە ئۆتۈش، قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇش، ھېسداشلىق قىلىش دېگەنلەر. ئەكسىچە بولغاندا، گەرچە تونۇشى ئوخشاش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزئارا بىر خىل بىزار بولۇش، سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، نەپرەتلىنىش قاتارلىق ئىنكار قىلىش، يىراقلىشىپ كېتىشچانلىقتا ئىگە بولغان ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ

ھەم قارشى تەرەپنى ئوبيېكتىپ ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھېسسىيات ئامىلىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە ھېسسىيات ئامىلى ئىنتايىن مۇھىم ئاساسقا ئىگە. ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چوقۇم «ئوقۇتقۇچىغا يېقىنلىشىش، ئوقۇتقۇچىغا ئىشىنىش» لازىم. ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچى ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئورنىتىش، تەلىم-تەربىيىدىكى ئىناۋەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈشى لازىم. ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيمەيدىغان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقىشى ناتايىن، ھەتتا ئۇنىڭ مائارىپ ھاياتى ئەمدى باشلىنىشى بىلەنلا ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىمۇ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي ھېسسىيات خۇشاللىقىغا يەتمەيدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەڭ زور مەغلۇبىيىتى بىلەن ئازاب-ئوقۇبىتىمۇ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ئازابقا يەتمەيدۇ.

3. خاراكتېر ئامىلىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە بولىدىغان تەسىرى

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى — ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ پەزىلىتى ئاساسىدا ئۆزئارا بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئېھتىياجى، مەقسىتى، پوزىتسىيىسى، ئىقتىدارى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، مىجەز-خاراكتېرى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقاتى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، سەمىمىي بولۇش، قىزغىن بولۇش، ئىقتىدارلىق بولۇش، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشلار كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا بىر-بىرىنى جەلپ قىلىدىغان بىرنەچچە خىل مۇھىم پەزىلەت خىسلىتىدىندۇر. تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خاراكتېر سەۋەبى تۈپەيلىدىن قارشى تەرەپنى ياخشى كۆرۈش ياكى ئۆچ كۆرۈش ئەھۋالى ساقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىغا بولغان پوزىتسىيىسى ئوقۇتقۇچى خىسلىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمىسا، ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويىدىغان ئوقۇتقۇچى ئۆزىنى تەكشۈرەلەيدۇ؛ مەنمەنچى،

تەكەببۇر ئوقۇتقۇچىنى ئوقۇغۇچىلار ھۇرۇن ياكى دۆت دەپ ئەيىبلەيدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەملىكىتىمىز مائارىپچىسى شۇ تېلى ئەپەندى: «ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە، ئاۋۋال تىلغا ئېلىنىدىغىنى خىسلەت مەسىلىسى»، چۈنكى ئوقۇتقۇچى رەھبەرلىك قىلغۇچى بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىنىڭ خىسلىتىنى تەكىتلىمەي زادى بولمايدۇ» دېگەنىدى.

## 2. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى قارىمۇقارشىلىقىدا دائىم كۆرۈلىدىغان سەۋەبلەر

تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىشىپ قېلىشى، ھەتتا قارىمۇقارشى بولۇپ قېلىش ھادىسىسى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ مەلۇم ئوقۇغۇچىغا ئۆچ بولۇپ قېلىشى، ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلەپلىرىنى «ئاڭلاپلا قويسا بولىدۇ» غاندەك، ئۇنىڭغا ئېرەنشىمەسلىك قاتارلىقلار. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئېغىر دەرىجىدە يامانلاشقاندا، ئوقۇغۇچىلار، ھەتتا مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ، ئەتەي «قارىمۇقارشى مۇقامغا تۇۋلاپ» قويىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا ئازابلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ سەۋەبلىك چۈشكۈنلىشىپ كېتىپ، ھەرىكەتلىرى بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى يوقىلىدۇ، ئۆگىنىش مەقسىتىگە بولغان تونۇشى تۆۋەنلەپ كېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇشتىن زېرىكىش پسىخىكىسى ۋە ئوقۇشتىن قېچىش ھادىسىلىرى كېلىپ چىقىدۇ. بەزىدە، ھەتتا ئوقۇتقۇچىدىن قورال ئىشلىتىپ ئۆچ ئېلىش، جىنايەت يولىغا مېڭىشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ بۇنداق ئىناق بولمىغان، ھەتتا قارىمۇقارشى ھالەتتىكى بۇ خىل ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشى، ھەتتا دەرس ئۆتۈشتىن بىزار بولۇشتەك كەيپىياتتا بولۇشى مۇمكىن.

مائارىپ پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتى ۋە تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە قارىمۇقارشىلىقنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئوقۇتقۇچى تەرەپتىن بولىدىغان سەۋەب

ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىم-تەربىيە قارىشى كونا بولۇش، خىزمىتىنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش، ئوقۇتۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى قاندۇرالماسلىق؛ تەربىيىلەش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي بولۇش، ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردۇر. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە جىددىيلىك ئېلىپ كېلىدىغان دائىم كۆرۈلىدىغان پسىخىك سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1) ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويغان تەلىپى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەسلىك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك ياكى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان، ئوقۇغۇچىلار ھەرقانچە تىرىشىپمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىيالمىغان.

2) ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپى ناھايىتى كۆپ، لېكىن، قاتتىق تەكشۈرۈپ تۇرۇپ ئىجرا قىلمايدىغان، قىسقىسى «لەۋزىدە تۇرمايدىغان».

3) ئوقۇغۇچىلارنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرمەي، يان بېسىش، بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدىن چىقىش قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ھوقۇقى ياكى ئوقۇغۇچىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشىدىن ئۈمىد بار-يوقلۇقىغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيىدە بولىدۇ، بەزى ئوقۇتقۇچىلار، ھەتتا ئايرىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ سۆرۈشۈپ يۈرۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلاردا مۇئەللىم ئىش قىلىشتا ئادىل ئەمەس ئىكەن دېگەن تۇيغۇنى بېرىپ قويىدۇ.

4) ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەزىلىتىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى مەجبۇرىي باسىدىغان تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

5) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىرەر ئىش چىقا-چىقمايلا «ئائىلە باشلىقىنى چاقىرىدۇ» ياكى

ئائىلە باشلىقلىرى (ئاتا-ئانىلار) يىغىنىدا ئاتا-ئانىلارنى ئەيىبلەپ تەنقىدلەيدۇ. بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ نورمالنى خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ھەم ئاتا-ئانىلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ-دە، ئاتا-ئانىلار خىزمەتداشلىرى ۋە قولۇم-قوشنىلىرى ئارىسىدا يۈزى چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىغا بولغان قارشى تۇرۇش پسىخىكىسى كۈچىيىپ كېتىدۇ.

6) كونىچە ئوقۇتقۇچى ئابرويىنى تىكلەش پسىخىكىسى

بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئوقۇتقۇچى مۇتلەق نوپۇزىنى (ئابرويىنى) ساقلاپ قېلىشى كېرەك دەپ قاراپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ چېشىغا قىلچىلىك تېگىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. قۇلىقى يۇمشاق ئوقۇغۇچىنى ياخشى ئوقۇغۇچى دەپ قارايدۇ؛ بەزى ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى كىبىرلىك بولۇپ، كەسكىن، ھەتتا ناھايىتى قاتتىق، سۇرلۇك چىراي ئىپادىسى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلىق ئابرويىنى ساقلىماقچى بولىدۇ. بۇ خىل ئوقۇتقۇچى نوپۇزىنىڭ كونتروللۇقىدا، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئارىسىدىكى پسىخىك ئارىلىق تولىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

2. ئوقۇغۇچىلار تەرەپتىن

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ئوقۇغۇچىلار تەرەپتىمۇ بولىدۇ.

1) تولىمۇ گۆدەكلىك ۋە بىلىمسىزلىك. ئوقۇتقۇچىنىڭ توغرا، مۇۋاپىق، يوللۇق بولغان تەلەپلىرىنىمۇ خاتا چۈشىنىدىغان، مەسىلەن، تەلەپنىڭ قاتتىق قويۇلۇشىنى شەپقەتسىزلىك، ئادىل بولمىغانلىق دەپ قارايدىغان، ئوقۇغۇچى كادىرلار ۋە ساۋاقداشلارنىڭ ئوقۇتقۇچى ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشىنى «خائىنلىق قىلىش»، «چېقىمچىلىق قىلىش» دەپ قاراش.

2) ئۆگىنىش ئاساسى ئاجىز بولۇش، ئىرادىسى بوش بولۇش، ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق، شۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، ھەممە ئىشقا بىپەرۋا قاراپ «نېمە بولسا بولمامدۇ» دەپ قاراش، مەيلى ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمىسۇن ياكى جازالانسۇن ھەممىسىگە «كارىيىتى چاغلىق» دەيدىغان ئىپادىدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئازابلىرىنى يوشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىدىن يىراقلاپ كېتىش، ھەتتا ئەتەي ئوقۇتقۇچى بىلەن «قارشى مۇقامغا تۇۋلاش».

3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەت، ئائىلىنىڭ ناچار تەسىرى بىلەن پەيدا

بولغان چاكىنا پىسخىكىسى. مەسىلەن، «پۇل ھەممىگە قادىر»، ھوقۇق ھەممىدىن ئەلا دېگەندەك چاكىنا قاراشلار ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى چىرىتىدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكى ئايرىم ئوقۇغۇچىلار پەقەت ئوقۇتقۇچىغا سوۋغات بېرىپ تۇرساق ياكى ئاتا-ئانىمىزنىڭ ھوقۇق كۈچى بولسا «ئالاھىدە پۇقرا» بولغىلى بولىدۇ دەپ قاراپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىمىنى ئەستە تۇتماي قولاق يوپۇرۇۋالىدۇ.

4) گۇمانخورلۇق كەيپىياتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى ھەممىلا جايدا ماڭا دىققەت قىلىپ يۈرەمدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئادىل بولمايۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلاردىن يىراقلىشىدۇ.

ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە جىددىيلىك پەيدا قىلىدىغان ھەرخىل ئامىللارنى سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ، مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ئارىسىدىكى پسىخىك جەھەتتىن يىراقلىشىپ كېتىشنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىپ، شۇ ئارقىلىق ئىناق بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش لازىم.

## 3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇش

### 1. كىشىلىك ئالاقىگە ئائىت بىلىملەر تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ياخشى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت تونۇش ئاساسى سېلىش لازىم

ياخشى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت بەلگىلىك بىلىمنى تونۇش ئاساسى قىلىشقا ئېھتىياجلىق. ئوقۇغۇچىلارغا كىشىلىك ئالاقە بىلىملىرىدىن تەلىم بېرىشتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم:

1. ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنى ئوقۇتقۇچى خىزمىتىگە نىسبەتەن ئوخشاش پسىخىك تونۇشقا ئىگە بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بېرىش-كېلىشىنىڭ توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا

يېتەكچىلىك قىلىش. ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاقە ساھەسىدە، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىسى ۋە ئۆلچىمى بولۇپ، بۇ قائىدىلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلىرى بىلەن قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىدە زور پەرق بولىدۇ، يەنى ئاكتىپ ئامىللارمۇ بولىدۇ. پاسسىپ ئامىللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار «ساداقەتمەن» بولۇشنى دوستلىرىدىن قىلچە سىر ساقلىماسلىق، دوستلىرىنىڭ ھەرقانداق يامان ئىشىنى سىرتقا ئاشكارىلىماسلىق دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن «دوستىغا ساتقىنلىق قىلغانلىق» ، «خائىنلىق قىلغانلىق» بولىدۇ. بەزىلەر ئۇستازىغا ھۆرمەت قىلغانلىقنى «تەخسىكەشلىك قىلغانلىق» دەپ چۈشىنىش قاتارلىقلار. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى بۇ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئوقۇتقۇچىنىڭ توغرا يېتەكلىشىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ، توغرا يېتەكلەنسە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاقىسى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ زۆرۈر بولغان كىشىلىك ئالاقە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تەشكىللەپ، ئوقۇغۇچىلارغا كىشىلىك ئالاقىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئاساسىي ئۇسۇلنى ئۆگىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا كىشىلىك ئالاقىدىكى ئاساسىي ئادەت ۋە يوسۇنلارنى ئۆگىتىش لازىم.

## 2. پۇرسەت يارىتىپ، ئالاقە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم

ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك ئالاقىنىڭ بەرپا قىلىنىشى كىشىلىك ئالاقىنىڭ دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. كىشىلىك ئالاقىنىڭ دەرىجىسى ئالاقە قېتىمى ۋە ئالاقە چوڭقۇرلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تۈزۈلىدۇ. ئالاقە قېتىمى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش قېتىم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىنىڭ قېتىم سانى قانچە كۆپ بولسا، ئۆزئارا چۈشىنىش شۇنچە كۆپ بولىدۇ، يەنى بىرقەدەر قويۇق بولغان مۇناسىۋەت شۇنچە ئاسان شەكىللىنىدۇ. ئالاقىنىڭ چوڭقۇرلۇقى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئاساسىنىڭ تونۇش قاتلىمى ۋە ھېسسىيات قاتلىمىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشىدا ھەم تونۇش ئاساسى بولۇشى، تېخىمۇ مۇھىمى ھېسسىيات ئاساسى بولۇش كېرەك. ۋەھالەنكى، كىشىلەر ئارىسىدىكى تونۇش ۋە ھېسسىيات قاتلاملىقققا ئىگە بولىدۇ. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا جەلپ قىلىش ئامىلى چوڭ جەھەتتىن ئۈچ

قاتلامغا بۇلۇنىدۇ. يېشى، جىنسى، بوشلۇق ئارىلىقى، ماددىي شارائىت قاتارلىقلار تۈۋەن قاتلامغا تەۋە بولىدۇ، قىزىقىشى ۋە ياخشى كۆرۈشى، ئەقلىي ئىقتىدار سەۋىيىسى، ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى قاتارلىقلار ئوتتۇرا قاتلامغا تەۋە بولىدۇ. غايە ئىشەنچىسى، قىممەت قارىشى، كىشىلىك دۇنيا قارىشى قاتارلىقلار يۇقىرى قاتلامغا تەۋە بولىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىكى قاتلام قانچە يۇقىرى بولسا، ئالاقە شۇنچە ئاسان چوڭقۇرلىشىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەت شۇنچە مۇستەھكەملىنىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ۋاقىتلىق چىقىشىپ ئۆتۈۋاتقان (مەسىلەن، «ھەمتاۋاق ئاغىنە» ) بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئاساسى ئاجىز بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەربىيىلىگۈچىلەر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى چوڭقۇرلۇق تەرەپكە تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلىشى، ھەقىقىي ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، سىرداش دوستلاردىن بولۇپ، ئورتاق ئالغا بېسىشقا يېتەكلىشى لازىم. سىنىپ كۆچۈش رىقابىتى بېسىمى ئاستىدا، بولۇپمۇ سىنىپ كۆچۈشتىن ئۈمىد يوق ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ئۇلارنىڭ قارتا ئويناش، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىپ مەشرەپ ئويناشتەك تۆۋەن قاتلاملىق ئۇسۇلدا ئالاقە قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## 3. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك ئالاقىسىنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇش لازىم

ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ ھەمىشە بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر مەسىلە. بەزى سىنىپلاردا «ئۇرۇش-جېدەل تۈگىمەيدىغان» ، «ئىككى تام بولۇپ ئازارلىشىدىغان» ئەھۋاللار بىرىنىڭ كەينىدىن-بىرى چىقىدۇ، بەزىدە ھەتتا قاتتىق توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپلىشىپ ئۇرۇش-جېدەل قىلىشى، تىل كۆتۈرۈپ ئۇرۇشۇش، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئاشكارا زاكۇنلىشىش قاتارلىقلار. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا قاتتىق توقۇنۇش يۈز بەرگەندە دەرھال قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ، كەسكىن ھالدا ئىككى تەرەپنى توقۇنۇشۇۋاتقان مۇھىتتىن خالاس قىلىپ، ئەھۋالنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىشتا

ئىككى نۇقتىغا چوقۇم ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرى، ئىمكان بار توقۇنۇشنى «سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش» لازىم، يەنى ئاۋۋال كارى بولماي قويۇپ بېرىش، ھەل قىلىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئاچچىقى ئۆزلۈكىدىن يانغاندىن كېيىن، كەيپىيات تۇراقلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ھەل قىلىش لازىم. پسىخولوگىيە تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كىشىلەر دەرغەزەپ بولۇۋاتقان ھالەتتە ئاسانلا ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئەگەر توقۇنۇشۇپ قالغان ھەر ئىككىلا تەرەپ «غەزەپتىن ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان» بولۇپ، ئوقۇتقۇچى مەجبۇرىي كېلىشتۈرمەكچى بولسا، مەسىلىنى ھەل قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى ئەكسىچە زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەرگىزمۇ قوپاللىق بىلەن بىر ئىش قىلماسلىق ياكى ھوقۇقىغا تايىنىپ باشقىلارنى باسماسلىق لازىم. سەۋەبىنى سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ چىقىپ، توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرى، ۋەقەنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، ئوبيېكتىپ، ئادىل بىر تەرەپ قىلىش لازىم. توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدا ئىنچىكە، چوڭقۇر ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، فېئوداللىق جەمئىيەتتىن قالغان «قەھرىمانلىق قارىشى» نىڭ تەسىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى توقۇنۇش ئالدىدا يول قويغانلىق «مەغلۇپ بولغانلىق» ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئالىيجاناب ھەرىكەت ۋە كۆكسى قارنىنى كەڭ تۇتقانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش لازىم.

### 4. ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئوبدان تەڭشەشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى

سىنىپتىكى ھەرخىل كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئاساسىي يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق ياكى ئىناق ئەمەسلىكى سىنىپتىكى باشقا كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى قارىمۇقارشى ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بىر سىنىپتا، ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ زىددىيەت قاتمۇقات بولۇپ، بۆلۈنۈش كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى

دېموكراتىك، باراۋەر ئاساستا بولسا، بىر-بىرىگە ھېسسىياتى چوڭقۇر بولسا، ئۇنداقتا ساۋاقداشلار ئارىسىدىمۇ ئىتتىپاق، دوستانە، ئۆزئارا ياردەمدە ئۆتىدىغان قويۇق مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇھىم ھالقىسى.

سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تەرەپنىڭ بىرسى ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىدۇر. ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئۇنۇملۇك يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەڭشەش ئۈچۈن، تەربىيىلىگۈچىلەر چوقۇم ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى ھەم ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىشى لازىم. كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى بابىدا بۇ توغرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە قايتا توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

# توققۇزىنچى باب پىسخىك ساغلاملىق

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا
1) مۇھىم نۇقتا:
پىسخىك ساغلاملىق چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەمدە پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش.
2) قىيىن نۇقتا: پىسخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەش.
2. ئۆگىنىش تەلىپى
1) ئەستە ساقلاش: پىسخىك ساغلاملىق، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ئۇقۇمى
2) چۈشىنىش: پىسخىك ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرخىل ئامىللار، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئەندىزىسى.
3) تەتبىقلاش: ئۆزىنىڭ كەسپىگە بىرلەشتۇرۇش، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانداق قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئويلىنىش.
3. مۇھاكىمە سوئاللىرى
1) پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش مەكتەپلەردە ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشتا قانداق رولغا ئىگە؟
2) سىز پىسخىك ساغلاملىقتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟
3) ئۆزىڭىزنىڭ كەسپىگە بىرلەشتۇرۇپ مەكتەپلەردە قانداق قىلغاندا پىسخىك تەربىيىسىنى قانات يايدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇڭ.

مەكتەپ تەربىيىسى كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. جەمئىيەتنىڭ بىسىمى ئېشىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر بارغانسېرى مەكتەپ تەربىيىسى قانداق ئېلىپ بېرىلغاندا ياش ئەۋلادلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشقا، يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى قېزىشقا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ساغلام پىسخىك ۋە

تولۇق خىسلەتكە ئىگە قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆمۈر بويى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەكتە.

پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەرىپى، شۇنداقلا ئاساس مائارىپىنىڭ «ئىمتىھان مائارىپى»تىن «ساپا مائارىپى»قا ئۆتۈشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئۇ ھازىرقى ئىلغار مائارىپ ئېقىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## § 1. پىسخىك ساغلاملىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

پىسخىك ساغلاملىق تەن ساغلاملىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، پەقەت پىسخىك جەھەتتە ساغلام كىشىلەر ھەقىقىي ساغلام ھېسابلىنىدۇ.

### 1. پىسخىك ساغلاملىق ئۇقۇمى

#### 1. پىسخىك ساغلاملىقنىڭ تەدبىرى

ساغلاملىق ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان، يېڭىلىنىۋاتقان يېڭى ئۇقۇم. كىشىلەرنىڭ ساغلاملىققا بولغان تونۇشى ۋە تەلىپىنى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن بولغاچقا بەدەن ئىقتىدارىدىن ئايرىلسىلا ياشىيالمايتتى. شۇڭا ئۇچۇن كىشىلەرنىڭ ساغلاملىققا بولغان تونۇشى ئاساسەن فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن چۈشىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدار ھالىتىنىڭ ياخشى بولۇش دەرىجىسىنى ساغلاملىقنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم قىلاتتى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، پەن-تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىققا بولغان تونۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 1948-يىلى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى(WHO) نىڭ بەلگىلىمىسىدە كۆرسىتىلىشىچە: ساغلاملىق بەدەندە كېسەللىك ۋە زەئىپلىكنىڭ يوقلۇقىدا

ئەمەس، بەلكى بەدەن روھىي جەھەتتە مۇكەممەل ھالەتنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى ئامېرىكا ئالىمى ئېنگېل بىئولوگىيە-پسىخىكا-ئىجتىمائىي داۋالاش ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. نۆۋەتتە، كىشىلەر ئىلگىرىكى ساغلاملىق فىزىئولوگىيە جەھەتتە نورمالسىز بولغان كىشىلەردىن خالىي بولغانلىقتىن ئىبارەت قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ فىزىئولوگىيە، پسىخىكا، ئىجتىمائىي پائالىيىتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك تەرىپىنى ھېس قىلدى. كىشىلەرنىڭ ساغلاملىق ئۇقۇمىغا بولغان چۈشىنىشىدە سۈپەت خاراكتېرلىك سەكرەش بارلىققا كەلدى.

ساغلاملىق كىشىلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھالىتى، پسىخىك ھالىتى ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىشچانلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، ياخشى فىزىئولوگىيىلىك ھالەت، بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ نورماللىقى فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارنىڭ ياخشى بولۇش ھالىتىنىڭ نورمال بولۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. ياخشى بولغان پسىخىك ھالەت پسىخىكىسىنىڭ نورماللىقى قەدىر-قىممىتىنىڭ مۇكەممەللىكى كەيپىياتىنىڭ تۇراقلىقلىقى پسىخىكىسىنىڭ تەڭپۇڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. جەمئىيەتكە ماسلىشىشچانلىق كىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىقىنى سالاھىيىتىنىڭ جايىدا بولغانلىقى ۋە ياخشى بولغان ئۆز-ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. يېقىندا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ساغلاملىقنىڭ ئەڭ يېڭى ئېنىقلىمىسىنى ئېلان قىلدى. «بىر ئادەمنىڭ بەدىنى، پسىخىكىسى، ئىجتىمائىي ماسلىشىشچانلىقى ۋە ئەخلاقى مۇكەممەل بولغاندىلا ئاندىن ساغلام ئادەم ھېسابلىنىدۇ»①. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساغلاملىق جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ ۋە بېيىيدۇ.

## 2. پسىخىك ساغلاملىقنىڭ مەنىسى

بىرىنچىدىن، پسىخىك ساغلاملىق جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىكنىڭ

① مېلىك رۇشەن: «پسىخىك ساغلاملىق»، «جۇڭگو ۋە چەت ئەل مائارىپى»، 1997-يىلى 4-سان.

ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق. كىشىلەرنىڭ پسىخىك پائالىيىتى بىلەن فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتى ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى، كەيپىياتى ۋە سۆز ھەرىكىتىنىڭ قانداق بولۇشى ساغلاملىق ۋە كېسەللىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كىشىلەرنىڭ پسىخىك پائالىيىتى ئۇلارنىڭ ئىچكى ئاجرالما سىستېمىسى، ئىممۇنىتېت، ھەزىم قىلىش نەپەسلىنىش سىستېمىسى قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئورگانىزمنىڭ قابىلىيىتى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. دۆلىتىمىز ئالىملىرىنىڭ جەمئىيەت ئىلمى بىلەن كېسەللىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىشىغا ئاسانلانغاندا، نورمالسىز ھەرىكەت ۋە تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ساغلاملىققا بولغان تەھدىتى ئىنتايىن چوڭ.[1] بۈگۈنكى دەۋردىكى مېدىتسىنا ئىلمى تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى ئىرسىيەت، بىئوخىمىيە، ئىممونىتېت قاتارلىق ئېلېمېنتلارغا ئوخشاش پسىخىكا ۋە جەمئىيەت ئېلېمېنتى كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، داۋالاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشى داۋامىدا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا، پسىخىك ساغلاملىققا ئەھمىيەت بەرگەندىلا پسىخىك كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، تەن ساغلاملىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، پسىخىك ساغلاملىق ئۆگىنىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پسىخىك جەھەتتە ساغلام بولغاندىلا مۇھىتقا ماسلىشىشچانلىق ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالغىلى ئۆزىگە تولۇق ئىشىنىدىغان، خۇشخۇي ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە ئىھتىياتچانلىق بىلەن ئاتلىنىدىغان بولىدۇ. ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمى شۇنى ئىسپاتلىدىكى: ئۇزۇن مۇددەت جىددىي ھالەتتە بولۇش، كۆپ گۇمانلىنىش، مەغرورلۇق، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش، يالغان سۆزلەش، ھەسەت قىلىش، قايغۇرۇپ يۈرۈش قاتارلىق ساغلام بولمىغان پسىخىك ھالەت داۋاملىق ساقلانسا، كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، كىشىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشى، ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەكتەپ مائارىپىدىن ئېيتقاندا، پسىخىك ساغلاملىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

---

① دۇۋەن شۇجېن «جىددىيلىك ۋەكېسەللىك ئالدىنى ئېلىش مېدىتسىناندىكى ئىجتىمائىي پسىخىك ئامىللار»، «مەكتەپلەر پسىخىك گىگىيىنىسى»دا كەلتۈرۈلگەن، فۇجيەن مائارىپ نەشرىياتى 1987-يىلى نەشرى.

تەتقىق قىلىنىشىچە، ئەگەر ئوقۇغۇچىلار بىسىم ئاستىدا تۇرسا، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى مىخانىك، ئۇلۇك بولۇپ قالىدۇ. بىسىم يەنە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئەستە ساقلىشى ۋە تەسەۋۋۇرى قاتارلىق بىلىش ھەرىكەتلىرىگىمۇ توسالغۇلۇق قىلىدۇ. پسىخولوگىيە ئالىمى خارلوك (E. Harlock) تەجرىبە ئارقىلىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئىپتىقاندا قاتتىق تەنقىدتىن كېلىپ چىققان قورقۇش، جىددىيلىشىش، زېرىكىش، بىزار بولۇش قاتارلىق ساغلام بولمىغان كەيپىيات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئاكتىپچانلىقىغا، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. پسىخىك ساغلاملىق يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاسلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

پسىخىك جەھەتتە ساغلام ئوقۇغۇچىلار مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاسانلا ماسلىشالايدۇ، شۇنىڭدەك پسىخىك ساغلاملىق خاراكتېرىنى مۇكەممەل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى، ئۇندىن باشقا، پسىخىك ساغلاملىق بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە پۇقرالارنىڭ (خەلقىنىڭ) پسىخىك سۈپىتىنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى مەدەنىيەت تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىق سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، پسىخىك كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئازايتقىلى بولىدۇ ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى

### 1. پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئومۇمىي بايان قىلىنىشى

پسىخىك جەھەتتىن ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىگە نېمە ئۆلچەم قىلىنىدۇ؟ تەن ساغلاملىقىغا نىسبەتەن ئوبيېكتىپ ئۆلچەم ۋە كۆزىتىش ۋاسىتىسى يوق. پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولۇش ياكى بولماسلىقنىڭ

ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق ئېنىق چەك-چېگرا يوق. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئوخشاش بولمىغان مىللىي مەدەنىيەتنىڭ پسىخىك ساغلاملىققا بولغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە پسىخولوگىيە ساھەسىدە پسىخىك ساغلاملىق توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ئۆلچەم يوق. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن پسىخولوگلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئىزدىنىپ ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن، ئامېرىكا پسىخولوگى كابۇس (A. W. Combs) پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولغان نورمال ئادەمدە تۆۋەندىكى تۆت سۈپەت بولۇش كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ: (1) ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىنى بىلىش؛ (2) مۇۋاپىق ھالدا باشقىلارنى تونۇش؛ (3) رېئاللىققا يۈزلىنىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش؛ (4) سۇبيېكتىپ تەجرىبىسى مول بولۇش ۋە ئۇنى ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش.

ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق پسىخولوگ ماسلوۋ (Maslow) ۋە مىتېلمان (Mittelman) مۇ پسىخىك جەھەتتە ساغلام بولۇش بولماسلىقنىڭ ئون تۈرلۈك ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

(1) تولۇق بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بارمۇ-يوق؟ (2) ئۆزىنى تولۇق چۈشىنەمدۇ-يوق ھەمدە ئۆزىگە مۇۋاپىق باھا بېرەلەمدۇ-يوق؟ (3) ئۆزىنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى ئىرادىسى ۋە مەقسىتى رېئاللىققا ماس كېلەمدۇ-يوق؟ (4) ئەتراپتىكى مۇھىتقا ماسلىشالامدۇ-يوق؟ (5) ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ۋە ماسلىشىشچانلىقىنى ساقلىيالامدۇ-يوق؟ (6) تەجرىبە جەريانىدا ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەنمۇ-يوق؟ (7) ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلىيالامدۇ-يوق؟ (8) ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىپادىلىيەلەمدۇ ۋە كونترول قىلالامدۇ-يوق؟ (9) كوللېكتىپلىق يول قويغان شارائىت ئاستىدا چەكلىمىسى بار بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرالامدۇ-يوق؟ (10) ئىجتىمائىي قائىدىلەرنىڭ دائىرىسى ئىچىدە مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالامدۇ-يوق؟

مەملىكىتىمىز پسىخولوگى جاڭ شېڭيۈەن پسىخىك جەھەتتە ساغلام بولۇشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئۇلار: ئۆز-ئۆزىنى تونۇش، ئۆز-ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىشتۇر.

## 2. پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى

1. رېئاللىققا توغرا قاراش ۋە رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش

پسىخىك ھالىتى ساغلام بولغان ئادەم رېئاللىققا يۈزلىنىپ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالايدۇ. مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە شەيئىلەرنى ئوبيېكتىپ تونۇپ ۋە ئۇلارغا توغرا باھا بېرەلەيدۇ. تويۇقسىز يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى بىرقەدەر ياخشى قوبۇل قىلىپ ئەكسىچە رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە خىزمەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆڭۈلدىكىدەك مۇۋاپىق ھەل قىلالايدۇ. قىيىنچىلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە نىسبەتەن يېتەرلىك جاسارەت ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزالايدۇ. پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولمىغان ئادەم دائىم خىيالنى رېئاللىق ئورنىغا دەسسىتىپ رېئاللىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. جەڭ ئېلان قىلىشقا يۈزلىنىدىغان جاسارەت كەمچىل بولىدۇ. ئۆز-ئۆزىدىن ئاغرىنىدۇ ياكى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئۆزىگە نىسبەتەن ئادىل بولمىدى دەپ ئاغرىنىدۇ. شۇڭا مۇھىتقا ماسلىشىشى تەسكە چۈشىدۇ.

2. ئۆزىگە توغرا باھا بېرىش ۋە ئۆز-ئۆزىنى چۈشىنىش

پسىخىك ھالىتى ساغلام كىشى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، يېتەرسىزلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىغا توغرا قارىيالايدۇ. ئۆز-ئۆزىنى بىلىپ ئۆزىگە مۇۋاپىق ھالدا باھا بېرەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە ماس كېلىدىغان نىشاننى تىكلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كېيىنكى ئىستىقبالىغا نىسبەتەن تولۇق ئىشەنچ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، ھەتتا ئۆزىدىكى تولۇقلىغىلى بولمايدىغان كەمچىلىكلەرگە نىسبەتەنمۇ توغرا مۇئامىلىدە بولالايدۇ. پسىخىك ھالىتى ساغلام بولمىغان كىشىدە ئۆز-ئۆزىنى بىلىش كەمچىل بولۇپ، تىكلىگەن نىشانى ھامان ئۆزىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولۇپ كېتىپ دائىم ئۆزىدىن ئاغرىنىپ يۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ دائىم تولۇق پىششىپ يېتىلگەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. شۇڭا، دائىم ئۆزى بىلەن ئۆزى چىقىشالمايدۇ. ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەپ، ئۆز-ئۆزىدىن ئاغرىنىپ ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى تەڭپۇڭسىز ھالەتكە قويۇپ يۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئوبيېكتىپ تونۇشى ۋە باھاسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

3. باشقىلارنى قوبۇل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇش

پسىخىك ھالىتى ساغلام ئادەم ئۆز-ئۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز-ئۆزىنى

چۈشىنىدۇ. يەنە باشقىلارنىمۇ قوبۇل قىلىپ باشقىلارنىمۇ چۈشىنىدۇ ۋە تولۇق تونۇپ باشقىلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇھىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدۇ. باشقىلار بىلەن مۇئامىلە (بېرىش-كېلىش) قىلىشنى ياقتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىپ ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلىشقا پۇرسەت بېرەلەيدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ياخشى ماسلىشىپ ئۆزىنىڭ دوستلۇقتا، ھېسداشلىق، سەمىمىي، ئىشەنچ، ھۆرمەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدە تولۇق بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بولىدۇ. پسىخىك ھالىتى ساغلام بولمىغان كىشى دائىم ئۆزىنى ئامما سىرتىدا يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ. ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن چىقىشالمايدۇ.

4. ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىش، ئىنكاسى مۇۋاپىق بولۇش

پسىخىك جەھەتتە ساغلام ئادەم كەيپىياتى مۇقىم، ئۈمىدۋار، تۇرمۇشنى سۆيىدىغان، خىزمەتكە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن ھۇزۇرلىنالايدىغان ھەمدە ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ توختىماستىن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بوشلۇقنى ئاچالايدۇ. ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. غەلىبىنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلىپ، ئاكتىپ كەيپىياتىنى پاسسىپ كەيپىياتتىن كۆپ قىلالايدۇ. ھەر خىل مۇھىتقا ماسلىشىپ مۇۋاپىق ھالدا ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ ۋە ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئىنكاسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىردەك قىلالايدۇ. ھاياجانلىنىدىغان ۋاقىتتا ھاياجانلىنىپ، سوغۇققان بولىدىغان ۋاقىتتا سوغۇققان بولۇپ دەل جايىدا، ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كەتمەسلىك، غەلىبە قىلغاندا مەغرۇرلانماسلىق، مەغلۇپ بولغاندا بوشىشىپ كەتمەسلىك، كەمتەر بولۇش، ئۆزىنى پەس كۆرمەسلىك، ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىدۇ.

5. ئەقلىي قابىلىيىتى نورمال، كىشىلىك قەدىر-قىممىتى مۇكەممەل بولۇش

ئەقلىي قابىلىيىتى نورمال بولۇش پسىخىك ساغلاملىقنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشى، ئۆگىنىش، خىزمەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك پسىخىكىلىق شەرتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پسىخىك جەھەتتە ساغلام كىشى مۇكەممەل ۋە ماس ھالدىكى قەدىر-قىممەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ.

بۇ ئوچۇق مىجەزلىك، جانلىق، چېۋەر ۋە مۇقىملىقنىڭ ئىرادىسى. مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى قائىدىلەرگە مۇۋاپىق بولىدۇ. كەيپىيات ئاساسىي مۇقىم مۇۋاپىق ماس كەلگەن بولىدۇ. ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن ياخشى ئۇچرىشىشنى ساقلاپ قالالايدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولالايدۇ.

6. پسىخىك ھەرىكىتى ياش ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن بولۇش

ئادەمنىڭ پسىخىكىسى (پسىخىكا ھالىتى) ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ياش باسقۇچلىرىدا شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ھەرىكەت شەكلى بولىدۇ. روھى، پسىخىكىسى ساغلام ئادەم كۆپلىگەن ئۆزى بىلەن ئوخشاش ياشتىكى كىشىلەر بىلەن ماس بولمىغان پسىخىكا ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ پسىخىكا ھەرىكىتى ئېغىر دەرىجىدە ئۆزىنىڭ يېشىدىن چەكلىنىپ كەتسە، بۇ شۇ كىشىنىڭ پسىخىكىسىنىڭ ساغلام بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. مەسىلەن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دەل ياشلىق باھار مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ، يەنى زېھىن قۇۋۋىتى تولۇپ-تاشقان، ئوي-پىكرى ئۆتكۈر، ھېسسىياتقا باي بولغان بىر دەۋر. شۇڭا، ئۇلاردا تولۇپتاشقان قىزغىنلىق ۋە يۇقىرى ئاكتىپچانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھەددىدىن زىيادە ھارغىنلىق، قېرىلىقنىڭ ئىپادىسى بولسا، شۇ مەزگىلدىكى ياش ئالاھىدىلىكىگە يات بولغان بولىدۇ.

## 3. پسىخىك ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

ئادەمنىڭ پسىخىكا پائالىيىتى بولسا ئىنتايىن مۇرەككەپ، ھالەتچان جەريان، شۇڭا پسىخىك ساغلاملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان روھىي جەھەتتىكى توسالغۇلارنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارمۇ مۇرەككەپ، ھەرخىل بولۇپ، فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1. فىزىئولوگىيىلىك ئامىل

1. ئىرسىيەت ئامىلى

ئادەمنىڭ پسىخىكىسى ئاساسلىقى. كېيىنكى مۇھىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى ئىرسىي ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تەكشۈرۈش ھەمدە كلىنىكىلىق كۆزىتىشلەرگە ئاساسلانغاندا، نۇرغۇنلىغان روھىي كېسەللىكنىڭ قوزغىلىشىنىڭ سەۋەبى ھەقىقەتەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىرسىي جەھەتتىكى ئاسان يۇقۇملىنىدىغان خاراكتېرلىك بەزى كىشىلەرمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ئىرسىي ئالاھىدىلىكنى ئاساس قىلغان روھىي تىپتىكى ھەمدە ھەرخىل ياش مەزگىلى ئىپادىلەنگەن بەدەن ئالاھىدىلىكىمۇ ئادەمنىڭ پسىخىكا پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2. مىكرولۇق يۇقۇملىنىش ۋە بەدەن كېسەللىكى

كېسەل مىكروبلىرى مەسىلەن، ۋىرۇس قاتارلىقلار قوزغىغان مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدىكى يۇقۇملىنىش كېسىلى ئادەمنىڭ نېرۋا توقۇلمىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا زىيان يەتكۈزۈپ، پسىخىك توسالغۇ ۋە روھىي جەھەتتىن نورمالسىزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نۇقتىنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرى چوڭ بولۇپ، بۇ ئەقلىي-قابىلىيىتى كېچىكىپ تەرەققىي قىلىش ياكى گومۇش بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

3. مېڭىنىڭ زەخىملىنىشى ۋە باشقا ئامىللار

مېڭە تاشقى زەخىملىنىش ياكى خىمىيىلىك زەھەرلىنىش ھەمدە بەزى ئېغىر بولغان بەدەن كېسەللىرى، فۇنكسىيە توسالغۇسى قاتارلىقلارمۇ پسىخىك توسالغۇسى ۋە روھ جەھەتتىن نورمالسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللاردۇر.

## 2. ئىجتىمائىي ئامىل

1. تۇرمۇش مۇھىتى ئامىلى

تۇرمۇشتىكى ماددىي شارائىتنىڭ يامان بولۇشى، تۇرمۇش ئادەتلىرى مۇۋاپىق بولماسلىق مەسىلەن، تاماكا، ھاراق، يېمەكلىك مىقدارى ھەددىدىن زىيادە بولۇش قاتارلىقلار ھەممىسى بەدەن ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ناچار خىزمەت شارائىتى، ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۆزىراپ كېتىشى، خىزمەتنىڭ ئوخشىسىز، مەنىسىز بولۇشى ھەمدە ئولتۇراق-جاي شارائىتى، ئىقتىسادىي كىرىم ناچار بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى،

ئادەمدە تەشۋىشلىنىش، بىئارام بولۇش، ئاچچىقلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش قاتارلىق پسىخىك ھالەتنى پەيدا قىلىپ، ئادەمنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشىمۇ يەككىلىكتە پسىخىكىلىق ئالاقزادىلىكنى پەيدا قىلىدۇ، پسىخىكىنىڭ ماسلاشماسلىقىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

2. ئېغىر تۇرمۇش ۋەقەسى ۋە موتاتسىيە (تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش) ئامىللىرى

تۇرمۇشتا يولۇققان ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ بەزى تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن ۋەقەلەر، كۆپىنچە پسىخىك نورمالسىزلىقنى ياكى روھىي كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللاردۇر. مەسىلەن، ئۆيدە بىرسى ئۆلۈپ كېتىش، مۇھەببەتتىدىن ئايرىلىش، ئاجرىشىپ كېتىش، ئاپەتكە ئۇچراش، كېسەل بولۇش قاتارلىقلار، شەخسنىڭ ھەربىر قېتىملىق تۇرمۇش ۋەقەلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈشى سەۋەبىدىن ھەممىسى ئۇنىڭغا بېسىم ئېلىپ كەلگەچكە پۇتۇن قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىدۇ، تەڭشەش ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ئىشلار بەك كۆپ بولسا ياكى ۋەقەلەر بەك ئېغىر، تۇيۇقسىز بولۇپ كەتسە، شەخسنىڭ بەدەن ۋە روھىي ساغلاملىقى ناھايىتى ئاسانلا تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

3. مەدەنىيەت تەربىيە ئامىلى

تەربىيە ئامىلى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە ئائىلە تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەخسنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىدىن ئېيتقاندا، بالدۇر بېرىلگەن تەربىيە ئائىلە مۇھىتى، پسىخىكىلىق ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، شەخسنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇھىتى ئاددىي، نامرات بولسا، ئۇنىڭ پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ھەمدە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدۇ. ئەكسىچە ياخشى غەمخورلۇققا ئېرىشكەن، تولۇق تەربىيىنى قوبۇل قىلغان شەخس قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن مۇھىم ئەرباب بولۇپ چىقىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، بالىلار ۋە ئاتا-ئانىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىلەش پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلى ئائىلە تۈرى قاتارلىقلارمۇ شەخسنىڭ كېيىنكى پسىخىك ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دەسلەپتىلا ئاتا-ئانىسى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ئورناتقان ۋە

ساقلىيالىغان، ئاتا-ئانىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن، قوللىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشىغا ئېرىشكەن ئۆسمۈر بالىلار ئاسانلا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسىغا ئىگە بولالايدۇ. قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى خاراكتېرىنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلىشى، ئىجتىمائىي ئالاقە، جەمئىيەتكە ماسلىشىش، قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن جوكبود (1980-) نۇرغۇنلىغان كلىنىكىلىق كۆزىتىشلەر ئارقىلىق بايقىشىچە قۇرامىغا يېتىش مەزگىلىدىكى قايغۇ-ھەسرەت ياشلىق مەزگىلىدىن بۇرۇنقى مېھرىبانلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى يوقىتىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى مەسىلەن، تەربىيە ئۇسۇلى، مەكتەپتىكى ئىجتىمائىي ئالاقە، مەكتەپ ئىستىلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر، مۇئەللىمنىڭ ئوقۇتۇش پوزىتسىيىسى، پەزىلىتى ياخشى بولماسلىق قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىلىق ساغلامسىزلىق مەسىلىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەتمۇ ئادەمنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت روھىي كېسەللىك ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت (پەن-تېخنىكا، مائارىپ، دىن، ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ئادەت قاتارلىقلار) تە، روھىي-كېسەللىكنىڭ تەرەققىي قىلىش نىسبىتى كېسەللىكنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىمۇ روشەن پەرق مەۋجۇت. مەسىلەن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتە جىلەخورلۇق ياكى دەرد-ئەلەم خاراكتېرىدىكى روھىي كېسەللىك ئاز كۆرۈلىدۇ. لېكىن، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە بولسا بۇنداق كېسەللىك ئادەتتىكى كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ.

## 3. پسىخىك ئامىل

### 1. ھېسسىيات ئامىلى

ئادەمنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتى ھەمىشە ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئىچكى ئەزالارنىڭ پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاكتىپ، خۇشاللىق ھېسسىياتلىرى ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ياخشى رول ئوينايدۇ. ئورگانىزمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. تەن ساغلاملىقىنى

ئاشۇرىدۇ. ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ تەتقىقاتى پاسسىپ ھېسسىياتنىڭ بەدەن ۋە روھىي كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ياخشى رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇردى. مەسىلەن تايانچ بولماسلىق ۋە ياخشى كەيپىياتنى يوقىتىپ قويۇش، بىر ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى تۆۋەنلەشتۈرىۋېتىدۇ. كەيپىيات روھ پسىخىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدە يادرولۇق رول ئوينايدۇ. كەيپىياتنىڭ نورمالسىزلىقى دائىم روھىي كېسەللىك ۋە پسىخىك كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ياخشى بولغان كەيپىيات رەھىي ساغلاملىقىنىڭ كاپالەتچىسىدۇر.

2. خاسلىق ئالاھىدىلىكى. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس خاسلىق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ روھىي كەيپىياتىغا نىسبەتەن روشەن تەسىرى بولىدۇ. چۈنكى ئادەملەر دائىم، ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كېسەل پەيدا قىلىدىغان ئامىللار ۋە كېسەللىكلەرگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. شۇڭا، شەخسنىڭ خاسلىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى دائىم كېسەل پەيدا قىلىدىغان ئامىللاردىن بەكرەك كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. تەتقىقات شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرخىل روھىي كېسەللىكلەر، بولۇپمۇ نېرۋا كېسىلىنى دائىم ماس ھالدىكى ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇ ئەڭ ئاساسىي پەيدا قىلغان بولىدۇ. ئامېرىكا ئالىمى فېرمان (Freeman) تەتقىق قىلىپ، كوبۇس شەكلى يۈرەك كېسەللىكلىرى بىمارلىرى «A تىپلىق» مىجەز خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھەمدە ئېغىش ئالاھىدىلىكىدىكى خاراكتېرنى بايقىغان. شۇڭا ساغلام بولغان خىسلەتنى يېتىلدۈرۈش — روھىي توسالغۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئازايتىشنىڭ مۇھىم تەرىپى.

3. پسىخىكىلىق توقۇنۇش

كىشىلەرنىڭ تاللاشقا ئامالسىز ھالەتكە دۇچ كەلگەندە پەيدا بولىدىغان پسىخىكىسىنىڭ توقۇنۇش ھالىتىدۇر. پسىخىكىلىق توقۇنۇشنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى بىر تۈرلۈك پسىخىكىنىڭ بېسىمى بولغانلىقتىن، بۇ خىل بېسىم شەخسنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە ئەھۋالدا شەخسنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى ۋە خىزمەتكە ناچار تەسىر پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ توقۇنۇش ئۇزاققىچە بوشىمىغان چاغدا، تېخىمۇ جىددىيلىشىش ۋە تەشۋىشلىنىش كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. ئېغىر بولغاندا پسىخىك كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ. گەرچە توقۇنۇش ھەممىسى يامان ئىش

بولمىسىمۇ، بىراق قاتتىق ۋە ئۇزاق توقۇنۇش، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئامالىنىڭ بارىچە ساقلىنىش لازىم.

## § 2 . پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەش

پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەش — پسىخىك ساغلاملىق ھالىتىنى چۈشىنىش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى. ئۇ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### 1. پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەش ئۇقۇمى

قانداق ئۇسۇل بىلەن ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ساغلام ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىغىلى بولىدۇ؟ بۇ بىر ئۇزۇندىن بېرى كىشىلەر ئىزدىنىۋاتقان مەسىلە. ھازىر كىشىلەرنىڭ پسىخىك-ساغلاملىقىغا نىسبەتەن فىزىئولوگىيىلىك كېسەللىكنىڭكىدەك تەكشۈرگەندەك توغرا، ئېنىقلىق بولمىدى. بىراق، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى بولسا ئوبيېكتىپ غىدىقلىغۇچىلارنىڭ پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلدى، شۇنىڭدەك بۇ خىل ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى تونۇدى. پسىخىك پائالىيەت نېرۋا سىستېمىسىنىڭ پائالىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىسى ھازىرقى زامان فىزىئولوگىيىسىنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات خېلى چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولدى. پسىخىك-پائالىيەت، ئەمەلىيەت (تىل، ئۆگىنىش، ئويۇن، خىزمەت قاتارلىقلار) ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئادەملەر پسىخىك كېسەللىكلىرىنى تونۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى تىزگىنلىيەلىدى.

پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەش ئاساسلىقى پسىخولوگىيىلىك ئۇسۇل ۋە تېخنىكىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ پسىخىك ھالىتى، پسىخىكىلىك پەرقى، ھەرىكەت ئىپادىسىنى مۆلچەرلەش ھەمدە پسىخىك ساغلاملىق مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە دەرىجىسىنى بېكىتىشنى كۆرسىتىدۇ. پسىىك ساغلاملىقنى تەكشۈرۈش تېببىي دىئاگنوز قويۇش بىلەن ئوخشىمايدۇ.

(1) پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچەش ئوبيېكتى بەزىبىر قاتتىق ئۆلچەملىك پسىخىكىلىق مىقدار بولمايدۇ. شۇنىشى مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ دىئاگنوز

ئوبيېكتى بولسا، مەسىلەن، بەدەن تېمپېراتۇرىسى، قان بېسىمى قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك (ھالەت) مىقدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەلگىلىك ئۆلچەم قىممىتى بولىدۇ.

(2) پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەش ئېچىپ بەرگەن پسىخىكىلىق ئېغىش. مېدىتسىنا ئىلمىدىكىگە ئوخشاش، قاتتىق تەلەپ بىلەن تۇرگە ئايرىمايدۇ. پەقەت مەلۇم بىر تۇرىدىكى پسىخىكا بىلەن ھەرىكەت ئېغىشىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەكسىچە مېدىتسىنا دىئاگنوزى دائىم كېسەل بولغۇچىنىڭ بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل كېسىلىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ.

(3) پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچەش بولسا، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا جەمئىيەتشۇناسلىق، نېرۋا فىزىئولوگىيىسى قاتارلىق ھەرخىل سەۋىيە ۋە دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. توغرا يۆنىلىشلىك ۋە تەڭ يۆنىلىشلىك تەكشۇرۇلگۇچىنىڭ پسىخىك توسالغۇسى ۋە ھەرىكەت ئېغىشىنىڭ تۇرلۇك سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ (ئېچىپ) بېرىدۇ.

(4) پسىخىكىلىك ئۆلچەش سىناشنىڭ چوڭقۇرلۇق ياكى كەڭلىك دەرىجىسى ھەممىسى مېدىتسىنا دىئاگنوزىدىن چوڭ بولىدۇ.

(5) پسىخىكا ساغلاملىق ئۆلچەش تەكشۇرۇلگۇچىنىڭ نۇقسانلىرى ۋە ئېغىشىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئېسىل-پەزىلىتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(6) ئايرىم بىرقىسىم پەرقلەر پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچەشتە خېلى چوڭ ئورۇننى تۇتىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاشلا ئۆگىنىش نەتىجىسى (ئۇنۇمى) ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئوخشاش بولمىغان سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن.

پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆلچەش مەكتەپ مائارىپ خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرخىل پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچەش ئۇسۇلى، بىزنى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ ھەمدە سانلىق مىقدارلارغا ئىگە بولغان بەلگىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق ھالىتىنىمۇ چۈشىنىش، بۇ ئارقىلىق بەلگىلىك تېزلىك بىلەن پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئېلىپ بارغىلى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، شۇنداقلا مەكتەپتىكى نورمالسىز پسىخىكا ئۇستىدە مۆلچەرلەش ۋە ئالدىنى ئېلىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ئادەمنىڭ پسىخىكىسى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، بەزىدە نورمال پسىخىكا بىلەن نورمالسىز پسىخىكا بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كېتىپ ئايرىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پسىخىك ساغلاملىقىنى ئۆلچەشتە چوقۇم ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش ھەمدە ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئۇنۇملۇك ئوبيېكتىپ ئۇسۇلنى قوللىنىپ كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان ماتېرىياللارنى يىغىپ ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل يۈرگۈزگەندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك-ساغلاملىقىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەمەلىي نەتىجە چىقارغىلى بولىدۇ.

## 2. پسىخىكا ساغلاملىقىنى ئۆلچەشنىڭ تۈرلىرى

پسىخىكا ساغلاملىقى ئادەتتە ئادەتتىكى تەكشۈرۈش، نېرۋا سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش، پسىخىكىنى سىناش قاتارلىق ئۈچ خىل بولىدۇ.

### 1. ئادەتتىكى تەكشۈرۈش

ئادەتتىكى تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى، ئاساسەن بىر ئادەمنىڭ پسىخىك ساغلاملىق ئەھۋالىغا تەسىر قىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك شارائىتلارنى چۈشىنىش، پسىخىكىلىق مەسىلىلەرگە ئائىت بولغان ئارقا كۆرۈنۈش مەسىلىلىرىنى بايقاش ۋە مەزمۇنىنى تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. كىملىك ماتېرىيالى: ئىسمى، جىنسى، كەسپى، يېشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، مىللىتى.

2. ساپا (سۈپەت) ماتېرىيالى: تەلىم-تەربىيە ئېلىش ئەھۋالى (تەلىم-تەبىيە ئېلىش تارىخى، مەكتەپتىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى، مۇكاپاتلىنىش جازالىنىش ئەھۋالى)؛ ئىجتىمائىي ئالاقە ئەھۋالى (ئائىلىدە ياكى مەھەللىدە ۋەياكى مەكتەپتە بىرگە تۇرغانلار بىلەن ئەپمۇ-ئەمەسمۇ؟ مەكتەپتە كوللېكتىپ تۇرمۇشىغا ماسلىشىش ئەھۋالى)، شەخسىي ئالاھىدىلىك ئەھۋالى (شەخسنىڭ ھەۋىسى، قىزىقىشى، مىجەز خاراكتېرى، مىجەز ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار ھەمدە مۇھىتنى چۈشىنىش، تەلىم-تەربىيە ئامىلىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن ئوينىغان رولى)؛ سالامەتلىك ئەھۋالى (بەدەن تەرەققىياتى نورمالمۇ-ئەمەس، نۆۋەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك ئەھۋالى، مەسىلەن، نېرۋا سىستېمىسى،

ئىچكى ئاجرىتىپ چىقىرىش قابىلىيىتى قاتارلىقلار).

3. ئىلگىرىكى كېسەللىك تارىخى، ئىلگىرى قانداق ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان؟ بولۇپمۇ نېرۋا سىستېمىسى يۇقۇملۇق كېسىلى، مېڭە زەخىملىنىش قاتارلىقلار باللىق سەرگۈزەشتىسى، يەنى باللىق دەۋرىدە تەسىر قىلغان چوڭ ۋەقەلەر ھەم ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

4. ئائىلە ئەھۋالى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋەزىپىسى، يېشى، مەدەنىيەت دەرىجىسى، شەخسىي ئالاھىدىلىك، تەربىيىلىنىش پۇرسىتى، ئائىلىسىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە روھىي كېسەل بولغانلار بارمۇ-يوق؟

5. ھازىرقى كېسەللىك تارىخى، شۇ ۋاقىتتا بايقىغان پسىخىكىلىق نورمالسىزلىق ئىپادىسى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبىنىڭ ئېھتىماللىقى، دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى، مەسىلەن، ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى، دەرىجىسى، يۈز بەرگەن مۇھىت بىلەن ئارقا كۆرۈنۈش ئەھۋالى قاتارلىقلار.

ئادەتتىكى تەكشۈرۈش ئىگە بولغان ماتېرىياللار روھىي كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. فىزىئولوگىيە جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئادەتتە ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى مەسئول بولۇپ تەكشۈرىدۇ. باشقا جەھەتلەردىكى ماتېرىياللارنى ئادەتتىكى تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشنى پسىخىك خادىملار ياكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىسە بولىدۇ.

## 2. نېرۋا سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش

ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسى، پسىخىكىلىق ھەرىكەتنىڭ ماددىي ئاساسى، مەلۇم پسىخىكىلىق كېسەللەر، بولۇپمۇ روھىي كېسەللەر دائىم چوڭ مېڭە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ نورمالسىز بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، نېرۋا سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش، پسىخىك ساغلاملىقنى تەكشۈرۈپ سىناشتا كەم بولسا بولمايدىغان تەشكىلىي قىسىم. بىراق، بۇ خىل تەكشۈرۈش كەسپىي تېخنىكىسىنى ئىگىلەشنى، بىرقەدەر مۇرەككەپ نېرۋا سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشنى مەخسۇس ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل خىزمەت ئاساسلىق، روھىي كېسەللىك بۆلۈمى ياكى نېرۋا بۆلۈمىنىڭ دوختۇرلىرى مەسئول بولىدۇ.

نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەكشۈرۈش دائىرىسى، بىر قەدەر كەڭ. ئالدى بىلەن كلىنىكىلىق روھىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭ مەقسىتى مېڭە خاراكتېرلىك تۇسالغۇنى مۆلچەرلەش ھەمدە مېڭە خاراكتېرلىك تۇسالغۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ماھىيىتى ۋە دەرىجىسىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. ئۇ مەسئۇلىيەت جەھەتلەردىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى، سەزگۈسى ھەرىكەتلىنىش تېخنىكىسى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، پىكىر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتى، ئىنكا قايتۇرۇش سۈرئىتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ. مەسىلەن، خورسىت-لىدەس نېرۋا فىزىئولوگىيىسى ئىلمىدە ئادەم مېڭىسى بىلەن ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ تەكشۈرگەن بولۇپ، ئاساسلىق مەزمۇنى:

1. بىر تەرەپلىمىلىك ئەۋزەللىككە ئاساسەن تەكشۈرۈش: بۇ قول، پۇت، كۆز، مۇرە قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئادەمنىڭ يېرىم ئەۋزەللىكلىرىنى ئايرىپ بېكىتىش.

2. سۆزلەشتىن قېلىشنى تەكشۈرۈش: دوراپ رەسىم سىزىش، سۆز ۋە جۈملىدە ئوقۇش، سۆز مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، تەكشۈرگۈچىنىڭ سۆزىنى قايتىدىن تەكرارلاش.

3. قول تۇتۇشۇپ تەكشۈرۈپ سىناش: كېسەلنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۈچى بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش. شەكلى مۇۋاپىقمۇ-ئەمەسمۇ؟ بۇنى تەكشۈرۈش.

4. كاتېگورىيىلىك تەكشۈرۈش: كېسەلنىڭ ئابستراكت پىكىر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتى.

5. قول بارماقلىرىنى چېكىپ تەسىر قىلىش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ سىناش: قول بارماقلىرىنىڭ ئىنچىكە ئازۇپ-ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈش.

6. ئاۋاز سېزىمىنى تەكشۈرۈپ سىناش: ئاڭلاش سېزىمىنى تەكشۈرۈپ قابىلىيىتىنى ئايرىش.

7. يىپ ئۇلاپ تەكشۈرۈپ سىناش: مۇناسىۋەتلىك كۆرۈش سېزىمىنى ئۇقۇم ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىنى تەكشۈرۈش.

8. مەسئۇلىيەت قابىلىيىتىگە تەسىر قىلىپ تەكشۈرۈپ سىناش: سېزىمى، قابىلىيىتى، ھەرىكەت سېزىمى، تەڭشەش قابىلىيىتى ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى تەكشۈرۈش.

9. مۇزىكا رىتىمى: مۇزىكا ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىنى چۈشىنىش.

10. سېزىم سەزگۈسىنىڭ توسالغۇسىنى تەكشۈرۈپ سىناش: بارماقنىڭ بار-يوقلۇقى، تېرىنىڭ سېزىمچانلىقى، ئاڭلاش ئىقتىدارى ۋە كۆرۈش ئىقتىداردا ئاجىزلىق بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، نېرۋا سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش يەنە ئاڭ ھالىتىنى تەكشۈرۈش، پالەچ بولۇپ قېلىشنى تەكشۈرۈش، ئىنكاس قايتۇرۇش ئورگانىزمىنى تەكشرۈش، مېڭە سىخېمىسىنى تەكشۈرۈش، x نۇرىدا تەكشۈرۈش قاتارلىقلار.

## 3. پسىخىكىلىق سىناق

پسىخىكىلىق سىناق فىزىئولوگىيىدىكى بىر خىل كونكرېت تېخنىكا بولۇپ، ئادەمنىڭ ئايرىم پەرق ھالىتى بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش بەلگىسىگە نىسبەتەن بىر خىل ۋاستە. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ پسىخىكا قابىلىيىتى قانداق سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، قانداق پسىخىكىلىق خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى، بۇنىڭ بىلەن روھىي پائالىيىتىنىڭ نورمال ياكى ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پسىخىكا تەكشۈرۈشنىڭ تۈرلىرى خىلمۇخىل ۋە كۆپ بولۇپ، ئادەمنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرىدىن ئاساسلىقلىرى ئەقلىي كۈچىنى سىناش، خاراكتېرىنى سىناش، ئۆلچەم جەدۋىلىنى باھالاش قاتارلىقلار.

ئەقلىي كۈچىنى سىناش پسىخىكا ساغلاملىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تېخنىكا. ئوقۇغۇچىلار قابىلىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە باھا بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە مەلۇم دەرىجىدە پسىخىك ساغلاملىقىنىڭ مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا پسىخىك نورمالسىزلىق مەسىلىسىنى ئىنكاس قىلىپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەقلىي كۈچىنىڭ نورمال ياكى ئەمەسلىكىنى، بىر ئادەمنىڭ پسىخىكا ساغلامى-ئەمەسمۇ، شۇنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمىنىڭ بىرى بولالايدۇ.

ۋېكسىۋىل ئۆلچەم جەدۋىلى، پسىخىكا ساغلاملىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تەكشۈرگۈچى تىلنى سىناش ۋە مەشغۇلىيەت سىناشتىن ئىبارەت ئىككى خىل سىناشنىڭ كوئېففىتسېنتىگە ھەمدە ئىككى خىل بۆلۈنمە سانىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئەقلىي كۈچى چېكىنىش ياكى مېڭە سىرتقى زەخىملىنىشتىن كېلىپ چىققان ئەقلىي كۈچى ئاجىزلىق، روھىي توسالغۇ ياكى باشقا نورمالسىز ھالەتلەرگە دىئاگنوز

قويىدۇ. كىلاسېر (Glasser) بىلەن زىممېرمان (Zimmerman)، ھەتتا ۋېسۋىل كوچى ئۆلچەش جەدۋىلى، ئەقلىي قابىلىيەت مۆلچەرلەش مەقسىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى مۆلچەرلەيدۇ. شۇڭا، تەكشۈرۈشنىڭ تۈرلىرىدىكى جاۋابتا شۇ كىشىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى. پىسخىك ساغلاملىق مەسىلىسىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، سۆزلۈك «زىيان-زەخمەت» دېگەن بۇ تۈردىن «مەن» دەپ جاۋاب بەرسەك، بالىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئۇقۇمىنى چۈشىنىشكە ھەمدە كۆرۈلگەن تۈرلەرگە ئالاھىدە جاۋاب تاپالايدىغان بالىلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ پىسخىكلىق توسالغۇسىنىڭ دەرىجىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

خاراكتېرىنى سىناش تەتقىق قىلىپ خاسلىق پىسخىك ئالاھىدىلىككە باھا بېرىشتىكى بىر خىل تېخنىكا. خاراكتېرگە باھا بېرىشنىڭ ئۆلچەملىرى ناھايىتى كۆپ، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن مىننېسوتادا ئوخشىشىدىغان خاراكتېرنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى (MMPI) بىلەن كاتېرنىڭ 16 خىل خاراكتېر ئامىللىرىنى تەكشۈرۈش سىناقلىرى بار (16PF).

MMPI ئەڭ دەسلەپتە روھىي كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ سىناشتا ئىشلىتىلدى، كېيىن نورمال ئادەملەرنى تەكشۈرۈشتىمۇ ئىشلىتىلدى. ھازىر دۇنيادا ئىشلىتىلىشى ئەڭ كەڭ، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان خاراكتېرنى ئۆلچەش جەدۋىلىدۇر.. ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، سالامەتلىك، جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىك، نېرۋا توسالغۇ، ھەرىكەتنى تەڭشەلمەسلىك، جىنسىي ھەۋەس ھەرىكەت ئىپادىسى. مەسىلەن، مەجبۇرىي ھەرىكەت، خىيالىي سېزىم، خام-خىيال، كېسەللىك ھالىتى قورقۇنۇچلۇق بولۇپ قېلىش. قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كاتېرنىڭ 16PF بولسا 16 خىل ئاساسلىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ستاتىستىكىلىق نەتىجىگە ئاساسەن ئادەم قىممىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، پىسخىكىلىك ساغلاملىق ئەھۋالى، مۇھىتقا ماسلىشىش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

باھالاش ئۆلچەش جەدۋىلى پىسخىكا ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈشتىكى دائىم قوللىنىدىغان قوراللارنىڭ بىرى، ئۆلچەش جەدۋىلى ئوبيېكتىپلىققا، بەلگىلىك ئوبيېكتىپ ئۆلچەمگە ئىگە بولۇپ، قانداق ۋاقىت، قانداق شارائىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە مۇشۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن ماتېرىيال يىغىدۇ. دەرىجىلىك باھا چىقىرىدۇ. شۇڭا ئېرىشكەن نەتىجە بىرقەدەر

ئوبيېكتىپ بولىدۇ.

باھالاش ئۆلچەم جەدۋىلىنىڭ ئۇسۇلى ناھايىتى كۆپ. مەقسەتكە ئاساسەن تۈرگە ئايرىساق كېسەللىك تەكشۈرۈش مىقدار جەدۋىلى، كېسەللىك ئەھۋالى مىقدار جەدۋىلى، ئادەتتىكى ھەرىكەتنى كۆرسىتىپ تەكشۈرۈش جەدۋىلى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. مەزمۇنىغا ئاساسەن كېسەل بار ئەھۋالىنى ئۆلچەيدىغان جەدۋەل، ھۆكۈم قىلىشنى ئۆلچەيدىغان جەدۋەل، قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن دەرد-ئەلەم، قايغۇنى ئۆلچەيدىغان جەدۋەل، تەشۋىشلىنىشنى ئۆلچەيدىغان جەدۋەل قاتارلىقلار. بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى، بەزى جەدۋەللەر بولسا ئۇنىۋېرسال ھەرخىل ئىشلىتىلىشى بولىدۇ.

نۆۋەتتە كۆز ئالدىمىزدا پسىخىكا ساغلاملىقىمىزنى تەكشۈرۈپ سىناشتا دائىم ئىشلىتىدىغان ئۆلچەش جەدۋىلى SCL—90 كېسەللىك ئۆلچەش جەدۋىلى، ZUNG قايغۇنى ئۆلچەش جەدۋىلى (SDS)، ZUNG تەشۋىشلىنىشنى ئۆلچەش جەدۋىلى (SAS) قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئىچىدىكى SCL—90 بولسا ئەڭ دائىملىق كۆپ ئىشلىتىدىغان جەدۋەلدۇر. Derogatis SCL—90 تۈزۈپ چىققان Hopkins نى ئاساس قىلىدۇ. 90 خىل تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەش دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. ئاساسىي جەھەتتىن كېسەل بولغۇچىنىڭ كېسەل دەرىجىسىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارنى ئۆلچەش جەدۋىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا SCL—90 جەدۋىلىنىڭ سالمىقى ئېغىر بولىدۇ. كېسەلنى ئىنكاس قىلىش تېز ھەمدە كېسەل كىشىنىڭ كېسەللىنى توغرا ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. SCL—90 نىڭ 90 خىل باھالاش تۈرى ئىچىدە بىرقەدەر كەڭرەك روھىي كېسەل ئىلمىنىڭ مەزمۇنى، سەزگۈ، كەيپىيات، تەپەككۇر، ئاڭ، ھەرىكەت، ھەتتا تۇرمۇش ئادىتى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى، ئوزۇقلىنىش، ئۇخلاش قاتارلىق تەرتىپلىك قەدەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەرخىل شەكىلدە ئۇخشىمىغان پسىخىكىلىق سىناقلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پسىخىك ساغلاملىق توغرىسىدا تەكشۈرگەندە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. قاراتمىلىقى بولۇشى كېرەك

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن سىناق ماتېرىيالىنى تاللاش كېرەك. مەسىلەن، ئۆگىنىش جەھەتتە توسالغۇ بارلارغا

ئەقىل سىناش ھەمدە ئۆگىنىش ئىقتىدارى جەھەتتىن سىناش، كەيپىيات ۋە بەدەن سۈپەت جەھەتتە توسالغۇ بارلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان باھالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق سىناش لازىم. مەلۇم ئوقۇغۇچىدا پسىخىك جەھەتتە مەسىلە ساقلانغان بولسا، مۇۋاپىق پسىخىك سىناش ئارقىلىق ئېنىقلاپ سېلىشتۇرۇپ، ئەسلىي مەسىلىسىنى ئېنىقلاش زۆرۈر.

2. سىناق نەتىجىسىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم

سىنىغۇچى سىنالغۇچىنىڭ سىناقنىڭ مەقسىتى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىككىلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پسىخىك سىناقنى ئاۋارىگەرچىلىككە ئۇچرىمىغان ئوبيېكتىپ ئەھۋال ئاستىدا ئوتتۇشلۇق ئاياغلاشتۇرۇش لازىم.

3. قائىدىلىك سىناش لازىم

ھەرخىل مىقدار كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى، رولى، مەشغۇلات قىلىش ئۇسۇلى، سۆزلەرنى ئۆلچەملىك قىلىش، بىرلىككە كەلگەن نومۇر خاتىرىلەش ئۇسۇلى، قاتارلىقلارنى پىششىق ئىگىلەش، ئۆلچەملىك جاۋاب بىرلىككە كەلگەن بولۇش، ئادەمگە قاراپ ئۆزگەرمەسلىك لازىم.

4. پسىخىك سىناقنىڭ مۇرەككەپلىكىگە دىققەت قىلىش

پسىخىك سىناق ماتېرىيالىغا مۇتلەقلەشتۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلىنىش، بىر خىل ياكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشكە ئاساسەنلا پسىخىك دىئاگنوز چىقىرىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش لازىم. بۇنى كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى مىقدار كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ چەكلىمىلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇندىن باشقا بەزى پسىخىك سىناقلارنىڭ نەتىجىسىنى ئالاھىدە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مەسىلەن، زېھنىي سىناشتا بىر قىسىم ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك، ئۆگىنىشكە پايدىسىز بولغان خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىناقنىڭ مەقسىتىنى يوشۇرۇن، تولا پسىخىك سىناق ئېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. پسىخىك سىناق دىئاگنوز قويۇش ۋە تەھلىل قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، ئەگەر مەسلىھەت بېرىش ئوبيېكتى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق مەسىلە ھەل بولغان بولسا، زۆرۈر بولمىغان پسىخىك سىناقتىن ۋاز كېچىشكە بولىدۇ.

5. پسىخىكىلىك سىناقنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش

پسىخىكىلىك سىناق دىئاگنوز قويۇش ۋە ئانالىز قىلىشقا ياردەم بېرىش

ئۆچۈن بولىدۇ. ئەگەردە مەسلىھەت بېرىش ئارقىلىق ئوبيېكتىپ بىلەن پىكىرلىشىش باشقا مەسىلىلەرنى ئېنىق چۈشىنىش بولغاندا، زۆرۈر بولمىغان پسىخىكىلا سىناقتىن ۋاز كېچىشكە بولىدۇ.

## § 3 . پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى

پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى بولسا ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ۋە جىسمانىي ساغلاملىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

**1. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيە توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە**

پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 70-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپا-ئامېرىكا دۆلەتلىرى پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر ئەنئەنىۋى پسىخىك مەسلىھەت بېرىش ۋە داۋالاش بولسا پەقەت ئاز ساندىكى نورمال ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى نورمال ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارايدۇ؛ پەقەت مەسىلە كۆرۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن ھەل قىلىدۇ؛ پەقەت ئوقۇغۇچىلاردىكى پسىخىك ئېزىش ۋە توسالغۇلارنى كۆرسىتىپ ياكى تۈزىتىپلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك سۈپىتىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەربىيىلەش ئېلىپ بارمايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ پسىخولوگىيە دەرسى ۋە مەكتەپ پسىخولوگىيە يېتەكچىلىكى پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. مەملىكىتىمىزدە 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ، مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ساپا مائارىپى مەكتەپ تەربىيىسىدىكى ئاساسلىق مائارىپ ئىدىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەلالاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ساپا مائارىپى بولسا بىر خىل

كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مائارىپ ئىدىيىسى، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك يوشۇرۇن كۈچىنى ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال سۈپىتىنى يېتىشتۈرۈپ، كىشىلەردە ساغلام خاسلىقنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان مائارىپ ئەمەلىيىتى پائالىيىتىدۇر. ساپا مائارىپىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى پسىخىك ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش بولسا ناھايىتى مۇھىم بىر تەرەپ، ياخشى پسىخىك ساپاسىنى يېتىشتۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى مۇقەررەر ھالدا مەكتەپ مائارىپىنىڭ يېڭى مەزمۇنىغا ئايلاندى.

پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى بولسا مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مەقسەتلىك، پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان تەربىيىدۇر. ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: ئوقۇغۇچىلارغا پسىخىك ساغلاملىقنىڭ دەسلەپكى بىلىملىرىنى بىلدۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك سۈپىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئامىل ۋە ئەقلىدىن تاشقىرى ئامىللىرىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە، ھەرخىل يوشۇرۇن ئىقتىدارلىرىنى ئېچىش. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئېزىشى ۋە پسىخىك توسالغۇلىرى پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشىگە ئىلھام بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاسلىقىنى ياخشى تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلىش، شۇ ئارقىلىق بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كېرەك.

## 2. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى

1. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى بولسا ھازىرقى زامان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى.

بۈگۈنكى دۇنيادا پەن-تېخنىكا كۈنسېرى يېڭىلىنىپ، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش دەۋرىيلىكى بارغانسېرى قىسقىراپ، ئۆگىنىش بېسىمى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتىدۇ. جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئالاقىلىشىش ۋاستىسى،

تۇرمۇش شەكلى، شۇنىڭدەك ئىدىيىۋى ئۇقۇملار ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەردە ساغلام پسىخىكا ۋە ساغلام ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كەلگۈسى جەمئىيەتتىكى رىقابەت ئاساسلىقى زېھنىي كۈچ ۋە ئىختىساسلىقلار تەرەپتىكى رىقابەتتە ئىپادىلىنىدۇ. پەقەت يۇقىرى ساپالىق كىشىلەرلا ئاندىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلەلەيدۇ. كەلگۈسى جەمئىيەتتە پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ پسىخىك ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە كۆنسېرى يۇقىرى تەلەپ قويۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە ئومۇملىشىشىنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ.

2. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى بولسا — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپى.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولسا مەملىكىتىمىز يېڭى دەۋردىكى بىر ماھىيەتلىك، ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىدىيە، مەدەنىيەت، پەن ئوقۇتۇش، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ۋە قوللىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەرخىل ئالتە شەكىلنىڭ ھەرخىل ساھەلىرىدە، ھەرقايسى پەنلەردە، ئورتاق تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرلۇشىنىڭ بىر ۋاستىسى.

پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش پاسسىپ بولغان پسىخىك ھالەتنى يېڭىشكە پايدىلىق بولۇپ، ساغلام پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى سۈركىلىشنى ئازايتىپ، ئالاقىلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشتا پايدىلىق. نۇرغۇن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ پسىخىك سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلاردىكى ناچار پسىخىك ئامىللىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، نورمالسىز ھەرىكەتلىرىنى تۈزىتىش كېرەك. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى

ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش بولسا، جەمئىيەت ئائىلىلىقى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان رول ئوينايدۇ.

3. پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى بولسا ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى

ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش ئاساس مائارىپىنى ئىمتىھان مائارىپى تۈزۈمىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئومۇميۈزلۈك، ساغلام تەرەققىياتقا ئىگە قىلىشتىكى زور ئىسلاھات بولۇپ، ساپا مائارىپى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق، پەن-مەدەنىيەت ۋە جىسمانىي پىسخىكا، ئەمگەك ئىقتىدارى ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، ئەقلىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈشنى، خاسلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مائارىپتۇر. پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى بولسا، ساپا مائارىپىنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر قىسمى. پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاسسىپ پىسخىك ھالىتىنى يېڭىشىگە پايدىلىق بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تەڭشەشكە پايدىلىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ پىسخىك ساغلاملىقى ۋە بەدەن سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىنتىلىشكە يېتەكلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش-ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك مەسىلىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ دىئاگنوز قويۇپ، ئىلمىي يېتەكلەيدۇ ۋە تۈزىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرخىل پىسخىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى ساپا مائارىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك تەربىيىسى جەھەتلەردە ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3. پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى

مەكتەپ پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بولسا، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك

ساغلاملىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەم پسىخىك توسالغۇسى بار ۋە پسىخىك كېسىلى بار ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئالدىنى ئېلىشتۇر. مەسلىھەت بېرىش ۋە ئۇنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كونكرېت ۋەزىپىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق ئامىلى، پسىخىك ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئامىللارنى ۋە تەسىر قانۇنىيىتىنى ئېچىپ، بۇ خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقى ۋە ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك قائىدىلەر ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆگىنىش، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

3. ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئائىلە باشلىقلىرىغا پسىخىك ساغلاملىق بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق ئېڭىنى ئويغىتىش، بۇنىڭ بىلەن پسىخىك ساغلاملىققا پايدىلىق بولغان كەيپىياتنى بەرپا قىلىش.

## 2. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرى

### 1. پسىخىك ساغلاملىق بىلىملىرى تەربىيىسى

1. پسىخىك تەربىيە ئۆگىنىش

بۇ ئاساسلىقى چارە-تەدبىر ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش، قىيىنچىلىقنى يېڭىش، كاشىلىنى چىقىرىپ تاشلاشنى ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، توغرا بولغان ئۆگىنىش مەقسىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، قىزىقىشنى قوزغاش، ياخشى بولغان ئۆگىنىش ئادىتىنى ۋە ئىقتىھانغا تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرىنى يېتىلدۈرۈش، ئىمتىھاندىكى ئەندىشىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىلمىي تەپەككۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ھېسسىيات، ئىرادە خاراكتېر تەربىيىسى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپ، خۇشال كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە

ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى رىتىم ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىش، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ناچار كەيپىياتىنى تەڭشەش ۋە كونترول قىلىشنى ئۆگىتىش. مۇۋاپىق ۋە مۇقىم بولغان كەيپىياتنى ساقلاشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئوخشىمىغان ئوقتىلاردىن مەسىلىلەرنى كۆزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام تۇرمۇش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈش، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى ۋە ياخشى بولغان ھايات كەچۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ھېسسىيات جەھەتتىن ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىرادىسىنى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناچار ئىرادىسىنى تۈزىتىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىدىيىۋى سۈپىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

3. جىنسىي پسىخىك تەربىيىسى

بۇ توغرا بولغان جىنسىي كۆزقاراش، جىنسىيەت بىئولوگىيىسى، جىنسىي پسىخىك بىلىملىرىنى تارقىتىش، جىنسىي ئەخلاق يېتىلدۈرۈش، جىنسىي قانۇنىي كۆزقاراشنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. خاسلىق پسىخىك سۈپەت تەربىيىسى

خاراكتېر، مىجەز، ئىقتىدار، غايە ئېتىقاد قاتارلىقلارنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياخشى بولغان خاسلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، تولۇق، ماسلاشقان ھالدا ئىپادىلەپ چىقىش. شۇنىڭدەك ناچار خاسلىقلارنى تۈگىتىش.

## 3. پسىخىك ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش

بۇ ئاساسلىقى تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى، ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىكى، تۇرمۇشتىكى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى، بولۇپمۇ تۇرمۇشتىكى ھەرخىل قىيىنچىلىق ۋە تاسادىپىيلىقلارغا پسىخىك جەھەتتىن تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# 3. پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئەندىزىسى ۋە ئايلىنىش مېخانىزمى

## 1. پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسلىق ئەندىزىلىرى

1. پسخىكا دەرسلىرى تەربىيىسى

پسخىكا دەرسلىرى تەربىيىسى بولسا پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى. بۇ يول ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا پسخىك ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك ساغلاملىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، پسخىك ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىلمىي ئۇسۇللارنى ئىگىلەپ، شۇ ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىدىغان، بارلىق ساۋاقداشلارنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەقسەتكە يېتىشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارغا پەن ئوقۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، ئوقۇتقۇچى دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى تەشكىللەش، پىلانلىق باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك ساغلاملىقىغا ئويغۇنلىشىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر خىل «باراۋەر، دېموكراتىك، سەمىمىي، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىدىغان» ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان پسخىك ئەھۋالىغا ئاساسەن، پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى پەنلەر ئوقۇتۇشىغا سىڭدۈرۈپ، ھەرقايسى پەنلەر ئوقۇتۇشىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش لازىم.

2. پسخىك جەھەتتە يېتەكلەش

مەكتەپتىكى پسخىك يېتەكلەش بولسا تەربىيىلىگۈچى پسخولوگىيە، پېداگوگىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، ھەرىكەت ئىلمى، شۇنىڭدەك روھىيەت تېبابىتى قاتارلىق ھەرخىل پەنلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە تېخنىكىلىرىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز-ئۆزىنى تونۇشقا ئۆز-ئۆزىنى قوبۇل

قىلىشىغا ئۆز-ئۆزىنى تەڭشىشىگە ياردەم قىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۇلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقى بىلەن كىشىلىك ماسلىشىش تەرەققىياتىدىكى تەربىيە پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

مەكتەپ پسىخىكا يېتەكچىلىكىنىڭ ماھىيىتى بولسا ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشى بولسا مەكتەپنىڭ مائارىپ پائالىيىتىگە ئۆزئارا ماسلىشىشى كېرەك. مەكتەپ پسىخىكا يېتەكچىلىكى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بەش پرىنسىپقا بوي سۇنۇشى لازىم:

(1) يېتەكلەش ئوبيېكتى: ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى؛ (2) يېتەكلەش نىشانى: ئالدىنى ئېلىش بىلەن تەرەققىياتنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى؛ (3) يېتەكلەش ئىقتىدارى: ياردەمگە ئېرىشىش بىلەن ئۆز-ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى؛ (4) چەكلەش مۇناسىۋىتى: ھۆرمەتلەش بىلەن چۈشىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى؛ (5) يېتەكلەش ئۇسۇلى: ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن ئاڭلاشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى.

مەكتەپ پسىخىك يېتەكلەش ئاساسلىقى: تۇرمۇشنى يېتەكلەش، خاسلىق جەھەتتىن يېتەكلەش، كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش، خەتەرلىك ئەھۋالدا يېتەكلەش، ئۆگىنىش جەھەتتىن يېتەكلەش قاتارلىق بەش چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇرمۇش جەھەتتىن يېتەكلەش بولسا، ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتىن يېتەكلەش، ئىستېمال جەھەتتىن يېتەكلەش، دەم ئېلىش جەھەتتىن يېتەكلەش، جىنسىي مەسىلىلەردە يېتەكلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆگىنىش جەھەتتىن يېتەكلەش بولسا، ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتەكلەش، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىنى يېتەكلەش، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى يېتەكلەش، ئۆگىنىش كەيپىياتىنى يېتەكلەش، ئۆگىنىش مەقسىتىنى يېتەكلەش، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى يېتەكلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش بولسا، كەسپنى چۈشىنىش، ئۆزىنى چۈشىنىش، كىشىلىك تۇرمۇش ئۇستىدە ئىزدىنىش، كەسپنى تاللاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېتەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەتەرلىك ئەھۋاللارغا قارىتا چەكلەش بولسا، ھەرخىل تاسادىپىيلىقلارغا، خېيىمخەتەرگە ۋە چوڭ-زور ئىشلارغا بولغان

پوزىتسىيىسى ۋە سىياسەت جەھەتلەردىكى يېتەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەكتەپ پسىخىك يېتەكلەشنىڭ شەكىللىرى بولسا: پسىخىك يېتەكلەش دەرسى جەريانىدىكى يېتەكلەش، ئايرىم يېتەكلەش، كوللېكتىپ يېتەكلەش، ھەرىكەت ئارقىلىق يېتەكلەش، ئائىلىدە يېتەكلەش قاتارلىق ئالتە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. پسىخىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش

پسىخىك مەسلىھەت بېرىشمۇ مەكتەپ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. پسىخىك مەسلىھەت بېرىش جەريانى بولسا، پسىخىك توسالغۇ بارلارنى ئوبيېكتىپ قىلىدو. تەكشۈرۈش، دىئاگنوز قويۇش، ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ھالقىلارنى، شۇنداقلا پسىخىك جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى جىددىيلىك ۋە توقۇنۇشنى پەسەيتىش، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەسلىھەت بېرىش جەريانى ئارقىلىق تەربىيىلەش، پسىخىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. پسىخىك مەسلىھەت بېرىش بىلەن پسىخىك يېتەكلەشنىڭ ئاساسلىق پەرقى ئالدىنقىسى، مەسىلە كۆرۈلگەنلەرنى ئوبيېكت قىلىپ ئوبيېكتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. كېيىنكىسى بولسا، پۈتۈن گەۋدىنى ئوبيېكت قىلىپ كەلگۈسىگە دىققەت قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پسىخىك مەسلىھەتلىشىش بولسا ئوبيېكتلار بېرىپ مەسلىھەت سورايدۇ. پسىخىك يېتەكلەشتە بولسا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتەكلەش ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنقىسى پاسسىپ، كېيىنكىسى ئاكتىپ.

## 2. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى يۇرۇشلەشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش

بۇ بولسا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

1. نەزەرىيە جەھەتتىن تۈزۈملەشتۇرۇش

پىسخىك تەربىيىسى 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن، زامانىۋىلاشقان مائارىپنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنى. ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. شۇڭلاشقا پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى قاتنىششقا سەپەرۋەرلىك قىلىپ، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ۋە مۇقەررەرلىكىنى تولۇق بىلدۈرۈپ، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ توغرا بولغان جامائەت پىكرىگە يۈزلىنىشنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورتاق تونۇشقا ئىگە قىلىپ، نەزەرىيىۋى بىلىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

2. باشقۇرۇش جەھەتتىكى تۈزۈملەر

ساغلاملىق تەربىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش، باھالاش، قايتۇرما پىكىر بېرىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى ئۈنۈملۈك ھالدا قانات يايدۇرۇش ۋە شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئىلھام بېرىش تۈزۈمى بولسا، ھەر يىلدىكى ئەلالارنى باھالاش، ھەر مەۋسۇمدىكى تەكشۈرۈش ھەمدە ئۈنۋان باھالاش، مۇكاپاتلاش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئاكتىپ ھالدا ئەمەلىيەتتىكى قاتنىشىش. يۈرەكلىك ھالدا ئىزدىنىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. باھالاش تۈزۈمى بولسا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باھالاش تۈزۈمىنى تۈزۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالى، بولۇپمۇ پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن كونكرېت ئۆلچەملەرنى تۈرغۇزۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىسخىك ساغلاملىق مەقسىتىگە يېتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. قايتما پىكىر بېرىش تۈزۈمى بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك ساغلاملىق نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، يىغىن ئېچىش، تەكشۈرۈش شەكىللىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش يولى، پىسخىك يۈكى قاتارلىقلارنى تەھلىل، تەتقىق قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا قايتا پىكىر قىلىپ تەكشەپ، پىسخىك ساغلاملىق تۈزۈمىنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3. ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرىش تۈزۈمى

پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىر ياخشى ئىجتىمائىي

مۇھىت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەرقايسى جەھەتلەردىن ماسلىشىش ۋە قوللاشنى، بولۇپمۇ ئائىلە باشلىقىنىڭ ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئائىلە باشلىقى مەكتەپنىڭ پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قوللىغۇچىسى ۋە ماسلاشقۇچىسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتەپ ئائىلە باشلىقى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئائىلە باشلىقلىرى مەكتەپنى ئېچىش لازىم؛ پىلانلىق ھالدا ھەرخىل يىغىن، قەرەللىك ئېچىۋېتىلگەن كۈن، مەسلىھەت بېرىش كۈنى ۋە مەخسۇس تېما بويىچە مۇلاھىزە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش لازىم. ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى بىۋاسىتە سۆزلىشىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، «ياخشى ئائىلە باشلىقى» نى تاللاپ، «ئائىلە باشلىقى ئوبرازى» نى تىكلەپ، ئائىلە باشلىقى، ئوقۇغۇچى قەلبى بىر تۇتاش بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئائىلە ۋە مەكتەپنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، قەدەم باسقۇچلۇق تەدرىجىي ھالدا مائارىپ ماسلاشتۇرۇپ، مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت ئۆزئارا ماسلاشقان تەربىيىلەش مۇھىتىنى يارىتىش لازىم.

4. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى

ئوقۇتقۇچى بولسا پىسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرگۈچىسى، تەشكىللىگۈچىسى، يېتەكلىگۈچىسى، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە، تۇرمۇشتا، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا، خەتەرلىك ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىمى، ھېسسىياتى، ئىرادىسى، ھەرىكىتى قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىلارنى يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى مۇناسىۋەتلىك مائارىپ ئىقتىدارىنى ئىگىلەپلا قالماي، ئۆزىدە يەنە ساغلام پىسخىك سۈپەتنى ھازىرلىشى لازىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر يۇقىرى سۈپەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇش، ساغلام تەربىيىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

# ئونىنچى باب پسىخكىلىق مەسلىھەت

## ئۆگىنىش يېتەكچىسى

1. مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا
1) مۇھىم نۇقتا: پسىخكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئېنىقلىمىسى، پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان پسىخىكىلىق توسالغۇ.
2) قىيىن نۇقتا: پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئاساسىي جەريانى ۋە تاكتىكىسى.
2. ئۆگىنىشنىڭ تەلىپى
1. ئەستە ساقلاش: پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە پرىنسىپى، ئۇسۇلى.
2) چۈشىنىش: پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى، پسىخىكىلىق تاكتىكىسى.
3) قوللىنىش: ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا دائىم .كۆرۈلىدىغان پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش.
3. مۇھاكىمە سوئاللىرى
1) مەكتەپ پسىخىكىلىق مەسلىھىتىدە قايسى ئاساسلىق پسىخىكىلىق ئۇسۇل ۋە تاكتىكىنى قوللىنىشقا بولىدۇ؟
2) ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان پسىخكىلىق مەسىلىلەر قايسى؟ قانداق قىلغاندا توغرا قوبۇل قىلغىلى ۋە بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؟
3) بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن سىز مەكتەپ پسىخىكىلىق مەسلىھەت خىزمىتىنى قانداق قانات يايدۇرۇش لازىملىقىنى ھېس قىلدىڭىز؟
پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ تەرەققىياتى، كەسپىي يېتەكچىلىك، پسىخىكىلىق ئۆلچەم تاكتىكىسىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ۋە پسىخىكىلىق

داۋالاش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، پەن-تېخنىكىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەن باغلىنىشلىق. مەملىكىتىمىزدە پسىخىكا مەسلىھەتى ئەڭ ئاۋۋال مەكتەپلەردە مەيدانغا كەلدى ھەم ئۈچقاندەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ مۇھىم قىسمىغا ئايلاندى. ساپا مائارىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەكتەپ پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ رولىمۇ بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشكۈسى.

## § 1 . پسىخىكىلىق مەسلىھەت ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

پسىخىكىلىق مەسلىھەت — بىر ئىلىم، شۇنداقلا بىر خىل ماھارەت ئۇ يەنە بىر خىل سەنئەت. ئۇ ئادەملەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى قوغداپ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشچانلىقىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### 1. پسىخىكا مەسلىھەتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

#### 1. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئۇقۇمى

پسىخىكىلىق (پسىخىكا) مەسلىھەت — مەسلىھەتچىنىڭ پسىخىكا بىلىمى، نەزەرىيىسى، تاكتىكىسىنى قوللىنىپ تىل، يېزىق قاتارلىق ۋاستىچىلەر ئارقىلىق ئوبيېكتىغا مەسلىھەت بېرىش، قوزغاش، يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

پسىخىكىلىق مەسلىھەت ئارقىلىق مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ پسىخىكىلىق جىددىيلىكى ۋە توقۇنۇشىنى ئاستا-ئاستا ھەل قىلغىلى ھەمدە ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پەيدا بولغان پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىنى قوغدىغىلى، مىجەز-خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بايقىغىلى بولىدۇ.

#### 2. پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش

پسىخىكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ پەرقى كىشىلەر

بەس-مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان مەسىلە. چۈنكى ئەمەلىيەتتە پسىخىكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ نۇرغۇن مۇھىم تەرەپلىرى ئۆزئارا ئوخشاشلىقتا ئىگە.

مەسىلەن، ھەر ئىككىلىسىدە قوللىنىدىغان نەزەرىيىۋى ئۇسۇل ئادەتتە بىردەك بولىدۇ. ھەر ئىككىلىسى يولۇقىدىغان خىزمەت دائىم ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، پسىخىكا مەسلىھەتچىسى ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش خىزمەتچىلىرى كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ياردەم سورىغۇچىنىڭ تۇيغۇسىدىكى كىرىزىس مەسىلىسى بولۇش مۇمكىن. ھەر ئىككىلىسى ياردەم بەرگۈچى بىلەن ياردەم سورىغۇچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ياخشى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم بۇ خىل ئۇسۇلنى ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئوخشاشلىقلاردىن ئاشقىرى پسىخىكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخىكىلىق داۋالاشتا يەنىلا مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ.

1. ئوبيېكت ئوخشاش بولمايدۇ

پسىخىكىلىق مەسلىھەت خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتى ئاساسلىقى نورمال كىشىلەر ياكى پسىخىكىسى ئەسلىگە كېلىۋاتقان ۋە ئەسلىگە كېلىپ بولغان پسىخىكىلىك كېسەل بولغۇچىلاردۇر.

پسىخىكىلىق داۋالاش پرىنسىپى ئاساسلىقى پسىخىكىسىدا توسالغۇ بار كىشىلەر بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ. ئالدىنقىسى ئاساسلىقى تۇرمۇشتىكى ماسلىشىش ۋە تەرەققىيات مەسىلىسى بىلەن زىت. ئۇنىڭ ئىچىدە تەرەققىيات خاراكتېرلىك مەسىلە، بولۇپمۇ مەسلىھەتنىڭ ئالاھىدىلىكى، كېيىنكىسى ئاساسلىقى، ھەرخىل پسىخىكىلىق توسالغۇلارغا زىت بولغان. مەسىلەن، خاراكتېرىدىكى توسقۇنلۇق، نېرۋا كېسەللىكى ۋە روھىي كېسەللىكىنى ھەل قىلىدۇ.

2. خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ

پسىخىكىلىق مەسلىھەت، تەربىيە، قوللاش ۋە تەرەققىيات خاراكتېرىنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغۇچىنىڭ يوشۇرۇن ئاكتىپ ئامىلىنى قېزىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا، چارە-تەدبىر تېپىپ چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. پسىخىكىلىق داۋالاش ئاساسلىقى «كلىنىكىلىق داۋالاش» بولۇپ، ئۇ مىجەز-خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ھەرىكەت قىلمىقلىرىنى

تۈزىتىش، ئۇنى يېڭىش، ناچار روھىي كېسەللىك ئالامەتلىرىنى يوقىتىشنى ئاساس قىلىش، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا دورا ئارقىلىق داۋالاشنى تەكىتلەيدۇ.

3. كەسپى ئوخشىمايدۇ

پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى ئوخشاش بولمايلا قالماستىن، كېيىنكىسى، كۆپىنچە داۋالاش مۇھىتىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئالدىنقىسى بولسا، دەل ئەكسىچە بولىدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بىلەن پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش ئەمەلىي پائالىيەت. بىراق ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلچىمى ۋە ئىش تەقسىماتى بار.

پسىخىكىلىق مەسلىھەت ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتكىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ، يەنى (1) مەقسىتى ئوخشىمايدۇ. پسىخىكىلىق مەسلىھەت. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ھەم قىممەت قارىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ، ھەم ئۇنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. بەلكى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت بىرلىككە ئىگە، ئاكتىپ دۇنيا قاراش (قىممەت قاراش) نى كىشىلەر قەلبىدە ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. (2) بۇنىڭ ۋەزىپىسى ئوخشاش بولمايدۇ. پسىخىكىلىق مەسلىھەت ئاساسلىقى پسىخىكىلىق ساغلاملىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ئاساسلىقى ئىدىيىۋى ساغلاملىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. (3) ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئاساسىي شەكلى شەخسىي سۆھبەت، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي شەكلى شەخسىي سۆھبەتتىن تاشقىرى، يەنە دائىم دوكلات ئېلىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش، باھالاش قاتارلىقلار. شەخسىي سۆھبەتتىمۇ ئىككىسىنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى جەھەتتىن زور ئوخشىماسلىقى ئىگە. (4) قوشۇنى ئوخشىمايدۇ.

ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتچىلەرگە سېلىشتۇرغاندا پسىخىكىلىق مەسلىھەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردا ئالاھىدە بىلىم ۋە ماھارەت ۋە مەخسۇس تەجرىبە-ساۋاقنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا پسىخىكىلىق مەسلىھەت بىلەن ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت. بۇنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە، ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ تەربىيىسىدە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى

پسخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، شۇنداقلا پسخىكىلىق مەسلىھەتنى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

## 2. پسخىكىلىق مەسلىھەت جەريانىنىڭ ئاساسىي باسقۇچلىرى

پسخىكىلىق مەسلىھەت جەريانى ئادەتتە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان تۆۋەندىكى بەش باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: ئەھۋال ئىگىلەش، ئانالىز قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش، لايىھە تۇرغۇزۇش، نەسىھەت ئارقىلىق ياردەم بېرىش، ئىز قوغلاپ مۇستەھكەملەش قاتارلىقلار.

### 1. ئەھۋال ئىگىلەش

مەسلىھەتچى خادىملارنىڭ ئاساسلىقى ئاڭلاش، سوئال سوراش ئارقىلىق ئۇچۇر ئىگىلەش ماتېرىيال توپلىشى، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئاساس ئەھۋالى ۋە مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي شارائىتىنى چۈشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىگىلەش ئۇچۇن، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ يېقىن دوست بۇرادەرلىرى، خىزمەتداشلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋە پسخىكىلىق ئۆلچەم قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ.

### 2. ئانالىز قىلىپ دىئاگنوز قويۇش

ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا، مەسلىھەتچى ئېرىشكەن ماتېرىيال. جۈملىدىن سۆھبەت خاتىرىسى، تەجرىبە خۇلاسىسى ۋە كۈندىلىك خاتىرە قاتارلىقلارنى رەتلەپ ھەمدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەسلىھەت ئوبيېكتىدا ساقلانغان مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى سىستېمىلىق ئانالىز قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئانالىز داۋامىدا مۇھىم يىپ ئۇچىنى تېپىپ چىقىشقا مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ يېقىن دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتنىكى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلارغا، پسخىكىلىق تەجرىبىنىڭ ئوبيېكت ئانالىزىغا مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ شەخسىي چۈشەنچىسىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

## 3. لايىھە تۈرغۇزۇش

مەسلىھەتچى، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق، توغرا ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق لايىھە تۈرغۇزىدۇ. بېكىتكەن لايىھە ئارقىلىق تۆۋەندىكى بىر قاتار ئامىللار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى، ئەڭ تۆۋەن بەدەل؟ شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىش قاتارلىقلار. ئۇندىن كېيىن، يەنە بېكىتكەن لايىھە ئاساسىدا مۇۋاپىق يېتەكچى پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە لايىھەنىڭ ئىشقا ئېشىشى جەريانىدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئەھۋاللارغا قارىتا كۆڭلىدە سان تۈرغۇزىدۇ.

## 4. نەسىھەت ئارقىلىق ياردەم بېرىش

بۇ پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچى، پسىخىكا مەسلىھەتچىسى مەسلىھەت ئوبيېكتىغا ياردەم بېرىپ مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ تونۇشىدىكى ناتوغرا يېتەرسىزلىكلەر ھەم چوقۇم تۈزىتىشكە تېگىشلىك ناچار ئادەتلىرى ياكى ناتوغرا بولغان مەلۇم ھەرىكەتلىرىگە قارىتا كونكرېت تەدبىر بەلگىلەش ياكى مەشىق ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقىشىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاش بولمىغان مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ كونكرېت ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن چېۋەرلىك بىلەن ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ.

## 5. ئىز قوغلاپ مۇستەھكەملەش

بۇ پۈتۈن مەسلىھەت جەريانىدىكى ھۆكۈم ئانالىزىنىڭ توغرا-خاتالىقى. داۋالاش مەسلىھەتىنىڭ مۇۋاپىق ياكى نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى باھالاشتىكى مۇھىم ھالقا. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەش ئۈزلۈكسىز مەسلىھەت بېرىپ ئاساس بىلەن تەمىنلەش، مەسلىھەت ئۈنۈمىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇستەھكەملەش ۋە پەيدا بولغان يېڭى پسىخىكىلىق مەسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق. ئىز قوغلاپ مۇستەھكەملەشنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شەكلى بار:

ئەسلىمە خاتىرىسى شەكلى، يەنى (خاتىرە دەپتەر) شەكلى. مەسلىھەتچى نەسىھەت ئارقىلىق ياردەم بەرگەندىن كېيىن ئەسلىمە خاتىرە دەپتەرنى مەسلىھەت ئوبيېكتىغا تاپشۇرىدۇ ھەمدە تەلەپ بويىچە بوش ئورۇننى تولدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، بۇ تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن مۇھىم ئىشلار،

سوبيېكتىپ سىناقلار، باشقىلارنىڭ باھاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ زىيارەت قىلىش شەكلى. مەسلىھەتچى زىيارەت ۋاقتىنى بېكىتكەندىن كېيىن مەسلىھەت ئۇنۇمىنى تەكشۈرىدۇ. سۆھبەتلىشىش شەكلى. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىپ مەسلىھەت ئۇنۇمى ھەققىدىكى باھاسىنى ئاڭلايدۇ.

## 3. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ تۈرلىرى

### 1. يەككە مەسلىھەت ۋە كوللېكتىپ مەسلىھەت

يەككە مەسلىھەت — مەسلىھەتچى بىلەن مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ قاراتمىلىقى بولغان مەسلىھەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ پسىخىكىلىق پائالىيەت مەسلىھەتتىكى دائىم قوللىنىلىدىغان شەكىل. ئۇ مەخپىيەتلىك كۈچلۈك بولۇش، ئالماشتۇرۇش ئوڭاي، مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىشكە ئىگە بولغاچقا، چوڭقۇرلاپ كىرىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىشكە قولايلىق يارىتىدۇ. ئايرىم لايىھىنىڭ جۈغلىنىشىغا پايدىلىق بولۇش. ئادەمگە بېقىپ ئىش قىلىش، قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بىراق بۇ خىل مەسلىھەت شەكلىدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ.

كوللېكتىپ مەسلىھەت — ئوخشاش تۈردىكى مەسلىھەتكە ئېھتىياجلىق ئوبيېكتلارنى بىر قانچە كىچىك گۇرۇپپا ياكى بىرقەدەر چوڭراق كوللېكتىپقا ئايرىپ چىقىپ، ئورتاق مەسلىھەت ۋە مۇھاكىمە قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۈزىتىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يەككە مەسلىھەتكە قارىغاندا كوللېكتىپ مەسلىھەت، ۋاقىت ۋە ئادەم كۈچىنى تېجەش، ۋە ئىجتىمائىي نەرسىلەرنى كېڭەيتىش، بىر قىسىم ئورتاق ياكى جىددىي پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ھەل قىلىش جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە.

ئوقۇغۇچىلاردىكى قورقۇنچاقلىق، تەنھالىق قاتارلىقلارغا ياردەم بېرىش جەھەتتە تېخىمۇ ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئىگە. چۈنكى بۇ، قويۇق شەكىللەنگەن كوللېكتىپقا يېپىشىش كەيپىياتى ۋە قوللاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇنداقلا، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە تۇسالغۇلارنى سوپۇرۇپ تاشلاشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭدا چەكلىمە ئاساسلىقى، شەخسلەرنىڭ قويۇق پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى ئاسان ئاشكارىلىماسلىق. شەخسلەردىكى پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنىمۇ ئېتىۋارغا

ئېلىش.

## 2. باشقا خىل مەسلىھەت شەكىللىرى

1. خەت ئالاقىلىشىپ مەسلىھەت بېرىش

بۇ مەسلىھەتچىلەر ئالاقىلىشىش ئارقىلىق مەسلىھەت ئوبيېكتى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئوتتۇرىغا قويغان پسىخىكىلىق مەسىلىلەرگە چۈشەنچە بېرىش، يېتەكچىلىك قىلىشتەك مەسلىھەت شەكلى. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئالدى بىلەن ئولتۇراق جاينىڭ شارائىتىغا چەكلىمە قويماسلىق يولغا قويۇش ئادىتى، ئاسان بولۇش، كەڭ تارقىلىش، ئۇندىن كېيىن، ئاغزىچە ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇش ياكى تارتىنچاق ئوبيېكتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. ئاندىن قالسا، مەسلىھەت ئاپپاراتلىرى ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەردە مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلغاندىمۇ قاراتمىلىقى بولۇشى كېرەك.

بۇ بىر تەرەپتىن، مەسلىھەت ئۈنۈمىنى ئاسان قوبۇل قىلىش، مەسلىھەتنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ يېزىشى ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارى، چۈشىنىش ئىقتىدارى، ۋە مىجەز خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، يېتەرلىك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەكسىچە دەۋر قىلىش مەۋجۇت بولۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، مەسلىھەتتىكى ئىككى تەرەپنىڭ تىلسىز شارائىتتا مەسلىھەت ئۈنۈمىنى ئالماشتۇرۇش، كونكرېت، چوڭقۇر، تەپسىلىي بولماسلىق قاتارلىق يېتەرسىزلىكلەرگە ئىگە.

2. تېلېفون مەسلىھەتى

بۇ سۆزلىشىش شەكلى ئارقىلىق مەسلىھەت ئوبيېكتىغا نەسىھەت قىلىش ياكى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ كرىزىسقا قول تىقىپ ئارىلىشىپ يېتەكچىلىك قىلىش مەسلىھەتى. تېلېفون مەسلىھەتى قولايلىق بولۇش، ۋاقىتنى تېجەش، مىجەز-خاراكتېرىدىكى جاھىللىق، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئىككى تەرەپنىڭ تىل ئارقىلىق تولۇق ئالاقىلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىش، بولۇپمۇ پسىخىكىلىق كرىزىسقا ۋە جىددىيچىلىككە ئارىلىشىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە.

3. نەق مەيداندا مەسلىھەت بېرىش

بۇ، مەسلىھەت ئورگانلىرىدىكى كەسپىي خادىملارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا ياكى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەسلىھەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر خىل مەسلىھەت شەكلى. نەق مەيدان مەسلىھەتى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى قويۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ھەل قىلغانلىقتىن يۈز تۇرانە ئالماشتۇرۇش، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇشقا قولايلىق ئېلىپ كېلىش، ئۈنۈمى روشەن بولۇش، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش قاتارلىق رولى بار.

4. بالىنىست مەسلىھەتى

بۇ، مەسلىھەتچى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ بالىنىستىكى دىئاگنوزى ئارقىلىق، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ پسىخىكىلىق مەسىلىلىرى ياكى پسىخىكىلىق كېسەلنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا توغرا دىئاگنوز قويۇش ئارقىلىق مۇۋاپىق پسىخىكىلىق داۋالاش ئېلىپ بارىدىغان مەسلىھەت شەكلى. بالىنىست مەسلىھەتچىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

5. مەخسۇس ستون مەسلىھەتى

بۇ گېزىت-ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە، قاتارلىق ئاممىۋى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مەلۇم ئومۇملۇقتا ياكى بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بىر خىل مەسلىھەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: كەڭ تارقىلىش، ئۇچۇر مىقدارى زور بولۇش، داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ماھىيىتىنى پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ باشقا شەكىللىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ.

## 4. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنى

### 1. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ۋەزىپىسى

1. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ كەيپىياتىدىكى ناچارلىق ۋە پسىخىكا بېسىمىنى چىقىرىۋېتىش، پسىخىكىنى راۋانلاشتۇرۇش، كۆڭۈلدىكىنى سۆزلەپ پسىخىكىلىق توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا ئىلھاملاندۇرۇش.

2. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا ھەمدە

يېڭى نورمال تەجرىبىلەرنى كونا غەيرىي تەجرىبىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بىلىم، ئادەم ۋە شەيئىگە توغرا نۇقتىئىنەزەر ۋە پوزىتسىيە تۇرغۇزۇشقا ھەمكارلىشىش.

3. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋىتىنى قايتا تۇرغۇزۇش ۋە ياخشى ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش.

## 2. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ مەزمۇنى

پسىخىكىلىق مەسلىھەت: تەرەققىيات خاراكتېرلىك مەسلىھەت، ماسلىشىش خاراكتېرلىك مەسلىھەت، توسقۇنلۇق خاراكتېرلىك مەسلىھەت قاتارلىق ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەرەققىيات خاراكتېرلىك مەسلىھەتنىڭ مەقسىتى: مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ يېتىش، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېتەرسىزلىكلەرنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىزدىنىپ ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ياردەم بېرىش.

بۇ خىلدىكى مەسلىھەت ئوبيېكتى، پسىخىكا ساپاسى بىرقەدەر ساغلام بولغان، پسىخىكىلىق ئىختىلاپ روشەن بولمىغان، مۇھىتقا ماسلىشىپ قالغانلار تىپىغا تەۋە.

ماسلىشىش خاراكتېرلىك مەسلىھەتنىڭ مەقسىتى: پسىخىكىلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىش، پسىخىكا بېسىمىنى يەڭگىللىتىش، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاش، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۇ خىلدىكى مەسلىھەت ئوبيېكتى ئاساسەن ساغلام بولغان. بىراق، تۇرمۇش ئۆگىنىشتە ھەرخىل ئاۋاگەرچىلىكى بولغان، روشەن پسىخىكىلىق زىددىيەت ۋە توسالغۇلار بولغان يەككىلەر كىرىدۇ.

توسالغۇلۇق خاراكتېرىدىكى مەسلىھەتنىڭ مەقسىتى سىستېمىلىق پسىخىكىلىق داۋالاش ئارقىلىق پسىخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى مەسلىھەت ئوبيېكتى، پسىخىكا توسالغۇ ۋە مەلۇم پسىخىكىلىق كېسەللىك بولغان. نورمال ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا

تەسىر كۆرسەتكەن. سەمىمىي مەسلىھەتكە چوڭقۇر ئېھتىياجلىق بولغان يەككىلەر تەۋە.

## 5. پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ پرىنسىپى

پسىخىكىلىق مەسلىھەت پرىنسىپى بولسا، پسىخىكىلىق مەسلىھەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاساسىي پرىنسىپ، شۇنداقلا پسىخىكىلىق مەسلىھەت خادىملىرىنىڭ مەسلىھەت پائالىيىتىدە چوقۇم رىئايە قىلىشى شەرت بولغان ئاساسىي تەلەپ.

### 1. ئىشەنچلىك بولۇش پرىنسىپى

ئىشەنچلىك بولۇش پرىنسىپى پسىخىكىلىق مەسلىھەت جەريانىدا مەسلىھەتچىلەر ھۆرمەت، ئىشەنچ مەيدانىدا تۇرۇپ، مەسلىھەت ئوبيېكتى بىلەن ئىشەنچلىك دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىش ھەم مەسلىھەت خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلىھەت ئوبيېكتى مەسلىھەت قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن مەسلىھەت ئوبيېكتىدا دائىم بىر خىل پسىخىكىلىق زىددىيەت بولىدۇ ھەمدە مەسلىھەتچىگە تولۇق ئۈمىد باغلايدۇ. بىراق، مەسلىھەتچىلەرنىڭ قىزغىن، سەۋرچان بولماسلىقى، بىلىم دائىرىسىنىڭ تار بولۇشىدىن قورقىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلاردا ئادەتتە قورقۇنچ ۋە تەمتىرەش پوزىتسىيىسى بولىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن مەسلىھەتچىلەر قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇشى، بىر خىل ئىللىق دوستانە كەيپىيات يارىتىش، ئۆزئارا بىر خىل، ئىشەنچ تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈش، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ كەيپىياتىدىكى جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش، تەمتىرەشنى ئىشەنچىگە ئايلاندۇرۇش، ئەسلىدىكى پسىخىكا ئالاقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، ھەقىقىي ئەھۋال ۋە ئوي-پىكىرىنى قىلچىمۇ يوشۇرغۇزماسلىق كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ راۋان بولۇشىغا مۇستەھكەم ئاساس سالالايدۇ.

### 2. پۈتۈنلۈك پرىنسىپى

پۈتۈنلۈك پرىنسىپى — مەسلىھەت جەريانىدا مەسلىھەتچىلەرنىڭ

پۈتۈنلۈك نۇقتىئىنەزەرى بويىچە مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ پسىخىكىسىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سىستېمىلىق ئانالىز قىلىپ مەسلىھەت خىزمىتىنى توغرا، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىپ مەسلىھەت خىزمىتىنىڭ يۈزەكىلىكىدىن ساقلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

پسىخىكا مەسلىھەتىدە پۈتۈنلۈك پرىنسىپى تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسى ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، ھېسسىيات، ھەرىكەت قاتارلىقلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغانلىقتىن، پسىخىكا جەريانى، پسىخىكىلىق ھالەت بىلەن خاسلىق پسىخىكا ئالاھىدىلىك، پسىخىكىلىق ئامىل ۋە بىئولوگىيىلىك ئامىل قاتارلىق تەرەپلەر ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئۆزئارا رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى شەخسنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئامىلى بىلەن تاشقى مۇھىت، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چەكلەش ۋە ئۆزئارا سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەت چىرمىشىپ مۇرەككەپ باغلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەتچىلەرنىڭ مەسلىھەت خىزمىتىدە «دەرەخنىلا كۆرۈپ، ئورماننى كۆرمەسلىك» كە قەتئىي بولمايدۇ. چوقۇم شەخسنىڭ پسىخىكىسىدىكى پۈتۈنلۈك بىلەن بىرلىكنى ئۇنىۋېرسال مۇھاكىمە قىلىش، شەخسنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئامىلى بىلەن تاشقى مۇھىتنىڭ چەكلىمىلىكىنى، ماسلىقىنى مەسلىھەت بېشىدىكى پسىخىكىلىق مەسىلىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە ئانالىز قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئىلمىي دىئاگنوز قويۇش ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا قولايلىق يارىتىش كېرەك.

### 3. يېتەكچىلىك خاراكتېرلىك پرىنسىپى

يېتەكچىلىك خاراكتېرلىك پرىنسىپى مەسلىھەتچىنىڭ مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملاردا ئاكتىپ تەكلىپ بېرىپ، مەسلىھەت بېرىش ئوبيېكتىنىڭ مۇۋاپىق تونۇش شەكلى ۋە ياخشى ھەرىكەت خۇلقىغا ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئالدى بىلەن، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ پسىخىكىلىق توسالغۇسى كۆپ ھاللاردا ئائىلە، جەمئىيەت ۋە خىزمەتتىكى زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە پاسسىپ تەرىپى، دۇنيادىن بىزار بولۇش، ھەتتا دۈشمەنلىك كەيپىياتى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسلىھەتچى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگە

هالدا مەسىلىلەرگە قارىتا تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئاستا-ئاستا ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرگە قاراش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە يېڭى ئىدىيە تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىش ۋە باشلامچىلىق قىلىش كېرەك. يېتەكچىلىك پرىنسىپى يەنە مەسلىھەتچىلەر ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك مەسلىھەت ئوبيېكتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يەكۈنلەپ پسىخىكا توسالغۇسىدىكى بارلىق ھەرىكەتلەرگە ئۇنۇملۇك چارە قوللىنىپ، نەزەرىيە ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، پسىخىكا توسالغۇسىنى يېڭىپ، ئاڭلىقلىق ۋە ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

## 4. پەرقلەندۈرۈش پرىنسىپى

پەرقلەندۈرۈش پرىنسىپى: مەسلىھەتچى مەسلىھەت جەريانىدا، بىر تەرەپتىن، پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئادەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشى يەنە، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئايرىم پەرقلىرىگە دىققەت قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالدى بىلەن، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ يېشى، جىنسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئاساسەن مەسلىھەت ئوبيېكتىنى بېكىتىپ چىقىش ئۇسۇلى، مەسىلەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مەسلىھەت خىزمىتىنى چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ بىرقەدەر كۈچلۈك ئانالىز قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسلىھەت داۋامىدا مەسلىھەتچىلەر ئالاقىدار مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن تەكلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ناتوغرا تونۇش، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. بىراق، بەزى مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن مەسلىھەت ئوبيېكتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كۆپرەك نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ئېلىپ بارغىلى ھەم چوڭقۇر چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى چوڭقۇر چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق داۋالاش تەدبىرىنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن، مەلۇم خىلدىكى پسىخىكىلىق توسالغۇ، پسىخىكىلىق كېسەللىك ئوخشىشىپ كېتىدىغان خىلدىكى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ، ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە

كېسەللىك سەۋەبى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بۇ ئادەمگە ئۇنۇملۇك چارە قوللىنىش كېرەك. باشقا ئۇنۇملۇك بولغان ئۇسۇل، تەدبىر، ئادەمگە ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن ھەمدە ئوخشاش بىر ئادەم بولغاندىمۇ ئوخشاش پسىخىكىلىق مەسىلىلەر كۆرۈلگەندە ئۇنۇملۇك چارە-تەدبىر قوللانغاندىمۇ ئوخشاش ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يەرقلەندۈرۈش پرىنسىپى كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىدىغان ھەم كونكرېت تەھلىل قىلىدىغان پرىنسىپتۇر.

## 5. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش پرىنسىپى

مەخپىيەتلىكنى ساقلاش پرىنسىپى، مەسلىھەتچى خادىمنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مەسلىھەت ئوبيېكتى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت مەزمۇنىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ نام-شەرىپى ھوقۇقىنى ئەقەللىي جەھەتتىن قوغداش ۋە قانۇني كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەسلىھەتتىكى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆتتۇرىسىدا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى. شۇنداقلا، پسىخىكىلىق مەسلىھەت خىزمىتىنىڭ ئابرويىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. يەنە كېلىپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغداش، پۇخرالىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە قانۇننى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. قائىدە جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەسلىھەت جەريانىدا دائىم مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئىدارە، ئائىلىسىدىكى زىددىيەت-توقۇنۇشلارنى تېخىمۇ يوشۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارنى توغرا چۈشىنىشتىكى مەقسەت تېخىمۇ ياخشى ھالدا مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ پسىخىكىلىق توسالغۇلىرىنى سۈپۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈندۇر.

بىراق، ئەگەر بۇ خىل ئەھۋاللار چوڭقۇرلىشىپ كەتسە، ھۆرمەت قىلىش ۋە قوغداشقا ئېگىشلىك مەخپىيەتلىكلەرنى قوغداپ قالغىلى بولمايلا قالماستىن، زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشى، ئىشلار يېرىم يولدا توختاپ قېلىشى، ھەتتا مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ھاياتىدىن يەڭگىللىك بىلەن ئۈمىد ئۈزۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەخپىيەتلىكنى خالىغانچە ئاشكارىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

قانۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۇقرالارنىڭ، شەخسىي ھوقۇقىنى قوغداش بولسا مەملىكىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن پىسخىكا مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئېسىدە چىڭ تۇتۇش كېرەك بولغان ئۆزىنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش مەسلىھەت ئوبيېكتىنى قوغداش مەسلىھەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى.

## 6. تۈزىتىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى

بۇ پرىنسىپ مەسلىھەت داۋامىدا مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ پسىخىك توسالغۇسىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، پسىخىكا تەڭپۇڭلۇقىغا ئېگە قىلىش ھەم زۆرۈر ئاكتىپچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش شۇ ئارقىلىق مەسلىھەتنىڭ ئۈنۈملۈك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

پسىخىكىلىق مەسلىھەت جەريانىدا تۈزىتىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش. كىشىلەرنى پسىخىكا تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. پسىخىكىلىق توسالغۇنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پسىخىكىلىق توسالغۇنىڭ پەيدا بولۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدىكى بىر پۈتۈن بىلىش قۇرۇلمىسى، خاراكتېر قاتارلىقلاردا ساقلانغان پەرقلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پسىخىك مەسلىھەت بېرىش جەريانىدا ئەگەر بۇ چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەر نىگىزىدىن ھەل قىلىنمىسا، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئەھۋالىدا ھەر جەھەتتىن ۋاقىت ياخشىلىنىش ۋە يامانلىشىشتەك قايتىلىنىش ھادىسى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. پسىخىك توسالغۇلارنى يىلتىزىدىن يوقىتىشتا، چوقۇم خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىك، بىلىش قۇرۇلمىسىنى تۈزىتىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، نەق مەيداندا تۈزىتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇستەھكەملەش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ساغلاملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، پسىخىك مەسلىھەت بېرىش نىشانىدىن قارىغاندا توسالغۇلارنى تىزگىنلەش بولسا بىر كونكرېت نىشان. كىشىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشلا پسىخىك مەسلىھەت بېرىشنىڭ ئاخىرقى نىشانى. بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئەڭ زور دەرىجىدە پسىخىك

مەسلىھەت بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## 6. پسىخىك مەسلىھەت بەرگۈچىلەرنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش شارائىتى

پسىخىك مەسلىھەت خىزمىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە جاپالىقلىقى پسىخىك مەسلىھەت خادىملىرىنىڭ چوقۇم يۇكسەك كەسپىي ئەخلاقىنى ھازىرلاش كەسپىي مەسئۇلىيىتى ھەمدە كەسپىي ئەخلاق تونۇشىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاق تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىشنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئەتراپلىق بىلىم بىلەن تەربىيىلىنىشىنى، پسىخولوگىيە، پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق، پېداگوگىكا، تېببىي ئىلىم ۋە پسىخىك كېسەللىكلەر ئىلمى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە بىلىملەرنى ئىگىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ياخشى پسىخىك پەزىلەت ۋە ساغلام خاراكتېرنى ھازىرلىشى لازىم.

## § 2 . پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش تاكتىكىسى ۋە ئۇسۇلى

پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش تاكتىكىسى ۋە ئۇسۇلى، پسىخىكىلىق مەسلىھەتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى بىر ۋاستە، شۇنداقلا پسىخىك مەسلىھەت خادىملىرى چوقۇم ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئاساسلىق پائالىيەت شەكلى.

### 1. پسىخىكىلىق مەسلىھەتتە دائىم قوللىنىدىغان ئۇسۇللار

#### 1. سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى

سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى — پسىخىك مەسلىھەت خادىملىرى پسىخىك مەسلىھەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە پسىخىك ئوبيېكتى بىلەن يۈزتۇرانە ئېلىپ بارىدىغان سۆھبەت ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ پسىخىك مەسلىھەتتىكى ئەڭ

ئاساسلىق ئۇسۇل. ئادەتتە بۇنى قۇرۇلما شەكىللىك سۆھبەت ۋە ئەركىن شەكىلدىكى سۆھبەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

قۇرۇلما شەكىلدىكى سۆھبەت (تەشكىللىك سۆھبەت) تە، ئادەتتە سۆھبەتلىشىشتىن ئىلگىرى سۆھبەت تېزىسى ۋە سوئال تەييارلاپ سۆھبەتلەشكەن ۋاقىتتا بەلگىلەنگەن مەزمۇن ۋە بەلگىلەنگەن جەھەتلەردە سۆھبەتلىشىدۇ. بۇ خىل سۆھبەت ئۇچۇر توپلاش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ ھەمدە ۋاقىتنى، كۈچنى تېجەپ، قائىدىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ يېتەرسىزلىكى ئۆلۈك بولۇپ، دىققەت ئاسان چېچىلىدۇ. مەسىلىلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە نىسبەتەن قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ، سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ئاسان قوزغىتىلمايدۇ.

ئەختىيارىي سۆھبەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، سۆھبەتتىن ئاۋۋال سۆھبەتلىشىش سوئالى ۋە تەرتىپى بېكىتىلمەيدۇ. سۆھبەتلەشكەن ئىككى تەرەپ ساقلانغان مەسىلە ۋە قىزىقىشىنى چۆرىدىگەن ئاساستا چوڭقۇر ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئارتۇقچىلىقى ئازادە ھەرىكەتچان بولۇپ، سۆھبەتلەشكەن ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئاسانلا ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ، تېمىدىن ھالقىپ كېتىپ سۆھبەت جەريانىنى ئاسان كونترول قىلالماسلىق قاتارلىقلار .

## 2. سىناش ئۇسۇلى

سىناش ئۇسۇلى قېلىپلاشقان ۋاستە ئارقىلىق سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ روھى ۋە ھەرىكىتىگە قارىتا ئوبيېكتىپ سىناش ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. سىناش ئارقىلىق سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى، پەزىلىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى چۈشىنىپ، مەسلىھەت بېرىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ماتېرىيال ۋە سانلىق ئاساسقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. سىناش مەزمۇنى ئۈستىدە ئالدىنقى دەرسلەردە توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن قايتا توختالمايمىز.

## 3. يەككە ئارخىپ تۇرغۇزۇش ئۇسۇلى

يەككە ئارخىپ تۇرغۇزۇش ئۇسۇلى، يەككىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان

بارلىق ماتېرىياللارنى توپلاپ، بىر ئادەم ئۈستىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر، سىستېمىلىق، ماتېرىيالغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىدىغان ئۇسۇلدىن ئىبارەت.

يەككە سىناشقا توپلىنىغان ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى سۆھبەت ئوبيېكتىدىن كەلگەندىن سىرت، ئۇنىڭ ئائىلىسى، ساۋاقداشلىرى، دوستلىرى، قوشنىلىرى، ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق تەمىنلىنىدۇ. يەككىلىك ماتېرىيالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، يېشى، جىنسى، كەسپى قاتارلىق سالاھىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، نۆۋەتتىكى ئاساسلىق پسىخىك توسالغۇلىرى، بۇرۇنقى ھەر تەرەپتىكى ماتېرىياللىرى، مەسىلەن، يېتىلىش، تەربىيىلىنىش، ئۆگىنىش قاتارلىق ئەھۋاللىرى، ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى، خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېتەرلىك ماتېرىيالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، يەككە خاتىرە قالدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 2. پسىخىك مەسلىھەت بېرىشتىكى ئاساسلىق تېخنىكا

### 1. ئاڭلاش تېخنىكىسى

كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، پسىخىك مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا پسىخىك مەسلىھەت خادىملىرى چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي ماھارەت. ئاڭلاشقا ماھىر بولغاندىلا ئاندىن سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ سۆھبەت ئوبيېكتىدا ساقلانغان مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سۆھبەت ئوبيېكتىغا كۆپرەك سۆزلەپ، كۆپرەك تەھلىل قىلىپ، سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ مۇستەقىللىق بىلەن ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشىغا ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ. ئاڭلاشقا ماھىر بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، مەلۇم مەسلىھەت ئوبيېكتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار مەسلىھەت خادىملىرىنىڭ ئۆزلىرىدىكى كەيپىيات ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يوقىتىشقا ئېھتىياجلىق.

1. ئاڭلاشنى ئۆگىنىش

توغرا ئاڭلاش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، مەسلىھەت خادىملىرى دىققىتىنى

يىغىشنى ئۆگىنىش لازىم، يەنى كۆز، قىياپەت، ھېسسىيات قاتارلىق جەھەتلەردە مەسلىھەت ئوبيېكتىغا تىكىلىپ سۆزلەپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇش لازىم. ئامېرىكىلىق پسىخولوگ. ئېگىن (G. Egan) نىڭ خۇلاسىگە ئاساسلانغاندا دىققەت ماھارىتىنى قىسقارتىپ SOLER دەپ يېزىشقا بولىدىكەن.

S: نەق مەيداندىكى كىشىگە (Squarely) ۋەكىللىك قىلىدىكەن، يەنى بىر خىل ئاتلانغان قىياپەتتە، سىزنىڭ شۇ كىشى بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرىدىكەن.

O: ئىدىيىنى ئازاد قىلىش (Open)، يەنى سىزنىڭ سۆھبەت ئوبيېكتىنى قوبۇل قىلغان ھالىتىڭىزنى ئىپادىلەيدىكەن.

L: پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىش (Iean)، يەنى قارشى تەرەپكە سىزنىڭ قۇلىقىڭىزدىلا ئەمەس بەلكى، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈش.

E: كۆز ئۆزىڭىز بىلەن ئۇچراشقانلىقىڭىزنى (Eyecontact)، ئەگەر مەزمۇن شەخسكە مۇناسىۋەتلىك بولسا يېقىن كېلىپ ئاڭلىشىڭىزنى بىلدۈرىدۇ.

R: ئازادە تۇتۇش (Relaxed)، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ بەدىنى ۋە روھىنى ئازادە تۇتۇش.

ئىككىنچىدىن، مەسلىھەت بەرگۈچى، مەسلىھەت ئوبيېكتى بىلەن سۆزلىشىشنىڭ مۇھىم ھالقىسىنى ئىگىلىشى لازىم. مەسىلەن، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ قانداق ئىپادىلىنىشى؛ مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مەسىلىلەرگە قارىتا ئىنكاسى، يەنى ئىچكى ئامىل ۋە تاشقى ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ بايان قىلغان ۋاقىتتىكى ھالىتى: تۇرۇپ قېلىشلىرى، تۇتۇقىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ھېسسىياتى قاتارلىقلار. ئۈچىنچىدىن، مەسلىھەت خادىمى ئاڭلىغان ۋاقىتتا مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇش لازىم. ئىنكاس قايتۇرۇش تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئوچۇق شەكىللىك سوئال سوراشنى قوللىنىپ «نېمە»، «قانداق»، «نېمە ئۈچۈن» قاتارلىق جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ سوئال سوراشنى باشلاپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرىغا نىسبەتەن ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىش؛ (2) يېپىق شەكىللىك سوئال سوراشتا، مەسلىھەت ئوبيېكتىدىن «شۇنداق» ياكى «ئۇنداق ئەمەس»

، «بار» ياكى «يوق» ، «توغرا» ياكى «توغرا ئەمەس» قاتارلىق سوئاللارغا جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى سوئاللار سۆھبەت جەريانىدا ئېنىق ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇپ، مۇھاكىمە دائىرىسىنى قىسقارتىپ، مۇھاكىمە قىلىنغان مەلۇم ئالاھىدە مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈشتە ھەمدە تېمىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكتە رول ئوينايدۇ؛ (3) ئىلھاملاندۇرۇش ۋە قايتىلاش، ئىلھاملاندۇرۇش «شۇنداقمۇ» ياكى «كېيىنچۇ؟» قاتارلىقلار بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ قارشى تەرەپنى داۋاملىق سۆزلەشكە ياكى قارشى تەرەپ سۆزلىگەن مەلۇم مەزمۇنلارنى قايتىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. قايتىلاش ئۆزىنىڭ سۆزى ئارقىلىق سۆھبەت ئوبيېكتى سۆزلەپ بولغان مەزمۇنلارنى قايتىلىشى بولۇپ، ئۇ سۆھبەتلەشكۈچىنىڭ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ؛ (4) ھېسسىياتىنى تەكشۈرۈشتە، «سىزنىڭ ھېس قىلىشىڭىزچە...» ، «سىزنىڭچە...» قاتارلىق سوئاللارنى قويۇش ئارقىلىق ۋەقەدىن كېيىنكى كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرىدۇ؛ (5) مەسلىھەت ئوبيېكتى تەمىنلىگەن پاكىت، ھېسسىيات، ھەرىكەتكە قارىتا تەھلىل ئېلىپ بارغاندىن كېيىنكى ئىپادىلەش شەكلىنى خۇلاسىلەپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىغا قارىتا مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

2. ئاڭلىغان ۋاقىتتا سەۋەنلىك كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش دىققەت قىلىش

ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە سەۋەنلىكلەرنى يېڭىشكە دىققەت قىلىش لازىم: (1) يەكۈن چىقىرىشقا ئالدىراش. مەسلىھەت ئوبيېكتىدا يېتەرسىزلىك بايقالغاندا سوغۇق قانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىش يېتەرسىز بولۇپ، مەسلىھەت بۇ ئارقىلىق قوبۇل قىلغۇچىغا بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ، مەسلىھەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇش. (2) مەسلىھەت ئوبيېكتىدىكى مەسىلىلەرگە سەل قاراش، بەزى مەسلىھەت خادىملىرى مەسلىھەت ئوبيېكتىدىكى مەسىلىلەرنى چوڭ مەسىلە دەپ قاراپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەسىلىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتەك تاقەتسىزلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. (3) مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ سۆز تېمىسىغا كاشىلا قىلىش، بۇرۇۋېتىش، بەزىبىر مەسلىھەت بېرىش خادىملىرىنىڭ مەسلىھەت كۆرسىتىش ئىقتىدارى تۆۋەن سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ مەسىلىنىڭ ئارقىسىغا نېمە يوشۇرۇنغانلىقىنى

پەرقلەندۈرەلمەي دائىم دىگۈدەك سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ بايانىنى ياكى سۆزلەرنى ئۆرۈۋېتىدۇ ياكى بۇرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەتنىڭ داۋاملىشىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. (4) ئالدىن ئەخلاق ياكى توغرا خاراكتېرلىك تەنقىد پىكىر بېرىش، ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەسلىھەت جەريانىدا ئاسانلىقچە ئەخلاق تەربىيىسى ياكى تېز خاراكتېرلىك تەنقىد بەرمەي، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشىگە ئارلىشىۋالماي، ياخشى مەسلىھەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىق لازىم.

## 2. خاتىرىلەش تېخنىكىسى

خاتىرە قالدۇرۇش، مەسلىھەت جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل خىزمەت. ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل بولغان ئەسلىي ماتېرىيالنى خاتىرىلىۋېلىش، مەسلىھەت خادىمىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى يىپ ئۇچىنى بايقىشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېيىن مەسلىھەت بەرگەن ۋاقىتتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشقا پايدىلىق. پسىخىك مەسلىھەت خاتىرىسىنى قالدۇرۇش تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل شەكىلدە بولىدۇ.

### 1. سىنئالغۇغا ۋە ئۈنئالغۇغا ئېلىش

سىنئالغۇغا ئېلىش، سىنئالغۇ ئاپپاراتى مەسلىھەت بېرىشقا پۈتۈن جەريانىنى ئېلىپ ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا قايتا كۆرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۈنئالغۇغا ئېلىش، دائىم قوللىنىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەسلىھەت بېرىش ئوبيېكتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى تەرەپنىڭ دىققەت كۈچىنى ئاسانلىقچە چېچىۋەتمەيدۇ. ئەمما، ئۈنئالغۇغا ئېلىشتا مەسلىھەت ئوبيېكتى قوشۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ئېلىشقا بولىدۇ.

### 2. خاتىرە قالدۇرۇش

نەق مەيداندا خاتىرە قالدۇرۇش، مەملىكىتىمىز پسىخىك جەريانىدا دائىم قوللىنىدىغان خاتىرىلەش شەكلى. ئەمما، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ

ماقۇللۇقىنى ئالغاندىلا ئاندىن چۈشەنچە بېرىپ خاتىرە قالدۇرۇش لازىم. نەق مەيداندا خاتىرە قالدۇرغاندا: بىرىنچىدىن، مەسلىھەت بەرگۈچى خاتىرە قالدۇرۇش باھانىسى بىلەن مەسلىھەت ئوبيېكتى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سۆھبەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ، قارشى تەرەپتە سىنىق مۇھىم ۋەزىپەڭ خاتىرە قالدۇرۇش ئىبلىنىدۇ دېگەن چۈشەنچىنى بېرىپ قويماسلىق لازىم. مەسلىھەت خادىمى چوقۇم ئەستايىدىل ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن، خاتىرە قالدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇرۇش، مەسىلەن، جانلىق ۋە جانسىز شەكىلدە كۆڭۈل بولۇشى لازىم. ئىككىنچىدىن، خاتىرە قالدۇرغان ۋاقىتتا، سۇرئەت مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ بايانىغا يېتىشەلمىگەندە مەسلىھەت خادىمى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى. مەسىلەن، مەلۇم بەلگە قويۇشى ياكى سوئال قويۇپ ۋاقىتنى سۇرۇش ئارقىلىق سۇرئەتنى تېزلىتىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ بەزى ھېسسىيات ئاسان ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ھادىسلەرگە قارىتا، مەسلىھەت خادىمى نەق مەيداندا خاتىرە قالدۇرماي، خاتىرىلەشنىڭ بىسىم بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىدىن ساقلىنىشى، قارشى تەرەپنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ دادىللىق بىلەن سۆزلەشكە يېتەكلەش لازىم.

3. ئىز قوغلاپ خاتىرىلەش

ئىز قوغلاپ خاتىرىلەشمۇ دائىم قوللىنىدىغان خاتىرىلەش شەكلى. مەسلىھەت خادىمى ۋەقەدىن كېيىنكى ئېسىدە قالغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىر پۈتۈن مەسلىھەت جەريانىنى رەتلەپ چىقىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋاقىتنى تېجەپ، ئىشتىن كېيىن خاتىرىلەپ ئېنىقلىۋېلىپ، مۇھىم نۇقتىنى چىقىش قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، نەق مەيداندا خاتىرە قالدۇرماي مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئازادىلىك، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرۇپ، سۆھبەت جەريانىنى نىسبەتەن ئوچۇقلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى ئىشتىن كېيىن خاتىرە قالدۇرغانلىقتىن بەزى نازۇك مەسىلىلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلانماق قىيىن.

## 3. ھەمكارلىشىش تېخنىكىسى

پسىخىك مەسلىھەت بىر خىل ئۆزئارا قوزغىتىش جەريانى. شۇنداقلا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەۋقۇلئاددە ھەمكارلىق جەريانىدۇر. ھەمكارلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى، مەسلىھەتنىڭ ئۈنۈمىگە بىۋاستە

تەسىر كۆرسىتىپ، مەسلىھەت خادىمى، ھەمكارلىشىش جەريانىدا بېتەكچىلىك رول ئوينىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمكارلىشىش تېخنىكىسىنى ئىگىلەش ناھايىتى مۇھىم.

1. ئورتاق ھېسسىياتچانلىق

«ئورتاق ھېسسىيات» مەسلىھەت خادىمىنىڭ ئامالىنىڭ بارچە مەسىلىگە مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قاراپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ ھەمدە ئۆز بىلىمى ئارقىلىق، تەجرىبىلەرنى تېخىمۇ توپلاپ مەسلىھەت ئوبيېكتى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى چۈشىنىپ، ئورتاق ھېسسىيات ئارقىلىق قارشى تەرەپكە تەسىر كۆرسىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

«ئورتاق ھېسسىيات» نىڭ قوللىنىشى مەسلىھەت خادىمىدا مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئەھۋالىدا ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى مەسلىھەت خادىمى بىلەن ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى قىسقارتىپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا چۈشىنىشكە ئېرىشىپ ئىشەنچ پەيدا قىلىپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دېيىشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپلىگەن چۈشىنىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ ھەمدە چوڭقۇر ئالاقە ئورنىتالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئورتاقلىق پسىخىكىلىق بىرلىكىنى ئېلىپ كېلىپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىنى مەسلىھەتچى خادىمىنىڭ تەھلىلى پىكىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەپ، ياخشى بولغان مەسلىھەت ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ».

«ئورتاق ھېسسىيات» نى توغرا ئىپادىلەش ۋە قوللىنىشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتكە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، مەسلىھەت خادىمى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مەيدانى ۋە مۇھىتىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، «ئورتاق ھېسسىيات» نى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئىككىنچىدىن، «ئورتاق ھېسسىيات» نى ئىپادىلىگەن ۋاقىتتا مۇۋاپىق بولۇشى، چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ئەكسىگە قايتىدۇ. مەسىلەن، كۈچلۈك ھېسسىياتقا قارىغاندا ئادەتتىكى ھېسسىياتقا تېخىمۇ ئېھتىياجلىقراق بولىدۇ. «ئورتاق ھېسسىيات» ئەكس ئەتتۈرگەن سەۋىيە بىلەن سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ مەسىلىلەرگە قارشى سەۋىيىسى قوبۇل قىلىش سەۋىيىسىنى سېلىشتۇرۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن، «ئورتاق ھېسسىيات» جانلىق ۋە جانسىزدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى بىرلىشىشتە ئىپادىلىنىدۇ. تۆتىنچىدىن، مەسلىھەت بېرىش خادىمى «ئورتاق

ھېسسىيات» تا بولغاندا يەنە ئارىلىق قالدۇرۇش پرىنسىپىنى تۇتۇق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، سۆھبەت ئوبيېكتىدىن بەك يىراقلىشىپ كەتمەسلىكى ھەم بەك يېقىنلىشىپ كەتمەسلىكى، ئوبيېكتىپ، ئادىل بولغان مەيداننى ساقلىشى لازىم.

2 . ئۈلگە كۆرسىتىش

ئۈلگە كۆرسىتىش مەسلىھەت خادىمىنىڭ جانلىق ۋە جانسىز ھەرىكىتى، مەنىلىك ۋە مەنىسىز ھالدا مەسلىھەت ئوبيېكتىغا تەسىر كۆرسىتىپ مەسلىھەت خادىمىنىڭ مەسلىھەت ئوبيېكتىغا نىسبەتەن نەمۇنە بولۇپ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلىھەت جەريانىدا، مەسلىھەت ئوبيېكتى دائىم، مەسلىھەت خادىمىنىڭ سۆز-ھەرىكىتى، خىسلىتى، بىلىمى، پەزىلىتى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن تاللاش، تەنقىد قىلىش ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر مەسلىھەت خادىمى ئوچۇق-يورۇق، قائىدىلىك، سەمىمىي، جەلپ قىلارلىق بولسا، مەسلىھەت ئوبيېكتىپ ئۇنىڭغا قارىتا قىزىقىش قوزغىلىدۇ-دە، مۇستەھكەم مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ مەسلىھەت خادىمى لاياقەتلىك، ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئەگەر مەسلىھەت ئوبيېكتى مەسلىھەت خادىمىغا قارىتا پەزىلىتى، قابىلىيىتى، خىسلىتىدىن گۇمانلانسا، ھەتتا بىزار بولسا، مەسلىھەتنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىش، مەسلىھەت بېرىش خادىمىنى مەسلىھەت ئېلىش ئوبيېكتىنىڭ بولغان تۈنجى تەسىراتىنا ھۆرمەتلەش ۋە قارشى تەرىپكە كۆڭۈل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھۆرمەتلەش بىلەن ئېتىبار بېرىش ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ئەدەپ-قائىدە بولۇپلا قالماستىن، پسىخىك مەسلىھەت جەريانىدىكى ھۆرمەت بىلەن ئەھمىيەت بېرىشىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق يۈكسەك قوبۇل قىلىنىدىغان ئۇقۇمىدۇر. ئۇ، مەسلىھەت ئوبيېكتىنى ئۆز قىممىتىنى تونۇش تۈيغۇسىغا، بولۇپمۇ جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىگە ئېرىشتۈرۈپ، مەسلىھەت ئوبيېكتى ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلىدۇ. ھۆرمەتلەش بىلەن ئېتىبار بېرىش روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۈلگە كۆرسىتىش جەريانىدا يەنە مەسلىھەت خادىمى ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى غالىپ ئىقتىدارى بىلەن مەسلىھەت خادىمىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش لازىم. مەسلىھەت خادىمى ئىمكانقەدەر جانلىق ۋە جانسىز جەھەتتە مەسلىھەت ئوبيېكتىدا يامان تەسىر پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

3. ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرى

ئىلھاملاندۇرۇش — مەسلىھەت خادىمىنىڭ مەسلىھەت ئوبيېكتىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، سۆز-ھەرىكىتىدىكى ئاكتىپ تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ئۆزىدىكى ئاكتىپ ئامىللار ئارقىلىق ئۆزىدىكى مەسلىھەت ئوبيېكتىنى يېتەكلەپ، مەسلىھەت ئوبيېكتىدا ئۆزىدە ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە تامامەن ئىقتىدارى يېتىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن پسىخىك توسالغۇلارنى يېڭىش ئىشەنچىسى ۋە جاسارىتىنى ئاشۇرۇش لازىم.

مەسلىھەت خادىمىنىڭ مەسلىھەت جەريانىدا ئاكتىپچانلىق بىلەن مەسلىھەت ئوبيېكتىدىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ پسىخىك توسالغۇلىرى دائىملىق ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قوبۇل قىلغان ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى پسىخىك ھادىسىلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنى يارامسىز چاغلايدۇ، كەمسىتىدۇ، ئۆز-ئۆزىدىن ئۆكۈنىدۇ، پەقەت مۇشۇ خىلدىكى كونا ۋەزىيەتنى بۆسۈپ ئۆتسىلا، ئاندىن ساغلام پسىخىكىسى يېتىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە بىر نۇقتىدىن ئۆزىگە قاراپ ئوبيېكتىپ، ئەتراپلىق تەنقىد ئۆلچىمىنى بەرپا قىلىشقا ياردەم بېرىش لازىم. ئۇندىن باشقا، مەسلىھەت جەريانىدا سەمىمىي، مۇۋاپىق بولغان باھا، ياخشى بولغان مەسلىھەت بېرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشىدا ياردەمچىلىك رول ئوينايدۇ.

ئىلھاملاندۇرغان ۋاقىتتا، مەسلىھەت خادىمى پەيتنى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ئادەتتە مەسلىھەت ئوبيېكتى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىغا قارىتا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئىلھاملاندۇرۇش ئېلىپ بېرىشى لازىم. سۆزىنىڭ ئاساسى بولۇشى، مەلۇم كونكرېت ۋەقە ياكى ھەرىكەتكە قارىتا قاراتمىلىقى بولۇشى، چۈۋالچاق سۆزلەشتىن ساقلىنىشى، سۆھبەت ئوبيېكتىدا سىز مۇشۇنداق قىلسىڭىز بولىدىكەنغۇ دېگەن تۇيغۇنى كەلتۈرۈپ قويماسلىقى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ياخشى ئۈنۈم ئېلىپ كەلمەيدۇ. سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىپ، پسىخىكىلىق ئامىللىرى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرگە قارىتا مەسلىھەت بەرگەندە ئېھتىيات قىلىش لازىم. پوزىتسىيىڭىز چوقۇم ئەستايىدىل

بولۇشى، قارشى تەرەپ سىزنىڭ ئىلھامىڭىزدىن مەمنۇن بولۇشى لازىم.

## 4. بىرقانچە خىل ئالاھىدە ئەھۋالنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

1. جىمجىغورلۇقنى بىر تەرەپ قىلىش

مەسلىھەت جەريانىدا بەزى ۋاقىتلار جىمجىغورلۇق ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ، مەسلىھەت بېرىش خادىملىرى بۇنىڭغا قارىتا سوغاققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مەسلىھەت خادىمى جىمجىغورلۇقنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىدىن تەھلىل قىلىپ، ئۇنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ ياكى مەسلىھەت ئوبيېكتى كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. مەسلىھەت بېرىش خادىمى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب ئاساسلىقى، ئوبرازى ياخشى بولماسلىق، تەدبىرى ياخشى بولماسلىق، كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، كۆپ ساندىكى جىمجىغورلۇق ئاساسلىقى، مەسلىھەت ئوبيېكتى تەرەپتىكى سەۋەب بولۇپ ئاساسەن: (1) تەشۋىشلىنىش تىپى، يەنى مەسلىھەت نامىغا دېگەندەك ئىشەنمىگەنلىكتىن. (2) ئالدىراقسانلىق، يەنى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ مەسلىھەت خادىمىنىڭ ئۆزىدىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقالمىغانلىقى ياكى مەسىلە ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان مەسىلىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمىگەنلىكى. (3) ئويلىنىش تىپى، يەنى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆزى ھەققىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىۋاتقان ھالىتى. (4) ئىچكى ئامىل تىپلىق، يەنى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ خاراكتېرى ھەددىدىن ئارتۇق ئىچكى مايىللىقى قاتارلىق. (5) قارشى چىقىش تىپلىق، يەنى پاسسىپ بولغان مەسلىھەت ئوبيېكتىنى، مەسىلەن، مەزكۇر كىشىنىڭ مەسلىھەتنى خالىمىغانلىقى ياكى مەسلىھەت سوراش زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىغانلىقى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

جىمجىغورلۇقنى ھەل قىلىشنى ياخشى بولغان مەسلىھەت مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇزتۇرانە سۆھبەتلىشىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىشتا، بىرىنچىدىن، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، مەسىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 1-2-تۈردىكىلەر مەسلىھەت خادىمى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ قاتماللىقىنى يوقىتىشتا ئىلھاملاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى، شۇنداقلا تېمىنى باشقا ياققا بۇراشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۈچىنچى خىلدىكىسى بولسا،

مەسلىھەت خادىمى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈلۈمسىرەش، تىكىلىپ قاراش قاتارلىقلار بىلەن ئۆزىنىڭ دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋاتقانلىقىنى، ئىلھام بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش. سۈكۈت ۋاقتى بەك ئۇزىراپ كەتسە، جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سوئال سوراپ، قارشى تەرەپنىڭ ئويلىنىشىغا ياردەم بېرىش. ئەگەر تۆتىنچى خىلدىكىسى بولسا، مەسلىھەت خادىمى ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قىزغىنلىق، سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلەپ كۆپ ئاڭلاش، كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىپ، تەدرىجىي ماسلاشتۇرۇپ مەسلىھەت ھالىتىگە يېتەكلەش لازىم. ئەگەر ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر تۈر بولسا، يەنە مەجبۇرلاش بىلەن بولغاندىمۇ ياكى ئەسلىدىن ساقلانغانمۇ پەرقلەندۇرۇپ، مەجبۇرلاش بىلەن بولغان بولسا مەسلىھەت خادىمى پوزىتسىيىسىنى سەمىمىيلەشتۈرۈپ ئۇسۇلىنى مۇۋاپىقلاشتۇرغاندا سۈكۈت، ھالىتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئەسلىدىلا ئۆزىدە ساقلانغان بولسا بۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن. مەسلىھەتنى ۋاقتىنچە توختىتىش لازىم.

2. كۆپ سۆزلەشنى بىر تەرەپ قىلىش

مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ كۆپ سۆزلەشىنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، بەزىلىرى كۈچلۈك ھېسسىياتىنى باسالماي قالىدۇ. بەزىلىرى چېچىلىپ سۆزلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئادەتتە تۇرمۇشتا بېسىم ھېس قىلىپ، ئاچچىقلىنىش ئوبيېكتىغا مۇۋاپىقلىشالمايدۇ، بەزىلىرى، كېسەل ياكى تىياتىر ئارتىسلىرىدەك خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقتىن، پىكىر بايان قىلىپ ئۆزىنى ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىلىرى تۇرمۇش جەريانىدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا، ھەتتا ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ. مەسلىھەت سوراش ئارقىلىق ئۆزىگە چىقىش يولى ئىزلەشنى ئويلايدۇ. بەزىلىرى، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئاجىزلىقىنى، تىنچسىزلىقىنى يوشۇرۇپ مەسلىھەت خادىملىرىنىڭ سوئال سورىشىدىن قورقىدۇ.

سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ كۆپ سۆزلەشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىپلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش لازىم. چېچىلىش تىپىدىكى، ئاچچىقلىنىش تىپىدىكىلەرگە قارىتا، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئەتراپلىق ھۆرمەت قىلىپ سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە بىخەتەر تۈيغۇغا يېتەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زۆرۈر بولغان كۆرسەتمە بېرىش، كېسەللىك ياكى ياخشى كۆرۈش تىپىدىكىلەرگە قارىتا

ئۇلارنىڭ ئىزدىمەكچى بولغان ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق بولغان ئىنسانىي پەزىلەتلىك تۈزىتىش تەربىيىسىنى يېتىلدۇرۇشكە يېتەكلەش. قۇرۇق سۆزلەش تېپىدىكىلەرگە قارىتا ئەيىبلەش، تەنقىد قىلىش ئېلىپ بارماستىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى ئۇرغۇتۇپ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى تونۇشقا، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى توغرا بىلىشكە ياردەم بېرىش. يېپىق تىپىدىكىلەرگە قارىتا. ئاۋۋال ئۇلارغا ئازادىچىلىك، بىخەتەرلىك مۇھىتى يارىتىپ بېرىپ، ئەركىن يۇمۇرىستىك سۆزلەر بىلەن، ئۇلارنىڭ جىددىي كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، يەنە قايتىلاش شەكلىنى قوللىنىپ، ھېسسىياتىنى ۋاقتىنچە قوزغايدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىپ، كەيپىياتى تۇراقلاشقاندىن كېيىن قايتىدىن سۆزلىشىش لازىم.

3. ۋاستىچى ئالماشتۇرۇشنى بىر تەرەپ قىلىش

ۋاستىچى ئالماشتۇرۇشنى بىر تەرەپ قىلىش بولسا:

مەسلىھەت جەريانىدا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەسلىھەت بەرگۈچى مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، مەسلىھەتنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەسلىھەت ئوبيېكتىغا باشقىدىن نىسبەتەن مۇۋاپىق كېلىدىغان مەسلىھەتچىنى تونۇشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ۋاستىلىك بىر تەرەپ قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ.

(1) كەمتۈكلۈك تىپىلىق. بۇ بولسا مەسلىھەتچىنىڭ مەلۇم بىر تەرەپ ياكى ئوخشاش تىپتىكى مەسىلىگە ئىگە ماھىر بولماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) يامان كۆرۈش تىپىلىق. مەسلىھەتچى، قىممەت قارىشى، ھېسسىيات قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى، كىشى بەزى مەزمۇنلارغا نىسبەتەن بەكمۇ سەزگۈر ياكى يامان كۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

(3) توقۇنۇش تىپىلىق. بۇ مەسلىھەتچى بىلەن مەسلىھەت ئوبيېكتى مىجەز-خاراكتېر جەھەتتە ماس كەلمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە، مەسلىھەتچى يۈز خاتىرە قىلىپ ئۆزىنى زورلىغان ئاساستا ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان مەسلىھەت ئوبيېكتىنى قوبۇل قىلماسلىق كېرەك.

ھەرقانداق ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنىڭ چەكلىكلىكىنى، ئۆز-ئۆزىدە ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەسلىھەت ئوبيېكتىغا نىسبەتەن يۇكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇپ، ۋاستىلىك بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇ پسىخىك مەسلىھەت بەرگۈچىدىكى بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي كەسپىي ئەخلاق. ۋاستىلىك تونۇشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، مەسلىھەت ئەھۋالىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، راستىنىلا ئارتۇقچىلىقى بار بولغان، نىسبەتەن ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدىغان مەسلىھەتچىنى تاللاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر تەرەپتىن، مەسلىھەت ئوبيېكتىغا خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، پىكىر ئېلىش ھەم سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاستىلىك تونۇشتۇرغان مەسلىھەتچىگە مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. لېكىن، مەسلىھەت ئوبيېكتىنىڭ ئىشىنىپ ئېيتقان مەخپىيەتلىكىنى چىڭ ساقلاش لازىم.

## 3. پسىخىكىلىق ئارخىپنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى

پسىخىكىلىق ئارخىپنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ پسىخىك توسالغۇلىرى، پسىخىك نۇقسانلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە داۋالاشتا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەسلىھەت بەرگۈچىنىڭ خۇلاسە چىقىرىش، تەجرىبىلىرىنى توپلاش، مەسلىھەت بېرىش ئۈنۈمىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

پسىخىك ئارخىپنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) شەخسنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى (ئۆگىنىش، ھەرىكەت، كېسەللىك تارىخى قاتارلىقلار)؛ (2) ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى (كەسپى، مېيىپلىق ئەھۋالى، كېسەللىك تارىخى قاتارلىقلار)؛ (3) شەخسنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى؛ (4) پسىخىك ساغلاملىقىنى سىناش ئەھۋالى (ھەرخىل پسىخىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى، تەھلىلى قاتارلىقلار)؛ (5) مەسلىھەت بېرىش خاتىرىسى (قېتىم سانى، ھەر قېتىملىق ئەھۋالىنىڭ خاتىرىسى، ۋاستىلىك تونۇشتۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىقلار)؛ (6) قوشۇمچە ماتېرىياللار (يېقىنقى ئەھۋالى، خاتىرىسى، ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى قاتارلىقلار).

# § 3 . دائىم ئۇچرايدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى پسىخىك مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىش

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەل ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇھىم باسقۇچتا تۇرۇۋاتقاچقا، ياشلىق باھار ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ ئۇلاردىكى پسىخىك مەسىلىلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. مائارىپ خىزمەتچىلىرى چوقۇم توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

## 1. ئۆگىنىش مەسىلىسى ۋە يېتەكچىلىك

### 1. ئوقۇشتىن بىزار بولۇش

ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇش بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ تەرەپلەردىكى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان پاسسىپ كەيپىيات بولۇپ، مەكتەپتىكى ئۆگىنىش تۇرمۇشقا ماسلىشالمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: ئۆگىنىشكە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، پاسسىپلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش. سەۋەبسىز دەرس قالدۇرۇش، ئۆگىنىشتىن قېچىش قاتارلىقلار. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇشىنى كۆپ تەرەپلىمە سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئامىللاردىن ئىبارەت.

1. ئىجتىمائىي ئامىل

بىرىنچىدىن، جەمئىيەتتىكى ناچار ئامىللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتتىكى ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئاستىن-ئۈستىن بولۇپ كېتىش، قابىلىيىتى تۆۋەن بولۇپ كىرىمى يۇقىرى بولۇشتەك ئەھۋاللار تونۇش قابىلىيىتى تۆۋەن بولغان ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇلاردا بىلىمنىڭ قىممىتىگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، موداكەشلىكنىڭ

جەلپكارلىقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل-ھەرياڭزا يۇكسەك ساغلام ياكى پەس-پاسسىپ موداكەشلىك ھەرقاچان، ھەرزامان ياش ئۆسمۈرلەرنى غىدىقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى موداكەشلىك، بولۇپمۇ پەس موداكەشلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىلىدىغان نىشانى بولۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىق تەدرىجىي سوۋۇپ كېتىدۇ.

2. ئائىلە ئامىلى

ئائىلىۋى تەربىيىسى پوزىتسىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. بۇگۇنكى جەمئىيەتتە ئائىلە باشلىقىنىڭ يالغۇز پەرزەنتتىن كۇتىدىغان ئۇمىدى ئۇمۇميۈزلۈك نىسبەتەن يۇقىرى. ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە تۇتقان ئۇسۇلى دائىم دېگۇدەك، «ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈش ياكى ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق قول بولۇش» تىن ئىبارەت. ئىككى قۇتۇپقا ئاسانلا ئېقىپ كېتىدۇ. ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش، پسىخىك بەرداشلىق بېرىش جەھەتتىكى ناچارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۆگىنىش جەھەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىلا ئۇمىدسىزلىنىپ روھى چۈشۈپ، ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئارتۇقچە ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قول بولۇش بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك يۈكى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولۇش سەۋەبلىك قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەسلىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ غەم-قايغۇ ئۆگىنىشكە قارشى تۇرۇش، ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆگىنىشتىن زېرىكىش كەيپىياتى بىخ سۈرۈپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئائىلە باشلىقىنىڭ ئۆزىدىكى ئەخلاق مەسىلىسى ھەمدە ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن زېرىكىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرسى.

3. مەكتەپ تەربىيىسى ئامىلى

مەكتەپ تەربىيىسى يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش رىقابىتىنىڭ بېسىمى، مەكتەپ تۇرمۇشىنىڭ بىر خىللىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس سۆزلەش ئەھۋالىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىكى جىددىيلىكلەرمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشتىن زېرىكتۈرىدۇ.

4. يەككىلىك ئامىلى

باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ساپاسىنىڭ

ياخشى بولماسلىقى ئۇلارنى ئۆگىنىشتىن قېچىش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىچكى ئامىلى. بۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: پسىخىك ساپانىڭ كەملىكى، مەسىلەن، ئوقۇش مۇددىئاسى، ئوقۇش قىزىقىشىنىڭ كەملىكى، ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقى، پسىخىك بەرداشلىق بېرىش كۈچىنىڭ ناچارلىقى، ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ناچارلىقى، ئۆز-ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدارىنىڭ ناچارلىقى. مەسىلەن، ئۆزىگە دەل مۇۋاپىق باھا بېرەلمەي، مۇۋاپىق ئۆگىنىش نىشانى تۇرغۇزالماسلىق. ئىجتىمائىي ئالاقىدە ياخشى بولماسلىق. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ مىجەز خاراكتېرى سەۋەبلىك، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ماسلىشالماي مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ كېتىش. پسىخىك ئىقتىداردا توسالغۇ بولۇش. مەسىلەن، ئەندىشە قىلىش، قورقۇش، نېرۋىسى ئاجىزلىشىش، ئۈمىدسىزلىك قاتارلىق ئەھۋاللار ئۆگىنىشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىشتىن زېرىكىشى ھەم ئاددىي، ھەم مۇرەككەپ مەسىلە. بۇ مەسىلىنى يوقىتىش ئۈچۈن جەمئىيەت، مەكتەپ، ئائىلە ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىردەك ھەمكارلىشىپ ئىمكانقەدەر ئوقۇغۇچىلاردىكى ھەرخىل ناچار ئامىللارنى ئازايتىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتقى ناچار ئامىللارغا قارشىلىق كۈچىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، ئۆگىنىش نىشانى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە قوزغىتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش. دەرس ئاڭلاش تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پاسسىپ، ئۈنۈمسىز بولغان ئۆگىنىشنى ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان ئۆگىنىشكە ئايلاندۇرۇش.

ئىككىنچى، ھەرخىل كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش، مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ھەمراھلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىچىدە خۇشال-خۇرام ئۆگىنىش مۇھىتىغا ئىگە قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، پسىخىك ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆگىنىش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

تۆتىنچى، پسىخىك مەشىق ئېلىپ بېرىش، ئىلمىي ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ لازىم.

دائىم ئىشلىتىدىغان پسىخىك مەشىقلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

1) RIM پسىخىك مەشىق تېخنىكىسى

RIM پسىخىك مەشىقى بولسا، ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ئىلور. R. كېگىن ئوتتۇرىغا قويغان. A بولسا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بوشىشىشنى كۆرسىتىدۇ. I بولسا نىشان ئۇقۇمى ياكى نەتىجىگە نىسبەتەن تەسەۋۋۇر قىلىش مەشىقىنى كۆرسىتىدۇ. M بولسا نىشانغا يېتىش جەريانىدىكى تەسەۋۋۇر مەشىقى ۋە روھىي مەشىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ تېخنىكىنىڭ مەشغۇلاتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) تەشەببۇسكارلىق بىلەن بوشىشىش. ھەر خىل بوشاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بوشىشىش ھالىتىگە كىرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) نىشان ئۇچۇشلۇق بولۇش ئۇقۇمى كۆڭۈلمىزدىكى نىشانغا ئاساسەن نىشانغا يېقىنلاشقان ياكى نىشاننىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ھېس قىلىش. مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىكى كەيپىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش. مەسىلەن، ئەينى چاغدىكى ئاۋاز، رەڭ، تەن، كەيپىيات، ھېسسىيات ۋە مەنزىرە، شۇنىڭدەك ئىچكى كۈچىنى قوزغىتىش.

(3) جەريان، تەسەۋۋۇر مەشىقى ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قەدەم باسقۇچى، ئۇسۇل ۋە يولىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئېنىق مەۋقە شەكىللەندۈرۈپ، دائىم مەشىق قىلىش ئەمەلىي مەشغۇلاتقا پايدىلىق بولۇپ، ئەمەلىي مەشغۇلاتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ.

(4) RIM بولسا ئۇنىۋېرسال ماھارەتتۇر. ئوخشاش بولمىغان نىشانلارغا نىسبەتەن جانلىق ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۈچ بۆلەك مەزمۇنىنى ئايرىۋېتىشكە بولىدۇ ھەم بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. تەرتىپىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئالدى بىلەن جەريانىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، ئاندىن نىشانغا يېتىش ئۇقۇمىنى مەشىق قىلىش.

(5) بەزىدە ئىلگىرىكىگە بولغان ھېس-تۇيغۇنى ۋە ئىلگىرىكى

ئەمەلىيەت جەريانىدىكى تەجرىبىنى ئەسلەپ، شۇ ۋاقىتتىكى روھىي مەشىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. I ۋە M قىسمىنى بىر كۈندە بىر نەچچە قېتىم مەشىق قىلىپ ئۆزۈنىڭچە داۋاملاشتۇرغاندىلا ئاندىن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2) NIP مەشىق تېخنىكىسى. بۇ تېخنىكىنى ئامېرىكىلىق تىلشۇناس يوھان كىرىندى ۋە كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى چارىد بەندىنو ئوتتۇرىغا قويغان. NIP بولسا نېرۋىنىڭ تىلىنى كونترول قىلىش دېگەننىڭ قىسقارتىلمىسى، يەنى تىل ۋە ھەرىكەتنى پىلانلاپ ۋە ئۆلچەملەشتۇرۇپ، نېرۋا پسىخىك سىستېمىسىنى قوزغىتىپ، پسىخىك كۈچىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆگىنىش ۋە كەسپىي نىشانىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاماملاشنى كۆرسىتىدۇ. NIP ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا نەتىجە قازانغۇچىلار ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرنى دوراپ، ئۆزىنىڭ تىل ۋە پسىخىك ھەرىكەت شەكلىنى ئۆلچەملەشتۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دوراش بولسا ئاڭلىق بولغان ھەقىقىي ئېنىق دوراشتۇر. ئۇ نەتىجە قازانغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى، ھەرىكەت شەكلى ۋە ئوخشاشلىقلارنى تولۇق چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، پسىخىك دوراشنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ نېرۋا تىل ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدۇ.

ئۈلگىلىك شەيئىنى دوراش تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئۈلگىلىك شەخسنىڭ ئىشەنچ سىستېمىسىنى دوراش، يەنى شەخسنىڭ ئىلمىي دۇنيا قارىشىنى ھەمدە ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆز-ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش جەھەتلەردىكى ئاكتىپ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشنى كۆرسىتىدۇ. (2) ئۈلگىلىك شەخسنىڭ ئاكتىپ تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە شەكلىنى دوراش. ئۈلگىلىك شەخستىن پايدىلىق بولغان ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش شەكلىنى قوبۇل قىلىش. لېكىن، ئۈلگىلىك شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. (3) ئۈلگىلىك شەخسنىڭ ھەرىكىتى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ھالەتلىرىنى دوراپ ئۆزىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھالىتى ۋە روھىي قىياپىتىنى ئەڭ ياخشى ھالەتكە كىرگۈزۈش لازىم.

3) ئۆز-ئۆزىگە ئىلھام بېرىش ئىقتىدارى

ئۆز-ئۆزىگە ئىلهام بېرىش بولسا ئىلهاملاندۇرۇشنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ بىر خىل مۇقىم ۋاسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئارزۇسى، قىزىقىشى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئىلهاملاندۇرۇپ، شەخسنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تەڭشەپ مەلۇم مەقسەتكە يېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆز-ئۆزىگە ئىلهام بېرىشتە كۆپ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن تەربىيىلەش بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. ئۇنىڭ مەشغۇلات تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: (1) ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ياخشى تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتىش. مەسىلەن، ئۆز-ئۆزىدىن مېنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپىم قايسى؟ دەپ سوراش. (2) ئۆز-ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن مەشقلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى تېپىپ چىقىش لازىم. بۇ سۆزلەر ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرتىلسە، ياخشىلانسا بولىدۇ. (3) ھەركۈنى ئۈنلۈك ھالدا مەشىق قىلىدىغان سۆزلەرنى يادلاش (ۋاقتى بىر مىنۇت ئەتراپىدا). ئۇزاققىچە ئەستايىدىل قايتا-قايتا تەكرار قىلىش لازىم. بۇ ئارقىلىق ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ چىقىپ، ئۆز-ئۆزىگە ئىلهام بېرىش، ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قوزغىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز-ئۆزىنى ئىلهاملاندۇرۇشتا، ئۆز-ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

## 2. ئۆگىنىشتىكى ھەددىدىن زىيادە ئەندىشىلىك (جىددىيلىك)

ئۆگىنىشتىكى ھەددىدىن زىيادە غەم-ئەندىشە بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى ياكى ئىمتىھان ئالدىدا روھىي جەھەتتىن ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىشتىن پەيدا بولىدىغان غەم-ئەندىشە، خاتىرجەمسىزلىك، ئۇيقۇسىزلىق، يۈرىكى تېز سوقۇش، كاللىسى قايمۇقۇپ قېلىش، دىققىتى چېچىلىش، تەپەككۇر قاتماللىشىش، پەۋقۇلئاددە ئۇنتۇپ قېلىش، ھەتتا مېڭىسى قوپقۇرۇق بولۇپ قېلىشتىن ئىبارەت. فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاسلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۆگىنىشتە ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىش، يەنى ئىمتىھاندا جىددىيلىشىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىمتىھاندىن قورقۇش ھادىسىسىنى ئۈنۈملۈك يېڭىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا پسىخىكىلىق يېتەكلەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

1. تونۇشنى توغرىلاش

ئىمتىھاننىڭ مەقسىتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تونۇشىنى توغرىلاپ،

ئىمتىھاننى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى كەمچىلىكىنى تولۇقلايدىغان، ئۆگىنىشنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئۇسۇلىنى تاپىدىغان ۋاستە دەپ تونۇش لازىم. بۇ ئىمتىھان بېسىمىنى يېنىكلىتىشكە پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىمتىھان نىشانىنى تۇرغۇزۇش لازىم. ئەگەر ئىمتىھاننى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ ياكى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكتىن قورقۇش ئاسانلا كەيپىيات جەھەتتە بەكلا جىددىيلىشىشنى، غەم-ئەندىشە ئىچىگە چۈشۈپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق سەۋىيىنىڭ نورمال جارى قىلدۇرۇشىغا تەسىر قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ھەددىدىن ئارتۇق غەم-ئەندىشە قىلىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش لازىم. ئاخىرىدا ئىمتىھاننىڭ تۇيۇقسىز بولۇشى، تەييارلىقنىڭ تولۇق بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىيلىشىش خاتىرجەم بولالماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىمتىھاندىن ئىلگىرى تەكرار ۋە تەييارلىقنى ياخشى قىلىش لازىم.

2. رىقابەتلىشىش ھالىتىنى تەڭشەش

ئىمتىھاندىن ئىلگىرى ياخشى بولغان رىقابەتلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەك بىلەن ئارام ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئىلمىي تەكرار قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزىگە قەتئىي ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەپ ئاكتىپ ھالدا ئۆز-ئۆزىگە كۆرسەتمە بېرىش لازىم.

ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدىغان بىر جۈملە سۆز تېپىپ چىقىش. مەسىلەن، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيمەن، دېگەندەك جۈملىلەرنى تۈزۈۋېلىپ، ئىمتىھاندىن بىر ھەپتە ئىلگىرى باشلاپ ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا ئۈچ نۆۋەت تەكرارلاش لازىم.

3. ئىمتىھان بېرىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىمتىھان قەغىزىنى قولىغا ئېلىپلا ئومۇمىيۈزلۈك بىر قاتار كۆرۈپ چىقىپ، ئاۋۋال ئاسانلىرىنى، كېيىن تەسلىرىنى ئىشلەش. قىيىن مەسىلىگە ئۇچرىغاندا ئۆز-ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ، ئۆز-ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. «ئەستىن چىقىپ كېتىش» ھادىسىلىرى كۆرۈلگەندە

هودۇقماي ۋاقتىنچە جاۋاب بەرمەسلىك، كەيپىياتى نورماللىشىپ خاتىرىسى ئەسلىگە كەلگەندە ئاندىن جاۋاب بېرىش لازىم.

4. جىددىي كەيپىياتنى تەڭشەش

تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ. نەپەس ئارقىلىق تەڭشەش ئۇسۇلى. جىددىيلەشكەن ۋاقىتتا كۆپ قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى بوشاشتۇرۇش ئۆزىگە يوشۇرۇن كۆرسەتمە بېرىش ئۇسۇلى، يەنى سۆز-جۈملىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جىددىيلەشكەن كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم. مەسىلەن، «ھودۇقما، تەس دېگۈدەك ھېچنىمىسى يوق، چوقۇم ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلەيسەن»، دېگەن سۆزلەرنى ئۆز-ئۆزىگە دېيىش ئارقىلىق جىددىيلىشىش كەيپىياتىنى تۆۋەنلەتكىلى ۋە يوقاتقىلى بولىدۇ.

5. دورا ئارقىلىق داۋالاش

ئىمتىھاندىن ئىلگىرى ئارتۇقچە جىددىيلىشىپ ئۇخلىيالمايدىغان، جىددىيلەشكەندىن كېيىن تولا سىيىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەندە، دوختۇرنىڭ ھاۋالىسى بويىچە تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار ۋە ۋىتامىن B ياكى ۋىتامىن C دورىلارنى ئىچىش ئارقىلىق پسىخىك جەھەتتىن جىددىيلىشىشنى چېقىرىپ تاشلىغىلى، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ چارچاشنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

## 2. جەمئىيەتكە ماسلىشىشچانلىق تەربىيىسى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش

ئۇقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ئاساسلىقى كەيپىياتى نورمالسىز بولۇش، خاسلىق جەھەتتىكى توسالغۇلار ۋە مەكتەپكە ماسلىشىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. كەيپىيات نورمالسىز بولۇش

1. ئادەتتىن ئارتۇق غەم-ئەندىشە قىلىش ئىنكاسى

بۇ بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچككىنە ئىش تۈپەيلىدىن ئارتۇقچە غەم قىلىپ خاتىرجەم بولالماسلىقى، ئەندىشە قىلىپ قورقىدىغانلىقىنى، ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىدۇ. يېنىكرەك بولسا

ھەزىم قىلىش، ئۇخلاش قاتارلىقلارغا تەسىر قىلىدۇ. ئېغىرراق بولسا ئۆگىنىش ۋە كىشىلىك ئالاقىغا تەسىر قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، قەدەم باسقۇچلۇق تەربىيىلەپ، ناچار غىدىقلىنىشنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. كۈچلۈك ئىرادىنى يېتىلدۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ھېسسىياتىنىڭ پاسسىپ ھېسسىياتىنى يېڭىشىگە يول كۆرسىتىپ بېرىش لازىم. ئۇلارنى كۆپرەك ھەرىكەتلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ ئوچۇق مىجەزنى يېتىلدۈرۈش لازىم. ئايرىم ساندىكى ناھايىتى ئېغىرلارنى دورا ئارقىلىق داۋالاش لازىم.

2. ئىككىلىنىش

بۇ، بۇرۇختۇم بولۇش، ھاياتىي كۈچى كەم بولۇش، قىزىقىشىنى يوقىتىش، ئۆزىنى ئەيىبلەپ گۇناھكار ھېس قىلىش، ئۇيقۇسىزلىق ئىشتىھاسى ياخشى بولماسلىق بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشسا يورەك خاراكتېرلىك غەم-ئەندىشە كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن غەم-ئەندىشە ۋە ئىككىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللارنى تەھلىل قىلىپ، قاراتمىلىق ھالدا پسىخىك جەھەتتىن يېڭىش، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. ئۇلارغا كۆپرەك كۆيۈنۈپ، كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى دوستلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىدىغان پۇرسەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارغا دوستلۇق ۋە غەمخورلۇقنى ھېس قىلدۇرۇپ كۈچلۈكلۈك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش لازىم.

3. قورقۇنچاقلىق

ئادەملەر ۋە شەيئىلەردىن ئاسانلا قېچىش. قورقۇش، ئىش قىلىشتىن قورقۇش، سۆزلىگەندە جىددىيلىشىش، داۋاملىق ئۆزىنى باشقىلارغا يەتمەيدىغان ھېس قىلىش. ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىشى كەمچىل بولۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنى باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسخىرىسىدىن خالىي قىلىپ ئۇلارغا بولغان تەلەپنى يۇقىرىلىتىۋەتمەي، تەدرىجىي قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارغا كوللېكتىپ پائالىيەت جەريانىدا مەقسەتلىك ئاممىۋى سورۇنلاردا چېنىقىش

پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش. ھەرىكەت مەشىق قىلدۇرۇش لازىم. مەسىلەن، سىستېمىلىق بوشاشتۇرۇش قاتارلىق مەشىقلەرنى كۆچەيتىش لازىم.

4. قورقۇش

سىرتقى شەيئىلەر ياكى كەيپىياتقا نىسبەتەن نورمال بولمىغان قورقۇش پىسخىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىرتقى يارا ئىجتىمائىي ئالاقە تەبىئىي ئاپەت، ئوقۇشتىن قورقىدۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولسا، ئاساسلىقى، سىرتقى يارا ئىجتىمائىي ئالاقىدىن قورقىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قورقۇش سەۋەبىنى كونكرېت چۈشىنىش، ئوخشىمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ يوقىتىش لازىم. ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئىلىم-پەن ئىگىلەش. مەسىلەن، ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش مەشىقى، بىلىش تۈيغۇسى، سىستېمىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ يېڭىش لازىم.

## 2. خاسلىق جەھەتتىكى توسالغۇ

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا كۆرۈلىدىغان پسىخىك توسالغۇ تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. پارتلاش خاراكتېرىدىكى توسالغۇ

بۇ شەيئىلەرگە نىسبەتەن پارتلاش خاراكتېرلىك ئىنكاس قايتۇرۇش. ئازراقلا كۆتكەن يېرىدىن چىقمىسا، ئاچچىقلىنىش، ئاسانلا ھاياجانلىنىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوپاللىق، ھاياجانلىنىشتەك خەتەرلىكنى تونۇۋېلىشقا ياردەم بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەزىيەتكە قاراپ يېتەكچىلىك قىلىش. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كۆچلەندۈرۈش تەرىپىنى ئېلىپ بېرىش، سوغۇققان پوزىتسىيە تۇتۇش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارغا ئاچچىقىنى بېسىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش لازىم. مەسىلەن، ئۆز-ئۆزىگە كۆرسەتمە بېرىش. دىققەت مەركىزىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئۇسۇللار، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

2. مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى توسالغۇ

بۇ جاھىللىق كونا كېسەللەرگە ئۇندىمەي بويسۇنۇش، ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىشكە ماھىر بولماسلىق، ئىش قىلىشتا ئارتۇقچە ئېھتىياتچان بولۇش،

قورۇنۇش، ئۆز-ئۆزىگە بولغان تەلەپ ھەددىدىن يۇقىرى بولۇپ كېتىش، ھەممە جەھەتتىن ياخشى بولۇشقا ئىنتىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن روھىي بېسىمىنى يېنىكلىتىپ ۋە بوشاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ئۇلارنى تەبىئىي ئىش قىلىدىغان قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن قالسا ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئوخشىمىغان نۇقتىدىن مەسىلىلەرگە قاراشنى ئوبيېكتىپ تەپەككۇرنى جانلاندۇرۇش لازىم. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۆزلىرى قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى يېتىلدۇرۇش لازىم.

3. ئىستېرىيە خاراكتېرلىك توسالغۇ

بۇ ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش، يۈرەكلىك، ئۆزىنى ئاساس قىلىش، ئاسان ئۆزگىرىش، ھېسسىياتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، خىيالچانلىق، ماختانچاقلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەز جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى تونۇپ ئۇلۇغۋار ئىرادە تۇرغۇزۇشقا يۈكتا ئاساستا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە ياردەم بېرىش لازىم. ئۇلارنىڭ توغرا پوزىتسىيە بىلەن رېئاللىققا مۇئامىلە قىلىش، ئەتراپتىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىش، كىشىلەر بىلەن توقۇنۇش بولۇپ قېلىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش، مۇقىم كەيپىياتنى ساقلىشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

4. جاھىل خاراكتېرلىك توسالغۇ

بۇ ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، غەلىبە قىلىش تۇيغۇسى بەك كۈچلۈك بولۇش، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ھەددىدىن زىيادە مۆلچەرلەش، مەسىلىلەرگە بىر تەرەپلىمە قاراش، ئۆزىنى كەمسىتىش، ئىچى تارلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى ۋە تەجرىبىسىنى كۆپەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، دىئالېكتىك تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەقلىي ھالدا مەسىلىلەرگە قاراش، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، رىقابەتكە توغرا قاراش، ئۆز-ئۆزىگە باھا بېرىشنى ئۆگىنىش لازىم.

5. قايغۇرۇش خاراكتېرلىك توسالغۇ

بۇ جىمغۇرلۇق، ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلىك، كۆپ غەم قىلىش، شەيئىلەرنى سەلبىي جەھەتتىن مۆلچەرلەش، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا

ئۆزىنى پەس كۆرۈش، ئۆزىنى ئەيىبلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى تونۇش، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ «باشقىلاردىن كەم تەرىپى، باشقىلاردىن ئارتۇق تەرىپى»نى تونۇش، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيىلەش لازىم. مەغلۇبىيەتكە نىسبەتەن توغرا خۇلاسىلەپ، ئىشنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى كۆرۈشنى ئۆگىتىش لازىم.

6. غەم-ئەندىشە خاراكتېرلىك توسالغۇ

قورقۇش، بىر ئىشقا يولۇقسا ھەيران قېلىش، سەزگۈرلۈكى بوشىشىش. ھەرقانداق ئىشتىن خاتىرجەم بولالماسلىق، يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش تەس بولۇش قاتارلىق جەھەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ ئىلھاملاندۇرۇپ، ئاز تەنقىد قىلىش؛ ئۇلارنىڭ پسىخىك يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ چىقىش لازىم. ئۇلارغا كۆپرەك شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارغا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەمىنى تېتىتىش. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىشىنى قوزغىتىش لازىم. مۇئەللىمنىڭ ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنى غەلىبە تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش لازىم.

## 3. مەكتەپنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ياخشى بولماسلىق

مەكتەپنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ياخشى بولماسلىق بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئامىللىرى تۈپەيلى كېلىپ چىققان مەكتەپنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلىشالماسلىق ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت ئىپادىلىرى بولسا: ئۆگىنىشتىن قورقۇش كەيپىياتى، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش قىيىن بولۇش، ياخشى ئۆگىنىش نىيىتى بار بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنداق قىلىشقا ئامالسىز قېلىش، ھەرىكەتتە ئىقتىدارى بېسىمغا ئۇچراش، ئەسلىدىن بار بولغان ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالماسلىق، ئالاقىدە قورۇنۇش، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىق، ھەرىكەتنى خالىماسلىق، فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە باش قېيىش، ئۇخلىيالماسلىق، ئىچى تىتىلداش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىق ھادىسىلەردىن ئىبارەت.

ئوقۇغۇچىلاردا مەكتەپكە ماسلىشالماسلىقتەك ناچار خاھىشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىش ئامىلىدىندۇر. يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ياكى

مەكتەپ ئالمىشىپ ئوقۇش سەۋەبىدىن ياكى ئۆگىنىشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ئوڭۇشسىزلىقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ. شۇنداقلا ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبىدىنمۇ بولىدۇ. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، شەخسنىڭ پسىخىك ئامىلى بىلەنمۇ، مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر ياخشى بولغان ئىنسانىي خىسلەت ئالاھىدىلىكى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلماسلىق قاتارلىقلار.

مەكتەپكە ماسلىشىش ياخشى بولمىغان ئوقۇغۇچىلارغا تۈزىتىش ئېلىپ بېرىش، سەۋەبىنى ئېنىقلاش، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش كېرەك. سەۋەبى ھەرخىل ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ماسلىشىشى ياخشى بولمىغانلىقلارغا قارىتا ئۇلارنىڭ غەم ئەندىشىنى تۈگىتىش، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تونۇپ يېتىشكە ياردەم بېرىش، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش ماھارىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي بولغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىتىش. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بولغان بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشىشىگە ياردەم بېرىش، ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتىنى ھەم ھەمراھلار مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشى لازىم. سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ماسلىشالماسلىقلارغا قارىتا ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تونۇپ ئۆزگەرتىشكە دىققەت قىلىش، بېسىمى ۋە زىددىيەتلەرنى توغرا تونۇش، ئۇنۇملۇك ھالدا قوزغىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش، ئوقۇغۇچىلارنى كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ ئۇلارنى پسىخىك يېتەكچىلىك، تېخنىك مەسلىھەت بېرىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرىش كېرەك. تۈزىتىش پىلانىنى بەلگىلەش ھەمدە تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، سىستېمىلىق يەڭگىللىتىش ئۇسۇلى قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق مۆھىتىنى ئۆزگەرتىش مەشىق ئېلىپ بېرىش كىشىلىك مۇناسىۋەتكە قارىتا دائىرىسىنى كىچىكلىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى بىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بوشاشتۇرۇش ئۇسۇلى جىددىيلىكنى پەسەيتىش غەم-ئەندىشە كەيپىياتىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىدۇ ھەمدە ئۆز-ئۆزىنى تەڭشەش

كەيپىياتىنى ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى خۇشال هالدا ئۆگىنىش قىلىغىلى بولىدۇ.

## 3. ياشلىق باهارى مەزگىلىدىكى پىسخىك مەسىلىلەر ۋە يېتەكلەش

### 1. جىنسىي بىلىملىرى يېتەرسىز بولۇش ۋە يېتەكلەش

جىنسىي بىلىمى يېتەرسىز بولۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياشلىق باهارى مەزگىلىدىكى جىنسىي ئاڭنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئالاهىدىلىكلەرگە بولغان توغرا تونۇشىنىڭ كەمچىللىكىنى كۆرسىتىدۇ. جىنسىي بىلىمىنىڭ كەمچىللىكى ئالدى بىلەن جىنسىي بىلىمىنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى كەمچىللىكى بولۇپ، خېلى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك جەريانى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشكە بولغان تونۇشى يېتەرسىز بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پىسخىك بېسىم پەيدا بولىدۇ. 1996-يىلقى بىر بۆلەك بېيجىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياشلىق باهار مەزگىلىدىكى تەربىيىلىنىش ئەھۋالىغا ئالاقىدار بولغان ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش نەتىجىدىن كۆرۈشچە، تەكشۈرۈلگەن 72.2% ئوغۇل باللار تۇنجى قېتىم ئېهتىلام بولغاندا پەقەت پىسخىك تەييارلىقسىز ئىكەنلىكىنى 37.7% ئوغۇللار بۇنداق ئىشتىن خەۋەرسىزلىكىنى ئېيتقان، $\frac{1}{10}$ قىسىم ئوقۇغۇچىلار روھىي بېسىمغا ئۇچراپ، ئۆزىنى كېسەل بار نورمال ئەمەس دەپ هېسابلىغان. ئادەت بولغان ۋاقىتتا دەسلەپكى مەزگىلى هېچقانداق پىسخىك تەييارلىقى بولمىغان 56.3% قىزلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 22.8% قىزلار بەلگىلىك ياشتا ئادەت كېلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن، بۇنىڭدىن سىرت جىنسىي بىلىمنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تەربىيە ئېلىپ بېرىلمىغان. مەكتەپ، ئوقۇغۇچى، ئائىلە باشلىقلىرى ياشلىق مەزگىلىدىكى تەربىيىگە تولۇق ئەھمىيەت بەرمىگەن، بىراق ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىمگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىمگە ئىگە بولۇش يوللىرى راۋان بولمىغانلىقتىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى هەرخىل يوللار ئارقىلىق بۇنىڭغا جاۋاب تاپقان (جەدۋەلنىڭ 10.1-جەدۋەلگە قاراڭ)، ئۇنىڭدىن باشقا

بەزى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن مەۋجۇت بولۇۋاتقان جىنسىي ئۇقۇم جەھەتتىكى تونۇشنىڭ خاتالىقى قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. (جەدۋەلنىڭ 10.2-جەدۋەلگە قاراڭ).

### 10.1-جەدۋەل. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جىنسىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇش يوللىرى (كۆپ خىل تاللاش)

| ئۇچۇر مەنبەسى | ئايال | | ئەر | |
|---|---|---|---|---|
| | پىرسەنت% | ئادەم سانى | پىرسەنت% | ئادەم سانى |
| ساۋاقداش، دوست، قوشنىلاردىن ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سوراش | 34.7 | 50 | 49.9 | 46 |
| ئۆزلۈكىدىن تىببىي كىتابلارنى ئوقۇش | 23.1 | 35 | 24.5 | 24 |
| مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەر، كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرى | 49.9 | 69 | 31.6 | 31 |
| قانۇنسىز نەشر قىلىنغان بۇيۇملار (جىنسىي مۇھەببەت ئەسەرلىرى) | 6.3 | 9 | 15.3 | 15 |
| سېرىق سىنئالغۇ فىلىملىرى | 4.2 | 6 | 5.1 | 5 |

### 10.2-جەدۋەل ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى خاتا تونۇشلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى (كۆپ خىل تاللاش)

| تەكشۈرۈش مەزمۇنى | ئايال | | ئەر | |
|---|---|---|---|---|
| | پىرسەنت% | ئادەم سانى | پىرسەنت% | ئادەم سانى |
| ئۆزىنى مۇھەببەتلىشىش يېشىغا قەدەم قويدۇم (دەپ تونۇش) | 11.1 | 16 | 14.3 | 14 |
| «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» ناھايىتى تەبىئىي ئىش، چۈشىنىشكە بولىدۇ (دەپ قاراش) | 63.9 | 92 | 54.1 | 53 |
| ئىھتىلام بولۇش ياكى ئادەت بولۇشقا قارىتا قورقۇش، خاتىرجەمسىزلىنىش | 36.1 | 52 | 21.4 | 21 |
| تويدىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ (دەپ قاراش) | 37.5 | 54 | 34.7 | 34 |
| ئىنسانلاردىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنى توسۇشقا بولمايدۇ (دەپ قاراش) | 35.4 | 51 | 26.5 | 26 |
| بالدۇر مۇھەببەتلىشىش، كېچىكىپ توي قىلىشنىڭ ئىستىقبالغا تەسىرى يوق | 26.4 | 38 | 41.8 | 41 |

يوقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ياش-ئۆسمۈرلەر جىنسىي جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن ئېغىر ئاقىۋەتكە ئۇچرايدۇ. ياشلىق مەزگىلىدىكى يادرولۇق مەسىلە جىنسىيەت تەربىيىسى. بۇ بىر كۆز

يۈمغىلى بولمايدىغان رېئال مەسىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن ياشلىق مەزگىلىدە جىنسىيەت فىزىئولوگىيىسى، جىنسىيەت پسىخىكىسى، جىنسىي ئەدەپ-ئەخلاق، جىنسىي قانۇن-تۈزۈم قاتارلىق جەھەتلەردە توغرا تەربىيە بېرىش ۋە يېتەكلەش، جىنسىي تەربىيە ۋە ئارزۇ-ئىستەك، ئەخلاق قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ياشلىق مەزگىلىدىكى خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش كۈرشىگە ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىگە ئوڭۇشلۇق ھالدا ياشلىق مەزگىلىدىن ئۆتۈشىگە ياردەم قىلىشىمىز ھەمدە بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم، ياخشى ئاساس سېلىشىمىز كېرەك.

## 2. بالدۇر مۇھەببەتلىشىش مەسىلىسى ۋە ئۇنى يېتەكلەش

ئادەتتە بۇ 17 — 18 ياشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بالدۇر مۇھەببەتلىشىش بولسا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك ساغلاملىقىغا نىسبەتەن چوڭ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆگىنىشىنىڭ قاتتىقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالدۇر مۇھەببەتلەشكەن ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە بۇنىڭدىن كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇش، ئۆگىنىش ئىرادىسى بوشىشىپ كېتىشتەك ھالەتكە كېلىدۇ. ئەسلىدىكى نەتىجىسى مۇنەۋۋەر بولغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭدىن كۆڭلى بۆلۈنۈپ كېتىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە دەرھاللا تۆۋەنلەش يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئوقۇغۇچىلار بەدىنى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان، پسىخىكىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە تۇرۇۋاتقاچقا ئەگەر بالدۇر مۇھەببەتلىشىش قايىنىمىغا كىرىپ قالسا، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەر قايسى جەھەتلەردىكى بېسىم تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان خاراكتېر جەھەتتىكى كەمتۈكلۈك ۋە كەيپىيات جەھەتتىكى تەۋرىنىش بەدەننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بالدۇر مۇھەببەتلەشكە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەمىشە ھامىلىدار بولۇپ، بەدىنى خەۋپكە ئۇچراش ۋە نورماللىقىنى يوقىتىشتەك ئېھتىماللىقلار يۈز بېرىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھېسسىياتى داۋالغۇپ تۇرغاچقا ئۇنى تىزگىنلەش

ئىقتىدارى چەكلىك بولىدۇ. ئەخلاق، ئۇقۇم جەھەتتە پىشىپ يېتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەرخىل قىلمىشلار يۈز بېرىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بالدۇر مۇھەببەتلىشىش مەسىلىسىنى توسۇپ قېلىشىمۇ تەس. پاكىتلار قايتا-قايتا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قوپال ئاددىيلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلسا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى تەتۈرسىگە ماڭدۇرىدۇ. شۇڭا، بۇرۇن مۇھەببەتلەشكەن ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى يېتەكلەش لازىم.

بىرىنچى، ياشلىق باھار مەزگىلىدىكى جىنسىيەت فىزىئولوگىيىسى، جىنسىيەت پسىخىكىسى ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز بەدىنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە نىسبەتەن توغرا، ئىلمىي بىلىشكە ئىگە قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزىنى ئاسراشنى ئۆگىنىش لازىم. ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يات جىنسلىقلارنىڭ جەلپكارلىقىنى، دوستلۇق، مۇھەببەتنىڭ چەك-چېگرىسىنى توغرا ئايرىۋېلىشقا ياردەم بېرىش لازىم. ياشلىق مەزگىلىدە فىزىئولوگىيىلىك ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەربىيىلىنىشكە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا يات جىنسلىقلار تىزگىنلىيەلمەيدىغان قىزىقىش ۋە دىققەت قىلىش شەكىللىنىپ، زوقلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ سىرتقى تۇرقى، ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىدۇ. يات جىنسنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان ئىنكاسىغا دىققەت قىلىدۇ. بەزى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يات جىنسنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان ئىنكاسىغا دىققەت قىلىدۇ. بەزى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يات جىنسنىڭ بۇنداق جەلپكارلىقىنى مۇھەببەت دەپ قاراپ بالدۇر مۇھەببەتلىشىش پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەللىم ئۇلارنى يات جىنسلار بىلەن نورمال ئالاقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم. ئۈچىنچى، بالدۇر مۇھەببەتلىشىش بىخلىرى كۆرۈلگەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئايرىم سۆزلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كۆپچىلىك ئالدىدا تەنقىد قىلىش. يوشۇرۇن مازاق قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇلارغا مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىپ بالدۇر مۇھەببەتلىشىشنىڭ زىيىنى ۋە تەسىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، مۇھەببەتلىشىشكە كەتكەن زېھنىنى ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەرگە بۇراش لازىم.

### 3. ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىش

ئاز بولمىغان ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغان ئۆسمۈرلەر ئۆزى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بەرمەيدىغانلىقىنى بايقىغان، ئۆز-ئۆزىنى پەيلەش ياكى كۆپىيىش ئەزالىرىنى غىدىقلاش ئارقىلىق جىنسىي خۇشاللىق ۋە جىنسىي قانائەتلىنىش ھېس قىلىدۇ. ئالاقىدار تەتقىقاتلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئوغۇل ياش-ئۆسمۈرلەر %70 تىن %90 گىچە، قىز ياش-ئۆسمۈرلەر %30 تىن %60 گىچە ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىكەن. بۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنىڭ بىر خىل تاسادىپىي ھادىسە ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ياشلىق مەزگىلىدە جىنسىي جەھەتتىن يېتىلگەچكە ياش-ئۆسمۈرلەردە دەسلەپكى قەدەمدىكى جىنسىي ئاڭ باشلىنىدۇ. جىنسىيەت جىنسىي ھاياجانلىنىشقا موھتاج، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەزگىلدىكى ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىش پەقەت مۇۋاپىق، رېتىملىق بولغاندا بىر خىل مۇۋاپىق بولغان جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۇسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بەزى جىنسىي پسىخولوگلار ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىش بولسا ئۆلچەملىك بولغان ئىنسانلاردىكى جىنسىي ھەرىكەت ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنى ھەممىگە قادىر دەپ قاراپ ئىنكار قىلىۋەتمەسلىك كېرەك، ئەلۋەتتە. بۇ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنىڭ زىيىنى يوق دېگەنلىك ئەمەس. ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان ياش-ئۆسمۈرلەر دائىم جىنسىي بىلىمنىڭ كەمچىلىكى ياكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، قورقۇنۇچلۇق روھىي ھالەتكە دۇچار بولۇپ قالىدۇ. بەزىلىرى خىجىللىق ھېس قىلىدۇ. بەزىلەر تېنىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. بەزىلىرى ئۆزىنى كەمسىتسە، بەزىلىرى ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي خاسلىقىدىن گۇمان قىلىدۇ، ھەتتا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. روھىي جەھەتتىن بىئارامسىزلىق ھېس قىلىپ، خۇددى بىر قات كۆلەڭگە پەيدا بولغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بەرگۈچىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكى پەيدا قىلغان خىلمۇخىل روھىي بېسىم ۋە قورقۇنۇچلار، ھەتتا ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ئۆز بەدىنى زىيانغا ئۇچراتقانلارغا قارىتا ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەش كېرەك. كونكرېت تەدبىرلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە نىسبەتەن توغرا پوزىتسىيە ۋە قاراشقا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ پسىخىك يۈكىنى كېمەيتىشكە ياردەم قىلىپ، ئۇلارغا ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنىڭ نومۇس ئىش ئەمەسلىكىنى، ئەخلاق جەھەتتە ئەخلاق ناچارلىقىنى، پەسكەشلىكنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم.

2. ئۇلۇغۋار نىشان تىكلەپ، تۇرمۇشنى نىشانغا، روھىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەڭ دائىرىلىك قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيىتىنى موللاشتۇرۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەرگە ساغلام بولغان ھەرخىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارتۇق، زېھنىي كۈچىنى ئىشلىتىدىغان جاي تېپىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇۋاپىق دەرىجىدىكى جىنسىي جەھەتتىكى ئېتىبارىنى يۆتكىۋېتىش لازىم.

3. ناچار غىدىقلاشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. سېرىق، شەھۋانىي مەزمۇندىكى كىتابلار بىلەن ئۇچرىشىشنى چەكلەپ، ساغلام بولمىغان ئالاقىدىن خالىي قىلىپ، بەدىنىنى چىڭ سىقىپ تۇرىدىغان كىيىم كىيىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، غىدىقلىغۇچى خاراكتېرىدىكى تائاملارنى يېمەي، فىزىئولوگىيىلىك ساغلاملىقنى ساقلاش لازىم.

4. ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللارنى توسۇش، ئۆز ۋاقتىدا ئۇخلاپ، ئۆز ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرۇش، ئەگەر ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئويى كېلىپ قالسا، ئەڭ قىزىقىدىغان ئىشنى قىلىش، چوڭ مېڭىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى يۆتكەش ئارقىلىق جىنسىي قوزغىلىشىنى يوقىتىش لازىم.

5. ئىرادىنى چېنىقتۇرۇش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا ئادەمنىڭ ھايۋانلار بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئىرادىسىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولسا ئەقلىي ھالدا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەپ ۋە كونترول قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ناچار ئادەتلەرنى يېڭىش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

6. ئايرىم ئېغىر بولغان ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بەرگۈچىلەرگە سىستېمىلىق پەسەيتىش، زېرىكتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ پسىخىك جەھەتتىن داۋالاش لازىم.

**图书在版编目(CIP)数据**

心里学/蔡笑岳编;阿不都热衣木等译.
乌鲁木齐:新疆大家出版社会,2001.8
高等学校公共课教材
ISBN 7 — 5631 — 1427 — 0

Ⅰ. 心… Ⅱ. ①蔡…②阿… Ⅲ. 心理学—高等学校—教材—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. B84

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 049462 号

师范高等学校公共课教材

**心理学**

蔡笑岳 主编

艾尔肯. 买买提,阿不都拉. 艾沙,
提力瓦里迪. 艾沙, 买提赛迪. 买提斯迪克,
乌不力卡斯木. 肉孜,买买提阿不都拉阿吉
阿不都热木・祖农
等译

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮政编码:830046)
新疆新华书店发行
新疆“希望”印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 18.75 印张
2001 年 7 月第一版 2001 年 7 月第 1 次印刷
印数:0001—2060 册

ISBN 7—5631—1427—0/G・822 定价:29.80 元

责任编辑：伊布拉音．哈木都拉
责任校对：吾买尔江．买买提
封面设计：艾克拜尔．萨里

ISBN 7-5631-1427-0

9 787563 114276 >

ISBN 7-5631-1427-0
G·822(民文)定价:29.80元